# 1998

# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

1 — 4

# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى



1

1998

# ئاراتۇرۇكتە ياۋا تۆگىلەر كۆپىيىدىغان جاي بايقالدى

قادىر سالى

(قۇمۇل ۋىلايەتلىك نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسىدىن)

يېقىندا ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ نوم يېزىسىدا دۆلىتىمىزدە ئاز ئۇچرايدىغان قوش لوككىلىق ياۋا تۆگە كۆپىيىدىغان جاي بايقالدى. بۇ جاي ئەسلى قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ شىمالىغا، شۇنداقلا تاشقى موڭغۇلىيىدىكى داكۇرە، ئورخۇن دەرياسى بويلىرىغا ھەم مەملىكىتىمىزدىكى «چاڭئەن»، «بېيجىڭ»، «باۋتۇ» قاتارلىق جايلارغا ئۆتىدىغان ئۆتكەل ئىدى.

بۇ جايدا X IX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە سېلىنغان، ئۆگزىسى كېگىز بىلەن يېپىلغان كېسەك ـ سوقما تاملىق ئۆيلەر بولۇپ، بۇ ئۆيلەر ھازىرغا قەدەر مۇكەممەل ساقلانغان، بۇ ئۆيلەرنىڭ ئالدى تەرىپىدە ئات بەيگىسى ئۆتكۈزىدىغان كەڭ مەيدان، ئارقا تەرىپىدە بۇلدۇقلاپ تۇرغان بىر بۇلاق بار. ئۇنىڭ ئەتراپى بۆك ـ باراقسان قومۇشلۇق ۋە ئوت ـ چۆپلۈك بولۇپ، مۇھىتى ناھايىتى ياخشى. شۇ جاينىڭ ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقان خەلق ئاشۇ جايدا 4 بۇغرا تۆگە بىلەن 30 ـ 40 چە قايمال تۆگىنىڭ ئەركىن يايلىشىپ جۈپلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ھەمدە شۇ جاينى «تۆگەتاش جىلغا» دەپ ئاتىغان.

ئۇ جايدىكى ياۋا تۆگىلەرنىڭ پۈتۈن بەدىنى قوڭۇر رەڭدە بولۇپ، چېكىسىدە ئاق قاشقىسى بار، ئارقا تۇيىقى كىچىك، ئالدىنقى تۇيىقى چوڭ بولۇپ، تۇياقلىرىنىڭ ئۇچىدا تىرنىقى بار. ياۋا تۆگىنىڭ پۈتۈن بەدىنى «گۆھەر» بولۇپ، ئۇنىڭ يۇڭىدىن ئالىي دەرىجىلىك سوكنا قاتارلىقلارنى توقۇغىلى، ئۇستىخىنى، قېنى ۋە لوككىسىدىن ئالىي دەرىجىلىك قۇۋۋەت دورىلىرىنى ياسىغىلى بولىدۇ.

ياۋا تۆگىلەر ئىلگىرى ئىنسانلارنىڭ ئوۋلاپ، كۆپلەپ قىرغىن قىلىشىغا ئۇچرىغانلىقتىن، ھازىر ئىنتايىن ئاز قالغان.

مەن بۇ ماقالىنى يېزىش ئارقىلىق مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ ئاراتۇرۇك ناھىيە نوم يېزىسى تەۋەسىدىكى ياۋا تۆگە كۆپىيىدىغان ئاشۇ جاينى كۆزىتىپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىنى شۇنداقلا مۇھاپىزەتنى كۈچەيتىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

تەھرىرلىگۈچى: جەمىلە ئابلا

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No:7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

پەسىللىك ژۇرنال

1998 - يىل 1 - سان

15 - يىل نەشرى　　　ئومۇمىي 42 - سان

# ※مۇندەرىجە※


## ھۆججەتلەر

مەملىكەتلىك تەزكىرە مۇكاپاتى تارقىتىش يىغىنىنىڭ خاتىرىسى .................. 1

ئۈلگە تىكلەپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ، غەلىبىسىرى ئالغا ئىلگىرىلەيلى!
...................................................... ۋاڭ رىنجې 5

ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، چىگرا رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەيلى .................. بەي يۇشى 9

## نەسەبنامە تەتقىقاتى

نەۋائىنىڭ ئەسلى نەسەبى توغرىسىدا .................. ئىمىن تۇرسۇن 21

## تارىخي ئەسلىمە

3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى تارباغاتاي (داۋامى) .................. ئابلىمىت ھاجىيوف 30

بىز باسقان ئىزلار .................. توختى سابىر 35

## مەشھۇر شەخسلەر

داڭلىق قوشاقچى ۋە ئەلنەغمىچى ئىپلاخۇن كۆككۆز .................. مەخمۇت زەيدى 54

قىرغۇچى گۈلى ئۇستا ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى .................. ھاجى ياقۇپ ئۆمەرى 55

## تەزكىرە گۈلزارى

«چولاقنىڭ سىيىي» ھەققىدە رىۋايەت .................. مەتىمىن سابىر 57

## جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى

4 §. موڭغۇللارنىڭ غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلىش سىياسىتى .................. 59


مەسلىھەتچىلەر: ئۇيغۇر سايرانى، ئىمىن تۇرسۇن، نۇرمۇھەممەت دۆلەتى
باش مۇھەررىر: سابىر ئەلى
مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر: قادىر ھاپىز، غوپۇر ھوشۇر نىيازى، ئابدۇرۇپ ئىبلى
تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئىلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى): ئابدۇرۇپ ئىبلى، ئابدۇشۇكۇر تۇردى، ئابدۇقېيۇم غوجا، ئابلەت نۇردۇن، ئابلەت ئىمىن، سابىر ئەلى، غوپۇر ھوشۇر نىيازى، غوجائەخمەت يۇنۇس، قادىر ھاپىز، قاسىم غوجا، قۇربان مامۇت، مەھەممەت ئابلا
مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلىز ئورخۇن

مەقسەت يىغىنچە تەزكىرە تۈزۈش نەتىجىلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈش، تەزكىرىچىلەرنىڭ 10 نەچچە يىلدىن بۇيانقى جاپالىق ئەمگىكىنىڭ نەتىجىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتى ۋە ئىلمىي دەرىجىسىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت. جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا 2 قېتىم يىغىن ئېچىپ، مۇكاپاتلاش دائىرىسى، ئۆلچىمى، نىسبىتى، تاللاش تەرتىپى ۋە ئۇسۇلىنى مۇھاكىمە قىلىپ بېكىتتى. 1993 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 1996 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە نەشر قىلىنغان ئۆلكە، شەھەر، ناھىيىدىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك تەزكىرە كىتابلىرى مۇكاپاتلاش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى. بۇ مەزگىلدە مەملىكەت بويىچە نەشر قىلىنغان ئۆلكە، شەھەر، ناھىيىدىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك تەزكىرە كىتابى 1700 دىن ئاشىدۇ، بۇلار يىلىغا 500 نەچچىدىن توغرا كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ خەت سانى 1 مىليارد 800 مىليوندىن ئاشىدۇ. مۇكاپاتلاش ئۆلچىمى جەھەتتە مۇكاپاتلاشقا يوللىنىدىغان تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ كۆزقاراش، يېتەكچى ئىدىيە، مەزمۇن، تۈزۈلۈش، يېزىق قاتارلىق جەھەتلىرىگە ئېنىق تەلەپ قويۇلدى. جايلار مۇكاپاتقا يوللايدىغان تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ نىسبىتى نەشر قىلىنغان تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ %10 ى بويىچە بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىكى %3، 2 - دەرىجىلىكى %7. مۇكاپاتلاش تەرتىپى ۋە ئۇسۇلى مۇنداق بولدى: ئالدى بىلەن، ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر مۇكاپاتلىنىدىغان تەزكىرە كىتابلىرىنى كۆرسەتتى، ئۇلارنى جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى تەشكىللىگەن مۇتەخەسسىسلەر ئوقۇپ چىقتى، ئالدىن باھالاش ھەيئىتى ۋە باھالاش ھەيئىتى قاراپ چىقىپ ماقۇللىغاندىن كېيىن، يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇندى. بۇ قېتىم ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر 180 تەزكىرە كىتابىنى يوللىدى. يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى ھەرقايسى ساھەلەردىكى مۇتەخەسسىس، ئالىم ۋە جايلاردىكى تەزكىرە تۈزۈشكە ئەمەلىي رىياسەتچىلىك قىلىدىغانلاردىن مەملىكەتلىك تەزكىرە كىتابلىرىنى ئالدىن باھالاش ھەيئىتى ۋە مەملىكەتلىك تەزكىرە كىتابلىرىنى باھالاش ھەيئىتى تەشكىللەپ، باھالاشقا يوللانغان 180 تەزكىرە كىتابىنى باھالاش توغرىسىدا مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق مۇكاپاتلىنىدىغان تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ تىزىملىكىنى تەييارلىدى، ئۇلارنى يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى يىغىنىدا قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى. ئاخىرىدا 1 - دەرىجىلىك مەملىكەتلىك تەزكىرە مۇكاپاتىغا 51 كىتاب، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا 127 كىتاب بولۇپ جەمئىي 178 كىتاب باھالاپ چىقىلدى. شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇكى، باھالاش خىزمىتىنىڭ پۈتكۈل جەريانى يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى بەلگىلىگەن تەرتىپ، پرىنسىپ ۋە ئۇسۇلغا مۇۋاپىق بولدى، ئەستايىدىل ئېلىپ بېرىلدى، شۇنداقلا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى.

بۇ قېتىمقى باھالاش ئارقىلىق كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىلدى. باھالاش ئارقىلىق مەملىكىتىمىزدىكى 100 نەچچە مىڭ تەزكىرىچىنىڭ 10 نەچچە يىللىق جاپالىق ئەمگىكىنىڭ مول مېۋىسى ھاياجان ئىلكىدە كۆزدىن كەچۈرۈلدى. باھالاشقا قاتناشتۇرۇلغان ۋە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن تەزكىرە كىتابلىرى تەزكىرىچىلىك يولغا قويۇلغاندىن بۇيانقى كۆپ يىللىق جۇغلانمىنىڭ مېۋىسى. بۇلار شۇنى تولۇق نامايان قىلدىكى، يېڭىچە تەزكىرىلەرنى تۈزۈلۈشى، تراژى ۋە كۆلىمى جەھەتتە تارىختىكى ھەرقانداق دەۋردىكى تەزكىرىلەر بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ، شۇنداقلا ئۇلاردا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رايونلارنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ھالىتىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، ئىلمىيلىكى جەھەتتىمۇ تارىختىكى ھەرقانداق دەۋردە تۈزۈلگەن تەزكىرىلەر ئۇنىڭغا يېتەلمەيدۇ. بۇ قېتىمقى باھالاش مۇكاپاتقا ئېرىشكەن تەزكىرە كىتابلىرىنى تەقدىرلەشلا بولۇپ قالماستىن، مەملىكىتىمىزدىكى كەڭ تەزكىرىچىلەرنىڭ 10 نەچچە يىللىق جاپالىق ئەمگىكىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشى، ئۇ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ تەزكىرە خىزمىتىگە چوڭقۇر ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى ۋە غەمخورلۇق قىلغانلىقىنى نامايان قىلدى. بۇ قېتىمقى باھالاش مەملىكىتىمىزدىكى بارلىق تەزكىرىچىلەرنى تېخىمۇ ئالغا ئىنتىلىشكە رىغبەتلەندۈرۈپ، مەملىكىتىمىز تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرگۈسى.

**2. تەجرىبىلەر يەكۈنلىنىپ، سۈپەت يۇقىرى كۆتۈرۈلدى**

بۇ قېتىم مۇكاپاتلانغان تەزكىرە كىتابلىرى ھەقىقەتەنمۇ مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈشتە تۈزۈلگەن خېلى ياخشى كىتابلار بولۇپ، ئۇلار جايلاردا نەشر قىلىنغان تەزكىرە كىتابلىرى يەتكەن خېلى يۇقىرى سەۋىيىنى نامايان قىلىدۇ. ئۇلار مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئەرزىيدىغان ئەۋزەللىككە ۋە ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە. بۇ ئەۋزەللىك ۋە ئارتۇقچىلىقلارنى تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1) بۇ تەزكىرە كىتابلىرىدا جايلار ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىنتايىن مول ھەم تەپسىلىي ماتېرىيال ۋە ئۇچۇرلار بار. تەزكىرە كىتابلىرىدا جايلار ئەھۋالىغا ئائىت تۇنجى قېتىم ئاشكارىلانغان ماتېرىياللار ۋە «خاس ماتېرىيال» ھەم «قىممەتلىك ماتېرىيال» لار بار. بەزى تەزكىرە

كىتابلىرىدا، ھازىرقى تۇرغۇن ھالەتتىكى ئىستاتىستىكىلىق ماتېرىياللار بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، يېقىنقى دەۋردىكى ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىدىيىۋى، مەدەنىي جەھەتلەردىكى ئۆزگىرىشلەرگە دائىر بەزى مەسىلىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، مەخسۇس تېمىلار بويىچە تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، بىرىنچى قول ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەنگەن.

2) بايان ھەقىقىي، توغرا ھەم ئەمەلىي بولغان. نۇرغۇن تەزكىرە كىتابلىرىدا شۇ رايوندا ئىشلەنگەن خىزمەتلەردىكى مۇۋەپپەقىيەت ۋە سەۋەنلىك، تەرەققىيات ۋە ئەگرى توقايلىق، تەجرىبە ۋە ساۋاق ئوبيېكتىپ بايان قىلىنغان، ئارتۇقچە مەدھىيىلەنمىگەن، يوشۇرۇلمىغان. تەزكىرە كىتابلىرىدا خاتىرىلەنگەن تارىخىي پاكىتلار ئەستايىدىل تەھقىقلەنگەن، ساختىسى چىقىرىۋېتىلىپ، ھەقىقىيسى ساقلاپ قېلىنغان، نۇرغۇن مەسىلىلەردە تارىخنىڭ ئەسلىي قىياپىتى ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، كونا خاتالىقلار تۈزىتىلگەن. بەزى تەزكىرە كىتابلىرىدا يەنە مۇھىم تارىخىي پاكىتلار ۋە سانلىق مەلۇماتلارغا ئىزاھ بېرىلىپ، پايدىلىنىشچانلىقى ئاشۇرۇلغان.

3) تۈزۈلۈشى پۇختا، قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق بولغان. ئالدىنقىلارنىڭ ئىجىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا يېڭىلىق يارىتىلغان ۋە بۆسۈش ھاسىل قىلىنغان. نۇرغۇن تەزكىرە كىتابلىرىدا ئۆز رايونىنىڭ ئەمەلىيىتى چىقىش قىلىنغان ھالدا قىسىم ۋە بابلار تۇرغۇزۇلۇپ، خاتىرە، تەزكىرە، تەرجىمىھال، خەرىتە، جەدۋەل، ئۇزۇندە قاتارلىق ئەنئەنىۋى ژانىرلارغا مۇۋاپىق ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلۈپ، كىتابلارنىڭ رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلغان. مەسىلەن: زامانىۋى ئۆلچەش - سىزىش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىلىپ ھەرخىل خەرىتىلەر سىزىلغان؛ رايونلارنىڭ تارىخىي قىياپىتىنى ۋە ھازىرقى غايەت زور ئۆزگىرىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك سۈرەتلەر ئىشلىتىلگەن، بۇ سۈرەتلەرگە يازما بايانلار ماسلاشتۇرۇلۇپ، سۈرەت ۋە يېزىق چىرايلىق بولۇش، سۈرەت بىلەن يېزىق بىر - بىرىنى تولۇقلاش ئىشقا ئاشۇرۇلغان؛ «توغرىسىغا تىزىپ، تىك يېزىش» تەك تۈزۈش ئۇسلۇبى ياخشىلىنىپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، «ئومۇمىي بايان»، «كىرىش سۆز» دېگەنگە ئوخشاش جانلىق شەكىللەرنى ئىشلىتىش بىرلەشتۈرۈلۈپ، ماكرو ۋە مىكرو جەھەتتىن بىرلەشتۈرۈش ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ پۈتۈنلۈكى ۋە سىستېمىلىقى كۈچەيتىلگەن، شەيئىلەرنىڭ ئىچكى مۇناسىۋىتى ۋە سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتى ئايدىڭلاشتۇرۇلغان.

4) تۈزۈش ئىدىيىسى جەھەتتە يۇقىرى ماھارەت گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، ئالاھىدىلىك روشەنلەشتۈرۈلگەن، بۇ ئارقىلىق تەزكىرە كىتابلىرى تەزكىرىلەرنىڭ تۈزۈلۈشىگە لايىقلاشتۇرۇلغان شۇنداقلا مول ئىجادچانلىققا ئىگە قىلىنغان. مۇندەرىجە تۇرغۇزۇش ۋە يېزىق ئارقىلىق بايان قىلىشنىڭ ئىنچىكە ھەم ئەتراپلىق بولۇشى، رايونلار خاسلىقى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكىنىڭ چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى تەزكىرە كىتابلىرىنى يېڭى ھەم چوڭقۇر مەنىگە ئىگە قىلغان بولۇپ، كىشىنى بەكمۇ جەلپ قىلىدۇ.

5) تۇقتىئىنەزەر توغرا، ئىلمىيلىكى يۇقىرى. ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئېغىشماي يېتەكچى قىلىنىپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلغان؛ تەزكىرە تۈزۈش جەريانىدا تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەنگە ئالاقىدار نەزەرىيە ۋە چارە - ئۇسۇللاردىن ناھايىتى ياخشى پايدىلىنىلغان.

مۇكاپاتلانغان تەزكىرە كىتابلىرىدىكى ئەۋزەللىكلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە باھالاش جەريانىدا بايقالغان بەزى كەمچىلىك ۋە مەسىلىلەرنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەك. بۇنىڭ گەۋدىلىكرەكلىرى تۆۋەندىكىچە: بايان ئادەتتىكىچە، يۈزەكى بولۇپ قالغان، قۇرۇق گەپ ۋە قېلىپلىشىپ قالغان گەپلەر بار؛ ماتېرىياللارنىڭ مۇھىملىرى بىلەن مۇھىم بولمىغانلىرى ئايرىلىشىپ كەتكەچكە، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ ھەجمى ئېشىپ كېتىپ، مەزمۇنى دېگەندەك چوڭقۇر بولمىغان؛ رايونلار تارىخىغا ئائىت پاكىتلارنىڭ تەھقىقلىنىشى مۇكەممەل بولمىغانلىقتىن، ساقلانغىلى بولىدىغان بەزى خاتالىقلار كېلىپ چىققان؛ ئايرىم تەزكىرە كىتابلىرىدا بەزى مەسىلىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ۋە كۆز قاراش پۇختا، توغرا بولمىغان؛ يەنە بەزى تەزكىرە كىتابلىرى نەشر قىلىنىشتىن ئاۋۋال ئىنچىكە تەكشۈرۈلمىگەنلىكتىن، خاتالىق نىسبىتى خېلى كۆپ.

بۇ قېتىمقى باھالاشنىڭ ئەھمىيىتى بىر تۈركۈم مۇكاپاتلانغان كىتابلارنى كۆرسىتىشلا بولۇپ قالماي، ئەڭ مۇھىمى، بىزنىڭ تەشرىدىن چىقىرىلغان تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە كەمچىلىكىنى كونكرېت تونۇپ، تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، بۇندىن كېيىن نەشردىن چىقىدىغان تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىزگە ياردەم بەرگەنلىكىدە. جايلاردىكى تەزكىرىچىلەر، بولۇپمۇ رەھبەرلەر بۇ قېتىمقى باھالاش ئارقىلىق سۈپەت ئېڭىنى تۇرغۇزۇشنىڭ مۇھىملىقىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئۆزىنىڭ يادرولۇق ۋەزىپىسى قاتارىدا تۇتۇپ، يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى يېڭى سەۋىيىگە يەتكۈزۈشى كېرەك.

### 3. تەزكىرە كىتابلىرىنى ئوقۇش، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش كېرەك

بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئەڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىنىڭ بىرى تەزكىرىدىن پايدىلىنىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى تەكىتلەشتىن ئىبارەت. يىغىندا يولداش لى تيېيىڭ تەزكىرىلەردىن پايدىلىنىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى توغرىسىدا چوڭقۇر توختالدى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: تەزكىرە تۈزۈشتىكى مەقسەت ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش، ئۇنىڭدىن ھازىرقىلارلا پايدىلانماي، ئەۋلادلارمۇ پايدىلىنىدۇ. تەزكىرە كىتابلىرى پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولغاچقا، ساقلاش قىممىتىگە ئىگە. پايدىلىنىش قىممىتى بولمىسا، تارقىلىشى ۋە ساقلىنىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇ يەنە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ قوللىنىلىش فۇنكسىيىسىنى تەتقىق قىلىشىمىز ۋە ئېچىشىمىز كېرەك. ياخشى تەزكىرە كىتابلىرى ناھايىتى زور ئىجتىمائىي تەسىرگە ئىگە بولۇپلا قالماي، ئىقتىسادىي ئۈنۈممۇ ئېلىپ كېلىشى كېرەك. ئىجتىمائىي تەسىرى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى بولسىلا، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاپ، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى نامايان قىلالايدۇ. تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى ئىلگىرىكى ئۈستەل ئۈستىدىكى خىزمەتتىن يېڭى دەۋرنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، جەمئىيەت ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان خىزمەتكە ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ قوللىنىلىش قىممىتىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، نەشردىن چىققان ياخشى تەزكىرە كىتابلىرىنى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىپ، پۈتۈن جەمئىيەتنى تەزكىرىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىدىغان، ئوقۇيدىغان ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدىغان قىلىشىمىز كېرەك. تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ ئاددىي نۇسخىسى ۋە ئاممىباب نۇسخىسىنى تۈزۈپ، ئۇنى جەمئىيەتنىڭ كەڭ قوللىنىشىغا سۇنۇشىمىز شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭ سىنىقىنى يەنىمۇ قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك. مۇكاپاتلانغان تەزكىرە كىتابلىرىغا ئىلمىي باھا بېرىش ۋە ئۇلارنى تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل تەشكىللىشىمىز، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئارتۇقچىلىقى ۋە مۇۋەپپەقىيىتىنى ھەمدە كەمچىلىكى ۋە ئۇلاردا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا تەھلىل قىلىشىمىز لازىم. يۇقىرى سەۋىيىلىك ئوبزور ماقالىلىرىنى يېزىپ، جەمئىيەتكە يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە قىممىتىنى تونۇشتۇرۇپ، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ تەزكىرىنى كەڭ دائىرىدە ئوقۇشى، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك. تەزكىرىدىن پايدىلىنىش مەسىلىسىنى ئەستايىدىل تۇتۇشىمىز لازىم. جايلار بۇ ھەقتىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ ۋە مۇھاكىمە قىلىپ، پۇختا تەييارلىق قىلىپ، كېلەر يىلى مۇۋاپىق پەيتنى تاللاپ، بىر قېتىم تەزكىرىدىن پايدىلىنىش يىغىنى ئېچىشنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك.

### 4. بۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى تاماملاپ، كېيىنكى نۆۋەتلىك يېڭى تەزكىرىلەرنى داۋاملىق تۈزۈشكە تەييارلىق كۆرۈش لازىم

مۇكاپاتلاش خىزمىتى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، مەملىكەتلىك 2 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىنىڭ تەلىپىنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ھەقىقىي يوسۇندا تاماملىشىمىز كېرەك. نۆۋەتتە، خىزمەت تەرەققىياتى تېز راۋاج بولغان بەزى جايلارنىڭ بۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى تاماملىنىش باسقۇچىغا يېقىنلىشىپ قالدى. خېلى كۆپ جايلار مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە بۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى تۈگىتىدۇ. بىراق يەنە بەزى جايلارنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىدە نۇرغۇن قىيىنچىلىق بولغاچقا، تەزكىرە كىتابلىرىنى تۈزۈش، نەشر قىلىش ۋەزىپىسى خېلىلا قىيىنغا چۈشمەكتە. مەملىكەتلىك 2 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدىن كېيىن كۆپ ساندىكى ئۆلكە، شەھەر، ناھىيىلەر بۇ يىغىننىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش خىزمىتىنى خېلى ياخشى ئىشلىدى، تەزكىرە خىزمىتىنى شۇ يەرنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسى قاتارىغا كىرگۈزۈپ، «بىرگە كىرگۈزۈپ، بەشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش» نى ئىشقا ئاشۇردى. بىراق ئاز ساندىكى بەزى جايلارنىڭ ئەھۋالى بىرقەدەر قىيىنچىلىقتا تۇرماقتا. بەزى جايلاردا رەھبەرلىك تېخى ئەمەلىيلەشمىدى؛ دائىملىق تەزكىرە تۈزگۈچى ئاپپاراتلار مۇكەممەل، مۇقىم بولمىدى، ئۇلار تەزكىرە كىتابلىرى نەشردىن چىقىشى بىلەنلا تارقىلىپ كەتتى؛ خىزمەتنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كېرەكلىك خىراجەت ئەمەلىيلەشمىگەچكە، يېزىپ بولۇنغان ئورگىنالنى ۋاقتىدا نەشرگە بېرىشكە مۇمكىن بولمىدى. بىز بۇ جايلارنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، بۇنداق ئەھۋاللارنى تۈپتىن ئۆزگەرتىشنى ئۈمىد قىلىمىز. ھەرقايسى جەھەتلەردىن شارائىتى بىرقەدەر ناچار، قىيىنچىلىقى بىرقەدەر كۆپ بولغان ئاشۇ رايونلارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە ياردەم قىلىپ، بۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى تىرىشىپ تاماملىشىمىز كېرەك. بۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى تاماملاش ئالدىدا تۇرغان جايلار تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، داۋاملاشتۇرۇپ،

(ئاخىرى 29 - بەتتە)

# ئۈلگە تىكلەپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ، غەلىبىسىرى ئالغا ئىلگىرىلەيلى!

**ۋاڭ رېنجى**

مەملىكەتلىك تەزكىرە مۇكاپاتى تارقىتىش يىغىنى بۈگۈن نىڭبودا ئېچىلدى. بۇ مەملىكىتىمىزدىكى تەزكىرىچى خادىملار ئۇزاقتىن تەشنا بولۇپ كېلىۋاتقان بىر چوڭ ۋە كاتتا ئىش. مەن جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىغا ۋاكالىتەن شەرەپ بىلەن مەملىكەتلىك تەزكىرە مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ تۈزگۈچىلىرىنى ۋە مەملىكىتىمىزدىكى تەزكىرىچى خادىملارنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن! جايلارنىڭ تەزكىرە تۈزۈشكە تەشكىللاتچىلىق، رەھبەرلىك قىلىشتا زور تۆھپە قوشقان ھەرقايسى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىگە ئالىي ئېھتىرام بildۈرىمەن! شۇنچە ئالدىراش بولسىمۇ ۋاقىت چىقىرىپ بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتناشقان يولداش لى تيېيىڭغا، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى يولداش ليۇ چيباۋغا، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، رادىيو - تېلېۋىزىيە مىنىستىرلىكى، ئاخبارات نەشرىيات مەھكىمىسىنىڭ رەھبەرلىرىگە، جېجياڭ ئۆلكىسى ۋە نىڭبو شەھىرىنىڭ رەھبەرلىرىگە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن!

تۆۋەندە مەن جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىغا ۋاكالىتەن باھالاش خىزمىتىنىڭ ئەھۋالىنى دوكلات قىلىمەن.

بۇ قېتىمقى باھالاش ئىشىنى يولداش لى تيېيىڭ بۇلتۇر 5 - ئايدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك 2 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئەينى چاغدا يولداش لى تيېيىڭ تەزكىرە كىتابلىرىنى باھالاش يىغىنى ئېچىپ، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتى ۋە ئىلمىيلىك دەرىجىسىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇلتۇر 11 - ئايدا مەركەز خىزمەت يىغىنى ئاچقان مەزگىلدىمۇ يولداش لى تيېيىڭ ماڭا 1997 - يىلى مەملىكەتلىك باھالاش يىغىنى ئېچىشنى چىڭ تۇتۇش تەلىپىنى ئېيتقانىدى. يولداش لى تيېيىڭ تەزكىرە كىتابلىرىنى باھالاش خىزمىتىگە ئەنە شۇنداق ئەھمىيەت بېرىپ، مەركەز، گوۋۇيۈەننىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىگە بولغان غەمخورلۇقىنى نامايان قىلدى. مۇشۇ ئىشتىن كېيىن يولداش لى تيېيىڭنىڭ يوليورۇقىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى بۇ يىل 1 - ۋە 5 - ئايلاردا يىغىن ئېچىپ، باھالاش دائىرىسى، ئۆلچىمى، نىسبىتى ھەمدە تاللاش تەرتىپى ۋە ئۇسۇلىنى مۇھاكىمە قىلىپ بېكىتتى. 1993 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 1996 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان 3 يېرىم يىل ئىچىدە نەشردىن چىققان تەزكىرە كىتابلىرىنى باھالاش دائىرىسىگە كىرگۈزۈش بېكىتىلدى. بۇ مەزگىلدە نەشردىن چىققان تەزكىرە كىتابى 1700 تومدىن ئارتۇق. بىر تەزكىرە كىتابىنىڭ خەت سانى ئاز بولغاندا نەچچە 100 مىڭدىن مىليونغا، كۆپ بولغاندا نەچچە مىليونغا يېتىدۇ. ھەر يىلى بۇنداق كىتابتىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 500 تومدىن ئارتۇق نەشر قىلىنىدۇ، بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئاز سان ئەمەس. باھالاش ئۆلچىمى جەھەتتە باھالاشنى ئىلتىماس قىلغان تەزكىرە كىتابلىرىغا قارىتا نۇقتىئىنەزەر، يېتەكچى ئىدىيە، مەزمۇن، شەكىل، يېزىق قاتارلىق جەھەتلەردە ئېنىق تەلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. باھالاشنى ئىلتىماس قىلغان تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ نىسبىتى جەھەتتە شۇ ۋاقىتتا ئەمەلىي نەشردىن چىققان تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ %10 ىنى باھالاش بېكىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغىنى %3 ى، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغىنى %7 ى ئىگىلەيدۇ. مانا بۇ نىسبەتنى بەزى يولداشلار كۆپ بولۇپ كېتىپتۇ دەپ قارىسا، بەزى يولداشلار ئاز بولۇپ قاپتۇ دەپ قارىدى. شۇڭا بۇ نىسبەتنى بەلگىلەش ئىشىنى يەنىلا ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرۈش كېرەك. بەزى يولداشلار تەزكىرە كىتابى تەزكىرىچى خادىملار، پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، ئالاقىدار مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ ئورتاق ماسلىشىشىنىڭ، ئۇزۇن مۇددەتلىك جاپالىق ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى دەپ قاراپ، مۇكاپاتلىنىش دائىرىسىنى ئىمكانقەدەر يەنىمۇ ئازراق كېڭەيتىشنى ئۈمىد قىلىشتى. ئەمەلىيەتتە ھازىر بېكىتىلگەن مۇكاپاتلاش نىسبىتىمۇ ئاز ئەمەس. ئاخبارات - نەشرىيات مەھكىمىسى ئۇيۇشتۇرغان

دۆلەتلىك كىتابلارنى مۇكاپاتلاش ئىشى 2 يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھەر قېتىمدا 30 توم كىتاب باھالىنىدۇ. ئۇنىڭغا ئىشىنىش ئالاش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن نەچچە 10 توم كىتابنى قوشقاندا جەمئىي 100 چە كىتاب مۇكاپاتلىنىدۇ. توپ سان نەچچە 10 مىڭ خىل بولۇپ، مۇكاپاتقا ئېرىشىش نىسبىتى 1000 دىن بىر گىمۇ يەتمەيدۇ. بىزنىڭ تەزكىرە كىتابلىرىمىزنىڭ نىسبىتى 10 دىن بىر بولۇپ، دۆلەت كىتاب مۇكاپاتىنىڭ نىسبىتىدىن 100 ھەسسە يۇقىرى بولدى. باھالاش ئۇسۇلى ۋە تەرتىپى جەھەتتە ئالدى بىلەن ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلار كۆرسەتتى. ئاندىن مۇتەخەسسىسلەر تەكشۈرۈپ ئوقۇدى، باھالاش ھەيئىتى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى، تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى تەكشۈرۈپ ماقۇللىدى، بۇنىڭدىكى ئەڭ مۇھىم ھالقا يەنىلا جايلارنىڭ كۆرسىتىشىدىن ئىبارەت بولدى. جايلار يوللىغان تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سانى جىق، ھەجىمى چوڭ، چېتىلىدىغان مەزمۇن دائىرىسى كەڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاقتىمۇ بەك زىچ بولغاچقا، مەيلى باھالاش ھەيئىتىنىڭ ماقۇللىشى بولسۇن ياكى تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۈرۈشى بولسۇن ھەممىسى پەقەت جايلارنىڭ كۆرسىتىشى ئاساسىدا بولدى. چۈنكى باھالاش خىزمىتىنى جايلاردىن ئايرىلىپ ياخشى ئىشلىگىلى بولمايدۇ. 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدا جايلار 180 توم تەزكىرە كىتابنى باھالاشقا كۆرسەتتى. 7 - ئايدا ھەرقايسى ساھەدىكى مۇتەخەسسىس، ئالىملار ۋە جايلاردىكى تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە ئەمەلىي رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقانلاردىن تەشكىللەنگەن مەملىكەتلىك تەزكىرە كىتابلىرىنى ئالدىن باھالاش ھەيئىتى ۋە مەملىكەتلىك تەزكىرە كىتابلىرىنى باھالاش ھەيئىتى باھالاشقا ئىلتىماس قىلىنغان 180 توم تەزكىرە كىتابنى باھالىدى. يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ۋە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغان تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ ئىسىملىكى ماقۇللاندى. باھالاش نەتىجىسىدە مەملىكەتلىك تەزكىرە مۇكاپاتىدا 51 تەزكىرە كىتابى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 127 تەزكىرە كىتابى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. دېمەك، 178 تەزكىرە كىتابى مۇكاپاتقا ئېرىشتى. پەقەت 2 تەزكىرە كىتابى باھالانمىدى. 8 - ئاينىڭ بېشىدا جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى باھالاش ھەيئىتى ماقۇللىغان 1 - دەرىجىلىك ۋە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ ئىسىملىكىنى تەكشۈرۈپ چىقىپ ئۇنىڭغا قوشۇلدى. پۈتكۈل باھالاش خىزمىتى تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ بەلگىلىمىسىدىكى تەرتىپ، پرىنسىپ ۋە ئۇسۇللارغا ئۇيغۇن، ئەستايىدىل ۋە خېلى ئادىل بولدى دېيىشكە بولىدۇ. ئەلۋەتتە ھەرخىل شارائىتلارنىڭ چەكلىمىسى

تۈپەيلىدىن مۇنداق ئەھۋاللار كېلىپ چىقىشىمۇ مۇمكىن: بەزى تەزكىرە كىتابلىرى مۇكاپاتقا ئېرىشكەن تەزكىرە كىتابلىرىدىن ياخشى بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇلار مۇكاپاتقا ئېرىشەلمىدى. ئەكسىچە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن بەزى تەزكىرە كىتابلىرىمۇ مۇكاپاتقا ئېرىشەلمىگەن تەزكىرە كىتابلىرىغا يېتەلمەسلىكى مۇمكىن. مانا بۇلار كۆپچىلىكنىڭ چۈشىنىشى ۋە ئەپۇ قىلىشىغا موھتاج.

بۇ قېتىمقى باھالاش مەملىكىتىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىدىكى بىر قېتىملىق جانلىق كۆرەك بولدى. بۇ قېتىمقى كۆرەك ئارقىلىق شۇنى ئېيتالايمىزكى: مەملىكىتىمىزدىكى كەڭ تەزكىرىچىلەر 17 يىلدىن بېرى جاپالىق ئەمگەك قىلىپ غايەت زور نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، مول مېۋىلەرنى ياراتتى. ئۇ مۇنۇ جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ: تۈزۈلگەن تەزكىرىلەرنى سان ۋە كۆلەم جەھەتتە تارىختىكى ھەرقانداق دەۋرگە سېلىشتۇرغىلى بولمايلا قالماستىن، بەلكى رايونلارنىڭ تارىخىنى ۋە ھازىرقى ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە كەڭلىكى شۇنداقلا تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ ئىلمىيلىكى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ تارىختىكى ھەرقانداق بىر دەۋر ھازىرقى دەۋردىكىگە يېتەلمەيدۇ. شۇڭا بىز سۈپەت جەھەتتە ھەقىقەتەن ئۈستۈنلۈككە ئىگە بىر تۈركۈم تەزكىرە كىتابلىرىمىز بار دەپ ئېيتالايمىز. بۇ قېتىمقى باھالاش جەريانىدا كۆپلىگەن مۇتەخەسسىس، ئالىملار 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن تەزكىرە كىتابلىرى ئىچىدىكى «شاۋشىڭ شەھىرى تەزكىرىسى»، «سۇجۇ شەھىرى تەزكىرىسى»، «نىڭبو شەھىرى تەزكىرىسى»، «جياڭدۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى» قاتارلىق باشقا بىرمۇنچە تەزكىرە كىتابلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ماختىدى، شۇنداقلا بۇ تەزكىرە كىتابلىرىدا تۈزۈش ئىدىيىسى، مۇندەرىجىنىڭ لايىھىلىنىشى، ئىپادىلەش ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردە يېڭى ئىجادىيەت ۋە تەرەققىيات بولغان، دەپ قارىدى. بۇ رايونلار تارىختا «تەزكىرە ماكانى» دەپ ئاتالغان بولۇپ داڭلىق تەزكىرە بۇ يەرلەردىن چىقىدۇ. بۇ يېڭى تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى «تەزكىرە ماكانى» غا يېڭى ھۆسن قوشتى. كۆپلىگەن مۇتەخەسسىس، ئالىملار يەنە چەت، يىراق، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا بارلىققا كەلگەن بىرمۇنچە مۇنەۋۋەر تەزكىرە كىتابلىرىنىمۇ ماختىدى. مەسىلەن: «چىڭخەي ئۆلكىسى تەزكىرىسى. گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار تەزكىرىسى» دە چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ گېئولوگىيىلىك قۇرۇلمىسى، كان بايلىقلىرىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى، ئېچىلىش قىممىتى ئىلمىي بايان قىلىنغان بولۇپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى قېزىلما بايلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى ۋە بۇ جەھەتتىكى

غايەت زور نەتىجىلەر خاتىرىلەنگەن. يەنە مەسىلەن: نىڭشيانىڭ «جۇڭۋېي ناھىيىسى تەزكىرىسى» دەپ تەگرى قۇملۇقىنىڭ چېتىگە جايلاشقان جۇڭۋېي ناھىيىسىنىڭ تەبئىي، ئىجتىمائىي تارىخى ۋە ھازىرقى ھالىتى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، جۇڭۋېي خەلقىنىڭ تىرىشىپ قۇمنى تىزگىنلەپ، قۇملۇقنى ئۆزگەرتىشتىكى شانلىق نەتىجىلىرى بايان قىلىنغان، شۇڭا بۇ تەزكىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ. بۇ تەزكىرە كىتابىنىڭ بارلىققا كېلىشى پەقەت ئىقتىسادىي جەھەتتىن بىرقەدەر باي، ئىختىساسلىق خادىملار بىرقەدەر توپلاشقان رايونلاردا ياخشى تەزكىرە كىتابلىرىنى تۈزگىلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتە نىسبەتەن ئارقىدا قالغان رايونلاردىمۇ تىرىشسىلا يارامىلىق، ياخشى تەزكىرە كىتابلىرىنى ئوخشاشلا تۈزگىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

بۇ قېتىمقى مۇكاپاتلاشنىڭ كۆلىمى بىرقەدەر چوڭ بولغاچقا، مەيلى 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن تەزكىرە كىتابى بولسۇن ياكى 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن تەزكىرە كىتابى بولسۇن، ئوخشاش بىر قاتلامدا مۇكاپاتقا ئېرىشكەن كىتابلارنى ئوخشاش سەۋىيىگە ئىگە دەپ قاراشقا بولمايدۇ. بىراق، ئۇلار مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە. يىغىپ ئېيتقاندا ئۇلار ئاساسەن مۇنۇ تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

1) مول ۋە پۇختا يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ماتېرىيال بولۇپ، ئۇلاردا ئۇچۇر كۆپ. بۇ تەزكىرە كىتابلىرىدىن شۇ جاينىڭ ئەھۋالىغا ئالاقىدار تۇنجى قېتىم ئاشكارىلانغان نۇرغۇن ماتېرىياللارنى، يەنى «خاس ماتېرىيال» ۋە «قىممەتلىك ماتېرىيال» لارنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بەزى تەزكىرە كىتابلىرىدا نەق نۇرغۇن ئىستاتىستىكىلىق ماتېرىيال بىلەن قانائەتلىنىپ قالماي، يېڭى دەۋردىكى ئىجتىمائىيەت، سىياسەت، ئىقتىساد، ئىدىيە، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، مەخسۇس تېما بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئويۇشتۇرۇلۇپ، 1 ـ قول ماتېرىيال بارلىققا كەلتۈرۈلگەن.

2) بايانلار ھەقىقىي، توغرا بولغان، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئىشقا ئاشۇرۇلغان. ياخشى تەزكىرە كىتابلىرىدا رايونلارنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى كېرەك. نۇرغۇن تەزكىرە كىتابلىرىدا شۇ رايوننىڭ خىزمەتلىرىدىكى مۇۋەپپەقىيەت ۋە سەۋەنلىك، تەرەققىيات ۋە ئەگرى ـ توقايلىق، تەجرىبە ـ ساۋاقلار ئەترابلىق بايان قىلىنىپ، نەتىجىلەر بەك كۆككە كۆتۈرۈۋېتىلمىگەن، سەۋەنلىكلەر بەك چۆكۈرۈۋېتىلمىگەن. تەزكىرە كىتابلىرىدا بايان قىلىنغان تارىخىي پاكىتلار ئەستايىدىل تەھقىقلىنىش ئارقىلىق ساختىسى چىقىرىۋېتىلىپ، ھەقىقىيسى ساقلاپ قېلىنغان. بىر مۇنچە مەسىلىلەردە تارىخنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئىلگىرىكى خاتالىقلار تۈزىتىلگەن. بەزى تەزكىرە كىتابلىرىدا يەنە مۇھىم تارىخىي پاكىتلار ۋە سانلىق مەلۇماتلارغا ئىزاھات بېرىلىپ، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ پايدىلىنىشچانلىقى ئاشۇرۇلغان.

3) تۈزۈلۈشى پۇختا، قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق. ئالدىنقىلارنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا يېڭىلىق يارىتىلىپ ۋە بۆسۈش ھاسىل قىلىنىپ، ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدىكى مۇرەككەپ ئەھۋاللارنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئېھتىياجىغا تېخىمۇ ماسلاشقان. كۆپلىگەن تەزكىرە كىتابلىرىدا شۇ رايوننىڭ ئەمەلىيىتى چىقىش قىلىنىپ قىسىم، بابلار تۈرگۈزۈلگەن، بايان، خاتىرە، تەزكىرە، تەرجىمىھال، خەرىتە ـ رەسىم، جەدۋەل، ئۈزۈندە قاتارلىق ئەنئەنىۋى ژانىرلار مۇۋاپىق ئۆزگەرتىلىپ، ئۇلارنىڭ رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلغان. مەسىلەن: زامانىۋى ئۆلچەش ـ سىزىش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىلىپ، ھەرخىل خەرىتىلەر سىزىلغان؛ رايونلارنىڭ تارىخىي قىياپىتىنى ۋە ھازىرقى غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان كۆپلىگەن قىممەتلىك سۈرەتلەر ئىشلىتىلگەن، بۇ سۈرەتلەر يازما بايانلار بىلەن ماسلاشتۇرۇلۇپ، سۈرەتمۇ، يېزىقمۇ بولۇش، سۈرەت بىلەن يېزىق بىر ـ بىرىنى تولۇقلاش ئىشقا ئاشۇرۇلغان. يەنە مەسىلەن: تەزكىرە كىتابلىرىدىكى ئىندېكسنىڭ تۈزۈلۈشى قاتارلىقلار بار. «ئومۇملاشتۇرۇپ بايان قىلىش»، «يىغىنچاقلاپ بايان قىلىش»، «نەقىل ئېلىش» قاتارلىق جانلىق شەكىللەرنى ئىشلىتىشكە بىرلەشتۈرۈلۈپ، چوڭ جەھەت بىلەن كىچىك جەھەتنى بىرلەشتۈرۈش ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ۋە سىستېمىلىقلىقى كۈچەيتىلگەن. شەيئىلەرنىڭ ئىچكى مۇناسىۋىتى ۋە سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتى ئايدىڭلاشتۇرۇلغان. بۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىزدىنىشلەرگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

4) تۈزۈش ئىدىيىسى جەھەتتە يۇقىرى ماھارەت گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، ئالاھىدىلىك روشەنلەشتۈرۈلگەن. تەزكىرە كىتابلىرى تەزكىرىلەرنىڭ شەكلىگە لايىقلاشتۇرۇلۇشى كېرەك. بىراق تەزكىرىلەرنىڭ شەكلىگە لايىقلاشتۇرۇش دېگەنلىك ھەممىنى ئوخشاش يېزىش، بىر قېلىپقا چۈشۈرۈش دېگەنلىك ئەمەس. ياخشى تەزكىرە كىتابى ئىجادچانلىققا ئىگە بولۇشى كېرەك. بۇ ئىجادچانلىقنىڭ كېلىش مەنبەسى رايونلار خاسلىقى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىش ۋە ئىگىلەشتە. ھەر بىر رايوننىڭ ئۆزىنىڭ خاسلىقى ۋە ئالاھىدىلىكى بار. ياخشى چىققان تەزكىرە كىتابلىرىدا بۇ خىل

خاسلىق ۋە ئالاھىدىلىكنى تۇتۇشقا ماھىر بولۇش كېرەك. مۇندەرىجە لايىھىلەش ۋە يېزىق ئارقىلىق بايان قىلىشتا ئەستايىدىل ئويلىنىپ، ئەشۇ خاسلىق ۋە ئالاھىدىلىكنى . تىرىشىپ ئەكس ئەتتۈرۈپ، تەزكىرە كىتابلىرىنى يېڭى ۋە چوڭقۇر مەناغا ئىگە قىلغاندىلا، ئاندىن كىشىلەرنى جەلپ قىلغىلى بولىدۇ.

5) نۇقتىئىنەزىرى توغرا، ئىلمىيلىكى كۈچلۈك بولغان، ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇرۇلۇپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلغان. تەزكىرە تۈزۈش جەريانىدا تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەنگە ئالاقىدار نەزەرىيە ۋە چارە - ئۇسۇللاردىن ناھايىتى ياخشى پايدىلىنىلغان. مانا بۇ ياخشى چىققان تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى ئاساسىي كاپالەتتۇر. بۇ قېتىمقى باھالاش ئەمەلىيىتى تەزكىرە كىتابلىرىنى ياخشى تۈزۈشتە بۇ نۇقتىدىن چەتنەشكە بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

بىزنىڭ مۇكاپاتلانغان تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى تەكىتلىشىمىز بۇ تەزكىرە كىتابلاردا پەقەت يېتەرسىزلىك ۋە خاتالىقمۇ يوق دېگەنلىك ئەمەس. تەزكىرە كىتابىدەك مۇشۇنداق كۆلىمى كەڭ، ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋاقىت ئارىلىقى ئۇزۇن، جايلار ئەھۋالىغا دائىر كىتابلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا يېتەرسىزلىك ۋە مەسىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن پۈتۈنلەي ساقلىنىش ئىنتايىن قىيىن ھەتتا مۇمكىن ئەمەس. بەزى يېتەرسىزلىكلەر ۋە مەسىلىلەر بۇ قېتىمقى باھالاش جەريانىدا بايقالغان بولسىمۇ، يەنە بەزى يېتەرسىزلىك ۋە مەسىلىلەر بايقالمىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنى بىز سەگەكلىك بىلەن مۆلچەرلەپ، ھەرگىزمۇ قارىغۇلارچە ئۇمىدۋار بولماسلىقىمىز كېرەك. بۇ قېتىملىق باھالاشتا چېلىققان بىرقەدەر گەۋدىلىك مەسىلىلەر شۇكى: بايان ئادەتتىكىچە، يۈزەكى بولۇپ قالغان. قۇرۇق گەپ ۋە قېلىپلىشىپ قالغان گەپلەرمۇ يوق ئەمەس؛ پارچە - پۇرات ماتېرىياللار بەك كۆپ بولغاچقا، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ ھەجمى چوڭىيىپ كەتكەن، لېكىن مەزمۇنى دېگەندەك چوڭقۇر بولمىغان؛ رايونلار تارىخىغا ئائىت پاكىتلارنىڭ تەھقىقلىنىشى مۇكەممەل بولمىغانلىقتىن، ساقلانغىلى بولىدىغان بەزى سەۋەنلىكتىن ساقلانغىلى بولمىغان، ئايرىم تەزكىرە كىتابلىرىدا بەزى قويۇلۇشلاردا تازا ئەستايىدىل بولۇنمىغان ۋە ئۇ توغرا بولمىغان. يەنە بەزى تەزكىرە كىتابلىرى نەشىر قىلىنىدىغان ۋاقىتتا خاتالىق نىسبىتى خېلىلا يۇقىرى. باھالاشتىن كېيىن، بۇ يېتەرسىزلىكلەرگە ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، تەزكىرە كىتابلىرىدا ساقلىنىۋاتقان بۇ مەسىلىلەرگە ئەھمىيەت بېرىشىمىز، ئىمكانىيەت يار بەرگەن دائىرىدە مۇۋاپىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، يېتەرسىزلىكلەرنى تىرىشىپ تولۇقلىغاندىلا، ئاندىن تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرەلەيمىز.

تەزكىرە خىزمىتىگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ قېتىمقى باھالاشنىڭ ئەھمىيىتى بىر تۈركۈم مۇكاپاتلانغان تەزكىرە كىتابلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشلا بولۇپ قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى باھالاش ئارقىلىق كۆپچىلىكنىڭ بىزنىڭ يېڭىچە تەزكىرىلىرىمىزدىكى ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىلىكلەرنى كونكرېت چۈشىنىۋېلىشىغا، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىنى تىرىشىپ يەنىمۇ ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت. ھازىر بۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ھالقىلىق مەزگىلگە قەدەم قويدى. ھازىر تۈزۈلىۋاتقان تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئىلگىرىكى تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىدىن ئۆستۈرۈشكە تىرىشىپ، نەشىردىن چىققان تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، نەشىردىن چىققان تەزكىرە كىتابلىرىدىكى يېتەرسىزلىك ۋە مەسىلىلەردىن ساقلىنىپ ۋە ئۇنى ئازايتىپ، نەشىردىن چىققان تەزكىرە كىتابلىرىغا دائىر تەجرىبە - ساۋاقلارنى كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق بايلىقىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك. مۇشۇنداق سۈپەت ئېشىگەندىلا، ئاندىن بىزنىڭ بۇ قېتىمقى باھالاش خىزمىتىمىز مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان بولىدۇ، ئۇ بۇندىن كېيىنكى تەزكىرە تۈزۈشتە ئىجابىي رول ئوينايدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بىز بۇ قېتىمقى باھالاش ئىشىنى تەزكىرىچىلىك خىزمىتىدىكى بىر يېڭى باشلىنىش دەپ قارايمىز. بۇ قېتىمقى باھالاشتىن كېيىن پۈتۈن مەملىكەتتىكى تەزكىرىچى خادىملار روھىنى تېخىمۇ ئۇرغۇتۇپ، تېخىمۇ تىرىشىپ، بۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئەلا سۈپەت بىلەن ئورۇنداپ، تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىنى يېڭى ئەسىرگە سىلجىتىشى كېرەك. تەزكىرە تۈزۈش توختىمايدىكەن، تەزكىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشمۇ توختىمايدۇ. بىز تەزكىرىنى تېخىمۇ ياخشى تۈزۈپ، تەزكىرىنىڭ سۈپىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز كېرەك. بىز يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، تەزكىرىنى ياخشى تۈزۈپ، ئۇنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى رولىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.

كۆپچىلىككە رەھمەت!

# ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، چېگرا رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەيلى

## ئۇسۇلىمىز ۋە تەسىراتىمىز توغرىسىدا

ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بەي يۇشى

چېگرا رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەزكىرىچىلىكىدە ئىچكىرىدىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغا ئوخشىمايدىغان نۇرغۇن ئەھۋاللار ۋە ئالاھىدىلىكلەر مەۋجۇت. شىنجاڭدا ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە ئالاھىدىلىك بار: 1) شىنجاڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ ئۆلكە-ئاپتونوم رايونى، كۆلىمى 1 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، مەملىكىتىمىز ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ 2) شىنجاڭ موڭغۇلىيە، روسىيە فېدېراتسىيىسى، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، ئافغانىستان، پاكىستان، ھىندىستاندىن ئىبارەت 8 دۆلەت بىلەن چېگرىلىنىدۇ، دۆلەت چېگرا لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5000 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. دېمەك مەملىكىتىمىز قۇرۇقلۇق چېگرا لىنىيىسىنىڭ تەخمىنەن تۆتتىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. شىنجاڭ مەملىكىتىمىز بويىچە دۆلەت چېگرا لىنىيىسى ئەڭ ئۇزۇن ئۆلكە-ئاپتونوم رايون؛ 3) شىنجاڭ ئەزەلدىن كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون، ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ساكلار، خاككاسلار، ھۇنلار، ئوغۇزلار، توخرىلار، ئۇسۇنلار، تۈركلەر بار ئىدى. 1949-يىلى شىنجاڭ ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن ئېتىراپ قىلىنغان مىللەت 13 بولۇپ، ئۇلار: ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز، موڭغۇل، تاجىك، شىبە، ئۆزبېك، داغۇر، مانجۇ، تاتار، رۇستىن ئىبارەت. ئازادلىقتىن كېيىن يەنە 35 مىللەت كەينى-كەينىدىن كېلىپ قوشۇلدى، ھازىر شىنجاڭدا جەمئىي 48 مىللەت بار؛ 4) شىنجاڭ كۆپ دىنلىق رايون بولۇپ، بۇ رايوندا ئىسلام دىنى، لاما دىنى، بۇددا دىنى، خرىستىيان دىنى، كاتولىك دىنى، پروۋسلىيە دىنى، تويىن دىنى، مانى دىنى، شامان دىنى قاتارلىق دىنلار بار. بۇددا دىنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 80-يىللار ئەتراپىدا شىنجاڭغا كىرگەن بولۇپ، ھازىرغا قەدەر 2000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە، X ئەسىردىن ئىلگىرى شىنجاڭدا بۇددا دىنى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇراتتى. IX ئەسىرنىڭ ئاخىرى X ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسلام دىنى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، 500-600 يىللىق قوراللىق بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشى ئارقىلىق XVII ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە شىنجاڭدا ئىسلام دىنى بۇددا دىنىنىڭ ئورنىنى بېسىپ، ھۆكۈمران دىنغا ئايلاندى. ھازىر شىنجاڭدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان 10 مىللەت بار، ئۇلار: ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز، تاتار، ئۆزبېك، تاجىك، دۇڭشياڭ، سالا، باۋئەن مىللەتلىرى؛ 5) قەدىمدىن ھازىرغىچە شىنجاڭدا مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش كۈرىشى مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. شەرقىي خەن سۇلالىسىدا ياشىغان بەن چاۋ، بەن يۇڭ ئاتا-بالا 50 نەچچە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەرنى تىنچىتقان؛ تاڭ سۇلالىسى 80 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت سەرپ قىلىپ شىنجاڭدىكى توپىلاڭنى تىنچىتقانىدى؛ موڭغۇللارنىڭ يۈەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتىش ئۈچۈن 40 نەچچە يىل ئۇرۇش قىلدى؛ چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى، يۇڭجېڭ، چيەنلۇڭ زامانلىرىدا 60 نەچچە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىنىپ شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر تازىلانغان، كېيىن يەنە 40 نەچچە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىنىپ چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى تىنچىتىلغان، يېقىنقى زاماندىن بۇيان شىنجاڭنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ چار روسىيە، ئەنگلىيە، ئامېرىكا قاتارلىق غەرب ئەللىرىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ قوللىشى بىلەن دىندىن پايدىلىنىپ، كىشىلەرنى دىنىي ئەسەبىيلىككە قوزغىتىپ، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ، كىشىلەرنى مىللىي ئۆچمەنلىك ۋە مىللىي قىرغىنچىلىققا قوزغىتىپ، مىللەتلەر

ئىمتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، كەڭ كۆلەمدە بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، شىنجاڭنى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزدىن ئايرىپ چىقىپ كېتىپ، ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش قەستىدە بولدى؛ 6) شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىياتى ئارقىدا قالغان، تەزكىرە تۈزۈش ئاساسىي شارائىتى ناچار. شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە تەبىئىي جۇغراپىيىۋى ئەھۋالى ۋە مىللىي، دىنىي ئەھۋالى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئارقىدا قېلىشىدا ئاساسىي رامكا شەكىللەندۈرۈپ قويدى. 1949 - يىلى سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئارانلا 720 مىليون يۈەن، 1950 - يىلدىكى مالىيە كىرىمى ئاران 22 مىليون يۈەن ئىدى. 1984 - يىلى سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليارد 538 مىليون يۈەنگە، مالىيە كىرىمى 722 مىليون يۈەنگە يەتتى، 1995 - يىلغا كەلگەندە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 83 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يەتتى، ئەمما مالىيە كىرىمى ئارانلا 3 مىليارد 750 مىليون يۈەن بولۇپ، مالىيە چىقىمى 9 مىليارد 600 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتتى، مالىيىدە ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەش نىسبىتى پەقەت ئۈچتىن بىر قىسمىدىن سەل كۆپ بولدى. كۆچمە چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ۋە ئۇزۇندىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مىللىي، دىنىي ماجىرالار شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ئېغىر تەسىر كۆرسەتتى، تەزكىرىچىلىكنى ئېلىپ ئېيتساق، چىڭ سۇلالىسىدىن ئىلگىرى شىنجاڭدا ئاساسىي جەھەتتىن مۇكەممەل تۈزۈلگەن تەزكىرە كىتابلىرى يوق ئىدى، تاڭ سۇلالىسى چېنيۈەن يىللىرى تۈزۈلگەن «غەربىي ئايماقنىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسىراتى» لا بار ئىدى. بۇ كىتابنىڭمۇ 47 قۇرىلا ساقلىنىپ قالغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە 3 توم ۋىلايەت، ناھىيە تەزكىرىسى تۈزۈلگەن، مىنگو دەۋرىدە 7 توم ناھىيە تەزكىرىسى (چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن مىنگو دەۋرىگىچە بىرنەچچە توم شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى ۋە كەسپلەر تەزكىرىسى شۇنداقلا بىر قىسىم يەرلىك تەزكىرىلەر) تۈزۈلدى؛ تەزكىرە كىتابلىرىدىن باشقا ھۆججەت، ماتېرىياللارمۇ ناھايىتى ئاز ئىدى. ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئارقىدا قېلىشىمۇ ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ يېتىشمەسلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بىر قىسىم ناھىيىلەرنىڭ پارتكوم، ھۆكۈمەتلىرىنىڭ مۇۋاپىق كاتىپ تېپىشمۇ ناھايىتى تەسكە چۈشىدۇ. شۇڭا نائىلاج بىر قىسىم ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تاللاپ ئىشلىتىدۇ. ئىختىساسلىق خادىم، ماتېرىيال، خىراجەت - شىنجاڭنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى چۈشەپ تۇرۇۋاتقان توپ تىزگىنلىگۈچى ئامىل. بۇ نۇۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى رايون ئەھۋالى مۇشۇنداق ئالاھىدە بولغان شارائىتتا ناھايىتى جاپالىق ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ.

1983 - يىل 4 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايون بويىچە تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا قارار چىقاردى. بىزگە 86 توم كەسپلەر تەزكىرىسىدىن تەشكىل تاپقان «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» ۋە 100 توم ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە تەزكىرىسىنى تۈزۈش ۋەزىپىسى يۈكلەندى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ خەنزۇچە ئورىگىنالىنى بېكىتىپ، ئاندىن ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىغا تەرجىمە قىلىش بەلگىلەندى ھەمدە تەزكىرە كىتابلىرىنى تەرجىمە قىلىش، تەكشۈرۈپ بېكىتىش ۋە ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىدا نەشر قىلىش ئىشىنى ئۆيۈشتۇرۇشقا بىزنىڭ مەسئۇل بولۇشىمىز بەلگىلەندى. بۇنىڭ بىلەن زىممىمىزگە ئاز دېگەندە 372 تومدىن ئارتۇق تەزكىرە كىتابى نەشر قىلىشتىن ئىبارەت ۋەزىپە يۈكلەندى، ۋەزىپىنىڭ ئېغىر، قىيىنچىلىقنىڭ زور بولۇشى بولۇپمۇ كىتاب چىقىرىش خىراجىتىنى تەييارلاشتا قىيىنچىلىقنىڭ تېخىمۇ زور بولۇشى بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى گەۋدىلىك مەسىلىدىن ئىبارەت. بىراق ش ئۇ ئا ر پارتكوم، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، قوللاپ قۇۋۋەتلىشى، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ بىرلىكتە ھەمكارلىشىشى ۋە قوللىشى بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت تەزكىرىچى خادىملارنىڭ 10 نەچچە يىللىق جاپالىق تىرىشىشى ۋە جاپالىق ئەجىر قىلىشى ئارقىلىق، ئاپتونوم رايوننىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىدە بىر تۈركۈم مۇۋەپپەقىيەتلەر مەيدانغا كەلدى. ھازىر «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دىكى كەسپلەر تەزكىرىسىدىن 21 توم، ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە تەزكىرىسىدىن 33 توم نەشر قىلىندى، 7 تەزكىرە كىتابى ئۇيغۇرچە نەشر قىلىندى، «شىنجاڭ يىلنامىسى» نىڭ خەنزۇچىسىدىن 13 توم، ئۇيغۇرچىسىدىن 12 توم نەشر قىلىندى. بۇنىڭدىن باشقا بىكتۈەن تۈرلۈك تەزكىرە كىتابىدىن 20 تومدىن كۆپرەكىنى نەشر قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 4 تومى شى دەرىجىلىك كىتاب. 10 نەچچە يىلدىن بېرى بىز 1984 -، 1989 -، 1996 - يىللىرى 3 قېتىم تەزكىرە خىزمىتى يىغىنى چاقىردۇق، 1996 - يىلى تەزكىرىنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى چاقىردۇق، بۇ يىل «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» كەسپلەر تەزكىرىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتۇق؛ 1987 -، 1993 - يىللىرى تەزكىرىچىلىك خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەر 2 قېتىم

باھالىنىپ تەقدىرلەندى، جەمئىي 78 ئىلغار كوللېكتىپ، 171 ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى؛ 1993 - ، 1995 - يىللىرى 2 قېتىم يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈش بويىچە مۇنەۋۋەر نەتىجىلەرنى باھالاش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. 9 توم تەزكىرە كىتابى 1 - دەرىجىلىك، 11 توم تەزكىرە كىتابى 2 - دەرىجىلىك، 17 توم تەزكىرە كىتابى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 13 توم كىتاب جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى 1993 - ۋە 1997 - يىللىرى ئۆتكۈزگەن مەملىكەتلىك يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈش بويىچە مۇنەۋۋەر نەتىجىلەرنى باھالاش پائالىيىتىدە 1 - ، 2 - ، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

بىزنىڭ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى ئۇسۇل ۋە تەسىراتىمىز تۆۋەندىكىچە:

**1. توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، بايرىقىمىز روشەن ھالدا مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى قوغدىدۇق**

باش شۇجى جياڭ زېمىن كۆپ قېتىم مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرى چوقۇم سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش - سوتسىيالىستىك يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈشىمىزدىمۇ ئوخشاشلا مۇھىم بىر سىياسىي پىرىنسىپ. سوتسىيالىستىك يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈشتە، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، بايرىقىمىز روشەن ھالدا مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىشىمىز كېرەك. بۇ يېڭى تۈزۈلگەن تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سىياسىي سۈپىتىنىڭ لاياقەتلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتىكى بىر مۇھىم پرىنسىپال مەسىلە، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يەرلىك ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈشتىكى ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە. تارىخىي ۋە رېئال كۆرەشلەر ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، قەدىمدىن ھازىرغىچە شىنجاڭدا بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك، مۇستەقىللىق دەۋاسى قىلىش ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ئورتاق قارشى تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش يولىدا ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرى باشتىن ئاخىر مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. بۇ كۆرەش ئەمەلىيىتى يېڭى تۈزۈلگەن تەزكىرە كىتابلىرىدا ھەقىقىي ۋە ئىنچىكىلىك ماتېرىياللار ئارقىلىق خاتىرىلەنگەن، بۇ ھەم بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز، ھەم تارىخ ئالدىدا، خەلق ئالدىدا، ئەۋلادلار ئالدىدا جاۋابكار بولۇشتىن ئىبارەت تەزكىرىچىلىك ئەخلاقىنىڭ تەلىپىدۇر. شۇڭا بىز بىر تەرەپتىن ھەر مىللەت تەزكىرىچىلىرىنى مەركىزىي كومىتېت ۋە ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا ئاساسلىق خەۋپ يەتكۈزىدىغان مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە ئالاقىدار يولىيورۇقلىرىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە، مىللىي، دىنىي سىياسەتلەرنى ئۆگىنىشكە كۆپ قېتىم تەشكىللەپ، ھەر مىللەت تەزكىرىچى خادىملىرىنىڭ سىياسىي ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنى تەزكىرىچىلىك ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئاڭلىقلىق بىلەن توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي پرىنسىپقا، سىياسىي مەيدانغا ئەھمىيەت بېرىدىغان قىلدۇق؛ يەنە بىر تەرەپتىن ھەر مىللەت تەزكىرىچىلەردىن تەزكىرىگە كىرگۈزۈلىدىغان ماتېرىياللارنى ئەستايىدىل دەلىللىشى ۋە «سىياسىي جەھەتتىن تەكشۈرۈشى»نى، بىزنىڭ سىياسىي نۇقتىئىنەزىرىمىزنى، سىياسىي مەيدانىمىزنى تەزكىرە كىتابلىرىدىكى ماتېرىياللارغا سىڭدۈرۈشنى تەلەپ قىلدۇق، تەزكىرە كىتابلىرىغا كىرگۈزۈلگەن ھەقىقىي، توغرا ماتېرىياللار ئارقىلىق كىشىلەرگە شۇنى ئۇقتۇرۇشىمىز كېرەككى: 1) رايون ئەھۋالىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قەدىمدىن ھازىرغىچە شىنجاڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز تېررىتورىيىسىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 60 - يىلى غەربىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭ ئېلىمىزگە تەۋە بولدى. خەن، تاڭ سۇلالىرىدىن مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرىگىچە 2000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتتى، بۇنى قەدىمدىن تارتىپ دېمىسەك بولامدۇ؟ 2) مىللىي تەركىبىنى ئېلىپ ئېيتساق، قەدىمدىن ھازىرغىچە شىنجاڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون، ئەزەلدىن بىرلا مىللەت نوقۇل ئولتۇراقلاشقان دېگەن تارىخىي پاكىت يوق. شۇنداقلا شىنجاڭنى مەلۇم بىر مىللەتنىڭ شىنجاڭى دېگەن مەسىلە ئەزەلدىن مەۋجۇت ئەمەس؛ 3) خەنزۇ مىللىتىمۇ ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان شىنجاڭدا ئولتۇراقلىشىپ كېلىۋاتقان قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى. جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا كەلگەندىن كېيىن، يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن زور بىر تۈركۈم خەنزۇلار شىنجاڭغا كېلىپ بوز يەر ئېچىپ، سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللاندى، بۇنىڭغا 2000 يىلدىن ئاشتى، شۇڭا خەنزۇ مىللىتى شىنجاڭدىكى قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ بىرى ئەلۋەتتە. بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ كىشىلەرنى خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش، خەنزۇلارنى چەتكە قېقىشقا قۇتراتقۇلۇقىدىن ئىبارەت مىللىي ئۆچمەنلىك كەيپىياتى تارىخىي پاكىتلارغا خىلاپ،

كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدۇ، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئورتاق ئارزۇسىغا خىلاپ؛ 4) شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ تۇپراقنى ھەر مىللەت خەلقى بىرلىكتە تەرەققىي قىلدۇرغان، گۈللەندۈرگەن ۋە قوغدىغان. شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىنى شىنجاڭدىكى ھەرقايسى قەدىمكى مىللەتلەر ئورتاق ياراتقان، راۋاجلاندۇرغان، شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان، ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىمۇ مۇشۇ جايدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرئورتاق ياراتقان ۋە راۋاجلاندۇرغان، شىنجاڭنىڭ كەلگۈسىدىكى مەدەنىيىتىنىمۇ مۇشۇ جايدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق يارىتىدۇ ۋە راۋاجلاندۇرىدۇ؛ 5) ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش — شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، تارىخىي تەرەققىياتىدىكى ئاساسىي ئېقىم. مەيلى بۇرۇن ياكى ھازىر بولسۇن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدۇ، بۇلار مۇقەررەر ھالدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ، پەقەت ھەر مىللەت خەلقى ئۆزئارا ئىتتىپاقلىقنى، ئۆزئارا ئىناقلىقنى، ئۆزئارا ئۆگىنىشنى، ئۆزئارا ئىشىنىشنى، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشنى، ئۆزئارا قوللاشنى كۈچەيتكەندىلا، شىنجاڭ ئاندىن راۋاجلىنالايدۇ، گۈللىنەلەيدۇ، روناق تاپالايدۇ. «كۇچا ناھىيىسى تەزكىرىسى» دىكى ئۇن نەچچە مىڭ خەتلىك سەھىپىدە تارىختىكى فېئودال پادىشاھلىقلارنىڭ كۇچادا تەسىس قىلغان ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرىنىڭ ئەھۋالى سىستېمىلىق بايان قىلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدىكى «خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قورۇقچى بەگلەر» ، «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەنشى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ يانداش قورۇقچىبەگلىرى» ، «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە كۇچادا ئۆتكەن خان - ئامباللار» قاتارلىق ماتېرىياللاردا خەن سۇلالىسىدىن چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ كۇچانى ۋە پۈتكۈل شىنجاڭ رايونىنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا تولۇق چۈشەنچە بېرىلگەن. غەربىي خەن سۇلالىسىدىن بۇيان ئۆتكەن سۇلالىلەرنىڭ شىنجاڭنى ئېچىش، شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش ئەھۋالىنى ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن، بىز «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى تەزكىرىسى» نى تەسىس قىلدۇق. ئۇنىڭدا خەن سۇللىسى دەۋرىدىن چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە بولغان 2000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت جەريانىدا ئۆتكەن سۇلالىلەر ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، گۈللەندۈرۈش ۋە بوز يەر ئاچقاچ چېگرىنى قوغداپ، ۋەتەننىڭ چېگرا رايونىنى قوغداشتىن ئىبارەت تارىخ تەپسىلىي بايان قىلىنىدى، بۇ تارىخ يان تەزەپتىن تارىختا ئۆتكەن مەركىزىي سۇلالىلەر ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش ئەھۋالىنى، شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ گۆھەر زېمىننىڭ ئەزەلدىن ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. ھەربىي ئىشلار تەزكىرىسى» ، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. جامائەت خەۋپسىزلىكى تەزكىرىسى» ، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. تاشقى ئىشلار تەزكىرىسى» دە نۇرغۇن ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىلىپ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئارمىيە - خەلق بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، چەتنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتىن ئىبارەت تارىخىي پاكىتلار بايان قىلىنىدى، بۇلار ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرگە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بېرىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى كۈچەيتىشنى جانلىق يەرلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

**2. پائال، تەشەببۇسكارلىق بىلەن رەھبەرلىكنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، تەزكىرىچىلىك ئاپپاراتلىرى قۇرۇپ چىقىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.**

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىدە خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇ نەتىجىلەر تەزكىرىچىلەرنىڭ جاپالىق تىرىشىشى، خالىس تۆھپە قوشۇشىدىن سىرت، يەنە ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە قوللىشىدىن بولدى. تەزكىرىچىلىكتە باشقا خىزمەتلەرگە ئوخشاشلا رەھبەرلىكنىڭ قوللىشى ئاچقۇچ، ئاپپارات، قوشۇن تەشكىلىي كاپالەتتۇر. مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش باشلانغاندا شىنجاڭدىكى كادىرلار ۋە خەلق ئاممىسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تەزكىرىچىلىك ئىنتايىن ناتونۇش ئىدى. شۇڭا تەزكىرە تۈزۈشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، بىز جەمئىيەتتىكى ساھەلەرگە كۆپلەپ تەشۋىقات خىزمىتى ئىشلەپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ چۈشىنىشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشتۇق. ئەينى ۋاقىتتىكى ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ 1 - شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل ئەھمەد بىزگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى ۋە بىزنى قوللىدى. 1984 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق 1 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنى ئېچىلغان چاغدا، يولداش ۋاڭ ئېنماۋ ئۆزى يىغىنغا كېلىپ مۇھىم سۆز قىلدى، ئۇ ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت تارماقلىرىدىن «تەزكىرىچىلىك خىزمىتىگە چوقۇم ئەھمىيەت بېرىش كېرەك» ، «تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش كېرەك» ، «ئادەم كېرەك

بولسا، ئادەم سەپلەش، پۇل كېرەك بولسا، پۇل تەستىقلاپ بېرىش، ئۆي لازىم بولسا، ئۆي ھەل قىلىپ بېرىش» كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ئىسمائىل ئەھمەد ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. يولداش ۋاڭ ئېنماۋ، ئىسمائىل ئەھمەدلەرنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى، قوللىشى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تەزكىرىچىلىك ئاپپاراتى تېزلىكتە قۇرۇلۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. 1985 - يىلى مەركەز ئاپتونوم رايونىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىسىنى تەڭشىدى، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىلىقىغا يېڭىدىن تەيىنلەنگەن سۇڭ خەنلياڭ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسلىكىگە يېڭىدىن تەيىنلەنگەن تۆمۈر داۋامەتلەر، بىزنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىمىزگە ئۆزلۈكسىز كۆڭۈل بۆلدى ۋە ئۇنى قوللىدى. تۆمۈر داۋامەت يەنە ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى ھەمدە 1989 - يىلى ئېچىلغان ش ئۇ ئا ر 2 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدا مۇھىم سۆز قىلدى. 1993 - يىلدىن كېيىن مەركەز ئاپتونوم رايونىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىسىنى يەنە بىر قېتىم تەڭشىدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ ھازىرقى شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىتلارمۇ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىمىزگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى ۋە ئۇنى قوللىدى. ئابلەت ئابدۇرېشىت ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى. 1994 - يىل 11 - ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم خىزمەت يىغىنى ئاچقان مەزگىلدە شۇجى ۋاڭ لېچۈەن خىزمەت دوكلاتىمىزنى ئاڭلىدى. شۇ ۋاقىتتا مەن ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىنىڭ تاكى ھازىرغىچە يەنىلا ئۆي ئىجارە ئېلىپ خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ خىزمەت بىناسى يوقلۇقىنى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆي جەھەتتە قىيىنىلىۋاتقانلىق ئەھۋالىنى دوكلات قىلىۋاتقىنىمدا، ئۇ ماڭا: «دوكلات يېزىڭلار، مەن تەستىقلاپ بېرەي» دېدى. بىز ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىنىڭ ئىشخانا، ئولتۇراق ئۆي بىناسى سېلىش ھەققىدىكى ئىلتىماسىنى ئۇنىڭغا يوللىغاندىن كېيىن، ئۇ دەرھال تەستىقلىدى، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىمۇ ۋاقتىدا تەستىقلىدى. ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن ۋە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ تەستىقى يوليورۇقىغا ئاساسەن، 1995 - يىلى بىزگە قۇرۇلۇشنى تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇپ بەردى. 1996 - يىل 1 - ئايدا بىز ش ئۇ ئا ر 3 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنى ئېچىش ھارپىسىدا، ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن كومىتېتىمىزنى كۆزدىن كەچۈرۈپ نەق مەيداندا ئىش بېجىردى، خىزمەت دوكلاتىمىزنى ئاڭلىدى ھەمدە يىغىننى قانداق قىلغاندا ياخشى ئاچقىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە مۇھىم يوليورۇق بەردى. ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلىپ، بىزنىڭ خىزمەت دوكلاتىمىزنى ئاڭلىدى، يەنە يىغىننى قانداق قىلغاندا ياخشى ئاچقىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە مۇھىم يوليورۇق بەردى. ئۇ يەنە ئاپپارات ئىسلاھاتى ۋەزىيىتىگە قارىتا ئېنىق قىلىپ: «تەزكىرە كىتابى نەشىردىن چىقىپ بولغان ئورۇنلار، تەزكىرىچىلىك ئاپپاراتىنى ۋە تەزكىرىچىلىك قوشۇنىنى تارقىتىۋەتمەسلىكى كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. يىغىن مەزگىلىدە ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جانابىل، ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يۈسۈپ ئەيسالار ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى. يىغىندىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۇڭتىڭى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى بىرلىشىپ «تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» نى تارقىتىپ، تەزكىرىچىلىك خىزمىتىدىكى ئاپپارات، قوشۇن، خىراجەت قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە چىقاردى. 1996 - يىل 12 - ئايدا ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «ئاپتونوم رايونىنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىدىكى 9 - بەش يىللىق پىلان ۋە 2010 - يىلغىچە بولغان يىراق كەلگۈسى نىشان» نى تەستىقلىدى. يەنە 2 بەنگۇڭتىڭ چىقارغان «ئۇقتۇرۇشتىكى ئاپپارات، قوشۇن، خىراجەت مەسىلىلىرىگە ئائىت بەلگىلىمىلەرنى قايتا تەكىتلىدى. بۇ يىل 2 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاپپارات ئىسلاھاتى ئىشخانىسى ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى لايىھىسىنى تەستىقلاپ، ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىنىڭ ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق نازارەت دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇن ئىكەنلىكىنى ھەمدە بىزگە ماتېرىيال - ئۇچۇر تەتقىقات باشقارمىسىنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېنىق بەلگىلىدى.

1993 - يىلدىن 1996 - يىلغىچە بولغان بىرنەچچە يىل ئىچىدە ئاپتونوم رايونىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ لېچۈەن، تۆمۈر داۋامەت، ئابلەت ئابدۇرېشىت، قېيۇم باۋۇدۇن، غوپۇر ئابدۇللا، يۈسۈپ ئەيسالار ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى ئورگىنىغا كېلىپ كۆزدىن كەچۈردى، نەق مەيداندا ئىش بېجىردى، بىزنىڭ كونكرېت مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىمىزغا ياردەم بېرىپ، بىزگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى ۋە بىزنى قوللىدى. دەرۋەقە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى تەزكىرىچىلىك خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇنى قوللاپ كەلگەچكە، ھەر

دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر ياخشى باشلامچى ۋە ئۈلگە بولۇپ بەرگەچكە، ئاپتونوم رايوندىكى نازارەت، ئىدارە، ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ پارتكوم، ھۆكۈمەتلىرىمۇ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك قوللاپ ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. مەسىلەن: ئۈرۈمچى، ئاقسۇ شەھەرلىرى، قۇمۇل، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرى، ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ رەھبەرلىرىمۇ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا، نىشانلىق باشقۇرۇش تۈرىگە كىرگۈزدى. بىر قىسىم ناھىيە (رايون) لەر تەزكىرە خىزمىتىنى بىقدارلاشتۇرۇپ، قەرەللىك تەكشۈرۈپ، يىل ئاخىرىدا سىناپ تۇردى. ئۇلار بىقدارلاشتۇرۇلغان كۆرسەتكۈچنى پىلان بويىچە ئورۇندىغان بولسا، ناھىيە (رايون) نىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى بىلەن تەزكىرىچىلەر ئوخشاشلا مۇكاپاتلاندى، ۋەزىپىنى ئورۇندىيالمىغان بولسا ئوخشاشلا جازالاندى. سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ باشلىقى ماجيەنگو ھەرقايسى تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن ئوبلاست تەزكىرىسىدىكى ھەرقايسى كەسىپلەر تەزكىرىلىرى ئورگىنالىنىڭ يېزىلىپ بولۇش ۋاقتى توغرىسىدا مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالاپ، مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مۇكاپات، جازانى ئېنىق ئايرىدى. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، ئەھمىيەت بېرىشى بىلەن تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ مالىيىسى ئىنتايىن قىيىن بولۇۋاتقان ئەھۋالدىمۇ، نۆۋەتتە يەنە 50 تومدىن ئارتۇق خەنزۇچە تەزكىرە كىتابى ۋە 7 توم ئۇيغۇرچە تەزكىرە كىتابى نەشردىن چىقتى.

ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر تەزكىرىچىلىك خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى، كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ۋە ئۇنى قوللىغانلىقى ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون بويىچە بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيە (شەھەر) دىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك تەزكىرە ئاپپاراتى ۋە بىر تۈركۈم بىرقەدەر يۇقىرى سىياسىي، كەسپىي ساپاغا ئىگە تەزكىرىچىلىك قوشۇنى بارلىققا كەلدى. ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك تەزكىرىچىلىك ئاپپاراتلىرىدا ئادەتتە 7 دىن 10 غىچە، ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك تەزكىرىچىلىك ئاپپاراتىدا 3 تىن 5 كىچە ئادەم بار بولدى. ئاپتونوم رايوننىڭ نازارەت، ئىدارىلىرىدىكى تەزكىرە تەھرىر ئىشخانىلىرىدىمۇ 3 تىن 5 كىچە ئادەم بار بولدى. مانا بۇ ئاپپارات ۋە قوشۇن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى نورمال قانات يايدۇرۇشىمىزنىڭ تەشكىلىي كاپالىتى بولدى.

بىز تەزكىرىچىلىك قوشۇنى قۇرۇلۇشىدا، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، 3 نۇقتىدا چىڭ تۇردۇق: بىرىنچىدىن، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەزكىرىچىلىك خىزمىتىگە قاتناشتۇرۇشقا دىققەت قىلدۇق. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 800 دىن ئارتۇق تەزكىرىچى ئىچىدە ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز، شىبە، خۇيزۇ، تاجىك، رۇس قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت كادىرىدىن 134 ى بار بولۇپ، ئۇلار ئاپتونوم رايوندىكى تەزكىرىچىلىك قوشۇنىدىكى تەزكىرىچىلەرنىڭ %6 .16 نى ئىگىلەيدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئۆگىنىش، تەربىيىلەشنى كۈچەيتىپ، كەسپىي ساپانى ئىرىشىپ ئۆستۇردۇق. تەربىيىلەش ئۇسۇلى مەركەزلەشتۈرۈپ قىسقا مۇددەتلىك كۇرس ئېچىش، «يىغىن ئارقىلىق تەربىيىلەش»، «ئورگىنال باھالاش ئارقىلىق تەربىيىلەش» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولدى. تەزكىرىچىلىك قانات يايدۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، بىز ئاپتونوم رايون خاراكتېرلىك ئۆگىنىش كۇرسىدىن ئۇدا 6 قارار ئېچىپ، تەزكىرە تۈزگۈچى تايانچلارنى تەربىيىلەپ چىقتۇق. نازارەت، ئىدارىلەر، ۋىلايەت، ئوبلاستلارمۇ ئومۇميۈزلۈك ئۆگىنىش كۇرسلىرىنى ئۇيۇشتۇردى، بەزى ئىدارىلەر يەنە ئېچكىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئۆگىنىش كۇرسلىرىغا ئادەم ئەۋەتىپ قاتناشتۇردى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە تەزكىرە ئورگىنالىنى باھالاش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، بىر تەرەپتىن يىغىن ئېچىلىپ، بىر تەرەپتىن ئورگىنال باھالىنىپ، بىر تەرەپتىن ئادەم تەربىيىلەندى. تەربىيىلەش، ئۆگىنىش ئارقىلىق، تەزكىرىچىلىك قوشۇنىنىڭ ساپاسى ئۆستى. مەسىلەن: «كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ باش مۇھەررىرى يولداش ئابدۇساتتار ھامىدىن بىر ئۇيغۇر تەزكىرىچى كادىر بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە 2 خىل يېزىقتا «كەلپىن ناھىيىسى تەزكىرىسى» نى تۈزۈپ چىقىپ، ياخشى باھاغا ئېرىشتى؛ ئۈچىنچىدىن، تەزكىرىچىلىك ئاپپاراتىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى ۋە تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ باش مۇھەررىرلىرىنى تاللاپ سەپلەشكە ئەھمىيەت بەردۇق. تەزكىرە تۈزۈش ئىشخانىلىرىنىڭ مەسئۇللىرىدا ھەم مەمۇرىي باشقۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەت ئىقتىدارى بولۇشى، ھەم مۇئەييەن كەسپىي ساپا بولۇشى كېرەك. ئۇلار ئېغىرنى، قولنى، پۇتنى ئىشقا سېلىشنى بىرلەشتۈرگەندىلا، ئاندىن تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ لاياقەتلىك مەسئۇلى بولالايدۇ. تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ باش مۇھەررىرلىرىنىڭ ساپاسى بىر تەزكىرە كىتابىنىڭ تۈزۈلۈش سۈرئىتى ۋە سۈپىتىدە ناھايىتى چوڭ رول ئوينايدۇ، ئاپتونوم رايوندىكى بىرقانچە ۋىلايەت، نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ تەزكىرىچىلىك سۈرئىتىنىڭ بىرقەدەر تېز بولۇشى دەل ئۇلاردا مۇشۇنداق بىر تۈركۈم باشلامچىلارنىڭ بولغانلىقىدا. مەسىلەن: قۇمۇل ۋىلايەتلىك تەزكىرە

ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، «قۇمۇل ۋىلايىتى تەزكىرىسى» نىڭ باش مۇھەررىرى جىڭ چېڭجيا؛ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئوبلاست تەزكىرىسىنىڭ باش مۇھەررىرى خې جىخۇڭ؛ بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئوبلاست تەزكىرىسىنىڭ باش مۇھەررىرى جىن شياڭخۇڭ؛ «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى» تەھرىر ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، «پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى» نىڭ باش مۇھەررىرى سۇڭ لەنفاڭ؛ «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار تەزكىرىسى» نىڭ باش مۇھەررىرى گاۋ جۇنجيې؛ «بارىكۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ باش مۇھەررىرى، ناھىيىلىك تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى جاڭ جيەنگو؛ «ماناس ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ باش مۇھەررىرى ۋاڭ گۋاڭرۇڭ؛ «قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ باش مۇھەررىرى چيۇجىيۇ قاتارلىقلار بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇزۇن مۇددەت كېسەل تۇرۇقلۇق يەنىلا خىزمەتنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغان، تەزكىرە ئورگىنالىنى پۈتتۈرۈپلا ئالەمدىن ئۆتكەنلەرمۇ بار. مەسىلەن: يولداش چيۇجىيۇ؛ بەزىلىرى ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق ۋىلايەت، ناھىيىلەر تەرىپىدىن گەۋدىلىك تۆھپە ياراتقان مۇتەخەسسىسلىككە كۆرسىتىلدى. مەسىلەن: قىزىلسۇ ئوبلاستىدىكى خې جىخۇڭ قىزىلسۇ ئوبلاستى تەرىپىدىن گوۋۇيۈەننىڭ ئالاھىدە قوشۇمچە ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولىدىغان گەۋدىلىك تۆھپە ياراتقان مۇتەخەسسىسلىككە ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىسلىككە كۆرسىتىلدى. قۇمۇلدىكى جىڭ چېڭجيا ئالاھىدە تۆھپە ياراتقان سەرخىل ئىختىساسلىق خادىملىققا كۆرسىتىلدى ھەمدە ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى. بىر تەزكىرە كىتابى ئۈچۈن 10 يىللاپ ئەجىر سىڭدۈرۈلدى، مۇشۇ 10 يىلدا بىر تۈركۈم كەسپچان، ئىجادچان، خالىس تۆھپە قوشىدىغان تەزكىرە تۈزگۈچى ئىختىساسلىق خادىملار چېنىقتۇرۇلدى، يېتىشتۈرۈلدى.

**3. پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلدى، مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىك گەۋدىلىك ئەكس ئەتتۈرۈلدى**

دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتى — ماركسىزم، لېنىنىزمنىڭ مىللەت مەسىلىسى ھەققىدىكى نەزەرىيىسىنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن بىرلەشتۈرۈشنىڭ مەھسۇلى، دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كەلگەن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق راۋاجلىنىشى، گۈللىنىشىگە پايدىلىق بولغان ئىنتايىن مۇھىم بىر سىياسەت. تەزكىرە كىتابلىرىدا پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەنلىكىنى قانداق گەۋدىلەندۈرۈش، مىللىي رايونلاردىكى تۈرلۈك ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىنى قانداق قىلىپ چوڭقۇر جەھەتتىن ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرۈش ھەمدە مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش ئاز سانلىق مىللەت رايونىدىكى تەزكىرىچىلەر دائىم تەتقىق قىلىشىۋاتقان بىر مۇھىم تېما.

1) ئاپتونومىيىلىك ئالاھىدىلىكىنى قانداق ئەكس ئەتتۈرۈش مەسىلىسى. شىنجاڭدا 5 مىللىي ئاپتونوم ئوبلاست ۋە 6 مىللىي ئاپتونوم ناھىيە بار بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئاپتونوم ئوبلاست ۋە ئاپتونوم ناھىيە ئەڭ كۆپ بولغان رايونلارنىڭ بىرى. بىز بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن، 5 توم ئاپتونوم ئوبلاست تەزكىرىسى ۋە 6 توم ئاپتونوم ناھىيە تەزكىرىسى تەسىس قىلدۇق. ھازىر 1 ئاپتونوم ئوبلاست تەزكىرىسى، يەنى «بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تەزكىرىسى» ۋە 2 ئاپتونوم ناھىيە تەزكىرىسى، يەنى: «بارىكۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى تەزكىرىسى» نەشردىن چىققتى. ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى «ئاساسىي قانۇن» دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايوندا تارقىتىلىدىغان ھۆججەتلەرنى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچىدىن ئىبارەت 2 خىل يېزىقتا تارقىتىشنى تەلەپ قىلدى. ھەرقايسى جەھەتلەردىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن شىنجاڭدا ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتقان تارىخىي ماتېرىياللار ۋە خەت - ئالاقە ئارخىپلارنىڭ كۆپىنچىسى خەنزۇچە بولۇۋاتىدۇ، بۇ ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقى بىلەن تەزكىرە يېزىشقا ئىنتايىن زور قولايسىزلىقلارنى كەلتۈرۈپ بەردى، بۇنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى ئىنتايىن زور. بۇ زىددىيەتلەرنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، بىز قانۇن بويىچە يولغا قويۇلۇۋاتقان پرىنسىپ بويىچە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىي يېزىقىنى ئىشلىتىش ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىپ، ھەرخىل يېزىقتا تەزكىرە يېزىشقا بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. بىراق تەزكىرىچىلىك بىلەن خەنزۇ مەدەنىيىتى مۇناسىۋىتىنىڭ قويۇقلۇقىدىن ئىبارەت ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ كۆرۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا يەنە ئورگىنالنى خەنزۇچە بېكىتىشنى تەلەپ قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىللە خەنزۇچە ئورگىنال بېكىتىلىپ بولغاندىن كېيىن، دەرھال ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىغا تەرجىمە قىلىشنى تەلەپ قىلدۇق. ھازىرغىچە شىنجاڭدا 7 توم تەزكىرە كىتابى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى. ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدا يېزىلغان 2 تەزكىرە كىتابىنىڭ دەسلەپكى ئورگىنالى پۈتتى.

بىز مىللىي رايونلارنىڭ تەزكىرە تۈزۈش ئالاھىدىلىكىگە

ئەھمىيەت بەرگەچكە، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللىي ئاپتونوم ئوبلاستلار ۋە مىللىي ئاپتونوم ناھىيىلەرنىڭ كۆپىنچىسى باشقا ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتى بىلەن ماس قەدەمدە ئېلىپ بېرىلدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تېخى ئاپتونوم رايون بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى. مەسىلەن: بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى 1995 - يىلى ئوبلاست تەزكىرىسىنى پۈتتۈردى، بۇ شىنجاڭ بويىچە ئەڭ بالدۇر پۈتكەن ۋىلايەت، ئوبلاست تەزكىرىسى بولۇپ قالدى.

2) تەزكىرە كىتابلىرىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بايان قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش مەسىلىسى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئالدىنقى شەرتى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى 1983 - يىلدىن بۇيان ھەر يىلى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ كەلدى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى 1 - دەرىجىلىك چوڭ ئىش قاتارىدا تۇتۇپ كەلدى. بۇ ئاپتونوم رايونىمىزدا سوتسىيالىستىك يېڭىچە مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. نەتىجىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە بىر تۈركۈم ئىلغار كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر، نۇرغۇنلىغان تىللاردا داستان بولغۇدەك، كىشىنى ئىنتايىن تەسىرلەندۈرىدىغان ئىش - ئىزلار مەيدانغا كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئەسلىدە تۈزۈلگەن مۇندەرىجىنى تەڭشەپ، قىسىم، بابلار بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشى، ئۆزئارا ئۆگىنىشى، ئۆزئارا ياردەم بېرىشى، ئورتاق تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىشكە دائىر ئەھۋالنى بايان قىلدۇق. 1990 - يىلدىن كېيىن تۈزۈلۈپ، نەشر قىلىنغان ۋىلايەت، ناھىيە تەزكىرىلىرىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يېزىش سالمىقى تېخىمۇ ئاشۇرۇلدى. ھەربىر تەزكىرە كىتابىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى يېزىلدى، ھەربىر تەزكىرە كىتابىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا دائىر ئىلغار ئىش - ئىزلار بايان قىلىندى، ھەربىر تەزكىرە كىتابىغا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر كىرگۈزۈلدى، بۇ ئارقىلىق تەزكىرە كىتابلىرىدا شىنجاڭدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ باشلىنىشى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ئوبيېكتىپ ھالدا، ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، شىنجاڭدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تېگىشلىك تۆھپە قوشۇلدى.

3) ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىش مەسىلىسى. 1955 - يىلى ئاپتونوم رايون قۇرۇلغاندىن بۇيان، مەركەز ۋە ئىچكىرىدىكى قېرىنداش ئۆلكە - ئاپتونوم رايونلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە قوللىشى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە غايەت زور ئۆزگىرىش بولدى، شۇنداقلا مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. شىنجاڭنى ئىچكىرىدىكى تەرەققىي قىلغان رايونلار بىلەن ئوخشاش دېگىلى بولمىسىمۇ، بىراق تەرەققىيات سۈرئىتى ناھايىتى تېز بولدى. مەسىلەن: 1955 - يىلى ئاپتونوم رايون قۇرۇلغان ۋاقىتتا يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 551 مىليون يۈەن، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 406 مىليون يۈەن، مالىيە كىرىمى 148 مىليون يۈەن بولغانىدى. 1995 - يىلغا كەلگەندە، يەنى ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىغا 40 يىل بولغان ۋاقىتتا، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 40 مىليارد 573 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1955 - يىلدىكىدىن 73.6 ھەسسە، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 80 مىليارد 426 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1955 - يىلدىكىدىن 198 ھەسسە، مالىيە كىرىمى 3 مىليارد 828 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1955 - يىلدىكىدىن 25.86 ھەسسە ئاشتى. خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىمۇ زور دەرىجىدە ئۆستى. مۇشۇنداق تېز تەرەققىي قىلىشنىڭ ئالاھىدىلىكى دەل ج ك پ نىڭ ھەر مىللەت خەلقىنى ئورتاق راۋاجلاندۇرۇش، گۈللەندۈرۈشكە دائىر مىللىي سىياسىتىنىڭ گەۋدىلەندۈرۈلگەنلىكىدىن ئىبارەت. شۇڭا بىز ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيىلەرنىڭ تەزكىرە تۈزۈشكە يېتەكچىلىك قىلغان ۋاقتىمىزدا، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈش ھەجىمىگە ئەھمىيەت بېرىشنى ئالاھىدە تەكىتلەپ كەلدۇق. ئەگەر تارىخنىڭ سېلىشتۇرمىسى بولمىسا، سۈرئەتنىڭ سېلىشتۇرمىسى بولمايدۇ؛ دائىرىنىڭ سېلىشتۇرمىسى بولمىسا، شىنجاڭ ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيىلەرنىڭ ئەمەلىي تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئوبيېكتىپ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشمۇ ئىنتايىن تەسكە توختايدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا بىز مىللەت - دىن، ئاممىۋى مەدەنىيەت، جۇغراپىيىلىك مۇھىت قاتارلىق باب، پاراگرافلاردا شىنجاڭنىڭ تارىخى ئۇزۇن، يېرى كەڭ، بايلىقى مول ۋە مەدەنىيەتكە باي، دىن مەسىلىسى گەۋدىلىك بولۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكىنى تولۇق گەۋدىلەندۈردۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بىز «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دە مەخسۇس «مىللەتلەر تەزكىرىسى»، «دىن تەزكىرىسى»، «ئەدەبىيات - سەنئەت تەزكىرىسى»، «تىل - يېزىق تەزكىرىسى» قاتارلىقلارنى تەسىس قىلدۇق. تەزكىرە كىتابىدىن ئىبارەت مۇشۇنداق ئالاھىدە كىتاب يېزىش ۋاسىتىسى ئارقىلىق، شىنجاڭنى ئومۇمىيۈزلۈك ۋە چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، شىنجاڭنى ئوبيېكتىپ ھالدا مول

ئالاھىدىلىك ئاساسىدا گەۋدىلەندۈرۈپ، كىشىلەرنى تەزكىرە كىتابىدىن ئىبارەت بۇ كۆزنەك ئارقىلىق شىنجاڭنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدۇق.

**4. «3 تەكشۈرۈش» تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇلۇپ، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىندى**

سۈپەت — تەزكىرە كىتابىنىڭ جېنى. 10 نەچچە يىللىق يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈش جەريانىدا، بىز شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، تەدبىر قوللىنىپ، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش جەھەتتە بىرمۇنچە كۆچ سەرپ قىلىپ خېلى ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشتۇق.

1) تەزكىرە كىتابىنىڭ ئورىگىنالىنى تەكشۈرۈش تۈزۈمى بېكىتىلدى ۋە ئايدىڭلاشتۇرۇلدى.

ئاپتونوم رايونىمىزدا ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە تەزكىرىسى بىلەن شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسىنى تۈزۈش ئىشى ماس قەدەمدە ئېلىپ بېرىلدى. ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە تەزكىرىسى بىلەن شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىكىگە قارىتا، ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى ئالدىنقى بىرنەچچە يىلدا «ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە تەزكىرىلىرىنىڭ ئورىگىنالىنى تەكشۈرۈش چارىسى» ۋە «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسىنىڭ ئورىگىنالىنى تەكشۈرۈش چارىسى» نى تۈزۈپ چىقىپ، ئۇنى كومىتېتنىڭ ھۆججىتى قاتارىدا جايلار ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىشى ئۈچۈن تارقاتتى. بۇ 2 ئورىگىنال تەكشۈرۈش چارىسىدا: ئاپتونوم رايونىنىڭ تەزكىرە كىتابلىرىدا «ئورىگىنالنى 3 قېتىم تەكشۈرۈپ بېكىتىش، قاتلاممۇ قاتلام تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش» چارىسىنى قوللىنىش ئېنىق بەلگىلەندى. «ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە تەزكىرىلىرىنىڭ ئورىگىنالىنى تەكشۈرۈش چارىسى» دە: ناھىيە دەرىجىلىك تەزكىرە كىتابلىرىنى 1 - قېتىملىق تەكشۈرۈشكە ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەسئۇل بولىدۇ، ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك تەزكىرە كومىتېتلىرى قايتا تەكشۈرىدۇ. ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشقا مەسئۇل بولىدۇ؛ ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ 1 - تەكشۈرۈشىگە شۇ دەرىجىلىك ھۆكۈمەت مەسئۇل بولىدۇ. ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى قايتا تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسىنىڭ ئورىگىنالىنى تەكشۈرۈش چارىسى» دە: «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دىكى كەسىپلەر تەزكىرىلىرىنى 1 - قېتىملىق تەكشۈرۈشكە نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ تەزكىرە كومىتېتلىرى مەسئۇل بولىدۇ، شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى خىزمىتى باشقارمىسى قايتا تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولىدۇ. «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» نىڭ باش تۈزگۈچىسى ئاخىرقى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. مانا بۇ 2 ئورىگىنال تەكشۈرۈش چارىسىدە ھەر دەرىجىلىك ئورىگىنال تەكشۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك مەسئۇلىيەت، ۋەزىپە، ئورىگىنال تەكشۈرۈش ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردە تەپسىلىي بەلگىلىمە چىقىرىلغان، بۇ مۇئەييەن قوللىنىشچانلىققا ئىگە، مەسىلەن: ئۇنىڭدا 1 - تەكشۈرۈشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى تەزكىرىگە كىرگۈزۈلگەن ماتېرىياللارنىڭ ئەتراپلىق، سىستېمىلىق، چىن بولۇشىدىن ئىبارەت دەپ بەلگىلەندى. بۇ ئارقىلىق تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ مەزمۇنىنىڭ ئەتراپلىق بولۇشى بىلەن تەزكىرە تۈزگۈچىنىڭ ماتېرىيال ئىگىلەشتىكى چەكلىمىلىكىدىن ئىبارەت بۇ زىددىيەت خېلى ياخشى ھەل قىلىندى، بۇنىڭدىن كېيىنكى ھەر دەرىجىلىك ئورىگىنال تەكشۈرۈشتىكى كەسپىي بىلىم بىلەن كەسپىي ماتېرىياللارنىڭ نىسپىي ئاجىزلىقىدىن ئىبارەت بۇ يېتەرسىزلىكلەرمۇ ھەل قىلىندى.

2) تەزكىرە ئورىگىنالىنى باھالاش يىغىنىنىڭ سۈپىتىگە ئەھمىيەت بېرىلدى.

تەزكىرە كىتابىنىڭ دەسلەپكى ئورىگىنالىنى باھالاش يىغىنى ئېچىش — تەزكىرە كىتابىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم ھالقا. بىز ئورىگىنال باھالاش يىغىنىنى ياخشى ئېچىشقا خېلى ئەھمىيەت بەردۇق. ھەر قېتىملىق ئورىگىنال باھالاش يىغىنى ئېچىشتىن بۇرۇن بىز ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىشىنى، تەزكىرە ئورىگىنالىنى يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ قولىغا مۇددەتتىن بۇرۇن تاپشۇرۇشىنى، كونكرېت باھالاش تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئورىگىنال كۆرۈشكە يېتەرلىك ۋاقىت بېرىشىنى تەلەپ قىلدۇق. ئورىگىنال باھالاش يىغىنىغا قاتنىشىدىغان خادىملارنىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن تاللىدۇق. ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە تەزكىرىلىرىنىڭ ئورىگىنالىنى باھالاشتا، شۇ جايدىكى رەھبەرلەر ۋە تەسىرى بار زاتلارنى قاتناشتۇرۇشتىن سىرت، يەنە قوشنا ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە تەزكىرىلىرىنىڭ باش مۇھەررىرلىرىنىمۇ قاتناشتۇردۇق. «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دىكى كەسىپلەر تەزكىرىسىنىڭ ئورىگىنالىنى باھالاشتا، شۇ ئورۇن ۋە شۇ تارماقنىڭ رەھبەرلىرى، ئاساسلىق كەسپىي خادىملىرىنى قاتناشتۇرۇشتىن سىرت، بىر - بىرىگە يېقىن كەسىپلەر ياكى ئالاقىدار ئورۇنلاردىكى كەسپىي تەزكىرىلەرنىڭ باش مۇھەررىرلىرىنى، يەنە تارىخ قاتارلىق ساھەلەردىكى مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ قاتناشتۇردۇق. شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىقىدەك

ئالاھىدىلىكىگە قارىتا يەنە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىمۇ تەكلىپ قىلىپ قاتناشتۇردۇق. مۇشۇ تەلەپلەر ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەنلىكتىن، باھالاش يىغىنى شەكىلۋازلىقتىن خالىي بولۇپ، نۇرغۇن تەزكىرە ئورگىنالىرىنىڭ قۇرۇلمىسى باھالاش يىغىنىدا تەكشەلدى، تولۇقلاندى ۋە تارىخىي پاكىتلار دەلىللەندى، بۇنىڭ بىلەن تەزكىرە ئورگىنالىرىنىڭ سۈپىتى خېلى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بىز يەنە تەزكىرە ئورگىناللىرىنى يېزىشنىڭ جەريانىغا ئاساسەن ھەربىر باب، ھەربىر قىسىمغا قارىتا ئۇخشىمىغان دائىرىدە باھالاش يىغىنى ئېچىشنى تەشەببۇس قىلدۇق، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. خەلق ئىشلىرى تەزكىرىسى» نىڭ ئورگىنالى بېكىتىلىشتىن بۇرۇن قىسىم، بابلار بويىچە 12 قېتىم باھالاش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. ھەر قېتىملىق يىغىنىنىڭ ۋاقتى 1 كۈندىن 2 كۈنگىچە بولدى. بۇنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولدى.

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، تەزكىرە ئورگىنالىنى باھالاش نوقۇل ھالدا بىر-خىل تەزكىرە ئورگىنالىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ياكى ئىنكار قىلىش بولماستىن، بەلكى ئۇ تەزكىرە كىتابى چىقىشتىن ئىلگىرىكى مەلۇم دائىرىدە كىشىلەرنىڭ تەزكىرە ئورگىنالىغا بولغان تونۇشى ياكى باھاسى بولۇپ، ھەم بىرخىل قاراتمىلىقلىقى كۈچلۈك ئەمەلىي خىزمەت، ھەم نەزەرىيىۋى خىزمەت. بۇ خىل تونۇش ياكى باھا تەزكىرە ئورگىنالىنى يازغۇچىنىڭ تەزكىرە ئورگىنالىدا گەۋدىلەندۈرۈشكە تېگىشلىك بولغان مەزمۇنىنىڭ ماھىيىتى ۋە ئىپادىلىنىش شەكلىنى توغرا ئىگىلىشىگە ۋە چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى تەزكىرىچىلىك خىزمىتىدە سۈپەتكە ئەھمىيەت بېرىشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى.

3) بەزى تەزكىرە ئورگىناللىرىدا ساقلىنىۋاتقان سەزگۈر ۋە ئالاھىدە مەسىلىلەردە ئۆتكەلنى ئىگىلەشكە مۇناسىۋەتلىك تارماقلار تەكلىپ قىلىندى.

تەزكىرە كىتابى — بىر جاينىڭ تۈرلۈك ئىشلارغا ئالاقىدار ماتېرىيال توپلىمىدۇر. ئۇنىڭدىكى بايانلار مۇقەررەر ھالدا نۇرغۇنلىغان سەزگۈر ۋە ئالاھىدە مەسىلىلەرگە چېتىلىدۇ، مەسىلەن: چەت ئەلگە چېتىلىدىغان مەسىلىلەر، بۇ بىزنىڭ شىنجاڭدىن ئىبارەت چېگرا رايونىنىڭ تەزكىرىچىلىكىدە بىرقەدەر سەزگۈر بولغان مۇھىم مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. بۇخىل تەزكىرە ئورگىناللىرىنى بىز ئورگىنال تەكشۈرۈش چارىسىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمە بويىچە قاتتىق تەكشۈرۈپلا قالماي، بەلكى كەسپىي تارماقلارنى ئۆتكەلنى ئىگىلەشكە ئەستايىدىل ياردەم بېرىشكە تەكلىپ قىلدۇق. «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. تاشقى ئىشلار تەزكىرىسى»، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. مۇھاجىرلار تەزكىرىسى»، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. ھەربىي ئىشلار تەزكىرىسى» قاتارلىق تەزكىرە كىتابلىرى مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە تۈزۈلگەن. بۇ تەزكىرە ئورگىناللىرىنى 3 قېتىم تەكشۈرۈشتىن سىرت، بىز يەنە مەسئۇل تارماقلارنىڭ تەكشۈرۈشىنى تەلەپ قىلدۇق. «مۇھاجىرلار تەزكىرىسى» نى گوۋۇيۈەن مۇھاجىرلار ئىشخانىسىنىڭ تەكشۈرۈشىگە، «تاشقى ئىشلار تەزكىرىسى» نى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ تەكشۈرۈشىگە، «ھەربىي ئىشلار تەزكىرىسى» نى لەنجۇ ھەربىي رايونىنىڭ تەكشۈرۈشىگە يوللىدۇق. بۇ ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى تەزكىرە كىتابلىرىنى تەكشۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، مەخسۇس ئادەم ئاجرىتىپ تەزكىرە ئورگىنالىنى تەكشۈرۈپ ئوقۇتۇپ، مول ئىجابىي پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەسىلەن: تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى «تاشقى ئىشلار تەزكىرىسى» نىڭ ئورگىنالىنى تەكشۈرۈشكە دائىر پىكرىدە مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: چېگرا مەسىلىسىگە دائىر بايانلاردا، بولۇپمۇ تالاش-تارتىش بولۇۋاتقان چېگرا مەسىلىسىگە قارىتا تەزكىرىدە تالاش-تارتىشلار ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى، بىر تەرەپ ياكى چەت ئەل تەرەپ ئوتتۇرىغا قويغان سەۋەبلەر، ئىككى تەرەپ ئاساس قىلغان ئالاقىدار ماتېرىياللار ئادەتتە بايان قىلىنماسلىقى كېرەك، مۇشۇنداق قىلغاندا، كېيىنكى چېگرا سۆھبىتىگە پايدىلىق بولىدۇ. بۇ خىل تەلەپلەرنىڭ بىزنىڭ مۇشۇ مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشىمىزغا بېرىدىغان ياردىمى ئىنتايىن زور بولىدۇ. ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە تەزكىرىلىرىدىكى مۇشۇ خىل مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلغاندا ئالاقىدار تارماقلارنى ئۆتكەلنى ئىگىلەشكە تەكلىپ قىلىشقا دىققەت قىلدۇق. مەسىلەن: تاشقى ئىشلار، چېگرا مەسىلىسىدە بىز ئادەتتە ش ئۇ ئا ر تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىدىكى يولداشلارنى ياردەملىشىپ تەكشۈرۈشكە تەكلىپ قىلدۇق. مۇشۇنداق قىلغاندىلا تەزكىرە تارماقلىرىمىزنىڭ باشقا كەسپىي تارماقلارغا دائىر ئالاقىدار سىياسەت ۋە كەسپىي بىلىملەرنى ئىگىلەش جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكىنى تولۇقلىغىلى بولىدۇ.

### 5. رېئاللىق ئۈچۈن پائال خىزمەت قىلىپ، تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرى ئېشىپ كېڭەيتىلدى

تەزكىرە كىتابلىرىنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يېڭى گەپ ئەمەس، بۇنى بىز تەزكىرە تۈزۈشكە باشلىغاندىن تارتىپلا قايتا-قايتا تەكىتلەپ كېلىۋاتىمىز. بىز تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنى نوقۇل ھالدا تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ رولىنى

جارى قىلدۇرۇش مەسىلىسى دەپلا قارىماستىن، تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلە دەپ قارايمىز. شۇڭا بىز دائىم ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەزكىرىچىلەرگە شۇنى ئەسكەرتىپ تۇرىمىزكى: رولى بولغاندىلا، ئورنى بولىدۇ. 10 نەچچە يىللىق تەزكىرە تۈزۈش جەريانىدا ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر نۇرغۇن مالىيە كۈچى ۋە ماددىي كۈچ بىلەن بىزنى قوللاپ قۇۋۋەتلىدى، تەزكىرىچىلەر خىزمەتنى تىرىشىپ ئىشلەپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بالدۇراق لاياقەتلىك تەزكىرە كىتابلىرىنى ۋە تېخمۇ كۆپ نەتىجىلەرنى يارىتىپ، جەمئىيەتكە جاۋاب قايتۇرۇشى، جەمئىيەتكە خىزمەت قىلىشى كېرەك. شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە ئورۇنلىرىمىز بۇ جەھەتتىمۇ بەزى كونكرېت چارىلەرنى قوللىنىپ، خېلى ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

1) تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى ۋە تەزكىرە كىتابلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلدى.

سوتسىيالىستىك يېڭىچە تەزكىرە خىزمىتىنى ئېلىپ ئېيتساق، ھازىر گەرچە 10 نەچچە يىل ئىلگىرىكىدەك «يەرلىك كېسەل» بىلەن «يەرلىك تەزكىرە» نى پەرقلەندۈرەلمەيدىغان كۈلكىلىك ئىشلار دائىم كۆرۈلۈپ تۇرمىسىمۇ، جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن كىشىلەر تەزكىرىچىلىك خىزمىتىگە نىسبەتەن مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە بولغان بولسىمۇ، ئەمما نۇرغۇن رايون ۋە تارماقلار تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى يەنىلا ئانچە كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان كەسىپ دەپ قارىماقتا، ھەتتا بىزنىڭ نۇرغۇن رەھبىرىي كادىرلىرىمىزمۇ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىگە نىسبەتەن ئەتراپلىق چۈشەنچىگە ئىگە ئەمەس. بۇ خىل ئەھۋال تەزكىرىچىلىك كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى پايدىسىز، ئۇ تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقىمۇ تەسىر يەتكۈزمەكتە. شۇڭا بىز تەزكىرىچىلىك خىزمىتى ۋە تەزكىرە كىتابلىرى جەھەتتىكى تەشۋىقاتنى كۈچەيتتۇق. مۇشۇنداق تەشۋىقات ئارقىلىق ھەم تەزكىرە كىتابلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ تونۇشلۇقلۇقىنى كېڭەيتتۇق ھەم شۇ جاينىڭ ئەھۋالىنى ۋە بايلىق ئەۋزەللىكىنى تەشۋىق قىلدۇق. «قۇتۇبى ناھىيىسى تەزكىرىسى» ئاپتونوم رايونىمىزدا بىر نەچچە يىل ئىلگىرى نەشر قىلىنغان تەزكىرە كىتابى، بۇ كىتاب نەشر قىلىنغاندىن كېيىن ناھىيىلىك تەزكىرە ئىشخانىسىدىكى خىزمەتچى خادىملار ئۇرۇش توختىتىش سىگنالى چالماستىن، تەزكىرىچىلىك جەھەتتىكى تەشۋىقاتنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن، ئۇلار ئاپتونوم رايون ئىچى ۋە سىرتىدىن ئالاقىدار مۇتەخەسسىس، ئالىم شۇنداقلا رەھبەرلەرنى تەكلىپ قىلىپ، كىتابقا باھا يازغۇزدى، شۇ ئارقىلىق «قۇتۇبى ناھىيىسى تەزكىرىسى، ئوبزورلار توپلىمى» نى نەشر قىلىپ تارقىتىپ، «قۇتۇبى ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ تونۇشلۇقلۇقىنى ئاشۇرۇپ، قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى ۋە ئەۋزەللىكلىرىنى باشقا جايلارغا تەشۋىق قىلىپ خېلى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. تەپتىشلىك تەزكىرىسى» نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى ۋە ش ئۇ ئا ر خەلق تەپتىش مەھكىمىسى بىرلىكتە تۇنجى تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، ئاپتونوم رايوندىكى ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ مۇخبىرلىرىنى تەكلىپ قىلغاندىن باشقا، ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار رەھبەرلىرىنى سۆز قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. بۇ قېتىملىق پائالىيەت ئارقىلىق «تەپتىشلىك تەزكىرىسى» تەشۋىق قىلىنىپلا قالماي، ئاپتونوم رايوندىكى ئىدارە - ئورگانلار ۋە ۋىلايەتلەرنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلدى.

2) تەزكىرە كىتابلىرىنى تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە ئەھمىيەت بېرىلىپ، تەزكىرە كىتابلىرىنى ئوقۇش، تەزكىرە كىتابلىرىدىن پايدىلىنىش پائالىيىتى پائال قانات يايدۇرۇلدى.

شىنجاڭدا تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشر قىلىش خىراجىتىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەرقايسى ئورۇنلار ۋە رايونلار ئۆزلىرى تەييارلايدۇ، مۇشۇنداق بولغاچقا، نەشر قىلىنغاندىن كېيىن كىتابنى تارقىتىش مەسىلىسى كېلىپ چىقىدۇ. بۇ ۋەزىپىنى نۆۋەتتە تەزكىرە تەھرىر ئىشخانىلىرى ئۈستىگە ئېلىۋاتىدۇ. بىز تەزكىرە كىتابلىرىنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، ئۇنى تەزكىرىنى ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش، جەمئىيەتكە يۈزلەندۈرۈش، جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا، تونۇشىغا ئېرىشتۈرۈش مەسىلىسى دەپ قارايمىز. تەزكىرىچىلەر پەقەت تەزكىرە كىتابلىرىنى تۈزۈشنىلا ئويلىشىپ، ئۇنى تارقىتىشنى ئويلاشمىسا بولمايدۇ، بۇ خۇددى سانائەت كارخانىلىرى ئىشلەپچىقىرىش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، سېتىش بىلەن كارى بولمىغاندەكلا ئىش. نۆۋەتتە جايلارنىڭ خىراجىتى ناھايىتى قىس بولۇپ، تەزكىرىچىلىككە كېتىدىغان خىراجەتمۇ ئوخشاشلا قىس بولىۋاتىدۇ. ئەگەر تەزكىرە كىتابلىرىنى تارقىتىش خىزمىتى ياخشى ئىشلەنسە، قايتۇرۇپ كېلىنگەن خىراجەت بىلەن تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىنىڭ ئاز - تولا كېمىيىنى تولدۇرغىلى بولىدۇ. ھالبۇكى بۇ پەقەت ئىقتىسادىي ئۈنۈم مەسىلىسى بولۇپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى تەزكىرە كىتابلىرىنى تارقىتىش ۋە تەزكىرە كىتابلىرى ئوقۇرمەنلىرىنى نەپكە ئىگە قىلىش مەسىلىسى شۇنداقلا تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى مەسىلىسى. «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى» ئاپتونوم رايون بويىچە خېلى بالدۇر نەشر قىلىنغان ناھىيە تەزكىرىسى. بۇ كىتاب نەشر قىلىنغاندىن

كېيىن، تارقىتىش خىزمىتىگە بىر قەدەر ئەھمىيەت بېرىلگەچكە، 3000 تىراژدا بېسىلغان كىتابتىن ھازىر بىرنەچچە پارچىسىلا قالغان. تەزكىرە كىتابلىرى نەشر قىلىنغاندىن كېيىنكى تارقىتىش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەرگەندىلا ۋە ئۇنى كۈچەيتكەندىلا، بىزنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىمىز ئۆزىنى ئۆزى تەرەققىي قىلدۇرالايدىغان، ياخشى دەۋرىي قىلىش يولىنى ئاسانراق تېپىپ چىقالايدۇ.

تەزكىرە كىتابلىرى تارقىتىلغاندىن كېيىن، ئۇنى قانداق قىلغاندا رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغىلى بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت مەسىلە كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا بىزنىڭ بەزى رايونلىرىمىز ۋە ئورۇنلىرىمىزدا تەزكىرە كىتابلىرىنى ئوقۇش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشتىن ئىبارەت يېتەكلەش پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلدى. «بارىكۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى تەزكىرىسى» نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك تەزكىرە - تەھرىر ئىشخانىسىدىكى يولداشلار كىتابخاندىن چىقىپ ناھىيە تەزكىرىسىنىڭ ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ، مەكتەپ، ئورگان، زاۋۇت - كان، ھەربىي گازارمىلارغا بېرىپ، ناھىيە ئەھۋالى، ناھىيە تارىخىنى تەشۋىق قىلدى، ناھىيىلىك تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ باش مۇھەررىرى جاڭ جيەنگو ناھىيە بويىچە قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشىدىغان كىشىگە ئايلاندى؛ «ئاراتۇرۇك ناھىيىسى تەزكىرىسى» نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك تەزكىرە - تەھرىر ئىشخانىسىدىكى خادىملار تەزكىرە ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ 2 قېتىم چوڭ تىپتىكى ناھىيە ئەھۋالى قارا دوسكا كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇردى شۇنداقلا ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىشىپ «ئاراتۇرۇكنى چۈشىنىش، ئاراتۇرۇكنى سۆيۈش، ئاراتۇرۇكنى گۈللەندۈرۈش» بويىچە ناھىيە ئەھۋالىدىن زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ، تەزكىرە كىتابلىرىنى ئوقۇش، تەزكىرە كىتابلىرىدىن پايدىلىنىش پائالىيىتىنى ئىلگىرى سۈردى.

3) تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ ئۈچۈر، ماتېرىيال ئامبىرى بولۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلدى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان شۇنداقلا ئىچكىرى ئۆلكىلەر ۋە دېڭىز بويىدىكى رايونلارنىڭ ئىقتىسادى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى كۈندە، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قانداق قىلغاندا شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خەلقنى ئىمكانقەدەر تېز ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش ۋە بېيىتىشتىن ئىبارەت بولدى. بىز تەزكىرىچىلەر تەزكىرىدە ئىگىلىگەن زور جايلار ئەھۋالىغا دائىر مول ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، رەھبەرلىكنىڭ چارە - تەدبىر بەلگىلىشىگە ياردەم بېرىشىمىز، ئۇلارغا ياخشى مەسلىھەتچى بولۇشىمىز كېرەك. ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، بىزنىڭ تەزكىرىچىلىرىمىز بۇ جەھەتتە زور ئىستىقبالغا ئىگە.

ئاقچى ناھىيىلىك تەزكىرە ئىشخانىسى 1984- يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، بەزىلەر بۇ ئىشخانىنى «بىكار تەلەپلەر ئىشخانىسى» دېيىشكەن، ناھىيىلىك تەزكىرە ئىشخانىسىدىكى يولداشلار خىلمۇ - خىل سۆز - چۆچەكلەرگە تاقابىل تۇرۇپ، ئىگىلىگەن ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، ناھىيە ئىقتىسادى ۋە ناھىيە مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن قاراتمىلىقى كۈچلۈك نۇرغۇن ماتېرىياللارنى يېزىپ، ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ خىزمىتىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن مۇلازىمەت قىلىپ، ئاممىنىڭ ناھىيىلىك تەزكىرە ئىشخانىسىغا بولغان قارىشىنى ناھايىتى تېزلا ئۆزگەرتتى. قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق تەزكىرە ئىشخانىسى ئىشخانا مۇدىرى خې جىخۇئىنىڭ باشلامچىلىقىدا ئاكتىپلىق بىلەن «ئوبلاست تەزكىرىسى» نى يېزىش بىلەن بىللە، يەنە ئۇرۇمچى كېڭىشىش يىغىنىغا ئاتاپ «سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن قىزىلسۇ»، قىزىلسۇ ئوبلاستى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىغا ئاتاپ «شانلىق 40 يىل» قاتارلىق كىتابلارنى يازدى، شۇنداقلا يەنە قەرەلسىز چىقىرىلىدىغان «مەسلىھەت بېرىش ۋە مۇلازىمەت قىلىش» گېزىتىنى بېسىپ تارقىتىپ، رەھبەرلىك ۋە ھەرقايسى تارماقلارغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماتېرىيال ۋە ئۇچۇر يەتكۈزۈپ بەردى. بۇ خىزمەتلەر ئوبلاست رەھبەرلىرى ۋە ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ماختىشى ۋە قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

قۇمۇل ۋىلايەتلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى ئىشخانا مۇدىرى جېڭ چېڭجيانىڭ باشلامچىلىقىدا، ۋىلايەتكە قاراشلىق ناھىيىلەرنىڭ تەزكىرىلىرىنى نەشر قىلىش ۋەزىپىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنداپ بولغان ئاساستا، رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان يەر ئەھۋالىغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىيال كىتابتىن 20 نەچچە خىلنى نەشر قىلدى. بۇنىڭ كۆپ قىسمىنى ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە يېزىپ چىققان. ۋىلايەت نومنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا تەييارلىق كۆرگەندە، تارىخىي تەجرىبىلەرنى ئۆرنەك قىلىش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە مەسئۇل مۇئاۋىن شۇجىسى تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن تارىختىكى نومنى ئېچىشقا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى يىغىشنى تەلەپ قىلدى. تەزكىرە ئىشخانىسى ئادەم كۈچى تەشكىللەپ، ھەر تەرەپتىن ماتېرىيال ئىزدەپ، پەقەت بىر يىللا ۋاقىت سەرپ قىلىپ، 120 مىڭ خەتلىك ئاز كەم 300 يىللىق تارىخ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن نومنى ئېچىشقا دائىر ماتېرىيال كىتابىنى نەشر قىلىپ تارقاتتى؛ «قۇمۇل تارىخىدىن» دېگەن كىتابنى ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى يەرلىك دەرسلىك سۈپىتىدە ۋىلايەتتىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكىگە كىرگۈزدى.

تەھرىرلىگۈچى: غ. ھ. نىيازى

# نەۋائىنىڭ ئەسلى نەسەبى توغرىسىدا

ئىمىن تۇرسۇن

نەۋائى دۇنيا ئىلىم ئەھلىگە مەلۇم ئۇلۇغ شائىر. ئالىملار نەۋائىنىڭ ئىلمىي ۋە سىياسىي پائالىيەتلىرىنى خېلى ئەترapلىق يورۇتقان بولسىمۇ، لېكىن بىزدە بۇ جاھانشۇمۇل ئەدىبنىڭ ئەسلى نەسەبى، شەخسىي ھاياتى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تىلىغا دائىر مۇھىم مەسىلىلەر توغرىسىدا تۈزۈكرەك تەتقىقات ئېلىپ بېرىلمىدى. ئەنە شۇ مەسىلىلەر توغرىسىدا ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتنى چوڭقۇرراق ۋە كەڭرەك قانات يايدۇرۇش ئەدەبىياتشۇناس، تارىخشۇناس ۋە تىلشۇناسلارنىڭ بۇرچى دەپ ھېسابلايمەن.

نەۋائىنىڭ تەرجىمىھالى، بولۇپمۇ ئەسلى نەسەبىگە دائىر 1 - قول يازما مەنبەلەر ۋە بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىلەر:

## 1. ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئاتىسى توغرىسىدا

ئىلگىرى بەزى تەتقىقاتچىلار (جۈملىدىن مەنمۇ) نەۋائىنىڭ ئاتىسىنى، ئەمىر تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا خىزمەت قىلغانلىقى ۋە ئاشۇ ھۆكۈمرانلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغانلىقى ئۈچۈن، بارلاس جەمەتىدىن دېگەن خاتا ھۆكۈمنى چىقىرىشقانىدى. يازما تارىخىي مەنبەلەر بۇ ھۆكۈمنى ئىنكار قىلىپ، بىزنى ئەينى پاكىتلار بىلەن تەمىن ئەتتى.

مىلادىيە 1486 - يىلى ئەلىشىر نەۋائىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن دۆلەتشاھ سەمەرقەندى تەرىپىدىن پارسچە يېزىلغان «تەزكىرە تۇششۇئەرا» (شائىرلار تەزكىرىسى) ناملىق ئەسەردە مۇنداق بايان قىلىنغان:

«بۇ مەشھۇر ۋە ئالىي دەرىجىلىك ئەمىرنىڭ بۈيۈك ئاتىسى زامانىسىنىڭ مەشھۇر كىشىلىرىدىن ۋە چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن ئىدى، ئۇ سۇلتان ئوبۇلقاسىم بابۇر باھادىر ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە سۇلتانىنىڭ يېقىن كىشىسى بولۇپ، مەملىكەتنى ئىدارە قىلىش ۋە دۆلەتكە كېپىللىك قىلىش ئۇنىڭ ئىنان - ئىختىيارىدا ئىدى. ئىنتايىن فازىللىقىدىن ھەر ۋاقىت ئۆز ئوغلىغا ئۆگىتەتتى. بارلىق ھىممىتىنى سائادەتمەن پەرزەندىنى ئىلىم - ھۈنەر بېزەكلىرى بىلەن زىنەتلەشكە ۋە ھىدايەت نۇرلىرى بىلەن يورۇتۇشقا سەرپ قىلدى. ئۇ بۇزرۇكۋارنىڭ تىرىشىپ قىلغان ھەرىكىتى بىھۇدە كەتمىدى. ئاتىسىدىن كېيىن (ئەلىشىر) نادىرى دەۋرانلىق، ئىززەت - تەمكىنلىك كۇرسىسىدا قارار تاپتى...»

ئۇلۇغ تارىخچى مۇھەممەد ئىبنى خاۋەندىشاھ (1433 - 1498) يازغان يەتتە جىلدلىق تارىخىي ئەسەر «رەۋزەتۇسسەفا فى سىيرەتۇل ئەنبىيا ۋەل مۇلۇك ۋەل خۇلەفا» (پەيغەمبەر، پادىشاھ ۋە خەلىپىلەر تەرجىمىھاللىرى توغرىسىدىكى پاكلىق بېغى) نىڭ «ئۇلۇغ ۋە تەدبىرلىك ئەمىر ئەلىشىرنىڭ سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئوردىسىدىن جاھانگىر خاقان ھۈسەيىن مىرزا مۇلازىمىتىگە كېلىشىنىڭ بايانىدا مۇشكىن رەقەم قەلەمنىڭ نۇكتە تىرازلىقى ۋە ئۇنىڭ ھال - ئەھۋالىنى بايان قىلىشتا كۆرسەتكەن سېھىر پەردازلىقى» دېگەن بابىدا مۇنداق يېزىلغان:

«... ئۇ ئاپتاپ دىللىق ئەمىرنىڭ ئۇلۇغ ۋە ساخاۋەتلىك ئاتىسى ئاۋۋال زامانە تەقەززاسى بىلەن ئەمىر تۆمۈر كوراگانىنىڭ ئوغلى مىرزا ئۆمەر شەيخ باھادىرنىڭ خاس مۇلازىملىرى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئەتىۋارلىق قەلىمى ئۇنىڭ بىسات لەۋھىگە

نەسەبنامە تەتقىقاتى

كوكۆلداشلىق دەرىجىسىنى يازغاندى. . . »

نەۋائىنىڭ زاماندىشى ھەم نەۋائىينىڭ كۈتۈپخانىسىدا ئىشلىگەن ئاتاقلىق تارىخچى خاندەمىر (1475 ـ 1534) يازغان «ھەبىبۇس سىيەر» ناملىق ئەسەرىنىڭ «ئەمىرلەر، ۋەزىرلەر ۋە سەدرلەر گۇرۇھىنىڭ خاقانى مەنسۇر سۇلتان ھۇسەيىن مۇلازىمىتىگە يېتىشكىنى ۋە بەزى مۇھىم دۆلەت ئىشلىرىنىڭ سەرەنجام ئېتىلگىنى بايانىدا» دېگەن بابىدا، مىرخاندىنىڭ «رەۋزە تۇسسەفا» دېگەن كىتابىدا يېزىلغان بايانلار تەكرارلانغان.

«ئەمىرنىڭ بۇيۇك ئاتا ـ بوۋىلىرى قەدىمدىن ئۆمەر شەيخ باھادىر ئىبنى ئەمىر تۆمۈر كوراگان خاندانىنىڭ خاس كىشىلىرى جۈملىسىدىن ئىدى ۋە كوكۆلداشلىق مەنسىپى ئېتىبار قەلىمى بىلەن ئۇنىڭ خاتىرلەۋھىگە پۈتۈلگەنىدى».

نەۋائى ئۆزىنىڭ «مۇنشەئات» (خەت ـ چەكلەر توپلىمى) ناملىق ئەسىرىدە يۇرت كاتتىلىرىنى تەرىپلەپ كېلىپ «ئۇيغۇرى سۈپەتلىك باخشىلار، ئۇيغۇرى مەرتىۋىلىك ياخشىلار» دەپ ئالاھىدە قەيت قىلىدۇ. ئەلىشىر نەۋائى بۇ ئىبارىسى ئارقىلىق ئۆز نەسەبىدىن بىشارەت بەرگەن.

«تارىخى رەشىدى» نىڭ ئاپتورى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر ياشلىقىدا ھىراتتا ئوقۇغان، ئەلىشىر نەۋائىنى كۆرگەن ۋە ئۇنى ياخشى بىلىدىغان زات ئىدى. ئۇ «تارىخى رەشىدى» نىڭ «مىر ئەلىشىر زىكرى» دېگەن بابىدا مۇنداق دەپ يازغان:

مىر ئەلىشىرنىڭ «ئەسلى ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن تۇرۇر، ئاتاسىنى كىچىككىنە باخشى ئاتار ئەردىلەر».

نەۋائى توغرىسىدىكى بايان مەۋلانا سەئىدىدىن كاشغەرى، ھاپىز مەھمۇت قاتارلىق 9 زاتنىڭ بايانىدىن كېيىن بېرىلگەن.

زەھىرىددىن بابۇر «بابۇرنامە» سىدە مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر توغرىسىدا مۇنداق بايان قىلغان: ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئوغلى ئۆمەر شەيخنىڭ «ئۈچىنچى قىزى خوب نىگار خانىم ئىدى. مۇھەممەد ھۇسەيىن كوراگان دوغلاتقا بېرىپ ئىدى (مۇھەممەد ھۇسەيىن كوراگاننىڭ) بىر قىزى، بىر ئوغلى بولۇپ ئىدى . . . ئوغلى ھەيدەر مىرزا ئىدى. ئاتاسىنى ئۆزبېك ئۆلتۈرگەندىن سوڭ كېلىپ مېنىڭ مۇلازىمىتىمدە 3 ـ 4 يىل تۇرۇپ، سوڭرە ئىجازەت تىلەپ، كاشغەرغە، خان قېشىغا (سۇلتان سەئىدخان قېشىغا ـ ئا) باردى».

يۇقىرىقى مۆتىبەر كىتابلاردىن ئېلىنغان نەقىللەردىن بىز نەۋائىنىڭ ئاتىسى توغرىسىدا مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە بولىمىز.

دېمەك، ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئاتىسى «ئۆز زامانىسىنىڭ مەشھۇر كىشىلىرىدىن ۋە چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن» ئىدى. ئەمىر تۆمۈر كوراگاننىڭ ئوغلى ئۆمەر شەيخنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە «كوكۆلداش» دېگەن يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە بولغان. ئوبۇلقاسىم بابۇر دەۋرىدىمۇ «مەملىكەتنى ئىدارە قىلىش ۋە دۆلەتكە كاپالەتلىك قىلىش شۇنىڭ (نەۋائىنىڭ ئاتىسىنىڭ ـ ئا) ئىشەنچ ـ ئىختىيارىدا بولغان» مۇھىم دۆلەت ئەربابى ئىدى.

بۇ كىشى سىياسىي جەھەتتە ئابروي ـ ئىناۋىتى ناھايىتى ئۈستۈن بولغانىنىڭ ئۈستىگە يەنە ناھايىتى بىلىملىك، ساخاۋەتلىك ۋە غەيرەت ـ شىجائەتلىك زات بولۇپ، ئوغلى ئەلىشىرنىڭ بىلىملىك، پەزىلەتلىك بولۇپ چىقىشىغا بارلىق كۈچىنى سەرپ قىلغان.

ئەنە شۇ ھۆرمەتلىك زاتنىڭ ئىسمى غىياسىددىن بولۇپ ئۆز زامانىسىدا «باخشى» ۋە «كىچىنەك باھادىر» دېگەندەك ناملار بىلەن تەرىپلەنگەن.

غىياسىددىن باخشى ئۆسۈپ يېتىلگەن ئائىلە ئىلىم ـ مەرىپەت، ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە ئىشتىياق

* كوكۆلداش — بۇ نامنىڭ ئەسلى مەنىسى ئېمىلدەش ئاكا ـ ئۇكا، يەنى قېرىنداش بولماي بەلكى بىر ئانىنى ئېمىپ ئاكا ـ ئۇكا بولغان دېگەنلىك بولىدۇ. كېيىنچە بۇ نام خان ـ پادشاھلار خاندانىغا يېقىن بولغان مەنسەپ مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان بولغان. بۇنداق مەنسەپ ئىگىسى دۆلەتنىڭ ئامانلىق ۋە بىخەتەرلىك ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى.

* باخشى — قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا 3 خىل مەنىنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇ. 1 ـ، مۇئەممەللىم. 2 ـ، ئۇستاز. 3 ـ، تېۋىپ، دوكتۇر. «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» تە «باخشى» سۆزىگە خەنزۇچە «بوشى ( 博士 )» دوكتۇر دەپ ئىزاھ بېرىلگەن. بۇ ئاتالغۇنى كېيىنچە موڭغۇللار قوبۇل قىلىپ «تېۋىپ» ، «ئۇستاز» مەنىسىدە قوللانغان.

باغلىغان ئائىلە بولغاچقا، غىياسىددىننىڭ ئۆزى پازىل كىشى بولۇش بىلەن بىللە، ئىككى ئىنىسىمۇ «كەبۇلى» ، «غەرىبىي» دېگەن تەخەللۇسلاردا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. مانا مۇشۇنداق ئىلمىي مۇھىت ئەلىشىر نەۋائىينىڭ بۈيۈك بىر مۇتەپەككۇر بولۇشىغا ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتكەن.

ئەمدى نەۋائىينى «بارلاس جەمەتىدىن» ئىدى، دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، بۇ پەقەت غىياسىددىننىڭ بارلاس جەمەتىدىن بولغان ئەمىر تۆمۈر خانىدانىغا يېقىن بولغانلىقىغا قاراپ قىلىنغان پەرەز بولسا كېرەك.

چاغاتاي خانىدانىدىن تۇغلۇق تۆمۈرخان بىلەن بىللە ئىسلامنى قوبۇل قىلغان مەرتىۋىلىك جەمەتلەردىن بارلاس، ئارلات، چوراس، دوغلاتلار تۆمۈرىيلەر دەۋرىدە ھەتتا ئۆزبېك مۇھەممەد شەيبانىخان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىر بۆلىكىدە ھاكىمىيەت تىكلىگەنگە قەدەر مەملىكەتنىڭ ھەر ساھەسىدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن. مۇھەممەد شەيبانىخاننىڭ «بەس، ئەمدى، بارلاس سەلتەنەتىگە!» دەپ جاكارلىغانلىقىمۇ بۇنىڭ دەلىلىدۇر.

تارىخچى مىرخاندىنىڭ يېزىشىچە، سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا ئەلىشىر نەۋائىينى مۆھۈردارلىققا تەيىنلىگەندە نەۋائىي مۇنداق شەرت قويغان: «ئەمىر نىزامىددىن ئەلىشىر... مەن ئەمدى ئۇلۇغ ئاستانە ئىچكىلىرى قاتارىدا مەن، ئۇلۇغ مەنسەپ ئىگىسىمەن، ئاسمانچە تەخت ئەمىرلىرىنىڭ ھەممىسىدىن يۇقىرىراق ئورۇندا ئولتۇرۇپتىمەن. مۇبادا ئەمىرلىك مەنسىپىگە ئېرىشسەم، بارلاس ۋە ئارلات ئەمىرلىرىدىن بەزىلىرى تۆرە (قائىدە) گە بىنائەن مەندىن يۇقىرى ئولتۇرىدۇ. بەس، بۇ ئەمىرلەرگە كېيىل بولۇش مېنىڭ مەنسىپىمدىن تۆۋەنرەكتۇر». خاقانى مەنسۇر (ھۇسەيىن بايقارا — ئا) ئۇنىڭ بۇ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئىنتايىن ئىنايەت بېغىشلىغانلىقى ئۈچۈن بارلاس ئەمىرى ئەمىر مۇزەففەر بارلاستىن باشقا بىرەر كىشىم ئەلىشىردىن ئاۋۋال مۆھۈر باسمىسۇن، دېگەن ئاقىلانە ھۆكۈم چىقاردى». مانا مۇشۇ بايانغا قارىغاندا ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئائىلىسىنىڭ بارلاس جەمەتىگە مەنسۇپ ئەمەسلىكى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ.

ھازىرقى زامان ئۆزبېك ئەدەبىياتشۇناسلىرىدىن نۇرۇللا ئەخمەدوفنىڭ مۇلاھىزىسىچە، ئەلىشىر نەۋائىي ھېچقانداق ئەسىرىدە ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مۇبارەك ئىسىملىرىنى تىلغا ئالمىغان. بىزنىڭ ئادىتىمىزدە پەرزەنت ئۆز ئاتا ـ ئانىسى ياكى ئەر ـ خوتۇن بىر ـ بىرىنى ئىسمى بىلەن قىچقىرىش ئەدەبسىزلىك بولىدۇ. شۇڭا، كلاسسىك ئەدىبلىرىمىزنىڭ تولىسى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئاتا ـ ئانىلىرى توغرىسىدا يازمىغان.

## 2. ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئۇستاز ۋە تەربىيىچىلىرى

ئەلىشىر يىگىتلىك دەۋرىدە ئىشتىياق بىلەن ئىلىم تەھسىل قىلىشقا كىرىشكەندە، ئۇنىڭغا تۈرلۈك پەنلەردىن دەرس بەرگۈچى كىشى «ئاخۇنۇم»، ئۇنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر چۈشكەندە مەدەتكار بولغۇچىلار «كاشغەرىيلەر» (قەشقەرلىكلەر) ئىدى.

بۇ مەسىلىنى ئېنىقلاشتا، ئالدى بىلەن ئەلىشىرنىڭ بالىلىق دەۋرى توغرىسىدا سۆزلەش ئانچە ئارتۇقلۇق قىلماس.

نەۋائىينىڭ ئاتىسى غىياسىددىن پەرغانىگە بارغاندىن كېيىن، ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئوردىسىدا ئىشلىگەن. بىر مەزگىل ئەسەخ* شەھىرىدە ئۆمەر شەيخنىڭ مۇلازىمىتىدە بولغان. كېيىن ھىراتقا كۆچۈپ كەتكەن. ئەلىشىر مىلادىيە 1441 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى تۇغۇلغان. بۇ چاغدا ئۇنىڭ دادىسى غىياسىددىن باخشى شاھرۇخ مىرزىنىڭ خىزمىتىدە

* كىچىك باھادىر — كىچىك باتۇر. ئېھتىمال غىياسىددىننىڭ بويى ۋىجىكرەك بولغانلىقى ياكى ئاتىسىنىڭ ئەركە ئوغلى بولغانلىقى ئۈچۈن «كىچىك» دەپ سۈپەتلەنگەن، ئۆزى شىجائەتلىك بولغاچقا، «باتۇر» دېگەن نامغا ئىگە بولغان بولۇشى مۇمكىن.

* «رەۋزەتۇسسەفا» نىڭ «خاقانى مەنسۇرنىڭ ئەمىر نىزامىددىن ئەلىشىرنى مەنسەپكە تەيىنلىگەنلىكى بايانىدا» دېگەن بابىغا قاراڭ.

ئەسەخ — شاھزادە ئۆمەر شەيخ سىياسىي مەركەز قىلغان ئەنجان ۋىلايىتىدىكى بىر شەھەر.

ئىدى. 1447 ـ يىلى ئەلىشىر 7 ياشقا كىرگەندە، شاھرۇخ مىرزا ئۆلۈپ، شاھزادىلەر ئوتتۇرىسىدا تاجۇ ـ تەخت تالىشىش ماجىراسى ئەۋج ئالىدۇ. شۇڭا نۇرغۇن خەلق ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىن تەرەپ ـ تەرەپكە كۆچۈپ كېتىدۇ. شۇ قاتاردا غىياسىددىن ئۆز ئائىلىسى بىلەن ئىراققا كۆچۈپ بېرىپ، تەفت شەھىرىدە 3 يىلچە تۇرىدۇ. خۇراساندا ئۇرۇش مالىمانچىلىقى بېسىققاندىن كېيىن ھىراتقا قايتىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا ئەلىشىر 10 ياشتا ئىدى. ئوبۇلقاسىم بابۇر غىياسىددىننى سەبزىۋارغا ھاكىم قىلىپ ئەۋەتىدۇ. ئەلىشىر 12 ياشقا كىرگەندە ئاتىسى ۋاپات بولۇپ، ئوبۇلقاسىم بابۇرنىڭ قولىغا قالىدۇ. ئەلىشىر 15 يېشىدىن باشلاپ ھۈسەيىن بايقارا بىلەن ئوبۇلقاسىم بابۇر ئوردىسىدا ئىشلەيدۇ. بىر يىلدىن كېيىن (1456 ـ يىلى) ئوبۇلقاسىم بابۇر مەشھەدكە يۆتكەلگەندە، ئەلىشىرمۇ بىللە كېتىدۇ. ھىراتتىن چىققاندىن كېيىن، ئەلىشىر ھىراتقا قايتىپ كېلىدۇ. بىراق، بۇ يەردە ئۇزاق تۇرالمايدۇ.

ئەلىشىر «ئەبۇ سەئىد سۇلتان زامانىدا خۇراسان پايتەختىگە — ھىراتقا بېرىپ، بىرنەچچە كۈننى ئاشۇ بەخت ـ سائادەتلىك ئاستانە مۇلازىمىتىدە ئۆتكۈزدى. ئەمما ئۆز ھالىغا مۇناسىپ رىئايەت ۋە تەربىيەت تاپالمىدى. شۇ سەۋەبتىن بېھىش سۈپەت سەمەرقەنتكە بېرىپ، خوجا جالالىددىن ئەبۇللەيس خانىقاسىدا ئىستىقامەت قىلدى ۋە كۆپ ۋاقتىنى كىتاب ئوقۇشقا سەرپ قىلدى. بەزىدە ماۋەرا ئۇننەھىرنىڭ ھۆكۈمدارى بولغان ئەمىر دەرۋىش مۇھەممەد تارخان ۋە ئەمىر ئەھمەد ھاجىبەك بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىپ تۇردى» *.

نەۋائىي سەمەرقەنتكە مەجبۇرىيەت ئاستىدا كەتكەن. بۇ ھەقتە بابۇر ئۆز قىياسىنى مۇنداق يازىدۇ: «بىلمىدىم، نېمە سەۋەبتىندۇر، سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا (نەۋائىي) نى ھىرىدىن (ھىراتتىن — ئا) چىقىرىۋەتتى، سەمەرقەنتكە باردى، نەچچە يىلكىم سەمەرقەنتتە ئىدى، ئەھمەد ھاجىبەك تەربىيىچى ۋە يار ـ يۆلەك ئىدى».

ئەلىشىر 18 ياش چېغىدا چوڭ پالاكەتكە ئۇچرىغان. سۇلتان ئەبۇ سەئىد پايتەخت ھىراتنى قولغا كىرگۈزگەندىن كېيىن، ئۆمەر شەيخ ۋە شاھرۇخنىڭ ئەربابلىرى ۋە يېقىنلىرىنىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئۆزلىرىنى جاي ـ جايلارغا سۈرگۈن قىلغان. شۇ قاتاردا ئەلىشىرنىڭ ئاتا مۈلكىمۇ مۇسادىرە قىلىنىپ، ئۆزى سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچراپ، سەمەرقەنتكە «كاشغەرىيلەر» دىن ئەھمەد ھاجىبەك قېشىغا بارغان. تۆمۈرىيلەر سۇلالىسىدىن سۇلتان ئەبۇ سەئىد خۇراسان پايتەختى ھىراتنى ئىگىلىگەن يىلى يەنى 1458 ـ يىلى ئەلىشىر ھىراتتىن چىقىرىۋېتىلگەن. ئەمما «سەمەرقەنت نەۋائىينىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىدا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان»، «سەمەرقەنتتە نەۋائىي سەمەرقەنت بېگى ئەھمەد ھاجىبەك ۋە ئالىم فەزلۇللاھ ئەبۇللەيسلەردىن ماددىي ياردەم ئېلىپ ئوقۇغان» **.

ئەلىشىرنىڭ تەلىم ئالغان مۇھىم ئۇستازى مەۋلانا فەسىھۇددىن مۇھەممەد نىزامىي يەنى فەسىھۇددىن «ئاخۇنۇم» دۇر. بۇ زات ھەققىدە خاندەمىر «خۇلاسەتۇل ئەخبار» دا مۇنداق دەپ يازغان:

«مەۋلانا فەسىھۇددىن مۇھەممەد نىزامىي تۇرمۇشىنىڭ بىنۇقسانلىقى ۋە نەسەبىنىڭ ياخشىلىقى، ئىلىم ـ پەندە مۇكەممەللىكى بىلەن، پەزىلەتپېشە ۋە بىنەزىردۇر... ئالىھەزرەت ئەمىر ئەلىشىر ـ زۇررۇر ئىلىملارنىڭ بارچىسىنى جانابى مەۋلىۋى ھوزۇرىدا ئۆگەنگەن ۋە ھەرقاچان ئۇ كىشىنى ‹ئاخۇن› دەپ چاقىراتتى. ئاخۇن فەسىھۇددىن مۇھەممەد نىزامىينىڭ ھىكمەت، رىيازىيات، مەنتىق بايانى، سەرف ۋە نەھۋە ئىلىملىرى بويىچە يازغان ئەسەرلىرى كۆپ ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا مەشھۇردۇر. ئول جاناب فىقھە ۋەھەدىس ئىلىملىرى بويىچە ھەم ئىنتايىن ماھىر بولغىنى ئۈچۈن، مۇشۇ كۈنلەردە ‹ۋەقايە› گە شەرھى يېزىش

* «رەۋزەتۇسسەفا» دىن ئېلىندى.
** ن. مەللايېف «ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخى» تاشكەنت، 1953 ـ يىل نەشرى.

بىلەن بەنددۇر».

ھىرات، سەمەرقەنت ھەم ئەنجان ۋىلايەتلىرىدە ھەتتا خارەزمدە زىيالىيلار قاتلىمى ۋە مەنسەپدارلار قاتارىدا «ئاخۇنۇم» ۋە «كاشغەرىي» ياكى «موغۇلىستان بەگلىرى» دەپ ئاتالغان كىشىلەر كۆپ ئىدى. بۇلار ئىلىم - پەن، ئەدەبىيات، سەنئەت ساھەلىرىدە تەسىرى چوڭ ھەمدە ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقان شەخسلەر ئىدى. مەسىلەن: مەشھۇر تاجىك شائىرى ئابدۇراخمان جامىينىڭ پىر - ئۇستازى سەئىدىدىن كاشغەرىي، ئەلىشىرنىڭ ئۇستازى فەسىھۇددىن ئاخۇنۇم ئىدى.

نىزامىددىن ئەلىشىر سەمەرقەنتتە ھىجرانلىق تۇرمۇشنى كەچۈرگىنىدە، ئۇنىڭغا تەربىيىچى ۋە ھامىي بولغان كىشى سۇلتان مەلىك كاشغەرىينىڭ ئوغلى ئەھمەد ھاجىبەك ئىدى. ئەھمەد ھاجىبەك ئەھمەد مىرزىنىڭ ئەمىرلىرىدىن ئىدى. بۇ كىشى ئەبۇسەئىد مىرزا زامانىدىمۇ ئەمىر ئىدى.

دېمەك، تۆمۈرىيلەر سۇلالىسىدە، ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىدىمۇ مەرتىۋىلىك مەنسەپدار ئۇيغۇرلار كۆپ ئىدى. مەسىلەن: سۇلتان مەلىك كاشغەرىي، ئۇنىڭ ئىنىسى جانبەگ دولداي، سۇلتان مەلىك كاشغەرىينىڭ ئوغۇللىرى ئەھمەد ھاجىبەك ۋە ھاپىز مۇھەممەد بەك، يەنە ئابدۇلكەرىم ئەشرىت ۋە باشقىلار.

بۇلاردىن ئەلىشىر نەۋائىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتتى بولغان ئەھمەد ھاجىبەك كاشغەرىي خۇراساندا تەلىم ئالغان يۇكسەك مەدەنىيەتلىك كىشى ئىدى. سۇلتان ئەبۇ سەئىد ۋاقتىدا (1464 - 1465) ھىرات ھاكىمى، كېيىن 1496 - يىلغىچە سەمەرقەنت ھاكىمى بولغان. سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ھىراتنى ئىشغال قىلىپ، ئۆز سەلتەنەتىنى تىكلىگەندە، ئەلىشىر نەۋائى سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىڭ ئۆتۈنۈشى بىلەن ئەھمەد ھاجىبەكتىن رۇخسەت ئېلىپ، 1470 - يىلى ساۋاقدىشى ھۈسەيىن بايقارانىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭ مۇلازىمىتىدە بولغان.

«ئاخۇن» سۆزى كونا ئىملادا «اخوند» شەكلىدە يېزىلاتتى. بۇ سۆزنىڭ مەنبەسى ھەققىدە ھەرخىل كۆزقاراشلار بار. بەزىلەر پارسچە دېسە، بەزىلەر «ئوغان، ئوغۇن» ياكى «ئارقۇن» دىن ئۆزگەرگەن دەيدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «اغۇن، غۇن» دېگەندەك تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار بىلەن ياسىلىدىغان سۆزلەر كۆپ ئىدى. مەسىلەن: «قەين - قەيناغۇن» (قېيىن بويان)، «ساغۇن» (قەبىلە باشلىقى)، «ئاتا ساغۇن» (ھەكىم، تېۋىپ)، «تۇرغۇن» ۋە باشقىلار. شۇڭا، «ئاخۇن» سۆزى «ئوغان» ياكى «ئاغۇن»، «ئارقۇن» (باشقۇرغۇچى) دىن ئۆزگەرگەن دېيىشكىمۇ بولىدۇ. مەيلى «ئاخۇن» ياكى «ئوغان، ئاغۇن» بولسۇن، بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسى «موللا»، «مۇئەللىم»، «ئۇستاز»، «ئەپەندى»، «ئىگەم»، «خوجام» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. XVI ئەسىردىن كېيىن «باخشى» سۆزى «داخان»، «پىرىخون» سۆزلىرى بىلەن مەنداش بولۇپ قالغاچقا، ئۇنىڭ ئورنىنى «ئاخۇن» سۆزى ئىگىلىدى. تۈركىي تىللىق خەلقلەردىن ئۇيغۇرلار «ئاخۇن» سۆزىنى كۆپ قوللىنىدۇ. ھەرقانداق ئۇيغۇر يېڭى تۇغۇلغان بوۋاققا ئىسىم قويغاندا «ئاخۇن» نى قوشماي قويمايدۇ. شۇڭا ئۆزبېكلەر ئۇيغۇرلارنى «ئاخۇن ئەكە» دەيدۇ. دېمەك، «ئاخۇن» سۆزى ئاساسەن ئۇيغۇرلارغا خاس ئاتالغۇ بولۇپ قالغان.

## 3. كۆكئارتنىڭ غەربىدىكى ئۇيغۇرلار

قاڭلى ئېلىنىڭ شىمالى، ئېدىل (ۋولگا) دەريا ۋادىلىرى، خەزەر دېڭىزى (كاسپىي دېڭىزى) نىڭ شەرقىدە مىلادىنىڭ ئالدى - كەينىدە خەنزۇچە مەنبەلەردە «دىڭلىڭ»، VI ئەسىردە «تېلې» دەپ ئاتالغان قەۋملەرنىڭ غەربىي قەبىلىلىرى جۇملىدىن ئاق ھۇن خانلىقىنى قۇرغان قاڭقىللار ( 高车 ) ياشىغان. ھەممىگە مەلۇمكى، «دىڭلىڭ» ياكى «تېلې»، «گاۋ جۇ» ( 高车 ) دېگەنلەرنىڭ خەنزۇچە مەنبەلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاستە ئاتا - بوۋىلىرى ئىكەنلىكى ئېنىق قەيت قىلىنغان. بۇ قەۋملەر VI ئەسىردىن كېيىن ئۇيغۇر نامى ئاستىغا ئۇيۇشقان بىر پۈتۈن مىللەتنى شەكىللەندۈرگەن. VII ئەسىردە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تىكلىنىپ شەرقىي ۋە غەربىي تۈركلەرنىڭ كەڭ زېمىنىدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن. 840 - يىلى بۇ خانلىق يىمىرىلگەندىن

كېيىن خانلىق مەركىزىدىكى ئاھالىنىڭ بىر تۈركۈمى كۆكئارت (پامىر) نىڭ غەربىدىكى ئۆز قېرىنداشلىرى يېنىغا كۆچكەن. مانا مۇشۇ ئۇيغۇرلار قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى ئىدى. قاراخانىيلار خانلىرىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ياغلىقار ئۇرۇقىدىن ئىدى. قاراخانىيلار خانلىقى كۈچەيگەن زامانلاردا، ئۇنىڭ زېمىن دائىرىسى شەرقتە كۇچا، غەربتە ئامۇ دەرياسى، شىمالدا ئاقتوقاي - تارباغاتايدىن جەنۇبتا قاراقورۇم ئېغىزىغىچە بولغان كەڭ زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

XIII ئەسىردە ئۆتكەن سەيياھ سۇن جۇڭدۇەننىڭ «ئەلچىلىك خاتىرىسى» دە مۇنداق يېزىلغان: «4 - يىلى (1220 - يىلى) قىشتا؛ 12 - ئاينىڭ بېشىدا، شىمالىي چېگرىدىن چىقىپ، غەربىي شىمالغا قاراپ ماڭدۇق. . . يۈزلىگەن شەھەرلەر بار ئىكەن. ناملىرى جەنزۇچە ئەمەس ئىكەن. . . ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئېلبالىق شەھىرىگە كەلدۇق. بۇمۇ ئۇيغۇر پادىشاھىنىڭ پايتەختى ئىكەن. . . ئۇيغۇر ئېلىنىڭ زېمىنى ناھايىتى كەڭرى ئىكەن، غەربىي چېگرىسىنىڭ چېتى مەلۇم ئەمەس. چوڭ تاغدىن بىرقانچە دەريا شەرققە، بىرقانچە دەريا غەربكە قاراپ ئاقىدىكەن. . . غەربىدە يەنە مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار، ئىرى ئۇيغۇرلىرى، ھىندۇ ئۇيغۇرلىرى بار ئىكەن».

ليۇ يىتاڭ «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» دېگەن ئەسىرىدە يۇقىرىقى «مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار» نى قاراخانىيلارنىڭ ئاخىرقى دەۋرى ۋە گورخانلار دەۋرىدە پەرغانە ۋادىسىدىكى ئەنجان ۋىلايىتىدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنى كۆرسەتسە كېرەك؛ «ئىرى ئۇيغۇرلىرى»، دېگەندىكى «ئىرى»، بولسا ھىرى (ھىرات) نى بىلدۈرسە كېرەك» دەپ چۈشەنچە بەرگەن.

چىڭگىزخان ئىشغال قىلغان كەڭرى زېمىننى 4 ئوغلىغا تەقسىم قىلغاندا، ئۇنىڭ 2 ئوغلى چاغاتاينىڭ ئۇلۇشى (ئۇلۇسى) ھازىرقى شىنجاڭ رايونىنى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ خېۋەگىچە بولغان كۆپ قىسمىنى ئۆز تەۋەسىگە ئالغانىدى.

ئۇيغۇر خەلقى يەنە يايىق ۋە سىر دەريا بويلىرىدا، جۇملىدىن خارەزمدىمۇ تاكى XVI ئەسىرگىچە ئۆز نامى بىلەن ئاساسىي ئاھالىلەردىن بىرى سۈپىتىدە ياشاپ كەلگەنلىكى تارىخىي يازما مەنبەلەردىن مەلۇم.

چىڭگىزخاننىڭ چوڭ ئوغلى جوجىنىڭ 5 - ئوغلى شەيبانخاننىڭ چەۋرىسى مىڭ تۆمۈرنىڭ ئوغلى پولاد ئاتىسىنىڭ تەختىگە ئولتۇردى، ئۇنىڭ ئىبراھىم ۋە ئەرەبشاھ دېگەن 2 ئوغلى بار ئىدى. «. . . ئاتلىق ئۆزبېك بۇ ئىككىسىنىڭ ئېتىنى ئەبيا ئەرەب دەر ئىدى. پولاد ئۆلگەندىن كېيىن، ئاتىسىدىن قالغان ئەللەرنى ئىككىسى بۆلۈشۈپ، 2 ئاغا - ئىنى بىر يەردە كۆچۈپ - قونۇپ، يايىقنىڭ بېشىدا يايلاپ ۋە ئايىغىدا قىشلاپ ئىناقلىق بىلەن بىللە ئۆمۈر ئۆتكۈزدى. ئەرەبشاھ ئۆلگەندىن كېيىن، ھاجى تولى ئاتىسىنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇپ ئەلگە پادىشاھلىق قىلدى. . . ھاجى تولى ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى تۆمۈرشەيخ ئورنىدا ئولتۇردى. ئۇ يىگىتلىك ۋاقتىدا قالماقتىن 2000 كىشى ئېلىپ ئېلىنى بۇلاپ - تالاپ كەتتى. تېمۇر شەيخ كەينىدىن قوغلاپ بېرىپ. . . شەھىد بولدى. ھېچ پەرزەنتى يوق ئىدى. ئەلنى ياۋغا چاپتۇردى. تۆرەسىدىن ئايرىلدى ۋە پادىشاھىدىن ئىنى ياكى ئوغۇل قالمىدى. ئۈچ ئۈمىدسىزلىك قوشلاپ كەلدى. بۇ سەۋەبتىن يان - يانچە ئولتۇرغان خەلق ئۆزگە تۆرەلەرگە كەتتى. ئاندا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاقساقاللىرى يىغىلىپ، ئوردا ئىشىكىگە كەلدى. خانىمغا كىشى كىرگۈزدى. . . خاننىڭ خوتۇنلىرى ۋە قۇماللىرى كۆپ ئىدى. خانىمغا كىرگۈزۈلگەن كىشى دېدىكى: بۇنى ياخشى سۈرۈشتۈرسۇن، ئەگەر بىرسىنىڭ بويىدا بولسا كەتمەيمىز، بالا تۇغۇلغىچە بۇ يەردە ئولتۇرايلى. خانىم: مېنىڭ 3 ئايلىق ئوغلانىم بار، دېدى. بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر خەلقى ئوردا بىلەن بىللە تۇردى، 6 ئايدىن كېيىن ئوغۇل تۇغۇلدى، ئېتىنى يادىكار قويدى. . . ئاندىن كېيىن نەۋكەرلىرى ئۈمىدلىنىپ قايتىپ كەلدى. ئىشىك (سارايچىقتا) تە بېشى پۈتۈن، يەكلىك - ياقىلىق ئەل ئۇيغۇر بىلەن نايمان بولدى».

مانا بۇ بايانلار IV ئەسىردىن ئىلگىرىلا بۇ رايونلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ياشىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ پەرغانە ۋە ماۋەرا ئۇننەھىر رايونلىرىدا ئىلگىرى ماكانلاشقان ۋە ئۆزگە خەلقلەرگە ئارىلىشىپ كەتكەن ئۇيغۇر ئاھالىسىدىن باشقا، VIII، XIV ئەسىرلەردە «موغۇلىستان» * ياكى «قەشقەرىيە» دىن غەربكە ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرى تەبىقىسىدىن بولۇپمۇ زىيالىيلار قاتلىمىدىن كىشىلەر تۈركۈملەپ كۆچكەن.

چىڭگىزخاندىن يېڭىلىپ موغۇل يايلىقىدىن قېچىپ كەلگەن نايمان شاھزادىسى كۈچلۈك گورخانىنىڭ پايتەختى (ئوردۇبالىق) نى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، سايىسي - دىنىي جەھەتتە قاتتىق زوراۋانلىق قىلغان. ھەتتا خوتەندە دىنىي قارشىلىق تۈپەيلىدىن مىڭلىغان زىيالىيلارنى قەتلىئام قىلغان. شۇ دەۋردە نۇرغۇن كىشى غەربكە — تۈركىستانغا كۆچكەن. چاغاتاي ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولۇپ، خانلىق تالىشىپ، جەڭگە - جېدەل قىلدى. جۈملىدىن ھازىرقى شىنجاڭ رايونى يەنە «پۈتمەس - تۈگىمەس جېدەل - ماجىرا مەيدانىغا ئايلىنىپ قالدى». ئاھالىنىڭ بىر قىسمى، بولۇپمۇ ئوقۇمۇشلۇق تەبىقىدىن نۇرغۇن كىشى «موغۇلىستان» دىن «تۈركىستان» غا كۆچتى. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى پەرغانە رايونىنىڭ ئەنجان ۋىلايىتىگە (بېلىقچى، ئەسەكە، قاراسۇ، پاختا ئاباد، ئۇيغۇر ئاباد ناھىيىلىرىگە)، ئۇنىڭدىنمۇ يىراق كەتكەنلەر خارەزىم ۋە خۇراساننىڭ ھىرات شەھەرلىرىگە بېرىپ ماكانلاشقان.

بۇ ئۇيغۇر «مۇھاجىرلىرى» شۇ جايلارنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشقان. تۆمۈرىيلەر سۇلالىسىدە ھەربىي - مەمۇرىي ھوقۇقلارنى تۇتقان. چىڭگىزخاننىڭ ماۋەرا ئۇننەھىر، خۇراسان ۋە ئىراقلاردا ھۆكۈمرانلىق قىلغان نەۋرىلىرى زامانلىرىدىمۇ ئۇلارنىڭ ھەممە مۇشاۋۇرلىرى ۋە پۈتۈكچىلىرى ھەم دەپتەردارلىرى ئۇيغۇرلاردىن بولغان. ئوبۇلغازى باھادىرخان «شەجەرەئىي تۈرك» تە مۇنداق يازغان: «ئۇيغۇر خەلقىدە تۈركىي تىل بىلەن ئوقۇغان كىشىلەر كۆپ ئىدى. دەپتەردارلىقنى ۋە دىۋان ھېسابلىرىنى ياخشى بىلەتتى. چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىلىرىنىڭ زامانىدا ماۋەرا ئۇننەھىر، خۇراسان ۋە ئىراقتا دىۋانلار ۋە دەپتەردارلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر ئىدى. چىن يۇرتىدىمۇ چىڭگىزخان ئوغۇللىرى دىۋان ۋە دەپتەردارنى ئۇيغۇر خەلقىدىن قويغانىدى. چىڭگىزخاننىڭ ئورنىدا ئولتۇرغان ئوغلى ئوگاداي خان خۇراسان، مازاندىران ۋە گىيلاننى ئۇيغۇر كۆركۈز دېگەنگە تاپشۇرغانىدى. ئۇ ياخشى ھېسابچى ئىدى...»

«ئەمىر تۆمۈر مەھكىمىلىرىدە ئىش ئالاقە قەغەزلىرى تامامەن ۋە باشتىن ئاخىر ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلاتتى. ئۆمەر شەيخنىڭ مەرغىلانلىق مىرسەئىدكە ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن چۈشۈرگەن يارلىقى 1469 - يىلى تۈزۈلگەن» («توختامىش ۋە تۆمۈر قۇتلۇق يارلىقلىرى» نەزەردە تۇتۇلىدۇ).

ئەدەبىي ئىجادىيەتتە تېخىمۇ شۇنداق بولغان. XV ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ھىراتتا يېزىلغان «بەختىيارنامە»، «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا» ۋە «مىراجنامە» قاتارلىق ئەسەرلەر ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان. شۇ زامانلاردا ئۇيغۇرلاردىن چىققان يېتىشكەن ئەدىب، شائىرلار پەرغانە، خارەزىم ۋە ھىراتلاردا مەشھۇر ئىدى. مەسىلەن: ئەلىشىر نەۋائى «ئۇيغۇر بۇلەغاسىنىڭ مەلىكۇل كالامى (ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆز پادىشاھى)» دەپ تەرىپلىگەن مەشھۇر شائىر لۇتفى «نەرگىس كۆزلۈك» دېگەن غەزىلىدە:

— يالغۇز ھىرىدا يوقكىم، ئانىڭ زۇلفى ۋەسفىدە،
شېئىرىڭ شىئارى، لۇتفى، خىتاۋۇ خوتەندە بار.

دېيىش ئارقىلىق ئۆز يۇرتىنىڭ خوتەن ئىكەنلىكىدىن بىشارەت بەرگەن. شۇنىڭدەك يەكەننىڭ سەككىچى (پىچاقچى مەنىسىدە، ھازىر پەكىچى دەپ ئۆزگەرتىلگەن) يېزىسىدىن كۆچۈپ كەتكەن

* موغۇلىستان — چاغاتاي ھايات چېغىدا، ئۇنىڭ ئۇلۇسى «خانلىق» دەپ ئاتالمىغان. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلار، ھاكىمىيەت بېشىدىكى موڭغۇل قەۋمىگە مەنسۇپ تەبىقە نەزەردە تۇتۇلۇپ، ئۇلۇسنىڭ ھاكىمىيەت مەركىزى جايلاشقان شەرقىي قىسمى «موغۇلىستان» دەپ ئاتالغان.

سەككاكىيلار ئائىلىسى ئاۋۋال خارەزىمدە، كېيىن ئالىملىق ھەم سەمەرقەنتتە ياشىغان. نەۋائىي «مەجالىسۇننەفائىس» دېگەن ئەسىرىدە «ئۇيغۇر ئىبارىلىرىنىڭ چىچەنلىرىدىن مەۋلانا سەككاكى» دەپ ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ. ئەمىر تۆمۈر دەۋرىدە يەنە «كاشغەر ئەدەبىي تىلى» ئەنئەنىسى بويىچە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان سەيفى قاتارلىق شائىرلارمۇ ئۆتكەن.

ھىلاكۇ زامانىدىن شاھرۇخ ھاكىمىيىتىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا ئۆتكەن، تۈركىيچە شېئىر يازغان ھەيدەر، خارەزمىي، ئەتايى، سەككاكى، يەقىنى، ئەمىرى، گەدائى، لۇتفى قاتارلىق شائىرلارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان بەزى ئەسەرلىرىنىڭ پارچىلىرى رەشىت رەخمەتى ئارات، ئوسمان ف. سىرتقايا قاتارلىق ئالىملار تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

مۇشۇ دەۋردە ياشىغان ئەدىبلەر مەھمۇت قەشقەرى زامانىدىن تارتىپ ئۆزلىرىنىڭ قايسى قەۋمگە مەنسۇپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، «تۈركىي تىل» نى ئانا تىل دەپ بىلگەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ مىللىي خاسلىقىنى «ئوغۇزچە» ۋە «تۈركچە» دەپ ئايرىلغان 2 گۇرۇپپا تىلىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ئاپتورنىڭ قايسى گۇرۇپپىغا مەنسۇپ تىلدا يازغانلىقىغا قاراپ ئايرىش مۇمكىن.

## 4. خۇلاسە

ئۆز ئانا تىلى ئۈچۈن قاتتىق كۈرەش قىلغان ئەدىبلەرنىڭ پېشىۋاسى، تۈركىي جۇملىدىن ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسىلىشىدە چوڭ رول ئوينىغان مۇتەپەككۇر شائىرنىڭ ئىسمى نىزامىدىن، مەكتەپ ۋە جەمئىيەتتە ئادەتلەنگەن ئىسمى ئەلىشىر *، سۇلتان ھۈسەيىن بايقاراغا 10 يىللاپ ئەمىر بولغىنى ئۈچۈن ئەمىر ياكى مىر دېگەن ئىسمىنى قوشۇپ ئاتىغان. شۇڭا كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئەلىشىر ياكى ئەمىر (مىرئەلىشىر) دەپ ئاتاش ئومۇملاشقان. تۈركىي ئىجادىيەتتە قوللانغان تەخەللۇسى «نەۋائىي»، پارسىي ئەسەرلىرىدە قوللانغان تەخەللۇسى «فانىي» تولۇق ئىسمى نىزامىددىن مىر ئەلىشىر نەۋائىي. ئائىلىۋى نەسەب جەھەتتىن «ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن» كىچىك باھادىر غىياسىددىن باخشىنىڭ ئوغلىدۇر.

بۇ مەشھۇر زات نەۋائىي زەھىرىددىن بابۇرنىڭ ئېنىق يېزىشىغا قارىغاندا، ئۆز ئەسەرلىرىنى «ئەنجان تىلى» بىلەن يازغان. ئەنجان «ئېلى تۈركدۇر. ئېلىنىڭ لەفزى قەلەم بىلەن راستدۇر. ئانىڭ ئۈچۈنكىم، مىرئەلىشىرنىڭ مۇسەننىفاتى باۋۇجۇد كىم ھېيرىدە نەشئۈنەما تاپىپدۇر، بۇ تىل بىلەدۇر».

ئەنجاننىڭ شەرقى «كاشغەر»، «ئەنجان تىلى» بىلەن «كاشغەر تىلى» تۈركىي تىلىنىڭ شەرقىي گۇرۇپپىسى (تىلشۇناسلىقتا تۈركولوگلار ئادەتلەنگەن نام بويىچە ‹ئۇيغۇر قارلۇق گۇرۇپپىسى›) نىڭ ئېمىلداش شېۋىلىرىدۇر.

دېمەك، «ئۇيغۇر ئەسلىلىك» نىزامىددىن مىرئەلىشىر نەۋائىي XV ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئاساس بولغان «تۈركىي تىل» سەنئەتكارىدۇر. نەۋائىي تىلى توغرىسىدىكى تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەرگۈسى.

* ئەلىشىر دېگەن بۇ نامنى بەزىلەر نەۋائىي بالىلىق دەۋرىدە زېرەك، ئاقكۆڭۈل، غەيرەت - شىجائەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن «ئاللانىڭ شىرى» دەپ سۈپەتلەنگەن ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئىسمىدىن ئېلىنىپ قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىنىدۇ.

پايدىلانغان ماتېرىياللار
1. فېڭ جياشېڭ، چېڭ سۇلو، مۇگۇاڭۋېنلار تۈزگەن «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارنىڭ قىسقىچە توپلىمى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، خەنزۇچە 1 - قىسىم، 1958 - يىل.
2. ليۇ يىتاڭ: «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» تەيۋەن جېڭجوڭ كىتابچىلىق ئىدارىسى نەشرى.
3. ب. ئەخمېدوف «نەۋائىي زاماناداشلىرى خاتىرىسىدە» تاشكەنت 1986 - يىل نەشرى.

4. زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر «بابۇرنامە»، «يۇلتۇزچە» نەشرىياتى 1986 - يىل نەشرى.
5. ن. مەللايېف «ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخى» تاشكەنت، 1953 - يىل نەشرى.
6. ئا. ن. كوروپاتكىن «قەشقەرىيە». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.
7. «جۇڭگو تارىخى ئاتلىسى» 6 - دەپتەر.
8. قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتى تۈزگەن «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» (رۇسچە) 1991 - يىل ئالمۇتا «پەن» نەشرى.
9. ئوبۇلغازى باھادىرخان «شەجەرەئى تۈرك» «چولپان» نەشرىياتى. تاشكەنت 1992 - يىل نەشرى.
10. ئەلىشىر نەۋائى «مەجالىسۇننەفائىس»، «مۇنشەئات».
11. مىرزاھەيدەر كوراگان «تارىخى رەشىدى» (پارسچە) لوندون كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان قوليازما نۇسخا 2 - دەپتەر 254 - بەت.
12. ئە. جەفەر ئوغلۇ «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى سۆزلۈكى» (تۈركچە) ئىستانبۇل، 1962 - يىل نەشرى.
13. زەكى ۋەلىدى توغان «ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش» (تۈركچە) ئەنقەرە 1979 - يىل نەشرى.
14. م. فۇئاد كۆپرۈلۈ «تۈرك ئەدەبىياتى تارىخى» 1981 - يىل ئۆتۈكەن نەشرىياتى نەشرى (3 - نەشرى)
15. ئەخمەت جەفەر ئوغلۇ «تۈرك تىلى تارىخى» 1984 - يىل ئەندەرۇن نەشرىياتى نەشرى، ئىستانبۇل (3 - نەشرى)

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

(بېشى 4 - بەتتە)

تەزكىرە تۈزۈشنىڭ پىلان ۋە لايىھىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈلىدىغان يېڭىچە تەزكىرىلەرگە ئائىت ماتېرىياللارنى توپلاش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈلىدىغان يېڭىچە تەزكىرىلەرنى يېڭى سەۋىيىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئوبدان تەييارلىق قىلىشى كېرەك.

## 5. تەزكىرىچىلىك قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنى قانات يايدۇرۇش لازىم

يېقىندا تەزكىرىچىلىك قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى يەنە بىر قېتىم تەكىتلەندى. يولداش لى تيېيىڭ: يۇقىرى سەۋىيىلىك تەزكىرە كىتابلىرى يۇقىرى سەۋىيىلىك كىشىلەرنىڭ تۈزۈشىگە مۇھتاج، ئىش ئادەمگە باغلىق، ئاچقۇچ يەنىلا يۇقىرى سەۋىيىلىك بىر تەزكىرىچىلىك قوشۇنى بولۇشتا، دەپ كۆرسەتتى.

تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش، يېڭى ئەسىردە يېڭىچە تەزكىرىلەرنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈشكە ئوبدان تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك بولغان تەزكىرىچىلىك قوشۇنى بەرپا قىلىشىمىز كېرەك. ئۆتكەن 10 نەچچە يىللىق تەزكىرىچىلىك ئەمەلىيىتىمىزدە ھەم خېلى يۇقىرى سىياسىي ساپاغا، ھەم خېلى يۇقىرى كەسپىي ساپاغا ئىگە قوشۇن شەكىللىنىپ، بۇ نۆۋەتلىك تەزكىرىچىلىك خىزمىتىمىزدە مۇھىم رول ئوينىدى. بىراق ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھەر دەرىجىلىك تەزكىرىچىلىك ئاپپاراتلىرىدا ئۆزگىچىلىك كۆرۈلدى ياكى كۆرۈلۈش ئالدىدا تۇرىدۇ. تەزكىرىچىلىك قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى تەزكىرىچىلىك ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ كۆپ خىل يوللار بىلەن يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. تەزكىرە تۈزۈش، تەزكىرىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى قانداق قىلغاندا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىدىن ئىبارەت ئىجتىمائىي شارائىتقا ماسلاشتۇرغىلى بولىدىغانلىقى ئۈستىدە ئىزدىنىش، زامانىۋىي پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ تەزكىرە تۈزۈش، تەزكىرە تۈزەلەيدىغان ھەم تەزكىرىدىن پايدىلىنالايدىغان ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەش ئاساسىدا تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى قۇرۇلۇشىنى ۋە ئىلىم - پەن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. تەزكىرىچىلىك ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە تەزكىرە تۈزۈش ئىلمىگە دائىر تەتقىقاتنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش، يېڭىچە تەزكىرىچىلىك ئىلمى بەرپا قىلىشنى مەقسەت قىلغان تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى قۇرۇلۇشى پىلانىنى تۈزۈشكە كىرىشىش ھەمدە ئەمەلىي تەدبىر قوللىنىپ ئۇنىڭ ئىشقا ئېشىشىنى تېزلىتىپ، مۇشۇ ئەسىر ئىچىدە تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسىگە ئائىت قىممىتى بار ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك.


# 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئارباغاتاي

ئابلىمىت ھاجىيوف

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

1949 - يىلى 25 - ۋە 26 - سېنتەبىر كۈنلىرى، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىنىڭ قوماندانى تاۋسىيۆ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بۇرھان شەھىدى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەئىسى ماۋزېدۇڭغا تېلېگراما ئەۋەتىپ، ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى، گوۋاڭجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان بارلىق ئالاقىنى ئۈزگەنلىكىنى جاكارلىدى. 20 - ئۆكتەبىر كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ يولداش ۋاڭ جېن يېتەكچىلىكىدىكى قىسىملىرىنىڭ ئىلغار قىسىملىرى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. 9 - دېكابىر كۈنى 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى ئارمىيىسىنىڭ مەرغۇپ باشچىلىقىدىكى ئاتلىق پولكى ئۈرۈمچىگە كىرىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 1 - بىڭتۇەنى بىلەن غەلىبىلىك ئۇچراشتى. 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى ئارمىيىسى بىلەن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىرلەشكەندىن كېيىن، 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى ئارمىيىسى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ يېڭى 5 - كورپۇسى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىندى. لېسكىن كورپۇس كوماندىرى، مەرغۇپ مۇئاۋىن كورپۇس كوماندىرى، ليۇشىگرۇڭ (ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى بولغان) سىياسىي كومىسسار، ليۇ يۈڭخې سىياسىي بۆلۈم باشلىقى، ساۋدانوپ مۇئاۋىن سىياسىي بۆلۈم باشلىقى بولۇپ تەيىنلەندى. 5 - كورپۇس 13 - ۋە 14 - دېۋىزىيىگە بۆلۈندى. 13 - دېۋىزىيىنىڭ كوماندىرلىقىغا ئىمىنوف مەتىمىن، مۇئاۋىن كوماندىرلىقىغا مالىك ئىمادىدىنوف؛ 14 - دېۋىزىيەنىڭ كوماندىرلىقىغا ئىبرايىمباي، سىياسىي كومىسسارلىقىغا خوجىنىڭ تەيىنلەندى. 14 - دېۋىزىيە چۆچەككە، 13 - دېۋىزىيە قەشقەرگە ئورۇنلاشتى.

3 ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ بارلىق خىزمىتى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلدى، 3 ۋىلايەت مالىيىسى ئۆلكىلىك مالىيە بىلەن بىرلەشتۈرۈلدى. 1950 - يىلى مارتتا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى يولداش جى دىشەننى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تارباغاتاي ۋىلايىتىگە كەلگەن تۇنجى ئەزاسى ئىدى. ئاپرېلنىڭ ئاخىرلىرىدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى خىزمەت يىغىنى ئاچتى. مەن بۇ چاغدا تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى بولۇپ، قوشۇمچە «ئىتتىپاق» نىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل ئىدىم. ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە باردىم. يەنە بىر تەرەپتىن مېنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرىش ئۈچۈن بەرگەن ئىلتىماسىمنى ھەل قىلىش ئۈچۈن چاقىرتقانىدى. ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىن، ۋاڭ جېن، شۈي



لىچىڭ، دىڭ لىچۈن قاتارلىق يولداشلار بىزنى قوبۇل قىلدى. بىز تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ئەھۋالىدىن دوكلات بەردۇق. يولداش شۈي لىچىڭ پارتىيە تەشكىلىگە ۋاكالىتەن مەن بىلەن سۆھبەتلەشتى. يولداش سەيپىدىن ۋە يولداش خې رۈينىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە قوبۇل قىلىندىم. بۇ قېتىم بىللە قوبۇل قىلىنغانلار ئىچىدە دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن هاكىمى تۇرسۇنتاي بار ئىدى. ئارىپ نەسىبى شۇ قېتىم ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى ئاچقان خىزمەت يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بارغاندا ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى تەرىپىدىن پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى (بۇ قېتىم قوبۇل قىلىنغان يولداشلار كاندىداتلىق مۇددىتىنى ئۆتىمەيلا بىۋاسىتە قوبۇل قىلىندى).

چۆچەككە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، جى دىشەن، ئارىپ نەسىبى ئۈچىمىز بىر ياچېيكا بولۇپ تەشكىللىنىپ، چۆچەكتە پارتىيە كومىتېتى قۇرۇلغىچە بولغان ئارىلىقتا پارتىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇردۇق. ئەينى ۋاقىتتىكى خىزمەتنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى تەشۋىق قىلىش ئىدى.

1950 - يىلى 24 - ئىيۇل كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭ بيۇروسى ئەۋەتكەن تارباغاتاي خىزمەت گۇرۇپپىسى چۆچەككە يېتىپ كەلدى. خىزمەت گۇرۇپپىسى ئىچىدە جاڭ جۇڭتاۋ، ۋۇياۋبىڭ، لى خۇڭ، چاڭ جۇنيى، لى خۇلىڭ، ۋۇجىماۋ، شې يەنچىڭ، شې يۈتيەن، گودېيۇ، لى دىخې قاتارلىق يولداشلار بار ئىدى. يولداش چىڭدەيىننى ئۇلار چۆچەككە كېلىش يولىدا، دۆربىلجىنگە ئورۇنلاشتۇرۇپ كەلگەنىكەن. خىزمەت گۇرۇپپىسى كەلگەندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئېلىپ، خىزمەتنى باشلىۋەتتى. يولداش جاڭ جۇڭتاۋ ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ 1 - ئاۋغۇست كۈندىكى تېلېگراممىسى ئۇقتۇرۇشىنىڭ روھىغا ئاساسەن، شىخو، چۆچەك، دۆربىلجىن ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتلىرىنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. 11 - ئاۋغۇست كۈنى، شىنجاڭ بيۇروسى تېلېگرامما ئارقىلىق: يولداش جاڭ جۇڭتاۋنىڭ تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارلىقىغا تەيىنلەنگەنلىكىنى، 14 - دېۋىزىيىنىڭ سىياسىي كومىسسارى خۇجىڭ، ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ئابلىمىت ھاجىيوف، 14 - دېۋىزىيىنىڭ كوماندىرى ئىبرايىمباي، شىخو ناھىيىسىنىڭ پارتكوم سېكرېتارى، ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى شې يۈتيەن، ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جى دىشەن قاتارلىق 5 يولداشنىڭ ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ تەيىنلەنگەنلىكىنى ئۇقتۇردى.

1 - سېنتەبىر كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكوم تۇنجى قېتىملىق كېڭەيتىلگەن يىغىن ئېچىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى رەسمىي جاكارلىدى. يىغىندا پارتكومنىڭ ئۆتكەن بىر ئايلىق خىزمىتى خۇلاسىلىنىپ، بۇندىن كېيىنكى ۋەزىپىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ دەسلەپ قۇرۇلغان چاغدا ئىشلىگەن 1 - ئىشى جەمئىيەت ئەھۋالىنى ئۆگىنىپ، ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا شارائىت ھازىرلاش ئىدى. ئۇ چاغدا پارتكومنىڭ ھەرقايسى بۆلۈملىرىدە ئادەم كۈچى ناھايىتى ئاز ئىدى. بەزى بۆلۈملەردە ھەتتا ئادەممۇ يوق ئىدى. شۇڭلاشقا جەمئىيەت ئەھۋالىنى ئۆگىنىشكە كۆپ كۈچ ئاجرىتىشقا مۇمكىنچىلىك بولمىدى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ دەسلەپكى چاغدىكى خىزمىتىدە بەزى ئەگرى - توقايلىقلار يۈز بەردى. يەرلىك كادىرلارنىڭ يېڭى كەلگەن يولداشلارغا ئەھۋالنى تولۇق چۈشەندۈرۈشىمۇ يېتەرلىك بولمىدى. چۆچەك باشقا جايلارغا ئوخشىمايتتى. بۇ يەر 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى غەلىبە قىلغان رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ، 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى غەلىبە قىلغان 5 يىل ئىچىدە خېلى مۇقىم

ئاساس يارىتىلغان، جەمئىيەت تىنچ، خەلق ئىتتىپاق ئىدى. بۇ يەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ئالاھىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، سوۋېت سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى چوڭقۇر ئىدى. سوۋېت كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ كۆپلىگەن ئەزالىرى 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى قوشۇنى ئىچىدە خىزمەت قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەسىرىمۇ ناھايىتى چوڭقۇر ئىدى. 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى ئۆز ۋاقتىدا ھەرخىل ئۇسۇللار ئارقىلىق 3 ۋىلايەت خەلقىگە ماركسىزم - لېنىنىزمنى، سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنى، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىلىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلغان، 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى خەلققە چۈشەندۈرگەن. دۆلەت قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن، 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى ئەينى ۋاقىتتىكى جەمئىيەتنىڭ مۇرەككەپلىكى، شەرت - شارائىتنىڭ پىشىپ يېتىلمىگەنلىكى سەۋەبلىك كەڭ دائىرىدە ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئېلىپ بارمىغان، لېكىن گومىنداڭچىلارنى ۋە خەلق دۈشمەنلىرىنى تازىلاپ، ئۇلارنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى بەرگەنىدى. مۇشۇ ئەھۋاللارغا ئاساسەن، بۇ جايدا ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتا سالماقلىق بىلەن ئىش كۆرۈشكە توغرا كېلەتتى.

ئەمما، يولداشلار دەسلەپ كەلگەن چاغدا، بۇ جايغىمۇ گومىنداڭدىن ئەمدىلا ئازاد قىلىنغان جايلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىپ، سولغا مايىل ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارغاچقا، بەزى يەرلىك كادىرلارنىڭ ۋە ئامىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ، نارازىلىقىنى قوزغاپ قويدى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغىمۇ تەسىر يەتتى. بۇ ھەقتە بىز كۆپ قېتىم يولداش جاڭ جۇڭتاۋ بىلەن ئەھۋاللىشىپ، تارباغاتاينىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرغان بولساقمۇ، ئۇ بۇنىڭغا ئانچە قۇلاق سالمىدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن ئۆلكىلىك بيۇرو بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەردار بولۇپ، دەرھال تېلېگرامما ئارقىلىق، 3 ۋىلايەتتە ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا ئالدىرىماي، ئالدى بىلەن جەمئىيەت ئەھۋالىنى ئۆگىنىپ، سالماقلىق بىلەن ئىش كۆرۈش توغرىسىدا ئۈچۈق يوليورۇق بەرگەندىن كېيىن، جىددىي ۋەزىيەت پەسىيىپ، ئىشلار بىرقەدەر جايىغا چۈشتى. ئالدىنقى بىر مەزگىلدىكى «سول» غا مايىل ھەرىكەتلەر بىر قۇر تۈزىتىلدى، يولداشلار يېڭىباشتىن جەمئىيەت ئەھۋالىنى ئۆگىنىشكە كىرىشتى. ئەمما، جەمئىيەت ئەھۋالىنى ئۆگىنىش جەريانىدىمۇ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمەي، كىم نېمە دېسە شۇنىڭغا ئىشىنىپ كېتىپ، ئاسانلا خۇلاسە چىقىرىپ قويىدىغان ئىشلار يۈز بېرىپ تۇردى. بىر كۈنى يولداش جاڭ جۇڭتاۋ ماڭا مەسلىسى بار دەپ قارالغان بىرمۇنچە كادىرلارنىڭ تىزىملىكىنى كۆرسەتتى. بۇ كادىرلارنىڭ بىر قىسمى 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىدا ئەمگەك سىڭدۈرگەن، تۆھپە قوشقان، بىرنەچچە يىللىق ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدىمۇ ئىنقىلابقا سادىق خىزمەت قىلغان يولداشلار ئىدى. مەن تىزىملىكنى كۆرگەندىن كېيىن، يولداش جاڭ جۇڭتاۋغا يەنە بىر قېتىم ئۆزۈمنىڭ كۆزقاراش، پىكرىمنى ئىزھار قىلدىم. لېكىن يەنىلا قۇلاق سالماي، ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىدا چىڭ تۇرۇۋالدى.

1951 - يىلى ئىيۇلدا، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ھاكىم، ۋالىيلار يىغىنى ئاچتى. بۇ يىغىنغا ۋالىي باسباي قاتناشتى. ئاڭلىشىمىزچە، ئۇ ئۇرۇمچىدە ۋاڭ جېن بىلەن كۆرۈشۈپ، تارباغاتاي ئەھۋالىنى تەپسىلىي دوكلات قىلىپتۇ ۋە ناھايىتى ھاياجانلىنىپ، ئۆزىنىڭ بەزى كۆزقاراش، پىكىرلىرىنى يولداش ۋاڭ جېنغا دەپتۇ.

1951 - يىلىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا، تارباغاتاي ۋىلايىتىدە زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇپ، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ھەرىكىتى سىناق تەرىقىسىدە ئېلىپ بېرىلدى. ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى ئۆتكەن بىر يىللىق تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، قاراقاباق يېزىسىدا سىناق قىلىشنى قارار قىلدى. چۈنكى، ئەينى ۋاقىتتا بۇ يېزىدا پومېشچىكلار بىرقەدەر مەركەزلەشكەن، پومېشچىكلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسى ئېغىر، خەلق نامراتلاشقان، سىنىپىي زىددىيەت مۇرەككەپ ئىدى. بۇ قېتىمقى سىناق خىزمىتىگە يولداش جاڭ جۇڭتاۋ بىۋاسىتە باشچىلىق قىلىپ، نۇقتىدا تۇرۇپ

ئىشلىدى. مۇشۇ نۇقتىدىكى سىناق ئارقىلىق ۋىلايەت بويىچە «زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش»، «يەر ئىسلاھاتى» ئېلىپ بېرىشقا تەجرىبە يارىتىلىپ، ئاساس ئورنىتىلدى. تارباغاتاينىڭ «زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش»، «يەر ئىسلاھاتى» ھەرىكىتى ئىككى باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلدى. چۈنكى، 1951 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا «زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش» ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان چاغدا، بۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ، «ئۈچكە قارشى تۇرۇش» «بەشكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۆلكىلىك بيۇرو يەنە خاتا ھالدا چارۋىچىلىق رايونلىرىدا سوتسىيالىستىك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا قارار چىقىرىپ، خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتتى. «ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىمۇ چۆچەكتە بىر ئاز ئاشۇرۇۋېتىلدى. ۋەزىيەت خاتا مۆلچەرلىنىپ، خاتا ھالدا زەربە بېرىش ھەتتا خاتا ھالدا باستۇرۇش ئەھۋاللىرى يۈز بېرىپ، بىر بۆلۈم خاتا، يالغان، ئۇۋال ئەنزىلەر كېلىپ چىقتى. «ئۈچكە قارشى تۇرۇش»، «بەشكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى جەريانىدىمۇ شۇنداق ئەھۋاللار يۈز بەردى. 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدىن تارتىپ خەلققە ساداقەتلىك بىلەن خىزمەت قىلىۋاتقان يولداشلار «خىيانەتچى» قىلىپ قويۇلدى. ھەتتا بەزى رەھبىري كادىرلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تەستىق سېلىپ بەرگەن قۇتقۇزۇش پۇلى تەستىق سالغۇچىغىمۇ، ياردەم پۇلى ئالغۇچىغىمۇ «خىيانەتچى» قىلىپ يېزىلدى.

1951 - يىلى ئۆلكىلىك كادىرلار مەكتىپىنى تۈگەتكەن زەپەر، مەۋلان قاتارلىق ئادەملەر چۆچەككە كەلگەندىن كېيىن، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، كادىرلار كۇرسى ئاچتى. بۇ ئەسلىدە كادىرلار قوشۇنىنى تازىلاشنى مەقسەت قىلغان كۇرس ئىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇنىڭغا 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان، پېشقەدەم كادىرلار ۋە 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدە تەربىيىلىنىپ يېتىشىپ چىققان بىر قىسىم كادىرلار قاتناشتۇرۇلدى. بۇ كۇرستا ئۇرۇش، قىستاش، ئىقرار قىلدۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، كادىرلار ھەدېسىلا ئىشپىيون، ئەكسىلئىنقىلابچى، خىيانەتچى دەپ ئۇرۇپ دۇمبالاندى. بۇ ئىش ۋىلايەتلىك پارتكومدىكى رەھبىري يولداشلارغا كۆپ قېتىم دېيىلگەن بولسىمۇ، ئۇلار ئاڭلىمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر بۆلۈم كادىرلار ئۆزىنى - ئۆزى ئۆلتۈرۈۋالىدىغان، قېچىپ كېتىدىغان ئىشلار كېلىپ چىقتى.

1951 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ۋىلايەتتە 3 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ئېچىلىپ، ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتناشقان ئادەملەر بىر تەرەپ قىلىندى.

بۇ قېتىمقى 3 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا مەنمۇ تەكشۈرۈش ئوبيېكتى بولۇپ ئۆزەمنى تەكشۈردۈم. سەۋەبى: 1950 - يىلى يولداش ۋاڭ جېن سەيپىدىن ئەزىزگە شىنجاڭدا مىللىي ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشنىڭ لايىھىسىنى تۈزۈشنى ھاۋالە قىلىپتۇ. يولداش سەيپىدىن «لايىھە» نىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى يېزىپ، بىر نۇسخىسىنى پىكىر ئېلىش ئۈچۈن ماڭا ئەۋەتىپتۇ. مەن ئۇنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن يەنە بىرنەچچە يولداشقا كۆرسەتتىم، ئۇلار بۇنى ۋىلايەتلىك پارتكومغا دوكلات قىلىپتۇ. ۋىلايەتلىك پارتكوم بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، شىنجاڭدا ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. مەن يىغىندا ئۆز پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. ئۇلار مېنىڭ مۇشۇ پىكرىمنى مىللەتچىلىك خاھىشى بار دەپ كۆتۈرۈپ چىققانلىقتىن، شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتنىڭ قىستىشى بىلەن ئۆزەمنى 3 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا تەكشۈرۈشكە مەجبۇر بولغانىدىم.

يۇقىرىدىكى ئەھۋاللارنىڭ كېلىپ چىقىشى: بىرى ۋىلايەتلىك پارتكوم رەھبەرلىكىنىڭ جەمئىيەتنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلماي، 1 - قول ماتېرىيالغا ئىگە بولماي، مەسىلىگە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش بويىچە تەھلىل يۈرگۈزمەي، بەزى ئادەملەرنىڭ پىتنە ئىغۋاسىغا ئىشىنىپ كېتىشتەك خىزمەت ئۇسۇلىدىن كېلىپ چىققان؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئەينى ۋاقىتتا، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ بەزى باشلىقلىرىنىڭ يەرلىك كادىرلارغا ئىشەنمەي ئۇلارغا گۇمانىي قاراشتىن كېلىپ چىققان

ئاقىۋەت ئىدى.

1951 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئۆلكىلىك بيۇرو بىر بۆلۈم خىزمەت گۇرۇپپىلىرىنى ئەۋەتىپ، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا سوتسىيالىستىك ئىسلاھات ئېلىپ باردى. جۈملىدىن تارباغاتاي ۋىلايىتىگىمۇ يولداش لى خۈي باشچىلىقىدا بىر خىزمەت گۇرۇپپىسى باردى. بۇ خىزمەت گۇرۇپپىسى چۆچەككە كەلگەندىن كېيىن، شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ يولىيورۇقى بويىچە، خاتا ھالدا چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئىسلاھات ئېلىپ باردى. ئەينى ۋاقىتتا، بىر تەرەپتىن، سىياسەت ئوچۇق بولمىغانلىقى، يەنە بىر تەرەپتىن، ھەرىكەتتە «سول» غا مايىل ئۇسۇل قوللىنىلغانلىقى ئۈچۈن، چارۋىچىلىقتا، يەرلىك خەلق تىلى بويىچە ئېيتقاندا، «ئاتقا مىنەر» كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مال ئىگىسى قىلىپ قويۇلدى. 1951 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ۋىلايەتلىك پارتكوم ئۆلكىلىك بيۇروغا دوكلات يوللاپ، ۋالىي باسباينى خىزمىتىدىن قالدۇردى. ئىنزچىل ۋەتەنپەرۋەر زات — باسباي پەقەت مال ئىگىسى بولغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنىپ تۇتۇپ تۇرۇلدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئۇنى قويدۇرىۋەتتى.

ئەينى ۋاقىتتا، كۆچمە مەركەزلەشتۈرۈپ چارۋىچىلىق رايونىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئادەملەر بىر يەرگە يىغىۋېلىنىپ، ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلدى، مال ئىگىلىرىنىڭ چارۋا ماللىرى بىر يەرگە توپلاپ قويۇلدى. نەتىجىدە مال باقىدىغان ئادەم چىقماي، چارۋا ماللار قىرىلىپ، نۇرغۇن ئىقتىسادىي زىيان كېلىپ چىقتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ھازىر چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا بولمايدۇ دەپ ئوچۇق ئۇقتۇرۇش چۈشۈردى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش دەرھال توختىتىلدى. مۇشۇ بىر مەزگىلدىكى خىزمەتلەرنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى خۇلاسىلەش ئۈچۈن، 1952 - يىلى ئىيۇلدا شىنجاڭ بيۇروسى 2 - قېتىملىق پارتىيە ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىنى چاقىردى، مەركىزىي كومىتېت ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ قۇرۇلتايغا قاتناشتۇردى. يىغىندا يولداش ۋاڭ جېن ئۆزىنىڭ سولچىللىق خاتالىقىنى تەكشۈردى ۋە تۈزەتتى. يىغىندىن كېيىن يولداش ۋاڭ جېن شىنجاڭدىن يۆتكەپ كېتىلىپ، 2 - جۈننىڭ سىياسىي كومىسسارى يولداش ۋاڭ ئېنماۋ شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ شۇجىسى قىلىپ تەيىنلەندى. شۇنىڭدىن كېيىن، چۆچەك خىزمىتىدىكى خاتالىقلار تەدرىجىي تۈزىتىلدى. 1952 - يىلى ئۆكتەبىردە، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى كېڭەيتىلگەن يىغىن ئاچتى. شىنجاڭ بيۇروسى ۋەكىل (ئىسمايىل ياسىنوف، جاغدا يولداشلارنى) ئەۋەتىپ قاتناشتۇردى. يىغىندا يولداش جاڭ جۇڭتاۋ ۋىلايەتلىك پارتكومغا، يولداش لى يۈخې خىزمەت گۇرۇپپىسىغا ۋاكالىتەن خاتالىقلارنى تەكشۈردى. يىغىندىن كېيىن جاغدا بابالىكوف ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسىگە ۋالىي بولۇپ تەيىنلەندى. بۇ قېتىملىق يىغىندىن كېيىن خىزمەتلەر رەتكە چۈشۈپ، «يەر ئىسلاھاتى» خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاندى.

ۋىلايەتلىك پارتكوم يەر ئىسلاھاتى سىنىقىنى ساۋەن ناھىيىسىدە ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلدى. ئابلىمىت ھاجىيوف بىلەن ۋىلايەتلىك تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جى چاڭرۇڭنىڭ ساۋەن ناھىيىلىك پارتكومنىڭ يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىگە ياردەم بېرىشنى بەلگىلىدى. سىناق خىزمىتى 1952 - يىلى نويابىردا باشلىنىپ، ناھايىتى قىزغىن ۋە ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى. 1953 - يىلى يانۋارنىڭ ئاخىرىدا ئاساسەن ئاخىرلاشتى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مېنىڭ خىزمىتىمنى خوتەن ۋىلايىتىگە يۆتكىگەنلىكىنى ئۇقتۇردى. شۇنىڭ بىلەن مەن 1953 - يىل 10 - فېۋرال كۈنى، 14 يىل ھايات كەچۈرگەن، خىزمەت قىلغان چۆچەك شەھىرى بىلەن خوشلىشىپ، 3 - ئاينىڭ باشلىرىدا خوتەنگە باردىم، بۇ چاغدا خوتەندە يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى ۋىلايەت بويىچە ئاساسەن ئاخىرلىشىپ قالغانىكەن. مۇشۇ ۋاقىتتا مەن چۆچەكنىڭ خىزمەت سۈرئىتىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭكىدىن خېلىلا ئارقىدا قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

ئۇنئالغۇ لېنتىسىدىن رەتلىگۈچى: تاھىر تاشبايېف
تەھرىرلىگۈچى: قادىر ھاپىز

# بىز باسقان ئىزلار

## توختى سابىر

مەن 40 نەچچە يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت سانائەت ـ قاتناش سېپىدە ئىشلىدىم. بۇ جەرياندا مەملىكەتتىكى نۇرغۇنلىغان چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك شەھەرلەرگە باردىم. سانسىز قېتىم زاۋۇت، كان، كارخانا، فابرىكىلارنى زىيارەت ۋە ئېكسكۇرسىيە قىلدىم. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر، تېخنىك خادىملار، ئىنژېنېر، مۇتەخەسسىسلەر، ئىشچىلار بىلەن ئۇچراشتىم. بىرقانچە يىل يېزا ـ قىشلاقلاردىمۇ بولدۇم. ھەربىي سەپتىمۇ تۇردۇم... بۇ جەرياندا كۆرگەن، بىلگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىم ناھايىتى كۆپ بولدى. ئىنتايىن مەنىلىك، كۆڭۈللۈك، تەسىرلىك، ئۇمىدلىك ۋەقەلەرنى بېشىمدىن كەچۈرگەن چاغلىرىم بار. شۇنداقلا كۆڭۈلسىز، ئوڭۇشسىز كەچۈرمىشلەرگە دۇچ كەلگەن چاغلىرىممۇ بار. ئەمما مەن ھازىر بۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۇنتۇپ كەتتىم ياكى تازا ئەسكە ئالالمايدىغان بولۇپ قالدىم، لېكىن بۇ كەچۈرمىشلەردىن شىنجاڭ «ئۆكتەبىر» تراكتور زاۋۇتىدا ئۆتكۈزگەن 20 يىللىق ئىنتايىن جاپالىق، ئەمما ناھايىتى ئەھمىيەتلىك، مەنىلىك، جۇشقۇن كۈنلەرنى، بۇ كۈنلەردە بېسىپ ئۆتكەن ھەربىر قەدىمىمىز ۋە بۇ قەدەملەر قالدۇرغان ئىزلارنى بولسا ھازىرمۇ دائىم ئەسلەيمەن. چۈنكى بىزنىڭ ھەقىقىي ھايات مۇساپىمىز مۇشۇ يەردىن باشلانغانىدى.

**سايلىقتا قەد كۆتۈرگەن ھەمراھ شەھەر**

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى يامالىق تېغىنىڭ باغرىدا، نەچچە مىڭ يىللاپ قاغجىراپ ياتقان سايلىقتا، چىرايلىققىنا، يېپيېڭى بىر ھەمراھ شەھەر قەد كۆتۈردى. بۇ — شىنجاڭ ئازاد بولۇش بىلەنلا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ بيۇروسىنىڭ دانا قارارى بىلەن بارلىققا كەلگەن شىنجاڭ «ئۆكتەبىر» ئاپتورېمونت زاۋۇتى (ھازىرقى شىنجاڭ «ئۆكتەبىر» تراكتور زاۋۇتىنىڭ بۇرۇنقى نامى) ئىدى.

زاۋۇتنىڭ جەنۇب تەرىپى نەنزىنگۇ ئېغىزىدىن باشلىنىپ «ياڭ زىجياڭ» كوچىسىنى بويلاپ «ئەخمەتجان» كوچىسىدىكى ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ـ تېلېگراف شۆبە ئىدارىسى دوقمۇشى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئارقا تەرىپى يامالىق تېغى باغرىدىكى تاشيول بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ئومۇمىي كۆلىمى 540 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلەتتى.

بۇ جاي زاۋۇت قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن، ئۇ يەر، بۇ يەرلەردە ئۆزى ئۆسۈپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قۇرۇپ كەتكەنلىرى يور كۆتەككە ئايلىنىپ قالغان، كۆكلەپ تۇرغانلىرىمۇ خۇددى سارالڭ خوتۇننىڭ نەچچە يىل تارالمىغان چاڭگا چېچىغا ئوخشاپ، ماتېرىيال بولۇشتىن قالغان كۆتمەك قاراياغاچلار، يامغۇر سۈيى توختاپ قالغان ئويمانلىقلار، ئالا ـ بۇلا ئۆسۈپ قالغان قامغاق، يانتاقلار، زەيرەك يەرلىرىدە شالاڭ كۆكىرىپ تۇرغان چىملاردىن باشقا بىرنىمە ئۈنمەيدىغان ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل سايلىق ئىدى.

زاۋۇت ئورنىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى (ھازىرقى نەنزىنگۇ ماشىنا بېكىتىدىن توخلىتىش ئىسكىلاتىغىچە) سېرىق توپىلىق جايلاردا نۇرغۇنلىغان خىش قۇيۇش مەيدانلىرى ۋە خۇمدانلار بار ئىدى. غەرب، جەنۇب تەرەپلىرىدە قۇم تاسقايدىغان سانسىزلىغان ئازگاللار بار ئىدى. بۇ ئازگاللارغا يەنە تەرەپ ـ تەرەپتىن كەلگەن ئەخلەتلەر تۆكۈلۈپ تۇراتتى...

زاۋۇتنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە گومىنداڭ دەۋرىدە قۇرۇلغان بىر ۋەيرانە ھەربىي كىيىم ـ كېچەك زاۋۇتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىنى تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن رەخت، خۇرۇم پۇرۇچلىرى،

كېرەكسىز يۇڭ پارچىلىرى، ئەخلەت، كۆل، پوق - سۈيدۈك قاپلاپ تۇراتتى.

زاۋۇتنىڭ ئالدى تەرىپى شىمالغا قارايدىغان بولۇپ، هازىرقى ئۈرۈمچى ترانسپورت باشقۇرۇش ئىدارىسى، ئىشچىلار مەدەنىيەت سارىيى، ئۈستۈن تەرىپى گېزىتخانا، باسما زاۋۇتىغىچە بولغان جايلار سايلىق ئىدى. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شۇ تەرىپىدىكى خەلقلەر، ئىدارىلەر، ھەربىيلەر بۇ يەرنى ئەخلەت تۆكىدىغان جاي قىلىۋالغانىدى. قىش، ياز ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈلگەن ئەخلەتلەردىن چىققان بىر خىل ئاچچىق ۋە سېسىق بۇس دىماقنى ئېچىشتۇرۇپ، باشنى ئاغرىتىپ، ئادەمنى ناھايىتى بىئارام قىلاتتى. ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرىدىمۇ ئېرىنچەكلىك بىلەن كۆتۈرۈلىۋاتقان ئىس - تۈتەك بېشىمىزدا خۇددى قارا بۇلۇتتەك لەيلەپ شۇ ئەتراپنىڭ مۇھىتىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغايتتى.

زاۋۇتنىڭ 4 ئەتراپى مۇشۇنداق تۈتاش كەتكەن سايلىق بولغانلىقتىن، كېچىدە بۆرە، تۈلكىلەرنىڭ ئەنسىز ھۇۋلاشلىرى دائىم ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تاپ ئىزدىگەن تۈلكىلەر بەزىدە تېخى قورۇلۇش مەيدانلىرىدىمۇ غىل - پال كۆزگە كۆرۈنۈپ قالاتتى. ئاخشاملىرى دائىم ياۋا توشقانلارنى ئۇچرىتاتتۇق.

بۇ جاي تاغ باغرى بولغىنى بىلەن ياز كۈنلىرى قاتتىق ئىسسىپ كېتەتتى. بولۇپمۇ 7 -، 8 - ئايلاردا ئىسسىقنىڭ ئەكس تەپتى سايلىقتا تومۇز لاۋسىنى ھاسىل قىلىپ ئادەتتىكىدىن بىر ھەسسە يۇقىرى ھارارەت پەيدا قىلاتتى. قىش كۈنلىرى ئوچۇقچىلىقتىن قاتتىق سوغۇق ئۇرۇلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيلىرىمىز چوڭ، كونا، كىيىملىرىمىز يېپىنچا بولغانلىقى ئۈچۈن، قاردىن كېيىنكى شىۋىرغانلىق قۇرۇق سوغۇق جاندىن ئۆتەتتى. ئەمگەك پەيتىدىن باشقا ۋاقىتلاردا قولىمىزنى يەڭلىرىمىزدىن چىقىرالمايتتۇق.

بىز يېڭى كەلگەندە بۇ خىل مۇھىت ۋە شارائىتقا كۆنەلمەي، زېرىكىشلىك ھېس قىلىپ، ئادەم كۆرمەيدىغان بولۇڭ - پۇشقاقلاردا ياكى ئاخشىمى بېشىمىزنى يوتقانغا تىقىۋېلىپ يىغلاپ كېتەتتۇق. بىرقانچە بالا تېخى قېچىپمۇ كەتكەنىدى.

## دانا قارار

شىنجاڭ ئازاد بولۇش بىلەنلا مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا بىر قاتار قارارلارنى چىقاردى. بۇنىڭ ئىچىدە: سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا ھەمكارلىشىپ قۇرۇپ بېرىدىغان 156 تۈرنىڭ بىرى بولغان، يىلىغا 2000 ماشىنا (قېتىم) چوڭ رېمونت قىلىدىغان زامانىۋى زاۋۇتتىن بىرنى شىنجاڭنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدە قۇرۇش، ئۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا، جەنۇبىي شىنجاڭدىن 500 نەپەر ئۇيغۇر پەرزەنتنى ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىپ، ئۇيغۇرلاردىن ھازىرقى زامان ئىشچىلار سىنىپى قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت مەزمۇنلارمۇ بار ئىدى.

ماشىنىسازلىق سانائىتىگە ئائىت بۇ قارارنى، شىنجاڭنىڭ شۇ چاغدىكى ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتقاندا بولسۇن، ياكى كېيىنكى 40 نەچچە يىللىق ئەمەلىيەت ئىسپاتلىغان پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا بولسۇن، دانا قارار دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمىز.

ھەممىگە مەلۇمكى، شىنجاڭ زېمىنى كەڭ، قاتناش لىنىيىسى ئۇزۇن ھەم قولايسىز رايون. ئەينى چاغدا شىنجاڭ بويىچە بۇنداق ئەڭ چوڭ، ئەڭ ئىلغار زامانىۋى ماشىنا رېمونت قىلىش زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشى (ئۇ، شۇ چاغدا پۈتۈن غەربىي شىمال رايونى بويىچىمۇ ئالدىنقى قاتاردىكى چوڭ رېمونت زاۋۇتلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى) مۇقەررەر ھالدا پۈتۈن ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) ئىقتىسادىنى جانلاندۇرۇش، راۋاجلاندۇرۇشتا يېتەكچىلىك رول ئوينايتتى.

بىر مىللەت ئۈچۈن، بولۇپمۇ ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىشچىلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈش تۈپ خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كېلەتتى. چۈنكى ئۇ پۈتۈن مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، جەمئىيەتتە شۇ مىللەتنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە تارىخىي خاراكتېرلىك رول ئوينايتتى.

جۇڭگو - سوۋېت ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرىنىڭ كۆپ قېتىملىق سۆھبەت ئېلىپ بېرىپ، كېلىشىم ھاسىل قىلىشى نەتىجىسىدە، 1950 - يىلى زاۋۇتنىڭ

تېخنىكىلىق لايىھىسى تەستىقلاندى. 1951 - يىلى تويا قۇرۇلۇشى باشلىنىپ، 1952 - يىل 1 - ئۆكتەبىر مۇراسىم ئۆتكۈزۈلۈپ، زاۋۇت ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

شۇ كۈندىكى داغدۇغىلىق مۇراسىم مەنزىرىسى ھازىرغىچە كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. بىز ھەربىي سىستېمىدىكى 3000 دىن ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچى ماتور رېمونت قىلىش سېخى ئالدىدىكى مەركىزىي مەيداندا ھەربىي تۈزۈم بويىچە دىققەتتە تۇرۇپ ئىش باشلاش مۇراسىمىغا قاتناشتۇق. ۋاڭ جېن، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق 120 دىن ئارتۇق ھەر دەرىجىلىك رەھبەر يىغىن سەھنىسىدىن ئورۇن ئالغانىدى. ۋاڭ جېن بىلەن سەيپىدىن ئەزىزى لېنتا كەستى. مۇراسىمغا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ زاۋۇتتا تۇرۇشلۇق باش ئىنژېنېرى شىنىسكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلى قاتارلىقلارمۇ قاتناشقانىدى.

يىغىن مەيدانىدا سانسىزلىغان قىزىل بايراق لەپىلدەيتتى، داقا - دۇمباقلار، ناغرا - سۇنايلار ياڭرايتتى. پۈتۈن مەيدان بايرام تۈسىگە كىرىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر شادلىققا چۆمگەنىدى، ئۇيغۇر، خەنزۇلاردىن تەشكىللەنگەن ئىشتىن سىرتقى سەنئەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئېسىل نومۇرلىرىنى كۆرسەتمەكتە. زاۋۇت دەرۋازىسىنىڭ ئىككى قانتىغا توغرا قىلىپ سېلىنغان مەمۇرىيەت بىناسى بىلەن تېخنىكا بىناسىنىڭ 2 - قەۋىتىنىڭ زاۋۇت تەرەپ راملىرىدىن نەچچە يۈزلىگەن ئىشچى - خىزمەتچى باشلىرىنى چىقىرىشىپ بۇ مەنزىرىنى تاماشا قىلىشاتتى. يىغىندىن كېيىن پۈتۈن ۋەكىللەر زاۋۇتنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

جۇڭگو - سوۋېت ئىككى دۆلەتنىڭ دوستلۇقى، يېڭى جۇڭگونىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى خاتىرىلەش مەقسىتىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى غەربىي شىمال بيۇروسى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ تەستىقى بىلەن زاۋۇتقا «شىنجاڭ ‹ئۆكتەبىر› ئاپتورېمونت زاۋۇتى» دەپ نام بېرىلدى.

«ئۆكتەبىر» ئاپتورېمونت زاۋۇتى قۇرۇلۇش جەريانىدا ھەربىي سىستېمىدا بولدى. ئۇ چاغ ئەمدىلا ئازاد بولغان يىللار بولغىنى ئۈچۈن، دۆلەت كۆپ مەبلەغ ئاجرىتالمايتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ پەقەت ماشىنا - ئۈسكۈنىلەر بىلەن تەمىنلەش، مۇتەخەسسىس، ئىنژېنېر، تېخنىكلارنى ئەۋەتىپ قۇرۇلۇشنى لايىھىلەش، ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى قۇراشتۇرۇش، بىرمەزگىل تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىشنىلا ئۈستىگە ئالغانىدى، باشقا مەبلەغ سالمايتتى. بۇنداق ئەھۋالدا دۆلەت ناھايىتى ئېھتىياجلىق بولغان ئاز بىر قىسىم مەبلەغنى ئاجراتقاندىن تاشقىرى، قالغان مەبلەغنى شىنجاڭ ئۆزى ھەل قىلىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى قارار قىلىپ شىنجاڭ ھەربىي رايونى قارىمىقىدىكى جەڭچى - ئوفىتسېرلارنىڭ «يېمەك ئىچمىكىنى قىسىش»، قىنشلىق، يازلىق كېيىملەرنى بېرىپ كەم تارقىتىش يولى بىلەن مەبلەغ توپلىغانىدى. بۇ زاۋۇتنى ئەمەلىيەتتە پۈتۈنلەي ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۆز كۈچىگە تايىنىپ قۇرۇپ چىققان دېيىشكىمۇ بولىدۇ. چۈنكى زاۋۇتنىڭ قۇرۇلۇشى باشلىنىش بىلەن تويا قۇرۇلۇشىغا كېتىدىغان بارلىق ياغاچ ماتېرىيال، خىش، تويا، شېغىل، قۇم، سېمونت، تاش، توكلارنىڭ ھەممىسىنى زاۋۇتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۆزلىرى تەييارلىغانىدى.

بىز كەلگەندە ياغاچ كېسىش، توشۇش، شال تىلىش ۋەزىپىسى ئاساسەن تۈگىگەنىكەن، لېكىن شاللارنى قۇرۇتۇش ئۆيلىرىگە توشۇش، قۇرۇتۇش ئىشىغا بىزمۇ قاتناشتۇق. بىزدىن بۇرۇن كەلگەنلەرنىڭ دېيىشىچە، ئۇلار ئۇدا 2 يىل (1950 - ، 1951 - يىللىرى) يازدا نەنسەندىن ياغاچ كېسىپتۇ، ئاندىن كۆزدىن باشلاپ تاكى قىش، ئەتىيازغىچە ياغاچلارنى ماشىنا بولسا ماشىنىدا، بولمىسا ھارۋا، چانىلاردا كېچە - كۈندۈز زاۋۇتقا يۆتكەپتۇ.

بىز ئۆزىمىز خىش قۇيۇپ، ئەتراپىمىزدىكى خۇمدانلاردا ئۆزىمىز پىشۇرۇپ، ئۆزىمىز توشۇيتتۇق. دۇمبىسىدە خىش كۆتۈرگەن ئىشچىلار خۇددى تۇرنىلاردەك نەچچە سەپ بولۇپ، بىر ئۇچى خۇمداندا بولسا، يەنە بىر ئۇچى زاۋۇتقا تۇتىشاتتى. قۇرۇلۇشقا خىش ئۇلگۇرتەلمەي قالغان چاغلاردا، خۇمداندىن ئەمدىلا چىققان ئىسسىق خىشلارنى

قولىمىزنىڭ، دۈمبىمىزنىڭ كۆيۈشى بىلەن ھېسابلاشماي، ئىش مەيدانىغا ئاپىراتتۇق.

كۆز يەتكۈزسىز بۇ سايلىقتا قۇم تاسقايدىغانلار خۇدەى چۆلدىكى دۆڭلەرگە قونۇۋالغان قاغىلاردەك ئىككى، ئۈچتىن بولۇپ مەشغۇلات ئېلىپ باراتتى. يەنە بىر قىسىملار تاسقالغان شېغىللارنى ماشىنا، ھارۋىلار بىلەن ئايىغى ئۈزۈلمەي ئېلىپ مېڭىپ تۇراتتى. بۇنداق مەشغۇلاتلار يازنىڭ تومۇز ئىسسىقىدا، قىشنىڭ شۇرغانلىق كۈنلىرىدىمۇ توختىماي داۋام قىلاتتى. قىش كۈنلىرى بىز ئەتىگەن كۈن چىققاندىن تارتىپ ئىشلىگىلى تۇرساق تاكى غەربتە شەپەقنىڭ قىزىللىقى يوقىغۇچە ئىشلەيتتۇق. بىز ماشىنا بىلەن تاغ جىلغىلىرى، سېرىق توپىلىق يالاردىن سېرىق توپا، ھاك توشۇپ كېلەتتۇق. تاغ پارتلىتىپ، ياپىلاق تاش چىقىرىش ۋە ئۇنى توشۇپ كېلىش كۈندىلىك ئاساسىي ئەمگەكلىرىمىزدىن بىرى ئىدى.

زاۋۇتنىڭ قۇرۇلۇشىغا 3000 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشقانىدى. بۇلارنىڭ بىر قىسمى گومىنداڭنىڭ ھەقىقەتكە قايتقان تېخنىكىلىق ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى ئىدى. ئۇلارمۇ ئىككى خىلغا بۆلۈنەتتى. ئاساسىي قىسمى شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشىغا ئاۋاز قوشقانلار، ئۇنى ھىمايە قىلغانلار ۋە ئۇنىڭغا ئاكتىپ ماسلاشقانلار، خىزمەت كۆرسەتكەنلەر ئىدى. ئۇلارغا ئۆز ۋاقتىدىلا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي فورمىسى تارقىتىپ بېرىلدى ۋە ئۇلار يېڭى ۋەزىپىگە بەلگىلىنىپ، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرۇلدى. ئۇلار خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ كونا جەڭچى، ئوفىتسېرلىرى بىلەن ئوخشاش تەمىنات ۋە مۇئامىلىگە مۇيەسسەر ئىدى. يەنە بىر قىسمى، بىرقانچە 100 كىشىگە يېتەتتى. ئۇلار تۇرمە كىيىمى كىيەتتى. نازارەت ئاستىدا ئىشلەيتتى. كۈندۈزى ئەمگەككە سېلىنىپ، ئاخشىمى سولىناتتى. بۇلار گومىنداڭنىڭ ئۇلۇغ قانات جاھىللىرى بولۇپ، ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشىلىق قىلغانلار، ئۆگچى ئوفىتسېرلارگە ئەگەشكەنلەر، بۇزغۇنچىلىقى بارلار ئىدى. يەنە بىرخىلدىكى كۈچ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئەسلىدىكى كونا كوماندىر - جەڭچىلىرى بىلەن يېڭىدىن سەپكە قوشۇلغان بىز ئىدۇق. بىز دېگىنىمىز — جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يەكەن ۋىلايىتىگە قاراشلىق (يەكەن ئۇ چاغدا ۋىلايەت ئىدى) يەكەن، قاغىلىق، پوسكام ناھىيىلىرى، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ كۇچا، توقسۇ، ئاقسۇ، ئاقسۇ كوناشەھەر، ئۈچتۇرپان، ئاۋات، كەلپىن، ئاقچى (ئاقچى ناھىيىسى ئۇ چاغدا ئاقسۇ ۋىلايىتىگە قارايتتى. قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلغاندىن كېيىن بۆلۈنۈپ چىققان) ناھىيىلىرىدىن قوبۇل قىلىنغان 446 نەپەر يېڭى جەڭچى ئىدۇق.

خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ كونا جەڭچى - ئوفىتسېرلىرىنىڭ سانى ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. ئۇلار ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك خىزمىتى، سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەتلەرنى ئىشلەيتتى؛ قوغداش، نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش ۋەزىپىلىرىنى ئۆتەيتتى.

بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئالماقچىمەنكى، گومىنداڭنىڭ بۇ ئىككى خىل بۆلىكى ئىچىدە ھەممە ھۈنەرنىڭ ئەھلىلىرىنى تاپقىلى بولاتتى. ئاجايىپ يېتىشكەن ماھىر تېخنىكلار، لايىھىلىگۈچىلەر، باشقۇرۇش خادىملىرى، مېخانىكلار، شوپۇرلار، ئىستانوكچىلار، رېمونتچىلار، تۆمۈرچىلەر، قۇيمىچىلار، سۇۋاركىچىلار، ياغاچچىلار، قېلىپچىلار، تامچىلار، سۇۋاقچىلار، تۇرۇبىچىلار، توكچىلار. . . بار ئىدى. قىسقىسى قايسى خىلدىكى ئىشقا قانداق ھۈنەرۋەن كېرەك بولسا، شۇ خىلدىكى ھۈنەرۋەن ئۆز ئىچىمىزدىن چىقاتتى. شۇڭا زاۋۇتنىڭ بارلىق سېخى، بۆلۈم، ئىشخانا، ئىسكىلات، ياتاق ئۆي، يول، يول تۇرۇبىلىرى. . . نىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىمىزدىن چىققان تامچىلار، ياغاچچىلار، تۆمۈرچىلەر، سۇۋاقچىلارنىڭ قولى بىلەن تاماملىغانىدۇق. ئىستانوكلارنى قۇراشتۇرۇش، تەڭشەشتەك ئەڭ قول تۇتىدىغان نازۇك ۋەزىپىلەرنىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ئىنژېنېرلىرىنىڭ ياردەم ۋە يېتەكچىلىكىدە يەنە شۇلار تاماملىغانىدى. ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەندىن كېيىنكى ئاساسىي تېخنىكا كۈچلىرىمۇ شۇلار ئىدى.

«ئۆزى قىلغان ئىش پۇختا، ئىشەنچلىك بولىدۇ» دېگەن گەپ راس ئوخشايدۇ. «ئۆكتەبىر» تراكتور زاۋۇتى قۇرۇلغىلى ھازىر 47 يىلدىن ئېشىپتۇ. ئۇنىڭ قۇرۇلۇش سۈپىتىگە قاتتىق تەلەپ قويۇلغانلىقتىن، ئومۇمىي قۇرۇلمىسى ھېلىمۇ شۇنداق كۆركەم، پۇختا قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. سېلىنغان ئۆيلەر، ئاسفالت يوللار، ئىشىك - دېرىزىلەر ھېلىمۇ يېپيېڭى قىياپىتىنى نامايان قىلىپ تۇرماقتا.

## تەلپۈنۈش

شۇ قېتىم ئاقسۇ ۋىلايىتىدىن 250 تەك بالا قوبۇل قىلىنغانىدۇق. ۋىلايەتنىڭ جەنۇبىدىكى 6 ناھىيىنىڭ بالىلىرى 2 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئاقسۇ شەھىرىگە يىغىلىپ بولدۇق. لېكىن بىزنى ئېلىپ ماڭىدىغان ماشىنا يوق، 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە تۇرۇپ قالدۇق. ئاقسۇ ۋالىي مەھكىمىسىدىن ئىسرائىلجان دېگەن كىشى بىزگە مەسئۇل ئىدى. بۇ ئارىلىقتا ئۇنى ئۆزىمىز ئاقسۇ شەھىرى ئەتراپىدىكى تۈگمەنلەردىن بۇغدايغا تېگىشىپ كېلەتتۇق. ھەر شەنبە كۈنى ئېتىپ بېرىدىغان پولۇغا چۈشلۈق گۇرۇچنى ئازنا بازاردىن ئۆزىمىز سېتىۋېلىپ كېلەتتۇق. كۈندە ئەتىگىنى ۋە كەچتە ھەربىي مەشىق قىلاتتۇق. ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئارقىسىدىكى كوللېكتىپ ياتىقىمىزدىن تىزىلىپ، ئەتىگىنى بىر قېتىم، كەچتە بىر قېتىم جاكۆۋرۇككىچە يۈگۈرۈپ بېرىپ، يۈگۈرۈپ قايتىپ كېلەتتۇق.

ئۇ چاغدا ئاقسۇنىڭ ئاساسلىق كوچىلىرى ياسىلىۋاتاتتى. بۇ جاي ناھايىتى زەي بولۇپ، قىش ياز لۆمۈلدەپ تۇرىدىغان، ئەتىيازدا پاتقاق چىقىپ كېتىدىغان يوللارنى ئۆزگەرتىش ئاسانغا چۈشمەيتتى. ئالدى بىلەن بىرقانچە مېتر كولاپ، بەز پاتقاق چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئورنىغا شېغىل، يۇمىلاق تاش، ياپىلاق تاشلار قويۇلۇپ، ئۈستىگە سېرىق توپا، ھاك، ئۇششاق شېغىل ئارىلاشتۇرۇلغان ئارىلاشما توپا قويۇلۇپ چىڭدىلاتتى. بۇ شۇ زاماندا بىرقەدەر ئۆلچەملىك، سۈپەتلىك شېغىل يول ھېسابلىناتتى. بىزمۇ بىر ئايدىن ئارتۇق مۇشۇ ئەمگەككە قاتناشتۇق. بۇ يوللارنىڭ شۇ چاغدىكى بۇ

خىل ھالىتى توغرىسىدا كىشىلەر ئارىسىدا مۇنداق گەپ تارقالغانىدى:

— ئاقسۇ كوچىلىرىنىڭ توپا ئاستىدا پۇرژىنىسى بار ئىكەن. شۇڭا دەسسىگەن ھامان لۆمۈلدەيدۇ...

بىز گەرچە بىكار تۇرمىغان بولساقمۇ، ھەمىشە ئۈرۈمچىگە تەلپۈنەتتۇق. شېرىن خىياللارنى قىلىشىپ، كۈندە نەچچە قېتىم تىڭ - تىڭلايتتۇق. بولۇپمۇ كۈچا، توقسۇ، شايارنىڭ بالىلىرى مېڭىپ بوپتۇ دېگەندىن كېيىن ئىزىمىزدا ئولتۇرالماس بولۇپ قالدۇق. تەقەززالىقىمىز نەچچە ھەسسە ئاشتى (بۇ 3 ناھىيىنىڭ بالىلىرى ئاقسۇغا بارماي كۈچاغا توپلانغانىدى).

بىز تەلپۈنگەن كۈن ئاخىرى يېتىپ كەلدى. ئۈچتۇرپاندىن كەلگەن 18 بالا بىلەن كەلپىندىن كەلگەن 9 بالىنى 1952 - يىل 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئاقسۇدىن ئۈرۈمچىگە بۇغداي توشۇيدىغان بىر بەن ھەربىي كالونغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. بىر ماشىنىنىڭ ئۈستىگە 3 تىن بالا چىقتۇق. ماشىنىلارنىڭ ئۈستى ئوچۇق ئىدى. بۇغدايلار ماشىنىنىڭ كوزۇپى بىلەن تەڭ بېسىلغانىدى. سەل دىققەتسىزلىك قىلىدىغان بولساق دومىلاپ چۈشۈپ كېتەتتۇق. شۇڭا ھەربىي شوپۇرلار بىخەتەر بولسۇن ئۈچۈن، بۇغداي قاچىلانغان تاغارلارنى كوزۇپىنىڭ چۆرىسىگە چىقىرىپ، ئوتتۇرىسىدىن 3 ئادەم سىغقىدەك ئويمان يەر چىقىرىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىز ماشىنىدا خالىساق ئۇخلاپ، خالىساق ناخشا ئېيتىشىپ ماڭدۇق.

ئۇ چاغدا تاش يوللار ناھايىتى ناچار ئىدى. يولى ياخشىراق دېگەن يوللاردا كۈنىگە 180 كىلومېتر، بولمىسا ئاران 90 كىلومېتردىن 120 كىلومېترغىچە يول يۈردۇق. بىز ئاقسۇدىن چىقىپ 8 - كۈنى، يەنى 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى چۈشكە يېقىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدۇق.

بۇ ماشىنا كالونى بىر كوللېكتىپ بولۇپ، بەنجاڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مېڭىپ، بۇيرۇقى بىلەن توختايتتى. مۇئاۋىن بەنجاڭ 1 - ماشىنىدا ئولتۇراتتى. بەنجاڭ ئاخىرقى ماشىنىدا ئولتۇراتتى. ماشىنىلار ئېچىدىن بىرى بۇزۇلۇپ قالسا، ھەممىسى

توختاپ شوپۇرلار قولمۇ قول تۇتۇپ ئۇنى ئۇگشاپ، ئاندىن ماڭاتتى.

بۇ ماشىنىلارنىڭ ھەممىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن «زىم» ماركىلىق ماشىنا بولۇپ، كونىراپ كەتكەنىدى. ھېلى ئۇ بۇزۇلسا، ھېلى بۇ بۇزۇلاتتى. بىر ماشىنىدا ئىككىدىن شوپۇر بولسىمۇ، ئۇلاردىن ئۇستازلىرى ئاز، شاگىرتلىرى كۆپ ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. چۈنكى بۇزۇلغان ماشىنىلارنى ئۇگشايدىغان چاغدا قاچانلا كۆرسەڭ شۇ بىرقانچە شوپۇر ھەرىكەت قىلىپ، قالغانلىرى ئەتراپىدا گۇشىيىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆرەتتۇق.

بىز ئۇلانبايغا كەلگەندە ياردەمچى شوپۇرلارنىڭ ھەممىسى تەڭلا دېگىدەك كېپىنكىدىن بېشىنى چىقىرىشىپ ئىشارەت بىلەن:

— ئالدىمىزدىكى ئۈرۈمچى دېيىشتى.

لېكىن بىز ھېچ نېمىنى كۆرەلمىدۇق، پەقەت ئۇچتاش داۋىنىنىڭ ئۈستىگە چىققاندىن كېيىنلا ئاندىن شەھەر كۆرۈندى (بۇ داۋان ھازىر ئېلىپ تاشلاندى)، بىز خۇشاللىقىمىزدىن چۇرۇقلىشىپ ماشىنا ئۈستىدە ئۆرە تۇرۇۋالدۇق. بىر ئىككىيلەن ئۇسۇلمۇ ئوينىدى.

بىزنىڭ بۇنچىۋالا خۇشال بولۇپ كېتىشىمىز، بىرىنچىدىن، ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەنلىكىمىز ئۈچۈن بولسا، ئىككىنچىدىن، بۇ ئۇزۇن يولنى تۈگىتىپ يول ئازابىدىن قۇتۇلغىنىمىز ئۈچۈن ئىدى.

يەنە شۇ ياردەمچى شوپۇرلار كېپىنكىدىن بېشىنى چىقىرىپ ۋارقىراپ، قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ بىزنى ئولتۇرغۇزدى. بىز دەرھال تىنچلاندۇق.

8 كۈنلۈك «گۆر ئازابى» دىن كېيىن، بىز ئاخىر ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدۇق. بىز داشىزىدىن ئۆتۈپ جەنۇب تەرەپكە ماڭدۇق، بىردەمدىن كېيىن نەدىن چىقىپ، نەگە كېتىۋاتقىنىمىزنى ئاڭقىرالماي قالدۇق. ئالاھەزەل يېرىم سائەتتەك يول ماڭغاندىن كېيىن ھازىرقى «ئۆكتەبىر» تراكتور زاۋۇتىنىڭ ۋاقىتلىق دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا چۈشتۇق. ئۇ يەرنى ئۇ چاغدا دەرۋازا دېگىلى بولمايتتى، پەقەت دەرۋازا ئۈچۈن قالدۇرۇپ قويغان ئېغىز دېيىشكىلا بولاتتى.

بىزنى ئېلىپ كەلگەن يولداش بىزنى ئالدىمىزغا چىققان باشقا بىر ھەربىي يولداشقا ئۆتكۈزۈپ بېرىپلا، بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلىپ ماشىنىنى كەينىگە ياندۇرۇپ كېتىپ قالدى. بىز ئۇنىڭغا قاراپ قالدۇق (كېيىنكى كۈنلەردە بۇ يولداش ماشىنا بىلەن ھەر 15 كۈندە ئەترىتىمىزگە كېلىپ بىزگە كىنو قويۇپ بېرەتتى. بىلىشىمىزچە، بۇ يولداش، ھەربىي رايون ترانسپورت بۆلۈمىنىڭ سەييارە كىنو قويۇشقا مەسئۇل خادىمى ئىكەن).

بىز يەرگە چۈشۈپلا ئەتراپىمىزغا قاراشقاندىن كېيىن يەنە ئۈنىمىز ئىچىمىزگە چۈشۈپ سولۇشۇپ كەتتۇق، چۈنكى بىزنى 4 ئەتراپى قاقاس سايلىق يەر، بۇ يەرلىرىدە ۋەيرانە ئۆيلىرى بار بىر چۆل مەھەللىگە ئەكىلىپ قويغانىدى.

ئۆتكۈزۈپ ئالغۇچى ھەربىي يولداش بىز 27 بالىنى كەينىگە ئەگەشتۈرۈپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي (گەپ قىلسىمۇ ئۇنىڭ گېپىنى ئۇقمايتتۇق)، زاۋۇت «دەرۋازا» سىغا ئۇدۇل كېلىدىغان جايدىكى يولنىڭ دوقمۇشىدا ئىشىك - دېرىزىلىرىدىن تارتىپ تاملىرىغىچە پۈتۈنلەي قارا سىرلانغان، ۋەيرانە ئۆي ئىچىدە كىچىك ئۆيلىرى بار، كېسەكتىن كاڭ چىقىرىپ سۇپا قىلىنغان، كاتەكتەك - كاتەكتەك 6 ئېغىزلىق ئۆيگە ئورۇنلاشتۇردى (بۇ جاي ھازىرقى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىشچىلار مەدەنىيەت سارىيىغا كېتىدىغان يول دوقمۇشىنىڭ ئوڭ تەرىپى)، بىزنىڭ ئۇ ئۆيلەرگە كىرىپ بىرىنچى بولۇپ كۆرگىنىمىز تام ۋە لاي لەمپىلىك تورۇسلاردا تۆگە كارۋىنىدەك قاتار تىزىلىپ ئۆمىلەپ يۈرگەن ئاچ چۈشلار بولدى. بىر، ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى چۈشلار تام-تورۇسلاردىن چۈشۈپ، بىزنىڭ يوتقان - كۆرپىلىرىمىزنىڭ قاتلىرىغا كىرىۋېلىپ قېنىمىزنى شوراشقا باشلىدى.

«بىز ئەسكەر بولمايمىز!»

بىز 500 دەك يىگىت ئەسكەر (جەنۇبىي شىنجاڭدىن كەلگەن 446 نەپەر بالىدىن باشقا ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئۈرۈمچى دارىلئېيتامدىن يەنە 40 نەچچە ئوغۇل، قىز قوبۇل قىلىنغانىدى) ھەربىي كىيىم تارقىتىپ بەرگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى ئەمدىلا بۆلۈنگەن ئىزۋوت، بەنلىرىمىز بويىنچە چوڭ

مەيداندىكى ۋاقىتلىق سەھنە ئالدىدا زىچ تىزىلىپ دىققەت بىلەن تەرجىمانىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدۇق. مەيدان شۇنچە چوڭ بولسىمۇ، نېمىشقىكىن بىزنى ناھايىتى زىچ تۇرغۇزۇۋەتكەنىدى.

بىزنىڭ باش ئەترەت باشلىقىمىز بىلەن تەرجىمان سەھنىدە ياندىشىپ ئۆرە تۇراتتى. ھەر ئىككىسىلا ئورۇق، ئېگىز ئادەملەر بولغىنى ئۈچۈن، خۇددى چۆلدىكى ئىككى تۈپ يالغۇز تېرەككە ئوخشايتتى.

باش ئەترەت باشلىقىمىز ئىككى پۇتىنى كېرىپ، قولىنى كەينىگە قىلغىنىچە غادىيىپ سۈرلۈك چىراي بىلەن بىزگە بىرنېمىلەرنى دېدى. تەرجىمان باش ئەترەت باشلىقىمىزنىڭ سۆزىنى خاتا ئاڭلاپ قېلىشتىن قورقۇپ، يا يېزىۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي، ياكى ئېسىدە ساقلاشقا ئىشەنچىسى يوق ھالدا جۈملىمۇ ـ جۈملە تەرجىمە قىلدى.

— باش ئەترەت باشلىقى سىزلەر ھازىر ئەسكەر، ئۆزۈڭلار بارمايلا كورىيىگە بارىسىزلەر، ئامېرىكا قاراقچىلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىسىزلەر، ئۇلار كورىيىنىڭ يېرىنى بۇلىۋالدى، جۇڭگوغا كەلمەي قالمايدۇ، ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ دەيدۇ ـ دېدى تەرجىمانمۇ ئۇ ئەترەت باشلىقىنى دوراپ ئىككى پۇتىنى كېرىپ، قولىنى كەينىگە قىلغىنىچە.

مەيداننى شۇھامان تېخىمۇ جىم ـ جىتلىق قاپلىدى.

— تەرجىمان ئاكا يەنە بىر دەڭا! ـ دەپ ۋارقىرىدى ئارىمىزدىكى يېشى چوڭراق بىرەيلەن جىم ـ جىتلىقنى بۇزۇپ.

— دېدىمغۇ، گەپ بىر، قۇلاق ئىككى. باش ئەترەت باشلىقى سىلەرنى ئۇرۇشقا بارسۇن دەيدۇ، دېدى تەرجىمان ئۈيغۇرچىنى بۇزۇپ سۆزلەپ.

تەرجىماننىڭ گېپى تۈگىشى بىلەنلا مەيدان تەۋرەپ كەتتى. بەزىلەر ئۈن سېلىپ يىغلىسا، بەزىلەر ۋارقىراپ ـ جارقىرايتتى. يەنە بەزىلەر يەرگە ئۆزىنى ئېتىپ دومىلايتتى. بىرقانچە بالا كەلگىنىگە مىڭبىر پۇشايمان قىلىشتى، بەزىلەر نومۇس كۈچىدىن بىلىندۇرمىگىنى بىلەن ئىككى قولى بىلەن بېشىنى چىڭ قاماللاپ ئۈنسىز مىشىلداۋاتاتتى.

بىز ئەمدىلا يېزىدىن كېلىپ، ھېچقانداق ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە، ھەربىي ئىنتىزام، تۈزۈم ـ قائىدە، تەرتىپلەرگە ئادەتلەنمىگەن دېھقان بالىلىرى بولغاچقا، نېمىلەرنى قىلسا بولىدۇ، نېمىلەرنى قىلسا بولمايدۇ دېگەنلەرنىمۇ بىلمەيتتۇق.

بۇ چاغدا باش ئەترەت باشلىقى تېخىمۇ گىدىيىپ، ھېجايغىنىچە مەغرۇر قىياپەتتە سەپكە بىرقۇر قاراپ چىقتى ـ دە، تېخىمۇ سۈرلۈك تۈسكە كىردى، مەيداندىكى يىغا ـ زارە بارغانسېرى ئەۋج ئالدى. لېكىن باش ئەترەت باشلىقى بىزنىڭ بۇ ھالىمىزغا پىسەنت قىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ شۇ پېتى بىرقانچە مىنۇت تۇرغاندىن كېيىن تەرجىمانغا قاراپ قىسقىلا بىرنېمىلەرنى دېدى.

تەرجىمان دەرھال تەرجىمە قىلىپ:

— باش ئەترەت باشلىقى سىلەرنى يىغلىسا بولمايدۇ، ئۇرۇش دېگەن گەپنى ئاڭلاپلا قورققان ئادەم ئەسكەر بولالمايدۇ، مەن سىلەرنى بىر سىناي دېگەنىدىم، ـ دەيدۇ دېدى.

بۇ گەپلەر بىلەن قىيا ـ چىيا پەسەيگەندەك بولۇشىغا، تەرجىمان:

— ھەي، كۆتلەشلەر! باش ئەترەت باشلىقى يىغلىماڭلار، دېسە يەنە يىغلىشىۋاتىسەنغۇ؟ ئۇنىڭ سەنلەرنى قورقۇنچاقلىقىنى مەنمۇ بىلىپ قالغان تۇرسام، شۇنىمۇ بىلمەي يىغلىشىپ كەتكىنىنى؟ ـ دېدى تەرجىمان ۋە بۇ گېپى بىلەن ئۆزىمۇ كۈلدى.

تەرجىماننىڭ گېپىدىن بىزگە بىر ئاز جان كىرگەندەك بولدى. يىغلىغانلار بېسىقىشقا باشلىدى. يېتىۋالغانلار ئورنىدىن تۇردى. لېكىن ھەممەيلەن ئەندىشىلىك كۆزلىرى بىلەن سەھنىگە قارايتتى.

باش ئەترەت باشلىقى يەنە بىر نېمە دەي دەپ تۇراتتى. شۇ ئارىلىقتا بىرەيلەن قورققان ۋە قورۇنغان تەلەپپۇزدا پىكىر! ـ دەپ قول كۆتۈردى.

— تەرجىمان ئاكا! باش ئەترەت باشلىقىغا دەپ قويسىڭىز، بىزنى شوپۇر قىلىمىز دەپ ئەكەلگەن، ئەسكەر بولىسىلەر دېمىگەن. بىز ئەسكەر ئەمەس، بىز ئەسكەر بولمايمىز! شوپۇر بولىمىز! ـ دېدى. ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرقى جۈملىسىنى ئۈنلۈك دېدى.

ئۇنىڭ سۆزى تۈگەش بىلەن تەڭ، تەرەپ ـ

تەرەپتىن:

— بىز ئەسكەر ئەمەس، ئەسكەر بولمايمىز، بىزنى شوپۇر قىلىمىز دەپ ئېلىپ كەلگەندىكەن، گېپىدە تۇرۇشى كېرەك، دېگەن چۇقان كۆتۈرۈلدى.

باش ئەترەت باشلىقى تەرجىمانغا قارىغاندى. تەرجىمان بىزنىڭ سۆزىمىزنى تەرجىمە قىلىپ بەردى. باش ئەترەت باشلىقى بىر ئېغىزلا گەپ قىلدى.

تەرجىمان:

— باش ئەترەت باشلىقى سىلەرنى تارقالسۇن! دەيدۇ دېدى-دە، كەينىدىنلا ئۆزىنىڭ گېپىنى ئۇلاپ:

— ھەي كۆتلەشلەر! «ئۇستۇڭگە ھەربىيچە كىيىم كىيىۋېلىشىپ، يەنە ئەسكەر بولمايمىز دېيىشىسەنغۇ؟ تازىمۇ پوقباش بىرنېمىلەركەنسەن، باش ئەترەت باشلىقى تارقالسۇن دېسە، يەنە نېمىگە قاراپ تۇرىشىسەن؟-دېدى، تەرجىمان ۋە ئۆز گېپىدىن ئۆزى پەخىرلىنىپ كەتتى بولغاي، يوق ساقىلىنى سىلاپ غادايدى...

بۇ ئىشتىن كېيىن بىز خېلىغىچە ناھايىتى دەككە-دۈككىدە يۈردۇق. لېكىن بۇ مەزمۇندىكى گەپ قايتا تەكرارلانمىدى. شۇ ئىشتىن كېيىن باش ئەترەت باشلىقىنىمۇ قايتا كۆرمىدۇق.

كېيىنرەك ئاڭلىساق «كىچىك بالىلارنى چاۋشيەن ئۇرۇشىغا بارىسىلەر» دەپ قورقۇتقان، دېگەن سەۋەب بىلەن ئۇنى يۇقىرىدىن يۆتكەپ كېتىپتۇ، ئورنىغا ساڭ فامىلىلىك ئۇيغۇرچىنى چالا-بۇلا بىلىدىغان بىرەيلەن كەلدى. بىز بىر ئاز ئەقلىمىزگە كېلىپ، ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىشكە باشلىغاندىن كېيىن، بىزنىڭ شۇ چاغدىكى باش ئەترەت باشلىقىمىزنىڭ يەرلىك شىبە مىللىتىدىن بولۇپ، گومىنداڭنىڭ ھەقىقەتكە قايتقان لىيەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرى ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇرچە گەپنىمۇ بىرئاز بىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىدۇق.

بىز ئۆزىمىز ئېنىق بىلمەي يۈرگىنىمىز بىلەن ئەمەلىيەتتە راستىنلا ھەربىي سەپكە قاتناشقان ئىكەنمىز. 1952-يىل 1-ماي كۈنى بىزگە ھەربىي كىيىم تارقىتىپ بېرىلدى. شۇ كۈنىمۇ كىيىمنى خېلى جەڭگە-جېدەل بىلەن كىيدۇق. 10 نەچچە بالا ئەتىسىگىچە ھەربىي كىيىم كىيگىلى ئۇنىمىدى. شۇ ئىشلاردىن كېيىن بىزگە ئېنىق قىلىپ:

— سىلەر شىنجاڭ ھەربىي رايونى ترانسپورت بۆلۈمىنىڭ قارىمىقىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئەترىتى بولىسىلەر، شىنجاڭ «ئۆكتەبىر» ئاپتورېمونت زاۋۇتىغا قارايسىلەر، زاۋۇت شىنجاڭ ھەربىي رايونى ترانسپورت بۆلۈمىگە قارايدۇ، دەپ ئۇقتۇردى.

ئۇزۇن ئۆتمەي بىزنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ترانسپورت بۆلۈمىنىڭ قارىمىقىدىكى شوپۇرلار ئەترىتى بار قورۇغا يۆتكەپ كەتتى. بۇ جاي سايباغ رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى «تىنچلىق» ئۆستىڭىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدە ئىدى. شۇ چاغدا ئۇ، سۇچىلىق نازارىتىنىڭ ئارقىسىدىكى گومىنداڭنىڭ يەنە بىر ھەربىي كىيىم-كېچەك زاۋۇتىنىڭ ئورنى ئىكەن (ھازىر ئۇ يەردە سايباغ رايونلۇق قوراللىق بۆلۈم تۇرىدۇ).

بىز بىر ھەپتىدەك ئەمگەك قىلىپ سېغ دېيىلىدىغان چوڭ-چوڭ ئۆيلەرنىڭ ئىچىدىكى سېسىپ، چىرىپ كەتكەن نەچچە يۈز ھارۋا، كونا يۇڭ-تېرە، رەخت پۇرۇچلىرى، چىرىندا ۋە ئەخلەتلەرنى يۆتكىدۇق. زەي ئۆرلەپ تۇرغان تاملىرىنى قايتىدىن سۇۋاپ ھاكلىدۇق. ئۆگزىلەردىكى تۆشۈكلەرنى ياپتۇق. لاي سېلىپ يامغۇر ئۆتمەس قىلدۇق. بۇنىڭ بىلەن خېلى ئۇزۇندىن بۇيان چۆلدەرەپ ۋەيرانە تۇس ئالغان بۇ قورۇ يېڭى ئىسكەتكە كىردى.

بىز بىر ئۆيدە 60 نەچچىدىن 80 نەچچىگىچە بالا ياتاتتۇق. 10 — 15 كىشىلىك ئۆيلەرمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭدا ئەترەت باشلىقى، يېتەكچى ۋە ئەترەت كادىرلىرى ياتاتتى. بىزنىڭ 6-ئىزۋوت ئورۇنلاشقان ئۆي ئەڭ چوڭ سېغ بولۇپ، 83 بالا ياتاتتۇق. ئۆز ۋاقتىدىكى كىيىم-كېچەك تىكىدىغان بۇ سېخلارنى بىز كېيىنچە گازارما دەيدىغان بولدۇق.

ماشىنىلارنى چوڭ رېمونت قىلغاندا چىقىرىۋەتكەن كونا كوزۇپ شاللىرىنىڭ كېرەكسىزلىرىدىن بىزگە تامنى بويلاپ بىرتۇتاش بەنچاڭ ياساپ بەرگەنىدى. بۇ بەنچاڭ قوش قاناتلىق چوڭ ئىشىكتىن باشقا، تامنىڭ تۆت ئەتراپىدا بىر تۇتاش بار ئىدى. ھەممىمىزنىڭ «كارىۋات» نومۇرى تامغا چاپلاغلىق ئىدى.

بىزنىڭ ياش پەرقىمىز چوڭ ئەمەس ئىدى. 500 بالا ئىچىدە: 14 — 15 ياشتىكىلەردىن 10 نەچچىسى، 21 — 22 ياشتىكىلەردىن 15 چىسى بار ئىدى، قالغانلىرىمىزنىڭ يېشى 17 دىن 19 غىچە بولۇپ، ئوغۇل باللار كۆپ ساننى ئىگىلەيتتى. قىزلار جەمئىي 28 بولۇپ، ئۇلار، يەكەن دارىلئېتام بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك دارىلئېتامدىن كەلگەنلەر ئىدى. قىزلار ئىچىدە 4 شىبە قىز، 3 رۇس فرېۋوتكىسىدىن باشقىلىرى ئۇيغۇرلار ئىدى. ئۇلار بىر مۇستەقىل بەن بولۇپ باش ئەترەتكە بىۋاستە قارايتتى.

60 — 80 كىشىلىك چوڭ ياتاقلاردا ھەر ئاخشىمى، ھەتتا يېرىم كېچىدىمۇ جەڭگە - جېدەل چىقىپ تۇراتتى. ئەمگەكتىن ھېرىپ كەلگەن كىچىكرەك باللار ئۇدول كەلگەن ئورۇندا يېتىپ ئۇخلاپ قالاتتى. كارىۋات ئىگىسى كەلگەندە ئۇلار چالا ئويقۇلۇقتا ئورنىدىن تۇرغىلى ئۇنىمىغاندا جېدەل چىقاتتى. يەنە كېچىدە سىيگىلى چىققان باللار قايتىپ كىرىپ چالا ئويقۇلۇقتا ئورنىنى تاپالماي، باشقىلارنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئاتاتتى، شۇنداق چاغدا جېدەل چىقاتتى. ئارىمىزدا كېچىسى ئورنىغا سىيىپ قويىدىغان باللىدىن ئىككىسى، جۆيلۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ۋارقىراپ - جارقىراپ يىغلاپ كېتىدىغان باللىدىن بىرى بار ئىدى. جېدەلنىڭ كۆپى سىيىپ قويىدىغان، جۆيلۈيدىغان باللار بىلەن ئۇلارنىڭ يېنىدا ياتىدىغانلار ئوتتۇرىسىدا چىقاتتى. بۇنداق چاغدا تاممەش تۈۋىدە ياتىدىغان، يېشى ئەللىكلەرگە بېرىپ قالغان بولسىمۇ بويتاق ئۆتتۈۋاتقان، گومىنداڭدىن ھەقىقەتكە قايتقان ئىزۋوت باشلىقىمىز ۋاڭ بىلەن يەنە بىر تاممەش تۈۋىدە ياتىدىغان ياشراق، مۇئاۋىن ئىزۋوت باشلىقىمىز لى نۆۋەت بىلەن جېدەلنى ئاجرىتاتتى.

ۋاڭ يىلىڭ مايكا، كالتا ئىشتىنى بىلەن ئۈستىگە نىپىز ئەديالنى ئارتىۋېلىپ، تىترىگىنىچە دوكۇلداپ جېدەل چىقارغۇچىلار يېنىغا بېرىپ، مۇشتۇمى بىلەن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ كۆكرىكىگە بىر - ئىككىنى مۇشتلاپ:

— شىما ئاناڭنى شوۋچى گۆي، بولمايدۇ! ئۇخلا دەيتتى. بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى ئادەم تىللايدىغانلاردىن ئۆگىنىۋالغان گېپىنى تەكرارلاپ، ئاندىن يەنە دىككوكلىغىنىچە ئورنىغا بېرىپ، يوتقانغا كىرگەندىن كېيىن بېشىنى يوتقانغا پۈركىۋالاتتى، ئەتىسى دىژورنى سىۋىستىك چالغاندىمۇ ئورنىدىن تۇرمايتتى. بۇ ئۇنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقى ئىدى. بىزنى مۇئاۋىن ئىزۋوت باشلىقى لى مەشىققە ئېلىپ چىقاتتى.

بىزنىڭ 6 - ئىزۋوتنىڭ گازارمىسىدا 3 يەردە تام مەش بار ئىدى. بۇ تام مەشلەردىن بىر كۈنى ئۇ بۇزۇلسا، بىرقانچە كۈن بولا - بولماي يەنە بىرى بۇزۇلاتتى. ھەر قېتىم بۇزۇلغاندا موردىن تۈتۈن ماڭماي ئۆينىڭ ئىچىنى ئىس - تۈتەك قاپلاپ كۆزنى ئاچقىلى بولمايتتى. بىز جەنۇبىي شىنجاڭدىن كەلگەن باللار تام مەشنىڭ «تىلىنى» تېخى تازا بىلىپ كەتمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن پات - پات كىرىسىن قۇيۇپ ئوت تۇتاشتۇرىمىز دەپ تام مەشنى پارتلىتىپ قويغان چاغلىرىمىزمۇ بولغان. بۇنداق چاغدا مۇئاۋىن ئىزۋوت باشلىقىمىز لى (ئۇمۇ ھەقىقەتكە قايتقانلاردىن ئىدى) شالىسىنى چاچرىتىپ:

— پوق بارمۇ ماي قۇيۇپ، سەن بىلمەيدۇ بولغاندىن كېيىن، ماڭ سۇ ئەكىلىدۇ، - دەپ سۇ بىلەن ئوتنى ئۆزى ئۆچۈرۈپ، ئاندىن كېچىنى كېچەدىمەي نۆۋەتچى بەندىكلەرنى تۇرغۇزۇپ، چوڭ مەيداندىكى سېرىق توپا بىلەن خام خىشنى ئەكەلدۇرۇپ مەشنى ئۆزى رېمونت قىلاتتى (ئۇ ئۇستا تامچى ئىدى).

بىز دەسلەپتە خېلى ئۇزۇنغىچە باش ئەترەت باشلىقى، يېتەكچى، ئىزۋوت باشلىقلىرىمىزنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىن دەپ يۈرۈپتۇق. ئۇلار مەشىق مەيدانلىرىدا دائىم مەيدىمىزگە مۇشتلاپ، بولجۇڭ گۆشلىرىمىزگە تەپسە «ئازادلىق ئارمىيە ئىچىدىمۇ ئادەم ئۇرۇش بار ئىكەن» دەپ قالاتتۇق. كېيىنرەك بىلسەك، بىزگە رەھبەرلىك قىلىۋاتقانلاردىن يېتەكچى بىلەن بىر مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىن ئىكەن، قالغان 6 سى ئىزۋوتنىڭ ئىزۋوت، مۇئاۋىن ئىزۋوت باشلىقلىرى ئىكەن، باش ئەترەت باشلىقى ساڭ، يەنە ئىككى

مۇئاۋىن باش ئەترەت باشلىقى گومىنداڭنىڭ ھەقىقەتكە قايتقان شۇ دەرىجىلىك ئوفىتسېرى ئىكەن.

## شوپۇر قىزلار رىۋايىتى

1952 - يىلى كۈزدە نەنجىڭدىن مەخسۇس شوپۇرلۇق كۇرسىنى پۈتتۈرگەن 100 قىز شوپۇر كەلدى. ئۇلارمۇ سايباغ رايوندىكى بىر بار گازارمىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇلارغا شوپۇرلار 2 - ئەترىتى دەپ نام بېرىلدى. ئاتلىش تەرتىپىمىز: شوپۇرلار 1 - ئەترىتى، شوپۇرلار 2 - ئەترىتى، ئوقۇغۇچىلار ئەترىتى دەپ تىزىلدى.

كەلگەن كۈنى بىز ئۇلارنىڭ شوپۇر ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، قولىقىمىزغا ئىشەنمەي قالدۇق، ھاڭ - تاڭ بولغانلىقىمىزدىن ئېغىزلىرىمىز ئېچىلىپ، كۆزلىرىمىز چىمىلداپ كەتتى.

— ھەي بالىلار! چىققىلار «تەتەيلەرنى» ئېلىپ كېتتۇ. ئۇلارنى نېمە قىلىدىغاندۇ؟-دېدى بىرەيلەن جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن ھەممە ئاڭلىغىدەك ۋارقىراپ.

— ئەمگەككە سالامدۇ بىزگە ئوخشاش، - دېدى قاۋۇل دېگەن بالا بىپەرۋالىق بىلەن.

— بەللىرى يىڭناغۇچتەك تۇرسا، ئەمگەك قىلالامدۇ ئۇلار؟ شوپۇر دەيدۇ، - دېدى كۆچالىق داۋۇت.

— ماڭاۋاي ئاداش! توۋا دېگىنا؟ قىز بالىمۇ ماشىنا ھەيدىيەلەمدۇ؟ نەدىكى ئاڭلاپ باقمىغان گەپنى قىلىدىكەنسەن، - دېدى قاۋۇل ئىشەنمەي.

— ئىشەنمىسەڭ قاراپ تۇر، بىر قانچە كۈن ئۆتمەيلا كۆرۈپ قالىسەن، - دېدى داۋۇت ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە بويۇن تولغاپ كېتىپ قالدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ بىز ئۇلارنى كۆزىتىشكە باشلىدۇق.

ئۇلارنىڭ يېشى بىزدىن چوڭ ئىدى. بىلىدىغانلىرىمۇ كۆپ ئىدى. چۈنكى ئۇلار تولۇق ئوتتۇرا، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ، يەنە مەخسۇس شوپۇرلۇق تېخنىكومىدا ئوقۇغانلار ئىكەن.

لېكىن بىز ئۇلارنىڭ ئۇ تەرەپلىرىگە ئانچە ھەۋەس قىلىپ كەتمەيتتۇق. بىزنىڭ دىققىتىمىزنى قوزغايدىغىنى ۋە بىزنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى قىز بالا تۇرۇپ ماشىنىنى گۈركىرىتىپ ئۇچۇرۇپ ئالدۇرۇپ، گۈركىرىتىپ ھەيدەپ، نە - نەلەرگە بېرىپ، ھەرخىل قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى بېسىپ گازارمىغا يەنە كىرىپ كېلىدىغانلىقى ئىدى. بىزگە ئوخشاش ئەزەلدىن قىز بالىنىڭ ماشىنا ھەيدىگىنىنى كۆرمىگەن سەھرا بالىلىرى ئۈچۈن بۇ ھەرىكەتلەر قالتىس ھەيۋەت كۆرۈنەتتى. شۇڭا بىز ھەر كۈنى ئۇلارنىڭ كېلىشىگە يېقىن چوڭ مەيداندىكى ماشىنا كىرىپ - چىقىش دەرۋازىسى ئېغىزىدىكى يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا خۇددى قالىغاچنىڭ بالىلىرىدەك قاتار تىزىلىشىپ، ئۇلارنىڭ ماشىنا ھەيدىشىنى «تاماشا» قىلاتتۇق ۋە بىر - بىرىنى سېلىشتۇرۇپ:

— ئاۋۇنىڭدىن ئاۋۇ يامانكەن، - دەپ غولغولا قىلىشىپ كېتەتتۇق.

بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بىز ئۇنچە قىلىپ كەتمەيدىغان بولدۇق. چۈنكى ئۇلار ماشىنىنى تۆۋەن سۈرئەت بىلەن ھەيدەيتتى. ئاسانلىقچە 3 - خوتقا سالالمايتتى. سەللا ئادەم كۆپ، ماشىنا كۆپ جايلاردا قورقۇپ ماشىنىنى توختىتىۋالاتتى.

بەزىلەر ئەمدى ئۇلارنى ئانچە كۆزگە ئىلىپ كەتمەيدىغان بولدى. چۈنكى بىزنىڭمۇ بىر ئاز كۆزىمىز پىشىپ، نەزەر دائىرىمىز كېڭىيىپ قالغانىدى.

كۆچالىق بەزى بالىلار:

— قىزبالا دېگەن ھامان قىز بالا، مەن ماشىنا ھەيدەشنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن ئۇلاردەك قورقۇپ 2 - خوتتا مىسىلداپ ئولتۇرمايمەن. ھەدېگەندىلا 3 - خوتقا سېلىپ چاپىمەن، قاراڭلار ئۇلارنى، خۇددى ئۆمىلەپ ماڭغاندەك مېڭىۋاتقىنىنى، - دەيدىغان بولدى.

ئۇلار ھەيدىگەن ماشىنىلار سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن ئىككى يېرىم توننىلىق «گاز — 51» ئىدى. كۆپ چاغلاردا بىز ئۇلارنىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ دۆڭسەندىن ياپىلاق تاش، يېقىلغان تاش، ليۇداۋانلاردىن سېرىق توپا، ئۈرۈمچى دەرياسىدىن شېغىل، قۇم توشۇيتتۇق. ئۇلارنىڭ سۈرئىتىدىن ئىچىمىز پۇشاتتى.

بىر قېتىم قۇم تۇشۇش ۋەزىپىسى 2 - ئىنرۇۋوتقا ئورۇنلاشتۇرۇلغاندا، شۇ ئىنرۇۋوتىنكى كۆچالىق مامۇت قۇربان دېگەن بالىنىڭ باشلامچىلىق قىلىشى بىلەن ئايال خەق ھەيدىگەن ماشىنىغا چىقمايمىز، دېگەن چاتاق چىقتى. بۇ چاغدا قىز شوپۇرلار قورقۇپ يا ئالدىغا ماڭالماي، ياكى ماشىنىدىن چۈشۈپ گەپ قىلالماي، كېپىنكىدە ئالاقزادە بولۇشۇپ جىممىدە ئولتۇرۇۋېلىشتى، تاكى باشلىقىمىز كېلىپ، بىزنى تەنقىد قىلىپ قىز شوپۇرلارغا مېڭىش بۇيرۇقى بەرگەندىن كېيىن، ئۇلار ئېھتىيات بىلەن ماشىنىلىرىنى ھەيدەپ چىقىپ كەتتى. بۇ كېسەل كېيىن باشقا ئىنرۇۋوتلارغىمۇ يۇقۇپ «قىز بالا ھەيدىگەن ماشىنىغا چىقمايمىز» دېگەن پاراڭ بىرقانچە قېتىم بولدى.

شوپۇرلار 1 - ئەترەتتىكىلەرنىڭ باشقۇرۇشىدا گومىنداڭدىن ئەسىرگە چۈشكەن، ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن «دادۇجى»، «شياۋدۇجى»، «جەمشى»، ياپونىيىدە ئىشلەنگەن «شاۋفۇلىڭ» دېگەن ماشىنىلاردىن تەخمىنەن 70، 80 ى بار ئىدى. بۇ ماشىنىلار چوڭ مەيداننىڭ سوچىلىق نازارىتى تەرەپتىكى قورۇتام تۈۋىدە، ئوچۇقچىلىقتا تۇراتتى. بۇلاردىن پەقەت بىرقانچىسىلا ساق بولۇپ، يېقىن مۇساپىلەرگە ھەيدىگىلى بولاتتى. قالغانلىرى تۆمۈر - تەسەك ئورنىدىكى تاشلاندۇق ئىدى. بىر ئاز مۇكەممەل بولغانلىرىنى بىز دەرس ئۆگىنىشتە ئىشلىتىپ، كۈندە نەچچە قېتىم چۇۋۇپ، نەچچە قېتىم قايتا قۇراشتۇرۇپ ئوينايتتۇق.

شوپۇرلار 1 - ئەترەتتىكىلەردىن 10 نەچچە كىشى بىز ئوقۇغۇچىلار ئەترەتتىكىلەرگە ئۇستاز ۋە مۇئەللىملىك قىلاتتى. بىزگە تۇركۈمگە بۆلۈپ ماشىنا ھەيدەش، رېمونت قىلىش ئاساسلىرى ۋە ئەمەلىي مەشغۇلاتنى ئۆگەتتى.

بىز ھەر كۈنى كۈندۈزى ھەر تەرەپلەرگە ئەمگەك قىلىشقا، ماشىنىلار بىلەن قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى توشۇشقا تاراپ كېتەتتۇق. بۇنداق چاغلاردا پۈتۈن ئەترەت قۇرۇقدىلىپ - چۆلدەرەپ قالاتتى. پەقەت ئۆگىنىش قىلىش بەلگىلەنگەن كۈنلەردە، قېلىن قار يېغىپ، سىرتتا ئەمگەك قىلغىلى بولمايدىغان، ماشىنىلار يولدا قاتنىيالمايدىغان قىش كۈنلىرىدە ئۆگزە، ھويلا، مەيدان، يوللاردىكى قارلارنى تازىلاش ئەمگىكى ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى. مۇشۇنداق چاغلاردا 3 ۋاق تاماق ۋاقتىدا 3 ئەترەت جەم بولغاچقا، قورۇنىڭ ئىچى مىغ - مىغ ئادەم بىلەن تولاتتى.

ئۇ يىللاردا ئۈرۈمچىدە ياز كۈنى يامغۇر، قىش كۈنى قار كۆپ ياغاتتى. بىز قىشتا كۈنلەپ - كۈنلەپ چانا كارۋىنى ھاسىل قىلىپ، ئەترەتلەرگە تەقسىم قىلىنغان جاينىڭ قارلىرىنى ئۈرۈمچى دەرياسىغا ئاپىرىپ تۆكەتتۇق. بۇ چاغدا 3 ئەترەت گىرەلىشىپ كېتەتتۇق.

بىزنىڭ ئاشخانىلىرىمىز ئايرىم - ئايرىم بولسىمۇ، ئارىلىقى ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. بىز چېلەككە ئۇسسۇلغان تاماقلارنى بەنلەربويىچە ئۇسۇپ قىش - ياز تالادا يەيتتۇق. بۇنداق چاغلاردا شوپۇرلار 1 - ئەترەتتىكىلەردىن بىر قىسىم ياشراق شوپۇرلار قىز شوپۇرلار 2 - ئەترەتتى تەرەپتىكىلەرگە قارىۋالاتتى. ھەۋەسلىنىشتىن كېلىپ چىققان كۆز، باش، قول ھەرىكەتلىرى ئۆزلۈكسىز چىقىپ تۇراتتى. بولۇپمۇ چۈشلۈك، كەچلىك تاماق ۋاقىتلىرىدا ئىما - ئىشارەتلەر تېخىمۇ كۆپ بولاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلەر قاچىسىغا بىر قاراپ، قىزلار تەرەپكە بىر قارايتتى. ئاغزىغا سالغان ئېشىنى ئۆزۈنچە تەتۈر چايناپ، ئاللا - قاچان يۇتۇپ بولغاندىن كېيىنمۇ ھاڭ باققىنىچە ئولتۇرۇپ كېتىپ، تامىقىنىڭ سوۋۇپ قالغىنىنىمۇ تۇيمايتتى-دە، بىر ھازادىن كېيىن ھوشىنى يىغىپ، يەنە بىر كاپام ئاغزىغا سالغىنىچە ئۇنىمۇ شۇنداق تەتۈر چايناپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. بىز يىراقتىن «تاماشا» كۆرۈپ قاقاھلاپ كۈلۈشكىنىمىزچە چۇقان كۆتۈرەتتۇق.

بىر كۈنى بىز مۇشۇنداق «تاماشا» كۆرۈۋاتقاندا يەنە شۇ مامۇت قۇربان دېگەن بالا تاماق ئۇسۇلغان قاچىسىنى قولىغا ئېلىۋېلىپ دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، چوكا بىلەن قەلەي قاچىنى ناغرا قىلىپ چالغىنىچە:

— ھەي بالىلار! قاراڭلار! ئاۋۇ «تەتەيلەر» نى، ھەممىسىنىڭ «ئىشتىنى يوقكەن» دەپ

ۋارقىرىدى بۆرە چىشىنى كالپۇكىنىڭ سىرتىغا چىقىرىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئېغىزىنىڭ ئوڭ تەرىپىنىڭ ئۈستىدە بىر بۆرە چىشى بولۇپ، كۈلكىدىن كېيىن ئېغىزىنى يۇمغاندا دائىم ئاستىن كالپۇكىنىڭ سىرتىدا قالاتتى، شۇ زامان نۇرغۇن باللار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ كالتا يوپكا بىلەن زوڭ ئولتۇرۇپ تاماق يەۋاتقان قىزلار تەرەپكە قاراشقىنىچە:

— راست ئىكەن، راست ئىكەن-، دېيىشىپ چۇقان سېلىشتى.

قىزلار بىزنىڭ نېمە دەپ چۇقان سېلىشقىنىمىزنى ۋە نېمىگە كۈلۈشكەنلىكىمىزنى چۈشەنمىگەچكە، بىز تەرەپكە قارىشىپلا قويدى. ئىزۋوت باشلىقلىرىمىزمۇ نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمىدى، لېكىن مامۇت قۇرباننىڭ ئادەتتىمۇ كەپسىزلىكىنى بىلگەچكە بىزەر ئىشنى سەزگەندەك قىلىپ، بىزگە ئالايغىنىچە جىم ئولتۇرۇپ تامىقىمىزنى يېيىشكە بۇيرۇدى.

بۇ ئىش ئەتىسى سۈرۈشتۈرۈلدى. مامۇت قۇربان خەنزۇچە بىلىدىغان باللىنىڭ تەرجىمانلىق قىلىشى بىلەن ئۇرۇمچىلىك ئېلى دېگەن باش ئەترەت باشلىقىمىز ساڭنىڭ قاتتىق تەنقىدىگە ئۇچرىدى.

قىزلار 2 - ئەترەتتىكىلەرنىڭ ھەربىي فورمىلىرىمۇ بىزنى جەلپ قىلاتتى. ئۇلارغا نەنجىڭدىكى چاغدىلا خۇددى ئۆزلىرىگە ئۆلچەپ تىككەندەك شۇنچە يارىشىملىق سېرىق توچۇركا بىلەن كالتا يوپكا، بېشىغا ھەربىي ئىسپانكا تارقىتىپ بېرىلگەنىكەن. قىشلىق كىيىملىرىمۇ ئۆزلىرىگە شۇنداق دەل كېلەتتى. سول يانچۇق ئۈستىگە ئورنىتىلغان «خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى» دېگەن بەلگىمۇ پۇرلاشماي ناھايىتى رەتلىك تۇراتتى. ئۇلار سەپكە تىزىلسا «ئازاد» پوسۇنلۇق قىرقىم چاچلىرى كىيىم ۋە بويلىرىغا شۇنداق يارىشاتتىكى، ئۇلارنى تەكشى ئېچىلغان قىزىل گۈلدەك چىرايلىق ۋە ھەيۋەت كۆرسىتەتتى، ھەتتا ئۇلار ئىچىدىكى سەتراقلىرىمۇ چىرايلىق، گۈزەل كۆرۈنەتتى.

لېكىن بىزنىڭ كىيىملىرىمىز ئۇنداق ئەمەس ئىدى. يېشىمىز كىچىك، جۇغىمىزمۇ كىچىك بولغاچقا، ھەربىيدە ئادەتلەنگەن چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك نومۇرلار بويىچە تارقىتىلغان يازلىق، قىشلىق كىيىملەر ئاز ساندىكىلەرگە توغرا كەلسىمۇ، كۆپ ساندىكىلەرگە چوڭ كېلىپ قالاتتى. چاپاننىڭ يېڭىنى 2 قاتلايتتۇق. پېشىمۇ تىزىمىزدىن ئېشىپ چۈشۈپ خۇددى ئاتىمىز ياكى ئاكىمىزدىن ئېشىپ قالغان كالتە پەلتوغا ئوخشاپ قالاتتى. پاختىلىق ئىشتىنىمىزنىڭ پۇشقىقىنىمۇ ئاشۇنداق بىردىن ئىككىگىچە تۇرۇۋالاتتۇق. قاتلانغان جاي قېلىنلىشىپ، يول ماڭغاندا بىر - بىرسىگە سۈركىلىپ ئۇزاققا قالماي ئەستىرى يىرتىلىپ، پاختىسى تىتىلىپ چىقاتتى. بويى ئېگىز، يېشى چوڭراق بىرقانچەيلەنگە بەرگەن كىيىملەر بىزنىڭكىدىن ئەكسىچە بولۇپ، ئۇلارنى خۇددى قوناقلىقتىكى قارانچۇققا ئوخشىتىپ قوياتتى. چاپاننىڭ يېڭى قولىنىڭ بېغىشىنى، ئىشتاننىڭ پۇشقىقى ھوشۇقىنى ياپالمايتتى. بىزنىڭ بۇ تۇرقىمىزنى كۆرگەن قىزلار پىخىلداپ كۈلۈشكىنىچە قولى بىلەن ئېغىزىنى ئېتىۋېلىپ، بىرنېمىلەرنى دەپ كۇسۇلدىشىپ كېتەتتى. بەزىدە:

— ھەي بالاڭ!-دەپ يېڭىمىز بىلەن پۇشقىقىمىزنى ئىشارەت قىلىپ كىيىمىڭگە قارا، دېگەندەك قىلىشىپ كېتەتتى.

ئارىمىزدىكى خەنزۇچە گەپ بىلىدىغانلاردىن باشقىلار ئۇلار بىلەن پاراڭ قىلىشالمايتتۇق. ئەمەلىيەتتە پاراڭ سېلىشقىدەك سالاھىيىتىمىزمۇ يوق ئىدى. چۈنكى ئۇلار ئۇستاز، بىز شاگىرت؛ ئۇلار ئىشچى، كادىر، بىز ئوقۇغۇچى ئىدۇق. شوپۇرلار 1 - ئەترەتتىكىلەرنى ئاناقۇش دەپ قىياس قىلساق، شوپۇرلار 2 - ئەترەتتىكىلەرنى ئۇچۇرما بولغانلار، بىز بولساق تېخى ئەمدىلا تۇخۇمدىن چىققان قىزىل قۇرت ئىدۇق.

ۋاقىت ئۆزارغانچە بەزى كەپسىز باللار قىزلار توغرىسىدا بەزى گەپلەرنى تاپتى ۋە بەزى بولمىغۇر ھەرىكەتلەرنى قىلىپ قويدى. ئەڭ مۇھىمى شوپۇرلار 1 - ئەترەتتىكىلەردىن بەزى مەسىلىلەر چىقىشقا

باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن شوپۇرلار 2 - ئەترىتىدىكىلەر ئۇزاققا قالماي زاۋۇت ئىچىدىكى كوللېكتىپ ياتاق پۈتكەن ھامان يۆتكەپ كېتىلدى.

زاۋۇت ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەندىن كېيىن بۇ قىزلار شوپۇرلۇق قىلمىدى. ھەممىسى دېگۈدەك سېخ، بۆلۈملەردە تېخنىك، مېخانىك، بوغالتېر، كاسسىر، پىلانلىغۇچى، ئىستاتىستىكىچى، قورال - سايمان باشقۇرغۇچى قاتارلىق كەسپىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. كۆپ قىسمى زاۋۇتتىكىلەر بىلەن توي قىلدى. بەزىلەر يېشى ئۆزىدىن خېلىلا چوڭ كادىرلارغا ياتلىق بولدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىملارنىڭ ئەرلىرى ئۆز ۋاقتىدىكى گومىنداڭنىڭ ھەقىقەتكە قايتقان ئوفىتسېرلىرى ئىدى.

بۇ قىزلار بارا - بارا كەسپىي جەھەتتىن ئۆز سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، پىشىپ يېتىلىپ، زاۋۇتنىڭ ئاساسلىق تايانچلىرىدىن بولۇپ قالدى. بىرقانچەيلەن سېخ، بۆلۈم مەسئۇللىرى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرىدىن بولۇپ قالدى.

## كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدىغان ئىككى ئاشپەز

مېنىڭ بۇ بابنى يېزىشىمدىكى مەقسەت — بۇ ئىككى ئاشپەز ئۇستامنى چۆكۈرۈش ئەمەس. ئۇلار ئاللىبۇرۇن ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇلار پۈتۈن ئۆمرىنىڭ كۆپ چاغلىرىنى جاپا، سەرسانلىقتا ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، ئەۋلادمۇ قالدۇرالمىغانىكەن. مەن بۇ يەردە ئۇلارنى يېزىش ئارقىلىق شۇ چاغدىكى تۇرمۇش شارائىتىمىزنى ياشلارغا بىلدۈرۈش ئارقىلىق، ھازىرقى باياشات تۇرمۇشىمىزدا ئىسراپچىلىق بولمىسىكەن، ھازىرقىنىلا بىلىپ قالماي بۇرۇنقىسىنىمۇ بىلىپ قويۇپ، ھوشىمىزنى يوقىتىپ قويمىساقىكەن، دېمەكچىمەن.

بىزگە تاماق ئېتىپ بېرىدىغان بۇ ئىككى ئاشپەز ئۇستامنىڭ بىرىنىڭ ئېتى ئىبراھىم، يەنە بىرىنىڭ ئېتى مۇسا ئىدى. ئۇلارمۇ ئازادلىقتىن بۇرۇن گومىنداڭنىڭ تۆگە كارۋىنى باتالىيونىدا ئاشپەزلىك قىلغان، 1949 - يىلى ھەقىقەتكە قايتقانلار قاتارىدىكى خادىملار ئىدى. ئەينى چاغدا ھەر ئىككىسىنىڭ يېشى 50 ئەتراپىدا بولۇپ، ئاڭلىشىمچە ئۇلاردىن مۇسا بىر ئۆيلەنگەن بولسىمۇ، ئىبراھىم ئۆيلەنمىگەنىكەن، ئۇلارنىڭ ئاشپەزلىكتە تۈزۈكرەك ھۈنىرى بولمىغاندىن تاشقىرى تازلىق دېگەننى بىلمەيتتى. ئىبراھىم خۇي - پەيلى ئىنتايىن ئوسال ئادەم ئىدى.

ھەر ئىككىسى يىل بويى توڭرا كۆينەك، مايلىق چاپان كىيىپ، يۈندا ۋە ئاش سۈيى تۆكۈلۈپ ئۈستىبېشى قاسماقلىشىپ قانداق رەڭلىك رەختتىن تىكىلگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان كىيىم، سۆرىمە كەش (بۇ سۆرىمە كەش ئەمەلىيەتتە تاپان تەرىپىنى كېسىۋەتكەن كونا لاتا خەي ئىدى) كىيىپ يۈرۈشەتتى. ئايلاپ - ئايلاپ ساقال - بۇرۇتىنى ئالدۇرمايتتى. يۈز - كۆزلىرىنى سوپۇنداپ يۇمايتتى. تاماق ئەتكەندە قوللىرىنى يۇيۇپ تۇرىدىغان - تۇرمايدىغانلىقىنى بىلمەيتتۇق. بىزنى ھەپتىدە بىر قېتىم سايباغ رايونلۇق كوللېكتىپ مۇنچىغا چۆمۈلدۈرەتتى. لېكىن بۇ ئىككىسىنىڭ مۇنچىغا بارغانلىقىنى كۆرگىلى بولمايتتى.

ئىبراھىم بىلەن مۇسا ئاشخانىغا يانداپ سېلىنغان كىچىككىنە كاتەكتەك ياتاقتا ياتاتتى. ياتاققا كىرىپ، كۆرۈپ چىققانلارنىڭ دېيىشىچە، بۇ ياتاق ئىنتايىن پاسكىنا ۋە قالايمىقان بولۇپ، ئىچى قاپقاراڭغۇ، ھەممە يەرلىرىنى تور باغلاپ كەتكەنىمىش. ھەربىيدىن تارقىتىپ بېرىلگەن يوتقان - كۆرپىسى، ئۈستىدىكى كىرلىك دېگەنلەر، تارقىتىپ بەرگەندىن بۇيان سۇ يۈزىنى كۆرمىگەن.

ھەر ئىككىلىسىنىڭ بىردىن بەش باڭلىق قەلەي كورۇشكىسى بار ئىدى. دەملەنگەن قارا چاي دۇغىدىن كورۇشكىنىڭ ئىچى بىلەن تېشى ئوخشاش قارا رەڭگە كىرىپ، قەلەي ياكى باشقا نەرسىدىن ياسالغانلىقىنى پەرق قىلغىلى بولمايتتى.

ئىبراھىمنىڭ شەپكىسى مەيلى يالاڭ ياكى پاختىلىق بولسۇن، قىش، ياز ھەرگىز بېشىدىن چۈشۈرمەيتتى. دائىم ئوڭ تەرەپكە قىڭغىر قىلىپ كەيگىنى ئۈچۈن چېكىلىكى قۇلىقىنىڭ ئۈستىگە توغرا

كېلەتتى. مۇسا يۇمىلاق باش، تاز بولغىنى ئۈچۈن چۆرىسىگە بىلىنەر - بىلىنمەس گۈل چېكىلگەن شاپاق دوپپىسىنى بېشىدىن چۈشۈرمەيتتى. لېكىن ئۇنىڭ دوپپىسىنىڭ تىكىلگەندىن بۇيان يۇيۇلۇپ باققان - باقمىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. مايلىشىپ كەتكەن بۇ دوپپا ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئاق رەڭگىنى ئاللىقاچان يوقىتىپ، يۇندا رەڭگە ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى.

مۇسا پاسكىنىچىلىقتا ئىبراھىمدىن پەرق قىلمىغىنى بىلەن ئادىمگەرچىلىكتە ئۇنىڭدىن چوڭ پەرق قىلاتتى.

ئىبراھىم ھەر كۈنى ئەتىگىنى ئورنىدىن تۇرۇپلا، يۈزىنىمۇ يۇماي ئاچ قورساققا سۇدېيىدىكى سېسىق جۇن ھارىقىنى ئىچىۋېلىپ، كەچكىچە چالا مەست ھالەتتە «پەيزى سۈرۈپ» ئولتۇرۇش - جەدەل ئىچىدە تاماق ئېتەتتى. نەسىھەت قىلغان خەنزۇ باشلىقلارنى ئۇيغۇرچە، ئۇيغۇرلارنى خەنزۇچە تىللايتتى. بەزىدە ئاغزىغا كەلگەنچە رۇسچە بىرنېمىلەرنى دەپ تىللايتتى.

ئىبراھىم پىت كۆز، يۇمىلاق يۈز، يىل بويى يۈزىدىن كىچىك - كىچىك بىلىنەر - بىلىنمەس مونەكلەر كەتمەيدىغان، قارا، ئوتتۇرا بوي، ئورۇق ئادەم ئىدى. بىر ئىككى يىلدەك ئۇنىڭ قولىدىن تاماق يەپ، چىرايىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى كۆرمىگەنىدۇق. بەزىدە ئۇ كۆپرەك ئىچىپ قويغاندا، بىرەرسى كېلىپ، بىر نەرسىنى سوراپ قويسا، كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ، كىچىك پىت كۆزلىرىنى خومالاشتۇرغىنىچە:

— ياپتۇۋايىمات سوۋالىش، نېمە پەيزىمنى ئۈچۈرىسەن؟ دەپ قولىدىكى ھورنان قىلىۋاتقان پارچە خېمىرنى ئېتىپ رۇسچە تىللايتتى. چۈنكى ئۇ ھورنان ئەتكەچ ھېلىقى سېسىق جۇننىڭ پەيزىنى سۈرەتتى. ئەگەر ئۇ ئادەم بىرەر ئېغىز گەپ ياندۇرۇپ قويىدىغان بولسا، مەستلىكىنىڭ يۇقىرى پەللىسىدىكى ئالامەتلەرنى يۈزى بىلەن كۆزىگە يۇگۇرتۇپ پىت كۆزلىرىنى تەتۈر ئالايتىپ، كۆز ئېقىنى بولۇشىغا يوغانتىپ، مۇشتۇمىنى ئارىچىلاپ تۈگكىنىچە دەلدەڭشىپ ئالدىغا كېلىپ، قول - پۇتىنى تەڭ ئىشقا سالاتتى-دە، ئاتقان مۇشتى بىلەن تېپكى تەگمەي، ئۆزى ئارقىسىچە گۈپپىدە موللاق ئېتىپ چۈشەتتى. چۈنكى ئۇ مەستلىكتە نىشانى خاتا كۆرۈپ يىراقتىن مۇشت ئېتىپ سالغانلىقى ئۈچۈن مۇشت بىلەن پۇتى بوشلۇقتا قالاتتى. ئۇنىڭ يىقىلغان جايى كۆپ ھاللاردا قاراڭغۇ ئاشخانىنىڭ ئاش سۈيىدىن زەيلىشىپ تېيىلغاق بولۇپ كەتكەن يېرىگە توغرا كېلەتتى. ئۇ شۇ يانتاقىچە خېلى ئۆزۈن يېتىپ قالاتتى. بۇنداق چاغدا مۇسا غۇدۇڭشىغىنىچە ئۇنى خەنزۇچە تىللاپ ئۆزى يالغۇز ھورنان سالاتتى. ئەگەر ئىبراھىمنى كىمدە - كىم ئىچ ئاغرىتىپ يۆلەپ قوپۇرۇپ قويماقچى بولىدىكەن، ئىنجىقلاپ ئورنىدىن تۇرۇۋالغاندىن كېيىن دەلدەڭشىگىنىچە يۆلىگۈچىنىڭ بىخەستەلىكىدىن پايدىلىنىپ مۇشت بىلەن قولاق تۈۋىگە كېلىشتۈرۈپ بىرنى سېلىۋالغاندىن كېيىن ئارتۇق ئىشلەتكەن كۈچىدىن ئۆزى يەنە ئوڭدىسىغا چۈشۈپ كېتەتتى-دە، ئاندىن ناھايىتى تەستە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىككى كۆزىنىڭ ئېقىنى كۆز چانقىنىڭ ئەڭ چېتىگىچە چىقىرىپ، ئالغاي ھالەتتە ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە بىر - بىرلەپ قاراپ چىقىپ:

— ھو! ياپتۇۋايىمات سوۋالىشلار، پالانى نېمەم ئۈچۈق قاپتىمۇ؟ جۇن ئىچسەم ئۆز پۇلۇمغا ئىچتىم، ھەي مۇساتاز، نېمىگە كۈلىسەن؟ ... دېگىنىچە ياتقىغا چىقىپ «يېشىلىش» ئۈچۈن يەنە جۇن ئىچىپ داۋاملىق «پەيزى» سۈرەتتى. شۇڭا ھېچكىم ئۇنىڭ يېنىغا بارالمايتتى. ھېچكىمنىڭ ئۆزىنىڭ يېنىغا بارالمىغانلىقىدىن پەخىرلەنگەن ئىبراھىم ئۆزىنى خۇددى «قەھرىمان» لاردەك ھېس قىلىپ ئاشخانا ئالدىغا چىقىۋالاتتى-دە، ئىككى پۇتىنى كېرىگىنىچە ماشىنا ئادەمدەك لىڭشىپ ئۆزىدىن شۇنچە يىراق تۇرغان ئادەملەرگە مۇشت ئاتاتتى. شامالغا ئاتقان مۇشتتىن ئوڭدىسىغا يىقىلىپ تېخىمۇ «يېڭى» سەت ھۇنەرلىرىنى كۆرسىتەتتى.

مۇسانىڭ مىجەزى ئۇنداق ئەمەس ئىدى. ئاز - تولا نومۇسنى بىلەتتى، ئادىمگەرچىلىكىمۇ بار ئىدى. ھاراق ئىچمەيتتى. بىزگە قولىدىن كېلىشىچە

ياخشىلىق قىلاتتى. لېكىن ئۇمۇ ئىبراھىمدىن قورقاتتى. ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بولۇشنى خالىمايتتى.

بىز بەزىدە ئەمگەكتىن بۇرۇنراق قايتىپ كېلىپ تاماق پىشقىچە قورسىقىمىزنىڭ ئاچلىقىغا پايلىماي:

— مۇساكا! بىزگە بىردىن هورنان بېرىڭا، قورسىقىمىز ئېچىپ كەتتى، دېسەك، تۆت ئەتراپىغا قارىۋېتىپ، ئىبراھىمنىڭ يوقلۇقىدىن ياكى سەزمىگىنىدىن پايدىلىنىپ بىردىن هورنان بېرەتتى. خۇشلۇقى تۇتۇپ قالسا، ئىككىدىن بېرىۋېتىپ:

— ئىبراھىم كۆرمەستە تېز چىقىپ كېتىڭلار، دەيتتى.

بىز ئۇنىڭ ئالدىدا مۇساكا دەيتتۇق، كەينىدىن مۇسا تاز دەيتتۇق. ئۇنىڭ بېشى ھەقىقەتەن گەدىنىگىچە قىزىل ئىدى.

ئوقۇغۇچىلار ئەترىتىدە ئاشپەز ئىككى بولغىنى ئۈچۈن، بىز ھەر كۈنى چۈش ۋە كەچتە 3 تىن 5 كىچە بالا نۆۋەت بىلەن ياردەمگە كىرەتتۇق. ھەرقېتىم ياردەمگە كىرگەنلەردىن، ئۇلارنىڭ تاماقنى قانداق ئەتكەنلىكىنى كۆرگەنلەرنىڭ نەچچە كۈنگىچە ئىشتىيى تۇتۇلۇپ، تاماق يېگۈسى كەلمەيتتى.

ئۇلارنىڭ ھۈنىرى توغرىسىدا بىرنېمە دېمەك ھەقىقەتەن تەس. شەرت - شارائىت مەسىلىسىمۇ بار. لېكىن بىزگە كۈندە ئېتىپ بېرىدىغان تاماقتىن قارىغاندا، ئۇلارنى ئاشپەز دېگىلى بولمايتتى. گومىنداڭنىڭ تۆگە كارۋىنى باتاليونى بىلەن يۈرۈپ ئۆزلىرى مەجبۇرىيەت يۈزىسىدىن بۇ يولغا ماڭغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى بىزنىڭ تامىقىمىز ئادەتتە ئارىلاشما ئۇننىڭ هورنېنى، ئۇماچ، ئارىلاپ ساپ بۇغداي ئۇنىدا چىمچىلاق قولدەك كېسىلگەن چۆپلۈك سۇيۇق ئاش، ئۇماچتەك يۇمشاق پىشقان گاڭپەن، يېسىۋىلەك قورۇمىسى، يېسىۋىلەك شورپىسى (ئەمەلىيەتتە قورۇما قورۇپ بولغان قازاننىڭ سۈيى)، چوڭ - چوڭ توغرالغان ياڭيۇ، چالا پىشقان كاللەك بەسەي قاتارلىقلار ئىدى. بەزىدە تېخى ئەمدىلا ئۈنىشىق ئۆتكەن يېسىۋىلەك، كاللەك بەسەي قورۇمىلىرىنى ئەپچىقىپ بېرەتتى.

ھېيت - بايرام كۈنلىرى تاماقنى ياخشىلايمىز دەپ گۆش، مايلار كۆپەيتىلگەندىمۇ، تاماقنىڭ تۈرى يەنە شۇ بىرقانچە خىلدىن كۆپەيمەيتتى. تەمىمۇ بۇرۇنقىدىن ئانچە پەرق قىلىپ كەتمەيتتى. بەزىدە نان يېقىپ بېرەتتى، ئۇ نانلار بۇغداي ئۇنىنى قۇرۇق ئۇن قىلىپ، قوناق ئۇنى بىلەن ئۇششاق سۆك ئارىلاشتۇرۇپ يېقىلاتتى، شۇڭا چوكىنىڭ ئۇچى پانقىدەك يېرىلىپ كېتەتتى ۋە چالا پىشاتتى. بۇنىمۇ مۇسا ياقاتتى، ئەسكەرلەر ياردەم قىلاتتى، ئىبراھىم تونۇرغا يېقىن كەلگىلى ئۇنىمايتتى.

مۇنداق بىر ئىش زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ: بىز كېلىپ 2 - يىلى ئەتىيازدا كىرسىن تۆكۈلۈپ كەتكەن سۆكتىن ئېتىلگەن قويۇق ئۇماچنى بىر ئايدەك كۈندە بىر قېتىم ئىچتۇق. كىرسىننىڭ قەيەردە تۆكۈلۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيتتۇق. ئۇنى ئىچمەيمىز دەپ پىكىرمۇ بېرەلمەيتتۇق. بۇ تاماق گېلىمىزدىن ئۆتمەيتتى. بىز ئاچ قورساق ئاشخانىغا ئالدىراپ كىرەتتۇق، بىراق، ھېلىقى ئۇماچنى كۆرگەن ھامان، قورسىقىمىز تويۇپ قالاتتى. يېمەيلى دېسەك، قورساق ئاچ، يەيلى دېسەك، ئىچىمىزگە يۇتقانچە تېشىغا يېنىپ چىقاتتى، ئاغزىمىزدا قايتا - قايتا ئۆمەللەپ، كۆزىمىزنى يۇمۇپ تۇرۇپ مىڭبىر تەسلىكتە يۇتىۋېتەتتۇق-دە، ئەتىدىن - كەچكىچە كىرسىن كېكىرىپ يۈرەتتۇق.

ھەممىدىن بەك ئەلەم قىلغىنى، مۇشۇ بىر ئاي جەريانىدا ئىبراھىم بىزنى كۈندە دېگۈدەك تىللىدى.

— تاماقنى يامان دەپ كېتىشەتتىڭ ھارىمىلار، ئەمدىغۇ تويۇشقانسەن؟ ئۆيۈڭدە نېمە يېيىشەتتىڭ؟... نېمە ماڭا قاراپ كېكىرىشىسەن؟ مەن ئاتامنىڭ ئىسكىلاتىدىن ئەپچىقمىسام، پىكىرىڭ بولسا باشلىقلىرىڭغا دېيىشمەمسەن؟ يېيىشمىسەڭ پالان نېمىنى يېيىش... كىسپۇرۇچ ھارىمىلار...

ئىبراھىم چالا مەستلىكتە كۆرگەنلا ئادەمنى ئەنە شۇنداق تىللار بىلەن تىللاپ ئىككى كۆزىنىڭ ياختىسىنى چىقىرىپ مەستلىكتىكى ئەڭ ئەسەبىي ھەرىكەتلەرنى نامايەن قىلغىنىچە كېتىپ قالاتتى.

**ئەمگەكتە چېنىقىش**

بىز كەلگەندە زاۋۇت جىددىي قۇرۇلۇۋاتقانىكەن.

بىر قىسىم سېخلارنىڭ تاملىرى قوپۇرۇلۇپ بولغان بىلەن ئۈستى تېخى يېپىلمىغانىدى. كۆپ قىسىم سېخلارنىڭ ئۆلى ئەمدىلا كولىنىپ ياپلاق تاشتىن ئۇل بېسىلىشقا باشلىغان، يەنە بىر قىسمىغا بولسا، ئەمدىلا ئۇل سىزىقى تارتىلىۋاتقانىكەن.

بۇ زاۋۇتتىكى قۇرۇلۇشنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، سېخ، بۆلۈم، ئىسكىلاتلارنىڭ ئۈستى ياغاچ بىلەن يېپىلغان، تورۇسى لاي لەمپە قىلىنغان، بۇ ھەم مورەككەپ، ھەم ئىنچىكە ئىش بولغاچقا، سۈرئەت خېلىلا ئاستا بولاتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلتۈرۈلگەن 1 - تۈركۇمدىكى 318 ئىستانوك، 308 يۈرۈش قورال - سايمان - ئۈسكۈنە ھەرقايسى سېخلار ئالدىدىكى مەيدان ۋە باش ئامبار مەيدانىدا پېچەتتى بۇزۇلماي ساندۇق - ساندۇقلاردا تىزىلىپ تۇراتتى.

زاۋۇت ئەشۇ كۈنلەردە كېچە - كۈندۈز قايىنام تاشقىنلىق ئىچىدە قۇرۇلماقتا ئىدى. لېكىن ئۇ چاغلاردا ئۈرۈمچىدە توك قىس بولغىنى ئۈچۈن، قۇرۇلۇش سۈرئىتى تەسىرگە ئۇچرىماقتا ئىدى. شۇڭا زاۋۇت 750 كىلوۋاتلىق سەلەركە گېنېراتورىنى ئۆزى قۇراشتۇرۇپ ئىشقا كىرىشتۈردى. بۇنىڭ بىلەن توكتا ئۆزىنى %60 قامداپ قۇرۇلۇش جەريانىدىكى توك يېتىشمەسلىكتەك چوڭ مەسىلىنى ھەل قىلدى.

شۇ چاغلاردىكى كېچىلىك مەنزىرىلەر ھېلىمۇ كۆز ئالدىمىزدىن كەتمەيدۇ. كەچ كىرىشى بىلەن پۈتۈن دائىرىنى چىمىرلاپ يېنىپ تۇرغان ئېلېكتر چىراغلىرىنىڭ نۇرلىرى قاپلاپ خۇددى كۈندۈزدەك يورۇتۇپ، زاۋۇتنى بايرام تۈسىگە كىرگۈزەتتى. ئېلېكتر نۇرلىرىغا تەڭكەش بولغان سېخ ئۆگزىلىرى، ئېگىز مۇنارلار، يول بويلىرىدىكى كۈمۈش رەڭلىك سۇۋاركا ئۇچقۇنلىرى تېخىمۇ ھەيۋەتلىك مەنزىرە پەيدا قىلىپ، كىشىلەرنى ئۆز - ئۆزىدىن زوقلاندۇرۇپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشاتتى.

قۇرۇلۇش قوماندانلىرى، پىلانلىغۇچىلار، تەشكىللىگۈچىلەر، تېخنىكلار، ئىنژېنېرلار كېچە - كۈندۈز ئۇ دائىرىدىن بۇ دائىرىگە، ئىش مەيدانىدىن ۋاقىتلىق ئىشخانا قىلىنغان چېدىر ئۆيلەرگە، ئالدىراپ كىرىپ - چىقىپ تۇراتتى. ئىشچىلار ھەممە يەردە خۇددى چۈمۈلىدەك تىنىم تاپماي مەشغۇلات قىلاتتى. بىكار تۇرغان ياكى لاغايلاپ يۈرگەن بىرمۇ ئادەمنى كۆرگىلى بولمايتتى.

بىزنىڭ ھۈنىرىمىز ياكى پەممىز يوق ئىدى. شۇڭا بىزگە مەلىكىلىك ئىشلارنى قىلدۇرمايتتى، قىلىڭلار دېگەندىمۇ ھازىرچە قىلالمايتتۇق. شۇڭا قەيەردە كۈچ سەرپ قىلىدىغان ئادديي، ئېغىر، جاپالىق، ئۆلچەمسىز ئىش بولسا، بىزگە تەقسىم قىلىپ بېرىلەتتى. بەزى چاغلاردا زاۋۇتتا بىز قىلغۇدەك ئاشۇنداق ئىشلار بولماي قالسا، ھەربىي رايون قارىمىقىدىكى باشقا ئورۇنلارنىڭ ئىشىنى قىلىشقا يازدەملىشەتتۇق ياكى ئۆستەڭ چاپىدىغان، يېڭىدىن يول ئاچىدىغان، يازدا ئۆگزىلەرگە كاكۇل لاي سالىدىغان، پاسكىنا سۇلارنى چىقىرىۋېتىدىغان ئىجتىمائىي ئەمگەكلەرنى قىلاتتۇق.

شۇ چاغدا ئۈرۈمچىدە يەنىمۇ سېپىل ئېغىزىدىن شىياۋشىزىغىچە بولغان ئارىلىقتا 200 — 300 مېتىردەك ئۇزۇنلۇقتا ئاسفالت يول بار ئىدى. قالغان يوللار ئوڭغۇل - دوڭغۇل شېغىللىق يول ئىدى. ئارقا كوچىلار يېل بويى پاتقاق قۇرىمايدىغان، سېسىق سۇ يوقىمايدىغان كۆلچەكلىك ۋە ئازگاللىقلار بولۇپ، قارا پاتقاقتىن چىققان سېسىق پۇراق ئەتراپنى قاپلاپ تۇراتتى.

1952 - يىلىنىڭ ئاخىرى، بىزنى بىر ئايدىن ئارتۇق دېموكراتىيە يولىنىڭ خەلق كىنوخانىسىدىن شىياۋشىمىنغىچە بولغان ئارىلىقتىكى يۇلىنى ئېچىشقا سالدى (بۇيەر ئەسلى بىر تۆڭگان خورجانىڭ سەيلىكى ئىدى. ئەسلىدىكى يول ئۆلى بولسا، بىر چېغىر يولدىن پەيدا بولغان ھارۋا يولى ئىدى). بىز يول ئۆلىنى ئاچقاندىن كېيىن شېغىل تۆكۈپ چىڭدىدۇق، ئاسفالت يېيىتىدىغان چاغدا بىزنى يۆتكەپ كەتتى.

قىش كىرىش بىلەن ئۈرۈمچى ئۇن زاۋۇتىنىڭ ئۇنى شەھەرنى تەمىنلىيەلمەي قالدى. بىزمۇ شەھەر خەلقى بىلەن ئوخشاش ناھايىتى تەستە ئەتىيازغا چىقتۇق (ئۇ چاغدا ئۇن زاۋۇتى ھازىرقى داشىمىن پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى ئورنىدا ئىدى). باش

ئەتىياز كىرىپ ئىرىقتا سۇلار چىرمىدان بولۇپ ئېقىشقا باشلىغان ھامان، ئىككى بەن ئەسكەر 10 نەچچە ھارۋا بوغداي، قوناقنى باجاخۇدىكى تۈگمەنلەرگە ئاپىرىپ، نەچچە كۈنگىچە دۈم يېتىپ قوپۇپ، ئۇن تارتىپ كەلدۇق. قىزىقى شۇكى ئۆرۈمچىنىڭ تۈگمەنلىرى جەنۇبنىڭ تۈگمەنلىرىدەك ئاستىن تېشى جىم تۇرۇپ، ئۈستۈن تېشى چۆگىلىمەي، ئەكسىچە ئۈستۈن تېشى جىم تۇرۇپ، ئاستىن تېشى چۆگىلەيدىكەن، بىز بۇنىڭغىمۇ ھەيران قېلىشتۇق.

بىز 1952 - يىلى ئەتىيازدا كېلىپلا ئەمگەككە كىرىشىپ كەتتۇق. يازدا پۈتۈن كۈن ئەمگەك قىلدۇق. پۈتۈن كۈن دېگىنىمىز 8 سائەتلىك ئىش ۋاقتى بولماستىن، بەلكى ئەتىگەنلىك تاماقتىن تاكى كۈن ئولتۇرغىچە بولغان ئارىلىق ئىدى. ئەگەر شۇ كۈنلۈك ۋەزىپىمىز تۈگىمەي قالسا، تېخىمۇ كەچ قايتاتتۇق. چۈشتە پەقەت بىر سائەتلا تاماق ۋاقتىمىز بار ئىدى. بىز ۋاقتنى چىڭ تۇتاتتۇق. تاماق يېگەچ ئىش مەيدانىدىكى خالىغان جايدا ئېغىناپ بەل، پۇت، قوللىرىمىزنى ئۇخشۇالاتتۇق. قىش كىرگەندىن كېيىن يېرىم كۈن ئەمگەك قىلىپ، يېرىم كۈن ئۆگىنىش قىلاتتۇق. ئەگەر جىددىي ئەمگەك ۋەزىپىسى چىقىپ قالسا، ئۆگىنىشنى توختىتىپ قويۇپ پۈتۈن كۈن ئەمگەك قىلاتتۇق.

ئۇ يىللاردا قۇرۇلۇش قىلىش شارائىتى ناچار ئىدى. زامانىۋى ماشىنا - ئۈسكۈنە، قېلىپلار يوق ئىدى. بولۇپمۇ يۇرۇشلەشكەن چوڭ قۇرۇلۇشلار مۇرەككەپ ئىش تەرتىپلىرىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتكۈزۈلەتتى.

مۇنداق بىر ئىش زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ: زاۋۇتنىڭ ئاساسلىق ئىمارەتلىرى پۈتكىچە، بىز 2 يىلدەك قاتۇرۇپ بولۇنغان بىتوندىكى شال قېلىپلارنى ئاجرىتىش، قېلىپلارنىڭ يۈزىدىكى قېتىپ قەقەچ بولۇپ كەتكەن بىتون يۇقۇندىلىرىنى قىرىپ چىقىرىش، قېلىپلاردىكى چوڭ، كىچىك مىقلارنى سۇغۇرۇش، ئاندىن ئۇنى تۈزلەش، يەنە ئىشلىتىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلغاندۇق. بىزگە بۇ ئىشلارنىڭ ئايىغى چىقمايدىغاندەكلا كۆرۈنەتتى، پۈتۈن ئۆمرىمىز خۇددى مۇشۇ ئىش بىلەنلا ئۆتىدىغاندەك ھېس قىلاتتۇق. ھەر كۈنى «تازىلانغان» شاللارنى ئۆگزى بويى دۆۋىلىۋېتەتتۇق. تۈزلەنگەن كونا مىقلارنى قول ھارۋىلارغا بېسىپ، يېڭىدىن ئىش باشلىغان قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىغا ئاپىراتتۇق...

بۇ يېڭى ئازاد بولغان يىللار بولغىنى ئۈچۈن، ماددىي ئەشيا ئىنتايىن قىس ئىدى. شۇڭا ھەرقانداق ماددىي نەرسىنى ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن ھېسابلاپ تېجەپ ئىشلىتەتتۇق. كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەكتە قاتتىق تېجەشلىك بولۇش تەشەببۇس قىلىناتتى. مەسىلەن: كىيىم - كېچەك جەھەتتە «يېڭى چاغدا كەيگەن ئۈچ يىل، كونىسىنى يەنە كەيگەن ئۈچ يىل، ئاندىن كەيگەن يۇيۇپ، ياماپ يەنە ئۈچ يىل» دەيدىغان تەشەببۇس بار ئىدى.

قېلىپقا ئىشلىتىلگەن شال ۋە مىقلارنى تاكى يارىماس بولۇپ قالغانغا قەدەر تەكرار - تەكرار ئىشلىتەتتۇق. بېتوندىكى شال قېلىپلارنى چۇۋۇش ئىشىنى ئۇستىلىرىمىز ئاسانلىقچە بىزگە قىلدۇرمايتتى. چۈنكى بىرى، بىزنى كىچىك، ئېگىزدىن چۈشۈپ كېتىدۇ، خەترى بار دەپ قارىسا، يەنە بىرى، پەمى يوق، شاللارنى سۇندۇرىۋېتىدۇ، يېرىپ قويىدۇ دەپ قارايتتى. بۇ يېنىكرەك كۆرۈنگەن بىلەن ئېغىر ئىش ئىدى. كۈندىلىك نورمىمىز بار ئىدى. ۋەزىپىنى تۈگەتكىچە بەللەر مۈكچىيىپ كېتەتتى. خەترىمۇ چوڭ ئىدى. سەللا بىپەرۋالىق قىلساق شالدىكى يوشۇرۇن مىقلار پۇتىمىزنىڭ تاپان، ئالقانلىرىغا كىرىپ كېتەتتى.

زاۋۇت قەرەللىك ھالدا پۈتۈن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى كونا تۆمۈر - تەسەكلەرنى يىغىش، مىق تېرىش، كونا زاپچاسلار ئىچىدىن ئىشلەتكىلى بولىدىغانلىرىنى تاللاشقا سەپەرۋەر قىلىپ تۇراتتى. شۇڭا بىز ئىشقا بارغىچە، ئىشتىن يانغىچە ۋە باشقا پائالىيەت ئېلىپ بارغان چاغلاردىمۇ ئەتراپىمىزغا قاراپ مېڭىپ ئۇچرىغان مىقلارنى تېرەتتۇق. نورمىمىز توشقاندىن كېيىن يۇقىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، يېڭى ۋەزىپە ئالاتتۇق. كېيىنكى

كۈنلەردە ئەتراپىمىزدىكى ئىدارە ۋە خەلق ئىچىدە: «〈ئۆكتەبىر〉 نىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى مىق تاپىمىز دەپ قەيەرگە بارسا يەرگە قاراپ ماڭىدىكەن» دېگەن چاقچاقمۇ تارقالغانىدى.

بىز كېلىپ 2 - يىلى يازنىڭ تازا ئىسسىق كۈنلىرىدە يامالىق تېغىدىكى مۇنار ئاستىغا يېقىن جايدىن قارا ياپىلاق تاش قازدۇق (ئەسلىدىكى مۇنار 70 - يىللارنىڭ قايسى بىر يىلى بىر قېتىملىق قاتتىق بوراندا ئۆرۈلۈپ چۈشتى، ھازىرقى مۇنار كېيىن ئورنىتىلغىنى)، بۇ تاشلاردىن چوڭ بولسا 1 پارچىدىن، كىچىك بولسا 2 پارچىدىن يۈدۈپ، تاغ باغرىلاپ چۈشۈپ، ئۇدۇللا زاۋۇتقا ئەكىرەتتۇق. بەزىدە 2 سەپ، بەزىدە 4 سەپ بولۇپ چىقىپ، چۈشۈۋاتقان سېپىمىز، تۆۋەندىن قارىغان ئادەمگە خۇددى ئۆۋىسىدىن چىقىپ ئوزۇق ئىزدەشكە كېتىۋاتقان چۈمۈلىلەر سېپى بىلەن ئوزۇقلۇقنى ئۇۋىسىغا توشۇپ ماڭغان چۈمۈلىلەر سېپىنىڭ ھەرىكىتىنى ئەسلىتەتتى.

بىزنىڭ ئەخمەت تۆڭچى دېگەن بىر تەرجىمانىمىز بار ئىدى. ئۇ كۈندە ئىش بېشى بىلەن بىرگە يۈرۈپ تەرجىمانلىق قىلاتتى. لېكىن زادى ئەمگەككە قاتناشمايتتى. ئىش بېشى بىلەن بىرگە تاغ باغرىدىكى ئېرىق بويىدا ئۆسكەن پاخماق قارىياغاچ سايىسىدا ئولتۇرۇۋېلىپ، قولىدىكى قەلەي كانايچىدىن:

— يولداشلار، غەيرەت قىلايلى! بىر كۇب مېتىر تاش توشۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغانلار بۈگۈن كەچلىك تاماقتا گۆشلۈك قورۇما بىلەن بۇغداي ھورنىنى يەيدۇ. ئورۇندىيالمىغانلار يېسىۋىلەك شورپىسى بىلەن قوناق ھورنىنى يەيدۇ، دەپ توختىماي ۋارقىراپ تۇراتتى. بىز دۈمبىمىزدىكى سىيرىلىپ كېتىۋاتقان ياپىلاق تاشلارنى كۈچەپ ئۈستۈن قىلىپ، بىر قولىمىزنى بوشىتىۋالغاندىن كېيىن يېڭىمىز بىلەن يۈز - كۆزلىرىمىزدىن تامچىلاپ ئېقىۋاتقان تەرلەرنى ئېرىتقاچ ئۇنىڭغا ئالىيىپ قاراپ قويۇپ پەسكە قاراپ ماڭاتتۇق. ئۇ، ئۆز ئۆزىدىن گۇمانلىنىپ:

— نېمىگە ئالىيىشىسەن؟ بۇ گەپنى مەن قورسىقىمدىن چىقىرىپ قوشۇۋالمىدىم، ئىش بېشىنىڭ دېگىنىنى دېدىم، - دەيتتى.

ئەمەلىيەتتە، بۇ گەپلەر ئىش بېشىنىڭ گېپى بولماستىن ئەخمەت تۆڭچىنىڭ تېپىۋالغان گېپى ئىدى. ئۇ يالغان گەپنى خالىغانچە قوشۇشنىڭ تېپى ئىدى. چۈنكى ئىش بېشىنىڭ بىزنىڭ نېمە يېيىشىمىز بىلەن كارى يوق ئىدى. ئۇ ئىش كۆرسىتىپ بېرىپ، ئىشقا سېلىشنىلا بىلەتتى. ئاخشام بولغاندا ئۇمۇ ئۆز بۆلۈمىگە كېتەتتى، بىزمۇ ئۆز ئەترىتىمىزگە كېتەتتۇق.

شۇ يىلى قىشتا بىز دۆڭسەن تېغىدىن سېرىق ياپىلاق تاش قازدۇق. بۇ خىل تاشنىڭ چىداملىقى يۇقىرى بولۇپ سېخنىڭ تام ئۇللىرىغا ئىشلىتىلەتتى. بىز ئالدى بىلەن ئۇل قوپۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ياپىلاق تاشلارنى توشىدۇق. كېيىن ئۆلچەمگە توشمايدىغان تاشلارنى ئاسفالىت يولغا ئىشلىتىش ئۈچۈن بىر ئادەم كۈنىگە 1 كۇب مېتىردىن ياڭاقتەك چوڭلۇقتا ئۆلچەملىك سوقۇپ چىقتۇق. ئاندىن ھېلىقى يەنجىڭلىك شوپۇر قىزلارنىڭ ماشىنىسىدا 5 - ئايغىچە زاۋۇتقا توشىدۇق.

رۇس ئىنژېنېرلىرى بۇ تاشلارنى بىزگە قايتا - قايتىلاپ يۇغۇزدى. بىز بىر تەرەپتىن ھەيران قالساق، بىر تەرەپتىن غۇدۇڭشۇپ:

— «ئورۇس دېگەننىڭ قىلمايدىغىنى يوق خەقكەن، تاشنىمۇ شۇنداق پاكىز يۇغۇزغان بارمۇ؟ بەرىبىر يەنە توپىنىڭ ئاستىدا قالىدىغان تۇرسا؟ بىزنى بىكار بولۇپ قالدى، دەپ شۇنداق قىلامدىغاندۇ؟ - دېيىشەتتۇق. كېيىن بىلسەك، بۇنداق راسلانغان ماتېرىياللاردىن ياسالغان ئاسفالىت يوللار ئۇزۇن يىللارغىچە كاۋاكچىلار پەيدا بولماي، يول ئاسانلىقچە بۇزۇلمايدىكەن. ئەمەلىيەتتىمۇ «ئۆكتەبىر» تراكتور زاۋۇتىنىڭ شۇ چاغدا ياسالغان ئاسفالىت يوللىرى 47 يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ ناھايىتى بېجىرىم تۇرماقتا.

قۇرۇلۇشقا مەسئۇل بىر رۇس باش ئىنژېنېرى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى خۇبلىنكوف بولۇپ، ۋەتەن ئۇرۇشىدا يارىلىنىپ، بىر پۇتى مايماق ساقىيىپ

قېلىپ مېيىپ بولۇپ قالغانىكەن. ئۇ كۆك كۆز، سېرىق چاچ، 50 ياشلار چامىسىدىكى ئوتتۇرا بوي ئادەم ئىدى. ناكا پۇتى تەرەپتىكى قولىدا كالتىراق بىر ھاسا تاياق تۇتۇۋالاتتى. 2 — 3 قەۋەتلىك ئىمارەتلەرگە باراۋەر قىلىپ ياسالغان ۋاقىتلىق تاختاي پەلەمپەيلىك شوتىلاردىن ئىمارەت ئۈستىگە، سېخ ئۆگزىلىرىگە باشقىلارنىڭ ياردىمىسىزلا چىقىپ كېتەتتى.

ئۇ ئۆلچەمنى قاتتىق ئىجرا قىلىدىغان ئادەم ئىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ بېتون ئارىلاشتۇرۇش، قۇيۇش تەلىپى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. سېمونت، قۇم، شېغىل، سۇلارنىڭ نىسبىتىنى ئازراقمۇ ئۇنداق ياكى مۇنداق قىلىپ قويۇشقا يول قويمايتتى. ئۇ، ئارىلاشتۇرۇلغان بېتونلارنى كۈندە بىرقانچە قېتىم ئارىلاپ تەكشۈرۈپ تۇراتتى. ئەگەر ئازراقلا نىسبەت بۇزۇلۇش ئەھۋاللىرى كۆرۈلسە مۇناسىۋەتلىك خادىملارنى قاتتىق تەنقىد قىلغاندىن تاشقىرى، ھېچقانداق ئىككىلەنمەي، قولىنى بىر سىلكىپلا بېتون لاي ئېتىۋاتقان ماشىنىنى توختاتقۇزۇپ، ئاللىقاچان ئېتىلىپ بولغان بىتون لاينى ماشىنا - ماشىنىلاپ كېرەكسىزگە چىقىرىپ تۆكتۈرۈۋېتەتتى.

بىز پار قازان سېخىنىڭ ئۇل تېمىنىڭ 3 - قەۋىتىگە قولدىن - قولغا ئۆتكۈزۈپ خىش ئېتىپ بېرىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىنژېنېر خوبلىنىكوۋ سوۋېتلىك، جۇڭگولۇق بىرقانچە خادىمنى ئەگەشتۈرۈپ ئىش مەيدانىغا كەلدى. ئۇ پارقازان سېخىنىڭ ئىشىك بېشىغا قاتۇرۇلغان بېتون لەمپىگە سىنچىلاپ قاراپ بېتون يۇقۇندىسىنى يىمىرىپ باقتى، ئاندىن بىرقانچە جايدىكى چوڭ - كىچىك كاۋاكچىلارنى كۆرگەندىن كېيىن، قاتتىق چېچىلىپ نېمىلەرنىدۇ دەپ بولۇپلا دوڭغۇسلىغىنىچە كېتىپ قالدى. ئەتىسى بىزنىڭ ئىش بېشىمىز كېلىپ:

— سىلەر بۈگۈندىن باشلاپ تام قوپۇرۇشقا خىش ئاتمايسىلەر. مۇشۇ بېتوننى چاقىسىلەر، - دېدى ئۇ ئاللىقاچان قېتىپ بولغان، قېلىپلىرى ئېلىۋېتىلگەن ھېلىقى لەمپىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ۋە:

— قانچە كۈندە چېقىپ بولىسىلەر؟-دەپ بىزدىن سورىدى.

— ئۇنى كۆپ ئادەم ئىشلىگىلى بولمايدۇ، 5 باغلىق بولقا بىلەن نۆۋەتلىشىپ چاققاندىمۇ 20 كۈن كېتەر، - دېدۇق.

— ياق، بولمايدۇ،-دېدى ئىش بېشى.

— ئۇ شۇنچە ئېگىز يەردە تۇرسا، ھەم قېلىن تۇرسا، ئۇ يەردە كۆپ ئادەم مەشغۇلات قىلغىلى بولمايدۇ،-دېدۇق بىزمۇ گېپىمىزدە چىڭ تۇرۇپ.

— سوۋېت ئىنژېنېرى ماڭا پەقەت 10 كۈنلۈك مۆھلەت بەردى، بۈگۈندىن 1 كۈن، 1 سائەت ۋاقىتنىمۇ ئارتۇق بەرمەيمەن. سىلەر 3 ئىسمېنا بولۇپ 24 سائەتلەپ ئىشلىگىلار، بولامدۇ؟ دېدى-دە، كېتىپ قالدى.

بىز خىش ئېتىشتىن قۇتۇلۇپ قالغىنىمىزغا ناھايىتى خۇشال بولغانىدۇق. چۈنكى ئۈزۈلدۈرمەي سوغۇق سۇ قۇيۇپ تۇرىدىغان ھۆل خىشنى بىرقانچە سائەتلەپ يۇقىرىغا ئاتقاندىن كېيىن بەدەنلىرىمىز ئۇرۇۋاتقاندەك ئاغرىپ، بىلەكلىرىمىز ئۈزۈلۈپ كېتىدىغاندەك بولۇپ كېتەتتى. 15 كۈنلۈك دەپ بەرگەن بوز يىپ پەلەي شۇ كۈنىلا يىرتىلىپ 10 بارمىقىمىزنىڭ ئۇچىدىكى لوق گۆشتىن تەڭلا قان تەپچىپ چىقاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ خەتىرىمۇ چوڭ ئىدى. بىر پارچە خىشنى 3 ئادەم قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ بېرەتتۇق. سەللا ئېھتىيات قىلمىساق ئاتقان خىش يېنىپ كېلىپ بېشىمىزغا چۈشەتتى. شۇڭا بۇ قارار بىزگە تازا خۇش ياققانىدى. لېكىن بۇ ئىشقا كىرىشىپ 2 كۈن بولغاندىن كېيىن، بۇ ئىشتىن بۇرۇنقى ئىشىمىزنىڭ يېنىكلىكىنى ھېس قىلدۇق.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

تەھرىرلىگۈچى: غوپۇر ھوشۇر نىيازى

# داڭلىق قوشاقچى ۋە ئەلنەغمىچى ئېلاخۇن كۆككۆز

مەخمۇت زەئىدى

(ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەدەبىيات تەتقىقات ئورنىدىن)

ئېلاخۇن تىلىۋالدى (كۆككۆز) ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن خەلق قوشاقچىسى شۇنداقلا ئەلنەغمىچى. ئۇ 1866 ـ يىلى غۇلجا شەھىرى قازانچى مەھەللىسىدە نامرات دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1 يېشىدا ئاتىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئانا تەربىيىسىدە چوڭ بولغان. موللا بىلال نازىم بىلەن زاماندىش بولغان ئېلاخۇن كىچىكىدىن تارتىپلا ناخشا ـ قوشاققا ھېرىس بولغان. ئەلنەغمىچىلەر ۋە قوشاقچىلاردىن ئەلنەغمە، قوشاق ئۆگىنىپ تېزلا ھازىر جاۋاب قوشاقچى بولۇپ يېتىشىپ چىققان.

ئېلاخۇن ئاكىنىڭ ھاياتىنىڭ تەڭدىن تولىسى جاپا ـ مۇشەققەتتە ئۆتكەن. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ناخشا ـ قوشاقلىرىدا جاھالەتكە، قاراڭغۇ زۇلمەتكە بولغان غەزەپ ـ نەپرىتى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ غەم قايغۇسى، ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

1924 ـ يىلى ياڭ زېڭشىن ئۆلكىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىلغار شەخسلەرنى تەقىپ قىلغان. قەشقەردىن ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم باشلىق 7 كىشى ئاقسۇغا، ئىلىدىن ئېلاخۇن كۆككۆز، سۇلايمان قاتارلىق بىرنەچچەيلەن ئۈرۈمچىگە سۈرگۈن قىلىنغان.

ئېلاخۇن سۈرگۈن قىلىنغاندا 50 ياشتىن ئاشقان بولۇپ، تېنى ناھايىتى تېمەن ۋە ساغلام ئىدى. ئۇ تۆمۈر قەپەزگە سولىنىپ، پۇتىغا كىشەن، قولىغا كويزا، بويىنىغا تاقاق (شال) سېلىنغان ھالەتتە ئۈرۈمچىگە يالاپ ئېلىپ مېڭىلغان. ئۇ يول بويى ئېغىر زۇلۇم ئالدىدا ئۆزىنى يوقىتىپ قويمىغان. ناخشا ـ قوشاق ئېيتىپ، زالىملارغا تىز پۈكمەيدىغان باتۇرلۇقى ۋە قەيسەر ئىرادىسىنى نامايان قىلغان. تەلكىدىن ئۆتكەندە مۇنداق دەپ قوشاق توقۇغان:

تەلكىنىڭ داۋىنىدىن،
كارۋان توختىماي ئۆتتى.
سۇلايمان يىغلىغان بىلەن،
ئېلاخۇن يىغلىماي ئۆتتى.

ئېلاخۇن كۆككۆز بىلەن سۇلايمان ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن ئۇلارنى قەپەز بىلەن يامۇل دەرۋازىسىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئېسىپ قويغان. ئېلاخۇن جان تومشۇققا كەلگەن ھالقىلىق پەيتتىمۇ قىلچە بوشاشماي تۆۋەندىكى قوشاقنى توقۇغان:

يېڭى چىققان تور ياغلىق،
ئاق قەپەزگە ئوراغلىق.
ئېلاخۇن ھەم سۇلايمان،
تار قەپەزدە سولاقلىق.
ئاي بېشى يېقىن،
بولۇر چوڭ يېغىن.
بەگلىرىڭ قالماس،
كەلسە سەل ـ ئېقىن.



# قىرغۇچى گۈلى ئۇستام ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى

ھاجى ياقۇپ ئۆمەر

قىرغۇچىلىق ھۈنىرى تۇرپانغا 1736 - يىللىرى خوتەنلىك گۈلى ئۇستام تەرىپىدىن تارقىتىلغان. مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، قىرغۇچىلىق ھۈنىرىنىڭ تۇرپانغا تارقالغىنىغا تەخمىنەن 260 يىل بولغان بولىدۇ.

گۈلى ئۇستام ئەسلى خوتەنلىك بولۇپ، كىچىك چېغىدىلا ئاتا - ئانىسىدىن يېتىم قالغان. ئۇ 20 ياشلارغا كىرگەندە شۇ جايدىكى بىر ئۇستامدىن قىرغۇچىلىقنى ئۆگەنگەن. 22 ياشقا كىرگەندە يېتىملىك دەردىدە، قۇرۇق يەل - يېمىش يۆتكەپ ساتىدىغان سودىگەرلەرگە ياردەملىشىپ تۇرپانغا كېلىپ، مۇشۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئۇ بۇ يەردە تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن قىرغۇچىلىق ھۈنىرى بىلەن شۇغۇللىنىش نىيىتىگە كەلگەن. ئۇ تۇرپان بازار ئەتراپىدا قىرغۇچىلىققا كېرەكلىك ياغاچ ماتېرىيال تېپىش قىيىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق دەل - دەرەخ كۆپ بولغان سىڭگىم يېزىسىنىڭ ھازىرقى مۇرتۇق كەنتىگە ماكانلاشقان. ئۇ بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن بىر ھاللىق دېھقانغا يىللىقچى بولۇپ ئىشلىگەن. 2 يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتى ۋە ئىشچانلىقىنى كۆرگەن بۇ دېھقان ئۇنى مۇشۇ كەنتتىن ئۆيلەپ قويغان. نەتىجىدە ئۇ مۇشۇ يەردە يىلتىز تارتقان.

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ بالا - چاقىلىق بولۇپ، ئۆي ئايرىپ چىقىپ مۇستەقىل تۇرمۇش يولىغا قەدەم قويغان ۋە ئۆز ھۈنىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئالدى بىلەن خەلق تۇرمۇشىغا كېرەكلىك تەڭنە، قوشۇق، يىك، ئاياق، ياغاچ چۆچەك، ھاۋانچا، ئانقۇچىلار ئىشلىتىدىغان مۇشتەك قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياساپ، مۇرتۇق كەنتىدە نام چىقارغان ۋە بىرنەچچە شاگىرت قوبۇل قىلغان. ئۇ تۇرپاندا ماتا، چەكمەن توقۇش ئىشلىرىنىڭ خېلى تەرەققىي قىلغانلىقىنى، ئاياللارنىڭ يىپ ئىگىرىش ئۈچۈن كۆپلەپ يىككە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، باشقا تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياساشنى ۋاقىتىنچە توختىتىپ، يىك قىرىشقا كىرىشكەن، ئۇ كۈنىچە قىرغۇچىلىق

1931 - يىلى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، 7 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت تۈرمىدە ياتقان ئېلاخۇن تۈرمە ئازابىدىن قۇتۇلىدۇ. ئۇ 1933 - يىلى ئىلىغا بېرىپ، تەرەققىيپەرۋەر زاتلاردىن تېيىپ ھاجى (ئىلى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ تۇنجى رەئىسى)، قاسىمجان قەمبىرى قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە ياش سەنئەت ھەۋەسكارلىرىغا ئۇستاز بولىدۇ.

50 - يىللاردىكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈش دولقۇنىدا ئېلاخۇن ئائىلىسى بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ كېتىدۇ. 1970 - يىلى ئۇ ئالمۇتا ئوبلاستىنىڭ ئازاد يېزىسىدا 104 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

ئېلاخۇن ئاكا ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ناخشا - قوشاقلىرى ھازىرغا قەدەر خەلقىمىز ئارىسىدا تارقىلىپ كەلمەكتە.

تەھرىرلىگۈچى: مەرھابا شاۋۇدۇن

سايمانلىرىنى ئۆزگەرتىپ، يېڭىچە قىرغۇچىلىق سايمانلىرىنى ئىجاد قىلىپ، ئەمگەك سىجىللىقىنى يېنىكلىتىپ، ئىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن.

ئۇ يىلىك قىرىش ئۇچۇن، ئاساسەن، تاغدا ئۆسىدىغان شېلۋە، ئىرغاي، تېۋىلغا ياغاچلىرىنى ئىشلەتكەن. گۈلى ئۇستام قىرغان يىكلەرنى تۇرپان، توقسۇن، پىچان قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن ئۇششاق تىجارەتچىلەر توپ ۋە پارچە سېتىۋېلىپ، ئۆز يۇرتلىرىغا ئېلىپ بېرىپ ساتقان. گۈلى ئۇستامنىڭ تەربىيىلىشى بىلەن مۇرتۇق كەنتىدە بىرنەچچە ياش قىرغۇچىلىقنى خېلى ياخشى ئۆگىنىۋالغان.

گۈلى ئۇستام قىرغۇچىلىق بىلەن 50 يىلچە شۇغۇللىنىپ، 108 يېشىدا مۇرتۇق كەنتىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

گۈلى ئۇستام ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى ئانىس ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلغان. ئۇمۇ قىرغۇچىلىقني ئوغلى هامىلغا پۇختا ئۆگەتكەن ۋە يەنە بىرنەچچە شاگىرت تەربىيىلىگەن. ئۇ 95 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

هامىل ئۇستام ئوغلى نەمەت ئاخۇننى ئېلىپ هازىرقى يار يېزىسىنىڭ قىزىلتۇر كەنتىگە كۆچۈپ كېلىپ، ئوغلى بىلەن قىرغۇچىلىق قىلغان. هامىل ئۇستام 1939 - يىلى 102 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

نەمەت ئۇستام ئاتا كەسپىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغان ۋە ئۆز هۈنىرىنى ئوغلىغا ئۆگەتكەن، بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىرنەچچە شاگىرت يېتىشتۈرگەن. ئۇ 1989 - يىلى 112 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

گۈلى ئۇستامنىڭ 5 - ئەۋلادى، نەمەت ئۇستامنىڭ ئوغلى مۇھەممەت بۇ يىل 58 ياشقا كىردى، ئۇ قىرغۇچىلىقنى 15 يېشىدا دادىسىدىن ئۆگەنگەن. ئۇ قول بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان قىرغۇ ئىستانوكىنى توك بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىپ، ئىش ئۈنۈمىنى ھەسسىلەپ ئۆستۈردى.

خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئۆي - ئىمارەتلەرنى نەپىس زىننەتلەش ئەۋج ئالدى. بۇنىڭغا ماسلىشىش ئۇچۇن مۇھەممەت ئۇستام ئۆي - ئىمارەتلەرنى زىننەتلەشكە ئىشلىتىلىدىغان ھەرخىل قىرغۇ بۇيۇملىرىنى ئىجاد قىلدى. ئۇ «تۇرپان كارىز سەيلىگاھى» ۋە «تۇرپان مىللىي سودا سارىيى» قاتارلىق قۇرۇلۇشلارغا ئىشلىتىلگەن نەقىشلىك قىرغۇ بۇيۇملىرىنى ياساپ، تۇرپان شەھىرىدە خېلى داڭق چىقاردى. بازار سودىسى جانلانغان، ئىقتىساد تەرەققىي قىلغان، ھەر كىشىنىڭ ئۆز ماھارىتىنى تولۇق ئىشقا سېلىشىغا كەڭ ئىمكانىيەت يارىتىلغان بۈگۈنكى كۈندە، قىرغۇچىلىق كەسپىنىڭ تۇرپاندىكى 5 - ئەۋلاد ۋارىسى مۇھەممەت نەمەت ئايالى ئوغۇلخان، ئوغۇللىرى ئىسكەندەر، مۇتەللىپ ۋە قىزلىرىدىن ئايشەمگۈل قاتارلىق 7 شاگىرتنى يېتىشتۈردى. مۇھەممەت نەمەت قىرغۇچىلىقتا تېخىمۇ تاكامۇللىشىش ئۇچۇن، ياغاچ ئىستاكان، ھەرخىل مېۋىلەرگە تەقلىد قىلىنغان قىرغۇ بۇيۇملىرىنى ياساپ، قىرغۇچىلىق ھۈنىرىنى تېخىمۇ بېيىتىش ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدەنمەكتە.

تەھرىرلىگۈچى: ئابدۇرۇپ ئېلى

# «چولاقنىڭ سېيى» ھەققىدە رىۋايەت

مەتمىن سابىر

(خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسىدىن)

قاغىلىق ناھىيىسى بىلەن گۇما ناھىيىسىنىڭ ئارىلىقىدا سۇسىز، گىياھسىز بىپايان تاشلىق ساي بار. ئۇنىڭ غەربىتىن (قاغىلىقتىن) شەرقىقىچە (گۇما ناھىيىسىگىچە) بولغان مۇساپىسى 80 كىلومېتر كېلىدۇ. بۇ ساي خەلق ئارىسىدا «چولاقنىڭ سېيى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ سايغا نېمە ئۈچۈن بۇنداق نام قويۇلغانلىقى ھەققىدە خەلق ئارىسىدا مۇنداق رىۋايەت تارقالغان.

بۇرۇنقى زاماندا گۇما ناھىيىسىدە ناھايىتى داڭلىق بىر باخشى ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ھەم چوڭ، ھەم چىرايلىق ئوۋ قۇشى بار ئىكەن. بۇ قۇش ھېلىقى باخشىنىڭ ئىجتىھات بىلەن ئەجىر سىڭدۇرۇشى ئارقىلىق ناھايىتى ياخشى ئۆگىتىلگەن بولۇپ، تۈلكە، توشقان قاتارلىق ئادەتتىكى ھايۋانلارنى ئوۋلاش ئۇنىڭغا ھېچقانچە ئىش ھېسابلانمايدىكەن. كىيىك، جەرەن قاتارلىق ھايۋانلارنىمۇ بىمالال ئوۋلاپ كېلەلەيدىكەن. شۇ سەۋەبتىن ھېلىقى باخشى بىلەن ئۇنىڭ ئوۋ قۇشىنىڭ داڭقى چىقىپ ئەتراپتىكى يۇرت - ئايماقلارغا تارقىلىپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي، گۇمىلىق باخشى بىلەن ئۇنىڭ ئوۋ قۇشىنىڭ داڭقى يەركەن پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھىغا ئاڭلىنىپتۇ. يەركەن پادىشاھى ئوۋ خۇمار شاھ بولۇپ، شىكار قىلىشقا خۇشتار ئىكەن. ھېلىقى باخشىنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان پادىشاھنىڭ كۆڭلىدە ئۇنىڭ داڭلىق ئوۋ قۇشىنىڭ ماھارىتىنى بىۋاستە كۆرۈپ بېقىش ھەۋىسى قوزغىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھېلىقى باخشىغا چاپارمەن ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ داڭلىق ئوۋ قۇشىنى ئېلىپ شاھ سارىيىغا يېتىپ كېلىشى توغرىلىق پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.

پەرمانىنى ئاڭلىغان باخشى خۇددى بېشىغا تاغ ئۆرۈلگەندەك غەمگە پېتىپتۇ. بارماي دېسە شاھنىڭ جازالىشىدىن قورقۇپتۇ، باراي دېسە، ئوۋ خۇمار شاھنىڭ قۇشنى تارتىۋېلىشىدىن ۋەھىمە يەپتۇ. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ھېچ ئامال تاپالمىغان باخشى ئىنچىكە تىللىق قامچا بىلەن قۇشنى ساۋاشقا باشلاپتۇ. چۈنكى ئوۋ قۇشلىرى ئۆز ئىگىسىدىن تاياق يېسە، ئوۋ قىلمايدىغان بولىدىكەن.

باخشىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان پادىشاھ ئۇنىڭ قۇشىنى ئېلىپ ئۆزنگە كۆرسىتىشى ھەققىدە ئەمىر قىلىپتۇ. بىر قولىدا قۇشنى كۆتۈرۈپ ئوردىغا كىرىپ كەلگەن باخشى پادىشاھقا ئېگىلىپ تازىم قىلىپتۇ. قۇشنىڭ چوڭ، كۆركەم بەستىنى كۆرۈپ خۇشال بولغان پادىشاھ «ھەقىقەتەن ماختىغۇچىلىكى بار قۇش ئىكەن» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، قۇشنى ئالدۇرۇپتۇ ۋە تەختتىن چۈشۈپ ئۆز قولى بىلەن قۇشنىڭ باش قاپچۇقىنى ئاۋايلاپ ئاپتۇ. قاپچۇقنىڭ ھۆل بولۇپ كەتكەنلىكىنى بايقىغان پادىشاھ قۇشنىڭ كۆزىگە سەپسېلىپ قاراپ، قۇشنىڭ كۆزىنىڭ ياشاڭغىراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ - دە، باخشىنىڭ قۇشنى قانداق قىلغانلىقىنى پەملەپتۇ. بولغۇلۇقنىڭ بەربىر بولغانلىقىنى، بۇ ئىشقا غەزەپ قىلغان بىلەنمۇ پايدىسى يوقلۇقىنى ئويلىغان پادىشاھ لاغىلداپ تىترەپ تۇرغان باخشىغا قايتىپ كېتىشكە ئەمىر قىلىپتۇ.

پادىشاھنىڭ غەزىپىدىن ئامان قالغانلىقىغا خۇشال بولۇپ، يۇرتىغا قايتىپ كېتىۋاتقان باخشى قاغىلىقتىن چىقىپ بىر نەچچە پوتەي يول يۈرگەندىن كېيىن قورسىقى ئېچىپ كېتىپتۇ - دە، يولدىن



چىقىپ ئۇۋ ئىزدەپ مېڭىپتۇ. ئانچە ئۇزاق ماڭمايلا كۆز يېتىم يەردىكى ناھايىتى ئېگىز ۋە بارافسان ئۆسكەن بىر توپ دەرەخنى ۋە دەرەخ توۋىدە يايلاپ يۈرگەن كېيىكنى كۆرۈپتۇ ـ دە، قوشنىڭ باش قاپچۇقىنى ئېلىۋېتىپ ئوۋغا قوشلاپتۇ. باخشىدىن ئايرىلىپ ھاۋادا ئەركىن پەرۋاز قىلغان قوش ناھايىتى ئېگىز ئۆرلەپ، بىرنەچچە ئايلىنىپتۇ ـ دە، شىددەت بىلەن ئېتىلىپ چۈشۈپ باخشىنى ئوۋلاپتۇ.

خېلى ئۇزاقچە دادىسىنىڭ قايتىپ كەلمىگەنلىكىدىن ئەنسىرەپ قالغان باخشىنىڭ باللىرى دادىسىنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلىپ يولغا چىقىپتۇ. شاھ ئوردىسىدىن باخشىنىڭ ئاللىبۇرۇن قايتىپ كەتكەنلىكىنى ئۇقۇپ كەينىگە يانغان بۇ يىگىتلەر يۇرتمۇ ـ يۇرت ئىزدەپ يۈرۈپ ئاخىرى ھېلىقى چۆلدىكى ئېگىز دەرەخنىڭ يېنىغا كېلىپ قاپتۇ، دەرەخ تۈۋىگە يېتىپ كەلگەن يىگىتلەر دادىسىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ پارچىلىرى چېچىلىپ ياتقانلىقىنى، دەرەخ پۇتىقىدا دادىسىنىڭ تولۇق يېيىلىپ بولۇنمىغان جەسىدى ئېلىنىپ تۇرغانلىقىنى، قوشنىڭ ھېلىقى دەرەخنىڭ ئۇچىغا قونۇپ، تۇمشۇقى بىلەن تىرناقلىرىدىكى قان داغلىرىنى تازىلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ ـ دە، بولغان ئىشنى چۈشىنىپتۇ ۋە ئوقيالىرىنى بەتلەپ قوشنى ئېتىپتۇ. بىر پاي ئوق ئەمدىلا دەرەختىن كۆتۈرۈلۈپ ئۇچقان قوشنىڭ پۇت بوغۇمىغا تېگىپ، تىزنىڭ ئاستىنى ئۈزۈپ تاشلىغان بولسىمۇ، لېكىن قوش تېز ئۇچۇپ يىگىتلەردىن قۇتۇلۇپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ سىڭار پۇتلۇق قوش مۇشۇ چۆلدىكى ئېگىز دەرەختىن ماكان تۇتۇپ، ئوۋ ئوۋلاپ ھايات كەچۈرۈپتۇ. چولاق قوشنى كۆرۈپ ئىچ ئاغرىتقان يولۇچىلارمۇ ئۇنىڭغا ئانچە مۇنچە ئوزۇقلۇق تاشلاپ كېتىدىغان بوپتۇ. شۇ چاغدىن باشلاپ بۇ ساي «چولاق قوشنىڭ سېيى» دەپ ئاتىلىپ قاپتۇ. كېيىن بۇ سۆز بارا ـ بارا قىسقارتىلىپ «چولاقنىڭ سېيى» دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: چېرا ناھىيە گۇلاخما يېزىسىدىن مەتسىدىق مەترېھىم

چېرا ناھىيە چېرا بازىرىدىن مەمتىمىن توختى

توپلاپ رەتلىگۈچى: مەمتىمىن سابىر

تەھرىرلىگۈچى: غ. ھ. نىيازى

(بېشى 62 ـ بەتتە)

ئادەم قۇمۇلنىڭ يۇسۇپچى دېگەن يېرىدە (ھازىرقى نامى ئېنىق ئەمەس) بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يەنە ئەل بولغان مۇھاپىزەتچى يېڭى ئەسكەرلەردىن 1000 ئادەم بېشبالىقتا بوز يەر ئېچىشقا ئەۋەتىلدى. ئۇلارنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ئەمىرلەشكەر مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى. شۇنىڭدەك تەڭرىتاغ ئېتىكىدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى 3000 ئۆيلۈك ئۇيغۇرغا كالا ۋە ئورۇقلۇق بېرىلدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئەمىرلەشكەرنىڭ ئىلتىماسىغا بىنائەن بېشبالىقتا مېتال تاۋلاش مەيدانى قۇرۇلۇپ، دېھقانچىلىق سايمانلىرى قۇيۇلدى. بۇنىڭدىن تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا تۆمۈرچىلىقنىڭ ئېچىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

**4) پۇل ئامبىرى قۇرۇش** قوبلايخان زامانىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا جۇڭتۇڭ پۇلى قويۇلۇشقا باشلىدى، كېيىن جىيۈەن پۇلى قويۇلدى، ئۇ جۇڭتۇڭ پۇلى بىلەن بىللە ئوبوروت قىلىندى. پۇچۇلۇپ كەتكەن پۇللارنى پۇل ئامبىرى تېگىشىپ بەردى. ئۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار يۇرتىدا پۇل ئامبىرى قۇرۇلغانىدى. بۇنىڭدىن يۈەن سۇلالىسى پۇللىرىنىڭ غەربىي يۇرتتا ئوبوروت قىلىنغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

**5) بوياقچىلىق ـ توقۇمىچىلىق جۈجۈقى** قۇرۇش يۈەن دەۋرىدە ھۆكۈمەت باشقۇرغان سانائەت بار ئىدى، مەسىلەن: بۇددا ھەيكەللىرىنى باشقۇرۇش مەھكىمىسى (ئويمىچىلىق، رەسساملىق ئىشلىرىنى باشقۇراتتى)، شام باشقۇرۇش مەھكىمىسى (شام قۇيۇش ئىشلىرىنى باشقۇراتتى) قاتارلىق ئورگانلار بار ئىدى. جايلاردا بوياقچىلىق ـ توقۇمىچىلىق جۈجۈقلىرىنى باشقۇرىدىغان بوياقچىلىق ـ توقۇمىچىلىق باشقۇرۇش مەھكىمىسى قۇرۇلغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا غەربىي يۇرت يۈەن ئوردىسىغا بىۋاستە قارايتتى. مەسىلەن: بېشبالىق ۋە خوتەنبالىقلاردا بوياقچىلىق ـ توقۇمىچىلىق جۈجۈقلىرى قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار يىپەك رەختلەرنى بوياش ـ توقۇش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىناتتى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

تەرجىمە قىلغۇچى: قادىر ھاپىز

# § 4 . موڭغۇللارنىڭ غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلىش سىياسىتى

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

موڭغۇللار چىڭگىزخان غەربكە يۈرۈش قىلغاندىن بۇيان جەمئىي 3 قېتىم كەڭ كۆلەمدە يۈرۈش قىلىپ، زېمىن دائىرىسىنى ئېتىلنىڭ تۆۋىنكى يەتكەن يەرگىچە كېڭەيتتى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي ياۋروپانىڭ ھەممە يېرىنى ئىگىلەپ، مىسلى كۆرۈلمىگەن يېڭى ۋەزىيەت ياراتتى. ئۇلار غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتا، سۇيۇرغاللىق تۈزۈمى ۋە ۋاقىتلىق دىۋان ۋازارىتى تۈزۈمىدىن ئىبارەت 2 خىل سىياسەت قوللاندى. تۆۋەندە ئۇلارنى ئايرىم-ئايرىم بايان قىلىمىز:

**1 . غەربىي يۇرتتىكى 4 چوڭ خانلىق**


شاھزادىلەرگە سۇيۇرغاللىق يەر بېرىش چىڭگىزخاندىن باشلاندى. سۇيۇرغاللىق يەر ئومۇمەن ئېتىلنىڭ تۆۋىنكى يەتكەن يەرگە قاراپ بېرىلدى. مىنگودىن 687 يىل ئىلگىرى (سۇڭ لىزوڭ زامانىسىنىڭ باۋچىڭ 1-يىلى، چىڭگىزخان زامانىسىنىڭ 20-يىلى) چىڭگىزخان غەربكە يۈرۈش قىلىشتىن قاراقۇرۇمدىكى ۋاقىتلىق ئوردىسىغا قايتىپ كېلىپ، ئوغۇللىرىغا كەڭ كۆلەمدە سۇيۇرغاللىق يەر بۆلۈپ بېرىشكە باشلىدى. قاراقۇرۇمدىكى بۇرۇنقى زېمىنىنى كىچىك ئوغلى تولۇيغا بۆلۈپ بەردى. موڭغۇللارنىڭ يوسۇنى بويىچە كىچىك ئوغۇل ئائىلىنىڭ مال-مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلاتتى، شۇڭا ئۇنىڭغا قاراقۇرۇم بۆلۈپ بېرىلدى. غەربىي يۇرتنىڭ قالغان يەرلىرى چوڭ ئوغۇل، 2-ئوغۇل، 3-ئوغۇلدىن ئىبارەت ئۈچ ئوغۇلغا ئۈچ خانلىق قىلىپ بۆلۈپ بېرىلدى.

**1) قىپچاق خانلىقى** چوڭ ئوغۇل جوجىغا ئارال دېڭىزى، كاسپىي دېڭىزىنىڭ شىمالىدىكى يەرلەر يەنى قاڭقىللار بىلەن قىپچاقلارنىڭ بۇرۇنقى يەرلىرى بۆلۈپ بېرىلدى، بۇ قىپچاق خانلىقى دەپ ئاتالدى. باتۇ غەربكە يۈرۈش قىلغاندىن كېيىن، رۇس دۆلەتلىرىمۇ قىپچاق خانلىقىغا قارايدىغان بولدى.

**2) چاغاتاي خانلىقى** 2-ئوغۇلغا ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالى، ئىلى دەرياسىنىڭ غەربىي جەنۇبى ۋە ئۇ يەردىن سىر دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغىچە بولغان يەرلەر، كۆكئارتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى جايلار يەنى قىتانلارنىڭ بۇرۇنقى زېمىنى بۆلۈپ بېرىلدى. بۇ، چاغاتاي خانلىقى دەپ ئاتالدى. جىيۈەن يىللىرىدىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنىمۇ قوشۇۋېلىندى، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى پۈتۈنلەي بۇ خانلىققا تەۋە بولدى.

**3) ئۆگداي خانلىقى** 3-ئوغۇل ئۆگدايغا ئالتۇنتاغنىڭ شەرقى ۋە غەربى، تەڭرىتاغنىڭ شىمالى، بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى جايلار بۆلۈپ بېرىلدى، ئۇنىڭ زېمىنى ئېرتىش، ئېمىل دەريالىرى ۋادىسىنى يەنى نايمانلارنىڭ بۇرۇنقى زېمىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. بۇ ئۆگداي خانلىقى دەپ ئاتالدى. كېيىن قايساڭ كۈلۈكخان زامانىسىدا يۈەن ئوردىسى زېمىنىغا قوشۇلۇپ كەتتى.

**4) ئىلخان خانلىقى** مۆڭكۈخاننىڭ ئىنىسى ھۇلاكۇ غەربكە يۈرۈش قىلىپ نەتىجە قازانغاندىن كېيىن، ئىلخان خانلىقى قۇرۇلدى،



ئۇنىڭغا ئامۇ دەرياسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن ئەرەب ئەللىرى ۋە كىچىك ئاسىياغىچە بولغان جايلار قارىدى (ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبى ھىلاكۇ غەربكە يۈرۈش قىلغىچە ئامۇ دەريا ۋاقىتلىق دىۋان ۋازارىتىگە قارىغانىدى).

**2. غەربىي يۇرتتىكى 3 ۋاقىتلىق دىۋان ۋازارىتى، 3 ئايغاقچى مەھكىمىسى** يۈەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختتىكى ۋە پايتەخت سىرتىدىكى ئەمەل تۈزۈمىدە، پايتەختتىكى قارادىۋان ۋازارىتى مەمۇرىي ئىشلارنى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان جاي، زوراغالىق مەھكىمىسى (سۇڭ سۇلالىسىنىڭ تۈزۈمى بويىچە) ھەربىي ئىشلارنى باشقۇرىدىغان جاي، تەپتىش بېگى مەھكىمىسى مەنسەپ- جازا ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان جاي ئىدى؛ پايتەخت سىرتىدىكى مەنسەپلەردىن ۋاقىتلىق دىۋان ۋازارىتى، ۋاقىتلىق مەھكىمە، ئايغاقچى مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسى قاتارلىقلار بار ئىدى. غەربىي يۇرتتا سۇيۇرغاللىق قىلىپ بېرىلگەن جايلاردىن باشقا يەرلەرنى 3 ۋاقىتلىق دىۋان ۋازارىتى بىلەن 3 ئايغاقچى مەھكىمىسى باشقۇراتتى.

**1) ئامۇ دەريا ۋاقىتلىق دىۋان ۋازارىتى** بۇنىڭغا ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلار قارىدى.

**2) بېشبالىق ۋاقىتلىق دىۋان ۋازارىتى** بۇنىڭغا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ئۇيغۇرلار زېمىنى قارىدى.

**3) ئالمىلىق ۋاقىتلىق دىۋان ۋازارىتى** بۇنىڭغا ئىلى تەۋەسى قارىدى.

«يۈەن سۇلالىسى تارىخى» نىڭ «ئەمەل- مەنسەپ تەزكىرىسى» دە مۇنداق دېيىلگەن: «ۋاقىتلىق قارادىۋان ۋازارىتى 10 دەرىجىنىڭ قوشۇمچە 1 - دەرىجىسىگە كىرەتتى، ئۇ يۇقىرىلارنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. ۋىلايەت، ناھىيىلەرنى باشقۇراتتى، چېگرا بويلىرىنى ساقلايتتى، ئۇ پايتەخت ۋازارىتى بىلەن ماسلىشىپ ئىشلەيتتى. دۆلەتتە دەسلەپتە ئۇرۇش بولۇپ قالسا، ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئىشلارنى قوماندانلار بىلەن ۋەزىرلەر بۆلۈپ ئۈستىگە ئالاتتى، ئۇلار ۋاقىتلىق ۋازارەت دېيىلەتتى، بۇ جەھەتتە مۇقىم تۈزۈم يوق ئىدى. جوڭتوڭ، جىيۈەن يىللىرىدا ۋاقىتلىق قارادىۋان ۋازارىتى قۇرۇلۇشقا، ئىشقا قاراپ ئەمەل تەسىس قىلىنىشقا باشلىدى، ئەمەلدارلارنىڭ چوقۇم ھازىر بولۇشى تەلەپ قىلىنمايتتى، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ۋازارەت ئەمەلدارلىرى بېجىرىپ قوياتتى. ۋەزىرلەرنىڭ ھەممىسى مەلۇم جايدىكى ۋازارەتنىڭ ئىشلىرىنى ئىجرا قىلاتتى، ئۇلار ئۇنىۋان جەھەتتە ۋازارەت ئەمەلدارلىرىدىن كېيىن تۇراتتى. پايتەخت سىرتىدىكى جايلارنىڭ كۆچىيىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ۋازارەتلەر مەلۇم جاينىڭ ۋاقىتلىق قارادىۋان ۋازارىتى دەپ ئۆزگەرتىلدى. ئۇلار مالىيە، ئاشلىق، قورال - ياراغ، ئاشلىق تېرىش، سۇ قاتنىشى، مۇھىم ھەربىي - مەمۇرىي ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى باشقۇراتتى». بۇ باياندىن ۋاقىتلىق ۋازارەت تۈزۈمىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى ۋە ئۇنىڭ ھوقۇق دائىرىسىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ.

ئالدىنقى 2 ۋازارەت مۆڭكۈخان زامانىسىنىڭ باشلىرىدا (مىنگودىن 661 يىل بۇرۇن، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ چۈنيۇ 11 - يىلى) قۇرۇلدى. چىڭگىزخان ئوغۇللىرىغا سۇيۇرغاللىق يەر بۆلۈپ بەرگەندە ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى يەرلەرنى ئومۇمنىڭ مۈلكى دەپ قاراپ بۆلۈپ بەرمىگەن، ئۇ يەرلەرنى مەخسۇس ئەمەل تەسىس قىلىپ باشقۇرغانىدى. مۆڭكۈخان زامانىسىغا كەلگەندە ۋاقىتلىق ۋازارەت قۇرۇلۇشقا باشلىدى، ئىلىكخان خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئامۇ دەريا ۋازارىتى بىكار قىلىندى. ئالمىلىق ۋازارىتى قۇبلايخان زامانىسىدا قۇرۇلدى. قۇبلايخان چوڭ خانلىق تەختىگە مىنگودىن 652 يىل ئىلگىرى (سۇڭ سۇلالىسىنىڭ جىڭدىڭ 1 - يىلى) يەنى جيەنيۈەن- جوڭتوڭ يىلى ئولتۇردى. ئۇ تەختكە چىقىپ 5 - يىلى سەلتەنەت نامىنى جىيۈەنگە ئۆزگەرتتى. جىيۈەن 8 - يىلى ئوگدايخان ئەۋلادلىرىدىن قايدۇ ۋە چاغاتايخان ئەۋلادلىرىدىن دۇۋا قۇبلايخاننىڭ چوڭ خان بولغانلىقىدىن نارازى بولۇپ، قوشۇنلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىسيان كۆتۈرۈپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى جايلارغا بىرقانچە قېتىم بېسىپ كىردى. قۇبلايخان شاھزادە، بېيىڭ ۋاڭى

نامخاننى غەربىي - شىمالىي چېگرىنى ساقلاشقا، ئالمىلىقتا بارگاھ قۇرۇشقا بۇيرۇدى. شاھزادە كۆكچۇ، خېپىڭ ۋاڭى شىلىجى، ۋاڭلاردىن تۇغلۇق تېمۇر قاتارلىقلار ئادەملىرىنى باشلاپ ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشتى. كېيىن 5 - يىلى (جىيۇەن 12 - يىلى) قۇبلايخان ۋاقىتلىق قارادىۋان ۋازارىتى، زوراغالىق مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى (چىڭ دەۋرىدىكى باش ۋالىيغا تەڭ) ۋەزىر ئەنتۇڭغا ئالمىلىقنى ساقلاپ، بېيپىڭ ۋاڭغا ياردەملىشىشنى تاپشۇردى. كېيىنكى يىلى خېپىڭ ۋاڭى شىلىجى قاتارلىقلار ئاسىيلىق قىلدى، بېيپىڭ ۋاڭى بىلەن ئەنتۇڭ قاتارلىقلارنى كۆتۈپ قايدۇنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن ئالمىلىق ۋازارىتى بىكار قىلىندى، ئۇنىڭ زېمىنلىرى كېيىنچە چاغاتاي خانلىقىغا تەۋە بولدى.

ئالمىلىق قولدىن كەتكەندىن كېيىن، يۈەن سۇلالىسى ئەسكەرلىرى بېشبالىق ۋە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارغا چېكىندى. شۇ سەۋەبتىن قۇبلايخان مىنگودىن 631 يىل بۇرۇن (جىيۇەن 18 - يىلى) ۋاڭلاردىن ئاجىجىغا بېشبالىقنى ساقلاشنى بۇيرۇدى. يەنە 3 ئايغاقچى مەھكىمىسىنى تەسىس قىلدى، ئۇلار بېشبالىق ۋازارىتىنىڭ قول ئاستىدا بولدى، ئۇلارنىڭ نامى تۆۋەندىكىچە:

1) بېشبالىق ئايغاقچى مەھكىمىسىنىڭ باش ئەمىر لەشكەر مەھكىمىسى

2) قاراقوچۇ ئايغاقچى مەھكىمىسىنىڭ باش ئەمىرلەشكەر مەھكىمىسى

3) ئۇدۇن ئايغاقچى مەھكىمىسىنىڭ باش ئەمىر لەشكەر مەھكىمىسى

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇرلارنىڭ سوراقچى ئەمەلدارى بېشبالىق قورۇقچىبېگىگە ئۆزگەرتىلدى، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى توقتومۇر باشقۇردى، يەنە ئابىش تەپتىش بېگى مەھكىمىسىنىڭ ئىشلىرىنى بىرلىكتە يۈرگۈزدى، ئۇلار مۈلكى ۋە ھەربىي كۈچلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، قايدۇدىن مۇداپىئەلەندى.

ئايغاقچى مەھكىمىسى باش ئەمىرلەشكەر مەھكىمىسىنىڭ ھوقۇقى توغرىسىدا «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» نىڭ «ئەمەل - مەنسەپ تەزكىرىسى» دە مۇنداق دېيىلگەن: «ئايغاقچى مەھكىمىسى ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلارنى باشقۇراتتى، ۋىلايەت، ناھىيىلەرنى رايونلارغا بۆلۈپ ئىدارە قىلاتتى. ۋاقىتلىق ۋازارەتنىڭ مەمۇرىي بۇيرۇقلىرىنى تۆۋەنگە تارقىتاتتى، ۋىلايەت - ناھىيىلەرنىڭ ئىلتىماسلىرىنى ۋازارەتكە يەتكۈزەتتى. چېگرا بويلىرىدىكى قوشۇنلارنىڭ باش ئەمىرلەشكىرى مەھكىمىسى قوشۇمچە بېجىرەتتى» (ئۇنىڭ ھوقۇقى چىڭ دەۋرىدىكى ھەربىي تەييارلىقلار دوتەيلىكىگە ئوخشاپ كېتەتتى). يۇقىرىقىلار يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىن بۇرۇنقى غەربىي يۇرتنىڭ قىسقىچە تەشكىلىي تۈزۈلۈش ئەھۋالىدىن ئىبارەت، ئۇنىڭ تەپسىلاتىنى ئېنىقلاش مۇمكىن بولمىدى.

بۇنىڭدىن باشقا، غەربىي يۇرتتىكى باج بەلگىلەش، ئۆتەڭ قۇرۇش، بوزيەر ئېچىش، پۇل ئامبىرى، بوياقچىلىق - توقۇمىچىلىق جۇجۇقى قۇرۇشقا ئوخشاش مۇھىم مۇئەسسەسىلەردىن تەھقىقلىگىلى بولىدىغانلىرىنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىمىز:

**1) باج بەلگىلەش** چىڭگىزخان زامانىدىن كېيىن، ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلار ئومۇمنىڭ مۈلكى دەپ قارالدى. چىڭگىزخان 4 ئوغلىغا 1000 دىن ئەسكەر چىقىرىپ، دەريانىڭ جەنۇبىدىكى شەھەرلەرنى ساقلاشنى بۇيرۇدى. ئېلىنغان باجلارنى 4 ئوغۇل تەڭ بۆلۈشتى؛ ئوگدايخان دەسلەپكى ۋاقىتلاردا (مىنگودىن 683 يىل بۇرۇن، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ شاۋدىڭ 2 - يىلى) مۇنداق باج بەلگىلىدى: موڭغۇللار چارۋا مېلىغا قاراپ باج تۆلەش، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەر تۈتۈنگە قاراپ باج تۆلەش، بۇلارغا يۇللىغ چۇساي مەسئۇل بولۇش؛ غەربىي يۇرتلۇقلار جان سانىغا قاراپ باج تۆلەش، بۇنىڭغا مەھمۇد يالۋاچ مەسئۇل بولۇش. مۆڭكۈخان زامانىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئامۇ دەرياسى ۋاقىتلىق دىۋان ۋازارىتىنىڭ ۋەزىرى ئارغۇن خانغا غەربىي يۇرتتا باجنى كىشىلەرنىڭ باي - كەمبەغەللىكىگە قاراپ ئېلىش (ئەڭ باي كىشىلەر 10 دىنار، ئەڭ كەمبەغەل كىشىلەر بىر دىنار تۆلەش) ، بۇنىڭدىن باشقا بارلىق باج - سېلىقلارنى توختىتىش ياكى ئۆزگەرتىش ھەمدە 100 ئات،

كالىدىن بىرنى باجغا تۆلەش، 100 گە يەتمىگەنلىرنى كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ سۇندى. مۆڭكۆخان بۇنىڭغا ماقۇل بولدى. جان سانىدىن ئېلىنغان باج كىرىمى ھەربىي تەمىناتقا ئاجرىتىلدى، بۇنى ئۆتەك ۋە مۇلازىملار تارقىتىپ بەردى، ئۇنىڭدىن باشقا تەمىنات بېرىلمىدى. ۋاڭلار قالايمىقان چۈشۈرگەن بۇيرۇق - پەرمانلار ئاقمايدىغان بولدى. 4. شاھزادىنىڭ ئەۋلادلىرى بىردىن ئادەم ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى ئادەملەرگە باج كىرىمىنى بۆلۈپ بەردى. ھىلاكۇ ئىلبېكخان خانلىقىنى قۇرغاندىن كېيىن، ۋاقىتلىق ۋازارەت بىكار قىلىندى، ئۇنىڭ زېمىنى خانلىققا قوشۇلۇپ كەتتى. باج كىرىمىمۇ ئىلبېكخان خانلىقىنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى.

بۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇرلار يېرىدىمۇ قۇبلايخان زامانىسىدا يەرنىڭ مو سانىغا قاراپ باج ئېلىش تۈزۈمى ئورنىتىلغانىدى.

**2) ئۆتەك قۇرۇش** يۇەن سۇلالىسى تۈزۈمىدە ئۆتەكلەر چېگرا رايونلارنىڭ ئەھۋالىنى يەتكۈزەتتى، يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئېلان قىلاتتى. ئۆتەكلەر قۇرۇقلۇقتا ئات، كالا، ئېشەك ياكى ھارۋا، سۇ يوللىرىدا كېمە ئىشلىتەتتى. ئۆتەكلەرگە تارقىتىپ بېرىلگەن مۆھۈرلۈك خەت قونالغۇ يارلىقى دېيىلەتتى. جەددىي ھەربىي ئىشلار يۈز بەرگەندە ئالتۇن خەتلىك تەمتەك دەلىل ئورنىدا ئىشلىتىلەتتى، كۆمۈش خەتلىكلىرى ئۇنىڭدىن تۆۋەن تۇراتتى. ئۆتەكلەرنى پايتەختتە ئالىي مەھكىمە، پايتەخت سىرتىدا باش ئەمەلدار بولغان موڭغۇل باشقۇراتتى. ئۆتەكلەردە ئۆتەك بېگى، باشقۇرغۇچى دېگەن ئەمەلدار بار ئىدى. توقتۇخوسون مۇھىم ئۆتەكلەرگە نازارەتچى قىلىپ قويۇلدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەرز - شىكايەت مەھكىمىسى ۋە قارادۇۋان ئەسكىرىي ئىشلار مەھكىمىسىگە قارايتتى. ئۆتەك چاكارلىرى قېچىپ كەتسە، ۋاقتىدا تولۇقلىنىپ، تەمىناتى كۆپەيتىپ بېرىلەتتى. شۇڭا جاي - جايلاردىن كەلگەنلەر، ياخشى مېھمانخانىلار، ئادەتتىكى چېدىرلار ۋە يېمەك - ئىچمەكلەر بىلەن تەمىنلىنەتتى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە خەت - ئالاقىلارنى تېز يەتكۈزگۈچى سارايى ئەسكەرلىرى تۈزۈمى ئورنىتىلغان بولۇپ، چېگرىدىكى جەددىي ئىشلار ھەققىدىكى خەت - ئالاقىلەر قوتىغا سېلىنىپ پېچەتلەنگەندىن كېيىن، تېز يەتكۈزۈش ئۈچۈن سارايى ئەسكىرىگە بېرىلەتتى، ھەربىر ئۆتەكنىڭ ئارىلىقى 10 چاقىرىم ھەتتا 25 چاقىرىم كېلەتتى. سارايى ئەسكىرى بېلىگە قوڭغۇراق ئېسىلغان كەمەرنى چىگىپ، قولىغا قورال، يامغۇرلۇق كىيىم ۋە خەت - ئالاقىنى ئېلىپ يولغا چىقاتتى. كېچىدە مەشئەل كۆتۈرۈپ ماڭاتتى، تار يوللاردىكى ئات - ھارۋىلار، ئېغىر يۈك كۆتۈرگەنلەر قوڭغۇراق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، يولنىڭ چېتىگە چىقىپ تۇراتتى. مەشئەل يەنە بۆرە، يولۋاسلارنى قورقىتىش رولىنىمۇ ئوينايتتى. سارايى ئەسكىرى بىر سارايغا يېتىپ كەلگەندە سارايى خادىملىرى ئۇنى ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالاتتى. يۇەن دەۋرىدە دۆلەتنىڭ زېمىن دائىرىسى ناھايىتى كېڭەيگەچكە، ئۆتەكلەر ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكىدىن مۇكەممەللىشىپ، خەت - ئالاقە ناھايىتى تېز يەتكۈزۈلىدىغان بولدى. «يۇەن سۇلالىسى تارىخى، ھەربىي ئىشلار تەزكىرىسى» دە ئىچكى ئۆلكىلەر ۋە لياۋدۇڭدىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى سۇ، قۇرۇقلۇق ئۆتەكلىرى ھەققىدە تەپسىلىي خاتىرىلەر بار. لېكىن غەربىي شىمالدىكى ۋاسسال ئەللەر زېمىنى ۋە ۋاقىتلىق ۋازارەتلەر ھەققىدە خاتىرە ناھايىتى كەم. شۇنداق بولسىمۇ، پارچە - پۇرات خاتىرىلەرنى جەملىسەك، ئۇنىڭدىن خېلى نەرسىلەرنى كۆرۈۋالالايمىز، قۇبلايخان ۋاقتىدا چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن دۇۋا تەخىرتاغنىڭ جەنۇبىغا بېسىپ كىردى، ئوردا چېگرا رايونلارغا دائىر تەدبىرلەرنى مۇھاكىمە قىلغاندىن كېيىن، خوتەن، يەكەندە 13 سۇ ئۆتەڭ، شاجۇ ئايمىقىنىڭ شىمالىدا 2 قۇرۇقلۇق ئۆتىڭى ھەمدە تەيخې - تېغى (سەنشىدىكى يەنمېنگۇەن تېغى) نىڭ غەربىدىن بېشبالىققىچە 30 ئۆتەك قۇردى. ئۇيغۇرلار تەۋەسىدىمۇ 4 ئۆتەك قۇردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەربىي مەلۇماتلارنى تېز يەتكۈزۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى.

**3) بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش** قۇبلايخان ۋاقتىدا، بېشبالىقنى ساقلايدىغان ئۇيغۇر، خەنزۇ ئەسكەرلىرى ۋە يېڭى ئەل بولغان ئەسكەرلەر (سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئەل بولغان ئادەملىرى) دىن 500

(ئاخىرى 58 - بەتتە)

# ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئاراتۇرۇك قارلىق تاغ قوتىزى

ئاراتۇرۇك ناھىيىسى تاغلىق رايون بولۇپ، كىلىماتى سوغۇق، يامغۇر كۆپ ياغىدۇ، تاغ جىلغىلىرى چوڭقۇر، تاغ ئەتراپىدا ئوت - چۆپلەر مول. يىلبويى قار - مۇزلار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىغان ئاراتۇرۇك تېغى قوتاز كۆپىيىپ ياشايدىغان كۆڭۈلدىكىدەك بىر جاي بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قەدىمدە قۇمۇلنىڭ ئاراتۇرۇك، شوپۇل، باغداش تۆمۈرتى، شارلار تېغى قاتارلىق جايلىرىدا جۇغى كىچىك يەرلىك قوتازلار بار ئىدى. 1905 - يىلى ئەتىيازدا موڭغۇل سودىگەر زىباڭ 1000 چاقىرىم يول يۈرۈپ، موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىدىن 20 تۇياق قوتازنى ئاراتۇرۇكتىكى نومغا ئېلىپ كېلىپ ئاشلىققا ئالماشتۇرغان، كېيىن كىشىلەر بۇ قوتازلارنى تۆمۈرتىگە ئېلىپ كېلىپ، بۇ جايدىكى يەرلىك قوتازلار بىلەن نەسىللەندۈرگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ئاراتۇرۇكتە موڭغۇلىيە قوتىزى قان تىپىدىكى قوتاز بارلىققا كەلگەن. 1935 - يىلى تۆمۈرتى يېزا نىرناسى كەنتىدىكى خۇدا بەردى دېگەن كىشىمۇ گەنسۇ، چىڭخەي قاتارلىق جايلاردىن بىر تۈركۈم قارا، قىزىل تۇكلۇك قوتازلارنى ئەكىلىپ قارلىق تاغ جىلغىلىرىدا باققان. نەتىجىدە، ئاراتۇرۇك قوتىزىنىڭ قان تىپى ۋە نەسلى ناھايىتى تېزلا ئۆزگىرىپ كەتكەن. ئۇزۇن يىل ئارىلاش نەسىللەندۈرۈپ بېقىش ۋە سۇ - تۇپراققا ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق بۈگۈنكى يەرلىك ئاراتۇرۇك قارلىق تاغ قوتىزى شەكىللەنگەن.

ئاراتۇرۇك قارلىق تاغ قوتىزىنىڭ باش قىسمى قوپال، كۆرۈنۈشى سۈرلۈك ھەم ياۋۇز، پېشانىسى تار ھەم كەڭ، كۆز قارىچۇغى پولتىيىپ چىققان بولۇپ، كۆزىدىن بىر خىل ۋەھشىيلىك چىقىپ تۇرىدۇ. بۇرنى ئۇزۇن، سەزگۈر، قۇلىقى كىچىك، ئۈچلۇق، مۈڭگۈزى قىسقا، بىراق يەرلىك كالىنىڭكىدىن كۈچلۈك، بوينى قىسقا ھەم توم. دۈمبە قىسمى دولقۇنسىمان شەكىلدە، داس سۆڭىكى كۆتۈرۈلۈپ چىققان، ساغرا قىسمى يۇمىلاق، قۇيرۇقى قىسقا، تۇۋىقى كىچىك ھەم پۇختا، يۇڭ بېرىش ئىقتىدارى يۇقىرى بولۇپ، قورساق قىسمىنىڭ يۇڭى ئەڭ ئۇزۇن، يۇڭىنىڭ تۈۋى توم، قارا كۆك رەڭدە، ئۈچى ئىنچىكە، ساغۇچ رەڭدە.

قوتازنىڭ كۆپىيىش ئىقتىدارى يۇقىرى، ئەركەك قوتاز 3 ـ 4 ياشتا، چىشى قوتاز 2 يېرىم ياشتىلا يېتىلىدۇ. بوغاز قوتاز يىلبويى قار - مۇزلار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىغان 30℃ - لۇق قارلىق تاغ ئۈستىدىمۇ ئەۋلاد قالدۇرالايدۇ.

ئاراتۇرۇك قوتىزىنىڭ سۈت بېرىش ئىقتىدارى يەرلىك كالىنىڭكىدىن سەل تۆۋەن بولۇپ، سۈتلۈك قوتاز كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2 . 17 كىلوگرام سۈت بېرىدۇ. قوتاز سۈتىنىڭ ماي تەركىبى يەرلىك كالىنىڭكىدىن بىر ھەسسە كۆپ. قوتاز گۆشى ئىنچىكە تالالىق بولۇپ، ئىسسىقلىق دەرىجىسى يۇقىرى، ماي مىقدارى يەرلىك كالا گۆشىنىڭكىدىن تۆۋەن، ئاقسىل بىر قەدەر مول.

ئاراتۇرۇك قارلىق تاغ قوتىزىنىڭ بويى مەملىكىتىمىزنىڭ باشقا جايلىرىدىكى ئەركەك قوتازلارنىڭ بويىدىن ئېگىز، ئېغىرلىقىمۇ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئەركەك قوتازلارنىڭكىدىن ئېغىر.

ئاراتۇرۇك قارلىق تاغ قوتىزى ناھايىتى كۈچلۈك، ناۋادا ئۇلار بۆرە توپىغا ئۇچرىشىپ قالسا، ئۇلارنى تەلۋىلەرچە ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈپلا قالماستىن، يەنە مۈڭگۈزلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۈچەي - باغرىنى چىقىرىۋېتىدۇ.


يەرلىك كىشىلەر قوتازنىڭ قىسقا، كىچىك، چىپچىلىپ تۇرىدىغان قۇيرۇقىدىن سۈرتكۈچ ئورنىدا پايدىلىنىدۇ. شۇنداقلا قوتاز مۈڭگۈزىنى تامغا، تازغاق قاتارلىق سەنئەت بۇيۇملىرىنى ياساشقا ئىشلىتىدۇ.

قىسقىسى، ئاراتۇرۇك قارلىق تاغ قوتىزى ئېگىزلىكتىكى سوغاق تاغلىق رايونلارغا بىر قەدەر ياخشى ماسلىشالايدۇ. سوغاققا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، كېسەللىككە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك، ھەزىم قىلىشى ياخشى، كۆپىيىش ئىقتىدارى يۇقىرى. ئاراتۇرۇك قارلىق تاغ قوتىزى كۆندۈرۈلمىگەچكە، شاش، قوپال، ۋەھشىي بولۇپ، مىنىشكە ۋە يۈك توشۇشقا بولمايدۇ.

تەييارلىغۇچى: قادىر سالى

تەھرىرلىگۈچى: جەملە ئابلا

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: تۇردى قادىر نازىرى




# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى (پەسىللىك ژۇرنال) 新疆地方志 维吾尔文(季刊)


باشقۇرغۇچى:
ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى
ش ئۇ ئا ر تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى
تۈزگۈچى ۋە نەشىر قىلغۇچى: «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى «شەرق شامىلى» كوچىسى 8 - قورو
تىزغۇچى: ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى لازېر نۇرىدا ھەرپ تىزىش شىركىتى
باسقۇچى: ش ئۇ ئا ر گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار رەڭلىك باسما زاۋۇتى

办: 新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会
新疆维吾尔自治区地方志学会
辑出版:《新疆地方志》编辑部
址:乌鲁木齐市东风路 8 号
排:新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会
激光照排公司
刷:新疆维吾尔自治区地矿彩印厂

ئىچكى گېزىت، - ژۇرناللارنى بېسىشقا رۇخسەت قىلىش كېنىشكىسى: 1165 (XJ)
تېلېفون نومۇرى: 2821715 پوچتا نومۇرى: 830002
باھاسى: 3.00 يۈەن

部报刊准印证(XJ)1165
话:2821715　邮政编码:830002
价:3.00 元

# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى



# ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇقادىر نەسىردىن ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىغا كېلىپ نەق مەيداندا ئىش بېجىردى



1998 - يىل 2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 18 دە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇقادىر نەسىردىن ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىغا كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى ھەمدە نەق مەيداندا ئىش بېجىردى. مۇئاۋىن رەئىس ئابدۇقادىر نەسىردىن تەھرىر - تەرجىمە باشقارمىسى، «شىنجاڭ يىلنامىسى» رېداكسىيىسى، ۋىلايەت - ناھىيە تەزكىرىسى خىزمىتى باشقارمىسى، ماتېرىيال - ئۇچۇر تەتقىقات باشقارمىسى، شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى باشقارمىسى، ئىشخانا، ماتېرىيال بۆلۈملىرىگە كىرىپ خىزمەتچى خادىملارنى يوقلىدى، خىزمەت شارائىتىنى تەكشۈردى ھەمدە كۆپچىلىكنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش ئەھۋالىنى سورىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ھەمدە كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بەي يۈشى كومىتېت پارتگۇرۇپپىسىغا ۋاكالىتەن مۇئاۋىن رەئىس ئابدۇقادىر نەسىردىنگە شىنجاڭنىڭ تەزكىرىچىلىك ئاپپاراتلىرى، شتاتى، قوشۇنى، خىزمەت ۋەزىپىسى ھەمدە تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ نەشر قىلىنىش ئەھۋالى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىرىنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ۋە ئۇنى قوللىغانلىقى، نۆۋەتتىكى تەزكىرىچىلىك خىزمىتى دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقلار ۋە بۇندىن

(داۋامى مۇقاۋىنىڭ 3 - بېتىدە)

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.


# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

پەسىللىك ژۇرنال

15 ـ يىل نەشرى

1998 ـ يىل 2 ـ سان

ئومۇمىي 43 ـ سان


## ※مۇندەرىجە※


**ھۆججەتلەر**

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ 1998 ـ يىللىق خىزمەتلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى ... 1

**تارىخىي ئەسلىمە**

1934 ـ يىلى قەشقەردە يۈز بەرگەن زور ۋەقەلەردىن ئەسلىمە ........ مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى 5

بىز باسقان ئىزلار (داۋامى) ........................ توختى سابىر 14

**تارىخ سەھىپىسىدە**

تۈرك خانلىقىنىڭ ھەربىي تەشكىلىي تۈزۈمى .................. تەلئەت ئوبۇلقاسىم 32

قىلىچ ھەققىدە ئىككى ئېغىز سۆز ........................ زۆھرە 38

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددىزىم كىتابلىرى ئۇستىدە ئىزدىنىش ........... مەرزىيە ئابلىم 41

**ئىلمىي مۇھاكىمە**

موللا مۇسا سايرامى ۋە ئۇنىڭ تارىخ قارىشى ............... ھۆرمەتجان ئابدۇراھمان فىكرەت 43

**مەشھۇر شەخسلەر**

ئۇستا خەتتات، رەسسام ھەم بايازچى پاشا غوجام ................ ھاكىم جاپپار 49

**شىنجاڭدىكى كەسىپلەر**

كۇچانىڭ ساپالچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى .................... سادىق ھەسەن 52

سۇپۇرگە ...................... سائادەت كىچىك ئەبۇزەر 58

**جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى**

5 § . موڭغۇللارنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشىنىڭ جۇڭگو ۋە غەرب مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى 60



مەسلىھەتچىلەر: ئۇيغۇر سايرانى، ئىمىن تۇرسۇن، نۇرمۇھەممەت دۆلەتى

باش مۇھەررىر: سابىر ئەلى

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر: قادىر ھاپىز، غوپۇر ھوشۇر نىيازى، ئابدۇرۇپ ئىلى

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى): ئابدۇرۇپ ئىلى، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابدۇقەييۇم خوجا، ئابلەت نۇردۇن، ئابلەت ئىمىن، سابىر ئەلى، غوپۇر ھوشۇر نىيازى، غوجائەخمەت يۇنۇس، قادىر ھاپىز، قاسىم خوجا، قۇربان مامۇت، مەھەممەت ئابلا

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلىز ئۇرخۇن

# 新疆地方志

（季刊）

目 录

1998 年第二期

总第四十三期

顾 问
乌依古尔·沙依然
伊敏·图尔逊
努尔穆罕默德·多莱提

主 编
沙比尔·艾力

副主编
哈德尔·阿皮孜
吾甫尔·吾守尔·尼牙孜
阿不都肉甫·艾力

编 委
（姓氏以维吾尔文字母为序）
阿不都肉甫·艾力
阿不都守库尔·图尔地
阿不都克优木·霍加
阿不来提·努尔东
阿不来提·伊敏
沙比尔·艾力
吾甫尔·吾守尔·尼亚孜
霍加阿合买提·优努斯
哈德尔·阿皮孜
哈斯木·霍加
库尔班·马木提
买买提·阿不拉

责任编辑
阿不力孜·鄂尔浑

## 目 录

### 文献记录

自治区地方志编纂委员会 1998 年工作要点 …… 1

### 历史回忆录

回忆 1934 年在喀什发生的重大事件 …… 穆罕默德伊敏·库尔巴尼 5
我们的足迹 …… 托合提·沙比尔 14

### 历史资料

突厥汗国的军事组织制度 …… 太来提·吾布力卡斯木 32
闲话各种军事大刀 …… 早合拉 38
回鹘文佛经的研究情况 …… 妈尔孜娅·阿不力木 41

### 学术讨论

史学家毛拉木萨及其历史观 …… 吾尔买提江·阿不都热合曼 43

### 历史人物

书法家、画家帕夏霍加的生平简述 …… 哈克木·加帕尔 49

### 新疆百业

库车的传统陶瓷业 …… 沙地克·艾山 52
扫帚和维吾尔民俗 …… 沙阿代提·克齐克 58

### 中国经营西域史


第五节：蒙古西征对于中西文化之贡献 …… 60

# ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ 1998 - يىللىق خىزمەتلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى

1988 - يىل 15 - قۇرۇلتاينىڭ روھى بويىچە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشقا ئائىت سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئىشلارنى ئومۇميۈزلۈك ھالدا 21 - ئەسىرگە يۈزلەندۈرۈدىغان ھالقىلىق بىر يىل بولىدۇ. شۇنداقلا، ئاپتونوم رايونىمىز تەزكىرە خىزمىتىنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانىنى ۋە 2010 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى پىلانىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىدىغان ھالقىلىق بىر يىل بولىدۇ. شۇڭا 15 - قۇرۇلتاي روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مەملىكەتلىك 2 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 3 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى يەنىمۇ ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە تۈزۈش قەدىمىنى ھەقىقىي تېزلىتىپ، بۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىمىزنى بالدۇرراق تاماملاشنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، تەزكىرىنىڭ داۋاملىق تۈزۈش ۋە يەرلىك تارىخ يېزىشنىڭ تەييارلىقىنى پائال ياخشى قىلىپ، تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىمىز كېرەك.

**1. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك سىستېمىسىدا پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش، مەدەنىي ئورۇن بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش لازىم.**

پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ھالدا 21 - ئەسىرگە يۈزلەندۈرۈش كېرەك، دەپ ئېنىق كۆرسەتتى. تەزكىرە تۈزۈش جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىكنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئاپتونوم رايوندىكى تەزكىرىچىلەر 15 - قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، يۈكسەك سوتسىيالىستىك پەزىلەت بىلەن، سوتسىيالىستىك يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈپ، كادىرلار ۋە ئاممىنى سىياسىي نۇقتىئىنەزىرى توغرا، ماتېرىيالى تەپسىلىي ھەم توغرا، يېزىلىشى يارقىن بولغان مەنىۋى ئوزۇق بىلەن، سوتسىيالىستىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش جەھەتتە جانلىق يەرلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىشى لازىم. ئاپتونوم رايوندىكى تەزكىرە تۈزگۈچى ئورۇنلار، ئالدى بىلەن، مەدەنىي ئورۇن بەرپا قىلىش، مەدەنىي ئىشچى - خىزمەتچى بولۇش، ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى بەرپا قىلىش ۋە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇش پائالىيىتىنى چوڭقۇر



قانات يايدۇرۇشى كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ئورگىنى باشلامچى بولۇپ، ئاپتونوم رايونىنىڭ تەزكىرىچىلىك سىستېمىسىدا ئۆلگە تىكلىشى كېرەك.

**2. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتىنى سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا يەنىمۇ تېزلىتىپ، بۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى بالدۇرراق تاماملاش ئۈچۈن تىرىشىش لازىم.**

1) 1998 - يىلى 32 تەزكىرە كىتابى تەكشۈرۈپ بېكىتىلىدۇ، تەرجىمە ۋە نەشر قىلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دىكى كەسپىلەر تەزكىرىسى 13، يەنى «گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار تەزكىرىسى»، «قاتناش تەزكىرىسى»، «ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى تەزكىرىسى»، «سودا تەزكىرىسى»، «نېفىت سانائىتى تەزكىرىسى»، «سۇچىلىق تەزكىرىسى»، «تاۋار مەھسۇلاتلىرىنى تەكشۈرۈش تەزكىرىسى»، «پوچتا - تېلېگراف تەزكىرىسى»، «كومپارتىيە تەزكىرىسى»، «پولات - تۆمۈر سانائىتى تەزكىرىسى»، «ئېلېكتر قۇۋۋىتى سانائىتى تەزكىرىسى»، «مالىيە تەزكىرىسى»، «جامائەت خەۋپسىزلىكى تەزكىرىسى»؛ ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيە (شەھەر) تەزكىرىسى 13، يەنى «قۇمۇل ۋىلايىتى تەزكىرىسى»، «بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تەزكىرىسى»، «قورغاس ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «يەنجى ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «قاراماي شەھىرى تەزكىرىسى»، «مارالبېشى ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «قاغىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «شىخو ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «جىڭ ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «مىچۈەن ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «لوپ ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «تۇرپان شەھىرى تەزكىرىسى»؛ ئاز سانلىق مىللەت تىلىغا تەرجىمە قىلىنىدىغىنى 6، يەنى «دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەزكىرىسى»، «تەمىنات - سودا كوپېراتىپى تەزكىرىسى»، «پۇل مۇئامىلىسى تەزكىرىسى»، «كورلا شەھىرى تەزكىرىسى»، «چەرچەن ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى».

2) تەزكىرىلەرنىڭ داۋامىنى تۈزۈش ۋە يەرلىك تارىخ يېزىشنىڭ تەييارلىق خىزمىتى پائال ياخشى ئىشلىنىدۇ

ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدا «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دىكى كەسپىلەر تەزكىرىسى ۋە ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيە (شەھەر) تەزكىرىسىدىن 50 نەچچىسى نەشر قىلىندى، بۇ تەزكىرىلەرنىڭ داۋامىنى تۈزۈش ئىشى ئالدىمىزدا تۇرماقتا؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە يەرلىك تارىخ يېزىش خىزمىتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە خىزمىتىدىكى 9 - بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى پىلانى (ش ھ ئى [1996] 190 - نومۇرلۇق) غا كىرگۈزۈلدى، بۇنىمۇ ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىشىمىزغا ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. شۇڭلاشقا كومىتېتىمىز بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا تەزكىرىلەرنىڭ داۋامىنى تۈزۈش ۋە يەرلىك تارىخ يېزىش خىزمىتى بويىچە سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، بۇلارنى مۇھاكىمە قىلىدۇ ھەمدە ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

3) تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى تەتقىقاتى ۋە تەزكىرە كىتابلىرىنى باھالاش خىزمىتى يەنىمۇ كۈچەيتىلىدۇ

تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسىنى مۇھاكىمە قىلىش خىزمىتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك ئەمەلىيىتىگە ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت چېگرا رايونى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا پائال قانات يايدۇرۇلىدۇ. شۇڭا، كومىتېتىمىز تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، مۇھاكىمە تېمىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزدا تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى تەتقىقاتى خىزمىتىنىڭ چوڭقۇر قانات يېيىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە بىرلەشتۈرگەن ھالدا تەزكىرە كىتابلىرى پائال تۈردە باھالىنىپ، نەشردىن چىققان تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ ياخشى ياكى ناچارلىقى ھەقىقىي ئەمەلىي ئاساستا باھالاپ چىقىلىدۇ، شۇ ئارقىلىق

تەجرىبە - ساۋاقلار يەكۈنلىنىپ، تەزكىرە تۈزۈش سۈپىتى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدۇ.

جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى مەملىكەت بويىچە تەزكىرە ئوقۇش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، بۇ يىل تەزكىرىدىن پايدىلىنىش خىزمىتى يىغىنى ئاچماقچى. بىزمۇ مۇۋاپىق پەيتنى تاللاپ، تەزكىرە ئوقۇش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش، تەزكىرىنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش بويىچە بىر قېتىم سۆھبەت يىغىنى ياكى نەق مەيدان يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە ئوقۇش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالىنى، ئۇ ھەقتىكى تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەپ ۋە ئالماشتۇرۇپ، مەملىكەتلىك تەزكىرىدىن پايدىلىنىش خىزمىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن زۆرۈر تەييارلىق خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەيمىز. «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىدا مەخسۇس سەھىپە ئېچىپ، تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى تەتقىقاتى ۋە تەزكىرە كىتابلىرىنى باھالاش خىزمىتىنى پائال ئۇيۇشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەزكىرىچىلەرنى بەس - مۇنازىرە سورۇنى بىلەن تەمىنلەيمىز.

4) «شىنجاڭ يىلنامىسى» ۋە «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنى تەھرىرلەش، نەشىر قىلىش سۈپىتى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدۇ. 15 - قۇرۇلتاي روھىنى قىبلىنامە قىلىپ، «شىنجاڭ يىلنامىسى» ۋە «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنى ياخشى چىقىرىش يولى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دادىللىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىپ، «شىنجاڭ يىلنامىسى» ۋە «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنى جەمئىيەتكە، بازارغا، كىتابخانلارغا تېخىمۇ ياخشى يۈزلەندۈرىمىز، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى يېڭى تەدبىر، يېڭى نەتىجە، يېڭى قىياپىتىنى چوڭقۇر، توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ، شىنجاڭنى تەشۋىق قىلىش، شىنجاڭنى تەتقىق قىلىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە تەپسىلىي ۋە توغرا ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيمىز.

«شىنجاڭ يىلنامىسى» نىڭ خەنزۇچىسى 1998 - يىل 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىدۇ؛ 1997 - يىللىق ئۇيغۇرچە يىلنامە 1998 - يىل 5 - ئايدىن بۇرۇن نەشر قىلىنىدۇ.

**3. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك ئاپپاراتى ۋە قوشۇن قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىدۇ**

ئاپپارات ۋە قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئاپتونوم رايونىمىز تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىنىڭ ئۇزلۇكسىز تەرەققىي قىلىشىنىڭ تەشكىلىي كاپالىتى.

1) كومپارتىيىمىز گوۋۇيۈەن ئىشخانىسىنىڭ «تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» (گ ئى ت [1996] 47 - نومۇرلۇق] ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىشخانىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىنىڭ «تەزكىرە خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» (ش پ ئى [1996] 7 - نومۇرلۇق) ىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى پائال، ئاكتىپ ئىشلەيدۇ. ھەممە جايلار ۋە ئورۇنلارنىڭ بۇ 2 ئۇقتۇرۇشنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى ئۈستىدە ھەيدەكچىلىك قىلىپ ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ھەر دەرىجىلىك تەزكىرىچىلىك ئاپپاراتلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ.

2) كومپارتىيىمىز تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق تەزكىرىچى كادىرلارنى تەربىيىلەيدۇ. بىرىنچىدىن، ئۇرۇمچىدە تەزكىرىچى كادىرلار كۇرسى ئاچىدۇ، كۇرسقا ئالاقىدار يولداشلارنى دەرس ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلىپ، كۇرسانتلارنى مەركەزلىك تەربىيىلەيدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئالاقىدار رايونلار بىلەن كېڭىشىش ئارقىلىق، تۆۋەنگە بېرىپ، دائىرە بويىچە كۇرس ئاچىدۇ؛ ئۈچىنچى، ئىچكىرىدىكى ئاپتونوم رايون ۋە ئۆلكىلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەزكىرىچى كادىرلارنى ئىچكىرىدىكى ئاپتونوم رايون ۋە ئۆلكىلەرگە ئۆگىنىشكە، تەربىيىلىنىشكە بېرىشقا تەشكىللەيدۇ. قانداق شەكىل قوللىنىلىشتىن قەتئىينەزەر كۇرسقا قاتنىشىدىغان كادىرنىڭ خىراجەتلىرىگە شۇ كىشىنىڭ ئىدارىسى مەسئۇل بولىدۇ.

3) كومىتېتىمىز سىياسىي، كەسپىي ئۆگىنىشلەرنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سىياسىي، كەسپىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈردى.

**4. تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى**

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جەمئىيەت نىزامنامىسىگە ئاساسەن، خىزمەتلەرنى پائال قانات يايدۇردى، جايلاردىكى ئەزالار بىلەن مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى ۋە تەزكىرە كىتابلىرىنى باھالاش خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىز تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا جەمئىيەتنىڭ دائىمىي كېڭەش يىغىنىنى ئېچىپ، جەمئىيەتنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنىنى تەرتىپكە سالدى ھەمدە جەمئىيەتنىڭ خىزمەتلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئورۇنلاشتۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى كېيىنكى يېرىم يىلدا بىر قېتىم ئىلمىي دوكلات يىغىنى ئېچىپ، ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەرنى دەرس سۆزلەشكە تەكلىپ قىلدى.

**5. خىزمەت بىناسى ۋە ئولتۇراق ئۆي بىناسى ئاساسىي قۇرۇلۇشى جىددىي تۇتۇلدى**

بۇ يىل ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ خىزمەت بىناسى ۋە ئولتۇراق ئۆي بىناسى جەھەتتىكى قىيىنچىلىقنى تېزدىن ھەل قىلىش ئۈچۈن، خىزمەت بىناسى ۋە ئولتۇراق ئۆي بىناسى قۇرۇلۇشىنى پۈتكۈزۈپ ئىشلىتىشكە تىرىشىلدى.

**6. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ئورگىنىنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى**

1) مەدەنىي ئورۇن ۋە ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى بەرپا قىلىش، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇش پائالىيەتلىرى پائال قانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ئورگان پارتكومى مەدەنىيەتلىك ئورۇن ۋە ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى بەرپا قىلىش، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى بولۇش پائالىيەتلىرىنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە كومىتېتىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ھەقىقىي يول قويۇشقا بولىدىغان تەكشۈرۈش، باھالاپ سېلىشتۇرۇش ئۆلچىمى ۋە شەرتلىرىنى تۈزۈپ، پائالىيەتلەرنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىغا دائىم ھەيدەكچىلىك قىلدى ۋە ئەھۋاللارنى تەكشۈردى، شۇ ئارقىلىق كومىتېتىمىز ئورگىنىدا سىياسىي ئۆگىنىشكە، ئىنتىپاقلىققا، توغرا كەيپىياتقا، مەدەنىيلىككە ئەھمىيەت بېرىدىغان ياخشى كەيپىيات شەكىللەندۈرۈلدى.

2) تۈزۈم قۇرۇلۇشى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى ۋە خىزمەتلەردە ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ئىلگىرى بېكىتىلگەن قائىدە - تۈزۈملەردە قەتئىي چىڭ تۇرۇلدى ھەمدە قائىدە - تۈزۈملەر ئەمەلىيەتتە بىرلەشتۈرۈلۈپ يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ ۋە ياخشىلىنىپ، ئورگان خىزمىتى پەيدىن پەي تۈزۈملەشتۈرۈلدى، ئۆلچەملەشتۈرۈلدى.

**7. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتى كۈچەيتىلدى**

بۇ يىل «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دىكى كەسىپلەر تەزكىرىسى ۋە ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيە (شەھەر) تەزكىرىلىرىنىڭ تۈزۈلۈش ئەھۋالى، ئاپپاراتلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى، قوشۇن شتاتى، خىراجەت كاپالىتى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتى جەھەتتىكى ئاساسىي ئەھۋالىنى ئىگىلىشىگە ياردەملىشىمىز، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىگە تېخىمۇ ياخشى رەھبەرلىك قىلىپ، تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز ھالدا يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرىمىز.

# 1934 ـ يىلى قەشقەردە يۈز بەرگەن زور ۋەقەلەردىن ئەسلىمە

مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى

1934 ـ يىلى قەشقەر خەلقى ئۈچۈن ياراشمىغان بىر يىل بولدى. چۈنكى بۇ يىل كىرگەندىن تارتىپ چىقىپ كەتكىچە قەشقەر خەلقىگە ياخشىلىق بولمىدى.

بىز بۇ ئىشلارنى 50 نەچچە يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە ئەسلەۋاتىمىز. بۇ ئەسلىمە مىللىتىمىزنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن پاجىئەلىك ھادىسىلەرنى بىلمەيدىغان كىشىلەر بولۇپمۇ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ تارىخنى بىلىشىدە ئىبرەتلىك رول ئوينىسا ئەجەپ ئەمەس.

## 1 ـ يېرىم يىلدىكى زور ۋەقەلەر

### 1 ـ ۋەقە

1934 ـ يىلى كىرىشى بىلەن قەشقەر يېڭى شەھەردىكى ئۇرۇش تازا تىركىشىش دەۋرىگە كىردى.

1933 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى (چارشەنبە) باشلانغان بۇ ئۇرۇش 11 ـ ئاينىڭ كىرىشى بىلەن 140 ـ كۈنگە قەدەم قويغان بولسىمۇ، يېڭىش ـ يېڭىلىش بولماي ئۇرۇش ئۇزلۇكسىز داۋاملىشىۋەردى. بۇ 5 ئايلىق ئۇرۇش قەشقەر خەلقىگە غايەت زور زىيانلارنى كەلتۈردى.


قىرغىز ئوسمان ئەلىنىڭ باش قوماندانلىق دەۋرى ھېسابلانغان 8 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە بولغان 3 ئايلىق مەزگىل ئۇرۇشنىڭ ھەل قىلغۇچ دەۋرى بولسىمۇ، لېكىن ئاڭسىزلىق، ئىتتىپاقسىزلىق، باشباشتاقلىقنىڭ ئەۋج ئېلىشى بارلىق تىرىشچانلىقنى بوشقا كەتكۈزىۋەتتى.

ئوسمان ئەلى رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ياخشى ئىجرا قىلالمىغاچقا، 10 ـ ئايدا قارشى كۈچلەر تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. سابىت داموللا ھاكىمىيىتى رەھبەرلىكنى قولغا ئالدى.

يېڭى شەھەر ئۇرۇشى تېخىچە داۋام قىلماقتا ئىدى. 11 ـ، 12 ـ ئايلار قانچە ـ قانچە تىركىشىشلەر بىلەن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇرۇشتىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمىدى. 11 ـ ئاينىڭ باشلىرى ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە مەلۇم ئۆزگىرىشلەر بولغان بولسىمۇ، لېكىن خوجانىياز ھاجىنىڭ ئاقسۇنى تاشلاپ قەشقەرگە كېلىشى ۋەزىيەتنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتتى.

### 2 ـ ۋەقە

جەنۇبىي شىنجاڭ مۇھاپىزەت باش قوماندانى ياكى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ زۇڭتۇڭى خوجانىياز ھاجى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى جەنۇبتىكى مۇھىم بازىسى ئاقسۇنى تاشلاپ قەشقەرگە كەلدى. ئۇنى باش ۋەكىل سابىت داموللا باشچىلىقىدىكى يېڭى ھۆكۈمەت ئەربابلىرى كۈتۈۋالدى. خوجانىياز ھاجى قەشقەرگە كېلىپلا، يېڭى شەھەرنى ئېلىش ئۈچۈن ماجەنساڭغا قارشى ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇشقا ئاتلاندى. خوجانىياز ھاجى سابىت داموللىنىڭ ئەسكىرىي كۈچى بىلەن بىرلىكتە يېڭى شەھەرنى 4 تەرەپلەپ قورشاپ، 2 ـ 3 كۈن ئىچىدىلا ماجەنساڭ قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈپ سېپىل ئىچىگە كىرگۈزىۋەتتى. بۇ نۆۋەت خوجانىياز ھاجىنىڭ قوشۇنلىرى ئالاھىدە پىداكارلىق كۆرسەتتى. ماجەنساڭ يېڭى شەھەرنىڭ ئېگىز سېپىللىرىنىڭ دالدىسىدا كۈن كۆرۈشكە مەجبۇر بولدى. ماجەنساڭنىڭ تۇۋرۇكى سانالغان ئاتاقلىق بىرىگادا كوماندىرى كامازا يېڭى شەھەر سېپىلى يېنىدىكى بىر ئۇرۇشتا ھالاك بولۇپ، ماجەنساڭنىڭ



مەغلۇبىيىتى ئايدىڭلىشىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ماجەنساڭ بۇنىڭلىق بىلەن بوشىشىپ قالمىدى بەلكى يېڭى شەھەرنى جان تىكىپ قوغدىدى. نەتىجىدە خوجا نىياز ھاجىنىڭ كەينىدىن ئىز بېسىپ قوغلاپ كەلگەن ماجۇڭيىڭنىڭ يېتىپ كېلىشى ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن 167 كۈن داۋاملاشقان يېڭى شەھەر ئۇرۇشى تۇڭگانلارنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاياغلاشتى.

### 3 - ۋەقە: مافۇيۈەنىنىڭ قەشقەرنى ئىستىلا قىلىشى

«باش قوماندان» دەپ ئاتالغان مافۇيۈەن 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى قەشقەرگە باستۇرۇپ كىردى. ئۇنى مارالبېشىدا خوتەن ئەسكەرلىرى، پەيزاۋاتتا ھەمدەم بەگ ھاجى، يۈسۈپجان قۇربېشىلار توسقان بولسىمۇ، شەھەرنى ساقلاپ قېلىشقا ئامال قىلالماي، 27 - چىسلا كېچىسى شەھەرنى بوشىتىپ چىقىپ كەتتى. تۇڭگانلار ھېچبىر توسالغۇسىزلا كونا شەھەرنى ئىگىلىۋالدى، يېڭى شەھەردىكى ماجەنساڭ ئۇلار بىلەن بىرلەشتى.

خوجانىياز ھاجى يەكەنگە كەتتى، سابىت داموللا يېڭىسارغا بېرىۋالدى. مەھمۇت مۇھىتى يېڭىسار ئەتراپىغا ئورۇنلاشتى. سابىت دامولىنىغا قاراشلىق قوشۇنلار قەشقەر شەھىرىنىڭ 4 ئەتراپىغا ئورۇنلىشىۋالغانىدى، يەنى ھەربىي ئىشلار نازىرى قىرغىز ئوراز بەگ ئۇلۇغچات تەرەپتىكى تاغ ئاغزىغا، زەيدىن كارۋان باشچىلىقىدىكى بىرىگادا ئۈستۈن ئاتۇش تاغلىرىغا، كىچىك ئاخۇن باشچىلىقىدىكى بىرىگادا ئاستىن ئاتۇش تاغ ئاغزىغا، مۇھاپىزەت قوماندانى ئۆزبېك يۈسۈپجان قۇربېشى ئوپال - تاشمىلىق تەرەپكە ئورۇنلاشقانىدى. شۇڭا مافۇيۈەن، ئەمەلىيەتتە، شەھەر ئىچىگىلا «خان» بولغانىدى. شەھەر خەلقىنىڭ كۆپىنچىسى يېزىلارغا چىقىپ كەتكەنىدى.

مافۇيۈەن قوشۇنلىرى يېقىلغۇ، يەم - خەشەكتىن قاتتىق قىيىنىلىشقا باشلىدى. چۈنكى بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى يېزىدىن كېلەتتى. مافۇيۈەننىڭ «زىۋازا (ئوغرىلار)» دەپ ئاتالغان رەقىبلىرى شەھەرنىڭ يېقىنىدىكى يېزىلارغىچە يوشۇرۇن كېلىپ، مافۇيۈەن قوشۇنلىرىغا لازىملىق نەرسىلەرنى ئالغۇزمىدى، يېزىغا بارغانلارنى ئەدەپلىدى. ھەتتا تۈمەن دەرياسىغا سۇغىرىشقا ئېلىپ چىققان ئاتلارنى بۇلاپ كېتىش ئەھۋاللىرى يۈز بېرىپ تۇردى. بۇ ئەھۋاللار مافۇيۈەننى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ ئارىنى پارچىلاش سۈيىقەستى پەقەت ئاستىن ئاتۇشلۇق رىشتەمنى جەلپ قىلدى. رىشتەم 40 تەك ئادىمى بىلەن كىچىك ئاخۇننىڭ سېپىدىن قېچىپ چىقىپ تەسلىم بولدى. مافۇيۈەن ئۇنىڭغا «پارتىزانلار قوماندانى» دەپ نام بەردى.

### 4 - ۋەقە: قەشقەردە قەتلىئام

مافۇيۈەن 2 - ئاينىڭ 6 - ۋە 7 - كۈنلىرى قەشقەر خەلقىنى قاتتىق قىرغىن قىلدى. يېڭى شەھەر ۋە كوناشەھەردىكى ئەسكەرلەرمۇ شەھەر خەلقىنى قىرغىن قىلدى. دۇكان - ساراي، ئۆيلەرنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى، قىز - ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلدى، كىشىلەرنى ئالتۇن - كۈمۈش بېرىشكە قىستاپ دارغا ئاستى، قىينىدى، بەدەنلىرىگە تۆمۈرنى قىزىتىپ ياقتى، چاندى، ئاتتى. بۇ قېتىملىق چوڭ قىرغىنچىلىقتا قەشقەر شەھەر خەلقىدىن 6000 دىن ئارتۇقراق ئادەم ئۆلدى. بۇنىڭغا ئۆزبېك پولكىدىن قوچقارباي دېگەن ئۆزبېك كىشىنىڭ مافۇيۈەنىنىڭ ئاتۇشقا «بېرىشى» دىن پايدىلىنىپ، 100 قوراللىق كىشىنى باشلاپ شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىشى سەۋەب بولغانىدى. بۇ كۈن ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئۇنتۇلماس قانلىق بىر كۈن ھېسابلىنىدۇ.

مافۇيۈەن بۇنىڭلىق بىلەن قانائەتلىنىپ قالماي، قىرغىنغا ئۇلاپلا 15 ياشتىن 30 ياشقىچە بولغان شەھەر ياشلىرىدىن 300 ياشنى ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كەتتى. بۇلارنى مەشىق قىلدۇرۇپ ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتتى. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئارغۇ، يېڭىسارلاردىكى سوقۇشلاردا ئۆلۈپ كەتتى. سالامەت قالغانلىرى 1937 - يىلدىكى ئىسياندا ئۆلۈپ كەتتى. ئىنتايىن ئاز ساندىكىلىرى ماخۇسەن يوقالغاندىن كېيىن ئائىلىسىگە قايتىپ كەلدى.

### 5 - ۋەقە: ئاتۇشتىكى پاجىئەلەر

مافۇيۈەن ئۆزبېكلەرنىڭ تەسىرىنى تازىلىغاندىن كېيىن، ئاتۇشنى «تىنچلاندۇرماقچى» بولدى-دە،

قوشۇنلىرىنى ئېلىپ ئۆچتۇرپاندىن بىللە ئېلىپ كەلگەن قىرغىز قۇلبەگنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاتۇشقا يۈرۈپ كەتتى. «جۇمھۇرىيەت» نىڭ شەھەرنى قوغداش قوماندانى كىچىك ئاخۇن تاغ ئاغزىنى توسماي، بىرىگادىسىنى ئېلىپ تاغقا چىقىۋالغاچقا، مافۇيۇەن ئاتۇشقا توسالغۇسىز باستۇرۇپ كىردى. رىشتەمنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئازاق كەنتىگە بېرىپ، سابىت داموللىنىڭ ئۆيلىرىنى كۆيدۈردى. نەرسە - كېرەكلىرىنى بۇلىدى. تېجەنگە بېرىپ، كىچىك ئاخۇننىڭ بۇندىن 2 ئاي بۇرۇن ئۇرۇشتا قۇربان بولغان پولك كوماندىرى يۈسۈپ ئاخۇن قاتارلىق بىرقانچە كىشىنىڭ ئۆيىنى بۇلىدى ۋە ئوت قويۇپ كۆيدۈرىۋەتتى. بىرمۇنچە كىشىنى ئۇرۇنسىز ئېتىۋەتتى. ئۇلار بۇ يەردىن ئۆتۈپ ئۈستۈن ئاتۇشقا باردى. ئۇلار كېلىشتىن بۇرۇن بۇ يەردىكى زەيدىن كارۋان بىرىگادىسى تاغقا چىقىۋالغان، قىرغىز جانىبەگ تاغ ئارىلاپ مۇشۇ تەرەپكە كېلىۋالغانىدى. تۇڭگانلار بۇ يەرگە كەلگەندە كەچ كىرەي دەپ قالغانلىقتىن، ئازاق، بەيساق، دىخانلا، يولچىدىن ئىبارەت 4 يولنىڭ تۇگۈنىدە كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە چۈشكۈن قىلماقچى بولدى. بۇنى ئاڭلىغان نۇرغۇن كىشى ئۆي - ۋارانلىرىنى تاشلاپ كەتتى، قاچالماي قالغان 13 ئەر، 5 ئايال مۇھەممەت ئېلى ئاخۇن دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىگە قېچىپ بېرىۋالدى. بۇ ئۆيگە قەشقەر شەھىرىدە ئۇزۇن يىل تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان يۈسۈپ تۇڭگان دېگەن كىشى ئوغلى نۇر ئاخۇن بىلەن مالىمانچىلىقتىن قېچىپ كېلىۋالغانىدى. ھېلىقى 13 ئەر، 5 ئايال مۇشۇ 2 تۇڭگاننىڭ سايىسىدە ئامان قېلىش ئۈمىدىدە كەلگەنىدى. يۈسۈپ تۇڭگان تىنچلىق بەلگىسى بولغان ئاق بايراقنى ئۆگزىسىگە قاداپ، ئۆزى ھەم ھەمرالىرىنى ساقلاپ قالماقچى بولدى. لېكىن مافۇيۇەن قوشۇنى ئاق بايراقنى كۆرۈپلا «ئوغرىلار بار ئىكەن» دەپ ئويلاپ ئۆيگە يامغۇردەك ئوق ياغدۇردى. ئوق توختىغاندىن كېيىن يۈسۈپ تۇڭگان ئەھۋالنى چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، مافۇيۇەن ئەسكەرلىرى ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، 5 نەپەر قېرى - چۈرى ئاياللىنى ئايرىپ قېلىپ، قالغان 13 كىشىنى ئېتىپ تاشلىدى.

2 كىشى يارىلىنىپ ساق قالدى. يۈسۈپ بىلەن نۇر ئاخۇننى تۇڭگانلار ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ كەتتى. تۇڭگانلار توپا دېگەن جايغىچە بېرىپ ئاتۇش خەلقىگە بىرقۇر ھەيۋە كۆرسەتكەندىن كېيىن شەھەرگە قايتتى.

## 6 - ۋەقە: ئارغۇدىكى سوقۇش

2 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى مافۇيۇەن بىلەن خوجا نىياز ھاجى ئوتتۇرىسىدا ئاتۇش ئارغۇدا توقۇنۇش يۈز بەردى. خوجانىياز ھاجى يەكەندە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن سىمخانىغا بېرىش ئۈچۈن ئاتۇشقا كەلدى. مافۇيۇەن بىلەن خوجانىياز ھاجى ئوتتۇرىسىدا ئارغۇدا قاتتىق سوقۇش بولۇپ، مافۇيۇەن خېلى چىقىم تارتقان بولسىمۇ، يەنىلا غەلىبە قازاندى. خوجانىياز ھاجى نۇرغۇن نەرسىلىرىنى ئولجا بېرىپ، مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ كەتتى. تۇڭگانلار ئاتۇشنى يەنە بىر قېتىم مالىمان قىلىپ، بىرنەچچە جايغا ئوت قويۇپ، قىرغىنچىلىق، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، شەھەرگە قايتىپ كەتتى.

ئۈستۈن ئاتۇشقا باستۇرۇپ بارغان زەيدىن كارۋان بىلەن مافۇيۇەن ئوتتۇرىسىدا تىنچلىقتا بىرگە ئۆتۈش ئەھدىنامىسى تۈزۈلگەچكە، زەيدىن كارۋاننىڭ بىرىگادىسى ساقلىنىپ قالدى.

## 7 - ۋەقە: يېڭىسار ئۇرۇشى

2 - ، 3 - ئايلاردا مەھمۇت مۇھىتى ئەسكەرلىرى يېڭىسارنىڭ قايراق تاغلىرىدا مافۇيۇەن قوشۇنلىرى بىلەن قاتتىق سوقۇشتى. مافۇيۇەن قوشۇنى ئۇلارنى چېكىندۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن خوتەن ئەسكەرلىرىنىڭ يېڭىسار ھەربىي قەلئەسىگە كىرىۋېلىشى بىلەن يەنە ئۇرۇش پارتلىدى. «ئىمىر ساھىب» دەپ ئاتالغان نۇرئەھمەتخان قەلئە ئىچىدە تۇرۇپ مافۇيۇەن بىلەن بىر يېرىم ئايدەك سوقۇشتى. مافۇيۇەن بىلەن ماجەنساڭنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى قەلئەگە كۆپ قېتىم تېگىش قىلىپ قاتتىق قامال قىلغان بولسىمۇ، خوتەن ئەسكەرلىرىنىڭ قاتتىق پىداكارلىق كۆرسىتىشى بىلەن ھېچبىر نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. قەلئەدىكىلەر سېپىلغا ياماشقان تۇڭگانلار ئۈستىدىن كىرسىن، قىزىتقان ياغ تۆكۈش، ياغاچ، تاش قاتارلىق نەرسىلەرنى تاشلاش

ئارقىلىق ئۇلارنى كۆپ تالاپەتكە ئۇچراتتى.

بىراق، قۇربان ھېيت كۈنى خوتەن ئەسكەرلىرى «مۇسۇلمانلار بۇ ئۇلۇغ كۈندە ئۇرۇش قىلمايدۇ» دېگەن ئەقىدە بىلەن بىخۇتلىشىپ، خاتىرجەم ھېيت نامىزىنى ئۆتەۋاتقاندا، تۇڭگانلار ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ سېپىلنى ئىگىلىۋالدى. نەتىجىدە دەھشەتلىك كوچا ئۇرۇشىدا نۇرئەھمەتخان قۇربان بولدى. بۇنىڭغا ياردەمگە كەلگەن ئاكىسى، ئەمىر شاھ مەنسۇر ئابدۇللاخان يېڭىسارغا باستۇرۇپ كېلىپ، «شىۋىدىنىڭ جايى» دەپ ئاتالغان جايغا كەلگەندە مۇھاسىرىدە قېلىپ، قاتتىق ئېلىشىشتىن كېيىن قۇربان بولدى. شۇنداق قىلىپ يېڭىسار شەھىرى تۇڭگانلارنىڭ قولىغا ئۆتتى.

## 8 - ۋەقە

مافۇيۈەن سەرمەن، بورىخىلتاي (ھازىرقى بۇلاقسۇ يېزىسى)، تاشمىلىق دېگەن جايلاردا ئۆزبېك قىسملىرى بىلەن بىرنەچچە قېتىم توقۇنۇشقان بولسىمۇ، نۇرغۇن چىقىم تارتىپ ھېچ نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. 4 - ئايدا ئۈرۈمچى تەرەپتىن ماجۇڭيىڭنىڭ نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن يېتىپ كېلىشى نەتىجىسىدە يۇسۇپجان قۇربېشى بۇ جايلارنى تاشلاپ تاشقورغانغا كەتتى. شۇنىڭ بىلەن مافۇيۈەننىڭ قولى بوشاپ ھۇجۇمنى قىرغىزلارغا قاراتتى.

مافۇيۈەن دەسلەپ قىرغىزلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈشكە شەھەر بايلىرى ۋە مۆتىۋەرلىرىدىن بىرنەچچە كىشىنى ئەۋەتتى. ئۇلار قىرغىزلار بىلەن مۇزاكىرىلىشىۋاتقان پەيتتە تۇڭگانلار ئۇشتۇمتۇت قىرغىزلارغا ھۇجۇم قىلىپ قىرغىزلارنى باسقىن قىلدى. قىرغىزلار تۇزاققا چۈشكەندىن كېيىن تېزلا ئۆزىنى ئوڭشاپ قايتۇرما ھۇجۇم قوزغاپ، تۇڭگانلارنى چېكىندۇردى. ۋەكىللەردىن ئۆمەر ھۇسەيىن قازى ئاخۇنۇم قىرغىزلار قولىغا چۈشۈپ «خىيانەتچىنىڭ ۋەكىلى» دېگەن ئاتاق بىلەن ئۆلتۈرۈلۈش ئالدىدا، تۇڭگانلار بىلەن بولغان ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىن پايدىلىنىپ قېچىپ قۇتۇلدى.

## 9 - ۋەقە

«گاسىلىڭ» (بالا قوماندان) دەپ ئاتالغان ماجۇڭيىڭ 5 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئۈرۈمچىدىن چېكىنىپ قەشقەرگە كەلدى. ئۇنىڭ كېلىشى بىلەن تەڭ ھاۋارايىمۇ قاتتىق بۇزۇلۇپ كەتتى. قەشقەر شەھىرىنى قاپلىغان قاتتىق تۇمان، قاراڭغۇلۇق 3 كۈنگىچە تارقالمىدى. دەسلەپكى كۈنى خۇددى تۈن ئۇزارغاندەك تاڭ يورىماي قاراڭغۇلۇق بىرنەچچە سائەت ئۇزاق داۋاملاشتى. تاڭ يورۇغاندىن كېيىن ئالەمنى ئوتقاشتەك قىزىللىق قاپلاپ كىشىلەر كۆزلىرىنى ئاچالماي قالدى. كىشىلەر بۇ ئىشقا قىيامەت قايىم بولدى، ماجۇڭيىڭنى قەشقەرنىڭ ئەزىزلىرى خالىمىدى، دەپ تەبىر بېرىشتى.

ماجۇڭيىڭ قەشقەرگە كېلىپلا سوۋېت كونسۇلخانىسىغا ئورۇنلاشتى. ئۇنىڭ كېيىنكى كۈنلىرى، ئاساسەن، كونسۇلخانىنىڭ توپ مەيدانىدا توپ ئويناش بىلەن ئۆتتى. كونسۇلخانىنىڭ ئەتراپىنى بىرنەچچە يۈز قوراللىق تۇڭگان مۇھاپىزەت قىلىپ تۇراتتى. 7 - ئاينىڭ باشلىرىدا ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنى قالدۇرۇپ روسىيىگە ئۆتۈپ كەتتى. بۇ جەرياندا تۇڭگانلار يەكەنگە باستۇرۇپ بېرىپ خوجانىياز ھاجىنى قوغلىدى.

## 10 - ۋەقە: سابىت داموللىنىڭ تۇتۇلۇشى

باش ۋەكىل سابىت داموللا «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ھۆكۈمىتىنىڭ بارلىق نازىرلىرى بىلەن يەكەنگە قېچىپ كەلگەنىدى. خوجانىياز ھاجى سىمخانىغا بېرىپ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قورال ئېلىشقا كىرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن سابىت داموللا ھۆكۈمىتى قورال ئېلىشقا توسقۇن بولغانلىقتىن، ئۇلارنى تۇتۇپ بېرىشكە توغرا كەلدى.

تۇتۇلۇش تىزىملىكىدىكى كىشىلەردىن سەھىيە نازىرى ئابدۇللاخان، ئەۋقاف نازىرى شەمسىدىن داموللا قاتارلىقلار سېزىپ قېلىپ قېچىپ كەتتى. ھەربىي تەمىنات باشلىقى سۇلتان جانبەگ (ئۆزبېك)، ئەدلىيە نازىرى زىرىپ قارى ھاجى (ئۆزبېك) لار تۇتۇلدى، داموللىغا جاراھەت چىقىپ يېتىپ قالغانلىقتىن، مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئادەملىرى ئۇنى ھەرەمباغدىكى جايىدىن تۇتۇپ، بۇ 3 كىشىنى كىشەنلەپ بىردىن مەپىگە ئولتۇرغۇزۇپ، قوراللىق مۇھاپىزەتچىلەر بىلەن ئېلىپ ماڭدى. بۇلار

پوسكامدىن ئۆتۈپ، ئىككىسۇغا يېقىن بارغاندا، سۇلتانجان تاھارەت سۇندۇرۇش باھانىسى بىلەن مەپىدىن چۈشۈپ ساسلىق ئارىسىغا كىرىپ غايىپ بولدى. قورالىلقلار قانچە تەھدىت ۋە تىنتىشلارنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئۇنى تاپالمىدى. ۋەزىيەتنىڭ قىستىشى ئۇنىڭدىن ۋاز كەچتۈردى. شۇنداق قىلىپ سۇلتانجان قۇتۇلۇپ كەتتى.

قالغان ئىككەيلەننى قاغىلىق تەرەپكە ئېلىپ كېتىۋاتقاندا، يول يۇرۇش تەسلىشىپ، مەكىت تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى. مەلۇم جايغا كەلگەندە تۇڭگانلار قوغلاپ كېلىپ قاتتىق توقۇنۇش بولدى. سوقۇش جەريانىدا خوجانىياز ھاجى مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى. تۇڭگانلار نۇرغۇن قورال - ياراغ ۋە ئوق - دورىنى غەنىيمەت ئالدى. خوجانىياز ھاجى قوشۇنى ئاقسۇغا يېتىپ كەلگەندە، زىرىپ قارى ھاجىنى سوۋېت تەرەپ، سابىت داموللىنى شېڭ شىسەي تەرەپ ئېلىپ كەتتى.

خوجانىياز ھاجى شۇ سەپەردە مەكىت، مارالبېشى ئارىلىقىدىكى ئاياغ شاقۇر دېگەن جاينى ئايلىنىپ ئۆتكەندە يەنە بىر قېتىم تۇڭگانلارنىڭ قورشاۋىدا قالدى، ئۇ تۇتۇلۇشقا ئاز قالغاندا، بىر قانچە تۆگىدىكى ئوق - دورىنى تۇڭگانلارغا تاشلاپ بېرىپ، ئۇلار ئولجا تالىشىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قېچىپ قۇتۇلدى-دە، ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئاقسۇ ئاۋاتقا يېتىۋالدى. ئاقسۇ ئاللىقاچان ماجۇڭيىڭنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىنغانىدى.

**11 - ۋەقە**

خوجانىياز ھاجى جەنۇبىي شىنجاڭ مۇھاپىزەت باش قوماندانلىقىدىن ۋاز كېچىپ، قوشۇنلىرىنى مەھمۇت مۇھىتىغا قالدۇرۇپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئايرۇپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كەتتى. خوجانىياز ھاجىنىڭ ئەسكەرلىرى شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئەسى قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئاتلىق ئەسكەرلەر ۋاقىتلىق * 6 - دىۋىزىيىسى تەركىبىگە كىرگۈزۈلدى. مەھمۇت مۇھىتى گېنېرال لېيتېنات ئۇنۋانى بىلەن دىۋىزىيە قوماندانى بولدى. قوشۇنمۇ قايتا تەشكىللەندى. ئۇلار مارالبېشىدىكى تۇڭگانلارنى چېكىندۈرگەندىن كېيىن، پولات تۈەنجاڭنى 1 پولك ئەسكەر بىلەن يەكەنگە يولغا سالدى. سەمەت ھاجى تۈەنجاڭنى 1 پولك ئەسكەر بىلەن يېڭىساردا قالدۇرۇپ، سالىھ لۈجاڭ، پازىل لۈجاڭ باشلىق قالغان ئەسكەرلەرنى ئېلىپ قەشقەرگە كەتتى.

**12 - ۋەقە**

ماجۇڭيىڭ سوۋېتكە ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئاچىسىنىڭ ئېرى ماخۇسەن 36 - دىۋىزىيىنىڭ باشلىقى بولغانىدى.

ماخۇسەن ماجۇڭيىڭدىن كېيىن قەشقەردە بىر مەزگىل تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ۋەزىيەتنىڭ قىستىشى ئۇنى قەشقەرنى بوشىتىشقا مەجبۇر قىلدى. بولۇپمۇ مارالبېشىنىڭ قولدىن كېتىشى ئۇنىڭ قېچىشىغا تۈرتكە بولدى. 7 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئۇنىڭ قوشۇنى خوتەنگە ئاتلاندى.[9] ئالدىنقى سەپ قوشۇنى يەكەندىن ئۆتۈپ، خوتەن ئەمىرلىرىنى قېچىشقا مەجبۇر قىلىپ، خوتەننى تارتىۋالدى.

ماخۇسەننىڭ قالدۇق قىسىملىرى 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى كېچىسى خوتەندە يەنە بىر قېتىم بۇلاڭچىلىق، قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ كېتىشتى.

## 2 - يېرىم يىلدىكى زور ۋەقەلەر

1934 - يىلنىڭ 1 - يېرىمى ماجۇڭيىڭ ئىستىلاچىلىرىنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتتى بىلەن ئۆتتى. 2 - يېرىمى شىنجاڭدا تىكلەنگەن يېڭى ھۆكۈمەت دەۋرىگە توغرا كەلدى. بۇ مەزگىلدىكى ۋەقەلەر تۆۋەندىكىچە:

**1 - ۋەقە**

7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى قەشقەردىكى تۇڭگانلار قىسمى پۈتۈنلەي كەتكەن بولۇپ، شەھەر تىنچلىقىنى ساقلاشقا رىشتەمنىڭ ئەسكەرلىرىلا قالدۇرۇلغانىدى.

بىرنەچچە ئايدىن بېرى شەھەر قاتتىق چۆلدەرەپ كەتكەن بولۇپ، خەلق پۈتۈنلەي دېگۈدەك يېزىلارغا چىقىپ كەتكەنىدى.

* «ۋاقىتلىق» نامى 1936 - يىل 9 - ئاينىڭ 14 - كۈندىن باشلاپ ئېلىپ تاشلاندى.

تۇڭگانلار كېتىشى بىلەن، ئۇستۇن ئاتۇش بىرىگادىسىدىكى ئەسكەرلەرنى بىرنەچچە يۈز كىشى پولك كوماندىرى ئابدۇغوپۇر داموللام ۋە پولك كوماندىرى ئىدرىس ئاكىلارنىڭ باشچىلىقىدا تاغدىن چۈشۈپ شەھەرنى ئۆتكۈزۈۋالدى. بۇ كۈنى قەشقەر شەھىرى بايرام كەيپىياتىغا چۆمدى. يېزىغا چىقىپ كەتكەن كىشىلەر قايتىپ كېلىپ ئۆز ئۆيلىرىگە ماكانلاشتى.

7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى قەشقەر خەلقىنىڭ يەنە بىر خۇشاللىق كۈنى بولدى. چۈنكى بۇ كۈنى مەھمۇت مۇھىتى قەشقەرگە يېتىپ كەلگەنىدى.

مەھمۇت مۇھىتى بۇرۇنقى «جۇمھۇرىيەت» نىڭ باش شتابى يەنى ئىلگىرىكى دوتەي يامۇلىغا ئورۇنلاشتى. پولك كوماندىرى قۇربان نىياز گاجىدىنىڭ ئەسكەرلىرى ھېيتكاھ مەيدانى ۋە يارباغ ئەتراپىدىكى سودا دۇكان - سارايلىرىغا، پولك شتابى بولسا ئەنجان كوچىسىدىكى ئاخۇنبايوف ئابدۇرېھىم ۋە ئابدۇللا بايۋەچچىلەرنىڭ خۇسۇسىي ئۆيلىرىگە ئورۇنلاشتى. غوپۇر تۆەنجاڭ باشچىلىقىدىكى 1 پولك ئەسكەر يۇمىلاق شەھەر قەلئەسىدىكى گازارمىلارغا، پولك شتابى مەرھۇم تۆمۈر سىجاڭ چۈشكەن ھىسامىدىن باينىڭ بېغىغا ئورۇنلاشتى. قۇربان نىيازنىڭ قارىمىقىدىكى 2 - لىيەن بىر مەزگىل شەھەر ئامانلىقىنى قوغدىدى. مەھمۇت سىجاڭ گارنىزون قوماندانلىقىنىمۇ قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى.

مەھمۇت مۇھىتى كېلىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، گۇڭ جىڭخەن دېگەن كىشىنىڭ قوماندانلىقىدا 1 خەنزۇ پولك يېڭى شەھەرگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. گۇڭ جىڭخەن گۇڭشەن يۈسى دەپمۇ ئاتىلاتتى. ئۇنىڭ مەنىسى «ھال سورىغۇچى» دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ «تەشۋىق ئارقىلىق تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش» ۋەزىپىسى بىلەن كەلگەنىدى.

ئاز كۈندىن كېيىن قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مەمۇرىي باشلىقى ماشاۋۋۇ يېڭى شەھەردىن يۇمىلاق شەھەر قورغانچىسىدىكى دوتەي يامۇلىغا كۆچۈپ كىردى. بۇ كۈنلەردە كونا شەھەرگە ياقۇپبەگ «لاۋسى» ھاكىم ئىدى.

## 2 - ۋەقە: ماشاۋۋۇغا قىلىنغان قەست

ماشاۋۋۇ كۈندۈزلىرى يامۇلغا كىرىپ ۋەزىپە ئۆتىسە، كەچقۇرۇن شەھەردىن بىرنەچچە كىلومېتىر نېرىدىكى كاتتا بېغىغا چىقىپ كېتەتتى. ئۇ چۈشكەن ئىزۋاش (پوچتا) نىڭ ئالدى - كەينىدە 30 دەك قوراللىق مۇھاپىزەتچى ئۇنى قوغداپ ماڭاتتى.

9 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى كەچ سائەت 5 لەر ئۆپچۆرىسىدە ئۇ ئادەت بويىچە بېغىغا چىقىپ كېتىپ باراتتى. ئالتە بازار تەۋەسىدىن ئۆتۈپ سايلىقتا كېتىۋاتقاندا، ئالدى - ئارقىدىن بىر گۇرۇھ ئۇزۇن چاپانلىق قوراللىقلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. ماشاۋۋۇنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى ئۇلارنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي ھەر تەرەپكە قېچىپ كەتتى. يالغۇز قالغان ماشاۋۋۇنىڭ پۇتىغا ئوق تېگىپ، ئاران تەسلىكتە بىر پانا جايغا مۆكۈنۈۋېلىپ قۇتۇلدى. نامەلۇم قوراللىقلار بىرقانچە تال قورالنى ئولجا ئېلىپ غايىپ بولدى. ماشاۋۋۇ سوۋېت كونسۇلخانىسىغا كىرىپ داۋالاندى.

## 3 - ۋەقە

ماشاۋۋۇنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىدىن بولغان بىرنەچچە تۇڭگان يىگىت ماشاۋۋۇنى تاشلاپ غايىپ بولدى. بۇلار يول ئارىلاپ يوشۇرۇنچە يەكەن دەرياسىغا يېتىپ كەلدى. يەكەن دەرياسى «چېگرا جاي» بولۇپ، دەريانىڭ ئۇ قېتىدا ماخۇسەن قوشۇنى، بۇ تەرىپىدە پولات تۆەنجاڭ قوشۇنى بار ئىدى. تۇڭگان يىگىتلەر يېتىپ بارغان كېچىسى دەريانى ساقلاۋاتقان بەئدى لىيەنجاڭ ئەسكەرلىرى بىخۇدلۇق قىلىپ ئۇخلاپ قالغانىدى. پۇرسەتتىن پايدىلانغان تۇڭگانلار پوستتىكى ئەسكەرلەرنىڭ قوراللىرىنى ئېلىپ دەريادىن ئۆتۈپ ماخۇسەن تەرەپكە بەدەر تىكىۋەتتى. شۇ سەۋەبتىن قاراۋۇللار قاتتىق جازالاندى، ۋەزىپىگە سۇسلۇق قىلغان بەئدى لىيەنجاڭ قەشقەردە ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ باشقىلارغا ئىبرەت قىلىندى.

## 4 - ۋەقە

ماشاۋۋۇ قەشقەردە بىر مەزگىل داۋالانغان بولسىمۇ، ئوق بىر پۇتنى چېقىۋەتكەچكە، چەتتە داۋالىنىشقا توغرا كېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەۋەتىلدى. ئۇ سوۋېتتا بىر مەزگىل داۋالىنىپ

ساقايغاندىن كېيىن، ئىچكى ئىشلار نازارىتىگە مۇئاۋىن نازىر بولدى. 1937 - يىل 9 - ئايدا خوجا نىياز هاجى قاتارلىق 10 نەچچە كىشى بىلەن بىللە قولغا ئېلىنىپ ئىز - دېرەكسىز يوقالدى.

## 5 - ۋەقە

10 - ئايدا ئۈرۈمچىدىن سابىق شەرقىي شىمال پىدائىي قىسىملىرى (ئاتالمىش خاڭخوزا) نىڭ باشلىقلىرىدىن بولغان لوبىن گارنىزون قوماندانى بولۇپ قەشقەرگە كەلدى. لوبىن ئەسلى گېنېرال لېيتېنات دەرىجىلىك هەربىي ئەمەلدار بولۇپ، بويى پاكار، دوغۇلاق، بۇرنى پاناق، قۇۋ - مەككار ئادەم ئىدى. مەهمۇت مۇهىتى مۇئاۋىن گارنىزون قوماندانى بولدى. گۇڭ جىڭخەن قەشقەر مەمۇرىي مەهكىمىگە ۋالىي بولدى.

## 6 - ۋەقە: قەشقەردە تازىلاش ئىشلىرى

قەشقەر كوناشەهەرنىڭ بۇرۇنقى هاكىمى ياقۇپ بەگ خىزمىتىدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا تۇرپانلىق هەمدۇللا ئەپەندى هاكىملىققا تەيىنلەندى.

ياقۇپ بەگ ئەسلى خەنزۇ شۆتاڭدا ئوقۇپ، كېيىن ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇپ بىلىملىك بولۇپ يېتىشكەن كىشى ئىدى. كېيىنچە خەنزۇچە بالا ئوقۇتۇپ «لاۋسى» (ئوقۇتقۇچى) دەپ ئاتىلىپ قالغان. خەنزۇچە ئىسمى ماخۇيۇ ئىدى. ئۇ ئىنقىلابتىن ئىلگىرى بىر مەزگىل سەمەن، سېرىقغول (تاشقورغان) ناهىيىلىرىگە هاكىم بولغان. بىر مەزگىل قەشقەر ۋىلايەتلىك مالىيە هەيئىتى قەشقەردە قۇيدۇرغان تەڭگە (كۇمۇش پۇل) نازارەتچىسى بولغان. 1933 - يىلى قىرغىزلارنىڭ هىمايىسى بىلەن قەشقەر كوناشەهەرگە هاكىم بولغان. تۇڭگانلار دەۋرىدە يۇرتنى ئالۋان - ياساق بىلەن قاتتىق هالسىراتقانىدى. شۇ سەۋەبلىك ياقۇپبەگ، ئۇنىڭ ئوغلى يۇسۇپبەگ ۋە تۇڭگانلار ۋاقتىدا شەهەر قوغداش قوماندانى بولغان ئىبراهىم لوزۇڭلار گۇناهكار سۈپىتىدە ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ بېرىلدى.

## 7 - ۋەقە: ئوسمان ئېلى باشچىلىقىدىكى قىرغىز قوشۇنىنىڭ باستۇرۇلۇشى

ئوسمان ئېلى ئۇلۇغچاتلىق قىرغىز بولۇپ، 1933 - يىلىنىڭ باشلىرى ماشاۋۋۇ تەرىپىدىن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇشقا ئەسكەرلىككە ئېلىنغان. ئۇ مارالبېشى تۇمشۇقتىكى سوقۇشتىن كېيىن قىرغىز ئەسكەرلەرنى باشلاپ قوزغىلاڭچىلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن. 1933 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەشقەرنى ماشاۋۋۇدىن تارتىۋېلىش قوماندانى دېگەن نامغا ئىگە بولغان بولسىمۇ، ماجەنساڭغا قارشى بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا كامازا بىرىگادىسى ئۇستىدىن غەلىبە قىلغاچقا، بىرىگادىرلىق ئۇنۋانىغا ئىگە بولغان. بۇ ئىش ئۇنىڭ خورىكىنى ئۆستۇرۇپ، ئاقىۋەتتە تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولغان. بۇ خىزمىتى بەدىلىگە ماجەنساڭ ئۇنىڭغا «سىجاڭ» لىق ئەمەلىنى بەرگەن.

ئۇ ئۇيغۇر قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىشىپ رەسمىي «سىجاڭ» لىق تونىنى كەيگەن بولسىمۇ، كېيىنكى كۈنلەردە يەنە تۇڭگانلارغا ئالدىنىپ، قەشقەر يېڭى شەهەر ئۇرۇشىنىڭ 6 ئايغا سوزۇلۇپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان. 10 - ئايدا «ئىستىقلالىيەت تەشكىلاتى» تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلۇپ، قاغىلىققا سۈرگۈن قىلىنغان. مافۇيۈەن باستۇرۇپ كەلگەندە، قاغىلىقتىن قايتىپ كېلىپ، قالدۇق قىرغىز ئەسكەرلىرىنى توپلىغان، تۇڭگانلار قەشقەر شەهىرىدە قىرغىنچىلىق قىلىۋاتقاندا، ئۇنىڭغا قارشى تەدبىر قوللانماي، ئەكسىچە رەقىبى قىرغىز ئورازغا ئوت ئاچقان. ئوراز تاغدا پەيدا بولۇپ قالغان «تۆرتىنچى» لەرنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولۇپ، ئوسمان ئەلىنى تاغدىن قوغلىغان. ئوسمان ئەلى تاغدىن چۈشۈپ، مەهمۇت مۇهىتىنىڭ پاناهىغا سېغىنغان بولسىمۇ، ئۇ شەهەردە ئۆزىنى گېنېرال دەپ ئاتاپ غادىيىۋال-غانلىقتىن، مەهمۇت سىجاڭ «2 - تۆمۈر سىجاڭ پاجىئەسى» نىڭ تۇغۇلماسلىقى ئۈچۈن ئۇنى قولغا ئالدى. ئەسكەرلىرىنى قورالسىزلاندۇرۇپ تاغقا قايتۇردى. ئوسماننى بىرقانچە يېقىنى بىلەن ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ بەردى. ئۇ شېڭ شىسەي تۈرمىسىدە يوقالدى. ئورازبەگ گەرچە «تۆرتىنچى» لەرنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ ئوسمان ئۇستىدىن غەلىبە قازانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆتكەنكى «جۇمهۇرىيەت هۆكۈمىتى» دە هەربىي نازىر بولغانلىقى، تاغدا

توپىلاڭ چىقىرىپ خەلق تىنچلىقىنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن، تاغدا جىمىقتۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن تالاش - تارتىش قىلىدىغان «توپىلاڭچى» لار ھەرىكىتىگە خاتىمە بېرىلدى.

## 8 - ۋەقە

ئاتۇشلۇق رېشىتەم تۇڭگانلارنىڭ «پارتىزانلار قوماندانى» بولغان بولسىمۇ، ماخۇسەندىن ئايرىلىپ مەھمۇت سىجاڭغا تەسلىم بولغانىدى. ئۇ قۇربان نىياز پولكىدا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، تازىلاش دائىرىسىدىكى يامان ئادەملەر قاتارىدا قورالسىزلاندۇرۇلۇپ مۇددەتلىك قاماققا ئېلىندى. ئەسكەرلىرى يۇرتىغا قايتتى. رېشىتەم جازا مۇددىتىنى توشقۇزۇپ ئائىلىسىگە قايتقان بولسىمۇ، مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن نامەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن چاقىرىلىپ، ئېتىزلىقتا ئېتىپ تاشلاندى.

## 9 - ۋەقە

10 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى مەھمۇت سىجاڭ، قۇرۇقلۇق ئارمىيە قوماندانى كۆك شىن جىجاڭلار ئىشتىراكىدا شەھەردە ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش توغرىلىق بىر مەجلىس ئېچىلدى. يىغىن ئورنى ھېيتكاھ جامەسىنىڭ ئىچىدە ئىدى. جامەنىڭ رىشاتكا ئېشىدىكى مەدرىسە دەپ ئاتالغان قىسمىغا رەئىس سەھنىسى ياسىلىپ، سۇن جۇڭشەننىڭ رەسىمى ئېسىلغانىدى. بۇ ئىشقا خەلق قاتتىق غەزەپلەندى. «ئىبادەت ئورنىغا رەسىم ئاسقانلىق مەسچىتكە بۇت تىكلىگەنلىك بولمامدۇ؟» دېيىشكەندى.

مۇھەممەت رېھىمباي (ئاخۇنبايوف) كۆپچىلىككە ۋاكالىتەن بۇ ئىشنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى رەھبەرلىككە يەتكۈزدى. بۇ، تىنچلىق، ئىتتىپاقلىقنى تەشەببۇس قىلىپ، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش شۇئارى توۋلىنىۋاتقان پەيت بولغاچقا، بۇ پىكىر «قۇترانقۇلۇقنىڭ باشلىنىشى» دەپ قارىلىپ، ئاخۇنبايوف قاماققا ئېلىندى. بۇ كىشى مەلۇم مۇددەت ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قاماقخانىسىدا ياتقان بولسىمۇ، جىنايىتى بەدىلىگە شىتەي يامۇلى بىلەن دوتەي يامۇلىنى يىغىنچە ئۇسلۇبتا يېرىم ياساپ بېرىشنى ھۆددە قىلىپ قاماقتىن چىقتى.

## 10 - ۋەقە

بۇ قېتىمقى تازىلاشتا ئۆزبېك سېتىۋالدىجانمۇ بار ئىدى. ئۇ ئەسلىدە تۆمۈر سىجاڭ قوشۇنىدىكى ئۆزبېك پولكىنىڭ باشلىقى ئىدى. يېڭى شەھەر ئۇرۇشى جەريانىدا ۋەزىيەتنى يۈسۈپجان قۇربېشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، بانكا مۇدىرى، قەشقەر ھىلال ئەخمەر (قىزىل كىرىست) جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق مەمۇرىي خىزمەتكە ئالمىشىۋالغانىدى. تۇڭگانلاردىن يېڭى شەھەرنى تالىشىش ئۇرۇشى كۈچەيگەن مەزگىلدە، چەتكە چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، پاسپورت ۋە يول خېتى بولمىغاچقا، چېگرىدىن قايتۇرۇۋېتىلگەن. تاشقورغانغا كەلگەندە تۇتۇلۇپ يېڭى شەھەرگە قاماپ قويۇلغان.

يېڭى شەھەر ئۇرۇشى مەزگىلىدە خانئېرىق، يوپۇرغا پىدائىيلىرىنى تەشكىللەپ، كالتەك، چوماق كۆتۈرۈپ ماجەنساڭغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقان، ئۆزۈن شوتىلارنى ياساپ يېڭى شەھەر سېپىلىگە ھۇجۇم قىلغان مەشھۇر ئەيسا ھاجىممۇ قاماقتا بولۇپ، بۇ كىشى سېتىۋالدىجان بىلەن بىر كۈندە ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ ئالەمدىن ئۆتتى.

## 11 - ۋەقە: ئۆزبېك پولكىنىڭ يوقىتىلىشى

يۈسۈپجان قۇربېشى جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇڭگانلار ھەرىكىتى ئەۋج ئالغان مەزگىلدە، بۇ جايدا تۇرۇشقا ئىمكان تاپالماي، چەتكە كېتىش ئۈچۈن قوشۇنىنى ئېلىپ تاشقورغانغا كەتكەنىدى. لېكىن بۇلارنى تاشقورغاندا تەشكىللەنگەن زەمىر مۇھەممەت باشچىلىقىدىكى تاجىك ئەسكەرلەر چېگرىدىن ئۆتكۈزمىدى. يۈسۈپجان ھەرقانچە تىرىشقان بولسىمۇ، پەقەت ئامال بولمىدى. شۇڭلاشقا خېلى بىر مەزگىلگىچە تاشقورغاندا تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. تۇڭگانلار كېتىپ قەشقەردە يېڭى ھۆكۈمەت يىلتىز تارتقاندىن كېيىن، يۈسۈپجان قۇر بېشىنىڭ بېشى قاتتى. ئۇ ئەمدى باش ئېگىپ قەشقەرگە قايتىشنى خالىمايتتى. ئاخىرى ۋەزىيەتنىڭ قىستىشى ۋە ئابدۇراخمان قۇر بېشى، ئارىپجان قۇربېشىلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تاشقورغاندىن قايتتى. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىدىن مەلۇم ساندىكى ئادەملەر يىغىنسىزدا تۇرۇشلۇق 1 - پولك تەركىبىگە قوشۇلدى.

قالغانلىرى مارالبېشىدا تۇرۇشقا مەجبۇر قىلىندى. يۈسۈپجان ئۆردەكلىك دېگەن جايغا كەلگەندە، مارالبېشىغا بېرىشتىن يالتايدى. ئەگەشكۈچىلىرىنى باشلاپ توغرا كېسىپلا سېرىق بۇيىغا كەتتى. قالغان قوربېشىلار مارالبېشىغا كەلگەندە، ئۇ يەردە تۇرۇشلۇق رۇس پولكىنىڭ باشلىقى چېرنىيوف ئۇلارنى ياخشى قارشى ئېلىپ ئورۇنلاشتۇردى. يۈسۈپجاننىڭ ئايرىلىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان چېرنىيوف دەرھال ماشىنا بىلەن ئەسكەر ئەۋەتىپ قوغلىدى. رۇس ئەسكەرلىرى يۈسۈپجاننى سېرىق بۇيىدا ئارام ئېلىۋاتقان جايىدىن تاپتى. يۈسۈپجان 10 - 12 ياشلار چامىسىدىكى ئوغلىنى ئاتقا مىنگەشتۈردى-دە، 2 ئادىمى بىلەن تاپانچىسىدىن ئوق ئۈزگەن پېتى بۆسۈپ چىقىپ كەتتى. قايناۋاتقان قازانلار قايىنىغان پېتى قېپ قالدى. ئادەملىرى تەسلىم بولۇپ قورالسىزلاندۇرۇلدى. يۈسۈپجان قوربېشىنىڭ رۇس پولكىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئەسكەرلىرىمۇ بىر مەزگىلدىن كېيىن قورالسىزلاندۇرۇلۇپ، سەركەردىلىرى كېچىدە جىمىقتۇرۇلدى، «كېرەكسىز» دەپ قارالغانلىرى ئازاد قىلىندى.

يۈسۈپجان قوربېشى قورشاۋدىن سالامەت چىقىپ جاڭگال بويلاپ مەكىتكە كەلدى. ئۇ يەردە دوستى ئۆزبېك ئىشاننىڭ ھىمايىسىدە چوڭقۇرچاق دېگەن جايدا قوم ئارىسىدا جان ساقلاپ، 3 يىلدىن كېيىن، ساندۇقتىكى تىللالىرى بېشىغا چىقىپ، ئۆز ئادەملىرى قولىدا ئۆلدى.

### 12 - ۋەقە: يېڭى شەھەردە قوزغىلاڭ

گېنېرال لوبىننىڭ قوشۇنىدىكى مەلۇم بىر پولكتا تۇڭگانلار كۆپرەك بولۇپ، بۇلار ماجۇڭيىڭدىن يۈز ئۆرۈپ ھۆكۈمەت تەرەپكە ئۆتكەن ئەسكەرلەر ئىدى. بۇلار يىلىنىڭ ئاخىرى ھۆكۈمەتكە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن بۇ ئىش لوبىننى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. تۇڭگانلار لوبىننىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن كېچىچە ئېتىشىپ تاڭ كېلەلمەي، تاڭ ئېتىشى بىلەن شەھەردىن چېكىنىپ يېڭىسار تەرەپكە قاچتى. لوبىن قوغلىماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئەسكەرلىرى ھالسىزلىنىپ كەتكەچكە، مەھمۇت سىجاڭدىن ياردەم تىلىدى. مەھمۇت سىجاڭ 2 - پولكتىن ئابدۇشۈكۈر لىيەنجاڭنى 86 نەپەر ئەسكەر بىلەن قوغلاشقا ئەۋەتتى. ئالدى تەرەپتىن سەمەت ھاجىنىڭ 1 - پولكى توستى. ئىسيانچىلار ئوتتۇردا قېلىپ يېڭىشەھەر بىلەن يېڭىسار ئارىلىقىدىكى ئات باقىدىغان مەيدانغا كىرىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلار بۇ يەردە بىرەر ئايدەك قاپسىلىپ يېتىپ، ئاخىرى خوتەنگە يول بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا يول بېرىلدى ھەم يېڭىساردىن ئۆتكەندە قورشاۋغا ئېلىنىپ قورالسىزلاندۇرۇلدى.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئۇرخۇن

---

(بېشى 51 - بەتتە)

ۋاڭنىڭ ئوغلى ئورانزىپ ئېلى تەۋەسىگە گوڭ بولۇپ ئولتۇرغاندا، ئۆزىنىڭ 5 ئايالى نامىغا ھەشەمەتلىك قىلىپ 5 باغ سالدۇرغان. بىز ئولتۇرغان باغ - گۈلشەنخان نامىدا «گۈلشەنباغ»، ھەرەم بۇۋى نامىدا «ھەرەمباغ»، مارجان بۇۋى نامىدا «مارجانباغ»، ئۈنچە بۇۋى نامىدا «ئۈنچىباغ»، روشەن بۇۋى نامىدا «روشەنباغ» دېگەن ناملاردا ئاتالغان.

بىز يۇقىرىقى پاكىتلاردىن پاشا غوجام ۋە ئۇنىڭ ئىلى تارىخى، ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدىكى ماتېرىياللىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگەندە مەلۇم مەنىلەرگە ئىگە بولىمىز. خۇشۇسەن باياز بىز ئۈچۈن قىممەتلىك. بايازدا ئۇيغۇر، ئۆزبېك كلاسسىك شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشى بىزنى قېرىنداش خەلقلەر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەدەبىي ئالاقىلىرىنى ئۆگىنىشتە مەلۇماتقا ئىگە قىلىدۇ.

بىز خەلق ئىچىدىكى خەتتاتلارنىڭ قول يازمىلىرىغا، خەلق قوشاقچىلىرىنىڭ قوشاقلىرىغا، خەلق نەققاشلىرىنىڭ نەققاشلىرىغا، خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ مۇزىكا ۋە ناخشىلىرىغا، خەلق چالغۇچىلىرىنىڭ ساز، ئەسۋابلىرىغا نەزەر سېلىشىمىز كېرەك. ئۇلار بىلەن بىز مەدەنىي ۋە ئەدەبىي مىراسلىرىمىزنىڭ تارىخىنى تىكلەشتە مەلۇم مەنىلەرگە ئىگە بولىمىز».

تەھرىرلىگۈچى: چەمىلە ئابلا

# بىز باسقان ئىزلار

## توختى سابىر

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

بىتون چېقىش ۋەزىپىسىنى بەلگىلەنگەن قارارىدا ئورۇنداپ بولدۇق. بۇ ئىش بىز زاۋۇتقا كەلگەندىن كېيىنكى بىر قېتىملىق ئەڭ ئېغىر، ئەڭ جاپالىق ئەمگەك بولۇپ قالغانىدى، چۈنكى ئۇ بىتوننىڭ چوڭلىرىنى قوش مۇشتەك، كىچىكلىرىنى تۇخۇمدەكلا پارچىلىغىلى بولغىنى ئۈچۈن، بارلىق كۈچىمىزنى ۋە پەممىزنى ئىشقا سالغانىدۇق، ئىش ئېغىر كەلگەنچە ھەم پۇشايمان قىلىپ ھەم ئىنژېنېرنى تىللاپ:

— «بىر ئوبدان قويۇلۇپ، قېتىپ بولغان بىتوننى چاقتۇرۇپ نېمە قىلىدۇ، بۇ «توكا»؟ بىزنى بىكار تۇرۇپ قالدى دەمدىكىنا؟ — دەپ كۆپ قېتىم غۇدىراشقانىدۇق. كېيىن ئىش بېشىدىن بىلسەك ئۇنىڭ قۇم تەركىبى ئۆلچەمدىن بىر قانچە پىرسەنتلا ئېشىپ كەتكەنىكەن.

بۇ يىللاردا بىزنىڭ ئەمگىكىمىز ھەقىقەتەن ئېغىر ھەم جاپالىق ئىدى. تاماق، ياتاق توغرىسىدا ياخشى، يامان دەپ ئارتۇقچە گەپ قىلمايتتۇق. لېكىن بىزگە كىيىم ـ كېچەك، ئاياغ توشمايتتى. چۈنكى، بىز تۈز يولدا ئاز ماڭاتتۇق، ئادەم ئاياغ باسمايدىغان تاغ، ئېدىر، ئويمان، شېغىللىقلاردا كۆپ يۈرەتتۇق. ئەتىياز، ياز، كۈز پەسىللىرى ئۈچۈن ھەر پەسىلدە بىردىن لاتا خەي بېرەتتى. ئۇنىڭ تېشى قارا سىيامبۇ، چەمى ئاپتوموبىلنىڭ كونا بالونىدىن شىلىپ چىقىرىلغان رېزىنكە ئىدى. 3 ئايلىق دەپ بەرگەن بۇ لاتا خەيلەرنى يېرىم ئايمۇ كەيگىلى بولمايتتى. چەمى مۇزدەك تۇرغىنى بىلەن ئۈچى ئاللا قاچان تېشىلىپ چوڭ بارمىقىمىز خۇددى پاتمۇچۇقتەك ماراپ تېشىغا چىقىۋالاتتى. يەنە بىر قانچە كۈنگە قالماي بۇ تۆشۈك تېخىمۇ يوغىناپ كېتەتتى. قىزىقى شۇكى، بۇ لاتا خەيلەر كەيگەندە تۈز تۇرغىنى بىلەن، سېلىپ قويغان ھامان «ئەسلىگە يېنىپ» چەمى بالوننىڭ قايسى شەكىلدىن قىيىۋېلىنغان بولسا، شۇ شەكىلگە كېلىپ ئوڭدا ياكى يېرىم ئوڭدا بولۇۋالاتتى. بىز يەنە بىر قېتىم خەي تارقاتقىچە ھازىرقى ئىشچىلار مەدەنىيەت سارىيى ئەتراپىدىكى سايلىقتىن گوداڭلارغا تاشلىۋەتكەن ئەخلەتلەر ئارىسىدىن ئۆز خەيلىرىمىزدىن تۈزۈكرەكلىرىنى تېرىپ كىيىۋالاتتۇق. تېرىلگەن خەيلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئۈستى، ئۈچى ساق بولسىمۇ، تاپىنى تۆشۈك بولاتتى ياكى چوڭ كېلىپ قالاتتى. بىز تاپاننىڭ ئۈستىگە كونا خۇرۇم ياكى بىشۇ پارچىلىرىنى قويۇپ، چوڭ كېلىپ قالغانلىرىنىڭ بوغىزىنى بوغۇۋالاتتۇق.

زاۋۇت ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىش ئالدىدا كۈندۈزى ئادەتتىكىدەك ئەمگەك قىلىپ، ئاخشاملىرى سېخلارغا ئىستانوك يۆتكىدۇق. ئۇ چاغلاردا ھازىرقىدەك ئىلغار يۆتكەش، كۆتۈرۈش، ئىتتىرىش ماشىنىلىرى، چوڭ كرانلار يوق ئىدى. سېخلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئاسما كران، تىلپىرلەرمۇ پەقەت بىر تونىلىق، يېرىم تونىلىق بولۇپ، بۇ ئىشقا ئىشلەتكىلى بولمايتتى. شۇڭا نەچچە تونىا كېلىدىغان ئىستانوكلارنى ئادەم كۈچى بىلەن سۆرەپ ئەكىرەتتۇق. بۇ ئىشمۇ ناھايىتى جاپالىق ئىدى. بىر ئاخشامدا ئەپلىشىپ قالسا، ئىككى ئىستانوك، بولمىسا ئاران بىر ئىستانوكنى يۆتكىيەلەيتتۇق. بۇ ئەمگىكىمىز ئۈچۈن كەچتە بىر ۋاق بىر قانچە تال گۆشى بار «گۆشلۈك قورۇما» بىلەن بىردىن ئاق

ئۇن ھورنىنى بىرىلەتتى. ئەتىسى بىز ئۆز ۋاقتىدا ئەمگەككە چىقىپ كېتەتتۇق.

شۇ يىلى قىشتا يېشى چوڭراق، ئۇستىخانلىق باللاردىن بىر تۈركۈمىنى ھەربىي رايون ترانسپورت بۆلۈمىگە قاراشلىق مۇستەقىل باتالىيون خەۋەرلىشىش لىيەنى بىلەن ئاپتوموبىل 4 - پولكىغا شوپۇرلۇققا يۆتكەپ كەتتى. قاتناش نازارىتىنىڭ ھازىرقى مۇئاۋىن نازىرى يولداش جۇمە ساۋۇت شۇ قاتاردىكىلەرنىڭ بىرى ئىدى. بۇ يولداشلارنىڭ كۆپ قىسمى كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، كوئېنلون مېھمانخانىسى قاتارلىق جايلاردا ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىگە شوپۇر بولدى. كېيىنكى يىلى ئەتىيازدا يەنە بىر تۈركۈمىنى «1 - ئىيۇل» توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، «1 - ئاۋغۇست» پولات زاۋۇتىغا يۆتكەپ بەردى. شىنجاڭ «ئۆكتەبىر» ئاپتورېمونت زاۋۇتىدا 340 تەك بالا قالدۇق. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن زاۋۇتتا يەنە بىر قېتىم «ئىشچى بولمايمىز، شوپۇر بولىمىز» دېگەن شوپۇرلۇق شاملى چىقىپ، خېلى جەڭگە - جېدەلدىن كېيىن ئاران بېسىقتى.

## دۇنياغا يېڭىچە كۆز ئېچىش

مېنىڭ دۇنياغا كۆز ئېچىشىم ئۆز يۇرتۇمدا بولغان بىلەن، يېڭىچە دۇنياغا كۆز ئېچىشىم — دۇنيانى تونۇش، چۈشىنىش، ئۆزگەرتىشكە باشلىشىم مۇشۇ زاۋۇتتا باشلانغانىدى. شۇڭا مەن بۇ زاۋۇتنى ئىككىنچى ئائىلەم، چېنىقتۇرغان مەشىق مەيدانىم، ئۆسۈپ يېتىلدۈرگەن بۆشۈكۈم، داغدام يولۇمنى يورۇتۇپ بەرگەن ماكانىم دەيمەن. مېنىڭ يېڭى ھايات مۇساپەم مۇشۇ يەردىن باشلانغانىدى.

بىز يېڭى كەلگەندە، ئاددىي ئەمگەكتىن باشقا كۆپ نەرسىنى بىلمەيتتۇق. ھەممە نەرسە بىزگە سىرلىق، چۈشىنىكسىز ۋە يېڭىچە تۇيۇلاتتى. ماشىنا دېگەن نېمە؟، ستانوك دېگەن نېمە؟. زاۋۇت دېگەن نېمە؟، كارخانا دېگەن نېمە؟، ئىشچى دېگەن نېمە؟ ئىشچىلار سىنىپى دېگەن نېمە؟، ۋەھاكازالارنىڭ ھېچقايسىسىنى چۈشەنمەيتتۇق ياكى يۈزەكىلا چۈشىنەتتۇق.

زاۋۇت 1952 - يىل 1 - ئۆكتەبىر كۈنى ئىش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن ۋاقتى 1953 - يىلى ئىدى. يولداش چېڭ شى يۈقىرىدىن 1 - قېتىم بەلگىلەنگەن مۇۋەققەت زاۋۇت دىرېكتورى بولدى. رەھبەرلىك يولداش لى پەنلىننى زاۋۇت دىرېكتورى، قوشۇمچە پارتكوم سېكرېتارى، يولداش ۋاڭ گوشىننى پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى (دائىملىق)، يولداش چى جۇۋنى مۇئاۋىن باش ئىنژېنېر قىلىپ بەلگىلىدى (باش ئىنژېنېرلىقنى بىر مەزگىل سوۋېت ئىتتىپاقىلىق لىشىنسكىي ئۆتىگەندى). زاۋۇت شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شىنجاڭنىڭ قاتناش - ترانسپورتىنى راۋاجلاندۇرۇش، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشتىكى مۇقەددەس بۇرچىنى ئورۇنداشقا باشلىدى. بىز ئەمگەكتە چېنىقىشتىن، تېخنىكا ئۆگىنىش مۇساپىمىزنى باشلىۋەتتۇق.

زاۋۇت ئىشلەپچىقىرىشقا ئومۇمىيۈزلۈك كىرىشىش ئالدىدا بىزنى سېخلارغا تەقسىم قىلىۋەتتى.

باشلىقىمىز سېخلار بويىچە ئۇلارنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى، خۇسۇسىيەتلىرى، ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئوينايدىغان رولىنى كونكرېت قىلىپ تونۇشتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن بىز ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەي، ئاغزىمىزنى ئېچىپ ھاڭ بېقىپ ئولتۇردۇق.

ئەھۋال چۈشەندۈرۈش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، بىزنى سېخلارغا تەقسىم قىلىش ئىسىملىكى ئېلان قىلىندى. سېخلارغا كىرگەندىن كېيىن سېخ مۇدىرلىرى ياكى مۇئاۋىن سېخ مۇدىرلىرى بىزنى ئوچاستكىلا ۋە گۇرۇپپىلارغا تەقسىم قىلدى. ھەربىرىمىزنى بىردىن ئۇستىغا تۇتقۇزدى. زاۋۇتتا قالغان 340 تىن ئارتۇق شاگىرت 10 نەچچە سېختىكى 30 نەچچە ئۇستىنىڭ 180 دىن ئارتۇق گۇرۇپپىسىدىكى 340 ئۇستىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلدۇق. بىز ئەمدى يېڭىدىن يەنە بىر قەدەم تاشلىغانىدۇق.

بىز ئۇ چاغدا تېخى كۆپ نەرسىلەرنى چۈشەنمىسەكمۇ، لېكىن ئۆزىمىزچە قايسى سېخ مۇھىم، قايسى ئىشنىڭ تۈرى ياخشى، قايسى ئىشنىڭ تېخنىكىسى يۇقىرى، ئۆگىنىدىغان ھۈنىرى كۆپ،

جاپاسى ئاز؛ قايسى سىخ، قايسى ئىش تۈرىنىڭ تېخنىكىسى ئاددىي، ئۆگەنگىدەك ھۈنىرى يوق، ئىشى ئېغىر، جاپاسى كۆپ، مەينەت - پاسكىنا، دېگەنلەرنى بىر تەرەپلىمە بىلىۋالغانىدۇق.

باشلىقىمىز ئىچمىزدىكىنى بىلگەندەك قۇيمىچىلىق بىلەن تۆمۈرچىلىكنى شۇنچە مۇھىم ئورۇنغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن كونكرېت تەقسىماتقا كەلگەندە، ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئورنى بىلەن ھېسابلاشماي، مۇشۇ 2 سېخقا بارمايمىز دېگەنلەر كۆپ بولدى. باشقا سېخلارغا تەقسىم قىلىنغانلاردىن ئۆز كۆڭۈل ئارزۇسىغا يەتكەنلەر خۇشال بولدى، ئۇنداق بولمىغانلار تەقسىماتقا بويسۇنماي تولغۇشۇپ تۇرۇۋالدى. دېمى ئىچىگە چۈشۈپ بىر قانچە كۈنگىچە بېشىنى كۆتۈرمىدى، ياخشى ئىش تۈرى بار سېخقا تەقسىم قىلىندىم دېگەنلەرمۇ، سېخ ئىچىدىكى ئىش تۈرى ئۆز كۆڭلىدىكىدەك بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ياخشى ئۆگەنگىلى ئۇنىماي، ئىش ۋاقتىدا ھەرتەرەپكە كېتىپ قالىدىغان ئەھۋاللار بىر مەزگىل داۋام قىلدى...

لېكىن كېيىنكى ئەمەلىيەت بىزنى تەربىيىلىگەنىدى. چۈنكى بىر يىلغا توشا - توشماي قۇيمىچىلىق، تۆمۈرچىلىك سېخلىرىغا شاگىرت بولۇپ كىرگەنلەرنىڭ شاگىرتلىق مۇددىتى توشۇپ، دەرىجىسى بەلگىلىنىپ ئىش ھەققى 1، 2 دەرىجە ئۆستۈرۈلدى. بىر قانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇستىلارنىڭ ئەڭ پىشقان سەرخىللىرى، ئاتاغلىق ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى، ئىلغار خىزمەتچى، ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار گۇرۇپپىلار، ئىلغار ئوچاستىكىلار مۇشۇ 2 سېختىن ئەڭ كۆپ چىققانىدى.

شۇنى سەمىڭلەرگە سېلىپ قويايكى، كىتابخانىلار، شىنجاڭ «ئۆكتەبىر» تراكتور زاۋۇتىنىڭ پولات قۇيما، پولات سوقما، چۆيۈن قۇيما زاپچاسلىرى زاۋۇت قۇرۇلغاندىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەت مىقياسىدا ئەنئەنىسىۋى داڭدار مەھسۇلاتلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلمەكتە. ئۇ رېمونت قىلغان ئاپتوموبىللارنىڭ سۈپىتىنىڭ ئىزچىل ياخشى بولۇشى، كېيىن تراكتور زاۋۇتىغا

ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ياخشى سۈپەتكە ئىگە بولۇپ مەملىكەت بويىچە 1 - دەرىجىلىك كارخانا بولۇپ باھالىنىشى، چوڭ جەھەتتىن ئالغاندا ئۇنىڭ سوقما زاپچاسلار بىلەن قۇيما زاپچاسلارنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك بولۇش، ئەلا بولۇش لاياقىتىنى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ساقلاپ كەلگەنلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

بىز دەسلەپكى يىللاردا زاۋۇتنىڭ قۇرۇلۇشى جەريانىدا كۆپ جاپا تارتتۇق، قان - تەرىمىز ئاقتى، دەپتىكەنمىز، ئەمەلىيەتتە، ئەڭ جاپالىق كۈنلەر بىزنى سېخلارغا تەقسىم قىلىپ، تېخنىكا ئۆگىنىشكە كىرىشكەندىن كېيىن باشلاندى. بۇ چاغدا بىز يېمەك - ئىچمەك، ياتاق، تۇرالغۇ دېگەنلەرنىڭ ياخشى، يامانلىقىدىن ئېغىز ئاچمايتتۇق. قورسىقىمىز تويسا، ياتىدىغانغا بىر كىشىلىك ئورۇن بولسىلا، باشقىسى بىلەن كارىمىز يوق ئىدى، چۈنكى بىز پۈتۈن ئەس - يادىمىز بىلەن قانداق قىلىپ تېزراق بىر نەرسە ئۆگىنىۋالارمەن دېگەندىن باشقىنى ئويلىمايتتۇق.

شۇ چاغدا ئالدىمىزنى «ئىككى چوڭ تاغ» توساپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بىرى مەدەنىيەت سەۋىيىمىزنىڭ تۆۋەنلىكى ئىدى. ئارىمىزدا %20 شاگىرت ساۋاتسىز ياكى چالا ساۋات ئىدى. يەنە بىر توسالغۇ خەنزۇچىدىن بىر خەت، بىر ئېغىز گەپمۇ بىلمەيتتۇق. بۇ بىزدىكى تېخىمۇ چوڭ قىيىنچىلىق ئىدى. ئۇستىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى خەنزۇ يولداشلار ئىدى. ئۇلارمۇ بىرەر ئېغىز ئۇيغۇرچە بىلمەيتتى. شۇ سەۋەبتىن مەيلى سىياسىي ئۆگىنىش ياكى تېخنىكا ئۆگىنىش بولسۇن، ئاسانلىقچە بىر نەرسە ھەزىم قىلالمايتتۇق. شۇڭا ئالغا بېسىشىمىز بەكمۇ ئاستا بولدى. بۇنداق چاغلاردا گەرچە باشلىقىمىزغا ئېلىپ بىردەم قىزىپ، بىردەم سوۋۇپ تۇرساقمۇ، ئاخىرى يەنە يول تاپالمىدۇق. ئۇستىلىرىمىز نەچچە قېتىملاپ سۆزلەپ، ئىما - ئىشارەت ئارقىلىق چۈشەندۈرسىمۇ، يەنىلا ھەزىم قىلالمايتتۇق. بەزىدە ھەتتا ئۆگىنىۋاتقان نەرسىنىڭ شەكلىنى سىزىپ ياكى يېنىغا ئاپىرىپ، چۆۋۈپ، قۇراشتۇرۇپ ئەمەلىي

كۆرسەتسىمۇ، چۈشىنەلمەي كۆزلىرىمىزنى پاقىرىتىپ، ئۈستىلىرىمىزغا قارىشىپ قالساق، ئۇلارمۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ بىزگە قاراپ تۇرۇپ كېتەتتى. بىر گاس - گاچىلاردەك ئىما - ئىشارەت ئارقىلىق تېخنىكا ئۆگىنىشنى خېلىغىچە داۋاملاشتۇردۇق.

## بىزنىڭ تەرجىمانلىرىمىز

تەشكىلنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى ۋە ھەر تەرەپلىمە شارائىت ھازىرلاپ بېرىشى بىلەن تېخنىكا ئۆگىنىشىمىز كۈنسايىن ئۆسكەن بولسىمۇ، تىل ئۇقۇشماسلىق چوڭ توسالغۇ بولۇپ ئالدىمىزنى توسۇپ تۇراتتى. سىياسىي - ئىدىيە جەھەتتىن خاملىقىمىزمۇ بىر مەسىلە ئىدى، ئەلۋەتتە.

زاۋۇت گەرچە بىر سېخقا بىردىن تەرجىمان بەلگىلەپ بەرگەن بولسىمۇ، ئۇلار ئىشلاردا ۋە ئۇستا - شاگىرتلارنىڭ ئىدىيە ئالماشتۇرۇش سۆھبىتى، سېخ، ئوچاستىكا، گۇرۇپپا مۇزاكىرىسى بولغاندا تىل ئالماشتۇرۇشتىلا ئەسقاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تەرجىمانلارنىڭ كۆپ قىسمى ئېغىز تەرجىمانلىرى بولۇپ، خەنزۇچە خەت بىلمەيتتى. بەزىلىرى يېڭىلا ئۇيغۇرچە ئۆگىنىش كۇرسلىرىنى پۈتتۈرگەن خەنزۇ يولداشلار بولۇپ، ئۇيغۇرچىنى ئېنىق چۈشەندۈرەلمەيتتى. تەلەپپۇز قىلىشتا بوغۇملارنى ئاسانلا ئالماشتۇرۇپ قويۇپ، كۈلكىلىك گەپلەرنى، ھەتتا ئەڭ سەت گەپلەرنى قىلىپ سالاتتى. ھەممىسىنىڭ ئورتاق ئاجىزلىقى تېخنىكا ساۋادى يوق ئىدى. بۇ جەھەتتە تېخى بىزگىمۇ يەتمەيدىغان تەرەپلىرى بار ئىدى. شۇڭا مۇئەللىمنىڭ سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشىنىڭ بىزگە ھېچقانداق پايدىسى يوق ئىدى. مۇئەللىمنىڭ، باشلىقلارنىڭ بىزگە دېگەنلىرىنى تەرجىمانلىرىمىز قانچىلىك بىلسە بىزمۇ شۇنچىلىك مەنپەئەتكە ئىگە بولاتتۇق. بىزگە تېگىشلىكى پەقەت تەرجىماننىڭ سەۋىيىسى بويىچە يېتىپ كەلگىنى ئىدى.

زاۋۇت بىزنىڭ ئەمەلىي ئىشلەش ئارقىلىقلا يۈكسىلەلمەيدىغانلىقىمىزنى كۆزدە تۇتۇپ، سېخلار بويىچە كەچ كۇرسلارنى ئاچتى. ھەر ھەپتىدە 1 ئاخشام سىياسىي ئۆگىنىش قىلىش، 1 ئاخشام پارتىيە، ئىتتىپاق تۇرمۇشى پائالىيىتى ئېلىپ بېرىشتىن تاشقىرى، قالغان 4 ئاخشامنى تېخنىكا ئۆگىنىش، خەنزۇچە ئۆگىنىشكە ئاجراتتى. بۇنى ئادەتتىكى چاقىرىق ياكى شەكىل قىلىپ قويمىدى، بەلكى پرىنسىپقا كۆتۈرۈپ، قاتتىق تۈزۈم قىلىپ بېكىتىپ، كونكرېت تەدبىرلەرنى بەلگىلەپ، مۇددەتلىك تەكشۈرۈپ تۇردى.

شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ئۆز ۋاقتىدا پۈتۈن ئاپتونوم رايون مىقياسىدا خەنزۇلار ئۇيغۇرچە ئۆگىنىش، ئۇيغۇرلار خەنزۇچە ئۆگىنىش چاقىرىقىنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولۇپ، مەيلى ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشتە بولسۇن ياكى ئۆز ئارا بىلىم ئالماشتۇرۇشتا بولسۇن رولى ناھايىتى چوڭ بولغانىدى.

بىزنىڭ خەنزۇچە ئۆگىنىشىمىز ئارىلاشما سىنىپلار بويىچە ئېلىپ بېرىلسىمۇ، تېخنىكا ئۆگىنىشىمىز چوڭ كەسىپلەر بويىچە ئېلىپ بېرىلاتتى. لېكىن مۇقىم دەرسخانىمىز يوق ئىدى. قايسى سېخ، قايسى ئىشخانىنىڭ ئازراقلا بوش يېرى بولسا، شۇ يەرگە يىغىلىپ ئۆگىنىش قىلاتتۇق. بۇ ھەقتە زاۋۇت ئۇقتۇرۇش چۈشۈرگەنىدى. ئۆگىنىش ۋاقتى توشقاندا ھەتتا سېخ ياچېيكا شۇجىلىرى، سېخ مۇدىرلىرىمۇ ئىشخانىلىرىنى بوشىتىپ بېرەتتى. لېكىن ئورنىمىز مۇقىم بولمايتتى. بۇ ھەپتە ئۇ يەردە ئوقۇساق، يەنە بىر ھەپتە باشقا جايدىن بوش ئورۇن تېپىپ ئوقۇيتتۇق.

زاۋۇتتا 10 نەچچە تەرجىمان بولسىمۇ، ئۇلار تېخنىكا ئۆگىنىش ئېھتىياجىمىزدىن چىقالمىدى. شۇڭا زاۋۇت جىددىي تەدبىر كۆرۈپ، جەمئىيەتتىن مەلۇم تېخنىكا، كەسپىي سەۋىيىسى بار تەرجىمانلارنى 1 ئاخشامدا 2 سائەت دەرس ئۆتۈشكە 5 يۈەندىن ھەق بېرىپ تەكلىپ قىلدى. ئۇلارنى مۇشۇ 4 ئاخشامدا كۈندە ماشىنا بىلەن ئېلىپ كېلىپ، دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن يەنە ماشىنا بىلەن ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ قوياتتى.

زاۋۇت قارىمىقىدا «ئاتاقلىقراق» تەرجىماندىن 2 سى بار ئىدى. بىرىنى ئەلى پەيىي، يەنە بىرىنى ئەخەت تۆكچى دەيتتۇق. ئەلى پەيىي؛ 10 ئېغىز

خەنزۇچە سۆزنىڭ يېرىمىنى خەنزۇچە تەلەپپۇزدا سۆزلىسە، قالغىنىنى خەنزۇ گىراماتىكىسىغا سېلىپ، ئىگە بىلەن خەۋەرنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ ئۇيغۇرچە بىرنېمىلەرنى دەيتتى. ئەگەر ئۇيغۇرچە ئاتالغۇنىڭ دەل ئۆزىنى تاپالمىسا، شۇنىڭغا يېقىن سۆز - جۈملىلەرنى ئىشلىتىپ، ئىما - ئىشارەتلەر بىلەن چۈشەندۈرەتتى. لېكىن ئۇ چۈشەندۈرگەنچە بىز تېخىمۇ گاڭگىراپ، ئاسانلىقچە چۈشىنەلمەي كېتەتتۇق. ئۇ بولسا ئۆزىچە چالا قويمىدىم، دېگەندەك قىلىپ، يوق ساقىلىنى سىلاپ (ئۇ كوسا ئىدى) قويغاندىن كېيىن باشلىق ياكى مۇئەللىمگە: «تەرجىمە قىلىپ بولدۇم» دېگەندەك مەنىدە قاراپ قوياتتى.

ئەخەت تۇڭچى ئۇنىڭ ئەكسىچە خەنزۇ باشلىقلار، مۇئەللىملەر 4 - 5 ئېغىز گەپ قىلسا، ئۇلارنىڭ سۆزىگە ئۆزى بىلگەنچە گەپ قوشۇپ ئۇزارتىپ 10 - 20 ئېغىز سۆزگە ئايلاندۇراتتى، ھەتتا شۇ كۈندىكى دەرس ياكى دوكلاتقا مۇناسىۋەتسىز گەپلەرنىمۇ خىيالىغا كەلگەنچە قوشۇۋالاتتى، لېكىن بىز ئۇنى بىلمەيتتۇق. چۈنكى، بىرىنچىدىن، خەنزۇچە گەپ بىلمەيتتۇق. ئىككىنچىدىن، ئۇ، ئەلى پەيىگە قارىغاندا ئۇيغۇرچىنى راۋان سۆزلەيتتى. شۇڭا چانمايتتى، لېكىن كۈچالىق، يەكەنلىك ئۈرۈمچىلىك خەنزۇچە گەپ بىلىدىغان بىر قانچە بالا ئۇنى سېزىپ قالاتتى - دە:

— ئەخەت تۇڭچى، بۈگۈن يەنە نۇرغۇن گەپلەرنى ئۆزى قوشۇۋالدى، ماۋۇ گەپلەرنى باشلىق دېمىگەنىدى، ئەخەت قوشۇۋالدى، - دەيتتى.

ئۇ ئادەتتە بىر قانچە ئېغىز گەپنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، مەسىلەنىسكى، دەيدۇلەركىن، چۈشىنىشلىك بولدىمۇ؟ ئۇقتۇڭلارمۇ؟ دېگەنلەرنى تەكرار - تەكرار سورايتتى. بىز تاكى:

— چۈشەندۇق، چۈشىنىشلىك بولدى، - دەپ خۇددى قەسەم ئىچكەندەك ۋارقىراشقاندىن كېيىن، ئاندىن سوراشتىن توختايتتى.

ئۇنىڭ «چۈشەندىڭلارمۇ؟» دەپ مۇنچىۋالا قىلىپ كېتىشى بىزنى چۈشىنەلمەي قالدىمىكىن دەپ كۆيۈنگەنلىكتىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ تەرجىمە سەۋىيىسىنىڭ ئەلى پەيىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى كۆز - كۆز قىلىش ئىدى.

بەزى خەنزۇ باشلىقلار ئۆزىنىڭ سۆزىدىن ئەخەتنىڭ سۆزىنىڭ بىر قانچە ھەسسە ئۇزىراپ كەتكەنلىكىنى سېزىپمۇ قالاتتى. لېكىن كۈلۈپ قويۇپ گەپ قىلمايتتى. چۈنكى تەرجىمان ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆۋرۈك - دە، ئۇنىڭ چىشىغا تەگسە بولمايدۇ. لېكىن جاڭ جىداۋيۈەن بىر قېتىم ئۇنى سىلكىپ:

— نېمانچە ئۇزۇن گەپ بۇ، مەن بىر قانچە ئېغىز گەپ قىلسام، سەن شۇنچە كۆپ بىرنېمىلەرنى دەپ كەتتىڭخۇ، - دېگەندە، ئەخەت ئىزا تارتماستىن يالغان سۆزلەپ:

— ئۇيغۇرچە سۆز خەنزۇچە سۆزدىن 1 - 2 ھەسسە ئۇزۇن بولىدۇ، - دېگەندە، بىز مەسخىرە قىلىشىپ كۈلۈشۈپ كەتكەنىدۇق.

بىز بىر قانچە يىلنى مۇشۇنداق تەرجىمانلارنىڭ «تەربىيە» سىدە ئۆتكۈزدۇق. ئۆزىمىز خەنزۇچە بىلمىگەنلىكتىن، ئۇلار بىزگە تېخى تونتىيا بولغانىدى.

مەن تۆۋەندە ئوقۇرمەنلەرگە شۇ چاغدىكى تېخنىكا ئۆگىنىش، دوكلات ئاڭلاشتىكى ئارىلىقتا تەرجىمانلىرىمىزنىڭ قانداق كۈلكىلىك سۆز - ئىبارىلەرنى ئىشلىتىپ ئادەمنى ساراڭ قىلىۋەتكىدەك ھالغا كەلتۈرۈپ قويغانلىق ئەھۋالىدىن بىر قانچىنى ھېكايە قىلىپ بېرەي:

بىر قېتىم خۇاڭ مۇئەللىم ماشىنا ماتورىدىن دەرس ئۆتتى. ئۇ، ئالدى بىلەن ماتورنىڭ سخېمىسىنى دوسكىغا سىزدى. ئاندىن قولىدىكى چۈشەندۈرۈش تايىقى بىلەن ماتورنىڭ ئالدىنقى بۆلەك قىسمىنى چۈشەندۈرۈپ بولۇپ، قولىدىكى تاياقنى ئەلى پەيىگە تۇتقۇزۇپ، ئىككى قولىنى ئالدىغا قوشتۇرۇپ، بىر قەدەم كەينىگە چېكىنىپ ئەلى پەيىگە ئورۇن بوشۇتۇپ بەردى (بۇ ئۇنىڭ تەرجىمە قىلىڭ، دېگەن ئىشارىتى ھەم تەرجىمانغا كۆرسەتكەن ھۆرمىتى ئىدى)، خۇاڭ مۇئەللىم، سىلىق - سىپايە ئادەم بولۇپ، ئەڭ كىچىك ئىشلاردىمۇ كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىشقا بولۇپمۇ تەرجىمانلارنىڭ

ھۆرمىتىنى قىلىشقا ئەھمىيەت بېرەتتى.

ئەلى پەيىي مۇئەللىمنىڭ ئورنىغا كېلىپ، چىرايىدا خىجىللىق ۋە بىئاراملىق ئالامەتلىرىنى ئىپادىلىگەچ، تامىقىنى بىر قانچە قېتىم قىقىپ قويغاندىن كېيىن:

— خۇاڭ مۇئەللىم دەيدىكىن: بىز ئالدى بىلەن «ئاسمان ماشىنىسى»نى كوڭكىنىڭ ئۈستىگە پېرقىرتىپ ئەكىلىپ، دەسلىۋىسىدە ئۇنىڭ ئوڭ كۆزىنى ئاسىمىز، ئۇنى ئورنىتىپ بولغاندىن كېيىن، سول كۆزىنى ئاسىمىز، دەيدۇ، چۈشىنىشلىك بولدىمۇ؟ - دېدى.

بىز ھېچ نەرسىنى چۈشىنەلمەي ھاڭ - تاڭ بولۇپ جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتۇق. بىر دەملىك سۈكۈتتىن كېيىن ئۆز ئارا پىچىرلىشىشقا باشلىدۇق. بۇنى كۆرگەن ئەلى پەيىي باشقىدىن تامىقىنى قىقىپ، ئورۇق مەيدىسىنى كەرگىنىچە:

— گەپ قىلىشمايسىلەرغۇ، كۆتلەشلەر! مەن ئېنىق چۈشەندۇرگەن تۇرسام . . . - دېدى بىزنى پوزىتسىيە بىلدۇرۇشكە قىستاپ.

— ئەلى مۇئەللىم ئۇنى ماشىنىنىڭ كۆزى دېمەيمىز، چىرىغى دەيمىز، چىراغنى «ئاسمان ماشىنىسى»غا ئاسماي تۇرۇپمۇ قول بىلەن ئورناتقىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ! يەنە بىر گەپ: ئۇنى «ئاسمان ماشىنىسى» دېمەيمىز، «تىلپىر» دەيمىز، - دېدى ماتور قۇراشتۇرۇش ئوچاستىكىسىدىكى شاگىرت ئىشچى مامۇت - رۇخسەتمۇ؟ - دەپ قول كۆتۈرۈپ قويۇپلا گېپىنى باشلاپ.

— ھەي كۆتلەش! ئۇ گەپمۇ ئورۇسچە گەپكەنغۇ؟ ئۇنىڭغا تىلىم كەلمىسە مەن قانداق قىلاي؟، خەنزۇچە «تيەن» دېگەن ئاسمان، «جى» دېگەن ماشىنا ياكى كوڭكا دېگەن بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇ ئاسمان ماشىنىسى بولماي نېمە بولاتتى؟ - دېدى ئۇ تېرىكىپ. خۇاڭ مۇئەللىم ئارىلىقتا بولغان گەپلەرنى ئۇقالماي بىردە بىزگە، بىردە ئەلى پەيىيگە قاراپتتى.

ئەلى پەيىي مامۇتنىڭ پىكرىنى تەرجىمە قىلىپ بەردى. خۇاڭ مۇئەللىم ھەيرانلىق ئىلكىدە، ماتور سخېمىسىنى قايتىدىن چۈشەندۇردى. بۇ قېتىم ئۇ خەنزۇچە خەتنىمۇ دوسكىغا يازغانىدى.

ئەلى پەيىي خۇاڭ مۇئەللىمگە قايتا - قايتا باش لىڭشىتىپ، ئەمدى چۈشەندىم، دېگەننى ئىپادىلىگەندىن كېيىن بىزگە يۈزلىنىپ:

— خۇاڭ مۇئەللىم دەيدىكىن: مەن گۇاڭدۇڭلۇق بولغىنىم ئۈچۈن تەرجىمان يولداش «يىن جىڭ (ماتور)» دېگەن سۆزۈمنى «يەن جىڭ (كۆز)» دەپ چۈشىنىپ قاپتۇ، دەيدۇ (ئۇ چاغلاردا ماتورنى خەنزۇچە ھازىرقىدەك فادۇڭجى دېمەي، «يىن جىڭ»، دەيتتى)، سەن كۆتلەشلەر بىلمەيسىلەر، گۇاڭدۇڭلۇقنىڭ گېپىنى باشقا يەرلىك خەنزۇلارمۇ ئاسان چۈشەنمەيدۇ، خېلى مەن - مەن دېگەن پەيىلەرمۇ تەرجىمە قىلالمايدۇ. مەن قانداقلا قىلسام، خېلى يېقىن ئاپىرىپتىمەنغۇ؟ سەن كۆتلەشلەر بىلىپ تۇرۇپ مېنى كولدۇرلاتقىچە مەن يېقىن ئاپپارغاندىن كېيىن ئىچىڭدە بىلىشىۋالساڭ بولمامدۇ؟ - دېدى مەغرۇر قىياپەت بىلەن غادىيىپ تۇرۇپ، - بۇ ئۇنىڭ قىلغان تەرجىمىسىنىڭ مەزمۇنغا خېلى يېقىن بارغانلىقى، گۇاڭدۇڭلۇقنىڭ تىلىنى شۇنچىلىك بولسىمۇ تەرجىمە قىلغانلىقىغا كۆرسەتكەن تەمەنناسى ئىدى.

مۇشۇنداق تەرجىمانلاردىن مۇشۇنداق دەرسلەرنى ئاڭلاپ يۈرگەن كۈنلەردە ماشىنا ھەيدەش، رېمونت قىلىش قوللانمىسىنى خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە 2 خىل يېزىقتا بېسىپ تارقىتىدىكەن، ئەلى پەيىي بىلەن ئەخەت تۆڭچى تەرجىمە قىلىپ چىقىپتۇ، دېگەن خەۋەر تارالدى. بىز ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتۇق.

ئۇزۇن ئۆتمەيلا راستىن «ماشىنا ھەيدەش، رېمونت قىلىش قوللانمىسى» دېگەن 40 نەچچە بەتلىك كىتابچىنى ھەر بىرىمىزگە بىردىن تارقىتىپ بەردى، ئۇ كىتابچە ھازىرمۇ مەندە بىر نۇسخا بار. بىز كۆرۈپ كۆزىمىزگە ئىشەنمەيلا قالدۇق، قىزغىنلىقىمىز بىردىنلا سوغا چىلاشتى، چۈنكى كىتابچىدىن ھېچ نەرسىنى چۈشەنگىلى بولمايتتى.

كىتابچە مۇنداق تەرجىمە قىلىنغانىدى: ھەر - بىر بەتنىڭ يۇقىرىسىدىن تۆۋىنىگە قارىتىپ دەل ئوتتۇرىسىدىن سىزىقچە تارتىلىپ، سول تەرىپىگە

خەنزۇچە خەت بىلەن دەرس تېكىستى يېزىلغان، ئوڭ تەرەپكە خەنزۇچە خەتكە ئۇدۇللاپ يېزىقى ئۇيغۇرچە، تىلى خەنزۇچە ھالەتتە «تەرجىمە» قىلىنغانىدى. مەسىلەن: «بىرىنچى دەرس، شوپۇرلۇق ئۆگىنىشى باشلاندى» دېگەن سۆز، ئۇيغۇرچە خەت بىلەن ئوخشاشلا «دى يى كا، چى چە جياسى كەي سى لىيۇ» دەپ ئاھاڭلا يېزىپ قويۇلغانىدى. 40 نەچچە بەتلىك 30 نەچچە دەرسنىڭ ھەممىسى شۇنداق «تەرجىمە» قىلىنغانىدى.

كىتاب تارقىتىپ بېرىلگەندىن كېيىن، بارلىق مىللىي ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىچىدە غۇلغۇلا كۆتۈرۈلۈپ «چۈشىنەلمىدۇق»، دېيىشىپ كەتتۇق. رەھبەرلىككە ئىنكاس قىلغاندا ئۇلار ھەيران قېلىشىپ:

— ئۆزەڭلەرنىڭ يېزىقىغا «تەرجىمە» قىلدۇرۇپ بەرسەك يەنە چۈشەنمىدۇق دەيسىلەرغۇ؟ مانا بۇ ھەرپلەر ساپلا ئۇيغۇرچە تۇرمامدۇ؟ - دېيىشتى. بىز:

— خەت ئۇيغۇرچە بولغان بىلەن تىلى يەنىلا خەنزۇچە بولۇپ قاپتۇ. ئۇنداق بولسا، بىز قانداق چۈشىنىمىز، دېدۇق. ئاخىرى چوڭراق باشلىقتىن بىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ:

— ئەمدى بۇنىڭغا باشقا ئامال يوق، تەرجىمانلار ماشىنا زاپچاسلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە ئاتالغۇسى يوق، شۇڭا ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغىلى بولمايدۇ، دەيدۇ. سىلەر قىيىنچىلىقنى يېڭىپ ئۆگىنىڭلار، جايىدا بولمىغان بۇ ئىش بەلكى سىلەرنىڭ خەنزۇچە خەت بىلەن تىل ئۆگىنىشىڭلارغا پايدىسى بولۇپ قالار، - دەپ چۈشەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىزمۇ جىمىپ قالدۇق.

بىر كۈنى ئەلى پەيىي بىلەن ئەخەت تۇڭچى بىر يەردە تۇرغاندا:

— بۇ قانداق تەرجىمە قىلىش بولدى؟ - دەپ سورىدۇق. ئەخەت بىزگە دەرھال رەددىيە بېرىپ:

— ماشىنا زاپچاسلىرىنىڭ ھەقىقەتەن ئۇيغۇرچە ئاتالغۇسى يوق. تەرجىمە قىلدۇق دېگەندىمۇ يەنىلا رۇسچە ئاتالغۇ ئىشلىتىمىز دېدى. بىز:

— ھەممىسىلا ئۇنداق ئەمەستۇ؟ كۆپلىگەن زاپچاسلارنىڭ ئۇيغۇرچە ئاتالغۇسى بارىكەنغۇ؟ - دەپ سوئال قويۇپ، مىسال كەلتۈرسەك، ئەخەت:

— سىلەر نېمىنى بىلەتتىڭلار، پەقەت شۇ بىر قانچە ئاتالغۇنىلا بىلىسىلەر - دەپلا گېپىمىزنى قېقىۋەتتى.

ئەلى پەيىي بۇ ھەقتە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي:

— ھەي كۆتلەشلەر! سەن نېمىلەر بىزنى باشلىققا چېقىشىپسەنلەرغۇ؟ باشلىق سەنلەرگە «بۆرىكىنى» كېسىپ بەردىمۇ؟ دەپ ئۇچلۇق تۇمشۇقىنى ئۆمەللەپ كەتتى. بىز قاتتىق كۈلۈشۈپ كەتتۇق. ئۇ:

— نېمىگە كۈلۈشىسەن، يالغانمىتى؟ - دېدى بىزنىڭ كۈلۈشكەنلىكىمىزنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەي.

— ھەي ئەلى پەيىي، مەن ئادەم تىللاشتىمۇ ئۇيغۇرچە سۆزنى جايىدا ئىشلەتمەيدىكەنسەن. ئادەمنىڭ ئۇ يېرىنى «بۆرىكى» دېمەيدۇ. پور... دەيدۇ، - دېدى ئارىمىزدىن بىرسى جاراڭلىق كۈلۈپ.

ئەلى پەيىي يوق ساقىلىنى سىلاپ قويۇپ:

— قانداق بولمىسۇن، خېلى يېقىن ئاپىرىپتىمەنغۇ؟ دېگەندىن كېيىن، - ھەي كۆتلەشلەر! مەن گەپ قىلاي، سەنلەر ئاڭلاپ تۇرۇش (بۇ گەپنى خەنزۇلارنىڭ ئادەت تىلى «ۋاگېينى جياڭ، نى گېيۋاتىڭ» نىڭ تەرجىمىسى ئىدى)، ئەخەت دېگەن بۇ كۆتلەش خەنزۇچە خەتنى بىلمىسە، مەن بولسام ئۇرغۇيچە خەتنى بىلمىسەم، ئۇرغۇيچە ماتىكا (گراماتىكا دېمەكچى) نى تېخىمۇ بىلمىسەم، شۇنداق تەرجىمە قىلماي قانداق تەرجىمە قىلالايتتىم؟ - دېدى.

ئەلى پەيىنىڭ سۆزىدىن كېيىن ئەخەت تۇڭچى بايامقى تەلەپپۇزىنى دەرھال ئۆزگەرتتى:

— مەن بۇنداق تەرجىمە قىلساق بولمايدۇ، دېسەم، ماۋۇ ئەلى دېگەن «كۆت» ئۇنىمىدى، - دېدى - دە، ھەممىنى ئەلى پەيىگە ئارتىپ قويۇپ، ئاندىن باشلىقنىڭ سۆزىنى تەكرارلىدى:

— بۇنداق بولغان بىلەن، بۇنىڭ سىلەرنىڭ تىل ئۆگىنىشىڭلار ئۈچۈن پايدىسى بار.

چۈنكى باشلىقنىڭ شۇ كۈندىكى سۆزىنى ئەخەت

تەرجىمە قىلغانىدى. ئۇ بۇ قائىدىنى باشلىقتىن ئۆگىنىۋالغانىدى، بولمىسا ئۇنىڭ ئەقلىگە بۇ خىل «پايدىلىق» خىيال يۈز يىلدىمۇ كەلمىگەن بولاتتى.

بىز تېخى ھەربىي سىستېمىدىكى چاغدا مۇنداق بىر ئىش يۈز بەردى: شۇ يىلى قاتتىق ئىسسىق تۈپەيلىدىن ئۈرۈمچىدە تۈرلۈك كېسەللىكلەر كۆپىيىپ كەتتى. يازنىڭ تازا ئىسسىق كۈنلىرىدە يۇقىرىدىن چېۋىن ئۆلتۈرۈش چاقىرىقى چىقىرىلدى. جاڭ جىداۋيۈەن چېۋىن يوقىتىش سەپەرۋەرلىك دوكلاتىغا بىرلەشتۈرۈپ بىزگە تازىلىق دەرسى ئۆتتى.

ئەلى پەيپى جاڭ جىداۋيۈەننىڭ سۆزىنى تەرجىمە قىلماقتا.......

— ھەربىي رايوندىكى جەڭچى - ئوفىتسېرلار 1 ئاي جاپالىق كۈرەش قىلىپ، ھەربىي رايون بويىچە 22 جىڭ چېۋىن تۇتۇپىۋىدى، ھەربىي رايون باشلىقىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.......

پۈتۈن مەيدان - پاتپاراق بولۇپ، زال ئىچى كۈلكە، چۇقان، ئىسقىرتىشقا تولۇپ كەتتى. جاڭ جىداۋيۈەن دەسلەپ ھەيران قالدى. 1 - 2 ئەسكەرنىڭ ئىسقىرتقىنىنى ئاڭلاپ ئەرۋاھى ئۆرلەپ، يەرنى تېپىپ قايناپ كەتتى. چۈنكى جاڭ جىداۋيۈەن ئىسقىرتقاننى بەكمۇ يامان كۆرەتتى، بۇ، لۈكچەكلەرنىڭ قىلىقى، دەيتتى.

جىداۋيۈەن ئولتۇرغان ئەسكەرلەرگە جىددى قاراپ چىققاندىن كېيىن:

— ئېلى! - دەپ ۋارقىرىدى، خەنزۇچە سۆز بىلىدىغان ئېلى ئاتلىق ئۈرۈمچىلىك ئەسكەرنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ.

باشلىقلىرىمىز تەرجىمان بولمىغان چاغلاردا دائىم ئېلىنى تەرجىمانلىققا سالاتتى، ياكى تەرجىمانلار ئېھتىياجدىن چىقالمىغان چاغلاردا ئۇنىڭدىن پايدىلىناتتى.

ئېلى بۈگۈن ئەلى پەيپىنىڭ سۆزىگە دىققەت قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئەسكەرلەرنىڭ چۇقان كۆتۈرگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى ئېنىق ئۇقتۇرالمىدى. جىداۋيۈەن ئۇنىڭدىنمۇ رازى بولمىغان ھالدا ۋارقىراپ:

— ئەخەتنى چاقىرىڭلار، - دېدى بۇيرۇق قىلىپ.

ئەخەت تۇنجى جىداۋيۈەننىڭ ئەلى پەيپىنىڭ ئورنىغا ئۆزىنى دەسسەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولغان ھالدا قىن - قىنىغا پاتماي كۆرەڭلىگەنچە سەھنىگە ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ چىقىپ، جىداۋيۈەننىڭ 1 ئېغىز گېپىنى 10 ئېغىز قىلىپ ۋاچىلداپ سۆزلەپ كەتتى. ئۇ، ئۆزىگە قاتتىق تەمەننا قويۇپ كەتكەنىدى. شۇڭا جىداۋيۈەن سۆزىنى توختاتقىچە تاس - تاس قالدى جىداۋيۈەننى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ ئۆزىلا سۆزلەپ كەتكىلى. جىداۋيۈەن ئاخىر تەخىرى قىلالماي:

— نېمانداق ئۇزۇن گەپ بۇ؟ مەن بىر قانچە ئېغىز گەپ قىلسام، سەن نېمانچە ئۇزۇن سۆزلەيسەن؟ - دېدى ئەخەتنى سىلكىشلەپ.

— ئۇيغۇرچە گەپ خەنزۇچە گەپتىن 1 - 2 ھەسسە كۆپ بولىدۇ - دېدى ئەخەت ئىزا تارتماستىن يالغان سۆزلەپ.

— ئۇنداق بولمايدۇ. ئۇ، ئۆزى گەپ قوشۇۋالدى، - دېدى ياندا گۇناھكارلاردەك قول باغلاپ، ئۆرە تۇرغان ئەلى پەيپى ئەخەتنى يالغانغا چىقىرىپ.

ئۇ ئەمدى جانلانغىلى تۇرغانىدى.

2 تەرجىمان بىز 500 ئەسكەرنى قارىتىپ قويۇپ، ھەر قايسىسى ئۆز مېلىنى جىداۋيۈەنگە سانىقلى تۇردى. جىداۋيۈەن ئاخىرى ئۇلاردىن زېرىكتى - دە، تەرنى تۆزگىنىچە يەرنى تېپىپ قولىنى سىلكىپ ھەر ئىككىسىنى مەيداندىن ھەيدەپ چىقاردى. ئۈرۈمچىلىك ئېلىنىڭ تەرجىمانلىق قىلىشى بىلەن تازىلىق دەرسىنى چالا - بولا تۈگىتىپ چىقىپ كەتتۇق.

دەرستىن كېيىن پۈتۈن ئەترەت بويىچە ئەلى پەيپىنىڭ ھېلىقى گېپى غۇلغۇلا بولۇپ كەتتى. بىز ئەلى پەيپىنى جىملەپ:

— سەن ئۇيغۇرچە سۆزنى تولۇق، توغرا تەلەپپۇز قىلالمىغاندىكىن، گەپنى بوغۇم ئايرىپ: «تۇتقان ئىدى»، «تۇتۇپ ئىدى»، ياكى «تۇتقان ئىكەن» دېسەڭ بولمامدۇ؟ «تۇتۇپىۋىدى» دېگىچە، دېيىشتۇق. ئۇ: «تۇتۇپىيىۋىدى» دېمىدىمغۇ،

«تۇتۇپئىشۋېدى» - دېدىم، - دەپ تۇرۇۋالدى. بىز؟

— تەلەپپۇزۇڭ ئېنىق بولمىغىنى ئۈچۈن «ئىشۋىدى» دېگىنىڭ ھەممىمىزگە «يىشۋىدى» بولۇپ ئاڭلىنىپ كەتتى ئەمەسمۇ؟ يەيدىغان نەرسە بولسىغۇ چانمايتتى. بۇ چىشۋىن توغرىسىدىكى گەپ تۇرسا. دېيىشىپ قاتتىق كۈلۈشۈپ كەتتۇق. ئەلى پەيىي گەپ تېپىپ بېرەلمەي:

— سەن كۆتلەشلەر مېنى جىداۋيۇەنگە چېقىشتۇرۇش ئۈچۈن قەستەن شۇنداق قىلىشتىڭ، مېنى بىلمەيدۇ دېيىشمە، جىداۋيۇەن خۇددى سەنلەرگە «بۆرىكىنى» كېسىپ بېرىدىغاندەك، ماۋۇ ئەخەت دېگەن كۆتلەشنىڭ بىر تاغار يالغانىنى قوشقىنىنى ھەجەپ دېيىشمەيدىكەنسەنلەرغۇ؟ - دېدى.

— ئەلى پەيىي بىز ساڭا ئادەمنىڭ ئۇ يېرىنى «بۆرىكى» دېمەيدۇ، «بۆرىكى» دېگەن باشقا جايدا بولىدۇ، دېمىدۇقمۇ؟ يەنە ئارىلاشتۇرىۋاتىسىنا؟ - دېدى ھاشىم دېگەن مۇئاۋىن بەنجاڭ ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ.

ئۇ بىردىن گەپ يۆتكەپ:

— قانداق بولمىسۇن، خېلى يېقىن ئاپىرىپتىمەنغۇ، دېگەن مەشھۇر سۆزىنى تەكرارلىغاندىن كېيىن، — سەن كۆتلەشلەر ئۇرغۇيچىدا مەندىن يامان بولغىنىڭ بىلەن ئەخەت دېگەن كۆتلەش خەنزۇچىدا ماڭا تەڭ كېلەلمەيدۇ. ئۇرغۇيچىدا يەنە سەنلەرگە يېتىشەلمەيدۇ. مەن سەنلەرگە دەي: سەنلەر ئاڭلاپ تۇرۇش ھە! ئۇنداق مەنلا تەرجىمانلىق قىلسام ماپەن تېپىشما بولامدۇ؟ - دېدى. بىز يەنە بىر قېتىم:

— ئەلى پەيىي، ئۇرغۇي ئەمەس، ئۇيغۇر دېمەمسەن، بۇ گەپكىمۇ بىر قانچە قېتىم تۈزىتىش بەردۇق، سەن ھەتتا ئۆز مىللىتىڭنىڭ ئىسمىنىمۇ توغرا دېيەلمىسەڭ قانداق بولغىنى؟ شەت ئەمەسمۇ! - دېدۇق.

— بۇ گەپنىچۇ، سەنلەر مىڭ قېتىم، تۈمەنمىڭ قېتىم ئۆگەتسەڭمۇ، ئاغزىمنى كەلتۈرەلمەيمەن، مېنىڭ تىلىم شۇنداق چىققان. راستىنى ئېيتايمۇ؟ مەن راستىنى ئېيتسامچۇ، مەن ئۇرغۇي ئەمەس، تۇڭگان، ئاپام ئۇرغۇي، - دېدى. - دە، مەن بۇ ئۆيدىن

چىقىپ كەتسەمغۇ بولار؟ - دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقىپ كەتتى.

بىز ئۇنىڭ سۆزى ۋە ھەرىكىتىدىن پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتۇق. ئۇ بوسۇغىدىن ئاتلاپ بولۇپ كەينىگە قاراپ:

— ئەمدى ئەخەت دېگەن كۆتلەش بىلەن ئېيتىشىڭلار، - دەپ قويدى.

ئەلى پەيىينىڭ تېخنىكا دەرسىي ئۆتكەندە تەرجىمىدە قوللىنىدىغان مۇنداق بىر قانچە ئېغىز «مەشھۇر» سۆزى بارئىدى. ئۇ گەپنىڭ بېشىدا پالانچى مۇئەللىم دەيدىكى، . . . سىلەر ياخشى ئۆگىنىڭىزلەر! ئەگەرچەندە ياخشى ئۆگەنمىسىڭىزلەر «كوڭكا»لارنى ھايدىيالمايسىزلەر، «تاراقتۇرۇق» مۇ ھايدىيالمايسىزلەر (تراكتور دېمەكچى) دەيتتى.

سىياسىي دەرسلەردە: جىداۋيۇەن دەيدىكى: سىزلەر ياخشى ئالغا بېسىڭىزلار، ئەگەرچەندە ياخشى ئالغا باسمىسىڭىزلار، گۇڭچەنداڭنىڭ «پىرقىسى» گە ئەزا بولالمايسىزلەر، ھەتتاكى ياشلار «پىرقىسى» گىمۇ كىرەلمەيسىزلەر - دەيتتى - دە، قانداق؟ ئالغا بېسىڭىزلار دېگەن سۆزۈمغۇ جايىدا بولغاندۇ؟ بۇ گەپتىنغۇ ماپەن چىقىرالمايسىلەر؟ كۆتلەشلەر! - دەپ يوق ساقىلىنى سىلاپ، كۈلۈپ، كېدىيىپ قويايتتى. ئۇنىڭ بالىلارچە قىلغان بۇ ھەرىكىتىدىن بىز تېخىمۇ قاتتىق كۈلۈشۈپ كېتىپ، دەرستىن چۈشۈپلا ئۇنى ئورىۋالاتتۇق:

— ئەلى پەيىي ئۇ گەپنى «پىرقە» دېمەيمىز، پارتىيە دەيمىز، «كوڭكا»، «تاراقتۇرۇق» دېمەيمىز، ماشىنا ياكى ئاپتوموبىل، تراكتور دەيمىز، «كوڭكا»، «پىرقە» دېگەنلىرىڭ كونا گەپ، گومىنداڭ، دەۋرىدىكى ئاتالغۇ، — دېسەك، ئۇ خەنزۇچە مەنىسىنى چۈشەندۈرۈشكە ئالدىراپ كېتىپ:

— سەن كۆتلەشلەر نېمىلا بولسا گومىنداڭنىڭ ۋاقتىدىكى دېيىشۋالىدىكەنسەن. خەنزۇچە خەت مەنىسىدە ھەممىسى ئوخشاش «داڭ» دېگەننى «پىرقە» دېسەڭمۇ بولىدۇ. پارتىيە دېسەڭمۇ بولىدۇ. خەت مەنىسىدە بۇ بىر خىل سىياسىي گۇرۇھنى بىلدۈرىدىغان سۆز. قانداق، بىلەمدىكەنمەن؟ «جى»

دېگەننى «كوڭكا» دېسەڭمۇ بولىدۇ. ماشىنا دېسەڭمۇ بولىدۇ، لېكىن ئاپتوموبىل دېگىنىڭ ئورۇسچە سۆز، مېنى بىلمەيدۇ دېيىشمە. «تاراقتۇرۇق» نى ھېلى نېمە دەيدۇ دېيىشتىڭ؟ - ئۇ ئۇچلۇق ئېڭىكىنى تېخىمۇ ئۇچلاپ ئاغزىنى پۈرۈپ قوياتتى. بىز:

— «تاراقتۇرۇق» ئەمەس، تراكتور دېمەمسەن، دېيىشسەك، ئۇ:

— ئۇمۇ ئورۇسچە گەپ، لېكىن بۇ گەپكە ئاغزىم كەلمىسە، قانداق قىلىمەن؟ قانداقلا بولمىسۇن خېلى يېقىن ئاپىرىپتىمەنغۇ؟ - دەيتتى.

بىز كەسىپ ئالماشقاندىن كېيىن زاۋۇتىمىز بىر مەزگىل مەمۇرىي جەھەتتىن قاتناش نازارىتىگە، كېيىنرەك سانائەت نازارىتىگە قارايدىغان بولدى. پارتىيە ئىشلىرى جەھەتتە ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكومغا قارىدى.

ئۇ چاغدا شىنجاڭدا سانائەت - قاتناش سىستېمىسىنى باشقۇرىدىغان 2 لا نازارەت بار ئىدى. سانائەت نازارىتى: كان، كارخانا، زاۋۇت، فابرىكا، قول سانائەت قاتارلىقلارنى باشقۇراتتى. قاتناش نازارىتى: تاشيول، ئاپتوموبىل ترانسپورتى، سۇ ترانسپورتى، ئاپتوموبىل رېمونتى قاتارلىقلارنى باشقۇراتتى.

زاۋۇت قاتناش نازارىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەندىن كېيىن، نازارەتكە ئىنكاس قىلىپ مەلۇم تېخنىك ۋە كەسپىي سەۋىيىگە ئىگە تەرجىمانلارنى تەكلىپ قىلدى. مەلۇم مەلۇماتى بار 2 ئىشچىنى تاللاپ 2 يىللىق تەرجىمانلىق كۇرسىغا ئەۋەتىپ بەردى. ئۇلار نەتىجىلىك ئوقۇپ كەلدى. بىزمۇ كەچ كۇرستا ئوقۇپ، خىزمەت، ئۆگىنىش، تۇرمۇشتىكى گەپلەرنى قىلالايدىغان، ئۆز مەخسىتىمىزنى يامىداپ بولسىمۇ بىلدۈرەلەيدىغان بولۇپ قالدۇق. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەلى پەيىي، ئەخەت تۇڭچىلار تېخىمۇ زامانغا ماسلىشالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئەلى پەيىي قاياقىدۇر يۆتكىلىپ كەتتى، ئەخەت تۇڭچى ياشراق بولغىنى ئۈچۈن، شوپۇر بولىمەن، دەپ تەشكىلگە داۋا قىلىپ يۈرۈپ، ئاخىرى ۋاڭ فامىلىلىك شوپۇر ئۇستامغا شاگىرت بولدى.

## ئۇستا - شاگىرت توختامى

بىز سېخلارغا تەقسىم قىلىنىپ ئۆزۈن ئۆتمەي، زاۋۇت رەھبەرلىكى يەنە 2 تۈرلۈك قاتتىق ۋە ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللاندى. ئۇنىڭ بىرى: بارلىق ئۇستا - شاگىرتلار ئارىسىدا قەدەم - باسقۇچى بولغان، ئۆگىتىش، ئۆگىنىشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان ئايلىق، پەسىللىك، يىللىق ئۇستا - شاگىرت توختىمى تۈزۈش. يەنە بىرى: ئەسلىدىكى چوڭ كەسىپلەر بويىچە ئۇيۇشتۇرۇلغان كەچلىك تېخنىكا ئۆگىنىش كۇرسلىرىنىڭ دائىرىسىنى تېخىمۇ كىچىكلىتىپ مەخسۇس كەسىپ ۋە ئىش تۈرلىرى بويىچە تەشكىللەش ئىدى.

ئۇ چاغدىكى شاگىرت تەربىيىلەش ئۇسۇلىمۇ ھازىرقىغا تۈپتىن ئوخشىمايتتى: بىر تەرەپتىن، فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ شاگىرتنى ئىشلىتىشنى ئاساس قىلىش، ھۈنەرنى ئاستا ئۆگىتىش، ھۈنەرنىڭ نازۇك يەرلىرىنى سىر تۇتۇش، ياخشى ئۆگەنمىسە قايتۇرىۋېتىش، ئۇستازىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويسا، ئۆزىگە يېقىن يولاتماسلىقتەك قالاق ئەنئەنىسى بىر قەدەر ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، بىزگە ئۇستا بولغانلارنىڭ بىر قىسمى گومىنداڭنىڭ ھەقىقەتكە قايتقان تېخنىكلىرى، تېخنىك ئەسكەرلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىدېئولوگىيە سىستېمىسىدىمۇ ھەر خىل ئىللەت ۋە خاتا قاراشلار خېلى قويۇق ئىدى. بىز ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ مەدەنىيەت ئاساسىمىز ئاجىز، تېخنىكا ئاساسىمىز نۆلگە باراۋەر ئىدى. شۇڭا ئۇستا - شاگىرت ئوتتۇرىسىدا ھەرخىل مەسىلىلەر، زىددىيەتلەر ئۆزلۈكسىز چىقىپ تۇراتتى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بىزدەك ئاز سانلىق مىللەتلەردىن تۇنجى ئەۋلاد ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەزالىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئەينى چاغدا ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى كۆرۈشكە ئۈندەيتتى ۋە مەجبۇرلايتتى. ئۇستا - شاگىرت توختىمى مۇشۇنداق شارائىتتا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ھەر ئىككى تەرەپكە قاتتىق مەجبۇرىيەت ئارتىلدى، بۇ بىزنى ھەم ئۇلارنى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەنئەنىۋى قېلىپىغا كىرىشكە رىغبەتلەندۈرىدىغان ئۈنۈملۈك تەدبىرنىڭ بىرى بولۇپ قالغانىدى.

بۇ توختامنىڭ مەزمۇنى، ئۇسۇللىرى مۇنداق ئىدى: ئۇستىلار بىلەن شاگىرتلار ئالدى بىلەن ئايلىق، پەسىللىك، يىللىق ئۆگىتىش، ئۆگىنىش مەزمۇننى بېكىتەتتى. ئۇستازى، بۇ ئاي، بۇ پەسىلدە ئۆز شاگىرتىغا نېمىلەرنى ئۆگىتىدۇ، يىل ئاخىرىدا قايسى سەۋىيىگە ئىگە قىلىدۇ، دېگەنلەرنى ماددىمۇ ماددا جەدۋەلگە تولدۇراتتى (زاۋۇت بۇ ھەقتە بىر تۇتاش مەخسۇس جەدۋەل تارقاتقانىدى). ئاندىن تەرجىمانلار ئارقىلىق شاگىرتلاردىن بۇ مەزمۇنلارنى ئۆگىنىپ بولۇش - بولالماسلىق، تەلەپتىكى تېخنىكا سەۋىيىسىگە يېتىش - يېتەلمەسلىك ياكى ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتىش ئىرادىسىنىڭ بار - يوقلۇقى توغرىسىدا پىكىر ئالاتتى. پىكىر بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، شاگىرتمۇ جەدۋەل تولدۇرۇپ ئىمزا قويغاندىن كېيىن، ھەر بىر جۈپ كىشى ئۈچۈن جەدۋەلنى 4 نۇسخىدىن كۆپەيتىپ، بىر نۇسخىنى ئۆزلىرىدە قالدۇرۇپ، بىر نۇسخىسىنى گۇرۇپپا ياكى ئوچاستىكىغا، بىر نۇسخىسىنى سېخقا، ئاخىرقى نۇسخىسىنى زاۋۇت ئەمگەك - ئىش ھەققى بۆلۈمىگە يوللايتتى. سېخ مۇدىرلىرى كۆرۈپ قوشۇلغاندىن كېيىن ئىمزا قويۇپ، ئاندىن ئارخىپقا سالاتتى. سېخ مۇدىرى بۇ توختامنامىنىڭ ھەقىقىي ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن نازارەت قىلىش تەدبىرى يۈزىسىدىن گۇرۇپپا باشلىقلىرى ياكى ئوچاستىكا باشلىقلىرى بىلەن توختام تۈزەتتى. ئۇلار سېخ مۇدىرى ئالدىدا جاۋابكار ئىدى، ھەممە سېخلار بېجىرىپ بولغاندىن كېيىن، زاۋۇت ئەمگەك ئىش ھەققى بۆلۈمى زاۋۇت باشلىقىغا ۋاكالىتەن ھەر قايسى سېخلار بىلەن توختام تۈزەتتى. سېخ مۇدىرلىرى زاۋۇت باشلىقى ئالدىدا جاۋابكار ئىدى. دېمەك ئۇستا بىلەن شاگىرت بۇ توختامنامىنىڭ ئاساسىي ئىجراچىلىرى، گۇرۇپپا، ئوچاستىكىلار توختامنامىنىڭ كاپالەتچىلىرى، سېخ مۇدىرلىرى بولسا، زاۋۇت باشلىقىغا ۋاكالىتەن تەكشۈرۈپ ئۈزلۈكسىز نازارەتچىلەر ئىدى. شۇڭا مۇددەت توشقان ھامان ئۆز قەرەلىدە قاتلاممۇ قاتلام تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلاتتى. بەلگىلەنگەن مۆھلەت يېقىنلاشقانچە، ئۇستا - شاگىرتتىن تارتىپ گۇرۇپپا، ئوچاستىكا، ھەتتا سېخ مۇدىرىغىچە ئالدىراش بولۇپ كېتەتتى-دە، زاۋۇتنى بىر خىل جىددىيلىك قاپلاپ كېتەتتى. دەسلەپ ۋاقتىنى بوش ئۆتكۈزىۋەتكەنلەر ئەمدى باش كۆتۈرمەي كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ ئۆگىتىش، ئۆگىنىش بىلەن بولۇپ كېتەتتى.

گۇرۇپپا - ئوچاستىكىلارنىڭ تەكشۈرۈش مۇددىتى قىسقا ھەم تەكشۈرۈش پات - پات بولۇپ تۇرغاچقا، داغدۇغىسى ئانچە چوڭ بولمايتتى، لېكىن سېخلار ھەر پەسىلدە 1 قېتىم تەكشۈرگەندە خېلى داغدۇغا قوزغىلاتتى. ئەڭ يۇقىرى دولقۇن زاۋۇتنىڭ يىل ئاخىرىدىكى تەكشۈرۈشى ئىدى. بۇ چاغدا پۈتۈن زاۋۇت بويىچە ئۆگىتىش - ئۆگىنىش دولقۇنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلەتتى.

تەكشۈرۈش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، باھالاپ - سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ياخشى ئۆگەتكەن ئۇستىلار بىلەن ياخشى ئۆگەنگەن شاگىرتلار مۇكاپاتلىناتتى. ئۇستىلاردىن ئەمگەك نەمۇنىچىسى سايلىنىپ زاۋۇت بويىچە ئۈلگە تىكلىنەتتى ۋە ئۇلارغا بىر دەرىجە ئىش ھەققى قوشۇپ بېرىلەتتى، شاگىرتلارغا مۇددەتتىن بۇرۇن دەرىجە بېرىلەتتى. گۇرۇپپا، ئوچاستىكا باشلىقلىرى، سېخ مۇدىرلىرىدىن ئىلغار خىزمەتچىلەر سايلىنىپ ئەنگە ئېلىنغاندىن كېيىن، پۈتۈن يىللىق خۇلاسىدە بۇ تۆھپىلەر قايتا ھېسابلىنىپ، بۇ خىلدىكى ئۇستا - شاگىرت، گۇرۇپپا باشلىقى، ئوچاستىكا باشلىقى، سېخ مۇدىرلىرىدىن «قوش نەمۇنىچى»، «قوش ئىلغار خىزمەتچى» لەر بارلىققا كېلەتتى. ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالمىغان ئۇستىلار، شاگىرتلار، گۇرۇپپا باشلىقى، ئوچاستىكا باشلىقى، سېخ مۇدىرلىرى تەنقىد قىلىناتتى، بەزىلىرىنىڭ مۇكاپاتى تۇتىلاتتى. مەسئۇل خادىملارنىڭ ۋەزىپىنى ئورۇندىيالمىغان دائىرىسى كەڭ بولسا، ھەتتا خىزمىتىمۇ ئالماشتۇرۇلاتتى. گۇناھ شاگىرتلاردا بولسا، يېنىكى تەنقىد قىلىناتتى، ئەھۋال ئېغىرلىرىغا شاگىرتلىق مۇددىتىنى ئۇزارتىش، شاگىرتلىق لاياقىتىنى ئېلىپ تاشلاش ھەتتا زاۋۇتتىن بوشىتىشتەك جازالار بېرىلەتتى.

بۇ چاغلاردا شاگىرتلاردا دەرىجە ئىش ھەققى،

مۇكاپات بولمايتتى. بىز كەلگەن يىلى (ھەربىي سىستېمىدا) ھەر ئايدا ھەممىمىزگە ئوخشاش 2 يۈەن 80 فۇڭ تۇرمۇش پۇلى بەرگەنىدى. 2 - يىلى 4 يۈەن 70 فۇڭ بەردى. 3 - يىلى (يەرلىككە ئۆتۈپ شاگىرت نامى بېرىلگەندىن كېيىن) ئالدىمىزغا 48 يۈەن (قۇيمىچىلىق، تۆمۈرچىلىك سېخىدىكى شاگىرتلارغا)، تۆۋەنلىرىگە 16 يۈەن بېرىلگەنىدى. بىزنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەش سېخىدىكى شاگىرتلارغا 26 يۈەندىن 28 يۈەنگىچە بېرىلدى.

ئۇ چاغلاردا مىللىي سىياسەتكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىلەتتى. ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش زور سىياسىي ۋەزىپە قاتارىدا تۇتۇلاتتى. ئۇ، زاۋۇتنىڭ ھەر يىللىق چوڭ ئىشلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلەتتى، مىللىي سىياسەتنىڭ ئىجراسى ھەر يېرىم يىلدا 1 قېتىم، بىر يىلدا 2 - 3 قېتىم تەكشۈرۈلۈپ، يەكۈنلەپ تۇرۇلاتتى. ساقلانغان مەسىلىلەر ھەپتىدە 1 قېتىم ئېچىلىپ تۇرىدىغان پارتىيە، ئىتتىپاق تۇرمۇش يىغىنلىرىدا ھەل قىلىناتتى. بۇنىڭدىكى ئاساسىي مەزمۇنمۇ كۆپ چاغلاردا يەنىلا ئۇستا - شاگىرت توختامىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىدىن ئىبارەت بولاتتى.

زاۋۇت ئۇستا - شاگىرت توختىمىنى بىر مەزگىل ئىجرا قىلغاندىن كېيىن، ھەر تەرەپتىكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلىدى، لېكىن زاۋۇت پۈتۈن مەزمۇنلار ئىچىدە تېخنىكا ئۆگىنىش، مەدەنىيەت ئۆگىنىش، خەنزۇچە ئۆگىنىشنى ئەڭ ئالدىنقى قاتارغا قويۇپ، بۇ مەزمۇنلارغا دەخلى - تەرۇز قىلىشقا يول قويمايتتى. چۈنكى بىزنىڭ مەدەنىيەت ئۆگىنىشىمىز بىلەن خەنزۇچە ئۆگىنىشىمىز ئەمەلىيەتتە تېخنىكا ئۆگىنىشىمىزنىڭ ئاساسى ئىدى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى. شۇڭا ئۇنى تېخنىكا ئۆگىنىش بىلەن تەڭ مۇھىم ئورۇنغا قوياتتى. ھەر ھەپتىنىڭ 4 ئاخشىمىنى مۇشۇ 3 مەزمۇن ئىگىلەيتتى.

يۇقىرىدىكىلەردىن شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، زاۋۇت بىزنىڭ ھەر تەرەپتىن ئۆسۈپ يېتىلىشىمىز ئۈچۈن زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، ئاكتىپ سىياسەت، ئۈنۈملۈك تەدبىر - چارىلەرنى قوللانغانىدى. شۇ چاغدىكى ۋەزىيەت ۋە تەلەپ نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۆگەنگۈچىلەردىن كۆرە ئۆگەتكۈچىلەرگە، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرگە بولغان بېسىم تېخىمۇ ئېغىر بولغانىدى.

### مېنىڭ ئۇستام

مەن پىششىقلاپ ئىشلەش سېخىغا تەقسىم قىلىنغانىدىم: بىزنىڭ گۇرۇپپىدا 10 نەچچە ئادەم بار ئىدى. چوڭ 6 بۇرجەكلىك، كىچىك 6 بۇرجەكلىك ئىستانوكلارنىڭ ھەر قايسىسىدىن 3 ى، قىرىش ئىستانوكىدىن 4 ى بار ئىدى. مېنى چوڭ 6 بۇرجەكلىككە كۈچۈك يەتمەيدۇ دەپ كىچىك 6 بۇرجەكلىككە تەقسىم قىلدى.

ئۇستام تۇ فامىلىلىك، 30 نەچچە ياش چامىسىدىكى ۋىجىكرەك ئادەم ئىدى. ئۇ، كام سۆز، ئاسان چىراي ئاچمايدىغان ئادەم ئىدى. يالغۇز بىز شاگىرتلارغىلا شۇنداق قىلىپ قالماستىن، گۇرۇپپىمىزدىكى باشقا ئۇستىلارغا، باشقا گۇرۇپپىدىكىلەرگە ھەتتا ئۇچاستىكا باشلىقىمىزغىمۇ شۇنداق پوزىتسىيە تۇتاتتى. بەزى چاغلاردا خۇيى تۇتۇپ قالسا، بىر ئۇيدان مېڭىۋاتقان ئىستانوكنى شاپپىدە توختىتىپ، قاپىقىنى تۈرگەنچە ئەتراپىغا قاراپمۇ قويماي، ئادەملەرگە كەينىنى قىلىۋېلىپ قورال - سايمان ساندۇقىغا يۆلىنىۋېلىپ، بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن، مايلىشىپ كەتكەن گېزىت قەغىزىگە يانچۇقىدىكى موخۇركا يۇقىنى قايتا - قايتا چىمداپ ئېلىپ، بىر چېكىم تاماكىنى تەستە يۆگەيتتى ۋە چوڭ بېشىنى چىمچىلاق بارماقتەك توم، شورايدىغان بېشىنى ئىنچىكە قىلىپ يۆگىگەن بىر چېكىم موخۇركىسىنى قايتا - قايتا شورىغانچە 1 نىشانغا 10 - 20 مىنۇت قاراپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى؛ ئاندىن كېيىن، دىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتكەنچە، ئىشتىن چۈشۈشكە يېرىم سائەت قالغاندا يەنە شۇ چىرايى بىلەن پەيدا بولاتتى - دە، گەپ - سۆزسىز ئىستانوكنى بىر قۇر سۈرتۈپ قويۇپ، قورال - سايمانلارنى ساندۇققا سېلىپ، ئىستانوكنى كېيىنكى ئىسمېنىدىكى ئۇستامغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ چىقىپ كېتەتتى.

ئۇ مۇشۇنداق قىلىپ يۈرۈپ بىر قانچە ئايغىچە ئىستانوكنى ماڭا تۈزۈكرەك تۇتقۇزمىدى. چىراي ئېچىپ بىر قانچە، ئېغىز گەپمۇ قىلمىدى. بەزىدە خۇشى كېلىپ قالسا، قاپىقىنى ئاچماي تۇرۇپ:

- بالاڭ! قىسقۇچنى چىڭ تۇتۇپ، بوشات، ئىستانوكنى سۈرت، قىرىندىنى تۆكۈپ كەل، سوپۇن سۈيى ئەكىلىپ ئىستانوكقا قۇي، دېگەندەك ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارغا بۇيرۇيتتى. مەن مۇشۇنچىلىك ئىشلارغا سالغىنىمۇ خۇش بولۇپ كېتەتتىم. بەزىدە تۇرۇپلا كۆزىدىن نېرى قىلىش ئۈچۈن ماڭا 30 نەچچە سانتىمېتىرلىق قىرىش پىچىقىنىڭ بىراك بولۇپ كەتكەن دەستىسىنى تۇتقۇزۇپ:

— بالاڭ! بۇنى چاقلاپ، پىچاق چاقلاشنى ئۆگەن، دەيتتى. بىزنىڭ سېختا ئىككى يەردە قۇم چاق بار ئىدى، ھېلى ئۇ ئۇستام كېلىپ پىچاق چاقلىسا، ھېلى بۇ ئۇستام كېلىپ، مېنى چەتكە چىقىرىپ قويغانلىقتىن، پىچاق چاقلاپ «ئۆگىنىش» نۆۋىتى ماڭا كەلمەي، قۇمچاق يېنىدا بويۇن قىسىپ سائەتلەپ تۇرۇپ كېتەتتىم.

مېنىڭ ئۇستامنىڭ ئىدىيىسى قالاق، ھۈنىرى تۆۋەن ئىدى. ئىستانوكچىلارنىڭ 1 - ماھارىتى بولغان پىچاق چاقلاش ھۈنىرى تېخىمۇ ناچار ئىدى. قىرىش پىچىقىنىڭ بىسىنى تەكشى چىقىرالمايتتى، قۇيۇچ پىچاق (قۇيۇچ پىچاق دېگىنىمىز يىنىك ئۈچىدىلا ئۆلانما قۇيۇچ بولۇپ، ئۇنىڭ كۆتىكى ئادەتتىكى پولات ياكى تۆمۈردىن ياسىلاتتى) نىڭ ئۈچىدىكى ئۆلانمىنى تولا چاقلاپ، بىر قانچە كۈنگە قالماي كۆتىكىنى ئېچىپ قويۇپ كېرەكسىز قىلىۋېتەتتى، شۇڭا مەنمۇ ئۇنىڭدىن پىچاق چاقلاشنى تۈزۈكرەك ئۆگىنەلمەي ئىستانوكتىن ئايرىلغانىدىم.

ئۇ ئاغزىدا «شاگىرتىم بىراك چىقىرىۋېتىدۇ، پولات ماتېرىياللارنى بۇزۇپ قويۇپ بەلگىلەنگەن نورمىدىن ئاشۇرۇۋېتىدۇ، پىچاقنى سۇندۇرۇپ قويىدۇ» دېسىمۇ، ئەمەلىيەتتە شاگىرت تەربىيىلەشنى، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتتىن شاگىرت قوبۇل قىلىشنى خالىمايدىغان ئادەم ئىدى.

ئۇ چاغلاردا ۋېنتا، گايكىلارنى قىرىدىغان ھازىرقىدەك مەخسۇسلاشقان ئاپتوماتىك ئىستانوكلار يوق ئىدى. ھەممە ئىشنى قىلىدىغان ئاممىباب ئىستانوكلاردا بىرىنى قىرىپ بولۇپ، بىرىنى كېسىپ ئۆلچىگەندىن كېيىن 2 -، 3 - . . . لەرنىمۇ شۇ ئۇسۇل بىلەن قىراتتۇق. بىزنىڭ ئىستانوكىمىز كىچىك 6 بۇرجەكلىك مۇشۇ تىپتىكى ئىستانوكلاردىن ئىدى. ئەگەر ۋاقىتنى چىڭ تۇتمىساق ياكى سەللا بىپەرۋالىق قىلىپ قويساق، ھەم سۈرئەت، ھەم سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايتتى.

مەن ئۇستامغا شاگىرت كىرىپ 4 ئايدەك بولغاندىن كېيىنكى بىر ئىش ھازىرقىدەك ئېسىمدە تۇرۇپتۇ:

8 - ئاينىڭ تازا ئىسسىق كۈنلىرىنىڭ بىرىدە بىز چۈشتىن كېيىنكى 2 - ئىسمېنىغا ئىشقا چۈشكەنىدۇق. سىرتتا ئارىلاپ - ئارىلاپ غۇر - غۇر شامال چىقىپ تۇرسىمۇ، سېخ ئىچى ناھايىتى دىمىق ئىدى. بۇنىڭغا ئىستانوكلاردىن چىققان ئىسسىق ھارارەت قوشۇلۇپ ئادەمنى نەپەس ئالدۇرمايتتى.

ئۇستام 1 - ئىسمېنىدىن ئىستانوكنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، قورال - سايمان ساندۇقىنى تاقىۋەتكەندىن كېيىن ماڭا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي چىقىپ كەتتى (بۇ ساندۇقتا قورال - سايماندىن باشقا بىر نېمە بولمىسىمۇ، ئاچقۇچىنى ماڭا تۇتقۇزمايتتى). يېرىم سائەتتەك ۋاقىت ئۆتكەندە شۇ ئايلىق نورمىلىق بېرىلگەن قىرىش، كېسىش پىچىقىدىن 10نى، قۇيۇچ پىچاقتىن 6نى قولىدا تۇتۇپ، شۇ كۈنلۈك ۋېنتا، گايكا چىقىدىغان پولات ماتېرىيالنى مۈرىسىگە ئارتىۋېلىپ، چاڭچىلىنىڭ بىر خىل ناخشىسىغا غىڭشىغاچ كىرىپ كەلدى. ئۇ بۈگۈن خېلى خۇشالدەك قىلاتتى.

ئۇ چاغدا زاۋۇتتىكى ھەرخىل ئىستانوكلارنىڭ ھەممىسى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگۈزۈلگەن بولۇپلا قالماستىن، ھەرخىل پولات، پولات ماتېرىيال، پولات چىنۋىق، قىرىش، يونۇش، كېسىش، سىلىقلاش شىتىرىن پىچاقلىرى، ئۆلچەش ئەسۋابلىرى، ھەتتا سۇۋاركا چىۋىقلىرىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگۈزۈلەتتى. شۇڭا بۇ نەرسىلەر

ناھايىتى قىس ھېسابلىنىپ، قاتتىق قىسىپ باشقۇرىلاتتى، ھەممىسىنىڭ نورما ئۆلچىمى بار ئىدى. بۇ نورمىلار ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان پولات ماتېرىيال بىلەن تۆرلۈك قىرىش، يونۇش، سىلىقلاش، شىتىرىن پىچاقلىرى تېخىمۇ قاتتىق باشقۇرىلاتتى. ھەممە ئىش ئەسلى بەلگىلەنگەن نورما بويىچە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك ئىدى. بىر پىچاق بىلەن قانچىلىك نەرسىنى قىرىش، كېسىش، يونۇش، سىلىقلاش ئۆلۈك نورما قىلىپ بېكىتىۋېتىلگەن بولۇپ، ھەر قانداق كىشىنىڭ ئۆزگەرتىۋېتىشىگە، ئورۇندىيالماسلىقىغا يول قويۇلمايتتى. بەلگىلەنگەن نورما پىچىقى ئاشۇرۇۋېتىلگەندە تولۇقلاپ بېرىلىسىمۇ، لېكىن ئاي ئاخىرىدا ئاشۇرۇۋەتكەن پىچاق، خام ماتېرىيالغا قاراپ ئاشۇرۇۋەتكەن قىسمىغا پىرسەنت بويىچە ئۇستىلارنىڭ ئىش ھەققىدىن تۇتۇپ قېلىناتتى.

ئۇستام كىچىك ۋېنتا چىقىرىدىغان 18 سۇڭلۇق پولاتنى ئىستانوكنىڭ ئالدى تەرىپىدىن تىقىپ كۆرۈپ ئۆتكۈزەلمىدى. بىر نەرسىگە تاقىشىۋالدى بولغاي، ئۇنى سوغۇرىۋېلىپ، ئارقا تەرەپتىن ئۆتكۈزدى.. ئۇ قىسقۇچنى كۇچەپ چىڭىتقاندىن كېيىن، ھېلىقى ناخشىسىنى غىڭشىپ ئىستانوكنى خوتقا سالدى. 1 -، 2 -، 3 -، . . . بىر قانچە ۋېنتا ئوڭۇشلۇق بولدى. 4 - ۋېنتىنىڭ قىرىلىشى يېرىم بولا - بولماي بىر نەرسە «پارس»لا قىلدى - دە، قاڭقىپ ئۇچۇپ كەتتى.

ئۇستام 4 - ۋېنتىنى قىرىشقا باشلىغاندا، مەن بىغەم ھالدا ئەڭ بولۇڭدىكى چوڭ 6 بۇرجەكلىكتە مۇستەقىل ئىشلەۋاتقان غوپۇر مۇھەممەتكە قارىغانچە «بۇ ئاداش ساۋاتسىز تۇرۇپمۇ بىر قانچە ئايغا قالماي مۇستەقىل ھەيدىگىلى تۇرۇپتۇ. بىز تېخىچە يانداپ ماراپ يۈرىمىز» دېگەن خىيال بىلەن تۇراتتىم، ئىستانوك «قارس» قىلىش بىلەن تەڭ چۆچۈپ قارىسام، ئۇستام:

— تامادى، - دېدى - دە، ئىستانوكقا قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ بىردەم شۇنداق قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، سۇنغان پىچاقنى، چىقىرىپ قۇم چاق تەرەپكە كەتتى. ئۇ پىچاق چاقلاۋاتقان بىر شاگىرتنى چەتكە چىقىرىپ قويۇپ پىچاقنى چاقلاپ قايتىپ كەلدى. ئاندىن دەرھال پىچاقنى ئورناتتى. ئىستانوكنىڭ رىگاتكىسىنى ئايلاندۇرۇپ پىچاقنى پولاتقا تەككۈزۈشىگە پىچاقتىن يەنە «پارس» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. مەن قاتتىق ئەندىكىپ كەتتىم. ئۇستام يەنە «تامادى» دېگىنىچە پىچاقنى يەنە چاقلاپ كەلدى. پىچاق يەنە ئۇچۇپ كەتتى. بۇ قېتىم ئۇ 2 - ۋېنتىنى قىرىپ، كېسىپ بولۇپ 3 - سىنى قىرىشقا باشلىغاندا ئۇچۇپ كەتكەنىدى.

ئۇستامنىڭ چىرايىدىن مۇز ياغاتتى. ئۇ پىچاقنى ئوڭ - تەتۈر ئۆرۈپ بىر ھازا قاراپ كەتكەندىن كېيىن، ئاغزىنى بۇزۇپ بىر نېمىلەر دەپ تىللىغانچە يامان ئەلپازى بىلەن ئوچۇق تۇرغان رامدىن ئۇنى غەزەپ بىلەن سىرتقا ئاتتى. چۈنكى پىچاق بىر قانچە قېتىم چاقلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ سۈيى قېچىپ بىسى قارىداپ، ئىشلەتكىلى بولمايدىغان ھالەتكە كېلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭغىچە مەن پىچاقنى خۇددى ئۆزۈم سۇندۇرۇپ قويغاندەك، قورققىنىمدىن مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىمنى ئۇنىڭدىن قاچۇرۇپ، ھودۇققانچە سايمان ساندۇقىدىن يېڭى پىچاقتىن بىرنى ئېلىپ ئىتتىك ئۇنىڭغا تەڭلىدىم. ئۇ ماڭا ئالايغانچە پىچاقنى قولۇمدىن يۇلۇپ ئېلىپ سايمان ساندۇقى ئۈستىگە تاققىدە تاشلاپ قويۇپ، تاماكا يۆگەشكە باشلىدى. مەن ئىچىمدە «بۇ مەن ئېلىپ بەرگەن نەرسىنىمۇ تۇتمايدىغان ئوخشايدۇ» دېگەنلەرنى ئويلاپ مەيۈسلىنىپ تۇراتتىم، ئۇ تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ ئاغزىدا چىشلىۋالغانچە پىچاقنى ئېلىپ ئىستانوكقا ئورناتتى. مەن ئىچىمدە بىردىنلا جانلىنىپ «شۇنچىلىك ئىشقا بولسىمۇ كېرەككە كەلگەنلىكىمگە خۇشال بولۇپ تۇراتتىم، ئۇ يېنىمىزغا كەلگەن بىر ئۇستامغا:

— بالاڭىزنى شاگىرت ئالغاندىن كېيىن ئىشىم زادى ئەپلەشمەيۋاتىدۇ، - دېدى ماڭا قارىماي تۇرۇپ.

ئۇ ئۇستام ئۇنىڭ سۆزىگە پوزىتسىيە بىلدۈرمىدى.

ئۇستام قاپىقىنى بىر تۈرىۋالغانچە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي پىچاق ئورنىتىپ، پىچاق چاقلاپ 3

سائەتتەك ۋاقىتنى ئۆتكۈزدى. ئىش زادى قاملاشمىدى. 4 پىچاق كېرەكتىن چىقتى. ھەممىسىنى بىر - بىرلەپ رامدىن چىقىرىپ تاشلىنىۋەتتى. ئارىلىقتا تاماق ۋاقتى بولغانىدى. ئۇنىڭ جاھىللىقى تۇتۇپ تاماققىمۇ چىقمىدۇق. ئايلىق نورمىغا بەرگەن 10 پىچاقتىن 4 نى بىر ئاخشامدىكى بىر قانچە سائەت ئىچىدە كېرەكتىن چىقىرىش ھەقىقەتەن چوڭ زىيان ئىدى.

بۇ ئارىلىقتا ئۇستام سەۋەبىنى پولات ماتېرىيالنىڭ قاتتىق - يۇمشاقلىقىدىن كۆرۈپ، ماتېرىيالنى كۆپ قېتىم ئالماشتۇرۇپ باقتى. ئىستانوك سۈرئىتىدىن كۆرۈپ خوتىنى يۆتكەپ مىنۇتىغا 2400 قېتىم ئايلىنىش سۈرئىتىنى 2800 قېتىم ئايلىنىشقا ئالماشتۇرۇپمۇ باقتى، لېكىن ئىش يەنىلا ئەپلەشمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئورۇسلارنى تىللايدىغان گەپلەرنى قىلغاندەك قىلدى (مەن ئۇنىڭ «تامادى ئېلوسىدى دۇغشى» دېگەن گېپىنىلا ئاڭلىيالىغانىدىم). كېچە سائەت بىر يېرىم بولاي دېگەندە ئۇ ھېچقانداق ئامال قىلالمىدى - دە، نەرسە - كېرەكلەرنى كەلگەن يېرىگە پىرقىرىتىپ ئېتىپ، قورال - سايمان ساندۇقىنىڭ ئىشىكىنى پۇتى بىلەن جالاققىدە بىرنى تېپىۋېتىپ سىرتتىن چىقىپ كەتتى. مەن قورققىنىمدىن تۇرغان جايىمدا قىمىر قىلالماي تۇرۇپ قالدىم.

ئۇ، شۇ يوقىغانچە 2 سائەتتەك يوقاپ كەتتى. ئەتىگەن سائەت 3 تىن ئېشىپ بىزنىڭمۇ ئىشتىن چۈشۈشىمىزگە بىر يېرىم سائەتتەك ۋاقىت قالغانىدى.

ئۇ چاغدا زاۋۇتنىڭ كۆپىنچە ئىش تۇرلىرى 2 ئىسمېنا، ئاز بىر قىسىم ئىش تۇرلىرى 3 ئىسمېنا ئىدى. كەسپىي، مەمۇرىي ئورۇنلار بىر ئىسمېنا ئىدى.

بىزنىڭ ئىستانوكنىڭ ئىشلىمەي تۇرغانلىقىنى، مېنىڭ بىر ئىزدا قاتۇرۇپ قويۇلغان ھەيكەلدەك تۇرۇپ كەتكىنىمنى يىراقتىن كۆرگەن ئوچاستىكا باشلىقىمىز گوزىگەن يېنىمغا كېلىپ بىر نېمىلەرنى - دېدى.

مەن ئوچاستىكا باشلىقىنىڭ ئىشارىتىدىن: «ئۇستاڭ قېنى؟» دېگەننى چۈشەندىم. ئۇ: «مەن يېنىڭدا تۇرىمەن، سەن قورقماي ھەيدە» دېگەننى بىلدۈردى.

مەن گەرچە ئىستانوكنى ئازدىن ئاز قولۇمغا ئېلىپ باققان بولساممۇ، كۆزۈم خېلى پىشىپ قالغانىدى. ئوچاستىكا باشلىقىمىزنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن ئىچىمدە: «ئۇستام قاملاشتۇرالمىسا مەن قاملاشتۇرۇپ قالسام ئەجەپ ئەمەس» دېگەنلەرنى ئويلىدىم - دە، ئىستانوكنى ماڭغۇزدۇم. ۋېنتىدىن 15 دەكىنى قىردىم. ئوچاستىكا باشلىقىمىز خۇش بولۇپ كەتتى. مەن ھەر - بىر ۋېنتىنى قىرىپ كەسكەندە، ئۇ:

— ھە، شۇنداق ئىشلە، قورقما! - دەپ تۇردى.

ئۇ ئەسلىدە ماڭا ئىشتىن چۈشكىچە يېتەكچىلىك قىلماقچىكەن، شۇ ئارىلىقتا سېخنىڭ باش تەرىپىدىن بىرسى ئۇنى چاقىرىپ قول پۇلاڭلاتتى، ئۇ:

— مەن بېرىپ كېلەي، سەن قورقماي شۇنداق ئىشلەۋەر، - دېگەنچە كېتىپ قالدى.

مەن ئىچ - ئىچىمدىن خۇشال بولۇپ كەتتىم. ئۆزەمگە كۆزلىرىممۇ كۈلۈپ كەتكەندەك بىلىندى، بىگىسىمنى كۆرسىتىش ئۈچۈن چوڭ 6 بۇرجەكلىك ئىستانوكتا ئىشلەۋاتقان غوپۇر مۇھەممەتكە گەپ قاتتىم. ئۇ:

— سىلىنىڭ ئۇستاڭلارنىڭ ھۈنىرى يوقكەن، مىجەزى ئەسكى، قاپىقى يامان ئادەمكەن. مېنىڭ ئۇستام ئۇنداق ئەمەس، ياخشى ئادەم، بىر نەرسىنى بۇزۇپ قويساممۇ خاپا بولماي، قورقما، كېرەك يوق، دەپ تۇرىدۇ، - دېدى.

غوپۇر مۇھەممەتنىڭ ئۇستىنىسى پەن زىلى ھەقىقەتەن ياخشى ئادەم ئىدى. مەن داۋاملىق ۋېنتىنى قىرىشقا باشلىدىم. يەنە 3 تەك ۋېنتىنى قىردىم. تۆتىنچىسىگە پىچاقنى تەككۈزۈشۈمگە خۇددى ئۇستام ھەيدىگەن چاغدىكىدەك «پارس» قىلدى - دە، ئۈچۈپ كەتتى. خۇشاللىقتا كۆڭلۈم توق تۇرغانىكەن، ھەدېگەندە نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي يۈرىكىم قارتلا قىلىپ قالدى. ھودۇققىنىمدىن پۇت - قوللىرىم تىترەپ كەتتى. نېمە قىلىشىمنى بىلمەي گاڭگىراپلا قالدىم. سەل تۇرۇپ ھوشۇمنى تاپقاندىن كېيىن،

خۇددى ئۇستامدەك «بۇ قېتىم ئەپلەشمىسە يەنە بىر قېتىم ئەپلىشىپ قالار» دېگەن خىيال بىلەن 2 ـ پىچاقنى ئىشلىتىشكە باشلىدىم. ئۇنىڭدا يەنە 8 دەك ۋېنتا قىرىپ ئۇنىمۇ كېرەكتىن چىقاردىم. كۆڭلۈمدە ئۇستامدىن قورقۇپ تۇرساممۇ، ئىچىمدە: «ئۇستام 4 پىچاقنى سۇندۇرۇپ ئاران 5 ـ 6 ۋېنتا قىردى، مەن قانداقلا بولمىسۇن 2 پىچاقتا 32 ۋېنتا قىرىپتىمەن» دەپ ئۆزۈمنى ئاۋۇندۇراتتىم.

تاڭ يورۇشقا باشلىدى. ئۇستام چاپىنىنى ئۈشىنىسىگە ئارتىپ قاپىقىنى ئۈششۈتكەن پېتى سىرتقا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ 2 ـ قەۋەتتىكى دائىم ئىشكى ئوچۇق تۇرىدىغان ياچېيكا ئىشخانىسىدىكى ئۇزۇن بەندىڭدە ئۇخلاپ چىققانلىقى ئېنىق ئىدى.

ئۇ، ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپمۇ قويماي ئىستانوكقا سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن سايمان ساندۇقىنىڭ ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆردى ـ دە، (ئۇ ساندۇقنى ئۆزى ئوچۇق قويۇپ چىقىپ كەتكەن) ساندۇق ئىچىدىكى پىچاقلارنى ئېلىپ ساناپ چىققاندىن كېيىن، ئېشىپ قالغان 4 پىچاقنى تۇتقانچە غەزەپلەنگەنلىكىدىن كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كېتەيلا دەپ قالدى. ئۇ بىر نېمىلەرنى دەپ كالدىرلاپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ چىراي ۋە قول ھەرىكىتىدىن «يوقال بالاڭ» دېگىنىنى پەرەز قىلدىم. ئۇ سايمان ساندۇقىنى يەنە پۇتى بىلەن تېپىپ تۇرۇپ قولۇپلاپ ئىستانوك ۋە سېخ ئىچىگە قاراپمۇ قويماي چىقىپ كەتتى.

مېنىڭ دومسىيىپ تۇرۇپ كەتكەنلىكىمنى كۆرگەن غوپۇر مۇھەممەتنىڭ ئۇستىسى پەن ئۇستام يېنىمغا كېلىپ، قولۇمدىن تۇتۇپ ئۆزلىرىنىڭ ئىستانوكىنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ ئىشارەت بىلەن كۆڭۈل تىندۇرىدىغان گەپلەرنى قىلدى. ئۇنىڭ گېپىنى مەنمۇ، غوپۇر مۇھەممەتمۇ ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن ئازراق چۈشەندۇق.

ئىشتىن چۈشۈپ ماڭايلى دەپ تۇرۇشىمىزغا ئوچاستىكا باشلىقى پەيدا بولدى. پەن زىلى ئۇستام ئۇنىڭغا بىر نېمىلەرنى دېدى. 2 سى بىر قانچە ئېغىز پاراڭلاشقاندىن كېيىن ئوچاستىكا باشلىقى قولۇمغا قولىنى قويۇپ مۇلايىم چىراي بىلەن:

— قايت، بېرىپ ئۇخلا، ـ دېدى قولىنى ئېڭىكىگە قويۇپ ئىشارەت قىلىپ، ئەتىسى چۈشتىن كېيىنكى ئىسمېنىغا ئىشقا چۈشۈش ئۈچۈن 15 مىنۇت بۇرۇن خىزمەت ئورنىغا كەلدىم. بۇ شاگىرتلار ئۈچۈن بەلگىلەنگەن تۈزۈم ئىدى. ئۇستام سائەت 4 تە كەلدى. ئۇ ماڭا بىر ئالايغاندىن كېيىن:

— ھەي بالاڭ، كەت! ـ دېدى.

مەن مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىمدە ئۇنىڭغا قارىۋالدىم. ئۇ ئەمدى ساپ ئۇيغۇرچە سۆزلەپ:

— ماڭ، ماڭ، ماڭ! ـ ئۇ سېخ ئىشىكىنى كۆرسىتىپ قول سىلكىدى. ئۇنىڭ سۆز ۋە ھەرىكىتىدىن مېنىڭمۇ تازا ئاچچىقىم كەلدى ـ دە:

— كەتسەم كەتتىم. سەن 4 پىچاقنى سۇندۇرساڭ گەپ يوق. مەن 2 پىچاقنى سۇندۇرسام نېمە بوپتۇ؟ مەنمۇ سەن بىلەن ئىشلىمەيمەن، ـ دېدىم ـ دە، پېشىمنى بۇراپ سېختىن چىقىپ كەتتىم. ئۇمۇ مېنىڭ گېپىمنى ئۇقمايتتى. ئۇققىنىمۇ يوق ئىدى. پەن ئۇستام بىلەن غوپۇر مۇھەممەت ھاڭ ـ تاڭ بولغانچە قاراپ قېلىشتى. قالغان ئىستانوكچىلار بۇ يەردە ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل ئىدى.

مەن شۇ كەتكەنچە 3 كۈنگىچە سېختا كىرمىدىم. ئۇمۇ مېنى ئىزدەپ قويمىدى.

شۇ يىلى قۇربان ھېيت دەل 8 ـ ئايدا كەلدى. ھارپا كۈنى ئوچاستىكا باشلىقىمىز گوزىگەن ئۇرۇمچىلىك خەنزۇچە بىلىدىغان شاگىرت ـ ئېلىنى ئېلىپ بىزنىڭ كوللېكتىپ ياتىقىمىزغا كىرىپ كەلدى. ئۇ ماڭا:

— ئۇستاڭ ئەسكىلىك قىلىپتۇ، ئاڭلىدىم. سەن گەپ ياندۇرماي ياخشى قىلىپسەن (بەزى شاگىرتلار ئۇستىسى قوپاللىق قىلىپ قويسا، ئۇيغۇرچە تىللايتتى ھەتتا مۇشت ئاتىدىغانلارمۇ بار ئىدى). ئەته قۇربان ھېيت بولىدىكەن، بىر تاۋۇز ئالايلى، ئېلى، سەن ئۈچىمىز چۈشتىن كېيىن ئۇستاڭنىڭ ياتىقىغا بېرىپ ئۇنى يوقلاپ كېلەيلى! مەن ئىككىڭلارنى ياراشتۇرۇپ قوياي ـ دېدى ۋە ماڭا ياخشى ئۆگىنىش، مەيۇسلەنمەسلىك توغرىسىدا نەسىھەت قىلدى.

ئەتىسى بىز ئۇستامنىڭ يانىغا باردۇق. ئۇ، ئۆگىنىشىغا يېتىشىۋېلىپ كىچىك بالىلار كۆرىدىغان رەسىملىك كىتابنى كۆرىۋاتقانىكەن. بىزنى كۆرۈپ ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى. لېكىن ماڭا قاراپمۇ قويمىدى. ئوچاستىكا باشلىقىمىز ئۇنى تەنقىد قىلدى. ئۇ، تەنقىدنى قوبۇل قىلىش تۈگۈل ئۇنىڭغا گەپ ياندۇردى. ئوچاستىكا باشلىقىمىز گەپ يۆتكەپ:

— بۇ تاۋۇزنى سابىر ئېلىپ كەلدى. ساڭا ھېيتلىق سوۋغا قىلماقچى، سەنمۇ ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورا، - دېدى، لېكىن ئۇ گەپ قىلغىلى ئۇنىمىدى.

مەن تاۋۇزنى تىلدىم، ئالدى بىلەن ئوچاستىكا باشلىقىغا 1 تىلىم سۇنغاندىن كېيىن، ئۇستامغا سۇندۇم. ئۇ، قولىغا ئالغىلى ئۇنىمىدى. ئوچاستىكا باشلىقىمىزنىڭ غۇززىدە ئاچچىقى كەلدى - دە:

— ھېيتتىن كېيىن سىلەرنىڭ ئۇستا - شاگىرت توختىمىڭلارنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرىمەن. بولۇپمۇ سېنىڭ نېمىلەرنى ئۆگەتكىنىڭنى تەكشۈرىمەن. تەلەپكە يەتمەيدىغان بولسا، سېنى باشقا جايغا يۆتكىتىۋېتىمەن، - دېدى چېچىلغانچە.

ئۇستام ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كېتىپ:

— ئۇستازى شاگىرتىدىن ئەپۇ سوراش نەنىڭ قائىدىسىكەن، مەن بالاڭنى شاگىرتلىققا ئالمايمەن، - دېدى توقۇمنى قارنىغا ئېلىپ.

ئوچاستىكا باشلىقىمىز دېگىنىنى قىلدى. ئىككىمىزنىڭ ئۇستا — شاگىرت توختىمىنى تەكشۈرۈپ:

ئۆگىتىشكە تېگىشلىك مەزمۇنلارنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆگەتمىگەن، 4 ئايدىن بۇيان ئاساسەن شاگىرتىغا ئىستانوك تۇتقۇزمىغان. مىللىي سىياسەت قارىشى سۇس، تەشكىلىي كۆز قارىشى ئاجىز، دېگەن يەكۈننى چىقىرىپ، سېخ مۇدىرىغا تەستىقلاتقاندىن كېيىن ئۇنى ئىستانوكتىن يۆتكەپ، شۇ سېخ قارىمىقىدىكى تۆمۈر كېسىش گۇرۇپپىسىغا ئالماشتۇرىۋەتتى. ئۇ كېسىدىغان يېڭى تۆمۈر، پولات بولمىغاندا كونا تۆمۈر - تەسەكلەرنى پارچىلاپ يۈردى. مېنى چوڭ 6 بۇرجەكلىك ئىستانوكتىكى باشقا بىر ئۇستامغا تۇتقۇزدى.

كېيىن ئۇقسام، مېنىڭ ئۇستام ئەسلى گومىنداڭنىڭ ھەقىقەتكە قايتقان تېخنىك ئەسكەرلىرىدىن بولۇپ، ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشىلىق قىلغان جاھىللاردىن ئىكەن. شۇڭا ئۇ، خېلىغىچە رىجىم ئاستىدا ئىشلەپ، زاۋۇت ئىشلەپچىقىرىشقا ئومۇميۈزلۈك كىرىشكەندە ئىستانوكچىلار يېتىشمەي، رىجىمدىن بوشىتىپ ئېلىپ كېلىنگەنلەردىن ئىكەن.

ئۇ، زاۋۇتتا ئۇزاق تۇرمىدى. تۆمۈر كېسىدىغان جايدا بىر قانچە ۋاقىت ئىشلىدى. مەن پات - پات پولات ماتېرىيال ئالغىلى كىرگەندە، ئۇنى كۆرۈپ قالاتتىم، لېكىن ئۇ كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ ياكى بۇرۇنقى يامان قاپىقى بىلەن قاراپ قويۇپ گەپ قىلمايتتى. بىر يىلدەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ زاۋۇتتىن يوقىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۇنى قايتا كۆرمىدىم.

## تۇراق ئۇستام

— تۇراقنىڭ ساۋاتى چىقىپتۇ، ئۆز سېخىدا ئوچاستىكا بويىچە مۇكاپاتلانغاندىن كېيىن، زاۋۇتىمۇ مۇكاپاتلاپتۇ. ئۇستىسى لىۋدېپىڭ يېمەك - ئىچمەك، قەغەز - قەلەم، خاتىرە بويۇملىرى قاتارلىق نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا سوۋغا قىلىپ تەبرىكلىگەندىن كېيىن، مۇسۇلمان ئاشخانىسىغا ئاپىرىپ مېھمان قىلىپتۇ، - دېگەن گەپ زاۋۇتتا پۇر كەتتى.

تۇراق ئۇستام ئاللىقاچان «تۇراق ئۇستام» بولۇپ قالغان بولسىمۇ، زاۋۇت بويىچە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشتىكى ئەڭ «جاھىل» ساۋاتسىزلارنىڭ بىرى ئىدى.

بۇ ئىشتىن كېيىن تۇراقنىڭ گەپ - سۆزلىرى، مېڭىش - تۇرۇشى بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ قىن - قىنىغا پاتماي ئالدىغا ئۇچرىغانلا كىشىگە:

— ئاغىنىلەر! ساۋاتى بار ئادەم باشقىچە بولىدىكەن دەڭلا! ساۋاتىڭ بولسا كۆڭلۈڭ يورۇق، نەزەر دائىرەڭ كەڭ بولىدىكەن. ئادەمگە پەم قوشۇلىدىكەن، دەپ يۈردى. ئۇ، بەزىدە ئۆزىدىن بۇرۇن ساۋات چىقارغانلارنىڭ ئالدىنى توسىۋېلىپ:

— سەن مەندىن بۇرۇن ساۋات چىقارغان، مانى

ئوقۇپ باقە؟ ئىتتىكرەك ئوقىمامسەن! . شۇ خەتنىمۇ تونىمىدىڭما؟ ، مەن ئوقۇپ بېرەيمۇ؟ مەن ئوقۇپ بېرەي، سەن مەنىسىنى دەپ باق، ھە؟ . . . ھەر قانداق تەس خەتتىڭنىمۇ كۆرسەت قېنى، ئوقۇپ بېرىمەن! — . . . دەپ كېتىدىغان بولدى.

زاۋۇت بىزنى سېخلارغا تەقسىم قىلغاندا تۇراقنى نازۇك دېتاللارنى پىششىقلاش 1 - سېخىنىڭ لىسور تاۋلاش ئوچاستىكىسىغا تەقسىم قىلغانىدى (لىسور تاۋلاش ئوچاستىكىسى بىر مەزگىل نازۇك دېتاللارنى پىششىقلاش 1 - سېخىغا قارىغانىدى. كېيىن تۆمۈرچىلىك سېخىغا قوشۇۋېتىلدى).

لىۋدېيىڭ دەسلەپتە گورۇپپا باشلىقى تۇراقنىڭ ئۇستىسى، كېيىن شۇ ئوچاستىكىنىڭ ئوچاستكا باشلىقى بولغانىدى.

تۇراقنىڭ ساۋات چىقارغانلىقىنى تەبرىكلەپ لىۋدېيىڭ ئوچاستىكىسى سۆھبەت يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇپتۇ. بىزنىڭ نازۇك دېتاللارنى پىششىقلاپ ئىشلەش 1 - سېخىمىزنىڭ سېخ مۇدىرى قوشۇمچە ياچېيكا شۇجىسى سېڭ خەيدۇڭ مېنى قاتنىششقا ئەۋەتتى (بۇ ۋاقىتتا مەن سېخ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلمىغان مۇئاۋىن شۇجىسى ئىدىم).

لىۋدېيىڭ سۆھبەت يىغىنى شىرەسىگە ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ مىللىيلار ياخشى كۆرىدىغان ھەرخىل نازۇ - نېمەتلەرنى تىزىۋېتىپتۇ. لىۋدېيىڭ ئادەتتىمۇ ھېيت - بايرام كۈنلىرى ياكى ئوچاستىكىسى ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئاشۇرۇپ تاماملىغان چاغلاردىمۇ ھېچقانداق سېخ، ئوچاستكا قىلالمايدىغان مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئىشچى - شاگىرتلىرىنى تەبرىكلەيتتى. ھېيت - بايرام كۈنلىرى پۇل، گۆش، گۇرۇچ، مېۋە - چېۋە تارقىتىپ بېرەتتى. قېيىنچىلىقى بار مىللىي ئىشچى - شاگىرتلارغا 2 كىشىلىك بېرەتتى. سۆھبەت يىغىنى باشلانغاندىن كېيىن ئۇ تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن تۇراقنى تەبرىكلىدى. ئورنىدىن دەس تۇرۇپ تۇراقنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ چېكە - ئېڭەكلىرىگە سۆيۈپ كەتتى.

مەن ئۇنىڭ ئادەتتىمۇ مىللىي ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، قىيىنچىلىق بولسا، ئۆزى يېگۈپ، ئېتىبار بېرىدىغان تەرەپلەردە ئېتىبار بېرىپ، قاتتىق قوللۇق قىلىدىغان چاغدا ھېچقانداق يۈز قارىماي چىڭ تۇتۇپ، كۆيۈمچانلىق بىلەن ئۆگىتىپ، يېتەكلەش روھىغا ئاپىرىن ئوقۇپ يۈرەتتىم. بۈگۈنكى بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ كۆزۈمدىن خۇشاللىق ياشلىرى ئېقىپ چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە خىيالىممۇ تۇراقنىڭ يېڭى كەلگەندىن تارتىپ تاكى ساۋات چىقارغىچىلىك بولغان 3 - 4 يىلدىن بۇياقى ئۆرغۈن ئىشلار بىلەن چىگىشلىشىپ كەتتى. بىزنىڭ شۇ چاغدىكى مەدەنىيەت سەۋىيىمىزنىڭ تۆۋەنلىكى، ساۋاتسىزلىق تۈپەيلىدىن ئۇچرىغان قىيىنچىلىق ۋە بۇ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش جەريانىدا ئېلىپ بارغان تەكرار - تەكرار ئەگرى - توقاي كۈرەشلەر كۆز ئالدىمدىن ئۆتۈشكە باشلىدى:

بىز 500 بالىنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر يوق ئىدى. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەردىن ساناقلىقلا بىر قانچىسى بار ئىدى. كۆپ سانلىقلىرىمىز باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر ئىدۇق. ساۋاتسىزلار %20نى تەشكىل قىلاتتى. باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭمۇ خېلى كۆپ قىسمى نامدا باشلانغۇچنى پۈتتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە چالا ساۋاتلاردىن ئىدى. بىزنىڭ بۇ خىلدىكى مەدەنىيەت سەۋىيە ھالىتىمىز ئالغا بېسىشىمىزغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتاتتى. سىياسىي جەھەتتىن ئالغا باسىمىز دېسەكمۇ باسالمايتتۇق. تېخنىكىدا ئۆگىنىمىز دەپ يۈرۈپمۇ ئۆگىنەلمەيتتۇق، ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىنى بىلمەي تۇرۇپ باشقا مىللەتنىڭ تىل - يېزىقىنى قانداق ئۆگەنگىلى بولىدۇ؟ تېخنىكا، كەسپىي جەھەتتىن ئالغا بېسىش يولىمىزمۇ توسۇق ئىدى. ئازراقمۇ نەزەرىيە ئاساسىمىز بولمىغاچقا ئۇستازلىرىمىزدىن دوراپ ئۆگەنگەنلىرىمىز بىلەن كۆپ ئالغا باسقىلى بولمايتتى. قىزغىنلىقىمىز بار دېگەن بىلەن يۇنداق ئەھۋالدا بۇ خىل قىزغىنلىق بىر كۈنگە قالماي سولۇشۇپ، كۆپۈككە ئايلىنىپ كېتەتتى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

تەھرىرلىگۈچى: غوپۇر ھوشۇر نىيازى

# تۈرك خانلىقىنىڭ ھەربىي تەشكىلىي تۈزۈمى

تەلئەت ئوبۇلقاسىم

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىدىن)

تۈرك خانلىقى Ⅳ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن Ⅶ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئاسىيانىڭ شىمالى ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغىچە بولغان كەڭ رايونلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئەڭ قۇدرەت تاپقان مەزگىلدە چېگرىسى شەرقتە لياۋخەيگىچە، غەربتە كاسپىي دېڭىزىغىچە، شىمالدا بايقال كۆلىدىن جەنۇبتا ھىندىستانغىچە يېتىپ بارغان. ۋ. ۋ. بارتولد خانلىق ئۈستىدە توختىلىپ: «تۈرك خانلىقى موڭغۇللاردىن ئىلگىرىكى ھەرقانداق كۆچمەن چارۋىچى ئىمپېرىيىلەرنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىكى ئىدى»① دېگەن.

بۇ خانلىق ئىلگىرىكى ھەرقانداق خانلىققا ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى، يەنى ئۇلار موڭغۇل ئېگىزلىكىدە تۇنجى قېتىم يېزىق ئىشلەتكەن ۋە ئۆز تارىخىنى تاشلارغا ئويۇپ قالدۇرغان. ھۇنلار ئىگىلىگەن زېمىنلارنى تولۇق ئىگىلەپ، شۇ زېمىنلاردىكى خەلقلەرنى ۋە قەبىلىلەرنى ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئالغان.


بۇ ماقالىدە تۈرك خانلىقىنىڭ ھەربىي تەشكىلىي تۈزۈمىنى ھەربىي ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتى، تۈرك قوشۇنلىرىنىڭ سانى، قوشۇننىڭ تۈزۈلۈشى، قوشۇننىڭ قورال - ياراغ ۋە جابدۇقلىرى، جەڭ ماھارىتى، تۈرك خانلىقىدىكى ھەربىي تاكتىكىدىن ئىبارەت 6 بۆلەككە بۆلۈپ سۆزلىمەكچىمەن.

## 1. تۈرك خانلىقىنىڭ ھەربىي ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتى

تۈرك خانلىقى ئىلگىرىكى يايلاق دۆلەتلىرىگە ئوخشاش ھەربىي خاراكتېرنى ئالغان، قەبىلە ئۇرۇقداشلىقىنى ئاساس قىلغان كۆچمەن خەلقلەر دۆلىتى ئىدى. ئۇلار ھەربىي ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتىنى ئۆزىدىن بۇرۇنقى ھۇنلارغا تەقلىد قىلىپ قۇرغان ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرغان.

تۈرك خانلىقىنىڭ ھەربىي ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتىدىكى ئەڭ ئالىي ھۆكۈمران قاغان بولۇپ، قاغان تېگىن، شاد، يابغۇ، بۇيرۇق، تۇتۇن، ئاپا، ئىلتەبىر، ئېركىن، چور، تارقان، ياغۇندا، تۈمەنبېشى، مىڭبېشى، ئونبېشى قاتارلىق 24 ئەمەل - مەنسەپ سىستېمىسى ئارقىلىق بۇ ئەلدىكى ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلارنى ئىدارە قىلغان.

قاغان پۈتكۈل تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقىلى بولۇپ، ئۇ تەڭرىنىڭ يەر يۈزىگە چۈشۈرگەن ئوغلى ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ بۇيرۇق، پەرمانلىرى تەڭرى ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلاتتى، شۇڭا تۈركىي قەبىلىلەر بۇ ھۆكۈمراننى ناھايىتى ئۇلۇغلايتتى. قاغان چوڭ قاغان ۋە كىچىك قاغان دەپ بۆلۈنەتتى. «كونا تاڭنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى» دە: «باغادۇر كۆلئېركىن، بىلگە قاغانلار ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ تۈركلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولسىمۇ، ئۇ كىچىك قاغان بولغاچقا، بۇ نۆۋەت ئۇ قاغان بولغاندا دۆلەتتىكىلەر قايىل بولمىدى، دۆلەتتىكىلەر ئاۋالقىدەكلا ئىزيابغۇنى چوڭ قاغان دەپ ئاتىدى»② دېيىلگەن. يەنە «سۇينامە. تۈركلەر تەزكىرىسى» دە: «نىۋار ئۆزىنى ئىل قاغان دەپ ئاتىغاندىن كېيىن



ئۆتۈكەن تېغىدا ئوردا قۇردى. ئۇنىڭ قېرىنداشى يانىلغ تۇغلا دەرياسى بويىغا ئورۇنلىشىپ، ئىككىنچى قاغان ياكى كىچىك قاغان دەپ ئاتالدى» ③ دېيىلگەن. ئەمما تۈرك خانلىقىدا كىچىك قاغان ھەرقاچان چوڭ قاغاننىڭ بۇيرۇق، پەرمانلىرىغا بويسۇنغان.

قاغاننىڭ پەرزەنتلىرى ياكى ئىنىلىرى تېگىن دەپ ئاتالغان. تۈرك خانلىقىدا بۇ ئۇنۋان خېلى مۇھىم ئىدى. كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى ئاشىنا قۇتلۇقنىڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى كۆلتېگىن ئىدى، ئىشبارا قاغاننىڭ ئىسمى تېكىن شاد ئىدى. ئېلتېرىش قاغاننىڭ جىيەنى يوللۇغ تېگىن ئىدى.

شاد ئۇنۋانى توغرىسىدا تۈرك تارىخچىلىرى باشقا قەبىلىلەر سانغۇنى شاد دېيىلگەن دەپ قارايدۇ. لېكىن كۆلتېگىن مەڭگۇ تېشىدا: «تاغام قاغانلىقتا ئولتۇرغاندا مەن تاردۇش خەلقى ئۈستىدە شاد ئىدىم» ④ دەپ خاتىرىلەنگەن. بىز بۇنىڭدىن قاغاننىڭ ئىنىلىرىنىڭمۇ شاد ئۇنۋانى بىلەن ئاتالغانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز. تۈرك خانلىقى ھۇنلارغا ئوخشاشلا پۈتۈن خانلىقتا 2 شاد تەسىس قىلغان، بىرى خانلىقنىڭ شەرقىي قىسمىدا بولۇپ تۆلىس دەپ ئاتالغان، يەنە بىرى غەربىي قىسمىدا بولۇپ تاردۇ دەپ ئاتالغان.

تۈرك خانلىقىنىڭ غەربىنى ئىدارە قىلغۇچىلار ئەمەلىيەتتە، يابغۇ دەپ ئاتالغان، بۇ ئاساسلىقى غەربىي تۈركلەردە كۆرۈلىدۇ، غەربىي تۈركلەر ھۆكۈمرانى ئۇلۇغ يابغۇ دەپ ئاتالغان. بۇ ئەمەل قاراخانىيلار دەۋرىگە كەلگەندە ئاددىي خەلقتىن بولغان، خاندىن 2 دەرىجە تۆۋەن كىشىلەرگە بېرىلىدىغان ئۇنۋان بولۇپ قالغان.

بۇ ئۇنۋانلاردىن باشقا ئۇلۇغ ئايغۇچى (باش ۋەزىر) قاغاندىن قالسا ئەڭ چوڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدار بولۇپ، ئۇ قاغانغا ياردەملىشىپ دۆلەت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلاتتى، بەزىدە ھەربىي ئىشلارغا بىۋاسىتە ئارىلىشالايتتى. تۇنيۇقۇق ئېلتېرىش قاغان، قاپاغان قاغان، بىلگە قاغانلارغا ھەم ئۇلۇغ ئايغۇچى، ھەم ھەربىي مەسلىھەتچى (مۇشاۋىر) بولغان. ئەمەللەرنىڭ كۆپىنچىسى مىراس قالدۇرۇلغان.

تۈرك خانلىقىدا ھەربىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى، ئاساسەن، قاغان، قاغاننىڭ ئوغۇللىرى، ئاكا - ئىنىلىرى، ئەڭ يېقىن سانغۇنلىرىنىڭ قولىغا مەركەزلەشكەن.

## 2. تۈرك قوشۇنلىرىنىڭ سانى

تۈرك خانلىقى ھۇنلارنىڭ ئەنئەنىسىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئۆز قوشۇنىنى قۇرۇپ چىققان. خانلىقتا قانچىلىك قوشۇن بارلىقى نامەلۇم. تۈرك خانلىقى يېرىم ھەربىي تۈس ئالغان، كۆچمەن تۇرمۇشنى ئاساس قىلغان خانلىق بولغاچقا، خانلىقنى تەشكىل قىلغۇچى قەبىلىلەرنىڭ ئاتلىق چەۋەندازلىرى ۋە ئات مىنەلەيدىغانلىكى ئەرلەر قاغاننىڭ «ئاتلان!» دېگەن بۇيرۇقى ئاستىدا ھەربىي يۈرۈشكە چىقاتتى. خەنزۇچە مەنبەلەردە خاتىرىلەنگەن تۈرك قوشۇنلىرىنىڭ سانى پەقەت ئىچكى رايونلارغا كىرگەن تۈرك قوشۇنلىرىنىڭ تەخمىن ساندىنلا ئىبارەت. «كونا تاڭنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى» دە: «شىكەر ئۆلۈپ ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنىسى تۇنيابغۇ تەختكە چىقتى. ئۇ جاسارەتلىك، پاراسەتلىك، ھۇجۇم - جەڭگە مېھىر ئىدى. شۇڭا ئۇ شىمالدا تۇرالارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ، غەربتە پارسلارنى توسۇپ، جەنۇبتا كەشمىرگىچە بولغان زېمىننى ئىگىلەپ، ھەممىنى ئۆزىگە قاراتتى. بىرنەچچە يۈزمىڭ ئەسكىرى بولۇپ، غەربىي يۇرتتا دەۋران سۈرگەن ئۇسۇنلارنىڭ كونا زېمىننى ئىگىلەپ، ئوردىسىنى تاشكەنت شەھرىنىڭ شىمالىدىكى مىڭبۇلاققا يۆتكىدى. غەربىي رۇڭلارنىڭ گۈللىنىشىمۇ ئۇنداق بولغان ئەمەس...» ⑤. «... ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ئۆز قوشۇنى بولۇپ، ئەسكەرلىرى نەچچە يۈزمىڭغا يېتەتتى، غەربىي يۇرتتىكى قەلئە دۆلەتلىرىمۇ ئۇنىڭ قارمىقىدا ئىدى» ⑥ دېيىلگەن. «582 - يىلى شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ تۆنجى قاغانى ئىشبارا قاغان چيەن جىن مەلىكىنىڭ تەلىپى بويىچە سۇي سۇلالىسىنىڭ چېگرىسىغا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم باشلىغان. بۇ ئۇرۇشتا تۈرك خانلىقىنىڭ 400 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى قاتناشقان» ⑦.

يۇقىرىقى مەلۇماتلاردا تۈرك قوشۇنلىرىنىڭ سانى پەقەت نەچچە يۈزمىڭ دەپلا خاتىرىلەنگەن، ئېنىق

سان خاتىرىلەنمىگەن. بەزى ئەرەب تارىخچىلىرى تۈرك ئايالىرىنىڭمۇ جەڭگە قاتنىشىدىغانلىقىنى دائىر خاتىرە قالدۇرغان. بۇنىڭدىن باشقا، تۈرك قوشۇنلىرىنىڭ سانى بويسۇندۇرۇلغان جايلاردىكى دۆلەت ۋە خەلقلەرنىڭ قوشۇنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئۇلار تۈرك قوشۇنلىرىغا قېتىلىپ ھەربىي يۈرۈشكە چىققان.

## 3. تۈرك خانلىقىدىكى قوشۇنلارنىڭ تۈزۈلۈشى

تۈرك قوشۇنلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئاتلىق قوشۇن بولۇپ، خەنزۇ ۋە چەت ئەل مەنبەلىرىدە پىيادە قوشۇن بولغانلىقى توغرىسىدا ماتېرىيال ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. تۈركلەر كۆچمەن تۇرمۇشنى ئاساس قىلىپ، چارۋىچىلىق بىلەن ياشىغاچقا، ئات ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ۋاستىسى ھەم جەڭ قورالى ئىدى. ئۇلار ئات بېقىشقا، ئات مىنىشكە ۋە ئات ئۈستى ھەرىكەتلىرىگە ئالاھىدە ماھىر ئىدى.

تۈرك ئاتلىق قوشۇنى تۈرك خانلىقىدىكى ئاساسلىق قوشۇن. بۇ قوشۇن مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنى (نەۋكەرلەر قوشۇنى)، ئوقيالىقلار قوشۇنى (ئالاھىدە قوشۇن) ۋە شاش قوشۇنى دەپ 3 قىسىمغا ئايرىلغان.

مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنى شۇ دەۋردە نەۋكەر ياكى بۆرە دەپ ئاتالغان. «جۇنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى» دە: «تۈركلەر نەۋكەرلەرنى ‹فۇلى› دەيدۇ، بۇ بۆرە دېگەنلىك بولىدۇ، بۇلار ئۆزلىرىنى بۆرە نەسلىدىن دەپ قارايدۇ، بۇ نام ئۇلار ئۆز ئەسلىنى ئۇنۇتماسلىق ئۈچۈن قوللانغان نامدۇر»⑧ دەپ خاتىرىلەنگەن. بۆرىلەر ياكى نەۋكەرلەر تۈرك خانلىقىدىكى مۇھىم قوشۇن بولۇپ، مەخسۇس قاغان تەرىپىدىن باشقۇرۇلاتتى. بۇ قوشۇندىكىلەر بۆرىنى توتېم قىلغان ئاشىنا ئۇرۇقىدىكىلەر بولۇپ، خانلىقنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان، ئۇلار ئوردىنى مۇھاپىزەت قىلىش، يۈرۈشكە چىققاندا قاغان بىلەن سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىش، قاغان جەمەتىنى، ئوردىنى قوغداش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان. ئەمما بۇ قوشۇننىڭ سانى ئانچە كۆپ بولمىغان.

ئوقيالىقلار قوشۇنى خانلىقتىكى قوشۇننىڭ ئەڭ كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلغان ئالاھىدە قىسىم ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار تۆلىس ۋە تاردۇ رايونىدىكى تۈركىي قەبىلىلەردىن تەركىب تاپقان. بۇ ھەقتە گۇمىلېيف «400 مىڭ كىشىلىك تۈرك قوشۇنىنىڭ كۆپ قىسمى تۈرك تىلىدا سۆزلەشكۈچى قەبىلىلەرنىڭ ياردەمچى چېرىكلىرىدىن تەركىب تاپقان، بۇ قوشۇن تۈرك خانلىقىدا ئالاھىدە قوشۇن دېيىلگەن»⑨ دەيدۇ. ئەمما بۇ ئالاھىدە قوشۇن خەنزۇچە مەنبەلەردە ئومۇمەن ئوقيالىقلار دەپ تىلغا ئېلىنغان.

تۈرك قوشۇنلىرىنىڭ 3 - تەركىبىي قىسمى بولغان شاش قوشۇنى ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى 9 جاۋۇپلاردىن تەشكىل قىلىنغان. ⑩ . تۈركلەر غەربكە يۈرۈش قىلىپ ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاۋاتقان تۈرك قەبىلىلىرى ۋە ئىران قەبىلىلىرىنى ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئېلىپ، شۇ يەرلىك قەبىلىلەردىن قوشۇن تۈزگەن ۋە ئۇلارنى ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرغان، كېيىن، غەربىي تۈركلەرمۇ بۇ ئىشنى داۋاملىق يولغا قويغان، شۇڭا بۇ قوشۇن غەربىي تۈركلەرنىڭ مۇھىم ھەربىي كۈچىگە ئايلانغان. تۈركلەرنىڭ ساسانىيلار بىلەن بىرلىشىپ ئەفتالىتلارنى مۇنقەرز قىلىشىدا شاش قوشۇنىدىكى 9 جاۋۇپلاردىن تەشكىللەنگەن پىيادە ۋە ئاتلىق قىسىملار ناھايىتى زور رول ئوينىغان.

## 4. تۈرك قوشۇنلىرىنىڭ قورال - ياراغ ۋە جابدۇقلىرى

قەدىمكى قەبىلىلەردىن ھۇن، ساك، ئۇسۇن قاتارلىقلار ئاتنى تۇرمۇشتا ئىشلىتىش بىلەن بىرگە ئەڭ مۇھىمى، قورال سۈپىتىدە جەڭلەردە مىنگەن. ئۇلار ناھايىتى بۇرۇنلا ئاتلىق قوشۇن تەشكىل قىلىپ تەرەپ - تەرەپلەرگە يۈرۈش قىلغان. خەنزۇچە مەنبەلەردە ھۇنلارنىڭ ئاتلىق ئىچكى رايونلارغا باستۇرۇپ كىرگەنلىكى توغرىسىدا نۇرغۇن ۋەقەلەر يېزىلغان. تۈركلەرمۇ شۇلارنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ئاتلىق قوشۇن تەشكىل قىلغان. ئەرەب تارىخچىسى جاھىزى «تۈركلەرنىڭ پەزىلەتلىرى ھەققىدە رىسالە» دېگەن ئەسىرىدە: «تۈركلەر چوپان بولۇپلا قالماي يەنە يىلقىچى، ئات سودىگىرى، ئات دوختۇرى ۋە ئات چەۋەندازلىرى ئىدى»⑪ دەيدۇ. تۈركلەر ئاتنى

ئالاھىدە چوڭ بىلگەن ۋە دۆلەتنىڭ بايلىقى سۈپىتىدە قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە قىلغان. «جۇنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى» دە: «تۈركلەر ئاتنى ناھايىتى ئۇلۇغلايدۇ، ئۇلارنىڭ قانۇنىدا ئات ئوغرىلىغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ»⑫ دەپ خاتىرىلەنگەن.

تۈرك ئەسكەرلىرى جەڭگە چىققاندا بىرنەچچە ئات بىلەن چىقىشنى ئادەت قىلغان. بۇ ھەقتە ئەرەب تارىخچىلىرى: «تۈركلەر ھەربىي يۈرۈشكە چىققاندا ھەر بىر ئادەم 4 ئاتنى بىرگە ئېلىپ ماڭىدۇ. جەڭگە مىنىپ كىرىدىغان ئاتتىن باشقىسى ئۆزىنىڭ يېمەك - ئىچمەكلىرىنى ۋە بۇلاپ - تالىغان نەرسىلىرىنى ئارتىشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر قورسىقى ئاچسا، ئايغىرنى سويۇپ يەيدۇ؛ ئۇسساپ كەتسە، بايتالنى سېغىپ ئىچىدۇ»⑬ دەپ يازغان.

تۈرك قوشۇنلىرى يەنە نەيزە، ئوقيا، ئوقدان، سالغا، پالتا، گۈرزە، قىلىچ، خەنجەر، قالقان، قامچا، سىرتماق قاتارلىق قورال - ياراغلارنى ئىشلەتكەن. د. ئىسېيېف تۈرك قوشۇنلىرى ئىشلىتىدىغان سىرتماق ئۈستىدە توختىلىپ: «تۈرك ئاتلىق قوشۇنىنىڭ ھەر بىر ئەزاسىدا بىردىن سىرتماق بولىدۇ، ئۇ، ئاتنىڭ قۇيرۇقىنىڭ قىلىدىن ياسىلىدۇ، 2 ئۇچىدا تۈگۈنچەك بولىدۇ، ئۇ، دۈشمەننى ئات ئۈستىدە بوغۇپ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ»⑭ دەيدۇ.

ئوقيا تۈرك قوشۇنلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ھۇجۇم قورالى. ئوقيا تۈركىي قەبىلىلەردە ناھايىتى زور تەسىر پەيدا قىلغاچقا، ئۇلار چوقۇنۇشنى ۋە ھۆرمەتنى بىلدۈرۈپ، ئوقيانى قىياتاشلارغا سىزىپ قالدۇرغان. ئوغۇزلارنىڭ قىنىق ئۇرۇقى ئوقنى ئۆزىنىڭ تامغىسى قىلغان. شامان باخشىلىرى ھەمىشە مۈرىسىگە 9 ئوقنى قادىۋېلىپ، ئۇنى ئۇلۇغلۇقنىڭ سىمۋولى قىلغان⑮.

تۈرك ئوقلىرى مەشىق ئوقى، ئۇرۇش ئوقى ۋە ئاۋازلىق ئوق دەپ ئايرىلغان. ئۇلار ئاساسەن قېيىن دەرىخىدىن ياكى قارىغايدىن ياسالغان.

شەھەر سېپىللىرى ۋە قەلئەلەرنى بۇزۇشتا مەنجانىقتىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان، سالغىنىمۇ مۇھىم قورال سۈپىتىدە ئىشلەتكەن.

تۈرك ئەسكەرلىرى ھەرخىل ياراغدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن، ئۇچىسىغا يەلمە، ساۋۇت، بېشىغا دوبۇلغا، قوياق كەيگەن. بۇلارنىڭ بەزىلىرى تۆمۈردىن، بەزىلىرى مىستىن، بەزىلىرى ئالتۇندىن ياسالغان، يەنە بەزىلىرى كۆندىن تىكىلگەن ھەممە يۇقىرىقى مېتاللاردىن زەنجىرسىمان قىلىپ توقۇلغان.

### 5. تۈرك قوشۇنلىرىنىڭ جەڭ ماھارىتى

«تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى» دە: «ھۇن بالىلىرى قوي مىنىپ، ئوقيا ئېتىپ، قۇشقاچ ئوۋلايدۇ؛ چوڭراق بولغاندا، تۈلكە، توشقان ئېتىپ ئوزۇقلىنىدۇ؛ ياش، ئوتتۇرا مەزگىلگە كەلگەندە ئەرلەر قاۋۇل مەرگەنلەرگە ئايلىنىدۇ، ئۇلار تولۇق قوراللانغان چەۋەندازلاردۇر»⑯ دەپ خاتىرىلەنگەن. تۈركلەرمۇ ئات ئۈستى ماھارىتىدە ھۇنلارغا ئوخشاشلا ئۆزگىچە ئىدى. ئەرەب تارىخچىسى جاھىزى «تۈركلەرنىڭ پەزىلەتلىرى ھەققىدە رىسالە» دېگەن ئەسىرىدە: «. . . تۈرك چەۋەندازلىرى 2 ـ 3 يا ئېلىپ يۈرىدۇ، ئۇلار جەڭدە ئىشلىتىدىغان نەيزىلىرىنى، ئۇرۇش ئۈچۈن لازىم بولىدىغان قورال - ياراغ قاتارلىق نەرسىلىرىنى دائىم يېنىدا ئېلىپ يۈرۈشى شەرت. ئۇلارنىڭ جەڭ ئاتلىرى ئۇزاق يۈرۈشكە بەرداشلىق بېرىدۇ. تۈركلەر ھۇجۇمنى ناھايىتى شىددەتلىك باشلايدۇ. ئېتىنى ھېچ ئىككىلەنمەيلا دۈشمەن تەرەپكە بۇراپ، ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلىدۇ. تۈرك قوشۇنلىرى دۈشمەننى كۆزگە ئىلىپمۇ قويمايدۇ، دۈشمەندىن قورقۇش دېگەننى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ، ئاتلىرىمۇ دۈشمەنگە ئېتىلىپ تۇرىدۇ. ئەگەر تۈرك قوشۇنلىرى ئېتىدىن ئايرىلىپ قالسا، پىيادە يۈرۈپ ئوقيا، نەيزىلىرى بىلەن دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىدۇ ۋە مۇداپىئە كۆرىدۇ»⑰ دەپ يازغان. مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا: «زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا، تۈرك قاغانى ئۇنىڭغا قارشى 4000 كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ قالپاقلىرى لاچىن قانىتىغا ئوخشايدىكەن، ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەيىن بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە

«ئىنان خىزخىرند - بۇلار باشقىلارغا مۇھتاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن؛ بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، قاچان خالىسا، شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ، دەپتۇ» ⑱ دېگەننى رىۋايەت قىلىدۇ. كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشىدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، كۆلتېگىن جەمئىي 43 پالۋاننى جېنىدىن جۇدا قىلغان، ۋاڭ تۇتۇقنىڭ قېيىن ئىنىسىنى پىيادە جەڭگە كىرىپ ئەسىر ئالغان؛ 1 - قېتىم ئازلارغا ھۇجۇم قىلغاندا ئازلارنىڭ بۇيرۇق، تۇتۇقلىرىنى، 2 - قېتىم ئازلارغا ھۇجۇم قىلغاندا ئىلتەبىرنى ئەسىر ئالغان. كۆلتېگىن تۈرك قوشۇنىدىكى باتۇر، پالۋان سۈپىتىدە ئەلگە تونۇلغان ۋە ئەل ئۈچۈن زور تۆھپە كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ ھەربىي ماھارىتى تۈرك قوشۇنىدىكى ھەربىي ئەسكەرگە سىڭىپ كەتكەن.

## 6. تۈرك خانلىقىنىڭ ھەربىي ئىستراتېگىيىسى

تۈرك خانلىقى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ئانچە كۈچلۈك ئەمەس ئىدى، كېيىنكى تۈرك خانلىقى قۇرۇلغان ۋاقىتتا بولسا ئەھۋال تېخىمۇ ئوسال ئىدى. تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشىدا: «دۈشمەنلىرىمىز ئەتراپتا قۇشتەك كۆپ ئىدى، بىز جانسىز ھايۋانلاردەك ئاجىز ئىدۇق» ⑲ دەپ خاتىرىلەنگەن بولسا، كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشىدا: «مەن روناق تاپقان خەلق ئۈستىدە ئولتۇرمىدىم، بەلكى كەيگىلى كىيىمى يوق، يوقسۇل، بىچارە خەلق ئۈستىدە ئولتۇردۇم» ⑳ دەپ خاتىرىلەنگەن. كېيىنكى ۋاقىتلاردا تۈرك خانلىقىنىڭ قۇدرەت تېپىپ، خەلقىنىڭ باياشات بولغانلىقىنى خانلىقتىكى بۇمىن قاغان، ئىستەمى قاغان، ئىلتېرىش قاغان، قاپاغان قاغان، بىلگە تۇنيۇقۇق، كۆلتېگىن قاتارلىقلارغا ئوخشاش قاغان، بىلگە - دانىشمەن ۋە باتۇر ئوغلانلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

تۈرك خانلىقىنىڭ ھەربىي تاكتىكا سەنئىتى، ئاساسلىقى، ئەنئەنىۋى تاكتىكا ۋە دۈشمەن ئەھۋالىغا قاراپ ئۆزگىرىپ بارىدىغان تاكتىكا دەپ 2 تۈرگە ئايرىلغان. ئەنئەنىۋى تاكتىكىدا ھەربىي يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن ھاۋا ئوچۇق، ئايدىڭ كېچىلەر تاللىنىپ، دۈشمەننى ئۇيقۇدا بېسىش ئىدى. تۈركلەر بىرنەچچە قېتىملىق ھەربىي يۈرۈشنى مۇشۇ تاكتىكىدا ئېلىپ بارغان. مەسىلەن: بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشىدا: «يىگىرمە يەتتە يېشىمدا قىرغىزلارغا ھۇجۇم باشلىدىم، نەيزە بويى قارلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، قىرغىزلارنى ئۇيقۇدا باستىم. شۇ يىلى تۈركەش خەلقىگە ئالتاي تېغىدىن ئېشىپ، ئېرتىش دەرياسىدىن كېچىپ ئۆتۈپ يۈرۈش قىلدىم، تۈركەشلەرنى ئۇيقۇدا باستىم» ㉑ دەپ خاتىرىلەنگەن. خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا تۈركلەرنىڭ دائىم دەريا مۇز تۇڭقاندا دەريادىن ئۆتۈپ، ئىچكى رايونلارغا بوراندەك بېسىپ كىرىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

تۈركلەر يۇقىرىقى تاكتىكىدىن باشقا، پىستىرما قويۇش، تىل تۇتۇپ، دۈشمەننى ئالداپ ئىچكىرىگە كىرگۈزۈپ، قورشاپ يوقىتىش قاتارلىق ھەربىي ئىستراتېگىيە ئۇسۇللىرىنى، كەڭ كۆلەملىك مەيدان ئۇرۇشلىرىدا «تۇران» تاكتىكىسىنى يەنى يالغاندىن چېكىنىش، ئۇرۇش مەيدانىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ قىسىملارنىڭ ئۆز كۈچىنى ئىشلىتىشتە تولۇق ھەرىكەت قىلىشقا ئىگە قىلىدىغان ھەم تارقىلىپ، ھەم توپلىنىپ ئۇرۇش قىلىش تاكتىكىسىنى قوللانغان㉒.

تۈركلەر ئەنئەنىۋى تاكتىكىدىن باشقا ئۆز ئەھۋالىغا، دۈشمەن ئەھۋالىغا قاراپ ئىستراتېگىيە بەلگىلىگەن. بۇ خىل ھەربىي ئىستراتېگىيە، ئاساسلىقى، قاغان ۋە ئۇلۇغ ئايغۇچى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. تۈرك خانلىقىدا ئەڭ مەشھۇر قوماندان بىلگە تۇنيۇقۇق بولۇپ، ئۇ بىلگە قاغان، قاپاغان قاغان، ئىلتېرىش قاغان قاتارلىق تۈرك قاغانلىرىغا ھەربىي مەسلىھەتچى ۋە باش ۋەزىر بولغان. كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى ئاساسلىقى مۇشۇ دانىشمەننىڭ يوليورۇقى ۋە كۆرسەتمىسى بىلەن بولغان. تۈرك خانلىقىغا تابغاچ، قىتان، ئوغۇزلار بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋاتقاندا، بىلگە تۇنيۇقۇق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، كۈچنى پارچىلاش، يەنى دۈشمەننى بىر - بىرلەپ يوقىتىش تاكتىكىسىنى قوللانغان، دۈشمەن ھەرىكەتلىنىشتىن بۇرۇن

ئوغۇزلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى تۇغلا دەرياسى بويىدا مەغلۇب قىلغان. قىرغىزلار، 10 ئوقلار، تابغاچلار بىرلىشىپ تۈركلەرگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغاندا، تۇنيۇقۇق كۈچلۈك دۈشمەندىن چەتنەپ، ئاجىزنى يوقىتىش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، قىرغىزلارنى مەغلۇب قىلىپ، ئون ئوقلارغا زەربە بېرىپ تاكى تۆمۈر قاپقىغىچە يېتىپ بارغان. تۈركىي خەلقلەر بۇ تاكتىكىنى ئۇزۇن مەزگىل قوللانغان.

---

ئىزاھات:

① «ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى» (ئۆزبېكچە) 1 - توم 135 - بەت، تاشكەنت، 1956 - يىل.

②⑤⑥ خۇجىن، ليۇشۇ قاتارلىقلار: «كونا تاڭنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى» (خەنزۇچە) 5188 -، 5981 -، 5816 - بەتلەر.

③ ۋېي جىڭ قاتارلىقلار: «سۈينامە. تۈركلەر تەزكىرىسى» (خەنزۇچە) 1865 - بەت.

④⑲⑳㉑ ئىسراپىل يۈسۈپ، ئابدۇقېيۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» 83 -، 54 -، 85 -، 101 - بەتلەر.

⑦ ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى» 312 - بەت.

⑧⑫ لىڭخۇدېفېن: «جۇنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى» 910 - بەت.

⑨⑩⑬ «ئىلمىي تەتقىقات ژۇرنىلى» 1963 - يىللىق 3 - سان 44 -، 45 - بەتلەر.

⑪⑮⑰ «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى» 6 - جىلد 342 - بەت، 25 - جىلد 395 - بەت، 6 - جىلد 419 - بەت، مىللىي مائارىپ نەشرىياتى 1968 - يىل ئىستامبۇل (تۈركچە).

⑭ د. ئىسىيېف: «قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا دائىر مەلۇمات» «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتىنىڭ 1980 - يىل 12 - ئاينىڭ 10 - كۈندىكى سانى.

⑯ سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى» 391 - بەت.

⑱ مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - جىلد 151 - بەت.

㉒ رىشات گەنج: «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990 - يىل نەشرى، 407 - بەت.

تەھرىرلىگۈچى: ئەخمەت روزى

---

(بېشى 57 - بەتتە)

خۇمداندا پىشۇرۇلىدۇ. تاۋاقچىنىڭ خۇمدىنى چوڭراق تونۇر شەكلىدە بولىدۇ. تاۋاقچى ياسىغان ساپال بۇيۇملار ئادەتتە خۇمداندا 8 ـ 10 سائەتتە پىشىپ بولىدۇ.

تۇرسۇن ھەسەن ئۇستامنىڭ ئېيتىشىچە: چەت ئەللىك ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلگەن مېھمانلار بىر قانچە قېتىم ئۇنىڭ ھۈنىرىنى كۆرۈپ، سۈرەتكە تارتىپ، سىنئالغۇغا ئېلىپ، مەھسۇلاتلىرىدىن نۇسخا سېتىۋېلىپ قايتقان.

ھازىر كۈچا بازىرىدا ئوبورونتقا قاتناشتۇرۇلۇۋاتقان ساپال بۇيۇملار نەچچە 10 خىلغا يېتىدۇ. كۈچانىڭ ساپال بۇيۇملىرى كۈچا ناھىيە بازىرى ۋە يېزا بازارلىرى ھەم قوشنا ناھىيىلەرنىڭ بازارلىرىدا سېتىلغاندىن سىرت، شىمالىي شىنجاڭ ۋە قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلارغىمۇ يۆتكەپ سېتىلماقتا. بولۇپمۇ كۈچا كوزىلىرى ۋە تەشتەكلىرى ھەر مىللەت خەلقىنى جەلپ قىلماقتا.

تەھرىرلىگۈچى: ئابدۇرۇپ ئېلى

# قىلىچ ھەققىدە ئىككى ئېغىز سۆز

زۆھرە

(ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

قىلىچ — ئۇزۇن يىللىق تارىخقا ئىگە قەدىمكى ئۇرۇش قورالىدۇر. قىلىچنىڭ قاچان، قەيەردە، قايسى مىللەت (قەبىلە) تەرىپىدىن ئىختىرا قىلىنغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق. لېكىن ھەرقايسى دەۋرلەرگە ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلاردىن، تارىخ، دىن، مەدەنىيەت توغرىسىدىكى كىتاب، قامۇسلاردىن قىلىچ ھەققىدە بەلگىلىك مەلۇماتقا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

فىرخىرت [Fir—hirt] قىلىچ سۆزىنى تۈركىي تىلدىكى «ئىككى بىسلىق پىچاق» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدىغان «شەمشەر» سۆزى بىلەن بىرلەشتۈرگەن ۋە بۇنى «تارىختا قەيت قىلىنغان ئەڭ بۇرۇنقى تۈركچە سۆزنىڭ بىرى»① دەپ تىلغا ئالغان.

«تەۋرات» نىڭ «ئالەمنىڭ بىنا قىلىنىشى» دېگەن بابىدا: «ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ 1 قولىدا ئوت، 1 قولىدا قىلىچ بار ئىدى» دېگەن جۈملىلەر بار، بۇ جۈملىلەردە «. . . ئوقيا، خەنجەر، قىلىچ، ئاشلىق. . .» قاتارلىقلار تىلغا ئېلىنغان②.

ئېلىمىز مەنبەلىرىدە ھۇنلاردىن سېتىۋېلىنغان ۋە جۇڭگوغا ئەۋەتىلگەنماللار ئارىسىدا قىلىچنىڭ بارلىقى تىلغا ئېلىنغان. ئۇنىدىن باشقا، ھۇنلارنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغان ئاۋار (روران) قەۋملىرى تارقالغان رايونلاردا، ئالتايدىن ۋېنگرىيىگىچە سوزۇلغان بىپايان زېمىندىن تېپىلغان ئاۋار قىلىچى، ھۇن قىلىچى بىلەن كېيىنكى دەۋرلەردىكى كۆك تۈرك قىلىچلىرىمۇ ئېلىمىز مەنبەلىرىدە تىلغا ئېلىنغان.

شىمالدىكى تۈركىي خەلقلەردىن ھازار، بۇلغار ۋە قۇمانلار؛ ئورخۇن، يېنسەي ۋادىلىرىدا بولسا، ئۇيغۇرلار بىلەن قىرغىزلار قىلىچچىلىقتا داڭ چىقارغانىدى. ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار ۋە قولغا كەلتۈرۈلگەن يادىكارلىقلاردىن تۇۋەنكى يېنسەي رايونىدا ياشىغان قىرغىزلارنىڭ ناھايىتى قەدىمدىن تارتىپلا قىلىچ سەنئىتىگە ماھىر ئىكەنلىكى ۋە كۆك تۈرك دەۋرىدە ئۆزلىرىنى قىلىچ ئارقىلىق تونۇتقانلىقى مەلۇم.

«ئۇيغۇرلارنىڭ قىلىچ سوغۇرۇشقا ماھىرلىقى يەنىلا جۇڭگو مەنبەلىرىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. پۈتۈن ئوتتۇرا ئەسىردە تۈرك ئېلىدە قۇمۇل قىلىچ سەنئىتىنىڭ ئەڭ مەشھۇر مەركەزلىرىدىن بىرى ئىدى. قىلىچ سوقۇشتا قاراخانىيلار مۇسۇلمان تۈركلىرى ئارىسىدا تۇنجى نامايەندە ئىدى»③.

قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ ئوردىغا قورال - ياراغلار ئىچىدىن قىلىچنى ئالاھىدە ئېسىپ قويۇشى، مۇھەممەد بىشىر ۋاڭنىڭ يازلىق ئوردىغا ماڭغاندا ئوقيا بىلەن قىلىچنى ئالاھىدە ئېسىپ مېڭىشى بەلكىم ئۇزۇن دەۋرلەردىن بېرى مەشھۇر بولغان قىلىچچىلىق ئەنئەنىسىنىڭ داۋامى بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىدىن باشقا، قۇمۇل شەھىرى پالۋانتۇر يېزا قاراسۇ كەنتىدىكى قەدىمكى قەبرىلەرنى قازغاندا نۇرغۇن ئالتۇن بۇيۇملار بىلەن بىللە مىستىن سوقۇلغان ئەگرى قىلىچ تېپىلغان. قۇمۇل شەھىرى شارلار تېغى (شىسەن)، باغداش تاغلىرىدىنمۇ قەدىمكى دەۋرگە ئائىت قىلىچ تېپىلغان④.

«ئەگرى قىلىچ» ھەققىدە ھەرخىل مۇلاھىزىلەر بار. لېكىن ئەگرى قىلىچنىڭ تۈز قىلىچقا قارىغاندا ئىلغارلىقىنى ھېچكىم ئىنكار قىلمايدۇ. «ھۇن دەۋرىگە مەنسۇپ ئالتاي ئەتراپلىرىدىكى قورغانلاردا تۈركلەرنىڭ ئەگرى قىلىچلىرى ئۇچرايدۇ. بىز

ئىگىلىگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئەگرى قىلىچنى تۈركىي خەلقلەر ئىجاد قىلغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرغان. بۇ خىل ئەگرى قىلىچلارنىڭ كېيىنكى كۆچى باشقا تۈز قىلىچلار بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە چوڭ ئىدى»⑤.

تۈركىي خەلقلەر قىلىچنىڭ كېيىنكى كۆچى، قىلىچ ماتېرىيالى ھەققىدىلا كۆچ سەرپ قىلىپ قالماي، يەنە قىلىچنىڭ كۆركەملىكى، دەستىلىرىنى بېزەش جەھەتتىمۇ كۆپ كۆچ سەرپ قىلغان. «تۈرك قىلىچلىرىنىڭ ھايۋان سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن سېپى ئالتۇن ھەل بىلەن قاپلىناتتى ياكى قىممەتلىك تاشلار بىلەن زىننەتلىنەتتى»⑥. قازاقىستاندىكى ئېسىك قەبرىسىدىن چىققان قىلىچلار ئارىسىدا تۆمۈردىن ياسالغان، دەستىسىنىڭ بېشى بىرئاز ئېگىلگەن، چىرايلىق بېزەلگەن قىلىچلار ۋە دەستە بېشى تۈگمە قىلىنغان ھايۋان شەكلىدە ياسالغان ساۋرومات قىلىچلىرى ئىچىدە دەستە قۇلىقى ئۈزۈنراق شەكىلدىكىلىرى خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ⑦.

ئۇندىن باشقا، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «قىلىچ قامچا» (مۇئەللىپنىڭ ئىزاھلىشىچە، ئىچىدە قىلىچى بار قامچا) تىلغا ئېلىنغان. بۇ ھەقتە دوكتور رىشات گەنج مۇنداق قارايدۇ: «بۇ ئىزاھاتتىن قارىغاندا، قاراخانىيلار دەۋرىدىكىلەر 2 پارچە قىلىپ ياسىغان قامچا سېپى ئىچىگە كىچىك 1 قىلىچنى ئورناتقان بولۇشلىرى ۋە ئۇنى يانلىرىدا ئېلىپ يۈرگەن بولۇشلىرى مۇمكىن»⑧.

تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىن تېپىلغان بالباللارنىڭ شەكىل قىياپىتى، ياسىلىشى خىلمۇخىل بولسىمۇ، لېكىن مۇھىم ئورتاقلىقى شۇكى، ھەممىسىلا ئوڭ قولىدا جام (قەدەھ)، سول قولىدا قىلىچ تۇتقان (بەزىلەرنىڭ بېلىگە خەنجەر ياكى پىچاق ئېسىلغان) ھالەتتە تەسۋىرلەنگەن⑨.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ جەڭلەردە قىلىچتىن ناھايىتى ئۈنۈملۈك پايدىلانغانلىقى ھەققىدە تارىخىي يادىكارلىقلاردىمۇ نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك بايانلار ئۇچرايدۇ. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى» دە «ئۇلار يىراقتا ئوقيا، يېقىنغا قىلىچ - نەيزە ئىشلىتەتتى»⑩ دېگەن بايانلار ئۇچرايدۇ.

«ئوغۇزنامە» دىمۇ «... نەيزە ئېلىپ، ئوقيا ئېلىپ، قىلىچ ئېلىپ، قالقان ئېلىپ... ئاتلاندى»⑪ دېگەن جۈملىلەر ئۇچرايدۇ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىمۇ قىلىچ توغرىسىدا ناھايىتى ياخشى مەلۇماتلار، قوشاقلار ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدا تۈركلەرنىڭ ئىسكەندەر زۇلقەرنەين ئەسكەرلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان بىر ئۇرۇشى تەسۋىرلىنىپ مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «... ئۇلار بۇ كېچىسى زۇلقەرنەيىنىڭ ئالدىنقى ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى يەڭگەن. بىر تۈرك ئەسكىرى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىڭ ئەسكەرلىرىدىن بىرىنى 1 قىلىچ بىلەنلا 2 گە بۆلۈۋەتكەن⑫. قىلىچ بىلەن ئېلىپ بېرىلغان جەڭلەر تەسۋىرلەنگەن مۇنداق قوشاقلارمۇ بار:

«ئەرەن ئالپى ئوقۇشتىلار،
قىڭىر كۆزدە باقىشتىلار.
قامۇغ تولمۇن تۇگۇشتىلەر،
قىلىچ قىنىغا كۆچۈ سىغدى».

(مەنىسى: يىگىتلەر بىر - بىرىنى جەڭگە چاقىرىشتى. قىيسىق كۆزدە قاراپ ھومىيىشتى، ھەممە قوراللىرىنى ئىشقا سېلىپ سوقۇشتى. قىلىچلىرىغا قان كۆپ ئۇيۇپ كەتكەچكە قىنىغا تەستە سىغدى)⑬.

يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ «قۇتادغۇبىلىك» تە ئۇرۇش جەريانىدا دۈشمەن سەپلىرى بىر - بىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەندە قىلىچ ۋە پالتا بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، 2138 - بېيىتتىن 2145 - بېيىتكىچە «قىلىچ بىرلە پالتا بۇ ئەل ساقچىسى»، «ئۇرۇشتا قىلىچ بىرلە پالتا بەر» دېگەن مەزمۇندىكى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ⑭.

تۈركىي خانلىقلار ۋە تۈرك ئەنئەنىلىرى بويىچە قۇرۇلغان دۆلەتلەردە ھەربىي ئېھتىياجنى تەمىن ئېتىش ئۈچۈن ھەربىي رايوندا دائىمىي تۇرۇشلۇق قىلىچخانىلار قۇرۇلۇپ، قىلىچ ئۇستىلىرى كۆپلەپ ئىشلىتىلەتتى. ئوسمانلى دۆلىتىدە بولسا قىلىچ ئۇستىلىرى ھەربىيلەرگە دەرس بېرەتتى. ئەمىر سارىيى ۋە ئەردەنى سارايلىرىدا ئىشلىگەن، ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ مەركىزىي ھەربىي ئىشلار ۋازارىتىنىڭ

ھەربىي ئىھتىياجىنى قاندۇرغان ئۇستىلارنىڭ سانى 2000 ئىدى⑮.

بۇ مەزمۇنلاردىن جەڭلەردە قىلىچنىڭ رولىنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. «ئومۇمىي تارىخ سەھىپىسىگە تۆمۈر تاۋلاش تېخنىكىسى بىلەن كىرىپ كەلگەن تۈركلەر كېيىنكى ئۇزاق مەزگىللىك تارىخ جەريانىدا بۇ خىل ئىقتىدارنى ئىزچىل ساقلاپ كەلدى. مېتاللورگىيە تېخنىكىسى جەھەتتە ئالغا كەتكەن تۈركلەر يۇقىرى سۈپەتلىك تۆمۈردىن پىچاق، رەندە، پالتا، ئۇزەڭگە قاتارلىقلاردا شەمشەر، سەل ئەگرى قىلىچ، ھەم ئېغىر، ھەم چوڭ ھەربىي قىلىچ، نەيزە بېشى، ئوقيا ئۇچى قاتارلىقلارنى ياسىغان⑯.

كۆك تۈرك دەۋرىدە، تۈركلەر مەلۇم ئىشتا قەسەم ئىچكەندە، قىلىچنى يەرگە سانجىپ تۇرۇپ: «مۇقەددەس يەر گۇۋا بولسۇن، قىلىچ تېنىمگە سانچىلسۇن» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن قەسەم ئىچىدىغانلىقى ھەققىدە مەلۇماتلار بار.

ھازىرقى زامان جانلىق تىلىمىزدىمۇ قىلىچ توغرىسىدىكى ماقال ـ تەمسىللەرنى كۆپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. مەسىلەن: «بېشىڭغا قىلىچ كەلسىمۇ توغرا سۆزلە»، «ئېگىلگەن باشنى قىلىچ كەسمەيتۇ»، «قىلىچ كۆتۈرۈپ چاپقاندىن قورقما، پارە بېرىپ چاقفاندىن قورق» دېگەنگە ئوخشاش. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىمۇ «قوش قىلىچ بىر قىنغا سىغماس»⑰ «قىلىچ داتلاشسا ئىش بۇزۇلۇر، ئادەم تاتلاشسا»⑱ دېگەنگە ئوخشاش ماقال ـ تەمسىللەر كۆپ.

يۇقىرىقى مىساللاردىن ئەينى دەۋردە قىلىچنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا خېلى يۇقىرى ئابروي تاپقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەھمۇت قەشقەرى بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ: «خاقانىيە بەگلىرىگىمۇ ‹قىلىچ› سۆزى بىلەن ئات قويۇلىدۇ. مەسىلەن: ‹قىلىچخان› دېگەندەك، بۇ ئىش، ھەربكەتتە قىلىچتەك ئۆتكۈر خاقان دېگەنلىك بولىدۇ»⑲. تۈرك تارىخىدىكى مەشھۇر سۇلتانلىق سالجۇقىيلار سۇلتانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسىنىڭ ئېتىمۇ قىلىچ ئارسلانخان ئىدى. يەركەن سەئىدىيە خانلىقىدىمۇ قىلىچخان ئاتلىق بىر شاھزادە ئۆتكەن. ئەرەبلەردە «سەيفىدىن» — دىنىنىڭ قىلىچى، «سەيپۇللا» ـ ئاللانىڭ قىلىچى دېگەندەك ئىسىملار پەيدا بولغان. ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئومۇملاشقاندىن كېيىن، بۇ ئىسىملارمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىغا سىڭىپ كىرگەن ۋە تا بۈگۈنگە قەدەر قوللىنىلىپ كەلمەكتە.

ئىزاھاتلار:

① ئەخمەت زەكى ۋەلىدى توغان: «ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش»، 1981 ـ يىل ئىستانبول، تۈركچە نەشرى 30 ـ بەت.

② مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1992 ـ يىل، 61 ـ، 39 ـ، 747 ـ بەتلەر.

⑮③ «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى» 23 ـ توم (ئەنقەرە) تۈركچە نەشرى 25 ـ، 26 ـ بەتلەر.

④ قۇمۇل ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر، تىل ـ يېزىق ئىشخانىسىدىن سەمەت ئەسرا تۇرا تەمىنلىگەن مەلۇمات.

⑤ باھائىددىن ئۆگەل: «تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن چاغلىرى»، 1971 ـ يىل (ئىستامبۇل) تۈركچە نەشرى 5 ـ، 158 ـ بەتلەر.

⑥ ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» 12 ـ توم 2 ـ جىلد 1988 ـ يىل (ئىستامبۇل) تۈركچە نەشرى 249 ـ بەت.

⑦ «ئېسىك قەبرىسى ـ قازاقىستان ساقلىرىنىڭ سەنئىتى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 1991 ـ يىل 2 ـ، 3 ـ سان.

⑧ رىشات گەنج: «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىل، 444 ـ، 440 ـ بەتلەر.

⑨ تەپسىلىي مەزمۇننى «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى بالىللىرى توغرىسىدا قىسقىچە بايان» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1987 ـ يىل 3 ـ سان) دىن كۆرۈڭ.

⑩ سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 391 ـ بەت.

# قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددىزىم كىتابلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش

مەرزىيە ئابلىم

(سانجى مائارىپ ئىنستىتۇتى خەنزۇتىلى كافېدراسىدىن)

تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 70 ـ، 80 ـ يىللاردىن باشلاپ، بۇددا دىنى كەشمىر ئارقىلىق ئالدى بىلەن ئۇدۇن، كېيىنرەك كۇسەن، قوچۇلارغا ھەمدە ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىغا كەڭ تارقىلىشقا باشلىغان. بۇددا دىنىنىڭ ئېلىمىزگە تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، قەدىمكى شىنجاڭدا بۇددىزىم كىتابلىرىنى تەرجىمە قىلىش ئىشلىرى تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان.

XI ئەسىرنىڭ ئاخىرى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نۇرغۇن جايلاردىن (كۇچا، قاراشەھەر، تۇرپان قاتارلىق جايلار) شۇنداقلا گەنسۇنىڭ دۇنخۇاڭ دېگەن جايلىرىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان نۇرغۇن قەدىمكى ئەسەرلەر بايقالدى. يالغۇز گېرمانىيىنىڭ 4 قېتىملىق ئارخېئولوگىيە ئەترىتىلا ئىدىقۇتتىن ئېلىپ كەتكەن يازما ھۆججەتلەر بىر نەچچە تۇمەندىن ئېشىپ كەتكەن، ئېلىپ كېتىلگەن ھۆججەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى يەنە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا بېرلىننى بومباردىمان قىلغان ۋاقىتتا ۋەيران بولغان. شۇنىڭدىن باشلاپ، دۇنيا خاراكتېرلىك قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەسەرلەر تەتقىقاتى قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى. XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك ئالىملار، تىلشۇناسلار، تارىخشۇناسلار قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەسەرلەر ئۈستىدە ئۆز تەتقىقاتلىرىنى باشلىۋەتتى. ئۇلار بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتلىرىدا زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى، تارىخى، ئېتىقادى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتىدە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ياراتتى، جۈملىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددىزىم كىتابلىرى تەتقىقاتىغا زور تۆھپىلەرنى قوشتى.

دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنىڭ سانى ئېنىق بولمىغىنىغا ئوخشاش قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددىزىم كىتابلىرىنىڭمۇ سانى ئېنىق ئەمەس. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا نوملىرى باشقا تىللاردىن تەرجىمە قىلىنغان تەرجىمە ئەسەرلەر بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىدەك 3 خىل يول ئارقىلىق قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

⑪ گېڭ شىمىن، تۇرسۇن ئايۇپ: «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ـ ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1983 ـ يىل، 28 ـ، 29 ـ قۇر.

⑫⑬⑰⑱⑲ مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىل، 1 ـ توم، 122 ـ، 247 ـ، 465 ـ بەتلەر، 2 ـ توم 410 ـ بەت.

⑭ يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىل، 2138 ـ، 2145 ـ بېيىتلەر.

⑯ گومىلىيېف «قەدىمكى تۈركلەر»، موسكۋا، پەن نەشرىياتى، 1967 ـ يىلى 66 ـ، 67 ـ بەتلەر (رۇسچە نەشرى).

تەھرىرلىگۈچى: مەرھابا شاۋۇدۇن

1. ئۇدۇن، كۇسەن، كىنگىت تىللىرىدىن تەرجىمە قىلىنغان. مەسىلەن: «مايىترى سىمىت» قەدىمكى كۇسەن تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

2. خەنزۇ تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. مەسىلەن: «ئالتۇن يارۇق» (ئالتۇن ئۆڭلۈك، يارۇق يالتىراقلىق قوپتا كۆتىرىلمىش نوم ئىلىكى ئاتلىق نوم بىتىك»، «بۇدساتۋا، ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى نوم ئۇستازىنىڭ تەرجىمىھالى».

3. XⅢ، XⅣ ئەسىرلەردە تىبەت تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. مەسىلەن: «ئارىياجاۋاۋاداكاسۇترا».

يۇقىرىقى 3 خىل يولدىن باشقا يوللاردىن تەرجىمە قىلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددىزىم كىتابلىرى ھەققىدە قولغا چىققۇدەك ئېنىق پاكىتقا ئىگە ئەمەسمىز. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندە، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددىزىم كىتابلىرى مەيلى قايسى تىلدىن تەرجىمە قىلىنغان بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تىرىشچان، ئەقىللىق، ئىخلاسمەن ئۇيغۇر بۇددىست تەرجىمانلىرىنىڭ جاپالىق ئەمگىكىدىن كەلگەن.

ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان مەشھۇر تەرجىمان ۋە تىلشۇناسلاردىن سىڭقۇسەلى ۋە ئەنزاڭلارنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

سىڭقۇ سەلى تەخمىنەن مىلادى Ⅸ، X ئەسىرلەردە، ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ يازلىق پايتەختى بەشبالىق (ھازىرقى جىمسار) دا دۇنياغا كېلىپ، ئۆز دۆلىتىدە بىلىم تەھسىل قىلىپ، ئالىي مەلۇماتقا ئىگە بولغان ئۇيغۇر ئالىم. ئۇ تولىمۇ زېرەك، تىرىشچان، زېھنى ئۆتكۈر بولغاچقا، ئۇيغۇر تىلىدىن باشقا يەنە توخرى، سانسىكرىت، خەنزۇ، تاڭغۇت تىللىرىنىمۇ پىششىق ئىگىلىگەن. بۇ مەشھۇر ئالىمنىڭ ھاياتى توغرىسىدا تولۇق بىر مەلۇمات يوق. ئەمما ئۇنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن 3 بۈيۈك تەرجىمە ئەسىرى (خەنزۇتىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان) ھەممىمىزنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىمىزنى ھەسسىلەپ ئاشۇرىدۇ. ئۇلار «ئالتۇن يارۇق»، «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»، «ئابخادخارھاكوشاھ» لاردىن ئىبارەت:

ئەنزاڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان مەشھۇر تەرجىمان. ئۇ ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ يازلىق پايتەختى بەشبالىقتا تۇغۇلغان. 9 يېشىدىن باشلاپ بۇددا نومىنى ئۆگىنىشكە باشلىغان. ئۇ ئۆز تىلىنى پىششىق بىلىپلا قالماستىن، خەنزۇ، موڭغۇل، تىبەت تىللىرىنىمۇ پۇختا ئىگىلىگەن. ئۇ تەرجىمە قىلغان ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى باشقا تىللاردىن موڭغۇل تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەر بولۇپ، يۈەن شىزۇ قۇبلايخانغا تەقدىم قىلغان 10 جىلدلىق بۇددا نومى «نادىر نوملار توپلىمى» مۇ موڭغۇلچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەردۇر. ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان بۇددىزىم كىتابلىرى ھەققىدە مەلۇمات يوق.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

① گېڭ شىمىن «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە قەدىمكى ئەسەرلىرى ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 - يىل نەشرى

② «غەربىي يۇرتنىڭ تەرجىمە تارىخى» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى 1994 - يىل نەشرى.

③ فېڭ جياشېڭ، چېڭ سۇلو، مۇگۇاڭۋېن «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارنىڭ قىسقىچە توپلىمى» مىللەتلەر نەشرىياتى 1981 - يىل نەشرى.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

# موللا مۇسا سايرامى ۋە ئۇنىڭ تارىخ قارىشى



هۆرمەتجان ئابدۇراهمان فىكرەت

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تەتقىقات ئورنىدىن)


مەشهۇر ئۇيغۇر تارىخچىسى ۋە ئەدىبى موللا مۇسا بىننى ئەيسا سايرامى مىلادى 1836 - يىل 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى باي ناهىيىسىگە قاراشلىق سايرام رايونىنىڭ ئاناقىز يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى موللا ئەيسا بىننى موللا ئەزىزخان خوجا ئەينى ۋاقىتنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن دىنىي زاتلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئوغلىنىڭ تەربىيىلىنىشىگە ناهايىتى مۇ ئەهمىيەت بەرگەن. شۇڭا ئۇنى 7 يېشىدىلا ئۆزى مۇدەررىسلىك قىلىۋاتقان سايرام مەدرىسىدە ئوقۇتۇپ باشلانغۇچ ساۋاتىنى چىقارغان. 1847 - يىل 9 - ئايدا ئۇنى ئەينى زاماندا جەنۇبىي شىنجاڭدا داڭلىق بولغان كۇچادىكى «ساقساق» مەدرىسىگە ئوقۇشقا ئەۋەتكەن. بۇ مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى شۇ زاماندىكى ئۇيغۇر ئۆلىماسى موللا ئوسمان ئاخۇن خەلپەت دېگەن كىشى ئىدى. موللا مۇسا ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ئۇستازىنىڭ غەمخورلۇقىدا، «قۇرئان»، ھەدىس، تارىخ، ئەدەبىيات، تەقۋىم (كالىندارشۇناسلىق)، ئاسترونومىيە ئىلىملىرى ھەمدە ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئۆگىنىپ، «بالا موللا»، «موللا مۇسا» دېگەنناملار بىلەن تونۇلۇشقا باشلىغان. بۇ جەرياندا ئۇ ئۇستازى موللا ئوسمان ئاخۇننىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك روھىنىڭ تەسىرىدە ئىدىيە جەھەتتىمۇ يېتىلىشكە باشلىغان. ئۇ 1854 - يىلى مەدرىسىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، ئانا مەكتىپى سايرام مەدرىسىدە مۇدەررىسلىك قىلغان.

كۇچا قوزغىلىڭى پارتلىغاندىن كېيىن، ئۇ تالىپلىرىنى باشلاپ قوزغىلاڭغا ئاكتىپ قاتناشقان ۋە قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئۇچتۇرپاندا تۇرۇشلۇق سەركەردىسى ماخمۇددىن خوجىنىڭ مۆھۈرچىسى ۋە ئومۇمىي ئىشلار باشلىقى بولغان. بۇ جەرياندا خىزمەتتىكى مەسئۇلىيەتچانلىقى، بىلىم دائىرىسىنىڭ كەڭ ۋە چوڭقۇرلۇقى، كەمتەر، كىچىك پېئىللىقى بىلەن قوزغىلاڭچىلار ۋە خەلق ئارىسىدا زور ئابرويغا ئىگە بولغان. 1867 - يىلى ياقۇپبەگ ئۇچتۇرپاننى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۇ ياقۇپبەگنىڭ ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق باش زاكاتچىسى مىرزا بابابېك ھىسارىنىڭ كاتىپى بولغان. 1877 - يىلى ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى چىڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، موللا مۇسا سايرامى ئاقسۇدا قېلىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە 40 يىلغا يېقىن ۋاقتىنى يېزىقچىلىق ۋە تەتقىقات ئىشلىرىغا بېغىشلىغان. بۇ جەرياندا ئۇ بىر مۇنچە تارىخىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يازغان. بۇلاردىن مەشهۇرراق بولغانلىرى «تەزكىرە تۇل ئەۋلىيا»، «دەريايان ئەسهابۇل كەهف»، «تارىخىي ئەمىنىيە»، «دىۋان مەسنەۋى»، «تارىخىي ھەمىدى»، «سالامنامە» قاتارلىقلاردۇر.

موللا مۇسا سايرامىنىڭ كېيىنكى ئۆمرى ناهايىتى ئېغىرچىلىق ئىچىدە ئۆتىدۇ، بۇ ئېغىر تۇرمۇش ئۇنى جىسمانىي جەھەتتىن ئاجىزلاشتۇرىدۇ. 1917 - يىلى 81 ياشقا كىرگەن موللا مۇسا سايرامى ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ يۇرتى سايرامغا قايتىدۇ. شۇ يىلى 4 - ئايدا ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر



ئالىملىرىنىڭ بىرى، تارىخشۇناس موللا مۇسا سايرامى بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىدۇ ۋە ئانا يۇرتى ئاناقىز يېزىسىغا دەپنە قىلىنىدۇ.

1757 - يىلدىن 1884 - يىلغىچە بولغان 100 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت، شىنجاڭدا چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتى ئورنىتىلىپ، ئىجتىمائىي، سىياسىي جەھەتتە كۆپ داۋالغۇشلار يۈز بەرگەن، ھەر مىللەت خەلقى چىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ دەھشەتلىك مىللىي زۇلۇمى ۋە ئېزىشىگە ئۇچرىغان ھەم بۇ زۇلۇملارغا قارشى تۇرلۇك قوزغىلاڭلارنى ئېلىپ بارغان دەۋر بولدى. كۆپلىگەن ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ۋە تارىخچىلار بۇ ئىجتىمائىي، سىياسىي داۋالغۇشلار، ئۆزگىرىشلەر ھەققىدە نۇرغۇنلىغان ئەدەبىي ۋە تارىخىي ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرۇشتى.

بۇ ئەسەرلەر ئارىسىدا تارىخشۇناس ئالىم موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخىي ھەمىدى» ناملىق ئەسىرى ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە. ئالىم بۇ ئەسەردە مەيلى تارىخىي قاراش ياكى تارىخ يېزىش جەھەتتە بولسۇن ئۆزىدىن ئىلگىرىكى، شۇنداقلا ئۆز زامانىسىدىكى تارىخشۇناسلاردىن كۆپ ئىلگىرى كەتكەن.

ماقالىمىزنىڭ بېشىدا ئېيتقىنىمىزدەك، موللا مۇسا كىچىكىدىنلا زېرەك ھەم ئىجتىھاتلىق بولغاچقا، ئۆز ئىلمى بىلەن يۇرتداشلىرى ئارىسىدا نامى چىقىپ تونۇلۇشقا باشلىغان. ئۇنىڭ «تارىخىي ھەمىدى» نى يېزىشىغىمۇ يۇرت ئەھلىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتى ۋە ئىشەنچىسى تۈرتكە بولغان.

ئۇ ئۆزىنىڭ تارىخ ئىلمىغا بولغان ھېرىسمەنلىكى ۋە قىزىقىشى، يۇرت ئەھلىنىڭ ئىلھام بېرىشى بىلەن ئۆز زامانىسىدىكى تارىخىي ۋەقەلەر ھەققىدە كىتاب يېزىش ئۈچۈن بىر قىسىم جايلارغا بېرىپ بىۋاسىتە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش جەريانىدا ھەرخىل ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشىپ خەلقنىڭ ئەھۋالىنى، ھال - كۈنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئاقسۇدا يېزىقچىلىق بىلەن ئۆتكەن ھاياتى نامرات پەقىرانە ئۆتكەچكە، ئۇ ئۆزى ئۇچراتقان ۋەقەلەرگە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ئاساستا مۇئامىلە قىلغان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ ئىدىيىسىدىكى خەلقپەرۋەرلىك خاھىشىنىڭ ئۆسۈپ يېتىشىگە، توغرا تارىخ قارىشىنىڭ يېتىلىشىگە تۈرتكە بولغان.

موللا مۇسا سايرامىنىڭ تارىخ قارىشى ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بارغاندا، ئالدى بىلەن تارىخشۇناسلىقتىن ئىبارەت بۇ ئىلىمنىڭ ئايرىم بىر پەن سۈپىتىدە خەلقىمىز ئارىسىدا ئالاھىدە ئېتىۋارغا ھەم قىممەتكە ئىگە بولۇپ كەلگەنلىكى ھەققىدىكى بايانلارنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «تارىخ ئىلمى ناھايىتى زور بىر ئىلىم بولۇپ، ھەممە پەنلەرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئالالايدۇ. تارىخ ئىلمىنى ئوقۇتۇش ۋە تارىختىن خەۋەردار بولۇش، ئىنسان ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم بىر ئىشتۇر. بۇ پەننى بىلىدىغانلار بولسا خالايىق نەزەرىدە ئۇلۇغ ھېسابلىنىپ، سۆھبەت ۋە مۇزاكىرىلەردە يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە بولالايدۇ. تارىخ ئىلمىنى بىلمەيدىغانلار ياكى ئۇنىڭدىن بىخەۋەر كىشىلەر گەرچە قانچە يۇقىرى كامالەتكە يەتكەن بىلەنمۇ، ئۇلاردا ئالىملارنىڭ ئالدىدا يەنىلا نەزەر ۋە ئېتىۋاردىن يىراقتۇر. تارىخنىڭ پايدىسى تولا، مەنپەئەتى كۆپ بىر ئىلىم. چۈنكى ئادەملەرنىڭ دەرىجە ۋە تەبىقىلىرى، ئۇلارنىڭ تۇغۇلغان ياكى ۋاپات بولغان چاغلىرى، ئىز - ئالامەتلىرى، خۇلقى - ئەخلاقى، ياشايدىغان جاي ۋە ماكانلىرى، ئاۋات قىلغان شەھەر ۋە زېمىنلىرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى پەقەت تارىخ ئىلمىنىڭ ياردىمى بىلەنلا بىلگىلى بولىدۇ...»①.

دەرھەقىقەت، خەلقىمىز قەدىمدىنلا تارىخ ئىلمىغا ئالاھىدە قىزىقىش بىلەن قاراپ، ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن ھەمدە نۇرغۇن تارىخىي ئەسەر - تەزكىرىلەرنى يارانقان بولسىمۇ، تارىخ كىتابلىرىنىڭ چىنلىق دەرىجىسىگە قارىغاندا، ئەپسانە - رىۋايەت خاراكتېرى كۈچلۈكرەك بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بايان قىلغۇچىلار تارىخىي پاكىتلارنىڭ چىنلىقىغا ئەھمىيەت بەرمەي، ئۆزلىرىنىڭ سۇبيېكتىپ ھېسسىياتىنى ئارىلاشتۇرۇپ بايان قىلغاچقا، تارىخىي ۋەقەلەر كۆپرەك رىۋايەت تۈسى ئېلىپ قېلىپ، ئەسەرنىڭ چىنلىقلىق دەرىجىسىگە ئېغىر نۇقسان

يەتكەن. تارىخشۇناسلار ۋە تارىخ - تەزكىرە تېمىسىدىكى ئەسەرلەردە ئېنىق يىل - دەۋر ئۇقۇمىنىڭ بولماسلىقى ئەسەرلەرنىڭ ئەپسانە، رىۋايەتلىك تۈسىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرۇۋەتكەن.

موللا مۇسا سايرامى تارىخي ۋەقەلەرنى بايان قىلىش جەھەتتە، گەرچە، ئىلگىرىكى تارىخشۇناسلاردىكى بۇ خىل خاھىشتىن پۈتۈنلەي خالىي بولۇپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىدىن ئىلگىرىكى تارىخشۇناسلارنىڭ تارىخ يېزىش ئۇسۇلى ۋە تارىخقا تۇتقان پوزىتسىيىسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، جىق ئىلگىرى كەتكەن.

موللا مۇسا سايرامى تارىخ ئىلمىنى ئۆز ئالدىغا بىر ئىلىم سۈپىتىدە تونۇپ، تارىخنى بايان قىلىشتا، تارىخىي پاكىتلارنى ئاساس قىلىشنى، پاكىتقا ھۆرمەت قىلىشنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. مەسىلەن: ئۇنىڭ ئەسھابۇل كەھف توغرىسىدىكى بايانلىرىدا، ئۇ ئالدى بىلەن ئەسھابۇل كەھفنىڭ تۇرپاندا ئەمەسلىكىنى دەلىللەيدىغان ئىشەنچلىك دەلىللەرنى نەقىل كەلتۈرگەندىن كېيىن، شۇنداق دەيدۇ: «كىشىلەر ئەسھابۇل كەھف توغرىسىدىكى ئاساسىي دەلىل ھۆججەتلەر ئافاق خوجا تۇرپانغا كېلىپ كەشپۇمۇراقىبە قىلغان چاغدا ئاشكارىلانغان دەيدۇ. لېكىن ئافاق خوجىنىڭ بۇ كەشپى كارامەتلىرى ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى يەنە باشقا دەلىل ھۆججەتلەر بىلەن ئىسپاتلاشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى ئەۋلىيا ئەزىملەرنىڭ كەشپى - كارامەت، ئىلھاملىرى ئارقىلىق ئەنبىيائى ئەلەيھىسسالاملارنىڭ قەۋرىسىنىڭ قانداق جايدا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا بولمايدۇ. »② ئۇ يەنە تارىخ يېزىشتا ئاغزاكى گەپ - سۆز، گۇمانىي پەرەزلەرگە تايىنىشقا بولمايدىغانلىقىنى، چوقۇم ئېنىق پاكىتلار ئارقىلىق دەلىللەش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ شۇنداق دەيدۇ: «بىرەر ئادەمنىڭ گۇمان، ئېھتىمال بىلەن دەپ قويغان سۆزلىرى ھۆججەت ۋە ئاساس بولمايدۇ. تەتقىقاتچى ئۆلىمالار ئۆز سۆزىنى پەقەت ئېنىق لۇغەت ئىلمى بىلەنلا بايان قىلىدۇ، ئەقلىي قىياس بىلەن ھۆكۈم قىلمايدۇ. » ③ «ھەرقانداق كىشىنىڭ قىلغان سۆزى يەنە بىر كىشىنىڭ سۆزىگە قارشى بولۇشى مۇمكىن، لېكىن كۈچلۈك ھۆججەت كەلتۈرمەي تۇرۇپ ھەقىقەتكە يەتكىلى بولمايدۇ»④.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈشكە بولىدىكى، موللا مۇسا سايرامى ھەقىقىي ئىلىم ئەھلىدە بولۇشقا تېگىشلىك ئىلمىي پەزىلەتنى نامايان قىلغان. ئۇ بۇ پەزىلىتىنى تۆۋەندىكى بايانلىرىدا تېخىمۇ ئوچۇق ئىپادىلەيدۇ: «بىز يۇقىرىقى بىر قانچە ھۆكۈملەرنى ۋاراق سەھىپىسىگە تىزدۇق. ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى ھەقىقىي دەلىللىرى بويىچە بايان قىلدۇق. ئەگەر بىزنىڭ كۆرسەتكەن دەلىللىرىمىزگە شەك - شۈبھە قىلغۇچىلار بىز بايان قىلغان دەلىللىرىمىزدىنمۇ توغرا ھەم كۈچلۈك ھۆججەت ۋە ئىشەنچلىك دەلىللىرىنى كۆرسىتىپ سۆزلىرىمىزنى رەت قىلسا، بىز ئەلۋەتتە، ئۇلارغا تەسلىم بولىمىز»⑤.

موللا مۇسا سايرامى مانا مۇشۇ سۆزلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ئىلمىي مەۋقەسىنى نامايان قىلىدۇ. بۇ خىل ئىلمىي پوزىتسىيە بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئىلىم ئەھلىنىڭ ئۈلگە قىلىشىغا، ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدۇ.

موللا مۇسا سايرامىنىڭ تارىخ ئىلمىگە قوشقان تۆھپىسى ئۇنىڭ تارىخ ئىلمىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە تارىخ قاراشلىرىدا بىر قەدەر گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن، بۇنى تۆۋەندىكى نۇقتىلار بويىچە كۆرسىتىش مۇمكىن: بىرىنچىدىن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسىرىنى «تارىخىي پاكىتلارغا ھۆرمەت قىلىپ، ئوبيېكتىپ تارىخنى ئەينەن بايان قىلىش» تىن ئىبارەت تارىخشۇناسلىق پرىنسىپىغا ئەمەل قىلغان ئاساستا يېزىپ چىققان. چۈنكى: «تارىخنى ئۆزىنىڭ ياكى بىرەر ھۆكۈمران سىنىپنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش مەقسىتىدە يازماستىن، بەلكى كەڭ ئەمگەكچى خەلق بىلەن بىر مەيداندا تۇرۇپ، ئوبيېكتىپ پاكىتلارغا ھۆرمەت قىلغان ھالدا تارىخنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى گەۋدىلەندۇرۇپ بېرىش» بارلىق تارىخشۇناسلار ئورتاق ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئىلمىي ئەخلاق مىزانىدۇر. موللا مۇسا سايرامى مانا شۇ مىزانغا ئەمەل قىلغان ھالدا تارىخ يازغان. ئۇ ئۆز ئەسىرىنىڭ مۇقەددىمە قىسمىنى، يەنى 1864 - يىلغىچە بولغان تارىخىي

جەريانلارنى يېزىشقا ئۆزىدىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ بىر قىسىم تارىخىي كىتابلىرىنى ۋە رىۋايەتلىرىنى ئاساس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەسىرىنىڭ جېنى بولغان 1 - ۋە 2 - داستان قىسمىنى، يەنى كۇچا قوزغىلىڭىدىن ياقۇپبەگ دەۋرىگىچە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەقەلەرنى يېزىشتا شۇ ۋەقەلەرگە بىۋاستە قاتناشقانلارنىڭ بايانلىرى ۋە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئەھۋاللارنى ئاساس قىلغان. بۇ ئەسىرىنى يېزىش ئۈچۈن قەشقەردىن تۇرپانغىچە بولغان جايلارنى ئۇزۇن مۇددەت ئايلىنىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ھەم ئۆزى بىۋاستە كۆرگەن، ئاڭلىغان ماتېرىياللار ئۈستىدە قايتا - قايتا سېلىشتۇرۇش، تەكشۈرۈش، تەھرىرلەش ئېلىپ بېرىپ، ئاندىن قەلەم تەۋرەتكەن. ئۆزىمۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ، «مەن بۇ كىتابنىڭ دەسلەپكى قىسمىنى پايدىلىق تارىخ كىتابلىرىنىڭ تاللانغان مەزمۇنىدىن پايدىلىنىپ يازدىم، كېيىنكى قىسمىنى بولسا شۇ ۋەقەلەرنى كۆرگەن ۋە بىلگەنلەردىن سوراپ بىلىپ، ئۇلارنى تەھرىر يىپىغا باغلاپ، بايان سەھىپىسىگە ئورنىتىپ، قىسقىچە بۇ تارىخ كىتابىغا «تارىخىي ھەمىدى» دەپ ئات قويدۇم ۋە 1 مۇقەددىمە 2 داستان، 1 خاتىمە بىلەن تامامىغا يەتكۈزدۇم»⑦ دەپ يازغان.

شۇڭىمۇ موللا مۇسا سايرامىنىڭ بۇ ئەسىرى شۇ ۋاقىتتىكى تارىخ توغرىسىدىكى ناھايىتى مۇھىم ۋە ئىشەنچلىك بىرىنچى قول ماتېرىيال بولۇپ، شۇ دەۋردىكى شىنجاڭ تارىخىغا دائىر يېزىلغان ھەرقانداق بىر چەت ئەل ياكى جۇڭگو تارىخچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى موللا مۇسا سايرامى شۇ ۋاقىتتىكى تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ بىۋاستە قاتناشچىسى ھەم شاھىدى، ئۇنىڭ بايانلىرى ئوبيېكتىپ ھەم ئىشەنچلىك بولۇپ، تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتى ناھايىتىمۇ يۇقىرى. ئىككىنچىدىن، تارىخشۇناس موللا مۇسا سايرامى تارىخنى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئورتاق پائالىيىتى دەپ قاراپ، خەلق ئاممىسىنىڭ پائالىيىتى ۋە تۇرمۇشىنى يېزىش بىلەن بىرگە، شۇ ۋاقىتتىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ، يۇقىرى تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ، دىندارلارنىڭ ياخشى - يامان ئىشلىرىنى ئەينەن بايان قىلغان ھەم ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى باھاسىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

موللا مۇسا سايرامى گەرچە تەقۋادار مۇسۇلمان ۋە خوجا ئەۋلادى بولسىمۇ، لېكىن باشقىلارغا ئوخشاش خوجىلارنى پەيغەمبەر ئەۋلادى، ئالىي نەسەبلىك كىشىلەر دەپ قارىغۇلارچە كۆككە كۆتۈرمەستىن، ئۇلارنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرى، سۆز - ھەرىكەتلىرىگە ئوبيېكتىپ، ئاقىلانە مەيداندا تۇرۇپ مۇئامىلە قىلغان. بىر قىسىم خوجىلارنىڭ خەلقپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىش ئىزلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە يەنە بىر قىسىم خوجا - ئىشانلار، سوپىلارنىڭ دىنىي تونغا ئورىنىۋېلىپ ھەرخىل ۋاستىلار بىلەن نادان خەلقنى ئالداپ، خەلق ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك، گۇرۇھۋازلىق ئۇرۇقىنى چېچىپ، بىگۇناھ خەلقنى بىر - بىرىگە دۈشمەن قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىدەك رەزىل ئەپتى - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىغان. بۇ ھەقتە شۇنداق يازىدۇ: «گەرچە ھەممە مۇسۇلمان بىر دىن ۋە بىر مەزھەپتە بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار 2 پىرقە ھەتتا بىر قانچە تائىپىلەرگە بۆلۈنۈپ، بىر - بىرىگە ھەسەت - ئاداۋەت قىلىشىپ، 1 تائىپە 1 سەئىدكە ئىناۋەت - ئىتاۋەت قىلىشىپ، يەنە 1 سەئىدكە ئىنكار ۋە ئاداۋەت كۆرسىتىپ ئۆزىگە «ئاق تاغلىق» ياكى «قاراتاغلىق» دەپ ئات قويۇپ، ئۆزلىرىنى ھالاكەت - زاۋالەتكە سېلىپ، ئىتتىپاقسىزلىق قىلىپ، ھەتتا بۇنداق ئەقىدە ۋە نالايىق ئىشلارنى ئۆزىگە لايىق ۋە مۇناسىپ كۆرۈپ، بۇ ئىشلارنىڭ يامان ۋە شۇملۇقىنى ئايرىپ ئالالماپتۇ، بەلكى بۇ جاھىل، ۋاپاسىز مەككار سوپىلار ئۆزىنىڭ بۇ قىلغان ئىشلىرىدىن ھايا ياكى نومۇسمۇ قىلماپتۇ»⑦.

ئۇ «ئاق تاغلىق»، «قاراتاغلىق» لارنىڭ ماھىيەتتە دىنىي مەقسەتتە ئەمەس بەلكى سىياسىي غەرەز، ھوقۇق، ئىمتىياز يولىدا گۇرۇھۋازلىق قىلىۋاتقانلىقىنى تولۇق تونۇپ يەتكەن. شۇڭا بۇ ھەقتە ئېنىق قىلىپ، «2 تائىپىنىڭ ئېتىقادى خاتا ھەم بىھۇدىدۇر.» دەيدۇ⑧ ھەم ئۆزىنىڭ بۇ خىل گۇرۇھۋازلىقلاردىن مۇستەسنا ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلىپ:

شۈكرۇللاھ فارىغ ئولدۇم مەن قارا، ئاق تاغدىن،

نە ئۈچۈنكىم مېۋە يەپدۇرمەن شەرئەت باغدىن⑨.

(خۇداغا شۈكۈر، شەرئەت بېغىدىن مېۋە يېگەنلىكىم ئۈچۈن، قاراتاغلىق ۋە ئاق تاغلىقلارنىڭ تەسىرىدىن خالاس بولدۇم) دەپ يازىدۇ.

ئۇ دىنىي تونغا ئورىنىۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ نام - شۆھرەت، يۇقىرى مەرتىۋە، سىياسىي ئۈستۈنلۈك تالىشىشتەك تۇرلۇك غەرەزلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاۋام خەلقنى ئازدۇرۇپ، ئۇلاردىن پايدىلىنىپ، خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇپ جاھالەتكە ئۈندەۋاتقان رىياكار، ئالدامچى سوپى - ئىشانلارنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ شۇنداق دەيدۇ: «بۇ دىيارلاردا ئۆزىنى مۇسۇلمان شەكلىگە كىرگۈزۈپ، خالايىقنى ئازغۇنلۇق - زالالەت ۋە جاھالەتكە باشلايدىغان جاھىل، نادان، ئىپلاس سوپىلار ناھايىتىمۇ كۆپ. ئەگەر ئىسلامى شېرىپنىڭ قەتئىي دەلىللىرىنى ئىنكار قىلغۇچىلار دەيدىغان بولساق، بۇ ئادەملەر پەقەت جاھىل سوپى، ئالدامچى ماشايىخلارنىڭ ئۆزىدۇر»⑩.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، موللا مۇسا سايرامى ئىسلام دىنىغا ھەقىقىي ئەمەل قىلىش ۋە ئۇنى توغرا تونۇش جەھەتتە ئەتراپلىق بىلىم ۋە چۈشەنچىگە ئىگە بولغاچقا، ئالدامچى سوپىلارنىڭ دىنىي تونغا ئورۇنۇۋېلىپ خەلقنى ئالداشتەك رەزىل قىلمىشلىرىغا قارىتا قەتئىي كۈرەش قىلغان. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىدىيىسى تارىخىي ئەسەرلىرىدە ئىپادىلىنىپ قالماستىن، يەنە ئەدەبىي ئەسەرلىرىدە يارقىن ئىپادىلەنگەن⑪.

موللا مۇسا سايرامى مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈشكە ماھىر، مەسىلىلەرگە ئوبيېكتىپ تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىش روھىغا ئىگە بولغاچقا، ئىدىيالىستىك دۇنيا قاراش ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان شارائىتتىمۇ دادىل ھەم جۈرئەتلىك ھالدا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھەم يېڭى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويالىغان.

(1) ئۇ تارىخىي تەرەققىياتنى ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان دىئالېكتىك جەريان دەپ قارىغان. تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىنى ئەنە شۇ قاراش بويىچە تەھلىل قىلىپ، تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىش جەريانى ئىكەنلىكى، يەنى دىئالېكتىك جەريان ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. مەسىلەن: ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ سەۋەبىنى تەھلىل قىلىپ خەلقنىڭ ئۈستىدىكى زۇلۇمنىڭ ئېغىرلاپ بېرىشى مۇقەررەر ھالدا قارشىلىق پەيدا قىلىپ ھاكىمىيەتنىڭ ئاغدۇرۇلۇشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت مۇقەررەرلىكنى چۈشەندۈرىدۇ.

كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ مەغلۇب بولۇش سەۋەبلىرىنى تەھلىل قىلغاندىمۇ، خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىسى بىلەن ئوبيېكتىپ تەھلىل قىلىپ مەغلۇبىيەتنى قوزغىلاڭغا باشچىلىق قىلغان خوجىلارنىڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلىمەي، ئۆزلىرى بىلەنلا بولۇپ كەتكەنلىكتىن، خەلققە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشنى ئويلىمىغانلىقتىن بولغان دەپ قارىغان.

(2) موللا مۇسا سايرامى خەلق ئاممىسىنىڭ تارىخ تەرەققىياتىدىكى ھەل قىلغۇچ كۈچ ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن. ئۇ تارىخنى خەلق ئاممىسىنىڭ يارىتىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، شەخسنىڭ تارىختىكى رولىغىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ تارىخنى ئايرىم ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ پائالىيىتى دەپ قارىماستىن، بەلكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئورتاق پائالىيىتى دەپ قارىغان. شۇڭا ئۇ تارىخ يازغاندا ھۆكۈمرانلارنىڭ پائالىيىتىنى يېزىپلا قالماستىن، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ پائالىيىتى، تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئاساسىي ئورۇنغا قويغان ھالدا يازغان، خەلقنىڭ ھەرقايسى ھۆكۈمرانلار دەۋرىدىكى تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئەينەن بايان قىلىپ سېلىشتۇرۇپ، باھا بەرگەن.

تارىخىي شەخسلەرنىڭ پائالىيەتلىرىگە باھا بەرگەندىمۇ ئۇلارنىڭ رولىنى كۆرسىتىپ، مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە تىگىشلىك ئىجابىي تەرەپلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك سەھۋە - خاتالىقلارنىمۇ ئوبيېكتىپ تەھلىل قىلىپ

كۆرسىتىپ، باھا بەرگەن.

(3) موللا مۇسا سايرامى ماددىي ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىنىڭ تارىخ تەرەققىياتىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن. شۇڭا ئۇ تارىخ يازغاندا جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى بىلەن سىياسىي ئەھۋالىنى زىچ باغلاپ تەھلىل قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىدىكى ئۆزگىرىش مۇقەررەر ھالدا سىياسىغا ۋە باشقا تەرەپلەرگە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى، يەنى ئىقتىسادىي بازىسنىڭ ئۈستقۇرۇلمىنى بەلگىلەيدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. مەسىلەن: شۇ ۋاقىتلاردىكى مەيلى قىسقا، مەيلى ئۇزۇن ھۆكۈم سۈرگەن بولسۇن، تۈرلۈك ھاكىمىيەتلەرنىڭ گۇمران بولۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەبلەردىن بىرى خەلقنىڭ ماددىي تۇرمۇش مۇھىتى بىلەن ھېسابلاشماي، خەلق ئۈستىدىكى ئىقتىسادىي زۇلۇمنى كۈچەيتىۋەتكەنلىكتىن بولغان دەپ قارىغان.

يۇقىرىقىدەك تارىخىي قاراشلىرى ئالىمنىڭ ئىدىيىسىدىكى ۋە تارىخىي قارىشىدىكى ئىلغار تەرەپلەر بولۇپ، ئۇنىڭ مەيلى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا بولسۇن، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ، تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىنى توغرا كۆزىتىش ۋە بايقاشقا باشلىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

موللا مۇسا سايرامىنىڭ تارىخ قارىشىدا يۇقىرىقىدەك ئىلغار تەرەپلەر ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىسىمۇ، لېكىن ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىت ۋە باشقا ئامىللارنىڭ تەسىرىدە ئالىم بىر قىسىم ئىدىيالىستىك تارىخ قارىشى ۋە ئىدىيىنىڭ تەسىرىدىن تولۇق قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەن. ماقالىنىڭ بېشىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، تارىخىي ۋەقەلەر ۋە شەخسلەرنى دىنىي تۈس بىلەن ئىلاھىيلاشتۇرۇپ بايان قىلىپ، تارىخىي چىنلىق بىلەن توقۇلما رىۋايەتلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشتەك ئەھۋاللارمۇ چېلىقىدۇ. بۇلارنى موللا مۇسا سايرامىنىڭ ئىدىيىسى ۋە تارىخ قارىشىدىكى قىسمەن تارىخىي چەكلىمىلىكلەر دەپ قارىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئەمما، بۇ قىسمەن تارىخىي چەكلىمىلىكلەر ئالىمنىڭ ئىدىيىسىدىكى، تارىخ قارىشىدىكى ئىلغار، ئىجابىي تەرەپلەرگە، شۇنداقلا ئالىملارنىڭ تارىخشۇناسلىق ئىلمىغا قوشقان تۆھپىسىگە، ئورنىغا ھېچقانداق نۇقسان يەتكەزمەيدۇ. چۈنكى ھەرقانداق بىر ئىدىيىۋى قاراش مۇئەييەن بىر دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىگە شۇ دەۋرنىڭ تامغىسىنى باسماسلىقى مۇمكىن ئەمەس.

ئىزاھلار

① موللا مۇسا سايرامى، «تارىخىي ھەمىدى»، بېيجىڭ، 1986 - يىل نەشرى، 35 -، 36 -، 37 - بەتلەر.
② يۇقىرىدىكى كىتاب، 675 - بەت.
③ موللا مۇسا سايرامى، يۇقىرىقى كىتاب، 677 -، 678 - بەتلەر.
⑤④ يۇقىرىدىكى كىتاب، 701 -، 702 - بەتلەر.
⑥ يۇقىرىدىكى كىتاب، 38 - بەت.
⑦ يۇقىرىدىكى كىتاب، 141 - بەت.
⑨⑧ يۇقىرىدىكى كىتاب، 142 -، 143 - بەتلەر.
⑨ يۇقىرىدىكى كىتاب، 692 - بەت.
⑩ «موللا مۇسا سايرامى شېئىرلىرىدىن تاللانما» — «بۇلاق» ئومۇمىي 15 - سان.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

# ئۇستا خەتتات، رەسسام ھەم بايازچى پاشاغوجام

## ھاكىم جاپپار

غۇلجىدا ئۆسكەن، يېشى 50 ـ 60 تىن ئاشقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك پاشاغوجامنى بىلىدۇ. پاشاغوجام ھاكىم بېك غوجا ئوغلى (1893 ـ 1962) غۇلجىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۇستا خەتتات، رەسسام ھەم بايازچى، شۇنداقلا مەرىپەتپەرۋەر زات. ئۇ غۇلجا شەھىرىدىكى قارادۆڭ ياردەم مەكتىپىنى قۇرغۇچىلاردىن بىرى بولۇپ، ئۇزۇن ۋاقىت ياردەم مەكتىپىنىڭ مۆتىۋەللىسى بولۇپ، مەكتەپ مائارىپىنى قوللاپ كەلگەن ۋە ئۆز پەرزەنتلىرىنىمۇ ناھايىتى ياخشى تەربىيىلىگەن. پاشاغوجامنىڭ خەدىچىخان (ھازىر غۇلجىدا)، سېيىتخان (ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئاتاقلىق دوختۇر بولۇپ، ئالەمدىن ئۆتكەن)، خوجىخان (ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)، ئابلىزخان (شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى) قاتارلىق پەرزەنتلىرى بار.


پاشاغوجام ئاجايىپ ئاق كۆڭۈل، كىچىك پېئىل، يۈكسەك ئىنسانىي پەزىلەتكە ئىگە، ھەممە كىشىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە سازاۋەر زات ئىدى.

مەن 50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ئىلى ۋىلايەتلىك مەھكىمە مەدەنىيەت ـ مائارىپ بۆلۈمىدە ئىشلەۋاتقان چاغلىرىمدا بۇ كىشىنى دائىم دېگۈدەك كۆرۈپ تۇراتتىم. پاشاغوجام ھەر جۈمە كۈنى 3 ـ 4 كىلومېتىر يولنى پىيادە بېسىپ، قارادۆڭ مەھەللىسىدىن شەھەر ئىچىدىكى بەيتۇللا مەسچىتىگە جۈمە نامىزىغا كېلەتتى. پاشاغوجام ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي، داۋاملىق پىيادە يول يۈرەتتى.

بۇ ھەقتە ئۇنىڭ ئوغلى خوجىخان دادىسىنى ئەسلەپ مۇنداق دېدى: «دادامدىن مەن نېمىشقا ھارۋىغا چۈشمەيدىغانلىقى ۋە ئاتقا مىنمەيدىغانلىقى توغرىسىدا سورىغىنىمدا، دادام: ئەتراپىمدا ھەرقايسى يۇرتتىن كەلگەن كەمبەغەللەر ئولتۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئالاھىدە بولۇۋېلىش ياخشى ئەمەس، دېگەنىدى» خوجىخان يەنە مۇنداق دېدى: «دادام ھەتتا يېڭى كىيىملەرنىمۇ كىيىشنى خالىمايتتى، بىزگىمۇ ئالاھىدە كىيىملەرنى كىيگۈزمەيتتى، بىزگە ئالاھىدە بولۇۋالماڭلار، خەلقنىڭ ئالدىدا تەكەببۇرلۇق قىلماڭلار دەيتتى».

پاشاغوجام ھەقىقەتەن سەممىي، ئاددىي ـ ساددا، كەمتەر، كىچىك پېئىل ئادەم بولۇپ، كىشىلەرگە سىلىق ـ سىپايە مۇئامىلە قىلاتتى. باشقىلارنى رەنجىتىپ قويۇشنى ھەرگىز خالىمايتتى. پاشاغوجام يەنە ئىنتايىن ئىزدىنىدىغان، ھارماي ـ تالماي تىرىشىپ ئۆگىنىدىغان ياخشى خىسلەتلەرگە ئىگە ئاتاقلىق مۇزىكانت ئىدى. ئاتاقلىق مۇزىكانت ھۇسەنجان جامى پاشاغوجامنى ئەسلەپ: «مەن بىر كۈنى دادامدىن غۇلجىدا دۇتتار چېلىشقا كىم ئۇستا دەپ سورىسام، دادام: پاشاغوجام ئۇستا، دۇتتار چېلىشتا باشقىلار ئۇ ئادەمگە يەتمەيدۇ، دېگەنىدى» دەيدۇ.

يولداش خوجىخان يەنە مۇنداق دېدى: «دادام سەنئەت خۇمار ئادەم ئىدى، ئۆز زامانىسىدا كارۋىشاڭ ئاخۇنۇم بىلەن كۆپ بىللە بولغانىكەن، مەشرەپلەرگە بارسا كارۋىشاڭ ئاخۇنۇم دادامنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇۋالاتتىكەن، دادام بۇ كىشىدىن 12 مۇقامنى يېزىۋالغانىكەن، لېكىن كېيىن ئۇنى ئابدۇراخمان ئەپەندى (سامىكامنىڭ دادىسى) كۆرۈپ



باقاي دەپ ئېلىپ قايتۇرۇپ بەرمىگەن، بۇ توغرىلىق دادام كۆپ خاپا بولۇپ يۈرگەن. بىز ئېسىمىزنى بىلگەن چاغلاردا دادام 12 مۇقام يوقاپ كېتىدىغان بولدى' دەپ بەك ئۆكۈنۈپ يۈرەتتى. 1952 - يىلى ئاكام سېيىتخان ئىلى تىببىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ يەكەنگە باردى. ئاكام يەكەندە تۇردى ئاخۇن ئاكا بىلەن تونۇشۇپ قېلىپ، دادامغا يەكەندە 12 مۇقامنى بىلىدىغان ئادەم بار ئىكەن، دەپ خۇش خەۋەر ئېيتىپ خەت ۋە رەسىم ئەۋەتكەن. ھازىر 12 مۇقام كىتابىغا چىقىرىلغان تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ رەسىمى ئەنە شۇ ئاكام سېيىتخان تارتىپ، دادامغا خۇش خەۋەر ھېسابىدا ئەۋەتكەن رەسىم (بۇ رەسىم مەندىمۇ بار، مېنىڭچە، ئۇ تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ ھازىر ساقلىنىپ قالغان بىردىنبىر رەسىمى بولسا كېرەك دەپ قارايمەن). يەنە بىر ئىش، كارۇشاڭ ئاخۇنۇم ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ساتارىنى دادام گۆرۈخانىدىن سېتىۋېلىپ ساقلىغان. كېيىن ئىلىدا ‹سانايى نەفسە› قۇرۇلغان چاغدا، شۇلارغا تەقدىم قىلغان. ئەپسۇسكى بۇ ساتار يوقىلىپ كېتىپتۇ».

دېمەك، يولداش خوجىخاننىڭ ئەسلىمىسىدىن بىز پاشاغوجامنىڭ ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئەتراپلىق يېتىلگەن، يېڭىلىققا ئىنتىلىدىغان، سەنئەتكارلارنى دوست تۇتىدىغان، قەدىرلەيدىغان، مەرىپەتپەرۋەر كىشى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. پاشاغوجام يەنە ئۇستا خەتتات ھەم بىرنەچچە «باياز» نىڭ تۈزگۈچىسى ئىدى.

يېقىندا مەن ئالمۇتىدا تۇرۇشلۇق ژۇرنالىست تۇرسۇن قاھارنىڭ «بىر باياز ۋە ئۇنىڭ تۈزگۈچىسى» دېگەن ماقالىسىنى كۆرۈپ قالدىم. بۇ ماقالە مېنىڭ ئەسلىمەم بىلەن خېلى ئوخشاپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن، تەكرار بولۇپ قالماسلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، تۇرسۇن قاھارنىڭ «بىر باياز ۋە ئۇنىڭ تۈزگۈچىسى» دېگەن ماقالىسىنى قوشۇمچە قىلىپ ئەينەن بېرىشنى لايىق تاپتىم:

**«بىر باياز ۋە ئۇنىڭ تۈزگۈچىسى»**

«ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا بايازچىلىق قەدىمكى دەۋردىن باشلاپ مەيدانغا كەلگەنلىكى مەلۇم. باياز بىرقانچە شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىن تۈزۈلگەن شېئىرىي توپلام دېگەن چۈشەنچىنى بېرىدۇ، بايازنى شائىرلار ياكى شېئىر ئىشقىۋازلىرى تۈزۈشى مۇمكىن. بەزەن ۋاقىتلاردا كاتىپ ۋە ئۇستا خەتتاتلار بىر شائىرنىڭ ۋە بىرقانچە شائىرنىڭ شېئىرلىرىنى توپلاپ كۆچۈرۈپ، شېئىرىي توپلام ھالىغا كەلتۈرىدۇ، باياز ـ مەجمۇئە، ئانتالوگىيە، دىۋانلاردىن پەرق قىلىدۇ. باياز تۈزۈش شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. ئۇ ئۇيغۇر، تاجىك، ئەزەربەيجان، ئۆزبېك، تۈرك، ئىران ۋە ئەرەب خەلقلىرى ئەدەبىياتىدىمۇ راۋاجلانغان. باياز ئۆز دەۋرىدە بەدىئىي ئەدەبىياتنى تەشۋىق قىلىشتا خېلى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان. بايازچىلىق ئوتتۇرا ئاسىيادا X — XV ئەسىرلەردە ۋۇجۇدقا كېلىپ، بارا - بارا تەرەققىي قىلغان. XVI ئەسىرلەرگە كەلگەندە ئاساسەن مەشھۇر شائىرلارنىڭ غەزەللىرىدىن تەركىب تاپتى. XVIII ، XIX ئەسىرلەرگە كەلگەندە، كۆپلىگەن شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىن توپلىنىپ تۈزۈلىدىغان بولدى.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىمۇ باياز تۈزۈش خېلى ئەنئەنىگە ئايلانغان. باياز تۈزۈش كاتىپ ۋە ئۇستا خەتتاتتىن بەدىئىي سەۋىيە، سەنئەتنى تەلەپ قىلىدۇ. بايازنىڭ مۇقاۋىسىنىڭ ياسىلىشى ۋە بېتىلىرىنىڭ زىننەتلىنىشى بايازغا قويۇلىدىغان شەرتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭنىڭ قەشقەر، يەكەن، خوتەن، تۇرپان ۋە باشقا شەھەرلىرىدە ئاساسەن قولىيازما شەكلىدە باياز تۈزۈش خېلى كەڭ ئورۇن ئالغان. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىپ ئۆگىنىشتە بايازچىلىق ئاساسىي مەنبەلەرنىڭ بىرى بولىدۇ. بايازچىلىق كلاسسىك شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتىنى ئۆگىنىشتە ھەرخىل ناملار بىلەن خەلق ئىچىگە تارقالغان. مەسىلەن: ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرلىرىنىڭ بايازلىرىدىن ‹باياز زەلىلى›، ‹باياز گۈلشەن›، ‹باياز نازىم› ۋە باشقىلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

XIX ، XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بايازچىلىق غۇلجا شەھىرىدىمۇ بىر ئاز شەكىللەندى. فۇزۇلى، ھۇۋەيدا، مەشرەپ بايازلىرى بىلەن بىرگە ‹باياز نىزامى› (نىزامىدىن ئاخۇنۇم) بايازلىرى

كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئەنە شۇنداق بايازلارنىڭ بىرى مىلادى 1925 - يىلى (ھىجىرىيە 1343 - يىلى) دا ئۇستا خەتتات پاشاغوجام ھاكىم بېك ئوغلى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرلىرىدىن ئەمىرى، خوجاجاھان، گۈلشەن، ئۆزبېك شائىرلىرى پۇرقەت، مۇقىمى ۋە باشقا ئازكەم 10 شائىرنىڭ 27 چە غەزەل، مۇخەممەس، مۇسەددەسلىرى كىرگۈزۈلگەن. بۇ بایاز 34 بەتلىك بولۇپ، 20 - بەتتىن باشلىنىپ، ئاخىرى تامامىلانماي ۋاراقلىرى بوش قالدۇرۇلغان. بۇنىڭغا قارىغاندا تۈزگۈچىنىڭ بۇ بايازغا يەنە بىرقانچە شائىرلار شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەرنى كىرگۈزمەكچى بولغانلىقى مەلۇم.

مەن مەزكۇر بايازنى تۈزگۈچى پاشا غوجامنىڭ ئوغلى سېيىتخان بىلەن يېقىن زاماندىش بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئاتىسىنى ياخشى بىلىمەن. ئاتىسى بىلەن بىرقانچە قېتىم سۆھبەتتە بولغان. ئۇ غۇلجا شەھىرىدىكى پېشقەدەم مويسىپىتلارنىڭ بىرى. ئۇ خەتتات، رەسسام، تارىخچى، ناخشىچى (ئىلى خەلق ناخشىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تارىخىنى بىلىدۇ)، فولكلورچى (ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتىنى بىلىدۇ)، مانا مۇشۇ خىسلەتلىرى بىلەن ئۇ ئىلى تەۋەسىدە مەشھۇر بولۇپ كەلگەن. ئۇ بىلىمدان بولۇش بىلەن تەڭ ئۆز دەۋرىدە ئىلى تەۋەسىدە ئۆتكەن ۋاڭ، گۇڭ ۋە غوجىلار تارىخىنى، ئۆز ئەجدادىنىڭ نەسەبىنى ئوبدان بىلىدۇ، ئۇ مۇشۇلار توغرىسىدىكى يازما خاتىرىسىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇپ كەتكەن.

50 - يىللىرى بولسا كېرەك ئېھتىمالىم، پاشاغوجام ماڭا مەزكۇر بايازنى تەقدىم قىلغاندىن كېيىن، باشقا يەنە قانداق قولىيازما، بايازلارنى پۈتكەنلىكىنى سورىدىم. پاشا غوجام ناھايىتى كەمتەرلىك بىلەن موللا بىلال نازىم، نىزامىدىن ئاخۇنۇم، ناسۇھا داموللام ۋە قول خوجائەخمەتلەرنىڭ نەزمىلىرىدىن بایاز تۈزگەنلىكىنى، غۇلجىدا ئۆتكەن قىزىقچى ئىمىرخان غوجىنىڭ لەتىپىلىرىدىن نۇسخا كۆچۈرگەنلىكىنى ۋە ئۇلاردىن بەزىلىرىنى ئابدۇلموتائالى خەلپەمگە تەقدىم قىلغانلىقىنى ئېيتتى.

پاشاغوجام خۇشخەت يازغۇچى، كاتىپ، ئۇستا خەتتات، نەققاش ۋە رەسسام ئىدى. مەسىلەن: 1936 - يىلى غۇلجا «ياردەم مەكتەپ» بىناسىنىڭ ۋىۋىسكىسىدىكى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ۋە رۇسچە ھۆسنىخەتلەرنى پاشاغوجام يازغان، ئۇ تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى سىزىشقا بەك زوقلىناتتى، خۇسۇسەن تۈرلۈك گۈللەرنى رەڭلىك قىلىپ سىزىشتا ماھارەتلىك ئىدى. ئۇنىڭ رەڭلىك قېرىنداشتا سىزغان «بىر تۇپ قىزىل گۈل» ناملىق رەسىمى ئۇنىڭ ھەقىقىي سەنئەتكار ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇ ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتىنى پۇختا بىلەتتى. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى، ماقال - تەمسىللىرى ۋە بېيىتلىرىنى نەچچە يۈز قېتىملاپ يادقا ئوقۇيتتى. مەسىلەن: 1948 - يىلى تاشكەنتتىكى «شەرق ھەقىقىتى» نەشرىياتى تەرىپىدىن بېسىلغان «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى» دېگەن توپلامنى كۆرۈپ چىقىپ، ئۇنىڭغا كىرگۈزۈلمەي قالغان 50 نەچچە كۇبلېت قوشاقنى قوشقان ۋە ئۇنىڭ بەزىلىرىگە كۆپ تۈزىتىش كىرگۈزگەن. ئۇنىڭ ئارخىپىدا ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئۆز خۇش خېتى بىلەن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلىرى ساقلانغان. ئىلى خەلق ناخشىلىرى ئۈستىدە سۆز بولسا، ئۇ ئالدى بىلەن شۇ ناخشىلارنىڭ پەيدا بولۇش تارىخىنى سۆزلەپ بېرەتتى. ئاتاقلىق ئەلنەغمىچى زىكرى ئەلپەتتا پاشا غوجىنىڭ سەنئەت، تارىخ ۋە ئەدەبىياتتا كۆپ بىلىمگە ئىگە ئىكەنلىكىگە قايىل بولۇپ: «... پاشاغوجا ۋە شۇ ئادەملەر (سەنئەتچىلەر) بىلەن تونۇشۇپ، ئۇيغۇر ساز - ناخشا سەنئىتى، ئۇيغۇر تارىخى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە كۆپ ئەھۋاللارنى ئاڭلاپ، ئۇلاردىن كۆپ نەپ ئالدىم» دەيدۇ. ئەپسۇسكى پاشاغوجامنىڭ قولىدىكى ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتىغا تېگىشلىك نادىر ماتېرىياللارنى ئۆز ۋاقتىدا مەتبۇئات يۈزىدە ئېلان قىلدۇرالمىدۇق.

1956 - يىلى مەن پاشاغوجامدىن ئۆزلىرى تۈرۈۋاتقان «گۈلشەنباغ» ھەققىدە سوراپ قالدىم. ئۇ ماڭا ئىلى تارىخى توغرىسىدا بىرئاز مەلۇمات بېرىپ مۇنداق دېدى: — غۇلجا شەھىرىدە ئۆز زامانىسىدىن تارتىپ 5 باغ بولغانىكەن، تۈرپاندا ئۆتكەن ئىمىن

(ئاخىرى 13 - بەتتە)

# كۇچانىڭ ساپالچىلىق ھۈنەر - سەنئىتى

سادىق ھەسەن

(كۇچا ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنىدىن)

كۇچا تەڭرىتاغ تىزمىسىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. ئارخېئولوگىيىلىك ئىسپاتلاردىن قارىغاندا، ئىنسانلار تاش قورال دەۋرىدىن تارتىپلا كۇچادا ئولتۇراقلىشىپ، كۇچا بوستانلىقىنى بەرپا قىلغان. ئۆگەن دەرياسى، كۇچا دەرياسى ۋە لايسۇ دەرياسى كۇچانىڭ غەرب، شەرق ۋە ئوتتۇرا قىسىملىرىدىن، تارىم دەرياسى ئاياغ تەرىپىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ، كۇچا بوستانلىقىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ. بولۇپمۇ ياز كۈنلىرى ئۆگەن دەرياسى بىلەن كۇچا دەرياسىغا كەلگەن قىيان تاغ جىنسلىرىنى ئېقىتىپ كېلىپ، دەريا بويلىرىدا ھېسابسىز كۆپ سېغىزلاي ھاسىل قىلىپ، ساپالچىلىق ھۈنەر - سەنئىتىنى مۇھىم خام ئەشيا بىلەن تەمىنلەيدۇ. مۇشۇنداق ئەۋزەل شارائىت بولغاچقا، كۇچانىڭ ساپالچىلىق ھۈنەر - سەنئىتى قەدىمدىن تارتىپ تەرەققىي قىلغان. بۈگۈنكى كۈندىمۇ ساپال بۇيۇملار كىشىلىك تۇرمۇشتا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ، سودا - سانائەت جەھەتتە ئالماشتۇرۇش قىممىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

كۇچا تەۋەسىدە ساقلىنىۋاتقان مىڭئۆيلەردىكى تام رەسىملىرى ۋە يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان ساپال بۇيۇملاردىن، كۇچا ساپالچىلىقىنىڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى، ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ. كۇچادىكى مىڭئۆي تام رەسىملىرىدىكى ساپال ئۇرىق ۋە ساپال چىراغلارنى كۆتۈرۈپ تۇرغان بۇددا مۇخلىسلىرىنىڭ كۆرۈنۈشلىرى ئاجايىپ سېھرىي كۈچى بىلەن كىشىنى مەھلىيا قىلىدۇ، يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان ساپال بۇيۇملار ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ نەپىسلىكى، شەكىل قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، تۈر - خىللىرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

تۆۋەندە ساپالدىن ياسالغان، ھازىر كۇچا ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنىدا ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم ساپال يادىكارلىقلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

### 1. بۇددا ھەيكەللىرى

بۇددا دىنى قەدىمكى ھىندىستاندا پەيدا بولۇپ، تەخمىنەن مىلادىيەدىن 1 ئەسىر بۇرۇن كۇچاغا تارقالغان. مىلادىيەنىڭ I، II ئەسىرلىرىدىن كېيىن زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ، كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ ئاساسلىق ئېتىقادىغا ئايلانغان. بۇددا دىنىنىڭ مۇخلىسلىرى پانىي دۇنيا مەئىشەتلىرىنى تەرك ئېتىپ، شەھەر - بازارلاردىن يىراق بولغان چەت خىلۋەت جايلارغا بېرىپ ئىستىقامەت قىلغان، دۇئا - تىلاۋەت ئورۇنلىرىدا بۇددانىڭ ھەيكىلىنى ئورنىتىپ بۇتقا چوقۇنۇپ، تەڭرىگە بولغان ساداقىتىنى ۋە سېغىنىشىنى ئىپادىلىگەن. بۇددا دىنى خارابلىشىپ، كۇچادىكى تەسىرىنى تامامەن يوقاتقاندىن كېيىن، بۇددا مۇرىتلىرى ياسىغان بۇ ھەيكەللەر ئۇلارنىڭ ئىستىقامەت ئورۇنلىرىدا،



ئاساسلىقى، مىڭئۆيلەردە ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن: كۇچادىكى قۇمتۇرا مىڭئۆيىنىڭ 67 ـ، 68 ـ، 69 ـ غارلىرىدا مۇشۇنداق ھەيكەللەر ساقلىنىپ قالغان، بۇ ھەيكەللەرنىڭ ئېگىزلىكى 3.50 مېتىر كېلىدۇ.

1984 ـ يىل 9 ـ ئايدا كۇچا ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىناسىنى سېلىش ئۈچۈن ئۇل قېزىۋاتقاندا، بۇ يەردىن سېغىزلايدىن ياساپ پىشۇرۇلغان، ئۇڭ مۈرىسىگە تاسما باغلىغان، ساقاللىق، بېشىدىكى رومالنىڭ ئۈچىنى بېلىگە باغلىۋالغان، باش قىسمىدا نۇر چەمبىرىكى بار بىر بۇت ھەيكىلى چىققان. بۇ ھەيكەلنىڭ ئېگىزلىكى 9 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 5 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 2.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ.

1983 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى كۇچا ناھىيىسىنىڭ ياقا يېزا مازارباغ كەنتى 1 ـ ئاھالىلەر گۇرۇپپىسىغا جايلاشقان، ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى «ئاچچىق ھېلەك قەدىمكى ئىزى» دىن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ـ باشقۇرۇش ئورنىنىڭ خادىملىرى ئۆرە تۇرۇپ نەي چېلىۋاتقان بىر بۇت ھەيكىلىنى قېزىۋالغان. بۇ ھەيكەلنىڭ باش ۋە ئاياغ قىسمى چېقىلىپ كەتكەن، ئۇنىڭ ھازىر ساقلىنىپ قالغان قىسمى 9cm×4.5cm×2cm كېلىدۇ. بۇددا ھەيكەللىرىنىڭ كۆپىنچىسى سېغىزلايدىن ياسىلىپ خۇمداندا پىشۇرۇلغان. ھەيكەلتىراشلىق تېخنىكىسى جەھەتتىن يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. كۇچادىكى بۇددا ھەيكەللىرىنىڭ كۆپ قىسمى تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئۆزگىرىش ۋە ياخشى مۇھاپىزەت قىلماسلىق تۈپەيلىدىن بۇزۇلۇپ كەتكەن، يەنە بىر قىسمىنى X Ⅷ، X Ⅸ ئەسىرلەردە چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى مىڭئۆي تام رەسىملىرى بىلەن بىللە ئوغرىلاپ كەتكەن. ھازىر ساقلىنىپ قالغانلىرى ناھايىتى ئاز بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت.

## 2. ھەيكەل ياساش، قۇيۇش قېلىپى

بۇددا ھەيكەلتىراشلىرى ۋە كۇلالچى ئۇستىلار كىشىلەرنىڭ بۇت ياساش ـ قۇيۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، خىلمۇ خىل شەكىلدىكى ساپال قېلىپلارنى كەشىپ قىلغان. 1978 ـ يىلى ياقا يېزا كىرىش كەنتىدىن بۇت ھەيكىلىنىڭ بېشىنى قۇيىدىغان بىر قېلىپ قېزىۋېلىندى. بۇ قېلىپ يۇمىلاق شەكىللىك بولۇپ، دىئامېتىرى 10 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 1 سانتىمېتىر كېلىدۇ.

## 3. چاپلاش، بېزەش ئۈچۈن ياسالغان قاپارتما ۋە ئويما بۇت تاختىلىرى

بۇددا ھەيكەلتىراشلىرى ۋە كۇلالچى ئۇستىلار ئىستىقامەت ئورۇنلىرى ۋە ئوردا ـ ساراي تاملىرىنى بېزەش ـ زىننەتلەش ئۈچۈن تامغا چاپلايدىغان قاپارتما ۋە ئويما بۇت تاختىلىرىنى ياسىغان. بۇ خىلدىكى بۇت تاختىسىدىن بىر قانچە پارچىسى بار، بۇنىڭ ئىچىدە 1985 ـ يىلى كۇچا ناھىيىسى خانىقاتام يېزىسىنىڭ تەخمىنەن 12 كىلومېتىر ئايىغىدىكى «چوڭ شەھەر قەدىمكى ئىزى» ئەتراپىدىن تېپىلغان بۇت تاختىسى ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇ يىلى ئەتىيازدا خانىقاتام يېزىسىدىكى «چوڭ شەھەر قەدىمكى ئىزى» خارابىلىكىنىڭ تەخمىنەن 400 مېتىر يۇقىرى تەرىپىدىن دېھقانلار زەيكەش چېپىش جەريانىدا قاپارتما قىلىپ ئىشلەنگەن بىر دانە خىش تېپىۋېلىپ ساقلاپ قويغان. يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى تاھىر قۇربان بۇ ئەھۋالنى ۋاقتىدا ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ـ باشقۇرۇش ئورنىنىڭ سابىق باشلىقى يولداش مەھەممەت داۋۇتقا مەلۇم قىلغان. مەھەممەت داۋۇت 1985 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ـ باشقۇرۇش ئورنىدىكى كەسپىي خادىملارنى باشلاپ يېڭىيەر كەنتىگە بېرىپ، قاپارتما بۇت رەسىمى چۈشۈرۈلگەن خىش تاختىنى تاپشۇرۇۋالغان ھەمدە شۇ يەردىلا تەكشۈرگەن. خىش تاختىغا چۈشۈرۈلگەن قاپارتما بۇت رەسىمى يالاڭباش، ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتىۋاتقان ھالەتتە بولۇپ، ئۇنىڭ قىياپىتىدىن نەق ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ رەسىمى ئىكەنلىكىنى، بۇ مەزگىلدە بۇددا مەدەنىيىتى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ زىچ بىرىكىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

## 4. جەسەت كۆلى كومزىكى

بۇددا دىنىغا ئائىت تەتقىقات ماتېرىياللىرىدىن

قارىغاندا، بۇددا دىنىدا بۇددا مۇخلىسلىرىدىن ئەۋلىيالىق دەرىجىسىگە يەتكەنلەر ۋاپات بولسا، جەسەتنى كۆيدۈرۈپ كۈلىنى ساقلاش ئادىتى بولغان. شۇ سەۋەبتىن جەسەت كۈلى كومزىكى ئىختىرا قىلىنغان. كۇچا ناھىيىسىدىن تېپىلغان جەسەت كۈلى كومزىكىنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ، بۇ يەردە بىرنەچچە خىلىنىلا تونۇشتۇرىمىز.

1978 - يىل 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ناھىيە بازىرىنىڭ 20 كىلومېتىر شىمالىدىكى دۆلەت تەرىپىدىن نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى «سۇ بېشى قەدىمكى ئىزى» دىن 1 دانە ساپال كومزەك قېزىۋېلىندى. بۇ كومزەك جەسەت كۈلى ساقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن، كومزەكنىڭ قورساق قىسمىدا خۇددى كىندىككە ئوخشايدىغان مۇنەك بار. كومزەكنىڭ ئېگىزلىكى 10 سانتىمېتىر، ئېغىزىنىڭ دىئامېتىرى 4.3 سانتىمېتىر، تۈۋىنىڭ دىئامېتىرى 4.2 سانتىمېتىر، قورساق ئايلانمىسى 8 سانتىمېتىر كېلىدۇ.

1979 - يىل 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى خانىقا تام يېزا تەۋەسىدىكى «ئاقشەھەر قەدىمكى ئىزى» خارابىلىكىدىن جەسەت كۈلى ساقلايدىغان 1 دانە كىچىك كومزەك قېزىۋېلىندى. بۇ كومزەك كۆركەم، نەپىس ئىشلەنگەن، كومزەكنىڭ ئېگىزلىكى 6 سانتىمېتىر، ئېغىزىنىڭ دىئامېتىرى 2 سانتىمېتىر، تۈۋىنىڭ دىئامېتىرى 3 سانتىمېتىر، قورساق ئايلانمىسى 6.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ.

1984 - يىل 9 - ئايدا كۇچا ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىناسىنىڭ ئۇلىنى قېزىش جەريانىدا، جەسەت كۈلى ساقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن، ئويما نەقىشلىك ئىنتايىن كىچىك 1 كومزەك تېپىلدى، كومزەك قورسىقىنىڭ 3 تەرىپىگە كىندىك چىقىرىلغان. كومزەكنىڭ ئېگىزلىكى 3.8 سانتىمېتىر، قورساق ئايلانمىسى 3.5 سانتىمېتىر، ئېغىزىنىڭ دىئامېتىرى 1.2 سانتىمېتىر، تۈۋىنىڭ دىئامېتىرى 1.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ.

### 5. جەسەت كۈلى كورىسى

1978 - يىل 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى «سۇ بېشى قەدىمكى شەھىرى ئىزى» نىڭ غەربىي تەرىپىدىكى بۇددا مۇنارىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن بىر قەدىمكى قەبرە قېزىلدى. قەبرە ئىچىدىن ساندۇق (ئۆلۈك ساندۇقى) ئىچىگە قويۇلغان، جەسەت بىلەن بىللە كۆمۈلگەن، ئىچىگە جەسەت كۈلى قاچىلانغان، نەپىس ئىشلەنگەن 1 دانە كورا تېپىلدى. كورىنىڭ ئېگىزلىكى 37.5 سانتىمېتىر، ئېغىزىنىڭ دىئامېتىرى 16 سانتىمېتىر، قورساق دىئامېتىرى 34 سانتىمېتىر، تۈۋىنىڭ دىئامېتىرى 16 سانتىمېتىر كېلىدۇ.

### 6. پۇل قۇيۇش قېلىپى

قەدىمكى كۇچانىڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى خېلىلا راۋاجلانغان، بىرقانچە يىلدىن بېرى قېزىۋېلىنغان پۇل نۇسخىلىرى نەچچە 10 خىلدىن ئاشىدۇ. بولۇپمۇ كۇچا ناھىيىسى تارىم يېزىسىنىڭ 11 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان، ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى «تاڭ ۋاڭ قەدىمكى شەھىرى ئىزى» دىن سېغىز لايدىن نېپىز قىلىپ ياسالغان تاختاي شەكىللىك پۇل قۇيۇش قېلىپىدىن بىرنەچچىسى تېپىلدى. بۇ قېلىپنىڭ قېلىنلىقى 5 مىللىمېتىر كېلىدۇ. بۇ قېلىپنى 1989 - يىل 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنىدىكى كەسپىي خادىملار تەكشۈرۈش جەريانىدا بايقىغان.

### 7. ساپال ئىۋرىق

ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ ئىۋرىق بىلەن يۈزى ۋە قول - پۇتلىرىنى يۇيۇپ ئادەتلەنگەن. بۇ ئادەت مىڭئۆي تام رەسىملىرىدە روشەن ئىپادىلەنگەن. قۇمتۇرا مىڭئۆيىنىڭ يېڭى قېزىلغان 2 - غارىدىكى (1978 - يىلى قېزىلغان) تام رەسىمىدىكى بۇددا مۇخلىسى كۆتۈرۈۋالغان ئىنتايىن نەپىس ئىشلەنگەن ساپال ئىۋرىق بۇ نۇقتىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

### 8. ساپال جام

1980 - يىل 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى كۇچا ناھىيىسىنىڭ كوناشەھەر دۆڭمەھەللىدىكى يار تۈۋىدىن بىر قۇلاقلىق 1 دانە ساپال جام

قېزىۋېلىندى. جامنىڭ ئېگىزلىكى 10.5 سانتىمېتىر، قورساق دىئامېتىرى 5.8 سانتىمېتىر، ئېغىزىنىڭ دىئامېتىرى 5 سانتىمېتىر، تۈۋىنىڭ دىئامېتىرى 4 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بۇ ساپال بۇيۇمنىڭ ھازىرقى ھالىتىدىن ئۇنىڭ مەخسۇس شاراپ ئىچىش بۇيۇمى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

### 9. ساپال كورا

ئۇيغۇرلار قەدىمكى زاماندىلا ساپالدىن ئىشلەنگەن كورىلاردا ئاشلىق، تاماق، مۈچ، ئاچچىقسۇ، ھەتتا زىبۇ - زىننەت بۇيۇمى قاتارلىقلارنى ساقلىغان.

1977 - يىلى كۇچا ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى 3 - ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ تەخمىنەن 1.5 كىلومېتىر جەنۇبىدىكى ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى «سەكسەنتام قەدىمكى شەھىرى ئىزى» دىن نەقىشلىك، بىر قۇلاقلىق 1 دانە ساپال كورا قېزىۋېلىندى. بۇ كورىنىڭ ئېگىزلىكى 17.5 سانتىمېتىر، قورساق قىسمىنىڭ دىئامېتىرى 11.5 سانتىمېتىر، ئېغىزىنىڭ دىئامېتىرى 6.5 سانتىمېتىر، تۈۋىنىڭ دىئامېتىرى 6 سانتىمېتىر كېلىدۇ.

1984 - يىل 4 - ئايدا كۇچا ناھىيىسىنىڭ ئىشخىلا يېزا مازا پوتان كەنتىدىن بىر جۈپ ئەر - ئايالنىڭ جەسىتى (بىللە دەپنە قىلىنغان) قېزىۋېلىندى. جەسەت قويۇلغان لەھەت ئىچىدىن 2 قۇلاقلىق 1 دانە ساپال كورا ھەمدە ئۈنچە - مارجان قاچىلانغان يەنە 1 دانە كىچىك كومزەك تېپىلدى. كورا ئىنتايىن نەپىس ئىشلەنگەن، كورىنىڭ ئېگىزلىكى 17 سانتىمېتىر، قورساق قىسمىنىڭ دىئامېتىرى 21 سانتىمېتىر، ئېغىزىنىڭ دىئامېتىرى 14 سانتىمېتىر كېلىدۇ.

1980 - يىل 5 - ئايدا كۇچا ناھىيىسىنىڭ كوناشەھەر دۆڭمەھەللىدىن 3 قۇلاقلىق 1 دانە ساپال كورا قېزىۋېلىندى. كورىغا ھاۋارەڭ رەڭ بېرىلگەن. كورىنىڭ ئېغىزى كەڭ، بويىنى كىچىك، ئېگىزلىكى 14.30 سانتىمېتىر، ئېغىزىنىڭ دىئامېتىرى 8 سانتىمېتىر، تۈۋىنىڭ دىئامېتىرى 5.6 سانتىمېتىر، قورساق قىسمىنىڭ دىئامېتىرى 11.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ.

### 10. ساپال قاچا - قۇچىلار

ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ ساپالدىن ياسالغان تاۋاق، كاسسا، ئاياق، چۆچەك، تەخسە قاتارلىق قاچا - قۇچىلاردا تاماق يەپ كەلگەن.

تاۋاق - تاشقى شەكلى ياپىلاقراق، تېيىزراق بولىدۇ.

كاسسا - تەكشى كەڭرەك، چۆرىسى تىكرەك. تاۋاقتىن چوڭراق بولىدۇ.

ئاياق - چوڭقۇرراق تەخسىگە ئوخشاپ كېتىدىغان چوڭ قاچا.

تەخسە - ئادەتتىكى تەخسىدەك ياپپاڭ بولىدۇ.

چۆچەك - شەكلى پىيالىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، چوڭقۇرراق بولىدۇ.

كۇچا ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش ئورنى ھەرقايسى قەدىمكى ئىزلاردىن بۇ خىل ساپال بۇيۇملارنى تېپىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ شەكلى ھازىرقى زامان ساپال قاچا - قۇچىلارغا ئاساسەن ئوخشاش، تۈرى كۆپ بولغاچقا، ئايرىم تونۇشتۇرۇلمىدى.

### 11. ساپال چەينەك

1985 - يىل 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى كوناشەھەر دۆڭمەھەللىدىكى يار قىرغىقىدىن 1 دانە ساپال چەينەك قېزىۋېلىندى. چەينەكنىڭ 1 تەرىپىگە تۇتقۇچ، يەنە 1 تەرىپىگە چىرايلىق ئەگمە جوغا چىقىرىلغان، چەينەكنىڭ ئېگىزلىكى 16.3 سانتىمېتىر، ئېغىزىنىڭ دىئامېتىرى 7.8 سانتىمېتىر، تۈۋىنىڭ دىئامېتىرى 6 سانتىمېتىر، قورساق دىئامېتىرى 20 سانتىمېتىر كېلىدۇ.

### 12. ساپال چىراغ

كۇچا قۇمتۇرا مىڭئۆيىنىڭ 38 - نومۇرلۇق غارىغا ساپال چىراغ كۆتۈرۈۋالغان بۇددا مۇخلىسىنىڭ رەسىمى سىزىلغان. بۇنىڭدىن قەدىمكى كۇچادا ساپال چىراغ ئىشلىتىلگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

### 13. ساپال قۇتا

1983 - يىل 5 - ئايدا كۇچا ناھىيىلىك سۇ

ئېلېكتر ئىدارىسى قۇدۇق قېزىش ئەترىتىدىن ھىممىت ئىمىن ناھىيىگە قاراشلىق بېھىشباش يېزا چىنەباغ كەنتىدە قۇدۇق قېزىۋېتىپ، 10 نەچچە مېتىر چوڭقۇرلۇقتىن ئەرلەرنىڭ باشمالتاق قولىغا تەڭ كەلگىدەك ساپالدىن ياسالغان كىچىك 1 قۇتىنى تېپىۋالغان. قۇتا چاسا شەكىللىك، ناھايىتى كۆركەم بولۇپ، ئەينى زاماندا نېمە ئىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەنلىكى ئېنىق ئەمەس.

**14. ساپال كاھىش**

1975 - يىلى سۇ بېشى قەدىمكى شەھىرى خارابىلىكىدىن 1 دانە قاپارتما نەقىشلىك كاھىش تېپىلدى. بۇ كاھىشنىڭ ئەينى چاغلاردا بىناكارلىقتا زىننەتلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا كۇچادىكى مەشھۇر ئىسلام دىنى بىناكارلىقىغا مەنسۇپ بولغان، ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى «مەۋلانە ئەرشىدىن مازىرى» نىڭ مەسچىت پەشتاقلىرى ۋە قەبرە سۇمەلىرىگىمۇ ساپالدىن ياسالغان نەقىشلىك كاھىشلار قويۇلغان. كۇچانىڭ بىناكارلىق ساھەسىدە ئىشلىتىلگەن ھەرخىل نەقىشلىك كاھىش نۇسخىلىرىنى قۇمتۇرا مىڭئۆيى، سىم - سىم مىڭئۆيى، مازارباغ مىڭئۆيى، قىزىلقاغا مىڭئۆيى قاتارلىقلاردىنمۇ ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

**15. ساپال كوزا (ئىدىش)**

ئۇيغۇرلار قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ ئاشلىق، سۇ، مەي - شاراپ قاتارلىقلارنى كوزا - ئىدىشلاردا ساقلاپ كەلگەن. كۇچانىڭ كوزا - ئىدىش ياساش تېخنىكىسى قەدىمكى زامانلاردىلا زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان.

1975 - يىلى ئەتىيازدا كۇچا «قۇمتۇرا قەدىمكى ئىزى» دىن بىر ساپال كوزا تېپىلدى. كوزا ئىچىدىن خېلى كۆپ مىقداردا بۇغداي دېنى چىقتى. كوزىنىڭ ئېگىزلىكى 110 سانتىمېتىر، قورساق قىسمىنىڭ دىئامېتىرى 90 سانتىمېتىر، ئېغىزىنىڭ دىئامېتىرى 40 سانتىمېتىر، تۈۋىنىڭ دىئامېتىرى 50 سانتىمېتىر، كوزا لېۋىنىڭ قېلىنلىقى 2 سانتىمېتىر كېلىدۇ.

كۇچادىن تېپىلغان ساپال بۇيۇملار، ئاساسەن، قول بىلەن ياسالغان. ياساش جەھەتتە قىرىپ ياساش ۋە سىلىقلاش ئاساس قىلىنغان. بۇ ساپال بۇيۇملارنىڭ كۆپىنچىسىگە ناھايىتى نەپىس يول - سىزىقلار ۋە خىلمۇ - خىل نەقىشلەر چىقىرىلغان. ئاق، قىزىل، كۆك، ھاۋارەڭ قاتارلىق ھەرخىل رەڭ بېرىلگەن، بۇ بۇيۇملار بىردەك ئوتتۇن قالىنىدىغان خۇمداندا پىشۇرۇلغان. بۇ ساپال بۇيۇملارنىڭ خېلى يۇقىرى تەتقىقات قىممىتى بار بولسىمۇ، لېكىن ھازىرغىچە تولۇق ۋە چوڭقۇر تەتقىق قىلىنماي كەلدى. كۇچا ئۇيغۇرلىرى قەدىمكى ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، ساپال بۇيۇملارنى ياساپ، بازار سودىسىغا قاتناشتۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، مىللىي سانائەتنى ۋە يەرلىك سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۆز تۆھپىسىنى قوشۇپ كەلمەكتە.

مەن كۇچانىڭ نۆۋەتتىكى ساپالچىلىق تەرەققىياتىنى چۈشىنىش مەقسىتىدە كۇچا ناھىيىسىنىڭ كوناشەھەردىكى ساپال بۇيۇملار سودىسى قىلىۋاتقان كۇلالچى ئۇستىلارنى ھەم بۇ ناھىيىدىكى ئۇچا يېزا خانلىقئېرىق كەنتىگە بېرىپ، شۇ يەردىكى ھېكىم زاكىر، تۇرسۇن ھەسەن قاتارلىق كۇلالچى ئۇستاملارنى زىيارەت قىلدىم ۋە ئۇلارنىڭ ئەمەلىي مەشغۇلاتىنى كۆردۈم. كوزا ياسىغۇچى ئۇستاملار بىلەن تاۋاق ياسىغۇچى ئۇستاملارنىڭ مەشغۇلات تەرتىپىدە بىر مۇنچە پەرقلەر بار ئىكەن. تۆۋەندە بۇلارنى ئايرىم - ئايرىم تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

كوزىچىلار قىزىل سېغىزنىڭ ياخشىسىنى تاللاپ، سېغىزنى سوقۇپ يۇمشىتىپ، مۇۋاپىق مىقداردا سۇ ئارىلاشتۇرۇپ لاي تەييارلايدۇ. لايغا مۇۋاپىق مىقداردا توزغاق ۋە يېرىك قۇم ئارىلاشتۇرۇپ، ئاندىن چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان قېلىپلارغا چەمبەر سالىدۇ. چەمبەرنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە سېغىز لايغا يېپىشتۇرۇپ، كوۋا بىلەن لايىنى قېلىپ ئۈستىگە چىڭداپ ئۇرىدۇ. لاي چوقۇم قېلىپ ئۈستىگە تەكشى يېپىشقان ھەم

نىپىز - قىلىنلىقى ئوخشاش تەكشەلگەن بولۇشى كېرەك. ئاندىن كېيىن سىغىزلاي قول بىلەن پىلتە قىلىنىپ، ئۈستىدىكى لايىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە يېپىشتۇرۇلۇپ كوزىنىڭ چەپچىكى چىقىرىلىدۇ، قىلىپ ئۈستىدىكى كوزىنىڭ لېيى ئەكچىگەندىن كېيىن قېلىپتىن ئېلىنىدۇ، ئاندىن ئوخشاش ئۆلچەمدىكى قېلىپلاردا قۇيۇلغان يېرىم ھالەتتىكى كوزا بىر - بىرىگە كۆمتۈرۈلىدۇ. ئۈستى تەرەپنىڭ چەپچەك ئىچىدىكى لېيى پىچاق بىلەن كېسىۋېلىنىدۇ. كوزىچى ئۇستام «مۇشتوم» دەپ ئاتىلىدىغان ئەسۋاب بىلەن كوزىنىڭ ئىچى تەرىپىدىن، «تارشا» دەپ ئاتىلىدىغان ئەسۋاب بىلەن تېشىدىن چىڭداپ ئۇرۇپ، يېرىم ھالەتتىكى كوزىنىڭ ئۆز ئارا تۇتاشتۇرۇلغان جايىنى مۇستەھكەم تۇتاشتۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن خام ھالەتتىكى كوزا تەييار بولىدۇ. ئەگەر يېرىم ھالەتتىكى كوزا بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇلماي، ئايرىم - ئايرىم گىرۋەك چىقىرىلسا، ئۇ تەشتەك بولىدۇ.

خام ھالەتتىكى كوزا ياكى تەشتەك قۇرۇغاندىن كېيىن بوياق بېرىلىدۇ. كۇلالچى ئۇستاملار كوزىغا ئىشلىتىلىدىغان بوياقنى ئۇندەك سوقۇلغان ئەينەك توپىسى بىلەن يۇمشاق سوقۇلغان مىس دېتىنى ئارىلاشتۇرۇپ ياسايدۇ. ئەينەك توپىسى بىلەن مىس دېتىغا سۇ قوشۇلغاندىن كېيىن كوزا ياكى تەشتەك بويىلىدۇ، نەتىجىدە كوزا ياكى تەشتەك كۆك رەڭگە كىرىدۇ. كوزا ياكى تەشتەكنى پىشۇرۇشتا 1 خۇمدانغا لايىق كوزا ياكى تەشتەك تەييارلانغاندىن كېيىن، ئۇلار خۇمدانغا سېلىپ پىشۇرۇلىدۇ. كوزىچىلار ئىشلىتىدىغان خۇمداننىڭ تەكتىدە ئوت كۆيىدىغان ئوچاق قىسمى بولىدۇ. ئوچاقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن مۇۋاپىق چوڭلۇقتا تۆشۈك قالدۇرۇلۇپ ئۈستى يېپىلىدۇ. ئوچاقنىڭ ئۈستىگە كېسەكتىن خۇمدان سېلىنىپ سىرتى پۇختا سۇۋىلىدۇ. خۇمداننىڭ 1 تېمىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئىشىك قويۇلىدۇ. كوزا ۋە تەشتەكلەر خۇمدان ئىچىگە تىزىلغاندىن كېيىن، خۇمدان ئوتتۇرىسىدىن قويۇلغان ئىشىك خىش بىلەن ئېتىلىدۇ، ئاندىن ئاستى تەرەپتىكى ئوچاققا ئوت قالىنىدۇ. خۇمدانغا ئوت يېقىلغاندىن كېيىن ئۇنى 1 كېچە - كۈندۈزگىچە ئازلىتىشقا ياكى ئۆچۈرۈپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئوت 1 كېچە كۈندۈز كۆيگەندىن كېيىن، خۇمداننىڭ ئوتى توختىتىلىپ خۇمدان سوۋۇتىلىدۇ. خۇمدان 2 كېچە - كۈندۈزدە ئاستا - ئاستا سوۋۇيدۇ. خۇمدان سوۋۇغاندىن كېيىن، كوزا - تەشتەكلەر خۇمداندىن ئېلىنىدۇ.

تاۋاق ياسىغۇچى ئۇستاملار سىغىزنىڭ ياخشىسىنى تاللاپ، سىغىزنى يۇمشاق سوقۇپ، سۇ ئارىلاشتۇرۇپ لاي تەييارلايدۇ. ئاندىن 1 تاۋاقلىق لايىنى «ئۇچار چاق» ئوتتۇرىسىغا تىك قىلىپ بېكىتىلگەن ياغاچ ئۈستىگە قويۇپ، پۇت بىلەن ئۇچار چاقنى ئايلاندۇرىدۇ.

لاي چاق بىلەن تەڭ پىرقىراپ ئايلىنىدۇ. چاق مىنۇتىغا 200 — 300 قېتىمغىچە ئايلىنىدۇ. ئۇستام لايىنى قولى بىلەن تاۋاق شەكلىگە كەلتۈرىدۇ. تاۋاق «مالۇتاش» دەپ ئاتىلىدىغان نېپىز، سىلىق ياپىلاق تاش ئارقىلىق سىلىقلىنىدۇ. ئاندىن تاۋاق گىرۋىكىگە «پىچەك» دەپ ئاتىلىدىغان سايمان ئارقىلىق گۈلى چىقىرىلىدۇ. تۇرسۇن ھەسەن ئۇستامنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ، 1 كۈندە 2000 دانە تاۋاق ياسىيالايدىكەن. ئۇ ھازىر سىغىزلايدىن تاۋاق، ئۇۋرىق، لوڭقا، ئاياق، كاسا، چۆچەك، تەخسە، لىگەن، ھەرخىل كومزەك، باللار ئويۇنچۇقى (بالا قونچاق، ئات، خوراز قاتارلىق)، كورا، چەينەك، داڭقان، كاھىش، جاڭ، شۇمەك، سوپۇن قېلىپى، ھەرخىل چاقچۇق بۇيۇمى قاتارلىقلارنى ياسىيالايدىكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، پېشقەدەم ئۇستىلار ياسايدىغان ساپال بۇيۇملارنىڭ تۈرى بۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئىكەن.

تاۋاقچى ئۇستام ساپال بۇيۇملارنى ئىشلەپ قۇرۇتقاندىن كېيىن، كۆك بوياقچى بولسا، ئەينەك توپىسىغا مىس دېتى ئارىلاشتۇرىدىكەن، قىزىل بوياقچى بولسا، «چوقا» (ئۇنقا چىدامىلىق توپا) سۈيى بىلەن چايقايدىكەن، قارامتۇل بوياقچى بولسا، ئەينەك توپىسىغا يۇمشاق سوقۇلغان تۆمۈر دېتى ئارىلاشتۇرىدىكەن. ساپال بۇيۇملار بويىقى بېرىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئوتۇن قالايدىغان

(ئاخىرى 37 - بەتتە)

# سۇپۇرگە

## سائادەت كىچىك ئەبۇزەر

(قۇمۇل ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر، تىل - يېزىق
خىزمىتى ئىشخانىسىدىن)

ھەممىگە ئايانكى، ئۇيغۇر خەلقى ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزىگە خاس سىستېمىغا ۋە خاراكتېرغا ئىگە تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئىشلەپچىقىرىش شەكىللىرىنى بەرپا قىلغان مىللەتلەرنىڭ بىرىدۇر. مىللىتىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش ئادەتلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرىدىغان بولساق، بۇ 2 خىل تۇرمۇش ھالىتى كۈندىلىك تۇرمۇشتا بىر - بىرىگە باغلىنىق ھالدا داۋام ئېتىۋاتقانلىقىنى، بىر - بىرىنى شەرت قىلغان ھالدا مەۋجۇت بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز.

سۇپۇرگە ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ۋە ئائىلە ھاياتىدىكى ناھايىتى كىچىك ئەمما كەم بولسا بولمايدىغان ئائىلىۋى تازىلىق قورالى. ئۇ مىللىتىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش ئادىتى ۋە ئۇسۇلىغا مۇئەييەن تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. سۇپۇرگە ھازىرقى ھەر قانداق بىر دۆلەت، مىللەت ۋە رايوندا كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا دائىم چېلىقىدىغان، ئەمما ئۇنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشتا تۇتقان رولى ئانچە ئېتىۋارغا ئېلىنمايدىغان ئادەتتىكى تۇرمۇش بۇيۇمى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنىدۇ. ئەمما مىللىتىمىز تارىختىن بۇيان سۇپۇرگىگە ئالاھىدە ئېتىۋار بىلەن قاراپ كەلگەن.

سۇپۇرگە قارىماققا ياسىلىشى ئاددىي، ماتېرىيالى ئادەتتىكى ئۇسۇملۇكتىن تۈزۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇشىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە؛ «سۇپۇرگە» قۇمۇل شېۋىسىدە «يامداق» دېيىلىدۇ. شۇنداقلا سۇپۇرگىنىڭ ياسالغان ماتېرىيالىغا ئاساسەن ياپشاق يامداق، چىغ يامداق، شىۋاق يامداق، قوناق يامداق، قومۇش يامداق قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

سۇپۇرگە (يامداق) ئىشلىتىلىش ئۇسۇلىغا ئاساسەن ئۆي يامدىقى، تالا يامدىقى، كاڭ يامدىقى، كارۋات يامدىقى، قازان يامدىقى، ئوچاق ئالدى يامدىقى، قازان بېشى يامدىقى قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. بۇ يەردە «يامداق» سۆزى «يامدا» دېگەن پېئىلغا «ق» قوشۇمچىسىنى ئۇلاش ئارقىلىق ياسالغان ئىسىم بولۇپ، بۇ ئىسىم شەرقىي شىنجاڭ يەنى قۇمۇل، تۇرپان، پىچان، توخسۇن قاتارلىق جايلاردا ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ باشقا جايلىرىدا «سۇپۇرگە» دەپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «SùPùRDI ئۇ ئۆي سۇپۇردى» ( Ⅱ توم 113 - بەتكە قاراڭ) دەپ خاتىرىلەنگەن. ئۇندىن باشقا «يىملادى YAMLADI، يامىدى، سۇپۇردى، ئۇ ئۆينى يامىدى، سۇپۇردى» ( Ⅲ توم 424 - بەت) دەپ خاتىرىلەنگەن. ئۇيغۇرلار سۇپۇرگىنى كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىش بىلەن بىرگە ئۇنى يەنە مەنىۋى تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىل سۈپىتىدە ئۇلۇغلايدۇ ۋە ئۇنىڭغا سىمۋوللۇق تۈس بېرىدۇ.

سۇپۇرگىنى ئۇيغۇرلار ئادەتتە كۆپرەك ئاياللارغا سىمۋول قىلىدۇ ھەم پاكىزلىقنىڭ نىشانى قىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا ئاياللارنىڭ تۇغماسلىقى ئىنتايىن چوڭ ئەيىب ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ھامىلدار بولالمىغان ئايال، بالا يۈزى كۆرۈش ئۈچۈن بۆشۈكلەرگە بېلىنى تاڭدۇرىدۇ. بۆشۈلەر تۇغماس ئايالنىڭ بېلىنى تېڭىپ

بولۇپ سۈپۈرگىدىن بالا ياساپ ئايالنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ ئۇنى مۇبارەكلەيدۇ. ئۇيغۇرلار ئادەتتە 2 سۈپۈرگىنى 1 يەرگە قويمايدۇ ھەم سۈپۈرگىنى تىكلەپ قويۇشنى چەكلەيدۇ. ئەگەر 2 سۈپۈرگە 1 يەرگە قويۇلسا 2 دۈشمەن 1 يەرگە كېلىپ قالىدۇ، سۈپۈرگىنى تىكلەپ قويسا دۈشمىنى بېشىدا ئۆرە تۇرىۋالىدۇ دەپ قارايدۇ. بىزنىڭ پەرىزىمىزچە بۇنداق قاراش قەدىمدە ئەرلەر كۆپ خوتۇنلۇق بولغاچقا، 2 خوتۇننىڭ 1 ئۆيدە پېتىشالماسلىقىنىڭ سىمۋولى قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن.

ئۇيغۇرلارنىڭ توي مۇراسىملىرىدا سۈپۈرگە كەم بولسا بولمايدىغان مۇراسىم قائىدىلىرىنىڭ بىرىدۇ. مەسىلەن: توي بولغان قىزنى يىگىتنىڭ ئۆيىگە كۆچۈرۈپ ماڭغاندا سۈپۈرگىنى ئۇنتۇپ قالماي قىزنىڭ يوتقان - كۆرپىلىرىنىڭ ئارىسىغا ئورايدۇ. بۇ خىل ئۆرپ - ئادەت قۇمۇل رايونىدا ھازىرمۇ ئەينەن ساقلانماقتا. قۇمۇل رايونىدا قىزنى كۆچۈرۈپ ماڭغاندا يوتقان - كۆرپىنىڭ ئارىسىغا لاخشىگىر (ئوچاق تۈۋىدە ئىشلىتىدىغان قىسقۇچ)، يامداق، يىڭنە قوشۇپ ئوراپ قىز - يىگىتنىڭ چېچەنلىكىنى سىنايدۇ. ئەگەر قىز چاققان چىقىپ تۆشەكنىڭ ئارىسىدىن يامداقنى چىقىرىپ يەرگە تاشلاپ، لاخشىگىرنى ئوچاق تۈۋىگە، يىڭنىنى كىتەپچىگە (يىڭنە ساچقۇ، دۇخاۋىغا گۇل ئىشلەپ تىكىلىدۇ) سانچىپ قويسا، بۇندىن كېيىنكى ئۆمۈر مۇساپىسىدە شۇ ئائىلىدە ئايالنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر يىگىت چاققان چىقىپ شۇنداق قىلسا ئەرنىڭ دېگىنى بويىچە تۇرمۇش كۆچۈرىدۇ، دېگەن قاراش ئومۇملاشقان.

سۈپۈرگىنى يەنە ئادەمنىڭ بېشىدىن ئۆرۈۋەتسە شۇ كىشىنىڭ بەختى قاچىدۇ دېگەن قاراشمۇ بار.

سۈپۈرگە ئاياللارنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇشىدىكى دائىم ئىشلىتىدىغان قورالى بولغاچقا، ئۇيغۇر ئاياللىرى ئۆزلىرىنىڭ تارتقان جاپا - مۇشەققەتلىرىنى بايان قىلغاندا «ئىككى چېچىمنى يامداق قىلىپ، ئىككى قولۇمنى چاپچا قىلىپ تۇتقان جاھانلىرىم» دەپ ئۆز ئارا ھال - مۇڭ ئېيتىشىدۇ.

دېمەك، سۈپۈرگە خەلقىمىز تۇرمۇشىدا ماددىي تۇرمۇش بويۇمى بولۇپلا قالماستىن ئۆز نۆۋىتىدە ئۆرپ ئادەت تۈسىنى ئالغان ئالاھىدە ھادىسە سۈپىتىدە ئاياللارنىڭ سىمۋولى قىلىنغان ھەمدە پاكىزلىقنىڭ بەلگىسى قىلىنغان. سۈپۈرگە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا شۇنچىلىك مۇھىم بولۇپلا قالماي، باشقا خەلقلەر ئارىسىدىمۇ ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە. پاكىزلىق بار يەردە گۈزەللىك بولىدۇ، گۈزەللىك بار يەردە ياخشىلىق بولىدۇ، ياخشىلىق بار يەردە ئېتىقاد بولىدۇ. شۇڭىمۇ ھىندىستان يازغۇچىسى تاگور «ئالىي پەزىلەتلىك ئايال يەر سۈپۈرىۋاتقاندا مەن ئۇنىڭ سۈپۈرگىسىدىن تارالغان قۇياش نۇرىنى كۆرگەندەك بولىمەن» دېگەنىدى.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» Ⅱ، Ⅲ توم شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى.

2. رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا: «ئۇيغۇرلارنىڭ بەزى قەدىمىي ئەقىدە ئادەتلىرى» — «تارىختىن تەرمىلەر» ژۇرنىلى، 1993 - يىل 2 - سان.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن


# 5 § . موڭغۇللارنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشىنىڭ جۇڭگو ۋە غەرب مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

موڭغۇللار مەدەنىيەت جەھەتتە گۈدەك مىللەت ئىدى، ئۇلار چوڭ چۆللۈكتە باش كۆتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ھەربىي كۈچىنى نامايەن قىلىپ، ئاسىيا بىلەن ياۋروپانى تۇتاش ئىگىلىدى. شەرقتە تىنچ ئوكياندىن غەربتە ئوتتۇرا دېڭىز، دوناي دەرياسى، بالتىق دېڭىزىغىچە، شىمالدا شىمالىي مۇز ئوكيانىغىچە، جەنۇبتا ھىندى ئوكيان بويلىرىغىچە بولغان جايلارنى ئۆزىگە قاراتتى. زېمىن دائىرىسىنى قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماندا كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كېڭەيتتى. سانسىزلىغان مىللەتلەرنى بويسۇندۇردى. موڭغۇل تىلىنى بىلىدىغانلا ئادەم ياۋروپادىن جۇڭگوغا توسالغۇسىز كېلەلەيدى. مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىدە ئۆتەڭلەر قۇرۇلۇپ، قاتناش خېلى ئاسانلاشتى. نەتىجىدە جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ قاتنىشىدا قەدىمدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان ئاۋات مەنزىرە بارلىققا كەلدى، شۇنىڭ بىلەن شەرق مەدەنىيىتى ۋە غەرب مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت 2 بۈيۈك مەدەنىيەت — جۇڭگو سىستېمىسىدىكى مەدەنىيەت ۋە يۇنان - رىم سىستېمىسىدىكى مەدەنىيەت قوشۇلۇپ مۇرەككەپ مۇناسىۋەت شەكىللەندى.

1. ھەممە ئەلنىڭ ئاتاقلىق ئادەملىرى خان ئوردىسىغا يىغىلدى. مىنگودىن 666 يىل بۇرۇن (سۇڭ سۇلالىسىنىڭ چۇنيۇ 6 - يىلكى) كۈزدە كۈيۈكخان چوڭ خان بولۇپ تەختكە چىققاندا، ئەتراپتىكى قارام ئەللەر، مەسىلەن، ياۋروپادىكى رۇسىيە، غەربىي ئاسىيادىكى مۇنەيشى، رۇم (قارا دېڭىزنىڭ جەنۇبىدا) قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ باشلىقلىرى ئۆزى كېلىپ ياكى بالىسىنى ئەۋەتىپ تەبرىكلىدى. دۇنيادىكى 2 چوڭ دىننىڭ داھىسى، يەنى رىم پاپاسى، باغدات خەلىپىسمۇ ئوردا ئىشلىرىغا ياردەملىشىشكە ئەلچى ئەۋەتتى. بىر نەچچە ئاي ئىچىدە ئوردىغا ئاتاقلىق ئادەملەر مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە يىغىلدى. بۇ ۋاقىت باتۇخان غەربكە يۈرۈش قىلىپ بىر نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى ۋاقىت بولغاچقا، مۇراسىم مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە داغدۇغىلىق بولدى.

ئادەتتىكى چاغلاردىمۇ غەربتىن جۇڭگوغا نۇرغۇن كىشىلەر كېلىپ تۇردى. ئالدىنقى ئەسىردە ئۆتكەن فرانسىيىلىك شەرقشۇناس ئابېل رېموسات مۇنداق دېگەنىدى: «موڭغۇللارنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى بۇرۇن ئېچىلمىغان يوللارنى ئېچىۋەتتى، مىللەتلەرنى بىر يەرگە جەم قىلدى. بۇنىڭ ئەڭ چوڭ نەتىجىسى شۇ بولدىكى، بارلىق مىللەتلەر ئۆز ئارا كۆچۈپ يۈرىدىغان بولدى. ئۆز ئالدىغا ئىش تۇتماي، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا ئۈزۈلمەي قاتناپ تۇرىدىغان بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە تونۇلمىغان سودىگەر، مىسسىئونېرلار ۋە قوشۇن بىلەن بىللە كەلگەنلەرنىڭ سانىنى بىلگىلى بولمايتتى. بەگ، كېنەز قاتارلىق ئەربابلاردىن ئاسىيانىڭ مەركىزىدىن سېنداپ، كىچىك ئەرمىنىيە پادىشاھى ھايتون، جورجىيە



پادىشاھى دىسويت، رۇسىيە باش كېنەزى ياروسلاۋ قاتارلىقلار كەلگەنىدى. ئىتالىيە، فىرانسىيە، فلېمىن (فىرانسىيىنىڭ غەربىي شىمالى)لار چوڭ موڭغۇل خانىنىڭ پايتەختىگە ئەلچى ئەۋەتكەنىدى ...».

باشقا ئەرەب دۆلەتلىرى، پېرسىيە، مەركىزىي ئاسىيا قاتارلىق جايلاردىن يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىغا كېلىپ خىزمەت قىلغان ئالىملار، ھەربىيلەر، تېخنىكلار، ئىتالىيىلىك، فىرانسىيىلىك ئالىملار، خەتتات - رەسساملار، تېخنىكلار، خىزمەتچىلەر ناھايىتى كۆپ ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىتالىيىنىڭ ۋېنتسىيە شەھىرلىك ماركوپولو ئاتىسى نىكولوپولو ۋە تاغىسى موفېئو پولو بىلەن بىللە جۇڭگوغا كېلىپ، قۇبلايخانىنىڭ خىزمىتىدە بولغان. ئۇ ئاۋۋال موڭغۇل تىلى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئۆگەنگەن، ئۇنىڭدىن كېيىن قاراقورۇم، دالى، بىرما، جانپۇ قەلئەسى، جەنۇبىي ھىندىستان قاتارلىق جايلارغا ئەلچىلىككە بارغان، كېيىن يەنە ياڭجۇ ئايمىقىغا تۇتۇق بولغان، 3 يىل ۋەزىپە ئۆتەش جەريانىدا ئىشەنچكە ئېرىشىپ، زوراغالىق مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن زوراغاسى بولغان. ماركوپولو قاتارلىقلار جۇڭگودا 17 يىل تۇرغان. ۋەتىنىگە قايتىپ كېتىشنى كۆپ قېتىم ئىلتىماس قىلغان بولسىمۇ، ئىجازەت ئالالمىغان. كېيىن قۇبلايخان قىزىنى ئىلىخانىغا ياتلىق قىلغاندا، ماركوپولوغا مەلىكىنى دېڭىز يولى ئارقىلىق پېرسىيىگە قوغداپ ئاپىرىپ قويۇشنى تاپشۇرغان. مىلادىدىن 620 يىل بۇرۇن (جىيۈەن 29 - يىلى) ماركوپولو چۈەنجۇ ئايمىقىدىن پېرسىيىگە قاراپ سەپەر قىلغان، ۋەزىپىسىنى تاماملىغاندىن كېيىن، ۋەتىنىگە قايتىپ كەتكەن. رىنايە بىلەن ۋېنتسىيە ئۇرۇشقاندا، ماركوپولو رىنايە ئەسكەرلىرىگە قارشى جەڭ قىلغان، جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ، قولغا ئېلىنىپ، بىر يىل زىنداندا ياتقان، ئىچپۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ شەرقتە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى رۇستىكىئانو دېگەن بىر يازغۇچىغا سۆزلەپ بەرگەن، ئۇ يازغۇچى ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى كىتاب قىلىپ يېزىپ چىققان. بۇ كىتاب مەشھۇر «ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى» ئىدى. ئۇنىڭدا شەرقىي ئوكيان ئەللىرىگە دائىر ئىشلار تونۇشتۇرۇلغان، جۇڭگونىڭ ئاھالىسى ۋە پۇلىنىڭ سانى ئۈستىدە توختالغاندا، ھەدېسىلا مىليون - مىليونلاپ ئىدى دېيىلگەن، شۇڭا كىشىلەر قىزىقچىلىق قىلىپ، ماركوپولونى «مىليونچى جاناب» دەپ ئاتىغان. بۇ كىتاب باشتا ۋېنتسىيىلىكلەرنىڭ كۆزىنى ئاچقان، كېيىنچە ياۋروپانى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، ياۋروپالىقلارنىڭ تەۋەككۈل قىلىش ھەۋىسىنى قوزغىغان. ئۇلار سودا قىلىش، دىن تارقىتىش ۋە باشقا ھەرخىل مەقسەتلەر بىلەن، شەرققە بەس - بەستە كەلگەن. بۇ ئىشلار XV، XVI ئەسىرلەردە دېڭىز يولىنىڭ تېپىلىشىغا تۈرتكە بولغان. دۇنياغا مەشھۇر ئېكسپېدىتسىيىچى كولومبو ئەسلىدە ئۆز ئىختىيارى بىلەن شەرقتىكى بۈيۈك خانلىققا كېلىش ئۈچۈن سەپەر قىلغان، لېكىن ئويلىمىغان يەردىن غەربىي يېرىم شاردىكى يېڭى قۇرۇقلۇقنى تاپقان. شۇڭا مەن بۇ كىتابنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىشى جەھەتتىكى تۆھپىسىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمەن.

2. جۇڭگو مەدەنىيىتىنى غەربكە تونۇشتۇردى. جۇڭگولۇقلار كومپاسنى كەشىپ قىلدى، لېكىن ئۇنى موڭغۇللار ياۋروپاغا ئېلىپ باردى. ھىندىستانلىقلار بىلەن جۇڭگولۇقلارنىڭ مىلتىق دورىسىنى ئىشلىتىپ كەلگىنىگە خېلى ئۇزۇن بولغانىدى، لېكىن ياۋروپالىقلار بۇنى موڭغۇللارنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشىدىن كېيىن بىلدى، بۇنى ياۋروپاغا موڭغۇللارنىڭ ئېلىپ بارغانلىقىدا شەك يوق. مىق مەتبە تېخنىكىسىمۇ ياۋروپاغا يىراق شەرقتىن تارقالغان. جۇڭگولۇقلارنىڭ چوتىمۇ موڭغۇللار ئارقىلىق ياۋروپانىڭ شەرقىي قىسمىغا تارقالدى. رۇسىيە، پولشالاردىكى ساۋاتسىز ئاياللار ھېسابات ئىشلىرىدا ھازىرمۇ چوت ئىشلىتىدۇ. پۇل تاڭ دەۋرىدىكى «ئۇچار پۇل»، سۇڭ دەۋرىدىكى جياۋخۇي پۇلى، جىن دەۋرىدىكى جياۋچاۋ پۇلىدىن كەلگەن، يۈەن سۇلالىسى تارقاتقان جياۋچاۋ پۇلى پېرسىيىگە موڭغۇللار ئارقىلىق تارقالدى. بۇنىڭدىن باشقا قىماردا ئوينىلىدىغان قىمار قەغىزىنى جۇڭگولۇقلار مىلادىدىن 792 يىل بۇرۇن كەشىپ

قىلغان، ئۇ دەسلەپتە ياغاچ تاختىدا بېسىلاتتى، ياۋروپالىقلار ئەڭ بۇرۇن ئۆيىنىغان قارتىنىڭ شەكلى، نۇسخىسى، چوڭ ـ كىچىكلىكى ۋە سانى جۇڭگونىڭ قىمار قەغىزىگە ئوخشايدۇ، ئۇنىمۇ موڭغۇللار ياۋروپاغا تارقاتتى.

3. غەربنىڭ مەدەنىيىتىنى جۇڭگوغا تونۇشتۇردى. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭگوغا تارقالغان غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىنىڭ بىرىنچىسى پېرسىيىنىڭ ئاسترونومىيىسى، ئىككىنچىسى ئۇيغۇر زەمبىرىكى، ئۈچىنچىسى غەربىي يۇرت تىبابىتى ئىدى. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. ئاسترونومىيە تەزكىرىسى»دە غەربىي يۇرتنىڭ ئاسترونومىيە ئەسۋابلىرى تىلغا ئېلىنغان. مىنگودىن 645 يىل ئىلگىرى (سۇڭ سۇلالىسىنىڭ شيەنچۇن 3 ـ يىلى، يۈەن سۇلالىسىنىڭ جىيۈەن 4 ـ يىلى) قۇبلايخان جامالىدىنغا غەربىي يۇرتنىڭ ئاسترونومىيە ئەسۋابلىرىنى، جۈملىدىن، ئاسمان گۈلۈبۇسى، يۇلتۇزلارنى كۆزىتىش سايمىنى، كۈن نۇرىغا قاراپ ئەتىياز، كۈز مەۋسۇملىرىنى ئايرىش ئۆيى، كۈن نۇرىغا قاراپ قىش، ياز مەۋسۇملىرىنى بەلگىلەش ئۆيى، ئاسمان جىسىملىرى خەرىتىسى، جۇغراپىيە تەزكىرىسى، كېچە ـ كۈندۈز پەيتلىرىنى بەلگىلەش سايمىنى قاتارلىقلارنى ياساشنى بۇيرۇدى. قۇبلايخان ھۆكۈمەت ئىلكىدە ئۇيغۇرلار رەسەتخانىسى قۇرۇپ، جامالىدىننى ئۇنىڭغا باشلىق قىلدى. ئۇيغۇر زەمبىرىكىمۇ دەل مۇشۇ ۋاقىتتا تارقالدى. مىلتىق دورىسىنى ئاۋۋال جۇڭگولۇقلار ئىجاد قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى زەمبىرەككە ئىشلىتىش تېخنىكىسى پېرسىيە تەرەپتىن كەلدى. مىنگودىن 641 يىل ئىلگىرى (سۇڭ سۇلالىسىنىڭ شيەنچۇن 7 ـ يىلى، يۈەن سۇلالىسىنىڭ جىيۈەن 8 ـ يىلى) قۇبلايخان خان جەمەتىدىن ئارىغ بۇقىغا زەمبىرەكچى ئېلىش يۇزىسىدىن ئەلچى ئەۋەتتى، ئارىغ بۇقا ئالاۋۇدىن بىلەن ئىسمائىلنى بەردى. بۇ ئىككەيلەن بالا ـ چاقىلىرى بىلەن پايتەختكە كۆچۈپ باردى. ئۇلارغا ئەمەل ـ تەمىنات بېرىلدى، بۇلار زەمبىرەك ياسىدى. كېيىن موڭغۇللار سۇڭ سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلدى، فەنشياڭنىڭ جەنۇبىدىكى جەڭلەردە زەمبىرەكنىڭ كۈچى بىلەن قەلئەلەرنى ۋەيران قىلىپ، ئۇرۇش كېمىلىرىنى سۇغا غەرق قىلدى. ئۇيغۇر زەمبىرەكچىلىرى ئۈچۈن تۈمەن تۈتۈن مەھكىمىسى تەسىس قىلدى. مىنگودىن 633 يىل بۇرۇن (جىيۈەن 16 ـ يىلى، شۇ يىلى يۈەن ئەسكەرلىرى ياشەنني ئالدى، سۇڭ سۇلالىسى ھالاك بولدى) خۇيخې، خۇيخەيلەردە ئۇيغۇر زەمبىرىكى ياسايدىغان، يېڭى بەيئەت قىلغان ئۇستىلار (تولىسى سۇڭ سۇلالىسىدىن تەسلىم بولغانلار ئىدى)دىن 600 كىشى ۋە موڭغۇل، ئۇيغۇر، خەنزۇ، يېڭى بەيئەت قىلغانلار ئىچىدىكى زەمبىرەك ياسىيالايدىغانلار پايتەختكە يىغىلدى. غەربىي يۇرت تىبابىتىگە كەلسەك، مۆڭكۈخان دياۋيۈشەن تېغىغا ھۇجۇم قىلغاندا، ئۇيغۇر تىۋىپ يۈجىلەنچى قاياغا جۇخار گۈلىدىن دورا ياساپ، ئەسكەرلەرنىڭ كېسىلىنى داۋالاشنى بۇيرۇغان. مىنگودىن 639 يىل بۇرۇن (سۇڭ سۇلالىسىنىڭ شيەنچۇن 9 ـ يىلى، يۈەن سۇلالىسىنىڭ جىيۈەن 10 ـ يىلى) قۇبلايخان ئەيشۇ دېگەن ئۇيغۇر قۇرغان پايتەخت دورىخانىسىنىڭ ئىسمىنى گۇاڭخۇي مەھكىمىسى دەپ ئۆزگەرتتى. شۇ يىلى سىرلانكىغا دورا سېتىۋېلىش ئۈچۈن 100 مىڭ سەر ئالتۇن بىلەن ئادەم ئەۋەتتى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

تەرجىمە قىلغۇچى: قادىر ھاپىز

(بېشى مۇقاۋىنىڭ 2 ـ بېتىدە)

كېيىنكى پىلان قاتارلىقلارنى دوكلات قىلدى.

مۇئاۋىن رەئىس ئابدۇقادىر نەسىردىن دوكلاتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇھىم يولیورۇق بەردى. ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ خىزمەتلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: تەزكىرە خىزمىتى ناھايىتى مۇھىم خىزمەت، يولداشلار مۇشۇنداق قىستاڭچىلىق، ناچار خىزمەت شارائىتىدىمۇ نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەپ، كۆپلىگەن يۇقىرى سۈپەتلىك تەزكىرە كىتابىنى نەشر قىلغان. بۇ، بىزنىڭ تەزكىرىچىلىك قوشۇنىمىزنىڭ ناھايىتى ياخشى قوشۇن ئىكەنلىكىنى، تەزكىرە رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ ئىتتىپاقلاشقان، ئەمەلىي ئىش قىلالايدىغان كوللېكتىپ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ، مەن مۇشۇنداق رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ بولغانلىقىدىن ئىنتايىن خۇشالمەن.

سىلەرنىڭ ھەر قايسى نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ تەزكىرە خىزمىتىگە مەسئۇل رەھبەرلىرىنىڭ يىغىنىنى ئېچىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغىنىڭلار ناھايىتى ياخشى بولدى، مەن بۇنىڭغا قوشۇلىمەن. سىلەر ئاۋۋال ئالاقىدار ئورۇنلار بىلەن ماسلىشىپ، يىغىننىڭ تەييارلىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەڭلار. ئۇ يەنە مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىدە خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇندىن كېيىنكى ۋەزىپىلەر يەنىلا ئىنتايىن مۇشكۈل، ۋەزىپە ئېغىر، يول يىراق. بولۇپمۇ جايلارنىڭ تەزكىرىچىلىك تەرەققىياتىدىكى تەكشىسىزلىك مەسىلىسىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى رەھبەرلىكنىڭ تونۇشىدا، ئەھمىيەت بېرىش - بەرمەسلىكىدە. ھازىر جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتى شىمالىي شىنجاڭنىڭكىدىن تېز. بەزى نامرات ناھىيىلەرنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتى يۈرۈشۈپ كەتتى، تەزكىرە كىتابلىرى نەشر قىلىندى. ئەمما بەزى ئىقتىسادىي شارائىتى ياخشىراق رايونلارنىڭ تەزكىرە خىزمىتى تېخى يۈرۈشمەيۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ ھازىرغىچە بىرەرمۇ تەزكىرە كىتابى نەشر قىلىنمىدى. بۇ ھەقىقەتەن مەسىلىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى چۈشەندۈرىدۇ. تەزكىرىچىلىك بىز جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسى. ئۆتمۈشتىكى ھاكىمىيەتلەرنىڭ ھەممىسى تەزكىرىچىلىك خىزمىتىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن، ھەتتا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىمۇ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ تەزكىرىچىلىككە ئەھمىيەت بېرىشىنى تەلەپ قىلغان. بىزنىڭ ھازىرقى شارائىتىمىز ئۇلارنىڭكىدىن ياخشى. بىز بۇ خىزمەتنى چوقۇم ياخشى ئىشلەپ كېتەلەيمىز. تەزكىرە خىزمىتى ھازىر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، ئەۋلادلارغا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى. بىز چوقۇم ھەرخىل يوللار ئارقىلىق تەزكىرە تەشۋىقاتى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ ياخشى ئەھمىيەت بېرىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈشىمىز لازىم.

مۇئاۋىن رەئىس ئابدۇقادىر نەسىردىن ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى نۆۋەتتە دۇچ كەلگەن كونكرېت قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ: ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ھەل قىلىشقا ياردەملىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

(فىڭ خۇڭگاڭ خەۋىرى)

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: تۇردى قادىر نازىرى


# 新疆地方志维吾尔文(季刊) (پەسىللىك ژۇرنال) شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

主　办: 新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会
新疆维吾尔自治区地方志学会
编辑出版:《新疆地方志》编辑部
地　址:乌鲁木齐市东风路 8 号
照　排:新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会
激光照排公司
印　刷:新疆维吾尔自治区地矿彩印厂

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى
ش ئۇ ئا ر تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى
تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى «شەرق شامىلى» كوچىسى 8 - قورو
تىزغۇچى: ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى لازىر نۇرىدا ھەرپ تىزىش شىركىتى
باسقۇچى: ش ئۇ ئا ر گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار رەڭلىك باسما زاۋۇتى

内部报刊准印证(XJ)1165
电话:2821715　邮政编码:830002
工本费:3.00 元

ئىچكى گېزىت - ژۇرناللارنى بېسىشقا رۇخسەت قىلىش كىنىشكىسى: (XJ) 1165
تېلېفون نومۇرى: 2821715 پوچتا نومۇرى: 830002
تەننەرقى: 3.00 يۈەن

# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى



3

1998

# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

پەسىللىك ژۇرنال

1998 - يىل 3 - سان

15 - يىل نەشرى

ئومۇمىي 44 - سان


## ※ مۇندەرىجە ※

### ھۆججەتلەر


ئاپتونوم رايونلۇق داۋاملاشتۇرۇپ تەزكىرە تۈزۈش ۋە يەرلىك تارىخ يېزىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز ........ ئابدۇقادىر نەسىردىن 1

15 - قۇرۇلتاي روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ داۋاملاشتۇرۇپ تەزكىرە تۈزۈش ۋە يەرلىك تارىخ يېزىش خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەيلى ........ بەي يۇشى 6


### تارىخىي ئەسلىمە


تۇندىكى پاجىئە ........ مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى 18

بىز باسقان ئىزلار (داۋامى) ........ توختى سابىر 25

1946 - يىلى يازدا بولۇپ ئۆتكەن بەزى ئىشلار ........ ھۇسەيىن ئەبەيدۇللا 30


### تارىخ سەھىپىسىدە


«ئالتۇن زەنجىرلەر» ........ ئابلىز ئورخۇن، پەرىدە ھامۇت 34

«ئاتۇ» پاجىئەسى ........ قاسىم خوجا 39

مىللىي ئارمىيە باش شتابىدىكى زىيارەت ........ توختى ئىبراھىم 41


### ئىلمىي مۇھاكىمە


لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئەجدادى كىملەر؟ ........ مىرسۇلتان ئوسمانوف 46


### يەرناملىرى تەتقىقاتى


يەنە بىر قانچە تارىخىي يەر نامى توغرىسىدا ........ ئىمىن تۇرسۇن 51


### كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتى


ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدىكى تۈرلۈك قوشۇمچىلار ........ غەيرەتجان كالدىر 56


### مەشھۇر شەخسلەر


ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مۇھەممەت ھەيدەر ........ مۇھەممەت زەيدى 59


### مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى


سۇتۇق بۇغراخان مازىرى ........ ھاجى نۇر ھاجى 61



مەسلىھەتچىلەر: ئۇيغۇر سايرانى، ئىمىن تۇرسۇن، نۇرمۇھەممەت دۆلەتى
باش مۇھەررىر: سابىر ئەلى
مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر: قادىر ھاپىز، غوپۇر ھوشۇر نىيازى، ئابدۇرۇپ ئېلى
تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى): ئابدۇرۇپ ئېلى، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابدۇقېيۇم غوجا، ئابلەت نۇردۇن، ئابلەت ئىمىن، سابىر ئەلى، غوپۇر ھوشۇر نىيازى، غوجائەخمەت يۇنۇس، قادىر ھاپىز، قاسىم غوجا، قۇربان مامۇت، مەھەممەت ئابلا
مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلىز ئورخۇن

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# ئاپتونوم رايونلۇق داۋاملاشتۇرۇپ تەزكىرە تۈزۈش ۋە يەرلىك تارىخ يېزىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇقادىر نەسىردىن


1998 - يىل 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى

يولداشلار:

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن، بۈگۈن بىز بۇ يەردە جايلار تەزكىرىسىنىڭ داۋامىنى تۈزۈش ۋە جايلار تارىخىنى يېزىش سۆھبەت يىغىنى ئېچىۋاتىمىز. بۇ بىر مۇھىم يىغىن. مەن مۇشۇ پۇرسەتتە ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە قىسمەن ناھىيە - شەھەرلەردىن كەلگەن تەزكىرىچىلىك خادىملىرى بىلەن يۈز كۆرۈشكەنلىكىم ئۈچۈن ناھايىتى خۇشالمەن. بۇ، مەن ئىش تەقسىماتى بويىچە ئاپتونوم رايوننىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى باشقۇرىدىغان بولغاندىن كېيىن تۇنجى قېتىم قاتناشقان تەزكىرىچىلىك خىزمىتى يىغىنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن، سىلەرگە ۋە سىلەر ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ تەزكىرىچى خادىملارغا سەممىي سالام يوللايمەن ھەم ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن! ئاپتونوم رايونىمىزدا مالىيە قىيىنچىلىقى ئىنتايىن ئېغىر بولۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، بىزنىڭ تەزكىرىنىڭ داۋامىنى تۈزۈش ۋە يەرلىك تارىخ يېزىش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىش، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش يۈزىسىدىن بۇ يىغىننى ئاچقانلىقىمىز ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزدا 1983 - يىلى تەزكىرىچىلىك خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە 15 يىل بولدى، 15 يىلدىن بۇيان ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ تەزكىرىچى خادىملارنىڭ خالىس تۆھپە قوشۇش روھى بىلەن جاپاغا چىداپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، تەزكىرىچىلىك خىزمىتىدە خۇشاللىنارلىق، باسقۇچ

خاراكتېرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ھازىرغا قەدەر «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» گە تەۋە كەسىپلەر تەزكىرىسىدىن 23 توم، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە تەزكىرىسىدىن 34 توم نەشر قىلىندى؛ 9 توم تەزكىرە ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىندى؛ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە «شىنجاڭ يىلنامىسى» دىن 13 تومدىن جەمئىي 26 توم تۈزۈپ نەشر قىلىندى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جايلار ئەھۋالىغا دائىر رايون خاراكتېرلىك بىر تۈركۈم ماتېرىيال كىتابلار ئارقا - ئارقىدىن ئىشلەپ چىقىلدى. بەزى جايلاردىكى تەزكىرىچى خادىملار ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالىنى پائال تەتقىق قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرگە ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە مەسلىھەتچىلىك قىلدى، ئۆز جايىدىكى خەلق ئاممىسىغا شىنجاڭنى سۆيۈش، يۇرتنى سۆيۈش توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ باردى، بۇنىڭ ئىنكاسى ناھايىتى ياخشى بولدى. بۇلتۇر 8 - ئايدا مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان تەزكىرە كىتابلىرىنى باھالاشتا، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. چارۋىچىلىق تەزكىرىسى» بىلەن «كۇچا تەزكىرىسى» 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. دېھقانچىلىق تەزكىرىسى»، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. تاشقى ئىشلار تەزكىرىسى»، «چۆچەك شەھىرى تەزكىرىسى»، «يېڭى ئېگىلىك 8 - شى بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى شىخەنزە شەھىرى تەزكىرىسى» 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايونىمىزدا نەشر قىلىنغان



تەزكىرە كىتابلىرى ۋە يىلنامىلار ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى، ئۇلار شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينىدى، ئۇلار كىشىلەرنىڭ شىنجاڭنى توغرا چۈشىنىپ، شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە كەلگۈسىنى توغرا ئىگىلەپ، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش يولىدىكى ئۆيۈشقاقلىقنى ۋە مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇشتا، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ تەدبىر كۆرۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. يولداش لى پېڭ مەملىكەتلىك 2 - قېتىملىق تەزكىرىچىلىك خىزمىتى يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىللەرنى قوبۇل قىلغان چاغدا ئېيتقاندەك: «10 نەچچە يىلدىن بۇيان يېڭىچە تەزكىرىلەرنى تۈزۈش خىزمىتىدە ناھايىتى زور نەتىجىلەر قولغا كەلدى، بۇ نەتىجىلەر ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىۋاتقان چوڭ مۇھىتتا قولغا كەلگەن، شۇنداقلا بۇ پۈتۈن مەملىكەتتىكى تەزكىرىچى خادىملارنىڭ تىرىشىپ ئەمگەك سىڭدۈرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى»، «بۇ — ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىش، بۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ۋە ھەرقايسى ئىجتىمائىي ساھەلەرنىڭ ئۆز جايىنىڭ تارىخىنى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى بىلىۋېلىشىغا ياردەم بېرىدۇ، بىزنى تارىخىي تەجرىبىلەرنى ئەينەك قىلىپ، توغرا تەدبىر بەلگىلەپ، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ».

بىز خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولساقمۇ، خىزمىتىمىزدە نۇرغۇن قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرۈشىمىز كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى تازا كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس، ھەنزۇچە تەزكىرە كىتابلىرى ۋەزىپىسىنىڭ ئاران 30% ىدىن كۆپرەكى ئورۇندالدى، تەزكىرە كىتابلىرىنى ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىغا تەرجىمە قىلىپ نەشردىن چىقىرىش ۋەزىپىسى يەنىلا ئىنتايىن مۇشەققەتلىك. نەشردىن چىققان تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىمۇ تەكشى ئەمەس، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش يەنىلا ئالدىمىزدا تۇرۇۋاتقان ئىنتايىن مۇھىم ۋەزىپە. ئاپپارات ئىسلاھاتى داۋامىدا، بەزى جايلاردىكى تەزكىرە ئاپپاراتلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىلدى، بۇ ھال ئاپتونوم رايونىمىز تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي سۈرئىتىگە تەسىر يەتكۈزدى. بۇ مەسىلىلەرگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشىمىزغا ۋە ئۇلارنى ئەستايىدىل ھەل قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

تۆۋەندە مەن بىرنەچچە پىكىر قىلىپ ئۆتىمەن.

**1. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك تەزكىرىچىلىك خىزمىتىگە داۋاملىق ئەھمىيەت بېرىشى، رەھبەرلىكنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىپ، تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىشى كېرەك.**

تەزكىرە تۈزۈش — جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بولۇپ، 2000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋام قىلىپ كەلدى. يېڭىچە تەزكىرە كىتابلىرى ئۆتمۈشتىكىگە ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان، ھازىرقى دەۋرگە خىزمەت قىلىدىغان، كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئۈلگە بولىدىغان، تارىخ - مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولغان، «ھۆكۈمەت تۈزگەن» جايلار ئەھۋالى، دۆلەت ئەھۋالى توغرىسىدىكى كىتاب. ئۇنىڭدا مۇئەييەن بىر رايون دائىرىسىدىكى تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنىڭ تارىخى ھەم ھازىرقى ئەھۋالى، قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان ھەرخىل مەزمۇنلار بايان قىلىنغان، ئۇ ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە سىستېمىلىق مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە رەھبەرلەر بۇنى تولۇق تونۇشى كېرەك. قەدىمكىلەر: «ئەلنى ئىدارە قىلغۇچىلار تارىخنى ئۈلگە قىلىدۇ، يۇرتنى ئىدارە قىلغۇچىلار تەزكىرىنى ئۈلگە قىلىدۇ» دېگەن. دېمەك جايلار تەزكىرىسىدىن ئىبارەت بۇ «قامۇس» نى تۈزۈش — ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا خىزمەت قىلىدىغان نېگىزلىك خىزمەت، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئىش. ج ك پ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى لى تيېيىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: يېڭىچە تەزكىرىلەر — جايلار ئەھۋالى، دۆلەت ئەھۋالى بايان قىلىنغان كىتاب. تەزكىرىچىلىك خىزمىتى ھەرگىز بولسىمۇ بولىدىغان، بولمىسىمۇ بولىدىغان ئىش ئەمەس، بەلكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى، ئۆلكە، شەھەر، ناھىيىدىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسىي رەھبەرلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى. شۇڭا پارتكوم رەھبەرلىك قىلىش، ھۆكۈمەت رىياسەتچىلىك قىلىش تۈزۈلمىسىنى يولغا قويۇش كېرەك. «بىرگە كىرگۈزۈش»، «بەشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش» تە چىڭ تۇرۇش يەنى تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى جايلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا ھەم ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ۋەزىپىسىگە كىرگۈزۈش، رەھبەرلىك، ئاپپارات، خىراجەت، قوشۇن (بولۇپمۇ ئۇنىۋان)، شەرت -

شارائىتىنى ئەمەلىيلەشتۇرۇشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك.

تەزكىرە تۈزۈش — ناھايىتى جاپالىق خىزمەت، ئۇنىڭدا قىلىنىدىغان ئىش ناھايىتى كۆپ، ۋەزىپە ئېغىر. تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنىڭ ئىشلەنگىنىگە 15 يىل بولغان بولسىمۇ، رايونىمىزدا بۇ خىزمەتنىڭ سۈرئىتى بەكمۇ تەكشى بولمايۋاتىدۇ. رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلاردا تەزكىرىچىلىك خىزمىتى تەڭ باشلانغان تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن بەزى ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا بۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشر قىلىش ۋەزىپىسى ئورۇندىلىپ، بەزى ۋىلايەتلەردە ھازىرغىچە بىر تەزكىرە كىتابىمۇ نەشر قىلىنمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن شەرت - شارائىت ئوخشاش تۇرۇقلۇق، بەزى ۋىلايەت - ئوبلاستلار پائال تۈردە چارە تېپىپ تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ۋەزىپىنى ئورۇندايدۇ، بەزى ۋىلايەتلەر ئاستا ھەرىكەت قىلىدۇ ھەتتا ھەرىكەتكە كەلمەيدۇ؟ مېنىڭچە، گەپ يەنىلا رەھبەرلىكنىڭ قانچىلىك كۆڭۈل بۆلگەنلىكىدە. بىر جاينىڭ رەھبەرلىكىنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىگە بولغان تونۇشى ئۆسسە، «بىرگە كىرگۈزۈش»، «بەشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش» ئىشقا ئاشسا، بۇ جاينىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتى يۈكسىلىدۇ، تەزكىرە كىتابلىرى ۋە جايلار ئەھۋالىغا دائىر ماتېرىيال كىتابلىرىمۇ ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلىنىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا، رېئاللىققا خىزمەت قىلىدۇ، بىر جاينىڭ «قامۇسى» لىق رولىنى ئوينايدۇ، مانا بۇ كىشىلەر ئېيتىدىغان ياخشى سۈپەتلىك دەۋر قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ مەسىلە توغرىسىدا ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ ئېنماۋ، تۆمۈر داۋامەت، سۇڭ خەنلياڭ، ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىتلار كۆپ قېتىم سۆزلىدى. مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە خىزمەت يىغىنى بىزدىن مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ياكى ئۇنىڭدىن ئۇزاقراق ۋاقىتتا مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە كىتابلىرىنى تۈزۈش خىزمىتىنى تاماملاشنى تەلەپ قىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتىدىن قارىغاندا، ۋەزىپە يەنىلا ئىنتايىن مۇشكۇل. ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلار ئۆزلىرىنىڭ خىزمىتىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى، ئۇنى ھەل قىلىش چارىلىرىنى تېپىپ چىقىشى، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا نەشر قىلىش سۈرئىتىنى تېزلىتىشى كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلىغان ئاپتونوم رايوننىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010 - يىللىق يىراق كەلگۈسى پىلانىدا 2005 - يىلى بۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنداش ئېنىق تەلەپ قىلىندى. بۇ پىلاننى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەكشۈرۈپ ماقۇللىدى ۋە يولغا قويۇشنى تەستىقلىدى. بۇنىڭغا سەۋەب كۆرسىتىشكە بولمايدۇ، ئۇنى ئۆز قەرەلىدە ئورۇنداش كېرەك. بۈگۈن بىز ئىلگىرىكىلەرگە ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان مەزگىلدە تۇرۇۋاتىمىز، ئەسىر ئالمىشىدىغان بۇنداق پەيتتە، چوقۇم روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، گوۋۋيۈەن ئىشخانىسىنىڭ [1996] 47 - نومۇرلۇق ھۆججىتى — «تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» نىڭ روھىنى تېخىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كونكرېت تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، تېز ئىلگىرىلەپ، بۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشر قىلىش خىزمىتىنى ئىمكانقەدەر تېز ئورۇندىشىمىز، ئاندىن كېيىن، جايلار تارىخى ۋە تەزكىرىنىڭ داۋامىنى يېزىش تەييارلىقىغا كىرىشىشىمىز كېرەك.

**2. ئاپپاراتنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، قوشۇننى مۇقىملاشتۇرۇش، خىراجەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش — تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ كاپالىتى.**

رايونىمىزنىڭ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلىرىدىكى تەزكىرە تۈزۈش ئاپپاراتلىرى ۋە تەزكىرىچى خادىملار تەزكىرىچىلىك خىزمىتى باشلانغاندىلا دائىملىق ئاپپارات ۋە رەسمىي شتات قىلىپ بېكىتىلگەن. بۇ ئاپپارات ۋە خادىملارنىڭ تەسىس قىلىنىشى ئىنتايىن زۆرۈر، ئۇ — رايونىمىزدا تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى ئۇچقۇشلۇق راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تەشكىلىي كاپالىتى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، بىر يۈرۈش تەزكىرە تۈزۈش ئاپپاراتى بولمىغان، تەزكىرىچىلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا بەزى خىل خادىملار سەپلەپ بېرىلمىگەن بولسا، بۈگۈنكى نەتىجىلەر بولمىغان بولاتتى. ئاپتونوم رايوننىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتىدا كۆپ ساندىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەردىكى تەزكىرە تۈزۈش ئاپپاراتلىرى ئۆزگەرتىلمىدى. قىسمەن تەزكىرە تۈزگۈچى ئاپپاراتلارلا بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى. ئايرىم ۋىلايەتلەردىكى تەزكىرە ئاپپاراتلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. يولداش لى تيېيىڭ مۇنداق دېگەنىدى: «تەزكىرىچىلىك خىزمىتى ۋاقىتلىق ۋەزىپە ئەمەس، ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشتۇرۇشقا تېگىشلىك نېگىزلىك ئىلىم - مەدەنىيەت ئىشى. ئەگەر بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە كىتابلىرى تاماملانغاندىن كېيىن، تەزكىرە تۈزۈش ئاپپاراتلىرى ۋە قوشۇنى تارقىتىۋېتىلسە، بىر نەچچە يىلدىن كېيىن بۇ ئىشنى يەنە قايتا باشلىغاندا، ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى كۆپلەپ ئىسراپ بولىدۇ ھەتتا ماتېرىياللار يوقىلىپ ۋە ئۈزۈلۈپ كېتىپ، خىزمەتكە ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدىغان زىيانلارنى كەلتۈرىدۇ». «شۇڭا ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە تۈزۈش ئاپپاراتلىرى ۋە تەزكىرىچىلىك قوشۇنىنىڭ مۇقىملىقىنى

ساقلاش كېرەك». بۇ يىل ئېچىلغان 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاپپارات ئىسلاھاتىنىڭ سالمىقى ناھايىتى زور بولدى. گوۋۇيۈەننىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى باشلىنىپ كەتتى، ئاپتونوم رايونىمىزدىمۇ ئاپپارات ئىسلاھاتى خىزمىتى باشلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، ئاپپارات ئىسلاھاتىنى ئېلىپ بارماي بولمايدۇ، لېكىن ئاپپارات ئىسلاھاتى تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە ھەرگىز تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. پېشقەدەم رەھبىرىمىز يولداش ۋاڭ ئېنماۋ ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدا، تەزكىرە تۈزۈش جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئىكەن، بىز ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشىمىز ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇشىمىز، بۇ ئېسىل ئەنئەنىنى بىز كوممۇنىستلار ئۈزۈپ قويماسلىقىمىز، ئۈزۈپ قويمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى قەدىمكىلەردىن، گومىنداڭدىنمۇ ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم دېگەنىدى. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ھەرگىز ئاپپارات ئىسلاھاتى تۈپەيلىدىن تەزكىرىچىلىك خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى بوشاشتۇرۇپ قويماسلىقى، بۇ ھەقتە ئېنىق تونۇشقا ئىگە بولۇشى كېرەك. تەزكىرە تۈزگۈچى خادىملار بۇرۇنقىدەك تىرىشىپ ئىشلەپ، رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا يەنە يېڭى تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

تەزكىرىچىلىك خىزمىتى كەسپچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك، ئەجىرلىك، جاپالىق، شارائىتى غۇربەت خىزمەت. شۇڭلاشقا بۇ ئىشقا ئىرادە باغلىغان، خېلى يۇقىرى ساپاغا ئىگە تەزكىرىچىلىك قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈش — تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش، تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتىنى تېزلىتىشنىڭ كۈچلۈك كاپالىتى. 15 يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىز كەسپچانلىقى كۈچلۈك، بىلىم دائىرىسى كەڭ، جاپا چېكىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان، نام - مەنپەئەت بىلەن ھېسابلاشمايدىغان، باش چۆكۈرۈپ ئىشلەيدىغان، خالىس تۆھپە قوشىدىغان تەزكىرىچىلەر قوشۇنىنى يېتىشتۈردى، بۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى سېپىدىكى بىر تۈركۈم قىممەتلىك بايلىق. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قوللىشى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈشى، ئىختىساسلىقلارنى بايقاشقا ئەھمىيەت بېرىشى، ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشى، ئادەملەرنى چۈشىنىش ۋە ئىشلىتىشكە ماھىر بولۇشى لازىم. ئۇلارغا ئازادە خىزمەت مۇھىتى، كۆز قاراشنى يېڭىلاش، كەسپىي سەۋىيىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش شارائىتى يارىتىپ بېرىشى لازىم. كەڭ تەزكىرىچىلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ بىلىمى ۋە كۆز قارىشىنى ئۆزلۈكسىز يېڭىلىشى، سىياسىي، كەسپىي ساپاسىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى، مۇئەييەن تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى ۋە تارىخ بىلىمىگە، بىر قەدەر يۇقىرى تىل - يېزىق سەۋىيىسىگە، بىرقەدەر يۇقىرى ئىدىيە - ئەخلاق تەربىيىسىگە، تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇشى، ھەرقايسى كەسپلەردىكى چوڭ، مۇھىم ئىشلارنى چۈشىنەلەيدىغان بولۇشى، شۇنىڭ بىلەن يۇقىرى ساپالىق كىشىلەر ئارقىلىق يۇقىرى سۈپەتلىك تەزكىرە تۈزۈش تەلىپىنى ئورۇنداش لازىم. ئۇزۇندىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ تەزكىرىچى خادىملار كەسپنى ئاساس قىلىپ، نام - مەنپەئەتكە بېرىلمەي، جان كۆيدۈرۈپ، باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلىدى، ئۇلار ئارىسىدا زور بىر تۈركۈم ئىلغار خىزمەتچىلەر بارلىققا كېلىپ، كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. يېڭى تارىخىي شارائىتتا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنىڭ مۇھىم مەزگىلىدە، ئەسىر ئالمىشىش پەيتىدە، بىز ئىزدىنىش، تىرىشىش، يېڭىلىق يارىتىش، تۆھپە قوشۇش روھىمىزنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، پۇختا ئىشلەپ، تېخىمۇ پارلاق نەتىجىلەرنى يارىتىشىمىز لازىم.

باشقا خىزمەتلەرگە ئوخشاشلا، تەزكىرىچىلىك خىزمىتىدىمۇ زۆرۈر خىراجەتكە كاپالەتلىك قىلىنمىسا بولمايدۇ. ھازىر جايلارنىڭ مالىيىسى ناھايىتى قىس بولماقتا، لېكىن مالىيە ھەر قانچە قىس بولغاندىمۇ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىگە كېرەكلىك خىراجەتكە جەزمەن كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ۋە ھەر دەرىجىلىك مالىيە باشقا جەھەتلەردىن ئاز - تولا پۇل چىقىرىپ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىگە سەرپ قىلىشى كېرەك، مېنىڭچە بۇنداق قىلىش تامامەن مۇمكىن، بۇ ھازىرقى زامانغا، كېيىنكى ئەۋلادلارغا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان چوڭ ياخشى ئىش. بىر قىسىم ناھىيىلەرنىڭ تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ تەكشۈرۈشكە يوللىنىدىغان ئورگىنالى ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىغا ئەۋەتىلگىنىگە خېلى ۋاقىت بولدى، بىراق بىرەر يۈزمىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتالمىغاچقا نەشردىن چىقىرىش مۇمكىن بولمىدى. مېنىڭچە، بۇ يەنىلا رەھبەرلىكنىڭ ئەھمىيەت بېرىش - بەرمەسلىك مەسىلىسى. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر خەنزۇچە تەزكىرە كىتابلىرى بىلەن ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشردىن چىقىرىش خىزمىتىنى تەڭ ئويلىشىشى، تەڭ قەدەمدە ئېلىپ بېرىشى، خەنزۇچە تەزكىرە كىتابلىرى نەشردىن چىققاندىن كېيىن، شۇ ھامان ئازسانلىق مىللەت يېزىقىدىكى تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشردىن چىقىرىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇشى لازىم.

**3. نادىر ئەسەر ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم.**

تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتى — تەزكىرە

كىتابلىرىنىڭ ھاياتى، شۇنداقلا تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ قىممىتى. ئۇ ھازىرقى زامانىمىزغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، كەلگۈسىگە تېخىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتى تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ياكى خارابلىشىشىغا، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ياكى مەغلۇب بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ئىش. تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ رېئاللىق ئۈچۈن، «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىشى - قىلالماسلىقى، ئەبەدىي ئەبەت ساقلىنىپ قالالىشى - قالالماسلىقى ئۇنىڭ سۈپىتىگە باغلىق. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نەشىردىن چىققان تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتى ئومۇمەن ئېيتقاندا ياخشى، بىراق يەنە بەزى مەسىلىلەر ساقلاندى. بۇ مەسىلىلەرگە ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ.

تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، سۈپەتنى تېخىمۇ ياخشىلاش كېرەك. تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىنى تەكىتلەشنى تەزكىرە كىتابىنىڭ ماھىيىتى ۋە فۇنكسىيىسى بەلگىلىگەن، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ تەلەپ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. تەزكىرە كىتابى «ھۆكۈمەت» كىتابى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تۈزۈلىدۇ، ئۇ قاتتىق تەلەپ بىلەن يېزىلىدىغان جايلار ئەھۋالىغا دائىر ماتېرىيال كىتاب بولۇپ، «تارىخنى ساقلاش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە ياردەم بېرىش، خەلقنى تەربىيىلەش» فۇنكسىيىسىگە ئىگە، شۇڭا ئۇ چىن بولۇش، ئىلمىي بولۇش، نوپۇزلۇق بولۇش تەلىپىگە يەتكەن بولۇشى كېرەك. بۇ ھال تەزكىرىچى خادىملاردىن تەزكىرە كىتابلىرىغا كىرگۈزىدىغان ماتېرىياللارنى ھەرگىز شۇ پېتىلا ئىشلىتىۋەرمەي، ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇش، دەلىللەشنى، ئىنچىكە ئىشلەشنى، بولۇپمۇ مىللەتكە، دىنغا، چەت ئەلگە چېتىلىدىغان ماتېرىياللارنى بىر تەرەپ قىلىشتا ناھايىتىمۇ ئېھتىياتچان ۋە ئەستايىدىل بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر تەزكىرە كىتابى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ھە دېگەندە خاتالىق چىقسا ئۇ كىتابنىڭ قىممىتى چۈشۈپ، جەمئىيەتنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچراپلا قالماي، يەنە تېخىمۇ ئېغىر ۋە ناچار سىياسىي تەسىر پەيدا قىلىدۇ.

بۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈشنىڭ كۆلىمى مىسلىسىز كەڭ، تەزكىرە كىتابلىرى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تارىخ ۋە ھازىرقى ئەھۋالنىڭ كەڭلىكى، چوڭقۇرلۇقى ۋە ئىلمىيلىقىدىن ئالغاندا، ھېچقانداق كىتاب بۇنىڭغا يېتەلمەيدۇ. شۇنىڭغا چىڭ ئىشىنىمەنكى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتى ئەمەلىيەتكە ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، تېخىمۇ كۆپ داڭلىق تەزكىرە كىتابلىرى، نادىر ئەسەرلەر دۇنياغا كېلىدۇ.

يولداشلار، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ۋە كەڭ تەزكىرىچى خادىملارنىڭ ئورتاق تىرىشىشى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتى زور نەتىجىگە ئېرىشتى. لېكىن ۋەزىپە يەنىلا ناھايىتى ئېغىر، بىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، سۈرئەتنى تېزلىتىپ، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىپ، ئەلا نەتىجىلىرىمىز بىلەن تېخىمۇ پارلاق 21 - ئەسىرنى كۈتۈۋېلىشىمىز لازىم. كۆپچىلىككە رەھمەت.

(بېشى 24 - بەتتە)

قەشقەر شەھىرىدە يۈز بەرگەن تۈرلۈك ۋەقە ھادىسىلەر بولۇپمۇ شۇ «پاجىئە» نىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئەھۋاللاردىن ھەر ۋاقىت خەۋەردار بولۇپ تۇرغان شاھىدلارنىڭ بىرى بولغىنىم ئۈچۈنمىكىن، ئۇ كارتىنىلار خۇددى تۈنۈگۈن بولۇپ ئۆتكەندەك كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. شۇڭا، بۇ ئىشلار خەلقنىڭ نەزىرىدىن ساقىت قالمىسۇن، دەپ خاتىرىلەپ قويدۇم.

ئىزاھاتلار:

① ئابدۇغوپۇر داموللامنىڭ جەسىتى بۇرۇن بىر تەرىپى بەشكېرەمگە، يەنە بىر تەرىپى ئافاق خوجا مازىرىغا ماڭىدىغان كونا يول دوقمۇشىغا دەپنە قىلىنغان. كېيىن بۇ جايغا 1950 - يىللاردا خۇمدان سېلىنىپ ئون يىللاپ ھاك ۋە قىش پۇشۇرۇلغان ئىدى. بۇ جاي ھازىرقى قەشقەر شەھەر تۆشۈك دەرۋازا «ھەزرەت يولى» بويىدىكى 10 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئۇدۇلىدىكى دوقمۇش، يەنى 1 - بىناكارلىق شىركەت ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا ماڭىدىغان يول دوقمۇشىغا توغرا كېلىدۇ.

②③④⑤ ئابدۇغوپۇر داموللا ھاجى يازغان رىسالىدىكى شېئىر شىسەينىڭ بېغىشلىمىسىغا قارالسۇن.

⑥⑦⑧ ئابدۇغوپۇر داموللىنىڭ رىسالىسىدىكى شېئىر شىسەي ۋە لى يۈڭلارنىڭ بېغىشلىمىسى ۋە ئۆزىنىڭ يازغان خاتىمىسىگە قارالسۇن.

تەھرىرلىگۈچى: ئەخمەت ئىمىنھاجى جۇبەيرى

ئىشلار تەزكىرىسىنى تۈزۈش كومىتېتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى ھەمدە شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھەربىي ئورۇنلار ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا قاراشلىق ھەر قايسى شۆبە ھەربىي رايونلار، خەلق قوراللىق بۆلۈملىرىمۇ مۇناسىپ ھالدا ھەربىي ئىشلار تەزكىرىسى خىزمىتى ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇپ، ھەربىي ئىشلار تەزكىرىسى ۋە ۋىلايەت، ناھىيە تەزكىرىلىرىنىڭ ھەربىي ئىشلارغا ئالاقىدار قىسىم - بابلىرىنى يېزىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك دەپ تەلەپ قىلىندى.

4) ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى 1996 - يىل 11 - ئايدا تەزكىرىنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش بويىچە نەزەرىيىۋى مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرىدىن پايدىلىنىش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈردى. قۇمۇل ۋىلايىتى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى، بارىكۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى، ئاراتۇرۇك ناھىيىسى، ماناس ناھىيىسى قاتارلىق ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيىلەردىكى تەزكىرىچى خادىملار ئۆزلىرى ئىگەللىگەن مول يەرلىك ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، ئۆز يېرىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن، كادىرلار ۋە ئاممىغا سوتسىيالىزم، ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن پائال تۈردە چارە - تەدبىر كۆرسەتتى، تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ ساھەلىرى ۋە يوللىرىنى ئىزدىنىپ ئېچىپ، نۇرغۇنلىغان ئەھمىيەتلىك خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى، شۇ ئارقىلىق ھەم تەزكىرە خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈردى، ھەم شۇ جايلاردىكى پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ، كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ئۇلارنىڭ ئۇسۇل ۋە تەجرىبىلىرىنى تەشەببۇس قىلىشقا، ئومۇملاشتۇرۇشقا ۋە ئۆگىنىشكە ئەرزىيدۇ. بىز شۇ قېتىمقى مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ماقالىلىرىنى تەھرىرلەپ «تەزكىرىنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا دائىر ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» نى نەشر قىلدۇق.

5) ئاپتونوم رايون تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010 - يىلغىچە كۆزلەنگەن كەلگۈسى نىشان پىلانى مۇھاكىمە قىلىپ تۈزۈپ چىقىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى 1996 - يىل 12 - ئايدا ش ئۇ ئا ر ھۆكۈمەت ئىشخانىسى [1996] 190 - نومۇرلۇق ھۆججەت شەكلىدە بۇ پىلانىنى رەسمىي تەستىقلىدى. بۇ پىلاندا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۈگۈندىن كېيىنكى تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ نىشانى، ۋەزىپىلىرى، يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە قوللىنىلىدىغان تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، 2005 - يىلغىچە مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولۇش، 2010 - يىلغىچە كېلەر نۆۋەتلىك داۋاملاشتۇرۇپ تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنىڭ 50% نى ئورۇنداپ بولۇش تەلەپ قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە «يەرلىك تارىخنى ياخشى يېزىش» ۋەزىپىسى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە تۈزۈش تارماقلىرى ۋە كەڭ تەزكىرىچى خادىملار بۇ پىلاننى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، پىلاننىڭ ئۇچۇشلۇق ئىشقا ئېشىشىغا تىرىشىپ كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

6) ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ ئورگان ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى [1997] 18 - نومۇرلۇق ھۆججىتىدە ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ ئورگان ئىسلاھاتى لايىھىسىنى رەسمىي تەستىقلىدى. بۇ لايىھەدە ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ ئاساسلىق فۇنكسىيىسى، ئىچكى ئاپپاراتلىرى ۋە خادىملار شتاتى مەسىلىسى ئېنىق بەلگىلەندى. بۇ قېتىمقى ئورگان ئىسلاھاتىدا بىز ماتېرىيال - ئۇچۇر تەتقىقات باشقارمىسى ۋە ئورگان پارتكومىنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلدۇق.

7) مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈشتىكى مۇنەۋۋەر نەتىجىلەرنى باھالاپ مۇكاپاتلاش پائالىيىتىگە ئاكتىپ قاتناشتۇق. 1997 - يىل 5 - ئايدا جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈشتىكى مۇنەۋۋەر نەتىجىلەرنى باھالاپ مۇكاپاتلاش پائالىيىتىنى ئۆتكۈزۈش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، دەرھال ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ۋە كومىتېتىمىز قاتناشقان باھالاش كومىتېتى تەشكىللەپ، 1993 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 1997 - يىل 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا رەسمىي نەشر قىلىنغان 47 تەزكىرە كىتابى ئۈستىدە دەسلەپكى باھالاش ۋە كۆرسىتىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئېلىپ باردۇق. مەملىكەتلىك تەزكىرە كىتابلىرىنى باھالاپ مۇكاپاتلاش كومىتېتىنىڭ دەسلەپكى ۋە ئاخىرقى باھالاشلىرى نەتىجىسىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىن «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. چارۋىچىلىق تەزكىرىسى» ۋە «كۇچا ناھىيىسى تەزكىرىسى» 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. دېھقانچىلىق تەزكىرىسى» ، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. تاشقى ئىشلار تەزكىرىسى» ، «چۆچەك شەھىرى تەزكىرىسى» ، «يېزا ئىگىلىك 8 - شى بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش

رايونى شىخەنزە شەھىرى تەزكىرىسى» 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇ 6 تەزكىرە كىتابى 1997 - يىل 8 - ئايدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك تەزكىرە كىتابلىرىنى مۇكاپاتلاش يىغىنىدا مۇكاپاتلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىز يىغىندا يەنە «ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، چېگرا رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەيلى» دېگەن تېمىدا سۆز قىلىپ، ئۇسۇلىمىز ۋە تەسىراتىمىزنى تونۇشتۇرۇپ، جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى ۋە يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتۇق.

8) 1996 — 1997 - يىللىق تەزكىرىچىلىك خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر تەقدىرلەندى. 1997 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسى ۋە كومىتېت 1996 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدىن بۇيانقى تەزكىرىچىلىك خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەشنى قارار قىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك تەزكىرىچىلىك تارماقلىرىنىڭ باھالاپ كۆرسىتىشى، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسى ۋە كومىتېتنىڭ تەكشۈرۈپ ماقۇللىشى ئارقىلىق ئاپتونوم رايون بويىچە 38 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 108 ئىلغار شەخس ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تەقدىرلەندى.

9) ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ ئورگان ئىشخانا بىناسى ۋە تۇرالغۇ ئۆي بىناسى قۇرۇلۇشىدا يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ ئورگان خىزمەت بىناسى ۋە تۇرالغۇ ئۆي بىناسىنىڭ قۇرۇلۇشى 1997 - يىل 5 - ئايدا باشلانغانىدى، 11 - ئايدا سوغۇق چۈشۈشتىن بۇرۇن 4 قەۋەتلىك تۇرالغۇ ئۆي بىناسىنىڭ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى پۈتتۈرۈلدى، 5 قەۋەتلىك خىزمەت بىناسىنىڭ 2 قەۋىتى پۈتتۈرۈلدى.

**2. بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلەر توغرىسىدا**

1) كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتىنى ھەقىقىي تۈردە تېزلىتىش لازىم.

1983 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى قۇرۇلغاندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى 86 توم كەسپىي تەزكىرىدىن تەركىب تاپقان «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» ۋە 100 توم ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە تەزكىرىسى بولۇپ جەمئىي 186 توم تەزكىرە كىتابىنى تۈزۈش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە تەزكىرىلەرنى ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىغا تەرجىمە قىلىش، تەكشۈرۈپ بېكىتىش ھەم نەشر قىلىش ۋەزىپىسىنى بەلگىلىگەنىدى. 10 نەچچە يىل تىرىشىش ئارقىلىق، ھازىرغىچە «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» گە تەۋە كەسپلەر تەزكىرىسىدىن 23 توم، ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە تەزكىرىسىدىن 34 توم، جەمئىي 57 توم تەزكىرە كىتابى نەشر قىلىنىپ، پىلاننىڭ %30.65 ى ئورۇندالدى. مۆلچەرىمىزچە بۇ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» گە تەۋە كەسپلەر تەزكىرىسىدىن 31 توم، ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە تەزكىرىلىرىدىن 45 توم يەنى جەمئىي 76 توم نەشردىن چىقىدۇ، شۇنداق بولغاندا بۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنىڭ تەخمىنەن %40.86 ى ئورۇندالغان بولىدۇ. 1996 - يىلى مەملىكەتلىك 2 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 3 - قېتىملىق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدا مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ياكى ئۇنىڭدىن سەل ئۇزاقراق ۋاقىت ئىچىدە مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى تاماملاش تەلەپ قىلىنغانىدى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى تەستىقلىغان ئاپتونوم رايونىنىڭ تەزكىرە خىزمىتى بويىچە 9 - بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010 - يىلغىچە كۆزلەنگەن كەلگۈسى نىشانىدا 2005 - يىلغىچە مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى تاماملاپ بولۇش ئېنىق تەلەپ قىلىندى. ھازىردىن باشلاپ ھېسابلىساق، بۇنىڭغا 10 يىلمۇ ۋاقىت قالمىدى، بىراق ۋەزىپىنىڭ يەنە %60 ى بار. تەزكىرە كىتابلىرىنى ئازسانلىق مىللەت تىل - يېزىقىغا تەرجىمە قىلىش ۋە نەشر قىلىش ۋەزىپىسى تېخىمۇ ئېغىر، ھازىرغىچە ئاران 9 تەزكىرە كىتابى تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى، مۆلچەرىمىزچە، يىل ئاخىرىغىچە يەنە 5 توم نەشردىن چىقسا جەمئىي 14 تومغا يېتىپ، پىلاننىڭ %7.53 ى ئورۇندالغان بولىدۇ. ۋاقىت قىس، ۋەزىپە ئېغىر، بۇ بىزنىڭ مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى تاماملىشىمىزدىكى گەۋدىلىك زىددىيەت. شۇڭا، ھەر دەرىجىلىك تەزكىرىچىلىك تارماقلىرى پائال تۈردە كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتىنى ھەقىقىي تېزلىتىپ، 2005 - يىلدىن ئىلگىرى مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى تاماملاشقا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى مۇنۇلارنى قارار قىلدى: بۇ قېتىمقى يىغىندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسى بار بۆلۈم، كومىتېت، نازارەت، ئىدارىلەردىكى تەزكىرە خىزمىتىگە مەسئۇل يولداشلارنىڭ يىغىنى ئېچىلىدۇ، يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىدىكى رەھبىرىي يولداشلار ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتى ئەھۋالىدىن بەرگەن دوكلاتىنى ئاڭلاش ۋە مۇھىم سۆز قىلىشقا تەكلىپ قىلىنىدۇ، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» گە تەۋە

كەسىپلەر تەزكىرىسىنى تۈزۈش خىزمىتى ئۈستىدە تەلەپ ۋە بەلگىلىمىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ۋەزىپىنى تاماملاش مۇددىتى بېكىتىلىدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك تەزكىرىچىلىك تارماقلىرى ۋە ئورۇنلىرى ئۆز ئورۇنلىرىنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنىڭ سۈرئەت پىلانى جەدۋىلىنى تۈزۈپ چىقىشى، خىزمەت سۈرئىتىنى ئايمۇ ئاي تەكشۈرۈپ تۇرۇشى كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتى سۈرئىتىنى ھەر پەسىلدە بىر ستاتىستىكىلاپ، تەكشۈرۈپ، يېرىم يىلدا بىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە دوكلات قىلىپ تۇرىدۇ. بىز يەنە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقىنى ئېلىپ، كېلەر يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرمەكچى ۋە ئورۇنلاشتۇرماقچى. جايلار ۋە ئورۇنلارنىڭ مۇشۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھى بويىچە ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىپ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنىڭ سۈرئىتىنى ھەقىقىي تېزلىتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

2) بۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، تەزكىرىلەرنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈشنىڭ تەييارلىق خىزمىتىنى پائال تۇردە ياخشى ئىشلەش لازىم.

تەزكىرىچىلىك خىزمىتى — ئۇزاق مۇددەتلىك، ئىزچىل ئېلىپ بېرىلىدىغان ئاساسىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى خىزمىتى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى لى تىيېيىڭ مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك تەزكىرە خىزمىتى يىغىنىدىكى سۆزىدە: تەزكىرە جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيىتىدىكى ئەڭ مۇھىم يەتكۈزگۈچ ژانىرلارنىڭ بىرى، تەزكىرىچىلىك ئىشلىرىنى ئۈزۈپ قويماي، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە، مەڭگۈ داۋاملاشتۇرۇش كېرەك، بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسى تاماملانغان كۈن، كېيىنكى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش باشلانغان ۋاقىت بولىدۇ، دەپ كۆرسەتتى. «گوۋۇيۈەن ئىشخانىسىنىڭ تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» ىدا ۋە جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى تۈزگەن «تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» دە، ئېلىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىدە تەزكىرىلەرنى «ھەر 20 يىل ئۆپچۆرىسىدە بىر قېتىم داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش» ئېنىق بەلگىلەندى. بۇ — سوتسىيالىزم دەۋرىدە، دۆلەت تەزكىرىچىلىك خىزمىتى توغرىسىدا مەمۇرىي بۇيرۇق تەرىقىسىدە چىقارغان ئەڭ نوپۇزلۇق بەلگىلىمە. بۇ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 40 نەچچە ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە (شەھەر) ۋە 30 نەچچە نازارەت، ئىدارە مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى تاماملايدۇ. ئەڭ بالدۇر نەشردىن چىققان تەزكىرە كىتابلىرىغىمۇ 10 نەچچە يىل بولۇپ قالدى. شۇڭا، تەزكىرىلەرنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش بىزنىڭ ئالدىمىزغا قويۇلدى. ئىككى يىلدىن بېرى، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى تەزكىرىلەرنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش ھەققىدە بىرنەچچە قېتىم كىچىك تىپتىكى سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئاچتى. يىغىندا، كۆپچىلىك بىردەك، تەزكىرە كىتابىنى نەشردىن چىقىرىپ بولغان ئورۇنلار تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش مەسىلىسىنى پائال مۇھاكىمە ۋە تەتقىق قىلىپ، تەييارلىق خىزمىتىنى پائال ياخشى ئىشلىشى كېرەك دەپ قارىدى. تەزكىرىلەرنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش ئەلمىساقتىن بار ئىش. بىراق، سوتسىيالىستىك يېڭى دەۋردە سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرىلەرنى قانداق داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش ھەققەتەن بىر يېڭى تېما. نۆۋەتتە، مەملىكەتتىكى تەزكىرىچىلىك ساھەسىدىكىلەر بۇ مەسىلىنى قىزغىن مۇھاكىمە قىلماقتا. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، كۆپ سانلىق ئورۇنلار مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى تېخى ئورۇنداپ بولالمىدى. بۇ ئورۇنلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، تەزكىرە تۈزۈشنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى بالدۇرراق تاماملاشتىن ئىبارەت. تەزكىرە كىتابىنى نەشردىن چىقىرىپ بولغان ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە (شەھەر) لەر تەزكىرىلەرنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇشى كېرەك.

تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈشتە 1 - نۆۋەتلىك سوتسىيالىستىك يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈشكە قارىغاندا نۇرغۇن پايدىلىق شارائىت ھازىرلاندى. بىرىنچىدىن، تەزكىرە تۈزۈش جەھەتتە قولغا كەلگەن 10 نەچچە يىللىق مول نەتىجە ۋە ئۇنىڭ ئوينىغان رولى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنى ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەسىدىكىلەرنى تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ قىممىتى توغرىسىدا تېخىمۇ ئېنىق تونۇشقا ئىگە قىلدى، بۇ ھال تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتى ئۈچۈن پۇختا ئاممىۋى ئاساس سېلىپ بەردى؛ ئىككىنچىدىن، 10 نەچچە يىللىق تەزكىرە تۈزۈش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق مول تەجرىبە توپلىدۇق، بۇ تەجرىبىلىرىمىز ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىپ،

خېلى سىستېمىلىق نەزەرىيىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ، ئۇ بىزنىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈشىمىزدە، مۇھىم يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، 10 نەچچە يىللىق تەزكىرە تۈزۈش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ساپاسى بىرقەدەر ياخشى تەزكىرىچىلىك قوشۇنى تاۋلاندى ۋە يېتىشتۈرۈلدى، بۇنىڭ بىلەن كېلەر نۆۋەتلىك تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن كۈچلۈك تەشكىلىي ئاساس سېلىندى؛ تۆتىنچىدىن، داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈلىدىغان تەزكىرىنىڭ باشلىنىش چېكى ئۇزاق ئەمەس، ئەھۋاللار خېلىلا تونۇش، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېرەكلىك ماتېرىياللارنى شۇ جاي، شۇ ئورۇننىڭ ئۆزىدىنلا تاپقىلى بولىدۇ، يەنە كېلىپ ماتېرىياللارنىڭ ۋاقىت ئارىلىقى يېقىن بولغاچقا، تەكشۈرمەك ئاسان، ئادەتتە بەك تەپسىلىي دەلىللەپ يۈرمەي ئىشلىتىشكە بولىدۇ. شۇڭا تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئاساس ۋە تېخىمۇ يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ قانات يايدۇرغىلى بولىدۇ.

تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا دائىر تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرىنى پۇختا ئىشلەش كېرەك. بىرىنچىدىن، ئىدىيىۋى تەييارلىقنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. بۇ دېگىنىمىز، تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈشتە نەزەرىيە جەھەتتىن پۇختا ئاساس سېلىش كېرەك دېگەنلىك. ھەممىگە ئايانكى، بىزنىڭ بۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىمىز نەزەرىيە جەھەتتىكى تەييارلىقىمىز يېتەرسىز ئەھۋالدا باشلانغان. تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى بىلەن تەزكىرىچىلىك ئەمەلىيىتى بىر - بىرىگە ماس كەلمەيدىغان زىددىيەت بۇ نۆۋەتلىك تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭگەن. تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتى ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، بىز بۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈشتە يەكۈنلىگەن نەزەرىيىنى تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈشتە نەزەرىيىۋى يېتەكچى قىلىمىز، دېمەك، تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش خىزمىتىنى يېڭى نۇقتىدىن باشلايمىز. شۇڭا، تەزكىرىچى خادىملار بولۇپمۇ مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرىنى تۈزۈپ بولغانلار ھازىردىن باشلاپ مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش جەريانىدىكى ئىقتىسادىي ساۋاقنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، تەزكىرىچىلىك جەھەتتىكى ھېسسىي تونۇشنى نەزەرىيە يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ، ئۇنى تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈشكە تېخىمۇ ياخشى يېتەكچى قىلىشى، تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈشكە خاس ئىدىيىۋى ھالەتكە تېزدىن كىرىپ، بۇ خىزمەت ئۈچۈن تولۇق نەزەرىيىۋى ۋە ئىدىيىۋى تەييارلىق كۆرۈشى كېرەك. ئىككىنچىدىن، تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈشنىڭ ماتېرىيال جەھەتتىكى تەييارلىقىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. ماتېرىيال تەييارلىقى تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈشتىكى مۇھىم، ئاساسلىق ئىش. مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرىنىڭ ئاخىرقى چېكى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈلىدىغان تەزكىرىنىڭ باشلىنىش چېكى بولىدۇ، كېرەكلىك ماتېرىياللار ئومۇمەن خېلى ياخشى ساقلانغان ھەم ناھايىتى مول، بىراق ئۇلارنى قانداق يىغىپ، تەزكىرە تۈزۈش ئىشىغا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن مۇئەييەن ئىش كۆرمەي بولمايدۇ. ھازىر نۇرغۇن ئورۇن ۋە ۋىلايەتلەر بۇ مەسىلىنى ئويلىشىپ، چوڭ ئىشلارنى خاتىرىلەش، يىلنامە تۈزۈشكە ئوخشاش ئۇسۇللار ئارقىلىق ماتېرىيال توپلىماقتا، بۇ ناھايىتى ياخشى ئەھۋال. جايلار ئۆز ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز ئورنى ۋە ۋىلايىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئۇسۇللار ئارقىلىق تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش ئۈچۈن، ماتېرىيال تەييارلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك. ئۈچىنچىدىن، داۋاملاشتۇرۇلۇپ تۈزۈلىدىغان تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىش ھەم لايىھىلەش كېرەك. قۇرۇلما — تەزكىرە كىتابىنىڭ رامكىسى. بۇ مەسىلە ھەل قىلىنسا، ھەم تەزكىرە كىتابىنىڭ بىر پۈتۈن ئىلمىيلىكىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ، ھەم ماتېرىيال توپلاش، رەتلەش ئۈچۈن بىر تىزىملىك تۇرغۇزۇلۇپ، نىشان ۋە يول كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ. داۋاملاشتۇرۇلۇپ تۈزۈلىدىغان تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىنى لايىھىلىگەندە، تەزكىرە كىتابىنىڭ بىر پۈتۈن ئىلمىيلىكىگە ئەھمىيەت بېرىپ، دادىل يېڭىلىق يارىتىش كېرەك. ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىش جەريانىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. بۇ — تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى.

تۆۋەندە تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش جەھەتتىكى بىر نەچچە مەسىلە توغرىسىدا بىر ئاز پىشمىغان پىكىر قويماقچىمەن.

1) داۋاملاشتۇرۇلۇپ تۈزۈلىدىغان تەزكىرىنىڭ چېكىنى بېكىتىش مەسىلىسى. داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈلىدىغان تەزكىرە — ئالدىنقى نۆۋەتلىك تەزكىرىنىڭ داۋامى، ئالدىنقى نۆۋەتلىك تەزكىرە كىتابىنىڭ ئۇلانمىسى. شۇڭا داۋاملاشتۇرۇلۇپ تۈزۈلىدىغان تەزكىرە كىتابىنىڭ باشلىنىش چېكى جەھەتتە، تەزكىرە كىتابىنىڭ باش - ئاخىرىنى ئۇلاش پرىنسىپىغا ۋارىسلىق قىلىنىشى، يەنى داۋاملاشتۇرۇلۇپ تۈزۈلىدىغان تەزكىرە كىتابىنىڭ ئاساسىي ماتېرىيالى، جۈملىدىن، كەسىپلەر تەزكىرىسى ۋە شەخسلەر تەزكىرىسىنىڭ مەزمۇنى ئالدىنقى نۆۋەتلىك تەزكىرە كىتابىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىشى كېرەك. داۋاملاشتۇرۇلۇپ تۈزۈلىدىغان

تەزكىرە كىتابىنىڭ ئاخىرقى چېكىنى گوۋۇيۈەننىڭ 20 يىل ئەتراپىدا بىر قېتىم داۋاملاشتۇرۇپ تەزكىرە تۈزۈش دېگەن پرىنسىپىغا ئاساسەن، جايلار ئۆز ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ئۆزى بېكىتسە بولىدۇ. بىز ئاخىرقى چەكنى 2005 - يىلى ياكى 2010 - يىلى قىلىپ بېكىتىشنى تەۋسىيە قىلىمىز، يەنى بۇ نۆۋەتلىك تەزكىرىنى بالدۇر يېزىپ بولغانلار 2005 - يىلنى ئاخىرقى چەك قىلىپ بېكىتسە، مۇشۇ بىرنەچچە يىلدا ياكى كېيىنكى بىرنەچچە يىلدا يېزىپ بولىدىغانلار 2010 - يىلنى ئاخىرقى چەك قىلىپ بېكىتسە بولىدۇ. ئاخىرقى چەك مەيلى قايسى يىلغا بېكىتىلسۇن، چوقۇم مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش جەھەتتىكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئۆرنەك قىلىش، بۇنىڭدا مۇنۇ ئىككى نۇقتىنى بىردەك ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك، بىرى، بىر تەزكىرە كىتابىنىڭ ئاخىرقى چېكى چوقۇم بىردەك بولۇشى كېرەك، ئەگەر بىردەك بولمىسا، ھەرقايسى تۈرلەرگە دائىر ئىشلارنى بايان قىلىش ۋاقتى بىردەك بولمايدۇ. مەزمۇندا ئېگىز - پەسلىك كۆرۈلىدۇ، نەتىجىدە تەزكىرە كىتابىدىكى ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىشتا قىيىنچىلىق تۇغۇلىدۇ. يەنە بىرى، داۋاملاشتۇرۇلۇپ تۈزۈلىدىغان تەزكىرە كىتابى چوقۇم شۇ كىتابنىڭ ئاخىرلىشىش چېكى قىلىنغان يىلنىڭ كېيىنكى يىلى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىشى كېرەك، شۇنداق بولغاندا تەزكىرە كىتابنىڭ ۋاقىت ئۈنۈمىنى ۋە قوللىنىلىش ئۈنۈمىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ، ئۇنداق قىلماي مىسلداپ يۈرسەك، كىتابىمىز «تارىخ» كىتابى بولۇپ قالىدۇ - دە، تەزكىرىنىڭ دەۋرمۇ - دەۋر ئىشلىتىلىدىغان فۇنكسىيىسى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كېتىپ، تەزكىرىنىڭ ئۈچۈر دەۋرىدىكى رىقابەت كۈچى تەسىرگە ئۇچرايدۇ.

2) داۋاملاشتۇرۇلۇپ تۈزۈلىدىغان تەزكىرە كىتابنىڭ مۇندەرىجىسى ۋە قۇرۇلمىسى مەسىلىسى. تەزكىرە كىتابنىڭ مۇندەرىجىسى ۋە قۇرۇلمىسى دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. داۋاملاشتۇرۇلۇپ تۈزۈلىدىغان تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ تەرتىپ قۇرۇلمىسى ۋە مۇندەرىجىسى چوقۇم بۇ نۆۋەت تۈزۈلگەن تەزكىرە كىتابلىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، بەزى ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ. ئۆزگىرىش قانچىلىك بولىدۇ، قۇرۇلمىنى پۈتۈنلەي باشقىچە قىلىش كېرەكمۇ، ياكى بۇ نۆۋەت تۈزۈلگەن تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە مۇندەرىجىسى ئاساسىدا ئازراق تەڭشەش كېرەكمۇ، بۇنى جايلار ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ ئىگەللىسە بولىدۇ. بىراق بىر پرىنسىپ بار: تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈشتە چوقۇم «يېڭى» بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىش، شۇ جاينىڭ ئالدىنقى نۆۋەتلىك تەزكىرە كىتابىدىن كېيىنكى يېڭى ئەھۋالى، يېڭى يوللىرى، يېڭى تەرەققىياتى، يېڭى شەيئىلىرى، يېڭى قىياپىتى، يېڭى مۇۋەپپەقىيىتى، يېڭى شەخسلىرى، يېڭى مەسىلىلىرى، يېڭى زىددىيەتلىرى ۋە يېڭى تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى نۇقتىلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىش كېرەك. مۇندەرىجىنى بەلگىلەشتە، «چوڭ تېمىلارنى بەلگىلەش، كونكرېت تېمىلارنى بەلگىلىمەسلىك، ھەم ئۆلچەملىك بولۇش، ھەم بىر قېلىپقا سېلىۋالماسلىق» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، مۇستەقىللىق بىلەن بىرلىكنىڭ، تارماقلارنىڭ مۇۋاپىقلىقى بىلەن تۈرلەرنىڭ مۇۋاپىقلىقىنىڭ، ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭىلىق يارىتىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

3) داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈلىدىغان تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ ھەجمى مەسىلىسى. مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈشتىكى بىر ئورتاق ئالاھىدىلىك شۇكى، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ ھەجمى ئومۇميۈزلۈك چوڭ بولۇپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن مەزمۇنلاردا قۇرۇق گەپ بەك تولا، بۇ ھال تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ ئوقۇش قىممىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويدى، تەننەرخىنىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى. بىزنىڭچە، داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈلىدىغان تەزكىرە كىتابلىرىدا پەقەت 20 يىل ئۆپچۆرىسىدىكى ئىشلار خاتىرىلىنىدىغان بولغاچقا داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈلىدىغان ناھىيە (شەھەر) تەزكىرىلىرىنىڭ ھەجمىنى 300 مىڭدىن 500 مىڭغىچە خەت ئىچىدە، ۋىلايەت، ئوبلاست تەزكىرىلىرىنىڭكىنى 700 مىڭدىن 800 مىڭغىچە خەت ئىچىدە تىزگىنلىگەن مۇۋاپىق.

4) تۈزۈش ۋە نەشر قىلىش ۋاقتى مەسىلىسى. مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋاقتى بەك ئۇزۇن بولۇپ كەتكەن، بولۇپمۇ تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ يېزىپ توختىتىلغان ئاخىرقى ۋاقىت چېكى بىلەن نەشرىن چىقىش ۋاقتى ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق بەك يىراق بولۇپ كەتكەن ساۋاقنى قوبۇل قىلىپ، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىت چېكى بىلەن نەشردىن چىقىش ۋاقتىنىڭ ئۇلىنىش مەسىلىسىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىپ، تەزكىرىنىڭ داۋامىنى يېزىش، نەشردىن چىقىرىش ۋاقتىنى قىسقارتىپ، تەزكىرە تۈزۈش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ماتېرىيال تەييارلاش ۋاقتى ئۇزاقراق بولسا بولىدۇ، بۇ مەزگىلدە رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىشىنى كۆپرەك ئىشلەش، يەرلىك تارىخ يېزىشقا ئوخشاش ئىشلارنى قىلىش لازىم. لېكىن كىتابنى يېزىپ نەشردىن چىقىرىش ۋاقتىنى قىسقارتىپ، 1 — 2 يىل ئىچىدە نەشردىن چىقىرىش ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك، يەنى تەزكىرىنى نەشردىن چىقىرىپ تارقىتىش ۋاقتى بىلەن تەزكىرىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىت چېكى ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنى ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا 2 يىلدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك.

3) يەرلىك تارىخ يېزىش خىزمىتىنى پائال ياخشى

ئىشلەش كېرەك.

(1) يەرلىك تارىخ يېزىش مەسىلىسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى. بىزنىڭ تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشردىن چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن يەرلىك تارىخ يېزىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىزدا، ئاساسلىقى، تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە سەۋەب بار: بىرىنچى، تارىخمۇ، تەزكىرىمۇ، مىللەتلەرنىڭ تارىخىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان يەتكۈزگۈچ، تارىخي كىتابلار بىلەن تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ بايان قىلىش ئۇسۇلى، شەكىل - قۇرۇلمىسى، ئېلىنغان ماتېرىياللىرى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ھەر ئىككىلىسىدە تارىخي ماتېرىيال ئاساس قىلىنىدۇ. قەدىمكىلەر تەزكىرە — «بىر جاينىڭ ئومۇمىي تارىخى»، تارىخ بىلەن تەزكىرە بىر ئائىلە دەپ قارىغانىدى. شىنجاڭ تارىخى خاتىرىلەنگەن تارىخي كىتابلار ئاز ئەمەس، مەسىلەن 24 تارىختىكى ئالاقىدار قىسىملار، «غەربىي يۇرتنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» قاتارلىقلار، لېكىن بۇ تارىخي كىتابلاردا شىنجاڭنىڭ تارىخى بايان قىلىنغان؛ ئۇنىڭ بايان قىلىش دائىرىسى كەڭ (مەسىلەن غەربىي يۇرت تارىخى»)، كۆلىمى چوڭ بولۇپ، شىنجاڭنىڭ تارىخي تەرەققىياتىنىڭ چوڭ تومۇرىغا، كەڭ دائىرىگە، چوڭ ئىشلارغا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىلگەن. بۈگۈنگىچە بىر ۋىلايەت، بىرەر ئوبلاست ياكى بىرەر ناھىيە (شەھەر) دائىرىلىك يەرلىك تارىخي كىتابتىن بىرەرسىمۇ مەيدانغا كەلگىنى يوق. تەزكىرە ئورۇنلىرى 10 نەچچە يىللىق جاپالىق ئەمگەك ئارقىلىق بىر ۋىلايەت، ئوبلاست ياكى بىر ناھىيە (شەھەر) نىڭ يەرلىك ئەھۋالىغا دائىر مول تارىخي ماتېرىياللارنى توپلىدى، شۇنداقلا تەزكىرە تۈزۈش ئارقىلىق بۇ ماتېرىياللارنى خېلى سىستېمىلىق، ئىلمىي ئاساستا تۈرلەرگە ئايرىپ، رەتلەپ چىقتى، بۇ تەزكىرە ئورۇنلىرىنى بىر ۋىلايەت، ئوبلاست ياكى بىر ناھىيە (شەھەر) نىڭ يەرلىك تارىخىنى يېزىپ چىقىش ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق شارائىت بىلەن تەمىنلىدى؛ ئىككىنچى، تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشر قىلغاندا، جايلار ئەھۋالىغا دائىر نۇرغۇن ماتېرىيال توپلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىسى تەزكىرە كىتابلىرىغا كىرگۈزۈلمىدى، بۇ يەردە ئاشۇ «ئۆلۈك ماتېرىيال» لارنى قانداق قىلىپ «تىرىك ماتېرىيال» غا ئايلاندۇرۇش مەسىلىسى بار، ئۇلارنى كىشىلەرنىڭ ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيىلەرنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىشى، بىلىۋېلىشى ئۈچۈن، شۇ جاينىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن قانداق خىزمەت قىلدۇرۇش مەسىلىسى بار؛ ئۈچىنچى، تەزكىرە كىتابلىرى تۈزۈلمە ۋە بايان قىلىش ئۇسۇلى جەھەتتە چەكلىمىگە ئۇچرىغاچقا، تەزكىرە كىتابلىرىدا بەزى شەيئى ۋە شەخسلەرنى خاتىرىلەشتە «بايان قىلىش ئەمما مۇھاكىمە قىلماسلىق» يولى تۇتۇلىدۇ، شۇڭا شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى ئانچە شەرھلەپ بېرىلمەيدۇ، بۇ ھال كىشىلەرنىڭ شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى توغرا تونۇشىغا توسالغۇ بولىدۇ؛ تۆتىنچى، تەزكىرە كىتابى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، كېيىنكى نۆۋەتلىك تەزكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈشكە تەييارلىق كۆرۈش مەزگىلىدە، تەزكىرە ئورۇنلىرىنىڭ يەرلىك تارىخنى تەتقىق قىلىش ۋە يېزىش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىشقا ۋاقتى ۋە كۈچى يېتىدۇ؛ بەشىنچى، يەرلىك تارىخ يېزىش ئارقىلىق، كۆپ يىللاردىن بۇيان توپلانغان مول ماتېرىياللار تارىخ كىتابى ئۇسلۇبىغا سېلىش ئۇسۇلى بىلەن قايتىدىن تۈرلەرگە ئايرىلىپ ۋە رەتلىنىپ، ۋىلايەت، ئوبلاست ياكى ناھىيە (شەھەر) نىڭ يەرلىك تارىخى يېزىپ چىقىلىدۇ، ئۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر، كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئۆز ۋىلايىتى، ئوبلاستى، ناھىيىسىنىڭ ئەھۋالىنى تېخىمۇ ياخشى بىلىۋېلىشى ئۈچۈن تارىخ كىتابى شەكلىدىكى يەرلىك دەرسلىك بولۇپ قالىدۇ؛ ئالتىنچى، يەرلىك تارىخ يېزىش ئارقىلىق، يەنە تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ ھەجمى چوڭ، ۋەزنى ئېغىر بولغاچقا كۆرۈپ پايدىلانغۇچىلار مۇئەييەن چەكلىمىگە ئۇچرايدىغان نۇقسانلارنى تۈگىتىپ، تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى ئاممىغا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرغىلى، ئاممىغا قولايلىق يارىتىپ بەرگىلى بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تەزكىرە ئورۇنلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىمۇ زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. بىر تەزكىرە، بىر تارىخ يېزىلسا، ئىككىسى بىر بولۇپ، بىر ۋىلايەت بىر ناھىيىنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ ساھەلىرى ۋە يوللىرى تېخىمۇ كېڭىيىدۇ، بۇ خۇشاللىنارلىق ئىش ئەمەسمۇ؟

2) يەرلىك تارىخ يېزىشتىكى پايدىلىق شارائىت. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ماتېرىيال ئەۋزەللىكى ئادەم كۈچى ۋە ۋاقىت شارائىتىدىن باشقا، يەنە مۇنداق ئىككى پايدىلىق شارائىت بار: بىرىنچى، يەرلىك تارىخ يېزىش خىزمىتى ئاپتونوم رايون تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنىڭ 9 - بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010 - يىلغىچە كۆزلەنگەن كەلگۈسى نىشان پىلانىغا كىرگۈزۈلدى ھەم ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بۇنى يولغا قويۇشنى تەستىقلىدى، دېمەك، بۇ ئىش نامى يوللۇق «ھۆكۈمەت» ئىشى بولۇپ قالدى؛ ئىككىنچى، شىنجاڭدىكى بەزى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ تارىختا شانلىق نامايەندىلىرى بار، مەسىلەن: قەدىمكى يىپەك يولىدىكى گۈللىنىش، خەن، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشتىكى سەلتەنەتلەر، چىڭ سۇلالىسىنىڭ

شىنجاڭنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ۋەتەنىمىزنىڭ بىرلىكىنى قوغداش يولىدىكى ئۇلۇغ ئىشلار، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىناق ئۆتۈپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايونىنى ئورتاق ئېچىش، گۈللەندۈرۈش ۋە قوغداش يولىدىكى تىللاردا داستان بولارلىق ئىشلىرى، ياۋروپا - ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ گىرەلىشىپ تەرەققىي قىلىشى، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشقا ۋە كىتابقا پۈتۈشكە ئەرزىيدۇ.

3) بىر قانچە تەلەپ: تەزكىرە كىتابىنى چىقىرىپ بولغان ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە (شەھەر) لەردىن يەرلىك تارىخ يېزىش شارائىتى بارلارنىڭ ھەممىسى يەرلىك تارىخ يېزىش خىزمىتىنى ئىشلەشكە تۇتۇش قىلىشى كېرەك. بولۇپمۇ تارىخى ئۇزۇن، تارىخىي ماتېرىياللىرى مول، يازىدىغان مەزمۇنى بىر قەدەر كۆپ بولغان ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە (شەھەر) لەر يەرلىك تارىخىنى تېخىمۇ تېز يېزىپ چىقىشى كېرەك. تارىخى قىسقا، كېيىن قۇرۇلغان، يەرلىك تارىخ يېزىش شارائىتى ھازىرلانمىغان ناھىيە (شەھەر) لەر بۇ خىزمەتنى ھازىرچە قانات يايدۇرمىسىمۇ بولىدۇ. ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلار شارائىتى ياخشى بولغان بىر - ئىككى ناھىيە (شەھەر) نى تاللاپ يەرلىك تارىخ يېزىشتىكى سىناق نۇقتىسى قىلىپ، ئۇلارنى بىر قەدەم ئالدىدا ماڭغۇزۇپ، تەجرىبىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن ئاندىن تەدرىجىي كېڭەيتىش كېرەك. سىناق نۇقتىسى قىلىنغان ناھىيە (شەھەر) لەر ئاۋۋال ناھىيە (شەھەر) نىڭ يەرلىك تارىخىنىڭ مۇندەرىجە قۇرۇلمىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ پىكرىنى ئېلىشى، ئاندىن سىناق تەرىقىسىدە يېزىپ چىقىشى، دەسلەپكى ئورىگىنال پۈتكەندە باھالاش يىغىنى ئېچىپ كەڭ پىكىر ئېلىپ شۇ ئاساستا ئەستايىدىل تۈزىتىپ، كىتابنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. 2 — 3 يىلدا بىر تۈركۈم يەرلىك تارىخ نەتىجىلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك. ئىككىنچى، مەزمۇنىنى بايان قىلىش جەھەتتە، ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە تارىخىي يۈكسىلىشنى يەرلىك تارىخنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى قىلىش، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى جەمئىيەت تەرەققىياتىنى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ يۈكسىلىشىنى، ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى قوغداشنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن شەخسلەر ۋە ئىشلارنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىپ نۇقتىلىق بايان قىلىش كېرەك. ئۈچىنچى، يەرلىك تارىختا ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى ئىدىيە قىلىش، تارىخقا تارىخىي ماتېرىيالىزم ئاساسىدا باھا بېرىش كېرەك. تۆتىنچى، ھەرقايسى جايلارنىڭ يەرلىك تارىخىنىڭ نامى X X ۋىلايەت (ئوبلاست). ياكى ناھىيە (شەھەر) تارىخى ياكى قىسقىچە تارىخى دەپ ئاتالسا بولىدۇ. بەشىنچى، باشلاش ۋە ئاخىرلاشتۇرۇش چېكى مەسىلىسىدە باشلاش چېكى بىرتۇتاش بەلگىلەنمەيدۇ، تارىخىي ماتېرىياللارنى ئاساس قىلىپ بايان قىلىش لازىم، كۆچا، يەكەن، ئاقسۇ، تۇرپان قاتارلىقلارغا ئوخشاش تارىخى ئۇزۇن ۋىلايەت، ناھىيىلەر تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنگەن يىللاردىن باشلىسا، تارىخى قىسقا ۋىلايەت، ناھىيىلەر يېقىنقى زاماندىن ياكى قۇرۇلغان چاغدىن باشلاپ يازسا بولىدۇ. ئاخىرلاشتۇرۇش چېكى 1996 - يىلى يەنى پارتىيىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيى چاقىرىلىشتىن ئىلگىرىكى ۋاقىت بولىدۇ. ئالتىنچى، خەت سانى 200 ~ 300 مىڭ ئەتراپىدا بولسا بولىدۇ.

4) نادىر ئەسەر ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

سۈپەت — يېڭىچە تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ جېنى ھەم تەزكىرە كىتابلىرى قىممىتىنىڭ نامايەندىسى. بۈلتۈر ئېچىلغان مەملىكەتلىك يېڭىچە تەزكىرە كىتابلىرى بويىچە مۇنەۋۋەر نەتىجىلەرنى باھالاپ مۇكاپاتلاش يىغىنىدا، يولداش لى تيېيىڭ بىرىنچى بولۇپ سۈپەت مەسىلىسىنى سۆزلىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدا نەشر قىلىنغان تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتى ئومۇمەن ئالغاندا خېلىلا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، 1997 - يىلى مەملىكەت بويىچە تەزكىرە كىتابلىرىنى باھالاپ مۇكاپاتلاش يىغىنىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 6 تەزكىرە كىتابى مۇكاپاتلاندى. لېكىن بىز سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئاپتونوم رايونىمىزدا نەشر قىلىنغان تەزكىرە كىتابلىرىدا سۈپەت جەھەتتە نۇرغۇن مەسىلىلەرمۇ ساقلاندى. بولۇپمۇ بەزى تەزكىرە كىتابلىرىدا بايانلار ئاددىي، يۈزەكى بولۇپ قالغان، ماتېرىياللاردىكى تارىخىي پاكىتلار ئەستايىدىل دەلىللەنمىگەن، نەتىجىدە ماتېرىيال جەھەتتە خاتالىق، بايان قىلىش جەھەتتە سەۋەنلىك تۇغۇلغان. بەزى تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ ھەجمى بەك چوڭ بولۇپ كەتكەن، ھەتتا بەزى تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ مۇندەرىجىسىدە تۈرلەرگە ئايرىش تولىمۇ نامۇۋاپىق بولۇپ قالغان ۋە ئىلمىي بولمىغان مەسىلىلەر ساقلانغان. بۇلار بىز تەزكىرىچىلەرنىڭ ئېتىبارىنى قوزغايدىغان چوڭ مەسىلىلەر.

تەزكىرە كىتابىنىڭ سۈپىتى بىر ئۇنىۋېرسال كۆرسەتكۈچ. سوتسىيالىستىك يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈشنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا ئېنىق سۈپەت ئېڭىنى تۇرغۇزۇش كېرەك. بىرىنچىدىن، بىزنىڭ ئالاھىدە تەكىتلەيدىغىنىمىز تەزكىرىنىڭ سىياسىي سۈپىتى. تەزكىرە شەخسنىڭ ئەسىرى ئەمەس، ئۇ تارىختىن بۇيان سىياسىي تەشكىلات تۈزۈپ كېلىۋاتقان «سىياسىي كىتاب»، «ھۆكۈمەت كىتابى» بولۇپ، كۈچلۈك

سىياسىيلىقىغا ئىگە. ئەگەر بىر تەزكىرە كىتابىدا سىياسىي جەھەتتە مەسىلە كۆرۈلىدىكەن ئۇ ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش قىممىتىنى يوقىتىدۇ، ئۇنىڭ «ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە ياردەم بېرىش، خەلقنى تەربىيىلەش، تارىخنى ساقلاش» فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرۇشتىن تېخىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. نەشر قىلىنغان تەزكىرە كىتابلىرى ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتىلىۋاتقان ئورگىناللاردىن قارىغاندا، سىياسىي سۈپەت يەنى سىياسىي نۇقتىئىنەزەر جەھەتتە چوڭ مەسىلە بايقالمىدى، لېكىن كونكرېت ماتېرىياللارنى ئىشلىتىش جەھەتتە، ياكى ئەسلىي ماتېرىيالدىكى خاتا نۇقتىنەزەرنىڭ تەسىرىگە ياكى ئۆزۈندىن بۇيانقى «سول» ئىدىيىنىڭ كاشىلىسىغا ئۇچراش تۈپەيلى، تەزكىرە كىتابىنىڭ تېكىستىدە نامۇۋاپىق بايانلار بار. مەسىلەن، سىياسىي ھەرىكەتلەرنى بايان قىلىشتا ئاتالمىش «ئوڭچىل ئەنزە ئاغدۇرۇش شامىلىغا قايتۇرما زەربە بېرىش» مۇ «لىن بياۋنى، كۇڭزىنى تەنقىد قىلىش» قاتارلىق ھەرىكەتلەر بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا قويۇلغان. بۇ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 6 - ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارار» بويىچە ئىش كۆرمىگەنلىك، شۇنداقلا ئەقەللىسى ھەق - ناھەقنى ئايرىمىغانلىق. ئىككىنچى، تەزكىرە كىتابلىرىدا چۈشۈرۈپ قويۇش ئەھۋالى مەۋجۇت، بولۇپمۇ چوڭ - چوڭ ئىشلار، سىياسىي ھەرىكەتلەر تولۇق بايان قىلىنمىغان. يەرلىك تەزكىرە بىر جاي ياكى بىر كەسىپنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى ئومۇمىيۈزلۈك، ھەر تەرەپلىمە، سىستېمىلىق ئەكس ئەتتۈرىدىغان يەتكۈزگۈچ ژانىر بولۇشى كېرەك. دېمەك، يەرلىك تەزكىرىنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى شۇ جاينىڭ ئاساسىي ئەھۋالى، ئاساسىي قىياپىتىنى ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش، ئاندىن مۇشۇ ئاساستا رايون ۋە كەسىپنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشىشتىن ئىبارەت. لېكىن نەشر قىلىنغان تەزكىرە ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتىلىۋاتقان ئورگىناللاردىن قارىغاندا، بىزنىڭ نۇرغۇن تەزكىرە كىتابلىرىمىز بۇ جەھەتتە تەلەپكە يېتەلمەيدۇ، بەزى تەزكىرە ئورگىناللىرىدا تۈرلەر كەم، مەسىلەن، «يېنىك سانائەت تەزكىرىسى» نىڭ يېمەك - ئىچمەك سانائىتى قىسمىدا تورتچىلىق يېزىلمىغان، «يېزا ئىگىلىك تەزكىرىسى» دە ۋە نۇرغۇن ناھىيە تەزكىرىسىنىڭ «يېزا ئىگىلىك» قىسمىدا «يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش» ۋە «تۆتنى ئېنىقلاش» قاتارلىق ھەرىكەتلەر ئومۇمىيۈزلۈك ئەكس ئەتتۈرۈلمىگەن. ھەتتا بەزى تەزكىرىلەردە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» تىلغا ئېلىنىپمۇ قويۇلمىغان. بىزنىڭچە بۇنداق نۇقسانلار كۆرۈلمەسلىكى كېرەك ئىدى. ئۈچىنچىدىن، تەزكىرىگە كىرگۈزۈلىدىغان ماتېرىياللارنى توغرا بولۇش، ئىشەنچلىك بولۇش تەلىپىگە يەتكۈزۈش جەھەتتە يەنىلا تىرىشىش كېرەك. تەزكىرە كىتابى — قاتتىق تەلەپ ۋە ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن يېزىلىدىغان ماتېرىيال خاراكتېرلىك ئەسەر، تەزكىرىگە كىرگۈزۈلىدىغان تۈرلۈك ماتېرىياللارنىڭ ھەقىقىي، توغرا، ئىشەنچلىك بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. بىزنىڭ تەزكىرىچى خادىملىرىمىز كۆپ يىل كۈرەش قىلىپ، نۇرغۇن ماتېرىيال توپلىدى ھەمدە بۇ ماتېرىياللارنىڭ چىنلىقى بىلەن ساختىلىرىنى ئايرىش ئۈچۈن ئوبدان تەجرىبىلەرنى توپلىدى، شۇنداقلا نەشر قىلغان تەزكىرە كىتابلىرىمىزنى جەمئىيەتكە يۈزلەندۇرۇش، جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا قولاي ئىمكانىيەت ھازىرلىدى. بىراق، ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بىز نۇرغۇن تەزكىرە كىتابلىرىدىن يەنىلا بىرمۇنچە ناتوغرا نەرسىلەرنى، تارىخىي پاكىتقا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بىرمۇنچە بايانلارنى، بولۇپمۇ سانلىق ماتېرىياللاردىكى خاتالىقلارنى، كىشى ئىسىملىرى، رەھبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى ھەمدە ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى جەھەتتىكى خاتالىقلارنى بايقىدۇق. بۇ مەسىلىلەرگە دىققەت قىلمايدىغان بولساق، تەزكىرە كىتابلىرىمىزنىڭ ئىشلىتىلىش قىممىتى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. تۆتىنچىدىن، كىتابنىڭ بېسىلىش سۈپىتى ۋە كوررېكتورلۇق سۈپىتىگە يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. تەزكىرە كىتابلىرى ئاخىرىدا كىتاب شەكلىدە جەمئىيەتكە يۈزلىنىدۇ ۋە جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، شۇڭا كىتابنىڭ بېسىلىش سۈپىتىنىڭ يۇقىرى، تۆۋەنلىكى ناھايىتى مۇھىم، تەزكىرە ئورگىنالى ھەرقانچە ياخشى بولغان بىلەن كىتابنىڭ بېسىلىش، تۈپلىنىش سەۋىيىسى ياخشى بولمىسا، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشەلمەيدۇ. كوررېكتورلۇقمۇ ئىنچىكە ھەم ئېغىر خىزمەت، ئۇمۇ تەزكىرە تۈزۈش نەتىجىلىرىمىزنىڭ جەمئىيەت ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىشىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان مۇھىم ھالقا. ھازىر تەزكىرە كىتابلىرىمىزدا بۇ جەھەتتىكى مەسىلىلەرمۇ خېلى كۆپ، روشەن خاتا خەتلەر ھەم تىنىش بەلگىلىرى خاتالىقى تەزكىرە كىتابلىرىدا ئۇچراپ تۇرۇۋاتىدۇ، بولۇپمۇ بەزى ئاچقۇچلۇق خەت، سۆز، سانلار خاتا بولۇپ قالسا ھەم بۇلار كوررېكتورلۇقتا بايقالماي ئۆتۈپ كەتسە، كىتاب بېسىپ تارقىتىلغاندىن كېيىن، ئوقۇرمەنلەرنى خاتا چۈشەنچىگە كەلتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. بۇنداق بولغاندا «ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە ياردەم بېرىش، خەلقنى تەربىيىلەش، تارىخنى ساقلاش» تىن ئېغىز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

تەزكىرە — تارىخىي ماتېرىياللارنى يىغىش ۋە ساقلاش ئارقىلىق رەھبەرلەرنىڭ تەدبىر كۆرۈش ئىشىنى ئۈچۈر ۋە

ئۆرنەك بىلەن تەمىن ئېتىش، ھەر مىللەت خەلقىگە ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىستىك تەربىيە ۋە ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسى بېرىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ، يېڭىچە تەزكىرىلەرنىڭ يۇقىرىقىدەك ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى يارىتىش، يارىتالماسلىقى بىزنىڭ نېمە دېيىشىمىزگە باغلىق ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ سۈپىتىگە باغلىق، ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، تەزكىرىنىڭ سۈپىتى — ئومۇمىي مىقدارلىق كۆرسەتكۈچ، ئۇنىۋېرسال ئۇقۇم، ئۇنىڭدا مەلۇم بىر تەرەپىنىلا نەزەرگە ئېلىشقا بولمايدۇ، بىزدە ئەتراپلىق سۈپەت ئېڭى بولۇشى كېرەك. يەنى بىر تەزكىرە كىتابىنىڭ مۇندەرىجە لايىھىلەش، ماتېرىيال توپلاش ۋە رەتلەشتىن تارتىپ، يېزىش، تۈزىتىش، بېكىتىش، نەشر نۇسخىسىنى لايىھىلەش، بېسىش، كوررېكتورلۇق قىلىش، تۈپلەپ مۇقاۋىلاش ۋە تارقىتىشقىچە بولغان ھالقىلىرىنىڭ ھەممىسىدە سۈپەت مەسىلىسى بار، ھەرقانداق بىر ھالقىدا نۇقسان ۋە سەۋەنلىك كۆرۈلسە، تەزكىرىنىڭ ئومۇمىي سۈپىتىگە تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا سۈپەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش نۇقتىئىنەزىرىنى تەزكىرە تۈزۈشنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈش، ئەتراپلىق سۈپەت ئېڭىنى، سۈپەت ئۇقۇمىنى تۇرغۇزۇش ھەمدە ئۇنى ئەمەلىي خىزمەتتە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نەشر قىلىنغان تەزكىرىلەرنىڭ جەمئىيەتنىڭ، تارىخنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، قىممىتى بار ئېسىل تەزكىرىلەردىن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

5) تەزكىرىنى ئوقۇپ، تەزكىرىدىن پايدىلىنىپ، تەزكىرىنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ساھەلىرى ۋە يوللىرىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىش كېرەك.

تەزكىرىنىڭ «ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە ياردەم بېرىش، خەلقنى تەربىيىلەش، تارىخنى ساقلاش» تىن ئىبارەت 3 چوڭ يولى بار، بۇنىڭ ئىچىدە «ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە ياردەم بېرىش» ۋە «خەلقنى تەربىيىلەش» رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا ياتىدۇ، شۇڭا قەدىمكىلەر تەزكىرىنى «ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە ياردەم بېرىدىغان كىتاب»، «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا ياردەم بېرىدىغان كىتاب» دېگەن. شۇنداق دېيىش كېرەككى، تەزكىرە تۈزۈش تەزكىرىدىن پايدىلىنىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىدۇ. ھازىرغىچە بىز 50 تومدىن ئارتۇق تەزكىرە كىتابىنى نەشردىن چىقاردۇق، ئۇلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى رولىنى قانداق قىلىپ جارى قىلدۇرۇش ھەققەتەن ئالدىمىزدىكى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان مۇھىم تېما. بىز تەزكىرىنى جايلار ئەھۋالىغا دائىر كىتاب، ماتېرىيال كىتاب، قورال كىتاب دەيمىز، ئەگەر ئۇ ھەممىشە كىتاب جازىسىغا تىزىپ قويۇلسا، ياكى مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ كىتابخانىلىرىدىلا ساقلاپ قويۇلسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ «ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە ياردەم بېرىش»، «خەلقنى تەربىيىلەش» رولىنى قانداقمۇ ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولسۇن؟ ئۇنىڭ «جايلار ئەھۋالىغا دائىر كىتاب»، «ماتېرىيال كىتاب»، «قورال كىتاب» بولۇشىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ شۇڭلاشقا، ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە تارماقلىرىمىز تەزكىرە كىتابلىرىنى نەشر قىلىپ تارقاتقاندىن كېيىن، تۈرلۈك ئاماللار بىلەن كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ تەزكىرىنى ئوقۇشىغا ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشىغا تۈرتكە بولۇپ، تەزكىرىدە خاتىرىلەنگەن مول يەرلىك ماتېرىياللارنى شۇ جاينىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى جەريانىدا تېگىشلىك رول ئوينايدىغان قىلىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىرىنچىدىن تەشۋىقات خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، كادىرلار ۋە ئاممىنى تەزكىرىنى چۈشىنىدىغان، تەزكىرىنى تونۇيدىغان، تەزكىرىنىڭ قىممىتىنى بىلىدىغان قىلىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، تەزكىرىدىكى ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلارغا ئەقىل ۋە چارە - تەدبىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىلمىي يول بىلەن سىياسەت بەلگىلىشىگە ياردەم بېرىش كېرەك؛ تەزكىرە تارماقلىرىمۇ زاۋۇت، كان - كارخانا ۋە يېزا، كەنتلەرگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى يېڭىش - نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش پىلانى تۈزۈشىگە، دېھقانلارنىڭ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشىگە ياردەم بېرىشى كېرەك. ئەمەلىيەتتە، تەزكىرىدىن پايدىلىنىش، تەزكىرىنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۆز نۆۋىتىدە تەزكىرە تارماقلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىنىڭمۇ ئۈنۈملۈك يولى. رول بولسا ئاندىن تېگىشلىك ئورۇن بولىدۇ. قۇمۇل، باركۆل، قىزىلسۇ قاتارلىق جايلارنىڭ تەجرىبىلىرى بۇنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى بۇ يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا مەملىكەتلىك تەزكىرىدىن پايدىلىنىش خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، مەملىكەت بويىچە تەزكىرىنى ئوقۇش، تەزكىرىدىن پايدىلىنىش خىزمىتىنى خۇلاسىلەشنى ۋە ئۇنى كېڭەيتىشنى قارار قىلدى. ئۇلار ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە تارماقلىرىنىڭ پائال يول ئېچىپ تەزكىرە ئوقۇش، تەزكىرىدىن پايدىلىنىش جەھەتتە يېڭى نەتىجە، يېڭى تەجرىبىلەرنى يارىتىپ، مەملىكەتلىك تەزكىرىدىن پايدىلىنىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىمۇ كېيىنكى يېرىم يىلدا تەزكىرىدىن پايدىلىنىش خىزمىتى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ياكى نەق مەيدان يىغىنى ئاچماقچى، جايلار ياخشى تەييارلىق كۆرۈپ قويسا.

6) ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىغا تەزكىرىلەرنى تەرجىمە قىلىپ نەشردىن چىقىرىش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى خەنزۇچە تەزكىرە كىتابى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنى ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىغا تەرجىمە قىلىپ نەشردىن چىقىرىشقا دەرھال تۇتۇش قىلىش، ئىككى خىل يېزىقتىكى تەزكىرە كىتابىنىڭ نەشر قىلىنىش ۋاقىت ئارىلىقىنى بەك ئۇزارتىۋەتمەسلىكنى تەلەپ قىلدى. ھازىر تەزكىرە كىتابلىرىنى ئازسانلىق مىللەت يېزىقىغا تەرجىمە قىلىپ نەشردىن چىقىرىش خىزمىتى خەنزۇچە تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ نەشر قىلىنىش ۋاقتىغا قارىغاندا كۆپ ئارقىدا قالدى، بۇ ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بىزنىڭچە تەزكىرە كىتابلىرىنى ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىغا تەرجىمە قىلىپ نەشردىن چىقىرىش خىزمىتىنىڭ ئارقىدا قالغانلىقىدا، خىراجەت قىيىنچىلىقىدىن ئىبارەت ئوبيېكتىپ سەۋەبتىن باشقا، رەھبەرلىكنىڭ ئەھمىيەت بېرىش - بەرمەسلىك مەسىلىسى ئەڭ ئاچقۇچلۇق مەسىلە. رەھبەرلىك تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، ئەھمىيەت بەرسىلا، بۇ مەسىلە ئوڭاي ھەل بولۇپ كېتىدۇ. ھەر دەرىجىلىك تەزكىرە تارماقلىرىنىڭ ئۆز جايىدىكى پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىگە ئوبدان تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئېتىبارىنى قوزغاپ، تەزكىرە كىتابلىرىنى ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىغا تەرجىمە قىلىپ نەشردىن چىقىرىش خىزمىتىنىڭ سۈرئىتىنى ھەقىقىي تۈردە تېزلىتىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

7) ئاپپارات، قوشۇن قۇرۇلۇشى مەسىلىسى

نۆۋەتتە ئاپپارات ئىسلاھاتى ناھايىتى جىددىي تۇتۇلۇۋاتىدۇ، خىزمەتنىڭ سالمىقىمۇ ناھايىتى زور بولۇۋاتىدۇ. تەزكىرىچىلىك ئاپپاراتلىرى قانداق قىلىشى كېرەك؟ مەنمۇ ئېنىق بىر نېمە دېيەلمەيمەن. بىراق، شۇنداق دېيەلەيمىزكى، تەزكىرە تۈزۈش جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، شۇنداقلا جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغانىكەن، مېنىڭچە ئاپپارات ئىسلاھاتىدا قانداق ئۆزگىرىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تەزكىرىچىلىك ئىشى ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. ھامىنى بۇ ئىشنى قىلىدىغان ئادەم بولىدۇ. گوۋيۈەن ئىشخانىسىنىڭ تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىدا: ئېلىمىزدە تەزكىرە ھەر 20 يىلدا بىر قېتىم داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈلىدۇ دەپ ئېنىق بەلگىلەندى. بۇ، تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، يەنە كېلىپ، تەزكىرىچىلىك خىزمىتىدە باشقا تارماقلارنىڭ كەسپلىرى بىلەن تەكرار بولۇپ قېلىش مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس. شۇڭا، مېنىڭچە بۇ قېتىمقى ئاپپارات ئىسلاھاتى تەزكىرە تارماقلىرىغا چوڭ تەسىر كۆرسەتمەسلىكى مۇمكىن. ئاپپاراتتا ئۆزگىرىش بولغان تەقدىردىمۇ، تەزكىرە خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان ئادەم ھامان بولىدۇ، بۇ كەسىپ توختاپ قالمايدۇ. شۇڭا مەن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك تەزكىرىچىلىك تارماقلىرى ۋە خادىملىرىنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى خاتىرجەم، ياخشى ئىشلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. شۇنداقلا كۆپچىلىكنىڭ قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئالاقىدار رەھبەرلەرگە ۋە ئاپپارات - شتات تارماقلىرىغا تەشۋىق قىلىپ چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنى پائال تۈردە كۆپرەك ئىشلەپ، ئۇلاردا تەزكىرىچىلىك خىزمىتى ھەققىدە تېگىشلىك چۈشەنچە ۋە تونۇش ھاسىل قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

يۇقىرىدا ئېيتقاندەك بىز تەزكىرىنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش جەھەتتە كۆپرەك ئىش كۆرۈش ۋە كۆپرەك نەتىجە يارىتىش ئارقىلىق تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنىڭ تەسىرىنى ئۆستۈرۈشىمىز ۋە كېڭەيتىشىمىز كېرەك، بۇمۇ تەزكىرىچىلىك ئاپپاراتلىرىنىڭ مۇقىملىقىغا پايدىلىق.

قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش مەسىلىسى توغرىسىدا، بۇنى ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى بۇ يىلقى خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسىدا ئورۇنلاشتۇردى، جايلارنىڭ تەييارلىقنى ياخشى قىلىپ، پىكىر - تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىزنىڭ تەشكىلاتچىلىق قىلىش، يولغا قويۇش خىزمىتىمىزگە قولايلىق يارىتىپ بېرىشىنى سورايمىز. بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ يەرلىك تارىخ يېزىش خىزمىتى توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، يەرلىك تارىخ يېزىش ئاساسىي بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن يەرلىك تارىخ يېزىش بويىچە بىر قېتىم ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، يەرلىك تارىخ يېزىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كادىرلارنى تەربىيىلەشنى ئويلاۋاتىمىز. بۇ مەسىلىدىمۇ كۆپچىلىكنىڭ پىكىر - تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

يولداشلار!

پارتىيىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيىدا: جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدىكى ئۇلۇغۋار ئىشلارنى XXI ئەسىرگە قاراپ ئومۇميۈزلۈك يۈكسەلدۈرۈش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. تەزكىرە تۈزۈش جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ بىر قىسمى، بىزمۇ 15 - قۇرۇلتاي روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى XXI ئەسىرگە ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشىمىز كېرەك!

# تۈنۈگۈنكى پاجىئە

**مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى**

(تارىخىي ئەسلىمە)

مەن دېۋىزىيە باش شتابىدا ئىشلەيتتىم. بۈگۈن ئادەت بويىچە سائەت 8 گە ئۈلگۈرۈپ خىزمەتكە چىققىنىمدا، باش شتابنىڭ ئىچىدە كەيپىيات باشقىچە ئىدى. 8 چوڭ باشقارمىنىڭ خادىملىرى تېخى ئىشقا چۈشمەي، بۆلۈملىرى ئالدىدىكى گۈللۈك ئەتراپىدا توپلىشىپ تۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ كەيپىياتلىرى چۈشكۈن، نېمىدىندۇر ھودۇقۇپ تۇرغاندەك قىلاتتى. ئەتراپقا نەزەر سالسام ھەربىي سوت باشقارمىسى خادىملىرى جىددىيلىشىپ، پىتىراپ كېلىشقانىدى. مەن نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى بىرەر كىمدىن سورىيالماي، بۆلۈمگە كىرسەم باشلىقىم يوق ئىكەن. خىزمەتداشلىرىممۇ سىرتتا ئىدى. شۇ ئارىدا بىر دوستۇم بۆلۈمگە كىرىپ قالدى. ئۇ مېنىڭ سوئالىمغا:

— بۈگۈن كېچە شەھەرنىڭ باش قازىسى، كاتتا ئۆلىما ئابدۇغوپۇر داموللا سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلۈپتۇ . . . — دەپ جاۋاب بەردى.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ گاڭگىراپ قالدىم. ئۇنىڭ بىلەن ئاخشام سائەت 10 لاردا شىجاڭنىڭ قېشىغا كىرىپ كېتىۋاتقىنىدا ئۇچراشقان ئەمەسمىدۇق!

ئەسلى ۋەقە مۇنداق بولغانىكەن: ئابدۇغوپۇر داموللا ئاخشام مەھمۇت شىجاڭ بىلەن خېلى ئۇزاق سۆھبەتلىشىپتۇ. سائەت 12 ئەتراپىدا قايتماقچى بولۇپتۇ. مەھمۇت شىجاڭ داموللىنى ئۆز بېغىغا ئاپىرىپ قويۇشقا ئەسكەر قوشۇپ بەرمەكچى بولغان بولسىمۇ داموللا ئۆزىنىڭ ئادىمى بارلىقىنى ئېيتىپتۇ ۋە ئات يېتىلگۈچىسى بىلەن دېۋىزىيە شتابىدىن چىقىپ، ھېيتگاھ ئارقىلىق يارباغ دەرۋازىسىغا كەپتۇ. دەرۋازىۋەن ئەسكەر خۇددى داموللىنىڭ كېلىشىدىن خەۋىرى بار كىشىدەك دەرۋازىنى ئېچىپ بېرىپتۇ. ئابدۇغوپۇر داموللا تۈمەن دەرياسىنىڭ 1 - كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ 2 - كۆۋرۈك ئارىلىقىدىكى بوش جاينىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، بىر قوراللىق ئادەم چىقىپ، ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ، داموللا ھاجىنىڭ ئادىمىنى ئېتىپ يارىدار قىلىپتۇ - دە، داموللىنى ئاتتىن يىقىتىپ، ئاغزىنى يىرتىپ، تىللىرىنى كېسىپ، ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ ساقچىلار يېتىپ كەلگەندە قاتىل ئاللىقاچان قېچىپ كېتىپتۇ.

مەن ئەھۋالنىڭ تەپسىلاتىنى ئاڭلىغاندا ئانچە ئەجەپلىنىپ كەتمىدىم. چۈنكى، تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىنكى ئەھۋالنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن، گەپ سۆزلەرنى قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغان بولغاچقا، ئۇنى كىم ئۆلتۈرگەنلىكى كۆڭلۈمگە ئايان بولغانىدى. لېۋىمنى قاتتىق چىشلىدىم. چۈنكى بۇ كىچىك مەسىلە ئەمەس - تە! ئۆلگۈچى بىلەن ئۆلتۈرگۈچىنىڭ ھەر ئىككىسىلا تەسىرى چوڭ كىشىلەر ئىدى.

× × ×

مىلادىيە 1936 - يىل 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى مەن بىر خىزمەتدىشىم بىلەن سىرتتىن قايتىپ كەلگىنىمدە، شتاب ئاشخانىسىدا تاماق يېيىلىپ بولغانىكەن. بىزگە ئېلىپ قويغان پولۇنى ئېلىپ، ئاشخانا زالىدا يېيىشكە باشلىدۇق. شۇ ئارىدا مەھمۇت شىجاڭ ئابدۇغوپۇر داموللىنى باشلاپ كىرىپ



كەلدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئۈرۈمچىلىك مەھمۇت ئەپەندى دېگەن كىشى بىلەن شەھەرلىك ھۆسەنجان ھاجىمۇ كىرىپ كېلىشتى. ئۇلار تاماق يېگەچ خۇشال پاراڭلىشىۋاتاتتى. تاماق يېرىملاشقان چاغدا شىجاڭ تۇساتتىن جىملىقنى بۇزۇپ:

— داموللام! ئەتىگەن يوقلاتسام يوقكەنسىز. قەيەرگە بارغان ئىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— شىجاڭ جانابلىرى! يېڭىشەھەرگە چىققانىدىم.

— ئۇ يەردە نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟

— تۈنۈگۈن لوسىلىڭ جاناپلىرى بىزنىڭ باغقا چىققان ئىكەن. مەن يوق بولۇپ قېلىپ، قۇرۇق قول كېتىپتۇ. ئاتايەن چىققانغا قاراپ گەپ - سۆزى بار بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ بۈگۈن ئۇنىڭ ھوزۇرىغا چىققانىدىم. گەپ - سۆزى يوقكەن. كۆڭلى بىزنىڭ باغقا تارتىپ، ساياھەت قىلغىلى چىققان ئىكەن. ئۈرۈمچىگە قاچان ماڭىسىز دېگەنىدى، بۈگۈن ماڭىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ خوشلىشىپ قايتىپ كىردىم.

داموللا ھاجىنىڭ خىجالەت ئارىلاش جاۋاب بېرىشى شىجاڭنى گۇمانلاندۇردى بولغاي، شىجاڭنىڭ چىرايى ئۆزگەردى.

— بىراۋ بىراۋنىڭ ئۆيىگە تاماشا ئۈچۈن چىققان ئىكەن، ئۇنىڭ كەينىدىن خۇشامەت قىلىپ چىقىش سىزدەك زاتقا لايىق كېلەمدۇ؟ بۇ پۈتۈنلەي خۇشامەت بولماي نېمە؟ سىز ئەسلىدە چوڭ خۇشامەتچى بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن 10 كىلومېتىرلاپ يول يۈرۈپ خۇشامەت قىلىپ چىقىپسىز - دە! — دېدى شىجاڭ.

مەھمۇت شىجاڭ ئۇنىڭ يۈزىدىكى تەر تامچىلىرىنى ياغلىق بىلەن سۈرتىۋېتىپ، مۇغەمبەرلىكنى ئىشقا سالماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى بايقاپ، قاپىقىنى تۈردى، ئۇنىڭ بۇغداي ئۆڭلۈك چىرايى جىددىيلەشتى، كۆزلىرىدىن ئوت چاقناشقا باشلىدى.

— داموللام! سىز ئالىم ئۆلىما كىشى، شەھەرنىڭ باش قازىسى. ئېيتىڭا، سىزدە خۇشامەتچىلىك قاچان تۈگەيدۇ؟ بەندىنىڭ سايىسىدە تەلمۈرۈپ كۈن كۆرۈشتىن باشقا ھاياتلىق يولى سىزگە تېپىلمامدۇ؟ ۋۇجۇدىڭىزدىكى قۇللۇق تەبىئەت قاچان ئۆزگىرىدۇ؟

ئابدۇغوپۇر داموللا قوشۇقنى لېۋىگە تەككۈزگىنىچە قېتىپلا قالدى. مەھمۇت شىجاڭ ئۆز ئادىتى بويىچە بۇرنىنى «قىخ - قىخ» قىلىپ 2 - 3 قېتىم قېقىۋېتىپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ ئەرەبچە بىرنەچچە جۈملىنى ئوقۇپ:

— ئېيتىپ بېقىڭا! بۇ ئىبارىلەرنىڭ مەنىسى نېمە؟ — دەپ سورىدى.

داموللىنىڭ چىرايى يەنە بىر قېتىم سارغىيىپ كەتتى.

— دىن ۋاقتى كەلگەندە گويا كۆيۈۋاتقان بىر چۆچۈلغا ئايلىنىدۇ، ئۇنى تۇتۇشتىن قورققانلار دىنىنى تۇتالمايدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ — دېدى داموللا دۇدۇقلاپ.

— بۇ كىمنىڭ سۆزى؟

— پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆزى

— سىز بۇنى ئوقۇغانمۇ؟

— ئەلۋەتتە ئوقۇغان، بۇ مەشھۇر ھەدىسلەر-دىن.

— ئوقۇغان بولسىڭىز نېمە ئۈچۈن ئەمەل قىلمايسىز؟ سىز ئۆلىما تۇرۇغلۇق ئەمەل قىلمىسىڭىز، بۇنىڭ «مۇكاپاتى» نېمە بولۇشى كېرەك؟

داموللا بىر نېمە دېمەكچى بولدىيۇ، لېكىن تىلى سۆزگە كەلمىدى.

— ماقۇل بۇمۇ تۇرۇپ تۇرسۇن. — دېدى مەھمۇت شىجاڭ — ئۆتكەن كۈنى سىز ماڭا: سىز ھەربىي ئادەم، مەمۇرىي ئىشقا ئارىلاشسىڭىز بولمايدۇ. پۈتۈن سۆزنى مەن قىلىمەن، دەپ، مېنى سۆزلەشتىن توستىڭىز. ئەجەبا، ۋاقتى كەلگەندە گەپ قىلماي جىم ئولتۇرۇۋالدىڭىز. سىز ئالىم - ئۆلىماغۇ. ھەق سۆزنى سۆزلەش سىزنىڭ بۇرچىڭىز ئەمەسمىدى؟ قېنى ئېيتىپ بېقىڭا، ھەققانىي ئىشلارغا قارشى سىز نېمە دېمەكچى ۋە نېمە قىلماقچى؟ . . . .

سۆز بۇ يەرگە كەلگەندە، مەھمۇت شىجاڭنىڭ غەزىپىدىن بىزنىمۇ سۈر بېسىپ، چىقىپ كېتىشكە

جۇرئەت قىلالمىدۇق. مېھمانلار ئارىسىدىكى ھۈسەنجان ھاجىمۇ يېقىندىلا مەھمۇت شىجاڭدىن قاتتىق تەنبىھ ئاڭلىغاچقا، ئۇنىمۇ تىترەك باستى. ئابدۇغوپۇر داموللىنىڭ زەپەردەك ساپسېرىق چىرايىدىن قان قېچىپ، مۇردىدەك تاتىرىپ كەتتى. مەھمۇت شىجاڭنىڭ ئاچچىقى سەل يانغاندىن كېيىن، داموللامۇ ئۈستىدىن بىر يوغان تاش چۈشۈپ كەتكەندەك بىر ئاز يېنىك نەپەس ئالدى ۋە ئاغزىدىكى ئاشنى يۇتۇۋېتىپ، ئۇزۇن ئاق ساقاللىرىنى بويلاپ تامچىلاۋاتقان تەرلىرىنى سۈرتتى.

مەھمۇت شىجاڭ ھەمراھلىرى بىلەن چىقىپ كېتىۋېتىپ سورىدى:

— داموللام، ئۈرۈمچىگە قاچان ماڭىسىز!

— بۈگۈن كەچقۇرۇن يولۇپ كېتىمەن دەۋاتىمەن.

— ئانداق بولسا بىر سوۋغىتىم بار ئالغاچ كېتەرسىز. مەرھۇم ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئەسەرلىرىدىن «ئاقائىد زۆرۈرىيە» بىلەن «ئىبادەتى ئىسلامىيە» دېگەن كىتابلارنى قەشقەر مەتبەئەسىدە 12 مىڭ نۇسخا باستۇردۇم. شۇنى ئېلىۋېلىپ، پەيزاۋاتتىن باشلاپ، ئۈرۈمچىگىچە بولغان يول ئۈستىدىكى يۇرتلارنىڭ بارلىق مەكتەپلىرىگە تارقىتىپ بېرىسىز. مۇدىر، مۇئەللىملەرگە قاتتىق تاپىلاڭ، ئوقۇغۇچىلارغا ئوبدان ئۆگىتىپ، بىلدۈرسۇن.

× × ×

مەھمۇت شىجاڭنىڭ ئابدۇغوپۇر داموللىنى شۇنچە قاتتىق ئەيىبلىشى كۆتۈلمىگەن ئىش ئىدى. ئەمما، داموللىنىڭ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ گارنىزون قوماندانى لوبىنىڭ قېشىغا چىققانلىقىنى ھەقلىق ئەيىبلىگەنىدى. چۈنكى، ئۇ ۋىلايەتنىڭ باش مەنسەبدارى بولغان بىلەن قۇۋ، مەككار ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ھەر قېتىم كوناشەھەرگە كىرگەندە قىلغان شۇملۇقلىرى ھەممىگە ئايان ئىدى.

شۇ كۈنى نۆۋەتچىلىكىمنى تۈگىتىپ، كەچ سائەت 10 دا ئىشتىن چۈشتۇم، ئۆيگە كېتىۋاتقىنىمدا رىشاتكا ئالدىدا داموللا ھاجى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. باش نۆۋەتچى ئۇنى شىجاڭنىڭ قېشىغا باشلاپ كىرىپ كەتتى.

ئۆيگە يېنىپ كىرىپمۇ: «ھەربىي باشلىق بىلەن دىنى باشلىق ئوتتۇرىسىدا ئەجەپ بىر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەردا!»، دەپ ئويلاپ كەتتىم.

شۇ ئاخشىمى تاغامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، بارلىق ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردىم. تاغام ئوقۇمۇشلۇق ئادەم ئىدى.

— ئۇ راستىنلا قورقۇنچاق ئادەم — دەپ گەپ باشلىدى تاغام، — پەيتىنى تاپقاندا كۆككە ئۆرلەيدىغان، ۋاقتى كەلسە چاشقاننىڭ تۆشۈكىنى ئىجارىگە ئالىدىغان زات. 1933 - يىل 9 - ئاۋغۇستتىكى ئەھۋالدىلا ئۇنىڭ مەۋقەسى بەلگىلىنىپ بولغانىدى. ئۇ ئەسلىدە مەرھۇم تۆمۈر شىجاڭنىڭ يېقىن مۇقەررەبلىرىدىن ئىدى. تۆمۈر شىجاڭ ئۇنى ئالىم، ئۆلىما دەپ ئىززەتلەپ ئۆز يېنىدىن ئورۇن بەرگەن، قەشقەرگە باش قازى ھەم ئۆزىگە مەسلىھەتچى قىلىپ، بەكمۇ ھۆرمەتلىگەنىدى. لېكىن، ۋاقتى كەلگەندە ئۇ ۋاپاسىزلىق قىلدى. تۆمۈر شىجاڭنى ما جەنساڭنىڭ ئادەملىرى سۇيقەست بىلەن ئۆلتۈرگەندە، ئۇ ۋاپادارلىقىنى كۆرسەتمەي، بىر بۇلۇڭغا مۆكۈۋالدى. بۇنىڭ ئورنىغا سېلىم ئاخۇن خەلپىتىم قازىلىق سۈپىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ما جەنساڭلارنى ئەيىبلىدى.

تاغام سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئۇكام! يېقىندا ئۈرۈمچىدىن بىرنەچچە ۋەكىل قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدىن ھېساب ئالىمىز، دەپ كەپتىكەن. لېكىن ئۇيۇشما ھېساب بېرىشنى رەت قىلغانلىقتىن تالاش - تارتىش يۈز بېرىپتۇ. ئېھتىمال ئابدۇغوپۇر داموللام ئۇلارغا سۆز قىلىشنى ھۆددىگە ئالغان بولسا كېرەك، ئەمما مەجلىستە گەپ قىلماي ئولتۇرۇۋالغانلىقتىن، مەھمۇت شىجاڭنىڭ غەزىپى كېلىپ، باشقا گەپ قىلمايلا «ھېسابىنى مانا مۇشۇ بېرىدۇ!» دەپ تاپانچىسىنى شىرە ئۈستىگە جاققىدە تاشلاپ، مەجلىستىن چىقىپ كەتكەن. شۇنداق قىلىپ، نەچچە كۈنلۈك تالاش - تارتىشنى تاپانچا ھەل قىلغانىدى.

× × ×

ئابدۇغوپۇر داموللام ئەسلى پەيزاۋات ناھىيىسى-

نىڭ شاپتۇل يېزىسىدىن بولۇپ، شۇ يېزىدا ساۋاتىنى چىقارغاندىن كېيىن ناھىيىدە ۋە قەشقەردە مەدرىسلەردە ئوقۇغان. XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇخاراغا بېرىپ ئوقۇغان ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپ ھەج قىلىپ كەلگەن. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن پەيزاۋاتتا قازى، قەشقەرگە كېلىپ مۇدەررىس بولغان. ئۇنىڭ بەختىگە مىلادىيە 1914 - يىلى قەشقەرنىڭ شەيخۇلئىسلامى ۋە بۈيۈك ئۆلىماسى باھاۋۇدۇن مەخدۇم ۋاپات بولۇپ، ھوقۇق ئاخۇنبايوف ئۆمەر باينىڭ قولىغا ئۆتۈپ قالدى. ئابدۇغوپۇر داموللا دەرھال ئۆمەر باينىڭ تەرىپىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ يېقىنلىرىدىن بولۇپ قالدى. ئۇ دەسلەپتە ئۆمەر باينىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى چاسا (چارسۇ) مەدرىسىگە ئىمام ۋە مۇدەررىس، كېيىنكى كۈنلەردە «خانلىق مەدرىسە»گە مۇدەررىس بولدى.

ئابدۇغوپۇر داموللا يېتىشكەن ئالىم بولغانلىقتىن مۇدەررىسلىك قىلىش داۋامىدا نۇرغۇن تالىپلارنى ئوقۇتۇپ، نۇرغۇن كىشىلەرنى سۆزمەنلىكى بىلەن ئۆزىگە جەلپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن «شاپتۇل ئابدۇغوپۇر داموللا ھاجى» دەپ تونۇلغان. ئەينى چاغدىكى دوتەي ما شياۋۇنىڭمۇ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. 1933 - يىلى قەشقەر شەھىرى دېھقان ئىنقىلابچىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، شجاڭ تۆمۈر ئېلى ھەربىي ھوقۇق يۈرگۈزگەن چاغدا ئابدۇغوپۇر داموللا تۆمۈر شجاڭنىڭ يېقىنىغا ئايلىنىپ، قەشقەرنىڭ باش قازىلىقىغا كۆتۈرۈلگەن. كېيىن سابىت داموللا ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندا ئۇنىڭ ئامىتى قېچىپ، كونا ھېسابلارنى بېرىشكە قىستالدى. ئۇ ئىككى تەرەپنىڭ قاتتىق بېسىمىغا ئۇچرىدى: خوتەن تەرەپ 1933 - يىلى 7 — 8 - ئايلاردا خوتەن ئەمىرلىرى بىلەن تۆمۈر شجاڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇشنىڭ پارتلىشىغا ئابدۇغوپۇر داموللا سەۋەبچى، ئۇنى دارغا ئېسىش كېرەك، دەپ قارايتتى. سابىت داموللا تەرەپ مەشھۇر ئالىم ئابدۇقادىر داموللا ھاجىمنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدە ئابدۇغوپۇر داموللىنىڭ قولى بار. ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىش كېرەك، دەپ قارايتتى. شۇ چاغلاردا قەشقەردە «ئابدۇغوپۇر داموللا دارغا تارتىلمىش» دېگەن پاراڭمۇ كەڭ تارقالغانىدى.

لېكىن ما جۇڭيىڭنىڭ ئادەملىرى قەشقەرگە باستۇرۇپ كېلىشى بىلەن داموللا بۇ قازالاردىن قۇتۇلۇپ قالدى.

ما جۇڭيىڭ باسمىچىلىرى قەشقەردە دەۋران سۈرگەن يېرىم يىل داۋامىدا، ئۇ قېچىپ يۈرۈپ جان ساقلىدى. 1934 - يىل 7 - ئايدا ئۇنىڭ يۇلتۇزى ئېگىز كۆتۈرۈلدى. شجاڭ مەھمۇت مۇھىتى قەشقەرگە كەلگەندە، ئابدۇغوپۇر داموللا ئۇنىڭ يېقىنى بولۇۋالدى. مەھمۇت شجاڭ ئۇنى دىنىي ئۆلىما، ئالىم دەپ سانىدى. چۈنكى تۇرپان ئۆلىمالىرى ئىچىدە ئابدۇغوپۇر داموللىنىڭ شاگىرتلىرى كۆپ ئىدى. مەھمۇت شجاڭ ئۇنى ھۆرمەتلەپ، ئەتىۋارلاپ ئۆزىگە مۇشاۋۇر قىلىۋالدى. ھەممە ئىشتا ئۇنىڭ بىلەن كېڭەشتى. ھەتتا قەشقەر «مىللەت مەجلىسى» نىڭ رەئىسى قىلىپ تىكلىدى. شۇنىڭدەك، 1935 - يىلى ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان قۇرۇلتايغا قەشقەرنىڭ خەلق ۋەكىلى قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇنىڭدىن كۆپ ئۈمىدلەرنى كۈتكەنىدى. لېكىن ئابدۇغوپۇر داموللا قۇرۇلتايدىن قايتىپ كېلىپ، خەلقنىڭ كۈتكىنىنىڭ ئەكسىچە ھۆكۈمەتنى ماختاپ، شېڭ شىسەي ۋە ئۇنىڭ «6 بۈيۈك سىياسەت» نى كۆككە كۆتۈردى. ئابدۇغوپۇر داموللا ئۈرۈمچىگە بارغاندا ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئالاھىدە كۈتۈۋېلىنغانلىقىنى، شېڭ شىسەينىڭ ئالاھىدە ئۇنىڭ ئالدىغا چىققانلىقىنى، قايتقاندا ئۇزىتىپ قويغانلىقىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمىگەنىدى. بۇ ھالدىن ھەممەيلەن گۇمانلانغانىدى.

× × ×

چۈشتىن كېيىن مەن دېۋىزىيە باش شتابىدىكى خىزمەتداشلىرىم بىلەن بىرگە ئابدۇغوپۇر داموللىنىڭ ماتەم مۇراسىمىغا قاتناشقىلى ماڭدىم. شەھەر خەلقى تۈمەن دەريا تەرەپكە سەلدەك ئېقىپ كېتىۋاتاتتى. بىز تۈمەن دەرياسىنىڭ 1 - كۆۋرۈكىدىن ئۆتكىنىمىزدە، ئۇ يەردىن 2 - كۆۋرۈككىچە بولغان كەڭ ئارىلىقتىكى بوشلۇق ئادەم بىلەن تولغانىدى. كىشىلەرنىڭ چىرايىدىن خىلمۇ خىل روھى ھالەت ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. گاھىلار ھازا تۇتۇپ يىغلىسا، گاھىلار تاماشا كۆرۈۋاتقاندەك ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇراتتى. قارا كالتەكلىك ساقچىلار

ئامانلىق ساقلاپ يۈرەتتى. ئابدۇغوپۇر داموللىنىڭ جەستى ساھىلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بورا ئۈستىدە ئاق خەسە بىلەن يېپىقلىق ياتاتتى. ئەتراپىنى قورallىق ئەسكەرلەر قوغداۋاتاتتى. يان تەرەپتە سەللىلىك تالىپلار ئۆزۈن سەپ تارتىپ تۇراتتى. ئاياغ تەرەپتىرەك شىجاڭ مەھمۇت مۇھىتى بېشىغا سەللە ئوراپ، ئۈستىگە ئۇزۇن تون كىيىپ ئۆرە تۇراتتى، ئەتراپىدا قوراللىق مۇھاپىزەتچىلىرى قوغداپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايى مەيۇس، يوغان قارا كۆزلىرى ياشقا تولغانىدى.

ساھىلنىڭ باش تەرىپىدە «ئىزچى» ئوقۇغۇچىلار ئالا كالتەك تۇتۇپ تەرتىپ ساقلىماقتا. نېرىراقتا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ گارنىزون قوماندانى لوبىن بىلەن ۋالى شۈيلەن، شەھەر ھاكىمى ھەمدۇللا باشچىلىقىدىكى ئىدارە - ئورۇنلارنىڭ باشلىقلىرى سۈكۈت ئىچىدە ئۆرە تۇرۇشاتتى. شەھەرنىڭ قازى، ئۆلىمالىرى يان تەرەپتە سەپ تۈزۈپ تۇراتتى.

6 - دېكابىرنىڭ 31 -، 34 - پولكلىرى كېچىدىن تارتىپ قاتىلنى ئىزدەپ، بۇ ئەتراپنىڭ تىنچلىقىنى ساقلاش بىلەن مەشغۇل بولۇپ، شامالباغ، نەزەرباغ، قوغان ئەتراپلىرىدا قوراللىق ھەرىكەتلەنگەنىدى.

بىز ئادەمنىڭ كۆپلىكىدىن ئىلگىرىلەپ ماڭالماي، كەلگەن يېرىمىزدە تۇرۇپ قالدۇق. كىشىلەر ئابدۇغوپۇر داموللىنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە تۈرلۈك مۇنازىرە ۋە مۇھاكىمىلەرنى يۈرگۈزۈشەتتى. گاھىلار ھەسرەتلەنسە، گاھىلار «داموللا ئۇلۇغ ئادەم ئىكەن، شېھىتلىك ماقامىنى تېپىپتۇ . . .» دەيتتى. گاھىلار قاتىلنى قاغىسا، گاھىلار داموللامنى ھۆكۈمەت يوقىتىۋەتتى، دېيىشەتتى. يەنە بەزىلىرى «ئۆزۈڭنى بىل! ئۆزگىنى قوي! دېگەندەك، داموللام ھۆكۈمەت ئىشىغا ئارىلاشماي ئۆز يولىغا ماڭغان بولسا، بۇ ئاقىۋەتكە قالمىغان بولاتتى» دېيىشەتتى.

شۇ ئارىدا، نېرىدىراق تۇرغان ئەپەندى سۈپەت ئىككى يىگىت سۆزگە ئارىلاشتى.

— ئاكىلار — دېدى بىرى — دۇشمەنلەرنىڭ ئارىمىزغا تارقاتقان ئۇسەك گەپلىرىنى تەكرارلىماڭلار. بۇ داموللىڭىزلار سىزلەر داڭلىغاندەك ئادەم ئەمەس. «ئەل قىساسۇلمىنەلھەق»، بۇ كىشىنى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قىساسى بوغدى. چۈنكى، 12 يىل ئىلگىرى ئۇ زاتنى ئۆلتۈرۈشتە بۇ داموللىنىڭ ھەسسىسى بار ئىدى.

كىشىلەر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، يىگىتكە قارىغىنىچە جىم بولۇپ قالدى. يەنە بىر يىگىت سۆزگە ئارىلاشتى.

— ئابدۇغوپۇر داموللا شۇنداق كاتتا ئالىم تۇرۇغلۇق شىڭ شىسەينى پەيغەمبەر قىلماقچى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇنىڭ ھۆكۈمىتىنى «ئادىل» دەپ كۆككە كۆتۈردى. ئالتە سىياسەتنى «قۇرئان» بىلەن سېلىشتۇرۇپ قەسەم ئىچتى. بۈگۈنكى كۈندە ئۆزىنىڭ قەسىمى ئۆزىنى بوغدى.

ئابدۇغوپۇر داموللىنىڭ جەستى قان يۇقى كىيىملىرى بىلەنلا جىنازىغا سېلىنىپ، نامىزى چۈشۈرۈلدى. مەھمۇت شىجاڭ باش مۇسىبەتدار بولۇپ جىنازا ئالدىدا ھازا تۇتۇپ ماڭدى. كەينىدىن قۇتلۇق ھاجىم شەۋقى، ئاندىن كېيىن داموللىنىڭ ئەۋلادلىرى، تالىپلىرى ماڭدى. ئابدۇغوپۇر داموللىنىڭ جەستى ئاپپاق خوجا مازىرىغا بارىدىغان يول تۆپىسىدىكى بىر قەبرىستانلىققا قويۇلدى①.

× × ×

«بىرنىڭ كاساپىتى مىڭغا» دېگەندەك ئىش بولدى. ئابدۇغوپۇر داموللىنىڭ ئۆلۈمى سىرلىق بولغان بولسىمۇ، ئەمما ھۆكۈمەت گۇمانلىق كىشىلەر دەپ قاراپ، قەشقەردە زور رول ئويناۋاتقان ئابدۇراخمان ھاجى بىلەن ئەخمەت قۇل ھاجىلارنى قولغا ئالدى.

ئابدۇراخمان ھاجى ئەسلى ئاتۇشلۇق بولۇپ، ئىلى، چۆچەك تەرەپتە تىجارەت بىلەن ئۆتكەن، مەلۇماتلىق، قابىلىيەتلىك كىشى ئىدى. ئۇ 1935 - يىلىنىڭ ئاياغلىرىدا ئۇيغۇر مەدەني ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنى قۇرۇش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگە ئەۋەتىلگەن ھەم ئۇيۇشمىغا رەئىس بولۇپ نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن، مەدەني - مائارىپنى راۋاجلاندۇرغان، دارىلېتام، دارىلئاجىزىنلارنى قۇرۇپ، يوقسۇل، يېتىم - يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلىغان. قەشقەردە ياغاچ مەتبەئەنى يولغا قويۇپ، «يېڭى ھايات» گېزىتى‌نى چىقارغان، دەرسلىك

كىتابلارنى باستۇرغان. ئۆز خىراجىتى بىلەن يارباغنىڭ غەربىدە بىرنەچچە سىنىپلىق مەكتەپ سالدۇرغان. ئۇ داموللا پاجىئەسىدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرىلا «مىللەت مەجلىسى» نىڭ بىر يىغىنىدا ئابدۇغوپۇر داموللا بىلەن بىر مەسىلە ئۈستىدە توقۇنۇشۇپ قالغانىدى. شۇنداق قىلىپ قەشقەر يەنە يارامىلىق ئىككى ئادىمىنى قۇربان بەردى.

ئابدۇغوپۇر داموللا ھاجى ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى ئالدىدا ئىناۋەتلىك كىشى بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ نەزىرىدە ئۇ «مىللەتلەر دوستلۇقىنى چىڭىتىش ۋە يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن كۆرەشكەن بۈيۈك باھادىر»② ئىدى. ئۇ ھۆكۈمەت تەرىپىدىن «داموللام شانلىق ئاپرېل ئىنقىلابى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىلىرى بولغان مۇقەددەس ئالتە سىياسىي شۇئارنى شىنجاڭ تارىخىدا ئەڭ قىممەتلىك تارىخىي بىر ۋاقىئە دەپ باھالاپ، ئۆزىنىڭ يېڭى ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ تۇتقان سىياسىي يولىغا تولۇق رازى بولۇپلا قالماي بەلكى خەلققە شۇ سىياسەتنىڭ توغرىلىقىنى چۈشەندۈرۈش، خەلقنى ھۆكۈمەت بايرىقى ئاستىغا توپلاش يولىدا بىباھا، قىممەتلىك، ھەقىقىي ۋە سەمىمىي سانسىز خىزمەتلەرنى كۆرسەتكەن»③، «ئۇ سۆيۈملۈك ئالىيجاناپ ھەقىقىي بىر دىنىي داھىي بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىنىڭ گۈللىنىشىگە قەھرىمانانە خىزمەت قىلغان بولسا، ھازىرقى خەلقپەرۋەر، ئادالەت ۋە مۇساۋات ئاساسىغا قۇرۇلغان يېڭى ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭ ئالتە سىياسىي شۇئارىنىڭ دىن ۋە قۇرئان كېرىمگە مۇخالىپ ھېچقانداق يېرىنىڭ يوقلىقىنى تەكىتلەش بىلەن قانائەتلەنمەي، بەلكى بىزنىڭ ھەققانىيەتلىك يولىمىزنىڭ قۇرئان كېرىم ۋە ھەدىس شېرىپلەردە زىكرى بولۇنغان ۋە شۇنداق يول بىلەن مېڭىشقا بۇيرۇلغانلىقىنى تەكىتلىگەن»④ كىشى دەپ ماختالغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، دامولىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر ئۈرۈمچىگە يېتىپ بارغان ھامان، ئۈرۈمچىدە زور ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئۇنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى ماختاپ شېڭ شىسەي نۇتۇق سۆزلىگەنىدى.

ئابدۇغوپۇر دامولىنى ھۆكۈمەت شۇ قەدەر ماختىغان، ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن شۇنچىۋالا قايغۇرغان، ھەتتا: «مەرھۇم داموللامنىڭ يېڭى ھۆكۈمەت ۋە يېڭى ئادىل سىياسەت دەۋرىدە، شىنجاڭنىڭ يېڭىدىن ئادالەت، مۇساۋات (باراۋەرلىك) ئاساسىدا جەۋرى - زۇلۇمسىز تەرەققىياتقا قەدەم قويغان دەۋرىدە يېزىپ، سۆزلەپ تۈگەتكۈسىز تارىخىي خىزمەتلەرنى قىلىپ، خەلق ۋە ھۆكۈمەت خائىنلىرىنىڭ رەھىمسىز ۋە ۋەھشىيانە قوللىرىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولۇشى، سۆيۈملۈك دوستىمىزنىڭ بىزنىڭ ئالدىمىزدىن يوقلۇشى يېڭى ھۆكۈمەت ۋە بىر دۇبەن، جۇشى ۋە فۇجۇشىلار ئۈچۈن ۋە بارلىق شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر ماتەملىك، ئېسىمىزدىن چىقمايدىغان قايغۇلۇق بىر ئەھۋالدۇر... شۇنداق قىممەتلىك، ئالىيجاناپ دوستىمىز يوقالدى. بۇنىڭغا بىزنىڭ ۋە بارلىق خەلقنىڭ يۈرەكلىرىمىز داغ بولدى. لېكىن، مەرھۇم يوق بولغان بىلەن ئۇنىڭ تارىخىي خىزمەتلىرى يېڭى شىنجاڭ تارىخىنىڭ 1 - سەھىپىسىگە ئالتۇن قەلەم بىلەن يېزىلىپ، دائىم خاتىرىدە ساقلانغۇسىدۇر...

. يېڭى ھۆكۈمەت قاتىلنى تېپىش ۋە ئۇنى قاتتىق جازالاش يولىدا قەتئىي چارىلار كۆرمەكتە»⑤، دەپ جاكارلىدى. ئەمما قەشقەر خەلقى ئابدۇغوپۇر داموللامنىڭ مەھمۇت شىجاڭ بىلەن سۆزلەشكەن چاغدا چىقارغان «يولدىن ئازغان، شەرىئەت جازىسىدىن چىققان كىشىنىڭ تىلى كېسىلىپ، ئاغزى يىرتىلىپ، كانىيى بوغۇزلىنىشى كېرەك» دېگەن پەتىۋاسىنى ئاڭلاپ، ئۇنى «ئۆلۈم پەتىۋاسى» (كېيىن «ئۆلۈم ۋەدىنامىسى») دەپ ئاتاشتى ۋە داموللام مەھمۇت شىجاڭنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىگە پەتىۋا چىقىرىپتىكەن، شۇ بويىچە ئۆلتۈرۈلۈپتۇ — دېيىشتى ھەم ئۇنىڭغا باشقىچە كۆز قاراشتا بولدى.

ئابدۇغوپۇر دامولام ئۆلتۈرۈلۈپ 10 ئايدەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، 1937 - يىل 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى (جۈمە) مەھمۇت مۇھىتى چەت ئەلگە چىقىپ كەتتى. شۇ چاغدىلا شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئۇنى ئوچۇق - ئاشكارا «خائىن»، «جاھانگىرلارنىڭ قۇيرۇقى» دېدى ۋە ئابدۇغوپۇر دامولىنىڭ

رىسالىسىنى نەشردىن چىقىرىپ، خەلققە ھەقسىز تارقىتىپ بېرەلىدى.

ئابدۇغوپۇر داموللا بۇ كىتابنى قەشقەردە يازغان. ئۇ كىتابىدا دىنىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىپ، شەيخ سەئىدى يازغان «تۈلكىنىڭ ھېكايىسى» نى نەقىل كەلتۈرۈپ، خەلقىمىزنى شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىگە تايىنىشقا دەۋەت قىلغان ھەم شۇنداق قىلغاندىلا روناق تاپالايدىغانلىقى توغرىسىدا گەپ ساتقان. 1935 - يىلى ئابدۇغوپۇر داموللا قەشقەر ۋەكىلى بولۇپ، ئۈرۈمچىگە قۇرۇلتايغا بارغاندا بۇ كىتاب شېڭ شىسەي تەرەپدارلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى مەنسۇر ئەپەندى (ۋەتەن ئوغلى) نىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىدە 1936 - يىل 11 - ئايدا «شىنجاڭ گېزىتى» باسمىخانىسىدا 5000 نۇسخا بېسىلدى.

ئابدۇغوپۇر داموللا ئۆزىنىڭ بۇ كىتابىنىڭ خاتىمىسىدە مۇنداق يازغان: «كاشغەر ئەئيانلىرى بۇ ھەقىر بىئېتىبارنى ئۈرۈمچى سىغا ۋەكىل قىلىپ ئىبەرگىنىدە، بۇ ھۆكۈمەتنىڭ تۈتقان يولى شەرىئىتىمىزنىڭ قانۇنلىرىغا مۇۋاپىق بولغىنى ئۈچۈن كامال خۇرسەند بولغىنىمدىن مەجلىسى مەئبوساندا بىر، ئىككى ئايەت ۋە ھەدىس بىلەن سۆيلىنىپ، بۇ ۋەزىدە مۇتەئەسسىر بولغان (تەسىرلەنگەن) بەزى ئەئيانلار: مۇنىڭ نەپئى (پايدىسى) ھەممە شىنجاڭ خەلقىغە يەتسۇن، بەلكى ھەممە دۇنياغا كەتسۇن، دېگەن ياخشى نىيەت بىلەن ئۈشبۇ رىسالىنى بۇيرۇپ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن قۇۋۋەت، ئىستىبداتىمىنىڭ يېتىشىچە يېزىپ، ھەرمىللەت ۋەتەنداشلارگە ھەدىيە قىلدىم.

... بۇ رىسالە 1335 - ھىجرىيە يىلى مۇھەررەمىنىڭ بېشى تامام بولدى» ⑥.

بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشىغا دۇبەن شېڭ شىسەي بىلەن ئۆلكە رەئىسى لى يۇڭلار ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، بېغىشلىما يازغاندى.

شېڭ شىسەينىڭ بېغىشلىمىسىدا مۇنداق دېيىلگەن:

«بېسىلغۇسى مەرھۇم ئابدۇغوپۇر داموللامىنىڭ بۇ رىسالىسى شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئىستىقبالى، ھاياتى ئۈچۈن چوڭ ئورۇن ئالىدىغان قىممەتلىك ۋە قەدىرلىك تارىخىي، سىياسىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بىر رىسالىدۇر.

بۇ رىسالە ھۆرمەتلىك مەرمۇھنىڭ 2 - قۇرۇلتايدا بارلىق مىللەت ۋەكىللىرى ئالدىدا سۆزلىگەن، ھەقىقەتكە ئاساسلانغان نۇتقىنىڭ ۋە 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن كېيىن ئۆزىنىڭ بارلىق غەيرەت ۋە ئىجتىھادى، ھەقىقىي دىلى بىلەن خەلققە قىلغان تەشۋىق ۋە تەرغىبلىرىنىڭ مەنتىقى داۋامىدۇر...

مەرھۇم ئابدۇغوپۇر داموللامىنىڭ بۇ ئەسىرىنى شىنجاڭ خەلقى ئۇ زاتنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىگە يەنە بىر مەرتىبە ئىشەنسۇن ۋە مەرھۇم باشلاپ بەرگەن يول بىلەن مېڭىپ، يېڭى ھۆكۈمەتكە ھەقىقىي ئىشەنچىلىرى كۈچىيىپ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختلىك ۋە سائادەتلىك خەلقلەردىن بولسۇن دەپ چىقاردۇق» ⑦.

ئۆلكە رەئىسى لى يۇڭنىڭ بېغىشلىمىسىدا مۇنداق يېزىلغاندى: «مەرھۇم ئابدۇغوپۇر داموللامىنىڭ بۇ ئەسىرى بىز ئۈچۈن غايەت بۈيۈك ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر. چۈنكى ئالتە سىياسەت شۇئارىمىزنىڭ مۇسۇلمانلىق دىنىگە قارشى بولماي بەلكى مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى مەرھۇم بۇ ئەسىرىدە ئوچۇق كۆرسىتىپ يازغاندۇر، بۇ ھەقتە شېڭ دۇبەن ۋە فۇجۇشىلەرنىڭ يازغان مۇقەددىمىسىگە مەن تولۇق قوشۇلۇشۇم بىلەن بىرگە بۇ ئەسەرنىڭ پات ئارىدا بېسىلىپ خەلق ئارىسىغا تارقىلىشىنى تىلەيمەن ھەم ئۇنىڭ بىلەن خەلقىمىز كۆپ مەنپەئەتلەرگە ئېرىشىدۇ - دەپ چىڭ كۆڭلۈم بىلەن ئىشىنىمەن»⑧.

× × ×

ئاردىن بىرىم ئەسىر ئۆتۈپ كەتتى «تۇندىكى پاجىئە» مۇ تارىخىي ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ قالدى.

شۇ يىللاردا مەن 6 - دېۋىزىيە باش شتابىدا خوجىلۇق باشقارمىسىدا ئىشلەيتتىم. دېۋىزىيىنىڭ قورال - ياراغ ۋە ھېسابىنى باشقۇراتتىم، ئۈيىمىزمۇ دېۋىزىيە شتابى جايلاشقان يۇمىلاق شەھەرگە يېقىن ئەنجان كوچىسىدا ئىدى. مەھمۇت شىجاڭ يېنىدا دائىملىق خىزمەتتە بولغانلىقىمدىن ئابدۇغوپۇر داموللاھاجى بىلەنمۇ پات - پات ئۇچرىشىپ قالاتتۇق،

(ئاخىرى 5 - بەتتە)

# بىز باسقان ئىزلار

## توختى سابىر

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

تەشكىل تېخنىكا ئۆگىنىش، خەنزۇچە ئۆگىنىشلىرىمىزنىڭ تازا روناق تاپالمايۋاتقانلىقىدىكى تۈپ سەۋەب — مەدەنىيەت ساپايىمىزنىڭ تۆۋەنلىكىدە ئىكەنلىكىنى ئاستا - ئاستا تونۇپ يەتتى - دە، كۆچنى مەركەزلەشتۈرۈپ مەدەنىيەت سەۋىيىنى ئۆستۈرۈش، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشكە قاراتتى. سىرتتىن مۇئەللىملەرنى تەكلىپ قىلدى. ساۋاتسىزلارنى پۈتۈن كۈن ئىشتىن ئاجرىتىپ، ئۇنىڭغا يەنە ئاخشاملىق ئىككى سائەتنى قوشۇپ 6 ئايلىق ساۋات چىقىرىش كۇرسى ئاچتى. سېخلار بويىچە تەشكىللەنگەن ئىشتىن سىرتقى مەدەنىيەت ئۆگىنىش كۇرسلىرى ھەممە يەرنى قاپلىدى. ئىشچىلارنى ئۇرۇمچى شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ئورگانلاردا ئېچىلغان مۇشۇ خىلدىكى كۇرسلارغا تۈركۈمگە بۆلۈپ بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىپ تۇردى. قىسقىسى، بىزگە پايدىلىق بولغان بارلىق چارە - تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسىنى يولغا قويدى. نەتىجىدە ئالدى يېرىم يىل، كەينى بىر يىلغا قالماي، مۇتلەق كۆپ ساندىكىلەرنىڭ ساۋاتى چىقىرىلدى. مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئۆستى. بۇ ئىش ئۆز نۆۋىتىدە بىزنىڭ باشقا جەھەتلەردىن ئىلگىرىلىشىمىزگە زور دەرىجىدە تۈرتكە بولۇشقا باشلىدى. لېكىن تۇراق قاتارلىق 8 دەك شاگىرت ئاللىقاچان «ئۇستا» لىق دەرىجىسىنى ئېلىپ بولغان، ھەتتا شاگىرتمۇ ئالغان بولسىمۇ، تېخىچە ساۋاتىنى چىقىرالمىغانىدى.

تۇراق قاتارلىق 8 نەپەر ساۋاتسىز ئىشچى مىجەز - خۇلقى ياخشى، كۆڭلى تۈز، ئىش - ئەمگەكنىڭ ئېغىر - يېنىكىنى ئىلغىمايدىغان، ھىيلە - مېكىر ئىشلەتمەيدىغان، جاپا - مۇشەققەتنى راھەت دەپ بىلىدىغان، راستچىل يىگىتلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆڭلى - كۆكسى كەڭ بولۇپ، سەپداشلىرىدىن ھېچنەرسىنى ئايىمايتتى. كۈللىكتىپ ئۈچۈن ھاردىم - تالدىم دېمەي، تەرلەپ - پىشىپ ئىشلەيتتى. ئۇلار ئۆگىنىشتە ئەڭ ئارقىدا تۇرغىنى بىلەن ئەمگەكتە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى جەڭچىلەردىن ئىدى. ئۇلارنى بىرەر ئىشقا بۇيرۇساق، گويا بىرەر ئامەتكە ئېرىشكەندەك خۇشال بولۇپ، يىراق - يېقىن دېمەي، كۆڭۈلدىكىدەك بېجىرىپ كېلەتتى.

بۇ ساۋاتسىزلارنىڭ بەزىلىرى: ئۆگىنىش دېسە بېشىم ئاغرىيدۇ، دېسە؛ بەزىلىرى: 30 ھەرپنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايدىكەن، ھەربىر ھەرپ مېڭىمۇاتقان بىر دانە چۈمۈلىگە ئوخشاپ كېتىدىكەن، بىردەملا قارىسام، قايسىسىنىڭ قاياققا كېتىۋاتقانلىقىنى پەرقلەندۈرەلمەي، كۆزۈم تورلىشىپ، بېشىم قېيىپ كېتىدىكەن، دەرھال مەيداندىن چىقىپ كەتمىسەم، كۆڭلۈم ئېلىشىپ قۇسۇۋېتىدىكەنمەن، دەيتتى؛ بەزىلىرى بولسا، پەننىي مەكتەپتە ئوقۇغانلارنىڭ روھى تاپتىن چىقىپ كېتىدۇ، كۆڭلىدىن ئىمان ئۈچۈپ كېتىدۇ، شۇڭا ئۇنداقلارنىڭ ئوندىن توققۇزى خىيالپەرەست، زوكۇنچى، گەدەنكەش، ئاقىنانچى بولۇپ يېتىشىدۇ - دە، يا ياموُلغا سولىنىدۇ، يا «پالاندى» بولۇپ كېتىدۇ، دەيدىغان خۇراپىي ئۆسەك سۆزلەرنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن ساۋات چىقىرىپ بىلىم ئىگىلەشنى سىرلىق، سۇرلۇك ھەم قورقۇنچلۇق بىر نەرسە دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى.

ئۇلار مىڭبىر باھانە - سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ئۆگىنىشتىن قاچاتتى، ئىلاج بار بىرەر ئەمگەك

بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئۆگىنىشكە قاتناشماسلىقنى ئىمزەيتتى، بىز دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىش كۆرەتتۇق، بۇ خىل ھالەت بىز - كادىرلارنىڭ ئىدىيۋى خىزمەت سالمىقىمىزنى نەچچە ھەسسىلەپ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتەتتى.

بىز پۈتۈن كۈن ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلۇشتىن سەل بۇرۇن باش ئەترەت: بۈگۈندىن باشلاپ ھەر ھەپتىدە 3 كۈن كۈن بويى ئۆگىنىش قىلىنىدىغانلىقى، چۈشتىن بۇرۇن مەدەنىيەت ئۆگىنىشى، چۈشتىن كېيىن تېخنىكا، كەچتە خەنزۇچە ئۆگىنىدىغانلىقىمىز، ھېچكىمنىڭ باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشىغا، سەۋەب كۆرسىتىپ رۇخسەت سورىشىغا بىردەك رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چۈشۈردى. مەن ئۇقتۇرۇشنى نۆۋەتچى بەنجاڭ ئارقىلىق ھەر قايسى بەنلەرگە يەتكۈزۈۋېتىپ، پەيجاڭلار ياتىقىغا كىرىپ تۇرۇشۇمغا ئىشىك قېقىلدى:

— كىر! — دېدىم مەن تۇراق ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپ.

— پەيجاڭ، گازارمىنىڭ ئىككى يېرىدىن يامغۇر ئۆتۈپ كېتىپتۇ، مەن ئۇنىڭغا لاي سىلىۋېتەيمۇ؟

— بولمايدۇ! — دېدىم مەن قاپىقىمنى ئاچماي.

— ئابدۇكېرىم — ئىككىمىز كېلىشتۇق: ئۆگىنىشتە ئۇ مەن ئۇچۇن «بار!» دەپ قويىدىغان، مەن ئۇنىڭ ئەمگەك ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ قويىدىغان بولدۇم . . .

— يوقال كۆزۈمدىن!

كېيىن ئاڭلىسام: تۇراق ئەخمەت «غىجەك» بىلەن بىرلىشىپ ئۆگزىدىكى بىر تۆشۈكنى ئىككى قىلىپ، كىچىك تۆشۈكنى چوڭايتىۋەتكەندىن كېيىن ئاندىن يېنىمغا كىرگەنىكەن. باھانىسى ئاقمىغاندىن كېيىن ئىككىسى يەكشەنبىلىك دەم ئېلىشنى قۇربان قىلىپ، بىر كۈن ئېتىشىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە ئاندىن ئوڭشاپ بوپتۇ.

2 يىللىق جاپالىق ئېلىشىش، سانسىز جەڭگە - جېدەل ئارقىلىق تۇراق قاتارلىق 8 ساۋاتسىز ساۋاتىنى چىقىرىپ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈپلا قالماستىن، خەنزۇچە تىل - يېزىقىنىمۇ ئۆز ھاجىتىدىن چىققىدەك دەرىجىدە ئىگىلىۋالدى.

بىر قېتىملىق سۆھبەت يىغىنىدا ئۇچاستىكا باشلىقى تۇراقنى تەسىرات سۆزلەشكە تەكلىپ قىلدى، تۇراق ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە تەسىرات سۆزلىدى. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى خۇشاللىقىنى تەسۋىرلەشكە قەلەم ئاجىزلىق قىلاتتى!

**رېمونت كەسپىدىن ياساش كەسپىگە ئۆتۈشمۇ بىر قېتىملىق ئىنقىلاب**

بىز كېلىپ ھايت - ھۇيت دېگۈچىلا 6 يىل ئۆتۈپ كەتتى. ۋاقىت ناھايىتى تېز ئۆتۈۋاتاتتى. زاۋۇت قايىنام - تاشقىنلىق ئىشلەپچىقىرىش مۇسابىقىسىدا كۈنسېرى ئۆرلەپ، يىلسېرى يېڭى نەتىجە، رېكورتلارنى يارىتىۋاتاتتى. زاۋۇتنىڭ نامى ئاپتونوم رايونىمىزدىن ھالقىپ چىقىپ مەملىكەت ئىچى - سىرتىغا تارقىلىپ، دۆلەت رەھبەرلىرىمىز، قوشنا دۆلەتلەرنىڭ پارتىيە - ھۆكۈمەت ئەربابلىرى ئۆزلۈلمەي كېلىپ ئېكسكۇرسىيە ۋە كۆزدىن كەچۈرۈپ تۇرىدىغان داڭلىق كارخانىغا ئايلانغىلى تۇردى. مۇنداق قايىنام - تاشقىنلىق ھايات مۇسابىقىسىدە بىزمۇ ئۇزلۇكسىز ئالغا بېسىۋاتاتتۇق. بىز 8 سائەت ئۇيقا، 3 سائەت تاماق ۋاقتىدىن باشقا چاغلاردا تىنىم تاپماي ئىشلەيتتۇق. ھارماي - تالماي ئۆگىنەتتۇق. بىر كۈن كەچتە خەنزۇچە ۋە مەدەنىيەت دەرسى ئۆگەنسەك، ئەتىسى تېخنىكا ئۆگىنەتتۇق. شەنبە كۈنلىرى سىياسەت، ئېقىم مەسىلىلىرى ئۆگىنەتتۇق ياكى پارتىيە، ئىتتىپاق تۇرمۇشى ئۆتكۈزەتتۇق.

ئەمدى كېلىپ ھەممىز دېگۈدەك ئۆزىمىز ئىشلىگەن ئىشلاردا مۇستەقىل مەشغۇلات قىلالايتتۇق، ئىجاد، ئىختىرا قىلالايتتۇق. ئۇستازلىرىمىز، رەھبەرلىرىمىز بىلەن ئۆز كەسپىمىز دائىرىسىدىكى ئىشلار توغرىسىدا، كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئىشلار توغرىسىدا، ھەتتا سىياسەت، تۈزۈم، بەلگىلىمىلەر توغرىسىدىمۇ خەنزۇچە ئەركىن سۆزلىشەلەيتتۇق. كۆپ ساندىكىلەر ماشىنىسازلىق سىستېمىسىنىڭ 8 دەرىجىلىك ئىشچى ئۆلچىمىنىڭ 3 -، 4 - دەرىجىسىگىچە يەتكەنىدى.

ئايرىملار ھەتتا 5 -، 6 - دەرىجىگە يەتكەنىدى. بەزىلەر تېخنىكا يېڭىلاپ، قورال - سايمانلارنى ئۆزگەرتىپ، ئىش سۈرئىتىنى تېزلەتكىنى، مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۆستۈرگىنى، تەننەرخىنى چۈشۈرۈپ، زاۋۇتقا ئىقتىساد قىلىپ بەرگىنى ئۈچۈن زاۋۇت ۋە ماشىنىسازلىق ئىدارىسى تەرىپىدىن مۇكاپاتلانغانىدى. ئايرىم يولداشلار خېلى چوڭ كەشپىياتمۇ ياراتتى. ئۆز ۋاقتىدىكى بۇ «شا كىچىك» شاگىرتلار ئەمدى ئۆزلىرىگە خەنزۇ، ئۇيغۇرلاردىن شاگىرت قوبۇل قىلىپ، پېشقەدەم ئۇستىلاردىن بولۇپ قالدى. پەسىللىك، يېرىم يىللىق، يىللىق ئىشلەپچىقىرىشنى خۇلاسىلاش، تېخنىكا ئۆزگەرتىش، تېخنىكا يېڭىلاش نەتىجىلىرىنى باھالاشتا تەقدىرلەنگەن، مۇكاپاتلانغان ئازسانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى يىلمۇ يىل ئېشىپ بېرىپ، بىرقانچە ئون كىشىگە يەتتى. بىرقانچىسى ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى دېگەن شەرەپكە ئىگە بولدى. بىز ھەر تەرەپتىن يېتىشىۋاتاتتۇق.

1958 - يىلغا كەلگەندە شىنجاڭ «ئۆكتەبىر» ئاپتو رېمونت زاۋۇتى شىنجاڭ «ئۆكتەبىر» تراكتور زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى.

زاۋۇتنىڭ نامىنى ئۆزگەرتىشنىڭ سەۋەبى ئىككى ئىدى:

بىرىنچىدىن، بۇ چاغقا كەلگەندە ئاپتونوم رايونىمىزدا ماشىنىلارنى چوڭ رېمونت قىلىش زاۋۇتىدىن بىر قانچىسى قۇرۇلدى. كىچىك، ئوتتۇرا رېمونتلارنى ھەرقايسى ۋىلايەت ۋە بەزى ناھىيىلەرمۇ ئۆزىدە قىلالايدىغان بولدى. «ئۆكتەبىر» ئاپتو رېمونت زاۋۇتىنىڭ رېمونت ئوبيېكتلىرى ئازىيىشقا باشلىدى. بۇ ئەھۋالدا زاۋۇتتىكى ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولمايتتى. ھۈنەر - سەنئەت نۇقتىئىنەزىرى جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇنداق كونا، تەجرىبىلىك، مۇكەممەل زامانىۋى زاۋۇتنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى تېپتىكى ماشىنىلارنى ئىشلەپچىقىرىشى — دەۋرنىڭ تەلپى، ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى ئىدى، لېكىن ئەڭ مۇھىم سەۋەب بۇ ئەمەس ئىدى.

ئىككىنچىدىن، شىنجاڭدا زامانىۋى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىغا بولغان ئېھتىياج كۈنسايىن ئېشىۋاتاتتى. شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى (ھازىرقى كومبايىن زاۋۇتى) قۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۇ ئىشلىگەن ماشىنىلارغا يۈرۈشلەشكەن سۆرەش ماشىنىسى — تراكتور يوق ئىدى. ھەتتا پۈتۈن غەربىي شىمال رايونىدىمۇ مۇنداق زاۋۇت قۇرۇلمىغانىدى. شاڭخەي، تيەنجىن، لوياڭلاردىكى زاۋۇتلار ئىشلەپچىقارغان تراكتورلارنىڭ سانى ئاز، تۈرى كۆپ ئەمەس ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگۈزۈلگەن تراكتورلارنىڭ كۆپ قىسمى چوڭ تىپتىكى تراكتورلار بولۇپ، ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكىلىرى يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سانىمۇ چەكلىك ئىدى. شىنجاڭدەك زېمىنى كەڭ، يېزا ئىگىلىكى بىلەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان چوڭ بىر رايوندا تراكتور ياساش كەسپى ناھايىتى چوڭ بىر بوشلۇق ئىدى.

تراكتور زاۋۇتىنى قەيەرگە قۇرۇش كېرەك؟ يېڭىدىن قۇرۇش كېرەكمۇ ياكى كونا زاۋۇتلاردىن بىرەرسىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش كېرەكمۇ؟ ئەگەر يېڭىدىن قۇرماي، كونا زاۋۇتلاردىن بىرەرىنى ئۆزگەرتكەندە قايسى زاۋۇتنى ئۆزگەرتىش كېرەك؟ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مىنىستىرلىكى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، پىلان، ئىقتىساد كومىتېتلىرى بۇ مەسىلىنى چۆرىدەپ نۇرغۇن قېتىم تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئاپتورېمونت زاۋۇتىنى تراكتور زاۋۇتى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش توغرىسىدا قارار چىقاردى.

زاۋۇت تراكتور ياساشقا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، ئاپتوموبىل رېمونتىدا ئىشلىتىلىدىغان مەخسۇسلاشقان ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى قاتناش نازارىتى قارىمىقىدىكى خېيشەنتۇ ماشىنا چوڭ رېمونت زاۋۇتى (ھازىرقى 1 - ئاپتوموبىل چوڭ رېمونت زاۋۇتى) غا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك نېمە ئۈچۈن بۇ زاۋۇتنى تاللىدى؟ بۇنىڭدا كۆزدە تۇتقان مۇھىم شەرت - شارائىت مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

1. بۇ زاۋۇتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ

سىياسىي ساپاسى ياخشى، تېخنىكا ماھارىتى بىر قەدەر يۇقىرى، باشقۇرۇش سەۋىيىسى بىر قەدەر ئىلغار، تۈزۈمى مۇكەممەل، ئىنتىزامى قاتتىق، ھۈنەر - سەنئىتى يېڭى، يېڭىلىق يارىتىش روھى ئۇستۇن، تېز ئۇنۇم ھاسىل قىلىش جەڭگىۋارلىق ئەنئەنىسىگە ئىگە. شۇ چاغدا تېخنىكا، ھۈنەر - كەسىپتە پىشقان ئىشچىلار 1200 دىن كۆپرەككە، كادىر، باشقۇرۇش خادىمى ۋە تېخنىك 190 دىن كۆپرەككە يەتكەنىدى.

2. تراكتور ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغان چوڭ زاپچاستىن پولات قۇيما، چويۇن قۇيما، پولات سوقمىغا ئوخشاش زاپچاس، بۆلەكلەرنىڭ ھۈنەر - سەنئىتى شىنجاڭ بويىچە ئەڭ يېڭى، ئەڭ ئىلغار ئىدى. قېلىپ - قىسقۇچلار مۇكەممەل، سۈپىتى يۇقىرى ئىدى. بولۇپمۇ پولات قۇيمىلارنىڭ ھۈنەر - سەنئىتى شىنجاڭدىلا ئەمەس، غەربىي شىمال رايونى بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇراتتى. پولات قۇيما بىلەن پولات سوقما بولسا، تراكتوردىكى ئاساسلىق چىدامل‍ىق، مۇھىم زاپچاسلار ھېسابلىناتتى، مەسىلەن: تراكتورنىڭ ئالدى ئوق كۆۋرىكى پولات قۇيمىدىن، ئوڭ، سول غولى، ئاستى كۆرۈپكا، ئۈستى كۆرۈپكا، شتىرىن كۆرۈپكىسى دېگەنلەر چوڭ - چوڭ زاپچاسلار بولۇپ، بۇلار چويۇن قۇيمىدىن ھازىرلىناتتى. بۇنداق چوڭ، ئېغىر زاپچاسلارنى ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرى مۇكەممەل بولمىغان، تېخنىكا سەۋىيىسى بىر قەدەر تۆۋەن بولغان ئادەتتىكى زاۋۇتلارنىڭ قۇيمىچىلىق، تۆمۈرچىلىك كەسپلىرى ئۆلچەمگە يەتكۈزەلمەيتتى.

3. يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 5000 دانە «شەرق قىزاردى» 54 ئات كۈچىگە ئىگە تراكتور ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن، زور كۆلەملىك قۇرۇلۇش قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. پەقەت 14 مىڭ 150 كۋادرات مېتىر ھەجىمدىكى چويۇن قۇيما، پولات قۇيما، قەلەيچىلىك سېخلىرىنى مۇۋاپىق كېڭەيتسىلا بولاتتى.

4. مەلىكىلىك ئىشچىلارنى كۆپەيتىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. بىر تۈركۈم شاگىرت ئىشچىلار قوبۇل قىلىنسىلا بولاتتى. يېتىشكەن ماھىر ئىستانوكچىلار، سېلىسارلار، سۋاركىچىلار، قۇيمىچىلار، تۆمۈرچىلەر، تېخنىكلار، ئىنژېنېرلار، لايىھىلىگۈچىلەر قوشۇنى كۈچلۈك بولۇپ ئۆزگە يېتىشەتتى.

زاۋۇت شۇ يىلى كېيىنكى يېرىم يىلدىن باشلاپ ناھايىتى تېز سۈرئەت بىلەن تراكتورنى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىش تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتى. تراكتوردا ئىشلىتىلىدىغان مەخسۇسلاشقان بىر قىسىم ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى تولۇقلىدى. نەچچە يۈز شاگىرت ئىشچى قوبۇل قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر ۋىلايىتىدىن 2 - تۈركۈمدە 300 ئۇيغۇر ئىشچى قوبۇل قىلىندى.

2 - تۈركۈمدە كەلگەن ئۇيغۇر شاگىرت ئىشچىلارمۇ بىزنىڭ يېڭى كەلگەن ۋاقتىمىزدىكىگە ئوخشاش ھېچنىمە بىلمەيتتى. لېكىن ئۇلار بىزگە ئوخشاش بىرقانچە يىل ئەمگەك قىلمىدى. ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىزنىڭكىدىن ياخشى ئىدى. مەدەنىيەت ئۆگىنىش، خەنزۇچە ئۆگىنىش، ساۋات چىقىرىش كۇرسلىرىغا كىرمىدى، كېڭەيتىپ قۇرۇلغان قورال - سايمان سېخىنىڭ ئەمگىكىگە بىرقانچە ئاي قاتناشقاندىن كېيىن، ئۇزاق ئۆتمەي سېخلارغا تەقسىم قىلىندى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئەينى يىللاردىكى شاگىرتلار — ھازىرقى ئۇيغۇر ئۇستىلارغا شاگىرتلىققا بېرىلدى. شۇڭا ئۇلار تىل جەھەتتە بىزدەك ئۇزاققىچە تەمتىرەپ يۈرمىدى. ئۇيغۇر ئۇستىلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ يېتەكلىشى بىلەن تېزدىنلا تېخنىكا ئۆگىنىش قاينىمىغا كىرىپ كەتتى - دە، 1 — 2 يىلغا قالماي يارامل‍ىق ئۇستا، تېخنىكلاردىن بولۇپ چىقتى.

بۇ چاغدا 1 - دەرىجىلىك ۋەزىپە سۈپىتىدە تراكتورنىڭ سىخېمىسىنى لايىھەلەش، ئاپتوماتىك لىنىيەلەرنى قۇرۇش، مەخسۇسلاشقان ئىستانوكلارنى تولۇقلاش، ئۆلچەش سايمانلىرى، قېلىپ، ئەۋرىشكە، قورال - سايمان، قىسقۇچ ئەسۋابلىرىغا ئوخشاش، زاۋۇتنىڭ ئۆزىدە يوق، جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان كەم - كۈستىلەرنى تولۇقلاش دولقۇنى قوزغىلىپ كەتتى.

تېخنىكا بۆلۈمىدىكى تېخنىك، ئىنژېنېرلار 3

ئىسمىنا بولۇپ، كىچە - كۈندۈز تراكتورنىڭ لايىھىسىنى لايىھىلىدى. ھەرقايسى سېخ بۆلۈملەر ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان ئىشلار بىلەن بەنت بولۇپ، «بىر قولىنى ئىككى، ئىككى قولىنى تۆت» قىلىپ يۇقىرى سۈرئەت، ئەلا سۈپەت بويىچە، چاقماق تېزلىكىدە ئىش بېجىرىۋاتاتتى.

سۈرئەت قانچە تېز بولغان بىلەن سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىنمايدىغان بولسا، بۇنداق سۈرئەت نۆلگە باراۋەر بولىدىغانلىقىنى ھەممىمىز بىلەتتۇق. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىغان بولسا، جىددىي ۋەزىپە ئالدىدا زاۋۇت ئىناۋىتىنى يوقىتىپ، يۇقىرىنىڭ ئىشەنچىسىدىن ئايرىلاتتى. زاۋۇت باشلىقى، بۆلۈم باشلىقلىرى، سېخ مۇدىرلىرى بولسا، ئۆز ئورۇنلىرىدىن ئايرىلىپ، نومۇسقا قالاتتى، ئىشچىلار ھۈنەرسىزلىكى ئۈچۈن جەمئىيەت ئالدىدا، خەلق ئالدىدا ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىل ئالدىدا كۈلكىگە قالاتتى. شۇڭا زاۋۇت تراكتور ياساشتىكى ھەرقانداق ئىشقا، ھەتتا ئەڭ كىچىك ئىشلارغىمۇ ئەستايىدىل، جىددىي مۇئامىلە قىلدى. لېكىن بىر خىل غەيرىي كۈچ بەزىدە كۆزگە كۆرۈنۈپ، بەزىدە كۆرۈنمەي، ھەدەپ بىزگە كاشىلا قىلىۋاتاتتى. ئۇ بولسىمۇ ئايرىم ئىشچىلار ئىچىدىكى «رېمونتچىلىق ئىستىلى» ئىدى.

رېمونتچىلىق ئىستىلىنىڭ ئەڭ ئەجەللىك ئىپادىسى بىر قىسىم ئىشچىلارنىڭ ئۆزۈندىن بۇيان ئادەتلىنىپ كەلگەن مۇھىم زاپچاسلاردا ئەستايىدىل بولسىمۇ بىر قىسىم قوشۇمچە زاپچاسلارنى قولنىڭ ئۇچىدا ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋېتىشىدە روشەن كۆرۈلۈشكە باشلىدى. تراكتوردەك بۇنداق يىپ - يىڭنە، چوڭ - مۇرەككەپ بىر مەھسۇلاتنى ياساش كەسپىدە بۇنداق ئىستىلغا يول قويغىلى بولمايتتى.

بۇ خىلدىكى ھۈنەر - سەنئەت، مەشغۇلاتلارغا سىڭىپ كەتكەن ئىستىلنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئەسلى خېلى ئۇزۇن بىر جەرياننى باشتىن كۆچۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. لېكىن بۇنىڭغا ۋاقىت يار بەرمەيتتى. شۇڭا تراكتور زاۋۇتى بۇ ئىللەتنى ناھايىتى تېزدىن يېڭىش قارارىغا كەلدى. پۈتۈن زاۋۇت دائىرىسىدە تېخنىكا بويىچە بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسلىرىنى ئاچتى. تېخنىكا يېڭىلاش، تېخنىكا ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىنى قوزغىدى. تۈزۈم - قائىدىلەرنى تېخىمۇ چىڭىتتى. سۈپەتنىڭ ھەر بىر ئۆتكىلىنى قاتتىق تىزگىنلىدى. زاۋۇت مىقياسىدا «رېمونت كەسپىدىن، ياساش كەسپىگە يۈرۈش قىلىش بىر قېتىملىق چوڭقۇر ئىنقىلاب» دېگەن ياڭراق شۇئارنى ھەر بىر ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ ئىدىيىسىدىن ئورۇن ئالدۇرۇپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىگىچە ئەمەلىيلەشتۈردى. نەتىجىدە، ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۈمۈمىي نىشاننى بۇرىۋالدى.

زاۋۇت ئەڭ دەسلەپ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقىي يولىيورۇقى بويىچە كىۋەزلىكتە مەشغۇلات ئېلىپ بارىدىغان 28 تىپلىق تراكتوردىن 3 نى سىناق تەرىقىسىدە مۇۋاپىقىيەتلىك ياساپ چىقتى، كەينىدىنلا ئاز تۈركۈمدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شىنجاڭنىڭ تارىخىدا تراكتور ئىشلەپچىقىرىش يېڭى بېتى ئېچىلىپ، يېزا ئىگىلىكىدە سۆرەش ماشىنىسى ئىشلىيەلمەسلىك تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن زاۋۇت يەنە بىر قېتىم بايرام تۈسىگە كىرىپ، داقا - دۈمباق، ناغرا - سونايلار ياڭراپ، بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۆزىنىڭ كۈرەش مېۋىسىنىڭ نەتىجىسىدىن قىن - قىنىغا پاتماي، ئۇسسۇل، نيۇياڭگار ۋە ساماغا چۈشۈشتى.

«شەرق قىزاردى» 28 تىپلىق تراكتورنىڭ ماتور قىسمى 28 ئات كۈچىگە ئىگە بولسىمۇ، ئۇنىڭ دېپەن (كۆۋرۈك) بۆلىكىنىڭ ئىقتىدارى چوڭ ئىدى. تېخىمۇ چوڭ ئات كۈچىگە ئىگە ماتور قوندۇرۇلسا ئۇنىڭ ئىقتىدارىنى تېخىمۇ ئاشۇرغىلى بولاتتى. شۇ يىلى ياھالاشقا قاتناشقان ۋەكىللەر: — «ئۇنىڭ ئىقتىدارى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن «3B—24T» دىن چوڭ دېيىشتى. ئۇنىڭ كۆۋرۈك قىسمىدىكى چوڭ زاپچاسلارنىڭ ھەممىسى (بالوندىن باشقا) زاۋۇتنىڭ ئۆزىدىكى پولات قۇيما، چويۇن قۇيما، پولات سوقىلاردىن ئىشلەنگەن ئىدى. ۋەكىللەر بۇنىڭغا ئالاھىدە

(ئاخىرى 38 - بەتتە)

# 1946 - يىلى يازدا بولۇپ ئۆتكەن بەزى ئىشلار


هۇسەيىن ئەبەيدۇللا

(ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتىدىن)


## ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۈستىدىن دەرت تۆكۈش، پاش قىلىش يىغىنى

ئۆزىنى «تىنچلىق ئەلچىسى»، «خەلقپەرۋەر» دەپ ئاتىۋالغان جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى 1946 - يىل 5 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئۈرۈمچى سابىق دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ غەربىي زالىدا ياشلار، زىيالىيلار ۋەكىللىرى قاتناشقان سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. بۇ يىغىن 3 كۈن داۋام قىلدى. سۆھبەت يىغىنىغا يەنە چەت ۋىلايەت، ناھىيىلەردىن، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن گومىنداڭ ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىنىڭ ئېغىر زۇلمىغا چىدىماي پاناھ ئىزدەپ ئۈرۈمچىگە كېلىپ قالغان زىيالىيلار، ياشلار ۋەكىللىرىمۇ قاتناشتۇرۇلدى. گېنېرال جاڭ جىجۇڭنىڭ مۇنداق بىر يىغىن ئۇيۇشتۇرۇشتىن مەقسىدى بىر تەرەپتىن 3 ۋىلايەت تەرەپنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن خەلقنىڭ جۈملىدىن ئۈرۈمچىدىكى ياشلار، زىيالىيلارنىڭ ئىرادىسىنى سىناپ بىلىپ بېقىش ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق ئىدى.

بۇ سۆھبەت يىغىنىنى گېنېرال جاڭ جىجۇڭ ئۆزى باشقۇردى. ئەيسا بەگ ئۇنىڭغا تەرجىمانلىق قىلدى. جاڭ جىجۇڭ سۆز قىلىپ، بۈگۈنكى يىغىندا ئۈرۈمچىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرى، زىيالىيلىرى ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ، يىغىنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ پىكىر - تەلەپلىرىنى ئاڭلاپ بېقىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. جاڭ جىجۇڭنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەنلا يىغىن مەيدانىدا پىكىر قىلىشنى تەلەپ قىلىپ نۇرغۇن قوللار كۆتۈرۈلدى. سۆز قىلغۇچىلارنىڭ كۆپچىلىكى ناھايىتى ھاياجان بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى. سۆزلەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئۈرۈمچىدە ۋە 7 ۋىلايەت دائىرىسىدە خەلق ئۈستىدىكى زۇلۇم - ئازابنىڭ چېكىگە يەتكەنلىكى، بولۇپمۇ، جەنۇبىي شىنجاڭدا گومىنداڭ ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىنىڭ خەلقنى بوزەك قىلىپ، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزۈۋاتقانلىقى توغرىسىدا بولدى. ئۇلار بىز ئۆز جايلىرىمىزدا زالىم ئەمەلدارلارنىڭ تۈرلۈك بەدناملارنى چاپلاپ ئازابلاشلىرىغا چىدىماي ئۆز يۇرتلىرىمىزنى تاشلاپ ئۈرۈمچىگە پاناھ ئىزدەپ كەلدۇق، دەپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۈستىدىن نۇرغۇن مەسىلىلەرنى پاش قىلدى. سۆز قىلغۇچىلار جەنۇبىي شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ قانلىق تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا ئېزىلىپ يەنچىلىۋاتقان قېرىنداشلىرىنى قۇتۇلدۇرۇش توغرىسىدا جاڭ جىجۇڭغا تەلەپ قويدى. جاڭ جىجۇڭنىڭ تېزدىن تەدبىر قوللىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ خەلقنى داۋاملىق بوزەك قىلىشىنى توسۇپ، ئۇلارغا قاتتىق جازا بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭغا بىر قەدەر ئادىل، خەلقپەرۋەر كىشىلەر ۋە خەلق ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان ھوقۇقلۇق، كۈچلۈك بىر تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئەۋەتىشنى، بۇ ئۆمەككە جەنۇبىي شىنجاڭدا خەلقنىڭ

غەزىپى كۈچلۈك بولغان ئەمەلدارلارنى جازالاش ھوقۇقى بېرىلىشنى تەۋسىيە قىلدى. سۆھبەت يىغىنى گېنېرال جاڭ جىجۇڭنىڭ مۇددىئاسىنىڭ ئەكسىچە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭدا يۈرگۈزگەن ئەكسىيەتچىل، زوراۋانلىق سىياستىنى سۆكۈش، ئەكسىيەتچىلەر ئۈستىدىن دەرت تۆكۈش يىغىنىغا ئايلاندى. يىغىن 3 - كۈنىگە قەدەم قويغاندا يىغىننى جاڭ جىجۇڭ ئۆزى باشقۇرۇپ: كۆپچىلىكنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئەۋەتىش توغرىسىدىكى تەلىۋىگە قوشۇلىمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن خەلققە ۋەكىل بولۇپ ئۆمەككە قاتنىشىدىغان بىر نەپەر ۋەكىل سايلاپ بېرىشىڭلار كېرەك، دېدى. يىغىنغا قاتناشقان بىر ئادەم سۆز قىلىپ ۋەكىللىككە ئەيسا بەگنى كۆرسەتتى. يىغىن مەيدانىدا دەرھال كۈچلۈك غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى. شۇ ۋاقىتتا يولداش خەمىت سۇلتان① ئىنقىلابىي ياشلارنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە سۆز قىلىپ، ھېلىقى ئادەمنىڭ سۆزلىرىگە رەددىيە بەردى ۋە ئەيسا بەگنى ۋەكىل قىلىپ سايلاشقا قارشى چىقتى. ئۇ مۇنداق دېدى: «بىزدە ‹زېمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس› دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتىلغان سۆز بار، ئەيسا بەگ ئەپەندى زېمىستان كۆرمىگەن ئادەم، خەلقنىڭ بېشىغا چۈشكەن چىدىغۇسىز ئازاب - ئوقۇبەت، دەرت - ئەلەملەرنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدۇ. مۇنداق ئادەمنىڭ خەلق ۋەكىلى بولۇشقا سالاھىيىتى يوق. مەن خەلق ۋەكىللىكىگە خەلق بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، زامانىنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكىنى تېتىغان ئىبراھىم تۇردىنى كۆرسىتىمەن» دېدى. يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ كۆپچىلىكى خەمىت سۇلتانىنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ كۈچلۈك ئالقىش ياغدۇراتتى. لېكىن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا سايلام مەسىلىسىدە ئېغىر ئىختىلاپ كۆرۈلدى. ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋېلىشتى. ئاخىرىدا جاڭ جىجۇڭ سۆھبەت يىغىنىنى ئاياغلاشتۇرىدىغانلىقىنى، خەلق ۋەكىللىكىگە كىمنى بەلگىلەش مەسىلىسىنى ھازىر بېكىتمەيدىغانلىقىنى، كېيىن ئايرىم ئۇقتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ يىغىننى تۈگەتتى.

نۆۋەتتە كەلگەندە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇرۇمچىدە مۇشۇ مەزگىللەردە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن تا شىنجاڭ ئازاد بولغانغا قەدەر بولغان ۋاقىت ئىچىدە، ئۇيغۇر ياشلىرى ۋە زىيالىيلىرى ئارىسىدا، تۈرلۈك تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشلەر سەۋەبىدىن، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا يۈرگۈزگەن مۇستەبىتلىك، ھاكىممۇتلەقلىق ۋە چوڭ خەنزۇچىلىق سىياسەتلىرىگە قارشى كۈرەش مەسىلىسى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى، شۇنىڭدەك سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت مەسىلىسى قاتارلىق مەسىلىلەرگە بولغان كۆز قاراش ۋە مەيداننىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن، بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى ئىككى ئىدىيىۋى سەپ شەكىللەنگەنىدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ خەلقنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتىگە، جۈملىدىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى ھەرىكىتى جىددىيلەشكەنسېرى ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ تېخىمۇ چوڭقۇرلاشقانىدى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان، گېنېرال جاڭ جىجۇڭ ئاچقان 3 كۈنلۈك سۆھبەت يىغىنىدا جەنۇبىي شىنجاڭغا بارىدىغان تەكشۈرۈش ئۆمىكىگە ۋەكىل سايلاش مەسىلىسىدە كۆرۈلگەن ئىختىلاپمۇ شۇ ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ ئىنكاسى ئىدى.

سۆھبەت يىغىنى ئېچىلىپ ئارىدىن بىرەر ئاي ۋاقىت ئۆتكەندە ئىبراھىم تۇردى② «خانتەڭرى» نەشرىياتى ئورگىنىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئالدىنقى كۈنى جاڭ جىجۇڭ ئاچقان «جەنۇبىي شىنجاڭنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى» نى تەشكىل قىلىش يىغىنىغا قاتناشقانلىقىنى، يىغىندا جاڭ جىجۇڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەۋەتىلىدىغان تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاپ، ئۆمەك تەركىبىدىكى خادىملارنىڭ ئىسمىنى ئېلان قىلغانلىقىنى، ئۆمەككە غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاۋ شىگۇاڭ③ ئۆمەك باشلىقى، ئۆمەر داموللا④ مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى، ئىبراھىم تۇردى، مادامبېك (شىنجاڭ ئۆلكىلىك قازاق، قىرغىز مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قىرغىز) ۋە يەنە ئىككى نەپەر پولكوۋنىك

ئۇنىۋانلىق ئەمەلدارنىڭ ئۆمەكنىڭ رەسمىي ئەزاسى قىلىپ بەلگىلەنگەنلىكىنى ئېيتتى ۋە بۇ ئۆمەكنىڭ 7 - ئاينىڭ باشلىرى يولغا چىقىدىغانلىقىنى، ھاموت خوجايوفنىڭ ئۆمەك تەرجىمانى بولۇپ بەلگىلەنگەنلىكىنىمۇ قوشۇپ قويدى.

جاڭ جىجۇڭنىڭ «جەنۇبىي شىنجاڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكى» گە ئىبراھىم تۇردىنى خەلق ۋەكىلى قىلىپ بەلگىلىشىدىكى سەۋەب، بىرىنچىدىن، بىر ئاي بۇرۇن ئۆزى ئاچقان سۆھبەت يىغىنىدا مۇتلەق كۆپچىلىك ياشلار ۋە زىيالىيلارنىڭ ئىبراھىم تۇردىنى كۆرسەتكەنلىكىدىن بولغان بولسا، ئىككىنچىدىن، شۇ مەزگىلدىكى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى ۋە ئۆزىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە مايىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش مەقسىتىدە مۇشۇنداق قارارغا كەلگەنلىكى ئېنىق ئىدى. ئىبراھىم تۇردى بىزگە يەنە «يىغىندا جاڭ جىجۇڭ مېنىڭ ئۆزەمگە بىر كاتىپ ئېلىۋېلىشىمغا قوشۇلدى» دېدى. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن «دېموكراتىك ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتى» مېنىڭ ئىبراھىم تۇردىغا كاتىپ بولۇپ بېرىشىمنى ۋە مېنىڭ كاتىپلىق نامىدا قىلىدىغان ئىشلىرىمنى بېكىتكەنلىكىنى ماڭا ئۇقتۇردى. تەشكىلاتنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، «نەنخۇايۇەن» (ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى تۇرۇشلۇق قورۇ) دىن ئۈچ ۋىلايەت گېزىت - ژۇرناللىرى ۋە تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى بىر تاغارغا قاچىلاپ، تاغارنىڭ ئۈستى تەرىپىگە «خانتەڭرى» ژۇرنىلىنىڭ يېقىنقى سانلىرىنى قاچىلىدىم. چۈنكى شۇ مەزگىللەردە «خانتەڭرى» ژۇرنىلى ھۆكۈمەت تەستىقلىغان ئاشكارا ژۇرنال ئىدى. تەشكىلات بۇ گېزىت - ژۇرناللارنى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مۇھىم ۋىلايەت، ناھىيىلىرىدە ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتلىرى ۋە قىسمەن ئىلغار ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرىغا تارقىتىپ بېرىشنى تاپشۇردى، شۇنىڭدەك مېنىڭ ئىبراھىم تۇردىنىڭ كاتىپى نامىدا ئۇنىڭغا جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كونكرېت پائالىيەتلىرى، خەلقىنىڭ ئاھۇ - زارى، جايلاردىكى پومېشچىكلار ۋە گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۈستىدىن پاش قىلىنغان مەسىلىلەرنى خاتىرىلەپ بېرىشىمنى تاپىلىدى.

1946 - يىل 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئەتىگەندە ئۆمەك تەركىبىدىكى خادىملار ۋە 3 نەپەر تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېر سابىق دۇبەن مەھكىمىسىگە يىغىلدۇق. ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن 2 دانە دادۇجى ناملىق چوڭ ئاپتوموبىلغا ئولتۇردۇق. ئاپتوموبىلغا يەنە «مۇھاپىزەتچى» نامى بىلەن تولۇق قوراللانغان ئون نەچچە ئەسكەر چىقتى. بۇ يەردە ئوبۇلقاسىم سابىتنى ئۇچراتتىم. ئۇ ئۆمەر داموللىغا كاتىپ بولۇپ بىللە بارىدىكەن. بىز ئەتىگەن سائەت 10 لاردا يولغا چىقتۇق. چۈشتىن كېيىن سائەت 3 ئەتراپىدا توقسۇن ناھىيىسىگە يېتىپ كەلدۇق. توقسۇن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ناھىيىدىكى ئىدارە خىزمەتچىلىرى، ئوقۇغۇچىلار ۋە بۇ يەردە تۇرۇشلۇق گومىنداڭ ئارمىيىسىدىن بىرنەچچە يۈز ئادەم ئۆمەكنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى. ئەتىسى توقسۇن ناھىيىسىنىڭ بىر كىنوخانىسىدا يىغىن بولدى. يىغىنغا ناھىيىنىڭ باشلىقلىرى، ئىدارە خىزمەتچىلىرى، خەلق ۋەكىللىرى، ياشلار، زىيالىيلار قاتناشتى. يىغىندا مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى سۆز قىلغاندىن كېيىن، ناھىيىنىڭ باشلىقلىرى قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن سۆز قىلدى، ئارقىدىن توقسۇن ياشلىرى، زىيالىيلىرىدىن بىرنەچچە كىشى سۆزگە چىقىپ، ناھىيىدىكى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئۈستىدىن دەرت تۆكۈپ شىكايەت قىلىشقا باشلىدى. ئەمەلدارلارنىڭ پارىخورلۇقى، دېھقانلار ئۈستىدىكى سېلىقنىڭ ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكى، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى ئېغىرلىشىپ كۈن ئالالمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆزلەپ، نۇرغۇن مەسىلىلەرنى پاش قىلدى. بولۇپمۇ توقسۇندىكى گومىنداڭ ھەربىي - ساقچىلىرىنىڭ خەلققە قىلىۋاتقان زورلۇقلىرى، خەلقنى بوزەك قىلىپ، مال - مۈلۈكلىرىنى خالىغانچە بۇلاپ - تالاۋاتقانلىقى، ئىنقىلابىي ياشلار، زىيالىيلارغا قىلىۋاتقان سىياسىي زىيانكەشلىكى، خالىغانچە ئادەم تۇتۇشلىرى ئۈستىدە ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ

كەتتى. ئۆمەك توقسۇندا 2 كۈن تۇرۇپ 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئەتىگەندە جەنۇبىي شىنجاڭغا قاراپ يولغا چىقتى.

## گومىنداڭ لىيەنجىڭنىڭ كۈمۈشتىكى قاتىللىقى

ئۆمەك ئاپتوموبىللىرى توقسۇندىن چىقىپ بىرنەچچە سائەت ماڭغاندىن كېيىن كۈمۈش ئۆتىڭىگە كەلدى. ئۆمەك ئەزالىرى بىرنەچچە كىچىك ئاشخانىغا بۆلۈنۈپ غىزالانغاندىن كېيىن كۈمۈش ئۆتىڭىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كىچىككىنە مەيدانغا يىغىلىپ ئۆمەكنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن سەپ تارتىپ تۇرغان ئۇيغۇر ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئەسكەرلەرنىڭ كىيگەن كىيىملىرى كۆلرەڭ ماتادىن تىكىلگەن جۇل - جۇل كىيىملەر بولسىمۇ، رەتلىك، مۇنتىزىم ھالەتتە تۇراتتى. ئۆمەك باشلىقى جاۋ شىگۇاڭ ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئەسكەرلەر ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ھەربىيچە سالام بەردى. ئۆمەك باشلىقى جاۋ شىگۇاڭ ئەسكەرلەرگە قىسقا سۆز قىلدى. ئۇنىڭ سۆزىنى ئۆمەك تەرجىمانى ھامۇت خوجايوف تەرجىمە قىلدى. جاۋ شىگۇاڭ ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا 3 ئۇيغۇر ئەسكەر سەپنىڭ ئالدىغا چىقىپ جاۋ شىگۇاڭغا ھەربىيچە سالام بېرىپ، ئۇنىڭغا بىر پارچە خەت سۇندى. بۇ ئۇيغۇر ئەسكەرلەر گومىنداڭنىڭ قاراشەھەردە تۇرۇشلۇق قىسىملىرىغا قاراشلىق بىر لىيەن ئىكەن. بۇلار ئەسلىدە 1944 - يىلى ئەتىيازدا جاللات شىڭ شىسەي جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئەسكەرلىككە مەجبۇرىي ئالغانلارنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، قالغانلىرىنىڭ بىر قىسمى شۇ مەزگىلدە تارقالغان كۆچلۈك ۋابا كېسىلى ۋە ئېغىر ئاچارچىلىق تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. ساق قالغانلىرىنىڭ بىر قىسمى شىڭ شىسەي تەرىپىدىن ئالتايغا ئەۋەتىلىپ، باندىت ئوسمانغا قارشى ئۇرۇشقا سېلىنىپ، كۆپىنچىسى ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كەتكەن، بۇلار ئۇرۇشتا ئۆلمەي قالغانلىرى بولۇپ شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قورالسىزلاندۇرۇلۇپ كۈمۈش جاڭگىلىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىچارىلەر ئىكەن. ئۇلار ھەر كۈنى ئەتىگەندىن تارتىپ كەچ كىرگىچە ئوتۇن تېرىپ ۋە ئاكوپ كولاپ قۇلدەك ئىشلەيدىكەن. يەيدىغىنى كۈنىگە ئۈچ ۋاق زاغرانان، ئىچىدىغىنى ئۇماچ ئىكەن. ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بېرىلگەن ئازغىنە تەمىناتنى لىيۇ فامىلىلىك لىيەنجاڭ چۆنتىكىگە سالىدىكەن...

بىز ئولتۇرغان ئاپتوموبىل ئارغۇبۇلاق تاغلىرىدىن ئۆتۈپ قاراشەھەرگە يېقىن لىيۇ شىخۇ دېگەن يېزىغا يېقىنلاپ قالغاندا، ئارقىمىزدىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن بىر كىچىك ئاپتوموبىل ناھايىتى تېز يېتىشىپ كېلىپ ئالدىمىزغا ئۆتۈپ توختىدى، بىزنىڭ ئاپتوموبىللارمۇ توختىدى. 3 ئۇيغۇر پۇقرا ھېلىقى ئاپتوموبىلدىن چۈشۈپ «ئىبراھىم تۇردى ئەپەندى كىم بولىدىكىن؟» دەپ سورىدى. ئىبراھىم تۇردى ئاپتوموبىل كوزۇپىدا تۇرۇپ «مانا مەن بولىمەن!» دەپ جاۋاب بەردى. 3 كىشى تەڭلا ماشىنىغا يېقىنلىشىپ كېلىپ ئىبراھىم تۇردىغا بىر پارچە خەتنى تاپشۇردى - دە، گەپ - سۆز قىلماي ئاپتوموبىلىغا چۈشۈپ ئارقىغا يېنىپ كەتتى. ئۆمەكنىڭ ئاپتوموبىللىرى لىيۇ شىخۇ يېزىسىدىن ئۆتكەندە، قاراشەھەر ۋىلايىتىنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئورۇنلىرى يول ئۈستىگە ھەشەمەتلىك چاچاڭ (ئەمەلدارلارنى قارشى ئالىدىغان ۋاقىتلىق سەھنە — ئاپتوردىن) قۇرۇپ ئۆمەكنى قارشى ئالدى. ئۇلار ئىدارە خىزمەتچىلىرى، ھەربىي قىسىم، ئوقۇغۇچىلاردىن بولۇپ بىرەر مىڭغا يېقىن ئادەمنى ئۆمەكنى قارشى ئېلىشقا تەشكىللىگەنىكەن. ئۇلار بىزنى ۋىلايەتلىك يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى بىناسىغا ئورۇنلاشتۇردى. تاماقتىن كېيىن ئىبراھىم تۇردى بىزگە يولدا ھېلىقى 3 كىشى تاپشۇرغان خەتنىڭ مەزمۇنىنى ئېيتىپ بەردى. خەتتە مۇنداق دېيىلگەن: جەنۇبىي شىنجاڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكى باشلىقلىرى كۈمۈشتە ئۇيغۇر ئەسكەرلەر بىلەن كۆرۈشكەندە، 3 ئۇيغۇر ئەسكەرنىڭ بارلىق ئۇيغۇر ئەسكەرلەر نامىدىن ئۆمەك باشلىقلىرىغا خەت بەرگەنلىكىنى كۆرگەن لىيەنجاڭ ئۆمەك كۈمۈشتىن يۈرۈپ كېتىشى بىلەنلا لىيەندىكى بارلىق ئۇيغۇر ئەسكەرلەرنى مەيداننىڭ ئۇدۇلىدىكى تۆپىلىككە ئېلىپ چىقىپ ئورا كولاشقا بۇيرۇغان.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

# «ئالتۇن زەنجىرلەر»

## ئابلىز ئورخۇن، پەرىدە هامۇت

«ئالتۇن زەنجىرلەر» دەپ چىرايلىق نام بېرىلگەن بۇ قوليازمىنىڭ بايقىلىشى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە قوشۇلغان يېڭى بىر تۆھپە. ئەسەرنىڭ ئەسلى تولۇق نامى «نەفاھاتى ئۇنس ۋە سىلسىلەتۇز زەھەب» (ئۇلۇغلۇق خۇشپۇراقلىرى ۋە ئالتۇن زەنجىرلەر) بولۇپ، قىسقىچە «سىلسىلە تۇززەھەب» (ئالتۇن زەنجىرلەر) دەپلا ئاتالغان. بۈيۈك پارس - تاجىك شائىرى نۇرىدىن ئابدۇراخمان جامى (1414 — 1492) نىڭمۇ مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىدىغان بىر ئەسىرى بار. شۇنىڭغا قارىغاندا ئاپتور جامىنىڭ ئەسىرىنى كۆرگەن ھەمدە ئۆز كىتابىغىمۇ بۇ نامنى تەكرار ئىشلەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

قولىيازما 1990 - يىلى ئۈچتۇرپاندىن تېپىلغان بولۇپ، باش - ئاخىرى تولۇق ساقلانغان. قولىيازما جەمئىي 140 ۋاراق، 278 بەت، كەڭلىكى 14 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 21 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 4.5 سانتىمېتىر بولۇپ، ھەر بىر بەتكە 13 قۇردىن خەت يېزىلغان.

ئىلگىرى ئېلىمىز ۋە چەتئەللەردە ئېلان قىلىنغان ئۇيغۇرچە قولىيازمىلارغا ئائىت تەتقىقات ۋە كاتالوگلاردا بۇنداق ئەسەرنىڭ بارلىقى تىلغا ئېلىنمىغان. شۇڭا بىز بۇ كىتابنى ھازىرغىچە مەلۇم بولغان يېگانە نۇسخا دەپ تونۇيمىز.

كىتابتا ئاساسلىق ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ پىرى خوجاھىدايىتۇللائافاق (يەنى ئاپپاق خوجا) ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ تارىخى مەركەزلىك بايان قىلىنغان.

خوجا ئىسھاق ۋەلى ۋەكىللىكىدىكى قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ شىنجاڭ تارىخىدا تۇتقان ئورنى ۋە تەسىرى ئالاھىدە كۈچلۈك بولغاچقا بۇ ھەقتە يېزىپ قالدۇرۇلغان ماتېرىياللارمۇ خېلى كۆپ. بىراق، ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە بېغىشلانغان مۇنداق ئەسەرلەر كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ. شۇڭا بۇ كىتاب ئىچىدىكى ماتېرىياللارنىڭ ئەمەلىي قىممىتىدىن كۆرە ئازلىقىدىن قىممەتلىكتۇر.

كىتاب كونكرېت باب، پاراگرافلارغا بۆلۈنمىگەن بولسىمۇ لېكىن ئۇنى ئەمەلىي مەزمۇنغا ئاساسەن 3 بۆلەككە ئايرىشقا بولىدۇ.

1 - بۆلۈمدە شىنجاڭ تەرىقەتچىلىرىنىڭ بوۋاكالانى سەئىد جالالىددىن خوجىنىڭ مەككە مۇكەررەمدىن ئايرىلىپ ھىراتقا، ئۇ يەردىن كاشىغا كېلىپ يەرلىشىشى ھەمدە ئۇنىڭ ئوغلى خوجا ئەھمەد (مەختۇم ئەزەم) نىڭ تۇغۇلۇشى سۆزلىنىدۇ. ئاپتور مەختۇم ئەزەمنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ پائالىيىتىگە رەسمىي كۆچۈشتىن ئىلگىرى، مەختۇم ئەزەمنىڭ دادىسى سەئىد جالالىددىننىڭ ئانا تەرەپ ۋە دادا تەرەپ نەسەبىنى ناھايىتى زور كۈچ سەرپ قىلىپ مۇھەممەد پەيغەمبەر ۋە چاھاريارلارغا تۇتاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ «ئېسىل» نەسەبلىك ئورنىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرىدۇ؛ ئۇلارنىڭ تەرىقەتتە تۇتقان يولى، ئۇستازلىرى، ۋارىسلىق قىلىش ئەھۋاللىرى خېلى تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ؛ سوپىزىم تەرىقىتىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى، سۇلۇكلىرى، تارىخىي تەرەققىيات جەريانى سۆزلىنىدۇ. بۇ مەزمۇنلار كىتابنىڭ تەخمىنەن $\frac{1}{4}$ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

2 - بۆلۈم مەختۇم ئەزەمنىڭ 4 خوتۇنى ۋە ئۇلاردىن تۇغۇلغان باللار، مەختۇم ئەزەمنىڭ



ئۆلۈمى، مەختۇم ئەزەمنىڭ چوڭ ئوغلى مۇھەممەد ئىمىن بىلەن ئۇنىڭ ئانا باشقا ئۇكىسى خوجا ئىسھاق ۋەلىيۇللا ئوتتۇرىسىدىكى «غەۋسىل ئەزەم»لىك داۋالىرىدىن باشلىنىدۇ. نەتىجىدە خوجا ئىسھاق ۋەلى ئاكىسى مۇھەممەد ئىمىننى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنى ئاتىسىنىڭ ئورنىدا باش پىر دەپ جاكارلايدۇ. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ ئاكا - ئۇكا ۋە ئۇلارنىڭ مۇرتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئۆتكۈرلىشىپ، كاسانغا پاتماي، تەسىر دائىرە تالىشىپ شىنجاڭغا ئىچكىرىلەپ كىرىدۇ. نەتىجىدە خوجا ئىسھاقنى مەركەز قىلغان قارا تاغلىقلار ۋە مۇھەممەد ئىمىننىڭ ئوغلى مۇھەممەد يۇسۇپنى مەركەز قىلغان ئاق تاغلىقلاردىن ئىبارەت 2 مەزھەپ رەسمىي شەكىللىنىدۇ.

قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ زىيانكەشلىكى تۈپەيلىدىن قەشقەردە پۇت دەسسىيەلمەي تۇرالمىغان مۇھەممەد يۇسۇپ خوجا ئاقسۇ، تۇرپانلارنى بېسىپ ئۆتۈپ قۇمۇلغا كېلىدۇ. ئۇ بۇ يەردە قەشقەردىكى ئابدۇللاخاننىڭ نەزەرىدىن قېچىپ كېلىپ پاناھلىنىۋاتقان سەئىد جېلىل قەشقەرىنىڭ قىزى زۇلەيخا بېگىمگە ئۆيلىنىدۇ. ھەمدە ئۇنىڭدىن خوجاھىدايىتۇللا، خوجا كارامەتۇللا، خوجا قانائەتۇللا، گۈلشاھ بېگىم، ئاي بېگىم دەپ 3 ئوغۇل، 2 قىز پەرزەنت كۆرىدۇ.

مۇھەممەد يۇسۇپ چوڭ ئوغلى ھىدايىتۇللا (ئافاق خوجا) 9 ياشقا كىرگەندە قۇمۇلدىن ئايرىلىپ قېيىنئاتىسى سەئىد جېلىل قەشقەرىنىڭ قەشقەر قارا ساقالدىكى قورۇ - جايىغا كېلىپ ئورۇنلىشىدۇ. ھەمدە قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قورقۇپ خۇپىيانە مۇرىت توپلايدۇ. كۇنلەرنىڭ بىرىدە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قەشقەرنى ئىدارە قىلىۋاتقان ھۆكۈمرانى ئابدۇللاخان بىلەن تونۇشۇپ ئۇنىڭ ئالاھىدە ئىشەنچىسىگە ئېرىشىدۇ. مۇھەممەد يۇسۇپ خوجا ئابدۇللاخاننىڭ ۋاستىسى بىلەن يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ يۇقىرى تەبىقىسى ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرىدۇ. بىراق، ئۇ ئويلىمىغان يەردىن يەكەندە پائالىيەت قىلىۋاتقان خوجا ئىسھاق ۋەلىنىڭ ئوغلى خۇش شادى تەرىپىدىن ھىجرىيە 1009 - يىلى (1595 - يىلى) زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئافاق خوجا 10 يىلدىن كېيىن يەكەنگە بېرىپ، ئابدۇللاخاننىڭ ئوغلى يولبارسخاننىڭ كىچىك ئانىسى مايىم خانىكىگە ئۆيلىنىپ، ئاشۇ يۇقىرى تەبىقىنى ئارقا تېرەك قىلىپ، قارا تاغلىق خوجىلاردىن تەسىر دائىرە تالىشىدۇ. بىراق، قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ تەسىرىدە تۇرۇۋاتقان باباخان ئافاق خوجا ۋە ئۇنىڭ مۇرتلىرىنى يەكەندىن ھەتتا پۈتكۈل خانلىق تەۋەسىدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. ئافاق خوجا مۇرىتلىرىنى باشلاپ گەنسۇغا بېرىپ ھەرخىل كۆز بوياMچىلىق بىلەن ئاخىرى ئۆز زامانىسىدىكى تىبەت، جۇڭغارلارنىڭ دىنىي داھىيسى دالاي لامانىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ ئۇنىڭدىن «قەشقەر، خوتەن، يەكەن، يېڭىساردىن ئىبارەت بۇ مۇغۇلىستان زېمىنى ئاتا - بوۋامنىڭ مىراسى ئىدى. بەدبەخ باباخان بىزدىن تارتىۋېلىپ، بىزنى قوغلاپ چىقاردى. بۇ زېمىنلارنى قايتا قولغا ئېلىشقا ياردەمدە بولسىڭىز» دەپ ئىلتىجا قىلىدۇ. دالاي لاما جۇڭغارلارنىڭ ئىلىدا تۇرۇشلۇق خانى قۇنتاجىنىڭ دادىسى بوشۇقتۇغا خەت ئەۋەتىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭنى يۇتۇۋېلىشنى ئۇزۇندىن بۇيان كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرگەن جۇڭغارلار بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئافاق خوجىنىڭ يول باشلىشى بىلەن جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، پايتەخت يەكەننى تېزلا ئىشغال قىلىدۇ ھەمدە باباخاننى ئىلىغا سۈرگۈن قىلىپ، ئورنىغا ئافاق خوجىنى خانلىق تەختىگە يۆلەپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ تارىخىدا 168 يىل ھۆكۈم سۈرگەن يەكەن سەئىدىيە خانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ، ئافاق خوجىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى باشلىنىدۇ. بىراق، ئافاق خوجىنىڭ «قورچاق خان» لىقتىن باشقا ھېچقانداق ئەمەلىي ھوقۇقى يوق ئىدى. ئەمەلىيەتتە پۈتكۈل ھوقۇق، ھاكىمىيەتنىڭ تىزگىنى جۇڭغارلارنىڭ قولىدا ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئىنتايىن مۇرەككەپ بىر تارىخىي دەۋرگە يەنى ئۇيغۇرلار بىلەن جۇڭغارلار، جۇڭغارلار بىلەن قارا تاغلىقلار، قارا تاغلىقلار بىلەن ئاق تاغلىقلارنىڭ ئۆز ئارا گىرەلەشمە كۈرىشى باشلانغان دەۋرگە كىرىدۇ. ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ سادىق مۇرىتى

بولغان، ئۆز مىللىي روھىيىتىدىن مەھرۇم بولغان ئاپتور ئافاق خوجىنىڭ بۇ غەلىبىسىنى قاتتىق ھاياجان ئىلكىدە تەسۋىرلەيدۇ.

كىتابنىڭ 2 ـ بۆلۇمى ئاساسەن ئافاق خوجىنىڭ پائالىيەتلىرىگە بېغىشلانغان بولۇپ، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئاپتور چېكىنمە بايان تەرىقىسىدە ئافاق خوجىغا دائىر رىۋايەتلەرگە كىتابتىن مەخسۇس ئورۇن ئاجراتقان. ئافاق خوجىغا دائىر رىۋايەتلەرمۇ خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

كىتابنىڭ 3 ـ بۆلۇمى ئافاق خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى خوجايەھيا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ پائالىيىتىگە بېغىشلانغان بولۇپ، بۇ بۆلۇم كىتابنىڭ ئەڭ قىممەتلىك يېرى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى كىتابنىڭ بۇ بۆلۇمى ئەمەلىي تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتى بىلەن شىنجاڭنىڭ 18 ـ ئەسىردىكى سىياسىي تارىخىنى جۈملىدىن خوجىلار بىلەن جۇڭغارلارنىڭ كۆرەش تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ زور تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ ئاپتور بىلەن بولغان ۋاقىت ئارىلىقى ئانچە يىراق بولمىغاچقا، ئاپتورنىڭ بايانلىرى تارىخىي چىنلىققا خېلى ئۇيغۇن، ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردىن خالىي ھالدا يېزىلغان. ۋەقەلەرنىڭ ۋاقتى، ئورنى، شۇ زور تارىخىي ۋەقەلەرگە قاتناشقان كىشىلەرنىڭ سانى قاتارلىقلار خېلى ئېنىق يېزىلغان. ئاپتور بەزى ۋەقەلەر ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىنى شاھىدلارنىڭ رىۋايەتلىرى ئارقىلىق دەلىللەشكە تىرىشقان.

ئافاق خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى «خان خوجا پادىشاھ دەپ ئاتالغان خوجا يەھيا ئۆلگەندە كاسانى خوجىلىرى كۆچىيىپ، بىرلىشىپ، قەشقەرنىڭ تۆرىسى باغازغا ئېجەن تۆرىگە [ئافاقىيەلەر ئۈستىدىن] ئەرز قىلدى. بوشۇقتۇ [خوجا يەھيانىڭ ئوغلى] ئەھمەد خوجىنى تۆمۈر قەپەزگە سولاپ ئىلىغا پالىدى. ئافاقىيەلەر بىرلىشىپ ئەرز قىلىپ [خوجا يەھيانىڭ كىچىك خوتۇنى] ھۆسنى دىلنىڭ ئوغلى ھەسەننى پالاشنى تىلىدى. ھۆسنى دىلنىڭ مۆرىتلىرى بۇ ئاھانەتنى كۆرگەندىن كۆرە [ھەسەننى] زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرەيلى، دەپ ئۆلتۈردى. ئەھمەد خوجا ئىلىدا 20 يىل نازارەتتە تۇردى» . ئەھمەد خوجا ئىلىدا ئۆيلىنىپ ئۇممى گۈلسۇم، سەئىد بۇرھاندىن قىلىچ، سەئىد بۇرھاندىن دەپ 3 بالىلىق بولىدۇ ھەمدە چوڭ ئوغلى سەئىد بۇرھاندىن قىلىچ 24 ياشقا، بۇرھاندىن 20 ياشقا كىرگەندە ئۆلىدۇ. ئەھمەد خوجا ئۆلگەندىن كېيىن ئاكا ـ ئۇكا خوجىلار 1754 ـ يىلى ئىلىدا جۇڭغارلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، جۇڭغارلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ شىمالىي ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى قايتۇرۇۋالىدۇ. بۇلارنىڭ جۇڭغارلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، كۈچەيگەن ۋاقتى دەل چىڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتقا يۈرۈش قىلغان ۋاقتىغا توغرا كېلىدۇ. نەتىجىدە چىڭ سۇلالىسى بىلەن قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ 2 تەرەپلەپ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان چوڭ ـ كىچىك خوجىلار ئۇزاق مۇددەتلىك قاتتىق كۆرەشلەردىن كېيىن مەغلۇب بولۇپ بەدەخشانغا پاناھ تىلەپ قاچىدۇ. بىراق، بەدەخشان بېگىگە زور ئۈمىد باغلاپ كەلگەن 2 خوجا بەدەخشان بېگى شاھ سۇلتان تەرىپىدىن تاماق ئۈستىدە قەتلى قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ تارىخىدا مەشھۇر بولغان «چوڭ ـ كىچىك خوجىلار» توپىلىڭى ئاياغلىشىدۇ.

ئاپتور كىتابنى ئاق تاغلىق خوجىلارغا بولغان چەكسىز ھۆرمىتىنىڭ تۈرتكىسىدە باشقىلاردىن ئاڭلىغان، بىلگەن رىۋايەتلەر ئاساسىدا يازغاچقا، كىتابنىڭ ئالدىنقى ئىككى بۆلۇمىدە ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى ھەددىدىن زىيادە كۆپتۈرۈپ سۆزلىگەن. بۇ ھال كىتابتىكى مەزمۇنلارنىڭ چىنلىقىغا ئېغىر دەرىجىدە نۇقسان يەتكۈزگەن. تارىخچىلىرىمىزدا يىل دەۋر ئۇقۇمى سۇس بولۇش ئومۇمىي ئەھۋال بولغاچقا، مەزكۇر كىتاب ئاپتورىمۇ بۇنىڭدىن ساقىت بولالمىغان. بىراق، ئاپتور ئۆزى مۇھىم دەپ قارىغان بەزى ۋەقەلەرنىڭ يىل، ئاي، كۈنىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئېنىقلاشقا تىرىشقان.


كىتابنىڭ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان يەنە بىر مۇھىم تەرىپى شۇكى، كىتاب ھاپىز شىرازىي، جالالىدىن رۇمىي، ئەلىشىر نەۋائىي، مەشرەپ


قاتارلىقلارنىڭ تۈرلۈك مەزمۇندىكى ھەرخىل ژانىردىكى پارسچە، تۈركىيچە شېئىرلىرى بىلەن بېزەلگەن. خوجا - ئىشانلارنىڭ سوپىزم تەرغىباتى مەزمۇن قىلىنغان پارسچە، ئۇيغۇرچە شېئىرلىرىمۇ خېلى سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ مەزمۇنلار شىنجاڭنىڭ 16 - ئەسىردىن 18 - ئەسىرگىچە بولغان ئەدەبىي مۇھىتىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ مەلۇم قىممەتكە ئىگە. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاتاقلىق شائىر ۋە تەرجىمان زۇلەيخا بېگىم ھەققىدىكى مەلۇماتلار ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەردۇر.

«مىرسەئىدجېلىل قەشقەرى [خوجا مۇھەممەد يۇسۇپنى] باشلاپ بېرىپ ئۇيگە چۈشۈرۈپ، قىزى زۇلەيخا بېگىمنى ئۇنىڭغا نىكاھ قىلدى. ھەزرىتى خوجا ھاجى مۇھەممەد يۇسۇپ خوجام كاتتا ئالىم ئىدى. زۇلەيخا بېگىممۇ كاتتا ئالىم، ئەرەبىي، پارسىيدا تەڭدىشى يوق ۋە قەسىدە، شېئىر يېزىشتا نۇقسانسىز ئىدى». «3 كۈندىن كېيىن زۇلەيخا بېگىم بۇ بېيىتنى تۈركىيگە ئۆرۈپ نەزىم قىلىپ ھەزرىتى خوجا مۇھەممەد يۇسۇپ خوجامغا تۇتقاندى. ھەزرەت ئوقۇپ يەنە دۇئا قىلدى: نەزىم:

ئەگەر ئول تۈركىي شىرازىي قولىغە ئالسا
كۆڭلۈمنى،
كى خالى ھىندۇغە بەرگۈم سەمەرقەندۇ -
بۇخارانى»

زۇلەيخا بېگىمنىڭ تەرجىمە قىلغىنى بۈيۈك پارس شائىرى خوجاھاپىز شىرازىينىڭ غەزەللىرى بولۇپ، بۇنىڭدىن ئىلگىرى ياكى كېيىن بولسۇن زۇلەيخا بېگىمدىن باشقا بىرەرسىنىڭ ھاپىز شىرازىي شېئىرلىرىنى تەرجىمە قىلغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات يوق. شۇڭا بىز زۇلەيخا بېگىمنى ھاپىز شىرازىي شېئىرلىرىنى تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان تۇنجى ھەم بىردىنبىر شائىر، دەپ ئېيتىشقا





ھەقلىقمىز. ئۇنىڭ ئۇستىگە زۇلەيخا بېگىم تەرجىمە قىلىش تەس دەپ ئۇلۇغلانغان بۇ پارسچە شېئىرلارنى ئۇيغۇر تىلىغا ئىنتايىن پاساھەتلىك تەرجىمە قىلغان.

بۇلاردىن باشقا كىتابتا يەنە ئافاق خوجىنىڭ ئايالى خېنىم پادىشاھ بىلەن يەكەن قازىسى ئابدۇلباقى ئاخۇننىڭ ئاغىچىسى ئوتتۇرىسىدا ئوقۇلغان پارسچە شېئىرلار بېرىلگەن ھەمدە يەكەن قازىسى ئابدۇلباقى ئاخۇننىڭ ئاغىچىسىنىڭ ئەرەب، پارس تىللىرىنى پىششىق بىلىدىغان يېتۇك شائىر ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان. ئەپسۇسكى بۇ ئايالنىڭ نامى تىلغا ئېلىنمىغان.

كىتاب تامام بولغۇچە بولغان ئارىلىقتا ئاپتور ئۆز ئىسمىنى پەش قىلمىغان. پەقەت كىتابنىڭ تۈگەنچە قىسمىدىكى «كەمىنە مۇرتىلىرى مۇللاخۇدابەردى خەلىفە ئىبىن موللا ئۇشۇر ئىبىن مەۋلانائى موللا ئابدۇلجابار ئىبىن مەۋلانائى موللا تاشلان ئاخۇن شەھىدانى بەدەخشان موللا تاشلان ئىبىن مەۋلانائى سالىھ ئاخۇن . . . » دېگەن بايانلاردىن مەزكۇر كىتاب ئاپتورىنىڭ چوڭ ـ كىچىك خوجىلارغا ئەگىشىپ بەدەخشانغا بېرىپ «شېھىت» بولغان موللا تاشلان ئاخۇننىڭ ئەۋرىسى موللا خۇدا بەردى خەلىفە ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. موللا تاشلان ئاخۇنۇمنىڭ بەدەخشاندىكى قەتلىئامدىن ئامان قالغان بىر پەرزەنتىنىڭ كېيىنچە ئۇچتۇرپاننىڭ ساۋاپچى دېگەن يېرىگە كېلىپ يەرلەشكەنلىكى ھەققىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا بۇ كىتاب ئۇچتۇرپاندا يېزىلغان بولسا كېرەك. قولىمىزدىكى قولىيازمىمۇ ھىجرىيە 1377 ـ يىلى (مىلادىيە 1914 ـ يىلى) ئۇچتۇرپان قارا غوجىلىق موللا مەھفۇز ئىمام تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىدۇر.

قولىيازمىدا ئاپتور كىتابنىڭ يېزىلغان كونكرېت يىل دەۋرىنى كۆرسەتمىگەن بولسىمۇ لېكىن ئاپتورنىڭ «. . . مەختۇم ئەزەمنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتى ھىجرىيە 949 ـ يىلى (مىلادىيە 1543 ـ يىلى)، ماھى مۇھەررەمنىڭ 21ى، چاشكاھ ۋاقتى ئىدى» «ئىشەنچىلىك رىۋايەت بويىچە، مەختۇم ئەزەمنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتىنى ھېساب قىلسام نەھەڭ يىلى (بېلىق يىلى) جامادىيۇسسانىنىڭ ئون ئۈچى ئازنا كۈنى ئىكەن. شۇنىڭدىن ھېسابلىسام 344 يىل، 5 ئاي، 14 كۈن بوپتۇ» دېگەن بايانلىرىدىن ئاپتورنىڭ بۇ كىتابنى 1877 ـ يىلى يېزىپ چىققانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

كىتابتا «قۇرئان» ۋە ھەدىسلەردىن پارچىلار، ھاپىز شىرازىي ۋە جالالىدىن رۇمىينىڭ پارسچە شېئىرلىرى كۆپلەپ نەقىل ئېلىنغاندىن سىرت يېنىغا ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى بېرىلگەن. شۇڭا ئاپتور مۇللاخۇدابەردىنى ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا بىلىدىغان، كلاسسىك شېئىرىيەتتىن خېلى ياخشى مەلۇماتى بار تارىخچى دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

ئەپسۇسكى، ئاپتور بۇ كىتابنى يېزىشتا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى تارىخىي كىتابلاردىن پايدىلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدا ھېچنەرسە دېمىگەن. شۇڭا كىتابنىڭ ئالدىنقى ئىككى بۆلۈمدە ئەپسانە ـ رىۋايەت تۈسىدىكى كۆپتۈرمە بايانلارنىڭ زور سالماقنى تەشكىل قىلىشى ئەجەبلىنەرلىك بولمىسا كېرەك. بۇ نۇقتا بىزنىڭ كىتابتىكى تارىخىي ۋەقەلەرگە ناھايىتى سالماقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

---

(بېشى 29 ـ بەتتە)

قىزىقىش ۋە ئېتىبار بىلەن قارىدى.

كېيىنكى چاغلاردا زاۋۇتنىڭ باش ئىنژېنېرى يولداش جيې جۇۋ باشچىلىقىدىكى تېخنىكلار، ئىنژېنېرلار، ئىشچىلار بىرلەشمە گۇرۇپپىسى بىر قانچە يىل جاپالىق كۈرەش بىلەن قايتا ـ قايتا ئىزدىنىش، قايتا ـ قايتا سىناق قىلىش، قايتا ـ قايتا ئۆزگەرتىش، دەلىللەش، ئىتىزلاردا ئەمەلىي مەشغۇلاتقا قويۇش ئارقىلىق بالداقمۇ ـ بالداق ئۆرلەپ تاكى شىنجاڭ 50 تىپلىق تراكتورنى ياساپ چىققىچە مۇشۇ دېپەن (كۆۋرۈك) قىسمىدىن پايدىلىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

شىنجاڭ «ئۆكتەبىر» تراكتور زاۋۇتى 1958 ـ يىلى 1 ـ تۈركۈم تراكتورنى ياساپ چىققاندىن كېيىن، ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش، ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرتىش، ئۈزلۈكسىز يېڭىلاش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، 3 يۈرۈشلۈك، 10 نەچچە خىل تىپتىكى تراكتورلارنى ياساپ، مەملىكەت بويىچە 13 نۇقتىلىق تراكتور زاۋۇتىنىڭ بىرسى بولۇپ قالدى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

تەھرىرلىگۈچى: غوپۇرھوشۇر نىيازى

# «ئاتۇ» پاجىئەسى

**قاسىم خوجا**

1918 - يىلى ماي ئېيىدا، يېڭى تىكلىنىۋاتقان سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ ئالمۇتىنى ئىگىلىگەن قىزىل گۋاردىيە قىسىملىرى تەرىپىدىن قازاقىستاننىڭ يەتتىسۇ تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلارنى قارا - قويۇق قىرغىن قىلىش قانلىق ۋەقەسى يۈز بەرگەن. بۇ پاجىئە تارىختا قازاقچە «ئاتۇ» پاجىئەسى دەپ ئاتالغان. ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يەتتىسۇ ئۇيغۇرلىرىدىن 20 مىڭچە ئادەم قىرغىن قىلىنىپ، مال - مۈلكى تالان - تاراج قىلىنغان. ئايرىم يامان ئادەملەرنىڭ مىللىي كەمسىتىش ۋە مىللىي زىيانكەشلىك قىلىش سۈيىقەستى بىلەن كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان بۇ قانلىق پاجىئە ئۆز ۋاقتىدا يەتتىسۇ ئۇيغۇرلىرىنى ئېغىر بالايى - ئاپەتلەرگە دۇچار قىلىپ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئۇنتۇلغۇسىز چوڭقۇر يارا قالدۇرغان.

نېمە ئۈچۈن يېڭى تىكلىنىۋاتقان سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ قوشۇنلىرى ئۇيغۇرلارنى قىرغىن قىلدى؟

1917 - يىلى روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ، چار پادىشاھ ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، تارمار قىلىنغان ئاقلار ئارمىيىسىنىڭ قالدۇقلىرى يوشۇرۇن تۈردە جاي - جايلارغا بېرىپ تەتۈر تەشۋىق قىلىپ، كىشىلەرنى ئۆز تەرىپىگە ئۆتۈشكە ۋە سوۋېت ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا قۇتراتقان. ئاقلارنىڭ ئاز سانلىق ئوفىتسېرلىرى ئالمۇتا ۋىلايىتىدىكى ھەر مىللەت ئاھالىسى ئارىسىدىمۇ «بولشېۋىكلار خەلقنى جازالايدۇ، ئاچ - يالىڭاچ قويىدۇ، ئۆلتۈرۈپ قىرىدۇ، شۇڭا ئۇلارنى يوقىتىش كېرەك» دېگەنگە ئوخشاش ئەكسىيەتچىل تەشۋىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، كىشىلەرنى ئېزىقتۇرۇپ، يامان يولغا باشلاشقا ئۇرۇنغان. مۇشۇنداق تەشۋىقاتلار يەتتىسۇ تەۋەسىدىكى چېلەك قاتارلىق جايلاردا ياشايدىغان ئۇيغۇر ئاھالىسى ئارىسىدىمۇ ئېلىپ بېرىلغان. ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان بىر قىسىم ئۇيغۇر ياشلىرى سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى بىر ئوچۇم يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئالداپ ۋە زورلاپ تەشكىللىشى بىلەن سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى بەزى ھەرىكەتلەرگە قاتناشقان. مەسىلەن، 1918 - يىلى فېۋرال ئېيىنىڭ ئاخىرىدا بىر قىسىم يەرلىك ئەكسىيەتچى ئەمەلدارلار قارىسۇ بولۇسلۇقىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر ياشلىرىنى قايمۇقتۇرۇپ ئۇلارنى كەتمەن - گۈرجەك، ئارا - ئورغاقتا ئوخشىغان ئىنتايىن قالاق قوراللار بىلەن قوراللاندۇرۇپ، سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ قىزىل گۋاردىيىسى ئىگىلىگەن ئالمۇتا سېپىلىغا ھۇجۇم قىلدۇرغان. سېپىل ئىچىدىكى ياخشى قوراللانغان قىزىل گۋاردىيە قىسىملىرى قاتتىق قايتۇرما زەربە بېرىپ، 2 - مارت كۈنىگە قەدەر ئىسيانچىلارنى ۋە تارانچىلارنى پۈتۈنلەي تارمار قىلغان. سېپىلغا ھۇجۇم قىلغۇچىلاردىن نۇرغۇن ئادەم قىرىلغان. 150 ئاتلىق تارانچىدىن ئاران 5 - 6 سى ساق قالغان.

سېپىل ئىچىدىكى قىزىل گۋاردىيە كوماندىرلىرى ئىۋان مامونتوف، مۇرايېفلار مەسىلىگە ئىنتايىن خاتا ھالدا مىللەتچىلىك نۇقتىئىنەزىرى بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، 1918 - يىلى ماي ئېيىدا ئۇيغۇرلارغا ئۆچ ئېلىش خاراكتېرلىك جازا يۈرۈشى قوزغىغان. مۇرايېف قوشۇنلىرى ئالمۇتىدىن غالجاتقىچە بولغان چېلەك، كېيىكۋاي، ئىنچىكىبۇلاق، قورام، لاۋار، مالىۋاي، قارىتورۇق، بايسېيىت، قارايوتا، غەيرەت، ئاۋات، دولاتا، تۈگمەن دېگەنگە ئوخشاش ئۇيغۇر يېزا - قىشلاقلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئالمۇتا سېپىلى ۋەقەسى بىلەن قىلچە ئالاقىسى بولمىغان 7 ياشتىن 70 ياشقىچە بولغان بىگۇناھ ئۇيغۇرلارنى قارا - قويۇقلا رەھىمسىزلىك بىلەن قىرغىن قىلغان.

«ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ 93 - يىل 5 - ئىيۇندا ئېلان قىلغان ماتېرىيالىغا قارىغاندا، ئاتۇ پاجىئەسى ئەڭ دەسلەپ چوڭ ئاقسۇدىن باشلانغان. مۇرايېف قوشۇنلىرى بۇ جايدا 200 دىن ئوشۇق

ئۇيغۇرنى ئوتتۇرا كوچا بىلەن ھەيدەپ كېلىپ سادىر ئىمام دېگەن كىشىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ، ئارقا تەرەپتىن پىلىموتقا تۇتقان. ئۆلمەي، مىدىرلىغانلارنى نەيزە بىلەن سانجىپ، تاپانچا بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرگەن. كوچىمۇ - كوچا، ئۆيمۇ ئۆي ئاختۇرۇپ تۇتۇپ كېلىنگەن ئۇيغۇرلار ئۇققا تۇتۇلغانغا قەدەر «بىزگە ئېيتىلىدىغان بىرەر ياخشىلىق بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇشتۇمتۇت قىرىپ تاشلىنىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن. چېلەك ناھىيىسىنىڭ لاۋار، ئىنچىكىبۇلاق دېگەن يېزىلىرىدىمۇ مۇرايىپ قىسىملىرى ئۇيغۇرلارنى ئىنتايىن ئېچىنىشلىق تۇردە قىرغىن قىلغان. لاۋارنىڭ ئۆستەڭ سۇلىرى قىزىل قانغا بويالغان. تۈگمەن يېزىسى ئاممىۋى قىرغىنچىلىقنىڭ ئاخىرقى چېكى بولۇپ، بۇ يەردىمۇ نۇرغۇن بىگۇناھ ئۇيغۇر ئاھالىسى قىرىپ تاشلانغان.

نەچچە 10 كۈن داۋام قىلغان ئاتۇ قىرغىنچىلىقى جەريانىدىكى دەسلەپكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، نەچچە مىڭلىغان ئۇيغۇر ئاھالىسى ئۆلتۈرۈلگەن. «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ 93 - يىل 18 - ئىيۇن ساندا ئېلان قىلىنغان بىر ماتېرىيالدا مەلۇم قىلىنىشچە، پەقەت چېلەك ناھىيىسىنىڭ قورام يېزىسىدىلا 3000 غا يېقىن ئۇيغۇر ئاھالىسى قىرىپ تاشلانغان.

ناھەق قىرىپ تاشلانغان كىشىلەرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئۇزاق يىللارغىچە جۇدالىق ۋە ئۇۋاللىق دەردىنى تارتقان، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن خارلانغان.

ئۇنىڭدىن باشقا، قىرغىنچىلىق داۋامىدا قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشۈپ ئۈركۈپ كەتكەن سان - ساناقسىز ئۇيغۇر ئاھالىلىرى جان قايغۇسىدا تەرەپ - تەرەپلەرگە پېتىراپ قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. بەزىلەر تاغ - ئۆڭكۈرلەرگە يوشۇرۇنغان، بەزىلەر ئۇزاق سەپەرلەردە ھېرىپ چارچاپ، ئاچ - يالىڭاچ قېلىپ ھەرخىل كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولۇپ ئازاب چەككەن، يۇزلىگەن ئۇششاق باللار ۋە تېنى ئاجىز قېرىلار ئاچارچىلىق ۋە كېسەللىك سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتكەن، نۇرغۇنلىغان ئاھالە باشقا يۇرتلارغا ۋە چەت ئەللەرگە قېچىپ كەتكەن. قېچىپ كەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيىدە قالغان مال - مۈلۈكلىرى تالان - تاراج قىلىنغان. قىسقىسى قىرغىنچىلىقتىن كېيىنكى سەرسانلىق، سەرگەردانلىق ۋە ئېغىر تۇرمۇش تېخىمۇ ئۇزاق داۋام قىلىپ، پۈتكۈل يەتتىسۇ تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇزاق مەزگىلگىچە ئېسىگە كېلەلمەي قالغان. . . .

يەتتىسۇ ئوبلاستىدا سوۋېت ھاكىمىيىتى تىكلەنگەندىن كېيىن، 1918 - يىلى ئاۋغۇست ئېيىدا ئالمۇتا ئۇيېزدىلىق دېھقانلار قۇرۇلتىيى چاقىرىلغان، قۇرۇلتايدا ئاتۇ پاجىئەسى قاتتىق ئېيىپلىنىپ، ناھەق قىرىپ تاشلانغان ئۇيغۇرلارنى ئاقلاش، يۇرت - ماكانىدىن ئايرىلىپ قېچىپ كەتكەنلەرنى قايتۇرۇپ ئەكىلىپ، قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىش، ئىۋان مامۇنتوف ۋە مۇرايىپقا ئوخشاش جاللاتلارنى جازالاش ھەققىدە قارار چىقىرىلغان.

كېيىنچە، يەرلىك سوۋېت ھاكىمىيىتى ئورگانلىرىنىڭ غەمخورلۇقىدا، سىرتلارغا قېچىپ كەتكەن ئۇيغۇر ئاھالىلىرى قايتۇرۇپ كېلىنىپ، ئۇلارغا ھەر تەرەپلىمە ماددىي ياردەملەر بېرىلگەن، ئۆي - ماكانسىز قالغانلارغا قېچىپ كەتكەن ئەكسىيەتچى بايلارنىڭ ئۆيلىرى تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن.

مەخسۇس كومىسسىيە تەشكىللىنىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىلى رايونىغا ئەۋەتىلىپ، بۇ جايغا قېچىپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر مۇنچىسى قايتۇرۇپ ئېلىپ كېتىلگەن. ئىلى رايونىغا ئەۋەتىلگەن كومىسسىيە تەركىبىدە يەتتىسۇ ئۇيغۇرلىرى ئىچىدىن چىققان ئاتاقلىق ئىنقىلابچى ۋە سىياسىي رەھبەر ئابدۇللا روزىباقىيېفمۇ بولغان. يەتتىسۇ سوۋېت ئىنقىلابى كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغان ئا. روزىباقىيېف زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئۇيغۇر ئاھالىسىغا غەمخورلۇق قىلىپ، ئاتۇ پاجىئەسىنى ئەيىبلەپ ئۇيغۇرلارغا ياردەم قىلىشنى ئاكتىپ تەشكىللىگەن.

1993 - يىلى 5 - ئايدا ئالمۇتا، ياركەنت، چېلەك قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلار ئاتۇ پاجىئەسىنىڭ 75 يىللىقىنى خاتىرىلەپ يىغىلىشلار ۋە نەزىر - چىراقلارنى ئۆتكۈزگەن، قەبرىستانلىقلارنى زىيارەت قىلغان، قۇربانلارغا خاتىرە مۇنارلىرىنى تىكلىگەن.

(«ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1993 - يىللىق 2 - 1 - قوشما ساندىن ئېلىندى)

# مىللىي ئارمىيە باش شتابىدىكى زىيارەت

توختى ئىبراھىم

(ئىلى ئوبلاستلىق مائارىپ ئىدارىسىدىن)

1946 - يىلى 6 - ئايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى، قوشۇمچە ھەربىي ئىشلار توغرىسىدىكى 6 ماددىلىق شەرتنامە ئىمزالاندى. بۇ ھەقتىكى ئۇقتۇرۇش مىللىي ئارمىيە باش شتابىغا يېتىپ كەلدى. بىتىم روھى بويىچە گېنېرال ئىسھاقبېك ئۆلكىلىك ئامانلىقنى ساقلاش قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانلىقىغا ۋە مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانلىقىغا، گېنېرال مايور دەلىلقان، پولكوۋنىك زۇنۇن تېيىپلار مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانلىقىغا، پولكوۋنىك ھەسەنوف مىللىي ئارمىيىنىڭ سىياسىي رەھبەرلىكىگە، گېنېرال مايورمازاروف مىللىي ئارمىيە باش شتابىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. «مىللىي ئازادلىق ئارمىيە»، «مىللىي ئىنقىلابىي ئارمىيە» دېگەنناملار قىسقارتىلىپ «مىللىي ئارمىيە» گە ئۆزگەرتىلدى. مىللىي ئارمىيە جەمئىي 6 پولك، 12 مىڭ كىشىلىك جەڭگىۋار قوشۇنغا ئىخچاملاندى. ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغاندىن كېيىن، باش قوماندانلىق شتاب غۇلجا شەھىرىدىكى نوۋگورتتىن ھازىرقى ئايرودروم بىناسىغا كۆچۈپ چىقتى.

7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ھاۋا ئوچۇق ئىدى. شتاب باشلىقى گېنېرال ماژاروف بارلىق ئوفىتسېرلارنى زالغا يىغىپ، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ مىللىي ئارمىيە باش شتابىغا كېلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. قورۇلۇش بۆلۈم باشلىقى كاپىتان شەيكىن پېچەتلەنگەن ئىككى ياغاچ ساندۇقنى كۆتۈرۈپ كىرىپ، شتاب باشلىقىنىڭ يېنىغا قويدى. ساندۇقلارغا گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ پاگون، كاكارلىرى قاچىلانغانىدى، ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ پاگون ۋە ئاي - يۇلتۇزلۇق كاكارلىرىمىزغا قوشۇپ، بىللە تاقايدىغانلىقىمىز ئۇقتۇرۇلدى. بۇ ئىشتىن ئوفىتسېرلارنىڭ ھەممىسى تەسادىپىلىق ھېس قىلدى. بەزىلەر بۇ ئىشنى ھاقارەت بىلىپ، ئەلەمگە چىدىماي كۆز يېشى قىلىشتى. بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق غۇرۇرىمىز ۋە قەھرىمانلىق جاسارىتىمىزگە ئىلھام بەرگەن ئۆز پاگون - كاكارلىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالارمىزمۇ؟ - دېگەن ئەندىشە ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرىنى مۇجۇۋاتاتتى.

شۇ ئارىدا شتاب باشلىقى ئىشخانىسىدىن چىقىپ:

- سەپكە تىزىلىپ، مەيدانغا چىقىڭلار! مۇئاۋىن رەئىس باش شتابىمىزغا قاراپ يولغا چىقتى - دەپ بۇيرۇق بەردى.

ھاياجان ئىلكىدە بىر ھازا كۈتۈشلەردىن كېيىن «ماكسىم گوركى» ناملىق بىر قارا پىكاپ ئالدىمىزغا كېلىپ توختىدى. مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى پولكوۋنىك قەييۇمبېك بىلەن پىكاپتىن چۈشتى. ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، شتاب باشلىقىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، — سالام ھۆرمەتلىك ئوفىتسېرلار! ياخشى تۇرۇپسىلەر. سىلەرگە بەخت ۋە سالامەتلىك تىلەيمەن! - دېدى.

خۇشاللىقىمىز پەلەككە ئۆرلەپ، ئالقىش ياڭراتتۇق.

مۇئاۋىن رەئىس بىللە ئېلىپ كەلگەن ئايپاراتچى بىزنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە رەسىمگە تارتتى. شۇ چاغدا

ئارىمىزدىن ياسنوپ ئابلىمىت:

— ھۆرمەتلىك ئەپەندىم! بىز نېمە ئۈچۈن گومىنداڭنىڭ بۇ نەرسىلىرىنى تاقايمىز؟ - دەپ سورىدى. يەنە بىرەيلەن:

— شۇنداق قىلىپ ئۆزىمىزنىڭ پاگون - كاكارىمىز كۆچتىن قالامدۇ؟ - دەپ قوشۇمچە قىلدى.

ئەپەندىم تەمكىنلىك بىلەن قولىنى ئۆگىلاپ تۇرۇپ:

— سورىغان سوئالىڭلار ئورۇنلۇق. بىز رەقىبىمىزنى پاكىت بىلەن تۇتۇشنى بىلىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغىنىمىزدىلا، مىللىي ئارمىيىمىزگە كېتىدىغان بارلىق راسخوتنىڭ يېرىمىنى جاڭ ئەپەندى بىلەن داڭ بىگاڭلاردىن ئالالايمىز، پات ئارىدا جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى ئىلىغا كەلمەكچى. جەڭگىۋارلىقىڭلارنى ياخشى ساقلاڭلار. مېھمانلار ئالدىدا ئەدەب - قائىدىلىك بولۇڭلار. ئۆزۈڭلارنى سالماق تۇتۇڭلار. غەنى باتۇرلارغىمۇ كېيىپ بولۇپ، ئوق چىقىرىپ قويماسلىقىنى تاپىلايمەن - دېدى.

ئوفىتسېرلار مەسلىنىڭ تېگى - تەكتىگە يەتكىنىدىن كېيىن، ئەپەندىمگە ئالقىش ياغدۇراتتى. ئەخمەتجان ئەپەندى باش شتاب ئورگانلىرىنىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئىنتايىن مەمنۇن بولۇپ، قىزغىن چاۋاك سادالىرى ئىچىدە يۈرۈپ كەتتى.

بىز كەچقۇرۇن ئىشتىن چۈشۈپ، پىيادە ئۆيلىرىمىزگە كېتىۋاتقىنىمىزدا، كوچىدىكى مىغ - مىغ ئادەم بىزنىڭ تەققى تۇرقىمىزغا قاراپ غەزەپ بىلەن ھومىيىپ، ئالىيىپ قاراشتى. بەزىلەر ئاغزىغا كەلگىنىچە قاغاپ، تىللاشتى.

— سىلەر ئاخىرى گومىنداڭغا تەسلىم بولغان ئوخشىمامسىلەر؟ «11 ماددىلىق بىتىم» دېگىنىڭلار بىكار گەپ. قاراپ تۇرۇڭلاركى، دۈشمەن ئۇنداق بىتىم - پىتىم دېگىنىڭلارنىڭ قانچىسىنى يىرتىپ تاشلاپ ئۆزىنىڭ دېگىنىنى قىلىدۇ.

— ھەي! جياڭجيېشىنىڭ فۇگەنلىرى! دېمىڭلار ئىچىڭلارغا چۈشۈپ كەتتىغۇ! بىزنىڭ ئىنقىلاب يولىدا تۆككەن قانلىرىمىز نەگە كەتتى؟

كىشىلەر شۇ قەدەر غەزەپلەنگەنىدىكى، سەللا باھانە تېپىلسا، بىزنى چەيلەپ - دەسسىۋېتىشتىن يانمايتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئوفىتسېرلىرىمىزنىڭ بېشىدىكى گومىنداڭنىڭ كاكارى قادالغان شەپكىسىنى ئېلىپ يەرگە ئېتىپ، ياقىسىدىكى ئۇنۋانلىرىنى سۆكۈۋەتتى.

ئاخىرى بېرىپ، گومىنداڭنىڭ بەلگىلىرىنى بىزمۇ ئىش ئورنىمىزدىلا تاقاپ، ئاشكارا سورۇنلاردا تاقمايدىغان بولدۇق.

1946 - يىل 8 - ئاي، غۇلجا شەھىرى گۈزەل ياز لىباسىغا پۈركەنگەن، ھەممە يەرنى باياشاتلىق قاپلىغان ئەلۋەكچىلىك كۈنلەر ئىدى. خەلق ئەركىنلىك، ئازادلىق ۋە دېموكراتىيىدىن بەھرى ئېلىپ، بەھوزۇر ياشاۋاتاتتى. بالىلار كوچىدىن ئىنقىلابىي ناخشىلارنى ياڭرىتىپ ئۆتەتتى. توغرا كۆۋرۈك، ساي بويى، ختاي بازىرى، سۇ دەرۋازا بازارلىرىدا ئىش - ئوقەت قايناپتتى. كوچىلار تازىلىنىپ، ئۆيلەر قارەدەك ئاقارتىلغانىدى.

مۇشۇنداق كۈنلەردە ئۈلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى جاڭ جىجۇڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ، ئايروپىلان بىلەن غۇلجىغا يېتىپ كەلدى. ئۆمەك تەركىبىدە باش كاتىپ ليۇ مىڭچۈن، ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى ۋاڭ زېڭشيەن، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى لۇ يۈۋېن، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى چۈي ۋۇ، گېنېرال داڭ بىگاڭ، پولكوۋنىك زاكچىن قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۇلارنى مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق رەھبەرلەر ئايرودرومغا چىقىپ، ئەدەب بىلەن كۈتىۋالدى.

ئۇلارنى قارشى ئېلىش يىغىنىغا ئالللىقاچان تەييارلىق قىلىپ قويۇلغانىدى. باش شتاب گارنىزونى، ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىدىن تەشكىللەنگەن مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنى يىغىن مەيدانىنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتاتتى. ئۇ چاغدا مەن يېڭىلا مىللىي ئارمىيە سىياسىي باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى بولغانىدىم. شۇڭا، چوڭ يىغىن ۋە باشقا سورۇنلاردىكى پائالىيەتلەردىن خاتىرە قالدۇرۇش

مېنىڭ ۋەزىپەم ئىدى. باش شتاب ئوفىتسېرلىرى قوش پاگونلۇق، قوش كاكارلىق بولۇپ، چىرايلىق كىيىنىپ، ۋاڭ قادىر بېغىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا يېتىپ باردۇق.

چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10 دا ئەخمەت ئەپەندىم، زۇنۇن تېيىپوف، ھېكىمبەگ غوجا، ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم، ئىمىنجان مەخسۇم، مۇھەممەتجان مەخسۇم قاتارلىقلار مېھمانلارنى باشلاپ يىغىن مەيدانىغا يېتىپ كەلدى. ھەربىي ئوركېستىر قارشى ئېلىش كۈيىنى ئورۇندىدى. باغ رېشاتكىسىنىڭ سىرتىدا بىر نەچچە مىڭ ئىشچى - خىزمەتچى ۋە ھەر مىللەت شەھەر پۇقرالىرى توپلانغانىدى. يىغىن سەھنىسى بىر قانچە يۈز ئەرباب بىلەن تولغانىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە جاڭ جىجۇڭ باشلاپ كەلگەن ۋەكىللەردىن باشقا، غۇلجىدىكى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە يۇرت مۆتىۋەرلىرى بار ئىدى. يەنە بىر قانچە كۈن بۇرۇن يېتىپ كەلگەن مەسئۇت سەبرىمۇ سەھنىدە ئولتۇراتتى. گېنېرال داڭ بىگاڭ بولسا، سوۋېت قىزىل ئارمىيە ئوفىتسېرلىرىدەك پوزۇر كىيىنگەن شتاب ئوفىتسېرلىرىغا كۆز ئۇزمەي قاراپ، مىيىغىدا ئىستېھزالىق بىلەن ھىجىيىپ ئولتۇراتتى.

ئەخمەتجان ئەپەندىم يىغىن ئېچىلغانلىقىنى جاكارلاپ، رەئىس جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىنى سۆزگە تەكلىپ قىلدى. جاڭ جىجۇڭ باشتا خېلى ئورۇنلۇق گەپ قىلغاندەك قىلدى، لېكىن ئۇنىڭ ئاخىرىدا قىلغان «ھەممىدىن مۇھىمى تىنچلىق، ئۆزىمىزنى بىسۇۋېلىش، سەۋرىلىك بولۇش، دۆلەتنىڭ ئىلتىپاتىغا تايىنىش...» دېگەن سۆزلىرى جامائەتنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويدى. مەيداننى سۈرلۈك كەيپىيات قاپلىدى.

شۇ ئەسنادا داڭ بىگاڭ، ۋاڭ زېڭشىيەن، چۈي ۋۇ قاتارلىقلار ئورنىدىن قوپۇپ، جامائەتنى جاڭ جىجۇڭغا چاۋاك چېلىشقا ئۈندىدى. ئەمما، ئۆمەكتىكى بىر نەچچەيلەندىن باشقا ھېچكىم چاۋاك چالمىدى.

جاڭ جىجۇڭنىڭ سۆزى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئابلەت مەخسۇم ئورنىدىن تۇرۇپ، توپ ئارىسىغا كىرىپ، ئېگىز ئورۇندۇققا چىقىپ سۆز قىلىشقا باشلىدى:

— ھۆرمەتلىك مېھمانلار، قېرىنداشلار، رەھبەرلەر! شېڭ شىسەي بىلەن جياڭ جيېشى بۇنىڭدىن 10 نەچچە يىل بۇرۇن مېنىڭ شىجائىتىمگە سىم توساق قۇرۇپ، قەلبىمنى تۇنجۇقتۇرۇپ، ئاغزىمغا يوغان شەددە قۇلۇپ سېلىۋەتكەنىدى. مانا بۈگۈن لەنىتى شەددە قۇلۇپنى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ بازغىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، مېنىڭ زۇۋانىمنى ئېچىپ، ئەركىنلىك، ئازادلىق ۋە ھەققانىيەتنى كۈيلەپ كەلگەن تىلىمغا نىجاتلىق بەردى. خەلقىمىز ئەسىرلەردىن بۇيان ئەكسىيەتچىلەرنى، زالىملارنى تويغۇزۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلار خەلقىمىزنى ئازاپ - ئوقۇبەت، نادانلىق، خانىۋەيرانچىلىقتا، زىندانغا مەھكۇم قىلدى. بىز چەكسىز خورلاندۇق، كەمسىتىلدۇق. بايىلا جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى بىزنى ئەللەي ئېيتىپ، بىخۇتلاشتۇرىدىغان غارايىپ گەپلەرنى قىلدى. بىز كۈرەش ئارقىلىق ئەركىنلىك، ئازادلىق ۋە ھەقىقىي خەلقچىللىق، باراۋەرلىككە ئېرىشەلەيمىز. بىزگە يالغان، ياسالما تىنچلىقنىڭ كېرىكى يوق...

پۈتۈن مەيداندا ئالقىش ساداسى ياڭرىدى.

ئۇنىڭ كەينىدىن ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ قامىتى مۇنبەردە پەيدا بولغاندا، ئاسماننى لەرزىگە سالغىدەك چاۋاك ساداسى ياڭرىدى.

— مۆتىۋەر ئاتىلار، قېرىنداشلار! - دەپ سۆزنى باشلىدى ئۇ، — ئىنقىلاب — ئاغدۇرۇش، دۇم كۆمتۈرۈش دېگەن سۆز. بىز ئەنە شۇنداق مەنىدىكى ئىنقىلابنى باشلاپ قويدۇق. بىزگە كۆرەشچان، جانلىق تىنچلىق كېرەك. ھەقىقىي تىنچلىقنىڭ تۈپ كاپالىتى — ئازادلىق، ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىك. بىز «11 ماددىلىق بىتىم» گە ھەقىقىي ئەمەل قىلىمىز ۋە ئۇنى سەمىمىي ئىجرا قىلىمىز. ئەمدىكى گەپ كىمدە؟ گەپ بىز بىلەن پۈتۈشكەن گومىنداڭ پىرقىسى تەرەپتە. ئۇلار 11 ماددىلىق بىتىمگە ھەقىقىي رىئايە قىلىپ، سەمىمىي ئەمەل قىلسىلا، بىزدىن ئەنسىرىمىسىمۇ بولىدۇ. ياشىسۇن ئىنقىلاب...

مەيداندا ئالقىش، ھۇررا سادالىرى ياڭرىدى.

كۆپچىلىك «مۇبادا جاڭ ئەپەندى ۋەدىسىدىن يېنىۋالسا، قوراللىق كۈرەشنى داۋاملاشتۇرىمىز»، «ماناس دەرياسىدىن بۆسۈپ ئۆتىمىز، مۇز داۋاندىن ئاشىمىز!» دەپ ئۈنلۈك شۇئار توۋلاشتى. مەسئۇت رەئىس سەھنىسىدە كۆزنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ، گاھىدا ياقىسىنى سىقىپ قويۇپ، بىر نېمىلەرنى پىچىرلاپ ئولتۇراتتى. جاڭ جىجوڭ خەلقنىڭ كۈچلۈك غەزەپ ئوتى ۋە كۈرەش جاسارىتىدىن چۆچۈپ، تاتىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشاتتى. باشقىلىرى تېخىمۇ ئالاقزادە بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇلار مېھمانخانىغا تېزراق بېرىۋېلىشقا ئالدىرىشاتتى. يىغىن يېپىلىپ، ئەخمەتجان ئەپەندىم ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەرنى باشلاپ ماڭغاندا، خەلق ئاممىسى ئۇنى ئورىۋېلىپ، «ئەپەندىم! بىز سىزگە ئىشىنىمىز، چىڭ تۇرۇڭ، دۈشمەن بىلەن مادارا قىلماڭ. ئۇلار ۋەدىگە ۋاپا قىلمىسا، كەينىڭىزدە بىز تەييار!» دېيىشتى. ئەپەندىم: «رەخمەت سىزلەرگە، رەخمەت!» دەيتتى.

ئەتىسى، ياقۇپبايھاجىمنىڭ بېغىدا مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىق كۆرۈلۈۋاتاتتى. مۇھاپىزەتچىلەر ئەتىرىتى تاڭ سەھەردىلا باغدا ھازىر بولۇپ، قوغداشنى كۈچەيتتى. بۇ كۈنى ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، لەرزان شامال گۈل ۋە مېۋىلەرنىڭ پۇراقلىرىنى دىماققا ئۇرۇپ تۇراتتى. بىر قانچە قازاندا پاخلان ۋە تاي گۆشى قاينايتتى. كاۋاپدانلار تاۋلىنىپ، تەييار تۇراتتى. نارىن، پېتىر مانتا، چۆچۈرە، پولو، ئۆپكە - ھېسىپ ۋە خىلمۇ خىل قورۇمىلار تەييارلىنىۋاتاتتى. تولۇم - تولۇم قېمىزلار شاخلارغا ئېسىلغانىدى.

دەل سائەت 10دا ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى مېھمانلار مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى ۋە غەنى باتۇر قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا باغ دەرۋازىسى ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە دۇخۇۋوي ئوركېستىر قارشى ئېلىش مۇزىكىسىنى ئورۇندىدى. مېھمانلار ۋە رەھبەرلەر شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان ئېگىز، ھەشەمەتلىك شىپاڭدىن ئورۇن ئالدى. ھەر قايسى نازارەت، جەمئىيەت ئەربابلىرى، خەلق قەھرىمانلىرىدىن پاتىخ باتۇر، غەنى باتۇر، ئوسمان، نۇرۇم، بايچۇرىن باتۇرلارمۇ زىياپەت شىرەسىدىن ئورۇن ئالدى. زىكرى ئەلپەتتا، روزىكام، زوردۇن قاتارلىق ئەلنەغمىچىلەر شىپاڭنىڭ جەنۇبىدىكى چىمەنزارلىقتا چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى ياڭرىتىشقا باشلىدى. رەخمەتۇللاغا ئوخشاش خەلق قىزىقچىلىرى ھەرخىل كومېدىيىلىك نومۇرلارنى ئورۇندىد. قەدەھمۇ ئايلىنىشقا باشلىدى. جاڭ جىجوڭ، پاتىخ، غەنى باتۇرلارغا كۆز ئۈزمەي قاراپ ئولتۇراتتى. غەنى باتۇر پولكوۋنىك زاكىنچىن بىلەن قېمىز تۇتۇشۇپ، تونۇشۇپ قالغانىدى.

مەن ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى نەمتۇللا بىلەن بىللە شىپاڭنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە قويۇلغان دۈگىلەك جوزىدا ئولتۇرۇپ، مۇھاپىزەت قىلىش، كۆزىتىش، خاتىرە قالدۇرۇش ئىشىغا يېتەكچىلىك قىلىۋاتاتتىم. ئەخمەت ئەپەندى ئورنىدىن تۇرۇپ، قەدەھنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— ئەپەندىلەر، جانابلار! ۋەدىگە ۋاپا قىلىش مەرتىنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ. قورسىقى كەڭ ئادەم ھەممىنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولالايدۇ، زىيان تارتىش، قۇربان بېرىشتىن قورقمايدۇ. پۇقرالاردىن ئەپۇ سوراشقا جۈرئەت قىلغان پادىشاھ ئەلنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولىدۇ. سورۇنىمىزغا جەم بولغان ھەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مەرتلىكى ۋە سەمىمىي ساداقىتىنى مۇندىن كېيىنكى ئەمەلىي ھەرىكىتىدە كۆرسەتمىكى لازىم.

ئۇ ھەممەيلەننى قەدەھكە تەكلىپ قىلدى. جاڭ جىجوڭ ئەخمەتجانغا قاراپ كىنايىلىك كۈلۈمسىرەپ، باش لىڭشىتىپ قويۇپ، قەدەھتىكى شارابنى يۇتۇۋېتىپ، جىم ئولتۇرۇۋالدى.

باغ سەيلىسى باشلاندى. ھەر كىم كۆڭلى تارتقان كىشىلەر بىلەن توپ - توپ بولۇپ باغ ئىچىگە تارقىلىپ كەتتى. جاڭ جىجوڭ ھەمراھلىرى بىلەن شىپاڭدا قالدى.

پولكوۋنىك زۇنۇن تېيىپوف، پولكوۋنىك غەنى باتۇر، پولكوۋنىك بايچۇرىنلار باغنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى دوقمۇشتا ئەپەندىملەرنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئەخمەتجان بىر نەچچە ئەرباب بىلەن يېتىپ كېلىپ،

زۇنۇن تېيىپوفنى يېنىغا چاقىرتىۋېلىپ:

— قاراڭ، ئاتاقلىق پولكوۋنىك زاكىچىن ئەپەندى كېلىۋاتىدۇ. مىللىي ئارمىيىمىز ئىچىدە، ئۇنىڭ پولكوۋنىك ئابلاخان، پود پولكوۋنىك يۇسۇپوف مۇھەممەتجان، ئوبۇلقاسىم ۋە پولكوۋنىك سوپاخۇن قاتارلىق ساۋاقداشلىرى بارغۇ. باغ سەيلىسى قىلغاچ ئۇنىڭ بىلەن بىردەم - يېرىمدەم مۇڭداشامسىلەر - دەپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتى.

— بۇرادەرلەر! پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، زاكىچىننى ئىلىدا قېلىشقا كۆندۈرمەمدۇق - دېدى بايچۇرىن.

شۇ ئارىدا زاكىچىن كېلىپ قالدى. ئۇ ھەممەيلەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. كۆپچىلىك ئۇنى ئارىغا ئېلىپ، مۇڭداشقاچ باغنىڭ چېتىدىكى ئېرىق بويىغا كەتتى.

— ھۆرمەتلىك پولكوۋنىك! - دېدى زۇنۇن تېيىپوف — سىز قازاق خەلقىنىڭ ئىچىدىن چىققان جاسارەتلىك، تالانتلىق سەركەردە، بىز سىزدەك مول ھەربىي بىلىمگە ئىگە قوماندانلارغا مۇھتاج. ئىككىلەنمەستىن خەلق تەرەپكە ئۆتىشىڭىزنى، بۇنداق تېپىلماس پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، بىز بىلەن قېلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

زاكىچىن زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ چوڭقۇر ئويغا چۆككەندى. كۆز چاناقلىرىدا ياش ئەگىيتتى. بايچۇرىن گەپ قىستۇردى:

— قارىڭا ھۇرمەتلىك پولكوۋنىك! زەكە! ئەينى چاغدىكى ساۋاقداشلىرىڭىزدىن پولكوۋنىك ئابلاخان، پودپولكوۋنىك يۇسۇپوف مۇھەممەتجان قاتارلىق قانچە ئونلىغان كوماندىرلار ھەقىقەتكە قايتىپ، بىزگە قوشۇلۇپ، مەسئۇل ۋەزىپىلەرنى ئۆتەۋاتىدۇ. ئەگەر سىز بىز تەرەپكە ئۆتسىڭىز مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانلىرىدىن بولۇپ قالىسىز. بۇنىڭغا كاپالەت بېرىمىز.

زاكىچىن ئەگىپ تۇرغان ياشلىرىنى بىلىندۈرمەي سۈرتىۋالغاندىن كېيىن:

— قەدىرلىك ئاغىلار، ماڭا بەرگەن يۈكسەك باھايىڭلارغا رەخمەت. مېنىڭدە ئۇنداق ئارزۇ يوق دەپ ئېيتالمايمەن. مەن ئەلبەتتە قازاق خەلقىنىڭ ئوغلى. ئەمما، مېنى بۇ قېتىمدىلا بۇ يەردە قال دەپ زورلىماڭلار. قالىدىغان بولسام ئۇلار مېنىڭ پۈتۈن ئائىلەمنى قىرىپ تاشلايدۇ. كېيىن يەنە تالاي پۇرسەتلەر چىقىپ قالىدۇ - دېدى.

— ئەمىسە بوپتۇ. سەن بىر ئامال قىلىپ بالا - چاقىلىرىڭنى ئېلىپ، غۇلجىغا قايتىپ كەل. قايتىپ كەلمىسەڭ، كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۇرۇمچىگە بېرىپ قالسام، ئۆز قولۇم بىلەن سېنى ئېتىپ تاشلايمەن - دەۋەتتى غەنى باتۇر.

كۆن نامازدىگەر بولغان چاغدا زىياپەت مول نەتىجىلەر بىلەن ئاياغلاشتى. ئۆمەكتىكىلەر مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ھەمراھلىقىدا قايتىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ۋەكىللەر ئۆمىكى كەڭساي، سايراملاردا سەيلە قىلغاندىن كېيىن ئۇرۇمچىگە قايتىپ كەتتى. زاكىچىن قايتىپ كەلمىدى. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى.

مەسئۇت ئوغۇللىرى ئەرتوغرۇل، ئىلدىرىملار بىلەن غۇلجىدا قېلىپ، ھەر تەرەپكە قاتراپ، پانتۈركىزىمنى تەشۋىق قىلىپ بېقىپ، ھېچكىمنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمەي، ئۇرۇمچىگە قايتىپ كەتتى.

تەھرىرلىگۈچى: ئەخمەت جۇبەيرى

(بېشى 50 - بەتتە)

⑩ گاۋزىخۇ «سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ شەرققە كۆچۈشى ۋە يۇغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشى» «غەربىي شىمال مىللەتلىرى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1986 - يىل 1 - سان، خەنزۇچە).

⑪ گوپىڭلياڭ «خې خۇر، خۇيخې (ئۇيغۇر) توغرىسىدا» «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1993 - يىل 1 - سان، خەنزۇچە.

⑫⑬⑭ ياڭ فۇشۆ، نيۇرۇجى «شاجۇ ئۇيغۇرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ يازما يادىكارلىقلىرى» گەنسۇ مەدەنىيەت نەشرىياتى، 1995 - يىل، خەنزۇچە نەشرى 90 -، 92 -، 107 - بەتلەر.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

# لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئەجدادى كىملەر؟


مىرسۇلتان ئوسمانوف

(ش ئۇ ئا ر تىل - يېزىق كومىتېتىنىڭ تەتقىقاتچىسى)


**تەھرىر ئىلاۋىسى:** مىرسۇلتان ئوسمانوفنىڭ بۇ ماقالىسى ئۇنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنۇر دىئالېكتى» ناملىق ئەسىرىگە يېزىلغان كىرىش سۆزىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇنىڭدا بۇ ساھەدە مەخسۇس ئىزدەنگەن س. يې. مالوف ۋە ئە. ر. تېنىشېۋ قاتارلىقلارنىڭ كۆز قاراشلىرىغا ئوخشىمايدىغان كۆزقاراش ئوتتۇرىغا قويۇلغان. كىتابخانلارنىڭ لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىغا ياردىمى تېگەر دېگەن ئۈمىدتە مەزكۇر كىرىش سۆزنىڭ بىر قىسمىنى ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلدۇق.

پۈتكۈل ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ھەرخىل ئېتنىك قاتلاملاردىن تەركىب تاپقىنىغا ئوخشاش، لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىدىمۇ ھەرخىل ئۇششاق تەركىپلەرنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەك. بۇ ھەقتە تۈرلۈك قاراش ۋە پەرەزلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ لېكىن تا ھازىرغا قەدەر بىرەر ئىلمىي يەكۈن مەيدانغا چىقمىدى.


ئاتاقلىق ئۇيغۇرشۇناس س. يې. مالوف لوپنۇرلۇقلارنىڭ تىل ماتېرىيالىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، لوپنۇرلۇقلار ۋە لوپنۇر دىئالېكتى توغرىسىدا مۇنداق دېگەنىدى «... مېنىڭچە، لوپنۇر تىلى قىرغىز تىلىنىڭ قالدۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئورتاق قىرغىز ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان»①.

س. يې. مالوف يەنە مۇنداق دەيدۇ: «لوپنۇر تىلى جۇغراپىيىۋى ئاتالغۇ، ئېتنىك جەھەتتىن ئۇ قىرغىز تىلىدۇر»②. س. يې. مالوف ئۆزىنىڭ ھۆكۈملىرى ئۈچۈن لوپنۇر دىئالېكتىدا سۆز بېشىدا «ي» كېلىدىغانلىقىنى، مۇنداق خۇسۇسىيەتنىڭ قىرغىز تىلى دىئالېكتلىرىدىمۇ بارلىقىنى، قەدىمكى قىرغىزلار كۆچمەنچىلىك قىلىپ يۈرگەن ياكى ھايات كەچۈرگەن جايلاردىكى ھازىرقى توفا - قاراغاسلارنىڭ تىلىدىمۇ سۆز بېشىدا «ي» كېلىدىغانلىقىنى، ... مۇنداق سۆزلەرنىڭ ئاساسەن سىبىرىيە تۈركىي تىللىرىغا خاسلىقىنى دەلىل قىلىپ كەلتۈرىدۇ.

ئە. ر. تېنىشېۋ بولسا پروفېسسور خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندىنىڭ مۇنداق بىر پەرىزىنى نەقىل قىلىپ كەلتۈرىدۇ: «خەن دەۋرىدىن ئىلگىرىكى دەۋردە لوپنۇر ئاھالىسىنىڭ ھۇنلار بىلەن ئالاقىسى زىچ بولغان. جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخىي خاتىرىلىرىدە لوپنۇر رايونىدا بىرەر تۈركىي خەلقنىڭ بولغانلىقى ھەققىدە گەپ يوق. بەلكىم ھۇنلار غەربكە يۆتكەلگەندە ئۆزلىرى بىلەن قەدىمكى قىرغىز (坚昆) لارنىمۇ لوپنۇر رايونىغا ئېلىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن»③.

بىر قىسىم سەيياھلار لوپنۇر تىلىنىڭ ئۆزلىرىگە ئۇقۇشسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭدا موڭغۇلچە سۆزلەرنىڭ كۆپلۈكى، ئۇنىڭ ئاقسۇ، تۇرپان شېۋىلىرىگە ئوخشايدىغانلىقىنى ھېس قىلغانلىقىنى يازغان.

بىز بۇ قاراشلار ھەققىدە توختىلىشتىن بۇرۇن



لوپنۇرلۇقلارنىڭ بۇ ھەقتىكى چۈشەندۈرۈشلىرىنى ۋە رىۋايەتلىرىنى كۆرۈپ باقايلى.

لوپنۇرلۇقلارنىڭ ھەممىسى بىر پۈتۈن لوپنۇر دىئالېكتىدا سۆزلەشسىمۇ لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قارا قوشۇنلۇق، ياللا، جۇداقتا (جۇداقتار؟)، قالماقتا (قالماقتار؟)، قالۇچى (قاچۇلى؟)، قىرغىزلار، سارتتار دېگەندەك ئېتنىك تەركىبلەر ياكى شۇ لەقەمدىكى جەمەتلەرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئېيتىشىدۇ. ھەمدە بۇ نامىلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ:

قارا قوشۇن — لوپنۇر كۆلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىدىكى قەدىمكى بىر جاي نامى، قارا قوشۇنلۇقلار بۇرۇن مۇشۇ جايدا ياشىغان. كېيىن (ئېھتىمال بۇندىن بىر قانچە يۈز يىللار بۇرۇن) مەلۇم بىر يۇقۇملۇق كېسەل سەۋەبىدىن بۇ شەھەرنى تاشلاپ، تارىم دەرياسىنى بويلاپ، يۇقىرىلاپ قېچىپ، ھازىرقى دۆڭقوتانغىچە كېلىپ جايلىشىپ قالغان.

شەمسىددىن سامىنىڭ «قامۇسۇل ئەئلام» 6 - جىلد 4005 - بېتىدە «لوپنۇر كۆلىنىڭ شەرقىي قىسمى قارا قورچىن دېيىلىدۇ» دەپ يېزىلغىنىغا قارىغاندا، «قارا قوشۇن» سۆزىنى مۇشۇ نام بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراشقا بولىدۇ.

مىرەنلىكلەر ۋە چارقىلىق ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمال يېزىلىرىدىكى ئاھالىلەرمۇ ئۆزلىرىنى «قارا قوشۇنلۇق» دەپ ئاتايدۇ. «قارا قوشۇنلۇقلار» تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدىن يەنى مىرەن، ئارغان، يېڭىسۇ، تىكەنلىكلەردىن تارتىپ، ئوتتۇرا ئېقىمىدىكى دۆڭقوتانغىچە بولغان ھەممە ئاھالە پونكىتلىرىغا تارالغان بولۇپ، لوپنۇرلۇقلارنىڭ غول قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇڭا، بۇ رىۋايەتنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن دېيىشكە بولىدۇ.

ياللا — بۇ سۆزنىڭ ئەسلى «يانلار» بولۇپ، فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش سەۋەبىدىن قىسقىراپ كەتكەن. يان تەرەپتىن يەنى تورپان، پىچان، قومۇلدىن كەلگەنلەر، دېگەن مەنىدە. بۇلار لوپنۇرنىڭ شىمالىغا، كۆپرەك قومۇل، تورپان، پىچانلارغا چېگرىداش رايونلارغا تارقالغان. مىرەندە گ / ۋ نۆۋەتلىشىشىنىڭ يوقلۇقى ياكى ناھايىتى ئاز كۆرۈلۈشى، ئەكسىچە، تىكەنلىك، كۆزلەك، چارا، ئاقسۇپۇ قاتارلىق جايلاردا مۇنداق فونېتىكىلىق ھادىسىنىڭ كۆپلۈكى، شۇنىڭدەك بۇ جايلاردا كۆرسىتىش ئالمىشى ئۇچۇن تورپان، قومۇللاردىكىدەك «تا» نىڭ قوللىنىلىشى بۇ رىۋايەتنىڭمۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنلۇقىنى تەستىقلايدۇ.

قالماقتا — قالماقلار يەنى موڭغۇل نەسلىدىن بولغانلار.

ماڭا تاۋۇش بېرىشكە قاتناشقان ئاتاۋۇللا قاسىم مۇشۇ «قالماقتا» دېيىلىدىغان ئېتنىك تەركىبتىن. ئۇ ئۆزىنىڭ 7 - ئاتىسى توغلۇق تۆمۈر ئىكەنلىكىنى، توغلۇق تۆمۈرنىڭ چۇلۇم ۋە ئەلىقۇلى دېگەن 2 ئوغلىنىڭ لوپلۇققا سېتىلغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ شۇ ئەلىقۇلىنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى، شۇڭا «قالماقتا» ئاتالغانلىقى، قەدىمكى ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ يۇرتى ئىلىدىكى «خان يايلاق» دېگەن جاي ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى.

ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن قارىغاندا توغلۇق تۆمۈردىن ئاتاۋۇللا قاسىمغىچە ئاران 7 — 8 ئاتىنىڭ ئۆتكەنلىكى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. شۇنىڭدەك توغلۇق تۆمۈرنىڭ چۇلۇم ۋە ئەلىقۇلى دېگەن باللىرىنىڭ بولغانلىقى ھەققىدىمۇ ھېچقانداق يازما پاكىت يوق. «تارىخى رەشىدى» دە توغلۇق تۆمۈرنىڭ ئەڭ كىچىك ئوغلى خىزىر خوجاخاننىڭ تېخى ئەمچەكتىكى چېغىدا ئاتىسىنىڭ ۋاپات بولغانلىقى، خىزىر خوجىنىڭ ئەمىر قەمەردىننىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن خوتەن تاغلىرى، سېرىق ئۇيغۇر، چەرچەن، لوپ ۋە كېتەك تەرەپلىرىدە 12 يىل قاچۇرۇپ يۈرۈلگەنلىكى يېزىلغان④. ئەمىر قەمەردىن توغلۇق تۆمۈرنىڭ خىزىر خوجىدىن باشقا ھەممە باللىرىنى ئۆلتۈرگەن تۇرسا، «لوپلۇققا بالا ساتقان» دېگەن رىۋايەت ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. بەلكىم بۇ شەخسلەر توغلۇق تۆمۈرنىڭ خېلى كېيىنكى ئەۋلادلىرىدىن ئانچە مەشھۇر بولمىغانلىرىدىن بىرەرسىگە چېتىلسا كېرەك.

لوپنۇرلۇقلاردا باشقا ئۇيغۇر رايونلىرىدا بولغىنىدەك يازما خاتىرىلەر يوق. ئۇلارنىڭ مۇتلەق

كۆپچىلىكى ساۋاتسىز. ئۇلار ئۆز نەسەبلىرىنى باشقا كۆچمەن خەلقلەرگە ئوخشاش 7 ئاتىسىنى يادقا بىلىش يولى بىلەن ساقلاپ كەلگەنلىكىگە ۋە لوپنۇر دىئالېكتىدا بىر قىسىم موڭغۇل تىلى سۆزلىرىنىڭ قوللىنىلغانلىقىغا قارىغاندا، بىر قىسىم لوپنۇرلۇقلارنىڭ «قالماقتا» دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبسىز ئەمەسلىكىنى مۆلچەرلىگىلى بولىدۇ. «قامۇسۇلئەئلام»دا «... ئەتراپىدىكى خەلقلەر تۈركىي ۋە موڭغۇلدىن تەركىب تاپقان» ⑤دەپ كۆرسىتىلىشى مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك.

لوپنۇرلۇقلار بىلەن موڭغۇللار ئوتتۇرىسىدا مەلۇم مۇناسىۋەت بار بولسىمۇ لېكىن قولىمىزدا بۇنىڭغا دائىر ماتېرىيال يوق. موڭغۇل تىلى ئېلېمېنتلىرى ئاساسەن لوپنۇر دىئالېكتىنىڭ لېكسىكا قىسمىدىلا كۆرۈلىدۇ. لوپنۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق قۇرۇلۇشى ۋە گراماتىكا قىسمىدا موڭغۇل تىلى تەسىرىنى كۆرگىلى بولمايدۇ.

قىرغىزلار — ئەسلى قىرغىز نەسلىدىن بولغانلار.

لوپنۇرنىڭ غەربىي قىسمىدىكى بىر قىسىم ئاھالە ئۆزلىرىنى «قىرغىزلار» دەپ ئاتايدۇ. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار بۇ جايغا يېقىنقى دەۋرلەردە غەربتىن (ئېھتىمال باي ناھىيىسى تەرەپتىن) كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئۇلارنىڭ سانى ئىنتايىن ئاز بولغاچقا، ئۇلار لوپنۇر دىئالېكتىغا يېڭى قىرغىز تىلىنىڭ (قەدىمكى قىرغىز تىلىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا) سۆز بېشىدىكى «ج»لىشىش ھادىسىسىنى سىڭدۈرەلىگەن ئەمەس. مەن لوپنۇر دىئالېكتىدا «ي» ئورنىغا «ج» ئىشلىتىدىغان «جوسۇن» (يوسۇن، قائىدە - يوسۇن)، «جىرگەن» (يىرگەن، يىرگىنىش) دېگەن 2 سۆزدىن باشقا بىرمۇ سۆز ئۇچراتمىدىم.

جوداقتا — جو (召) تەرەپتىن يەنى چىڭخەي - شىزاڭ تەرەپتىن كەلگەنلەر. بۇ ھەقتە ئانچە تەپسىلىي مەلۇمات يوق.

يۇقىرىقى ئېتنىك تەركىبلەر ئىچىدە سان جەھەتتىن ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغىنى قارا قوشۇنلۇق، ئاندىن قالسا ياللادۇر.

دۆڭقوتان بىلەن مىرەندە ياشىغۇچى ئاھالە ئارىلىقىنىڭ شۇنچە يىراق بولۇشىغا ۋە ئۆز ئارا ئالاقىنىڭ بار بىلەن يوقنىڭ ئارىلىقىدا بولۇشىغا قارىماي، بىرلا لوپنۇر دىئالېكتىدا سۆزلىشىدۇ. دېمەك، لوپنۇر دىئالېكتى ئەمەلىيەتتە مىرەندىن دوڭقوتانغىچە تارالغان ۋە بۇ رايوندىكى ئاھالىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنى تەشكىل قىلىدىغان قارا قوشۇنلۇقلارنىڭ تىلىدۇر.

لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ھېسابلىنىدىغان مۇشۇ «قارا قوشۇنلۇق»لارنىڭ نامى ئەمەلىيەتتە ئېتنىك نام ئەمەس. بۇمۇ خۇددى «قەشقەرلىك»، «خوتەنلىك» دېگەنگە ئوخشاش يەر نامىدىن تۈزۈلگەن ئاتالغۇ.

لوپنۇردىن تاكى يۇغۇر (سېرىق ئۇيغۇر)لار زېمىنىغىچە بولغان كەڭ زېمىندا تارىختا سوغدىلار، بىر قىسىم تۈركىي قەبىلىلەر، كېيىنچە بىر قىسىم موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ ئوخشىمىغان دەرىجىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنى كۆزدە تۇتىدىغان بولساق، بۇ ئېتنىك تەركىبنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئارىلىشىش جەريانىدىمۇ بەزى لېكسىكىلىق تەركىبلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا يەنىلا ئۆز تىلىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرىنى ساقلاپ قالغان بىر ئىجتىمائىي توپ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز. گەرچە بۇ تىل ھازىر ئۇيغۇر تىلىنىڭ بىر دىئالېكتى بولۇپ قالغان بولسىمۇ لېكىن بۇ تىل ئۆز دەۋرىدە ئاشۇ ئېتنىك تەركىبنىڭ ئالاقە قورالى بولۇپ خىزمەت قىلغان.

بىراق، بۇ تىل لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتى ۋە ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلاتسىيىسىنىڭ كۈچلۈكلۈكى جەھەتتە ئۇيغۇر تىلىدىنمۇ شۇنىڭدەك سېرىق ئۇيغۇر تىلى ۋە قىرغىز تىلىدىنمۇ پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. لېكىن ئۇ z/l ئاسسىمىلاتسىيىسى (م: ķizzar قىزلار)، l/ n ئاسسىمىلاتسىيىسى (مەسىلەن: — Kөllü كۆلنى، كۆلنىڭ)، ئىگىلىك كېلىش بىلەن چۈشۈم كېلىشنىڭ بىرلا قوشۇمچە ئارقىلىق ئىپادىلىنىشى قاتارلىق ئالاھىدىلىكىرى بىلەن ئۆزبېك تىلىنىڭ تاشكەنت شېۋىسىگە يېقىنلىشىدۇ.

شۇڭا بىز س. يې. مالوفنىڭ لوپنۇر دىئالېكتىنى قەدىمكى قىرغىز تىلىغا مەنسۇپ قىلىشىغا قوشۇلالمايمىز. لېكىن، ئۇنىڭ «لوپنۇر تىلىنى بىر دىئالېكت دېگەندىن كۆرە بىر خىل تىل دېيىش لازىم، ئەمما لوپنۇر تىلى كەلگۈسىدە ئورتاق ئۇيغۇر تىلى بىلەن تېخىمۇ يېقىنلىشىدۇ ۋە ئاخىرى ئۇنىڭ بىر دىئالېكتىغا ئايلىنىپ قالىدۇ»⑥ دېگەن پىكىرلىرى ئاساسسىز ئەمەس.

ئەمما، قەدىمدە بۇ تىلنى قوللانغان خەلقنىڭ قايسى قەبىلە ئىكەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ تارىخى ھەققىدە يېتەرلىك مەلۇمات يوق.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە «ھۇدۇدۇل ئالەم» دىمۇ بۇ زېمىندا ياشىغان تۈركىي خەلقلەر ھەققىدە مەلۇمات يوق.

ۋاڭ يەندېنىڭ «قوچۇغا ئەلچىلىك خاتىرىسى» دە قوچو ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەسىدە چوڭ جۇڭيۈن (大仲云)، كىچىك جۇڭيۈن (小仲云) دېگەن قەبىلىلەرنىڭ بارلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلگەن بولسىمۇ لېكىن ئۇلارنىڭ ئورنى كۆرسىتىلمىگەن.

كېيىن، بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، بولۇپمۇ دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان قولىيازما، ھۆججەتلەرنىڭ ھەر تەرەپلىمە تەتقىق قىلىنىشى نەتىجىسىدە ۋاڭ يەندې تىلغا ئالغان جۇڭيۈنلەرنىڭ لوپنۇردا ياشىغانلىقى مۇئەييەنلەشتى.

ئەنگلىيىلىك ئالىم ھ. ۋ. بېيلى⑦، فرانسىيىلىك ئالىم ج. ر. خاملتون⑧، چيەن بوچۈەن ⑨، گاۋزىخۇ ⑩، گۇپېڭلياڭ⑪ قاتارلىقلارنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقات ۋە ئۇچۇرلىرى بىزنى قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى.

لېكىن بۇ تەتقىقاتچىلارنىڭ ھېچقايسىسى لوپنۇر رايونىدا «قىرغىز — 坚昆» لارنىڭ بولغانلىقىنى تىلغا ئالمىغان. لېكىن خەنزۇچە مەنبەلەردىكى «仲云» (ياكى 众熨,种榲) دېگەن بۇ قەبىلىنىڭ زادى قايسى تۈركىي قەبىلە ئىكەنلىكى توغرىسىدا ھازىرمۇ بەس - مۇنازىرىلەر بار. بېيلى ئەپەندى 仲云 نىڭ ئۇدۇن يېزىقىدا qunuda دەپ يېزىلىشىغا قاراپ ئۇنى qumul (چۇمۇل) دەپ تونۇيدۇ. پ. پېلىئوت، ج. ر. خاملتون ئەپەندىلەر ئۇنى qigil (چىگىل) دەپ قارايدۇ. كېيىنكىلەرنىڭ مۇنداق تونۇشقا كېلىشىگە 10 - ئەسىر خەنزۇ يېزىقىدا تاماق - دىماغ تاۋۇشى «ڭ» بىلەن ڭاۋۇش قايسىسى پارتىلىغۇچى تاۋۇش ئادەتتە تۈركىي تىلدىكى «غ» بىلەن «گ» نى ئىپادىلەيدىغانلىقى ئاساس بولغان. لېكىن خاملتون ئەپەندى «چىگىل» دىكى «ئى» نىڭ قانداق قىلىپ «ئۇ» غا ئۆزگىرىپ قالغانلىقى ھەققىدە بىر نېمە دېمىگەن.

فرانسىيە پارىژ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان P. ouigour. 5 نومۇرلۇق قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتتە «چۇڭگۇلتاقى ساۋ» (چۇڭگۇلدىكى خەۋەر)⑫ P. ouigour. 15، نومۇرلۇق ھۆججەتتە «چور بىرلە چۇڭگۇلتىن ياڭى ئايقا تەگى قامچۇقا كەلگەيبىز» (چور بىلەن چۇڭگۇلدىن يېڭى ئايغىچە (كېلەر ئايغىچە) گەنجۇغا كېلىمىز)⑬، P. ouigour. 9 نومۇرلۇق ھۆججەتتە «چۇمۇللار كىنچىگ تويۇنچىن، يېگەن سىلىگ قامىغقا ...» (چۇمۇللاردىن: كىچىگ تويۇنچىن، يېگەن سىلىگ ھەممىسىگە)⑭ دېگەن مەزمۇنلار بار. خەتتە ئېيتىلىۋاتقان «چۇمۇل» ۋە «چۇڭگۇل» سۆزلىرى خەنزۇچە جۇڭيۈن (仲云) دېگەن قەبىلە نامىنى كۆرسىتىۋاتقانلىقى ئېنىق. ئەگەر بۇ ھۆججەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئىككىسىدىكى qungul ۋە كېيىنكىسىدىكى qumul سۆزلىرى ئۇدۇن يېزىقىدىكى qunguda — qimuda بىلەن بىرلا سۆز، ئۇ qigil دېمەك بولىدۇ، دېيىلسە، يۇقىرىقى 3 سۆزدە ئوخشاش يېزىلغان لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش «u» نىڭ قانداقسىگە «چىگىل» دىكى لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش «i» نىڭ ئورنىدا كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشكە مۇمكىن بولمايدۇ. چىگىل دېگەن بۇ قەبىلىنىڭ نامى خەنزۇچىدە ھەرخىل يېزىلغان بولسىمۇ لېكىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا چىگىل بىلەن چۇمۇلنى ئارىلاشتۇرۇپ يېزىپ قويۇش ھادىسىسى ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس.

تۈركىي تىللاردا جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىدا «م. ڭ. ن» قاتارلىق دىماق تاۋۇشلىرىنىڭ ئۆز ئارا ئالمىشىشى نورمال ھادىسە. مەسىلەن: قولۇم - قوشنا / قولۇڭ - قوشنا، شۇڭقار / شۇمقار، قوڭارماق - توڭۇرماق / قومۇرماق - تومۇرماق،

چۈمكەش / چۈڭكەش، زۇنۇن / زۇمۇن، مانام /مانان، ئەندى / ئەمدى، ناۋادا / مۇبادا قاتارلىق. لېكىن «چىگىل» دىكى «گ» نىڭ بۇ تاۋۇشلار بىلەن نۆۋەتلىشىشى مۇمكىن ئەمەس.

«گ» تاۋۇشى چۈشۈپ قالماي باشقا تاۋۇشلار بىلەن نۆۋەتلەشسە، كۆپىنچ ئوغۇز - قىپچاق تىللىرىدا بولغىنىدەك «ي» بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ.

مۇشۇ ئەمەلىيەت بىزنىڭ خەنزۇچە 仲云 دەپ ئاتالغان بۇ قەبىلىنى qumul دەپ تونۇشقا بولغان مايىللىقىمىزنى كۈچەيتىدۇ. ئەمدى ئۇنىڭ خەنزۇچە 仲云 (zhongyun) دەپ يېزىلىشى ئالدىنقى 2 سالام خەتتىكى qungul ۋارىيانتىدىن ئېلىنغان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. شۇنىڭدىمۇ ئەسلىدىكى سۆزنىڭ بوغۇم قۇرۇلمىسى بۇزۇلغان، يەنى 1 - ئوچۇق بوغۇم zhong شەكلىدە يېپىق بوغۇم قىلىپ ئېلىنغان.

مەھمۇت قەشقەرى تۈركىي قەبىلەرنى غەربتىن شەرققە قاراپ سانىغاندا چۇمۇللارنى ئۇيغۇرلاردىن ئاۋال ئېغىزغا ئالغان. مۇنداقتا، 11 - ئەسىردە مەھمۇت قەشقەرى تىلغا ئالغان چۇمۇللار ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىدە يەنى بۈگۈنكى ماناس دەريا بويلىرىغا جايلاشقان بولىدۇ. لېكىن تىرىم مەدەنىيىتىگە تامامەن ئۆتمىگەن ئەھۋالدا بۇ قەبىلىلەرنى بىرلا جايدا مۇقىم ئولتۇراقلاشقان دەپ ئېيتىشقا بولمايدۇ. خۇددى مەھمۇت قەشقەرىينىڭ ئېيتقىنىدەك، ياغما، توخسى، چىگىل قەبىلىلىرىنىڭ قۇياس شەھىرىدە، ئىلى دەريا بويلىرىدا ياشىغانلىقى ۋە قەشقەر ئەتراپىدىمۇ ياغمىلارنىڭ بولغىنىدەك، ھەتتا بۈگۈنكى سېرىق ئۇيغۇرلار تەركىبىدىمۇ بىر قىسىم ياغما ۋە توخسىلارنىڭ بولغىنىدەك، چۇمۇللارنىڭمۇ تۈز سىزىق بويىچە 700 - 800 كىلومېتىر ئارىلىقتىكى لوپنۇر رايونىدىمۇ ياشىغانلىقىنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ.

«گەنجۇ تۈركلىرىگە دائىر ئۇدۇن يېزىقىدىكى بىر پارچە ھۆججەت» تە بۇ قەبىلىنىڭ 2000 كىشىلىك قوشۇن چىقىرالىغانلىقى ئېيتىلغان. بۇنىڭدىن بۇ كەڭ زېمىندا ياشىغان چۇمۇللارنىڭ نوپۇسىنىڭ خېلى كۆپلۈكىنى مۆلچەرلىگىلى بولىدۇ. گەرچە بۇ زېمىندا چۇمۇللار بىلەن باشقا قەبىلىلەر بىللە ياشىغان بولسىمۇ لېكىن ئۇلار ئۇزاق تارىخىي جەرياندا ئارىلىشىپ، سىڭىشىپ كەتكەن. لېكىن ئەينى ۋاقىتتىكى نوپۇس مۆلچەرى بويىچە بولغاندا چۇمۇللارنىڭ يەنىلا لوپنۇرلۇقلارنىڭ يادروسىنى تەشكىل قىلغانلىقىنى يەرەز قىلالايمىز.

لوپنۇر دىئالېكتىدا ئېگىز سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدا ي / ج - نۆۋەتلىشىشىنىڭ يوقلۇقى، سوزۇق تاۋۇشلاردىكى ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، ئۇزۇك تاۋۇشلاردىكى ئوك ئاسسىمىلاتسىيىنىڭ قىرغىز تىلىدىمۇ كۈچلۈكلۈكى، پېئىلنىڭ كەلگۈسى زامانى ئۈچۈن «ر»، «- ىر» بىلەن بىللە ئۇر / ئۆر قوشۇمچىلىرىنىڭ قوللىنىلىشى ئۇنى قىرغىز تىلىدىن كەسكىن پەرقلەندۇرۇپ تۇرىدۇ.

---

①س. يې. مالوف «سېرىق ئۇيغۇر تىلى» كىرىش سۆز قىسمى 7 - بەت

② س. يې. مالوف «لوپنۇر دىئالېكتى» كىرىش سۆز قىسمى 4 - بەت

③ ئە. ر. تېنىشېۋ «شىنجاڭ ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى» لوپنۇر دىئالېكتى قىسمى. 1963 - يىللىق «تۈركولوگىيە تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، رۇسچە.

④ «تارىخى رەشىدى»، «خىزىرخوجاخانىنىڭ زىكرىدە» بابى.

⑤ «قامۇسۇل ئەئلام» 6 - جىلد، 4006 - بەت.

⑥ س. يې. مالوف «لوپنۇر دىئالېكتى» كىرىش سۆز قىسمى.

⑦ ۋ. ھ. بېيلى «گەنجۇ تۈركلىرىگە دائىر ئۇدۇن يېزىقىدىكى بىر پارچە ھۆججەت» شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1993 - يىللىق خەنزۇچە 2 - سان

⑧ ج. ر. خامىلتون «جۇڭيۇن ھەققىدە مۇلاھىزە»، «غەربىي يۇرت تارىخىغا دائىر ماقالىلار توپلىمى» 1985 - يىل شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە.

⑨ چيەن بوچۇەن «سېرىق ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» «شىنجاڭ تارىخ تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1985 - يىل 3 - سان، خەنزۇچە.

(ئاخىرى 45 - بەتتە)

# يەنە بىر قانچە تارىخىي يەر نامى توغرىسىدا

ئىمىن تۇرسۇن

ئۇيغۇر تارىخىغا باغلىنىشلىق بولغان يەر نامىلىرى ھىنگان تاغلىرىدىن. ئىمائۇس (يايىق — ئورال تاغلىرىغىچە ۋە كۆكنۇردىن خەزەر (كاسپى) كۆلىگىچە بولغان كەڭرى زېمىندا كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇلاردىن بەزىلىرى مەركىزىي شەھەرلەردىن بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارنىڭ خارابە ـ ئىزلىرى ئارانچە ساقلىنىپ قالغان. 7 ـ، 8 ـ ئەسىرلەردە بىنا قىلىنىپ، تاكى 12 ـ ئەسىرگىچە داڭقىنى يوقاتمىغان مۇنداق شەھەرلەردىن مەشھۇرراقلىرى — «قارابالغاسۇن» بىلەن «بالا ساغۇن» دۇر. بۇ نامىلار توغرىسىدا ئالىملار كۆپ ئىزدىنىپ، نۇرغۇن تەتقىق قىلىپ، ھەرخىل پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقانىدى.

قەدىمكى زاماندا، شۇ جايلاردا ياشىغان قەۋملەر قويغان يەر نامىلىرىدىن ئۆز پېتىچە ساقلىنىپ قالغانلىرىمۇ بار. لېكىن ئۆزگىرىپ كەتكەنلىرى تولا. تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى، ئارىلىشىشى ۋە ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئالمىششى، ھەرخىل تىللارنىڭ ئۆز ئارا تەسىر قىلىشى نەتىجىسىدە، بەزى يەر نامىلىرى تەلەپپۇزدا ئۆزگىرىپ كەتكەن ياكى باشقا نامىلار بىلەن ئالماشتۇرۇلغان؛ ياكى بولمىسا، قوشنا مىللەتلەرنىڭ تىل قانۇنىيەتلىرى بويىچە ئۆزگەرتىۋېتىلگەن. مەسىلەن، ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇت قەشقەرى ئۆز «دىۋانى» دا، بۇنداق يەر نامىلىرىغا مىسال تەرىقىسىدە «سەمەرقەند» ئەسلىدە «سەمىز كەنت» (يەنى يوغان كەنت) ئىكەنلىكىنى، بارا ـ بارا تەلەپپۇزدا «سەمىركەند»، «سەمەر قەنت» بولۇپ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى ئەسلەتكەن. يەنە شۇنىڭدەك «دىۋان» دا قەيت قىلىنىشىچە: «تىسىل (تاسال) — چەۋگەن ئويۇنىدا، مەيدان دائىرىسىنى بەلگىلەش ئۈچۈن سىزىلغان سىزىق بولۇپ، بۇ سۆز تلاس (تالاس) دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن».

قارا بالغاسۇن، بالاساغۇن شەھەرلىرىدىن مەھمۇت قەشقەرىينىڭ «دىۋانى» دا، بالاساغۇن قەيت قىلىنغان ۋە ئۆزى سىزغان خەرىتىدە ئورنى كۆرسىتىلگەن. لېكىن مەھمۇت قەشقەرىدىن ئىككى ئەسىر ئىلگىرى مەۋجۇت بولغان «قارا بالغاسۇن» توغرىسىدا ھېچقانداق خەۋەر بېرىلمىگەن. مەندىن ئىلگىرى ئىزدەنگەن تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، ئانچە ـ مۇنچە قېزىپ باقتىم.

## «قارا بالغاسۇن»

بۇ نامنى مەقسەتلىك ھالدا قوش تىرناق ئىچىدە بەردىم. بۇ نام مەزكۇر شەھەرنىڭ ئەسلىدىكى ئۆز نامى ئەمەس. 12 ـ ئەسىردىن كېيىن، كىچىكرەك كەنتكە ئايلىنىپ قالغان شەھەر خارابىسىگە موڭغۇللار تەرىپىدىن قويۇلغان نام.

بۇ شەھەرنىڭ بىنا قىلىنغان چاغدا قويۇلغان نامى باي بالىق (كېيىن ئېيتىلغىنى قۇت بالىق) ئىدى. تەخمىنەن مىلادىيە 759 ـ يىلى ئورنىتىلغان بايانچۇر مەڭگۇ تېشىدا: توخۇ يىلى (757 ـ يىلى) . . . سوغداق ۋە تابغاچلارغا سېلىنگا دەرياسىدا باي بالىقنى سالدۇردۇم . . .» دەپ ئويۇلغان. بۇ شەھەرنىڭ نامى مەنا تەرجىمىسى بويىچە خەنزۇچىدە فۇگۈي چېڭ (富贵城) دەپ يېزىلغان.

ئۇيغۇر قاغانلىرىدىن بايانچۇر، ئىدىكەن (بۆگۈ قاغان) زامانلىرىدا (يەنى مىلادى 747 — 759 ـ



يىللىرى ۋە 759 — 780 ـ يىللىرى) خېلى كۆپ شەھەر ۋە ئوردىلار بىنا قىلىنغان. يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن بايانچۇر مەڭگۈ تېشىدا پۈتۈلۈشچە: «. . .. ئورخۇن ۋە بالىقلىق دەريالىرىنىڭ قوشۇلۇش جايىدا، ئەل ئۆيى (خان ئوردىسى) سالدۇردۇم». بۇ ئوردىنى سالدۇرۇشتىن ئىلگىرى، يەنى «ئەجدىھا يىلى (752 ـ يىلى) ئۆتۈكەن تېغىنىڭ ئۇتتۇرىسىدا، سۆڭۈز باسقان دېگەن مۇقەددەس چوققىنىڭ غەربىدە، ياباش ۋە تونۇش قوشۇلىدىغان جايدا يازلىدىم، ئۇ يەردە ئوردا سالدۇردۇم؛ ئوردا تېمى ياساتتىم. مەن مىڭ يىللىق، تۈمەن كۈنلۈك پۈتۈك ۋە بەلگەمنى يېسسى تاشقا يازدۇردۇم، مۇستەھكەم تاشقا ئويدۇردۇم»، يەنە «يولبارس يىلى (750 ـ يىلى) . . . ئۆتۈكەن تېغىنىڭ غەربىي ئۇچىدا، تەز بېشىدا، قاسار قوردان ئوردىسىنى ياساتتىم. ئوردا تېمى ياساتتىم. شۇ يەردە يازلىدىم، زېمىنىنىڭ چېگرىسىنى بەلگىلەپ چىقتىم. ئۇ يەردە بەلگەمنى، پۈتۈكۈمنى ئويدۇردۇم». بۇنىڭدىن مەلۇمكى، كۆل بىلگە قاغاننىڭ ئوغلى بايانچۇر زامانىسىدىلا، ئۈچ يەردە ئوردا ۋە بىر قانچە شەھەر بىنا قىلىنغان. شۇنىڭدەك بايانچۇرنىڭ ئوغلى بۆگۈ قاغان زامانىسىدىمۇ ئورخۇن بويىدا شەھەر ۋە ئوردىلار بىنا قىلىنغان. بايانچۇر، بۆگۈ قاغانلار تاڭ سۇلالىسىغا ھەربىي ياردەم بەرگەن قاغانلار ئىدى. يەنى بايانچۇر تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەنلۇشەننى تارمار قىلىشىغا ياردەم بېرىپ، چاڭئەن، لوياڭلارنى قايتۇرۇپ ئېلىپ بەرگەن؛ تاڭ خاندانى نىڭگوخانقىزنى بايانچۇرغا خاتۇنلۇققا بەرگەن؛ قاغان بۇ خانقىز ئۈچۈن شەھەر ۋە ساراي بىنا قىلدۇرغان. بۆگۈ قاغانمۇ تاڭ سۇلالىسىغا ياردەم بېرىپ، شى سىمىڭ ئىسيانىنى باستۇرۇپ، لوياڭنى ياندۇرۇۋالغان، خۇاڭخېنىڭ شىمالىنى تىنجىتقان. شۇنىڭ ئۈچۈن، خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا بۇ توغرۇلۇق ئېنىق قەيت قىلىنغان. مەسىلەن: «خۇيچاڭ بىرىنچى جىركە توپلىمى» نىڭ 2 ـ جىلدىدا: «شۇندىن كېيىن، تاڭ خاندانىدىن خانقىز ياتلىق قىلىنىپ، بۇنىڭغا ئالاھىدە ئوردا ـ ساراي ياساتقان». «سەلتەنەت ۋەسىقىلىرىدىن ئۆرنەكلەر» نىڭ 226 ـ جىلدىدا: «تەڭرى قاغان (بۆگۈ قاغان) ئۇلۇغ ئاتىنىپ، خېنىم ئۈچۈن ساراي ـ قەسىر ياساتتى. . .»، دوسان «موڭغۇل تارىخى» نىڭ 1 ـ جىلدىدە: «قوشۇنلىرى جاي ـ جايلارنى بويسۇندۇرۇپ، نۇرغۇن ئەسىر ـ ئولجا ئالغان، ۋە بەلكى ئورخۇن دەرياسىدا ئوردۇبالىق دېگەن شەھەرنى ياساتقان» دېيىلگەن. شۇنىڭدەك، يەنە بىر قانچە جايدا قۇنچۇي بالىق (خانقىز شەھىرى) سېلىنغانلىقىمۇ مەلۇم. ۋاڭ يەندىنىڭ «قوچۇغا ئەلچىلىك خاتىرىسى» دە، گەنسۇغا كىرىش يولىدا قۇنچۇي بالىق ئىزىنى كۆرگەنلىكىنى: «شۇ يىلى چاغرى تېكىن خېلوچۈەن (ئېرگىنەغول) دە تاڭ خاندانىدىن ئۇيغۇرغا بېرىلگەن قۇنچۇي تۇرغان سارايىنىڭ ئۇلى ھېلىمۇ بار ئىكەن». دەپ يازغان. يەنە «لياۋتارىخى» نىڭ 37 ـ جىلدىدىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ خاتۇن بالىق دېگەن شەھىرى بارلىقى قەيت قىلىنغان.

ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ «شەجەرەئى تۈرك» دېگەن ئەسىرىدە: «. . . موغۇل يۇرتىنىڭ كۈنپېتىشىدا يەنە بىر تاغ بار، ئۇنى قۇت تاغ دەيدۇ. . . . . ئۇيغۇر ئېلىنىڭ شەھەرلىرى، كەنتلىرى ۋە دېھقانچىلىقى كۆپ ئىدى. يۈز يىگىرمە ئۇرۇغ ئەل ئىدى» دەپ يېزىلغان.

مۇسۇلمان جۇغراپىيىشۇناسلىرىدىن ئوردۇ بالىقنى تەخمىنەن 820 ـ يىلى زىيارەت قىلغان تەمىم بىننى بەھرەل مەتەۋۋى شەھەرگە بىر كۈنلۈك يول مۇساپىسىدە ئىچكى قەلئەنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان قاغاننىڭ ئالتۇن چېدىرىنى كۆرگەنلىكىنى يازغان. بۇ ساياھەتچى ئۆزىنىڭ يول خاتىرىسىدە، يۇقىرى نوسجان (مېنىڭچە، بۇ بارسغان بولسا كېرەك. ئېھتىمال، كاتىبلارنىڭ سەھۋەنلىكىدىن «برسغان» دېگەن سۆز «نوسجان» دەپ يېزىلىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن — ئاپتور) دىن قاغاننىڭ ئوردا شەھىرىگە سەپەر قىلغىنىدا، بۇ شەھەرگە كەلگىچە ئۈچ ئايلىق مۇساپە ئارىلىقىدا تۇتاش كەتكەن ئېتىز ـ ئېرىق، باغ ـ ۋارانلارنى كۆرگەنلىكىنى يازغان.

باي بالىق (قۇت بالىق) نىڭ ئورنى، بايانچۇر مەڭگۈ تېشىدا يېزىلىشىچە، سېلىنگا دەرياسى بويىدا ئىكەن. بۇ مەڭگۈ تاشنى فىنلاندىيىلىك ئالىم

رامستېت 1908 - يىلى سېلېنگا دەرياسى ۋە شىنە ئۇسۇ كۆلى ئەتراپىدىن تاپقان. شەھەر ئورنى قوشۇ چەيدام تۈزلەڭلىكىدە ئىكەنلىكىنى رۇس ئارخېئولوگلىرىدىن كىسىلېف ۋە باشقا تەكشۈرگۈچىلەر تەھقىقلىگەن. جۇملىدىن 1978 - يىلى ساياھەت قىلغان تۈركىيىلىك پروفېسسور نىجات دىيار بەكىرلى «ئورخۇندىن كەلدىم» دېگەن ساياھەتنامىسىدە مۇنداق يازىدۇ: «قوشۇچەيدام: بۈگۈنكى پايتەخت ئۇلان باتۇر (بالدۇرقى ئىسمى ئۇرغا) نىڭ 400 كىلومېتىر غەربىدە، ئۆگەي نۇرنىڭ 25 كىلومېتىر جەنۇبىدا، ئوردۇ بالىق يەنى موڭغۇللار خېلى كېيىن قارابالغاسۇن دەپ نام بەرگەن قەدىمكى ئۇيغۇر شەھىرىنىڭ 40 كىلومېتىر شىمالىدا». بۇ يەر ئورانقاي (ھازىرقى نامى خانغاي) تاغلىرىنىڭ شىمالىغا ۋە بۇتاغدىن باشلانغان ئورخۇن دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىنىڭ غەربىگە، سېلېنگا دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ. بايانچۇر مەڭگۈ تېشىدا: ئۆتۈكەن تەرەپتە «قۇت يارتاغ تۈگىن» (بەخت يارىتىدىغان قارارگاھنى) قۇردۇم» دەپ يېزىلغىنىغا قارىغاندا، ئوردۇ بالىق ئەنە شۇ ئۆتۈكەندە (ھازىرقى خانغاي تاغلىرىنىڭ بىر تارمىقىدا) بىنا قىلىنغان ۋە خاننىڭ قارارگاھى جايلاشقانلىقى ئۈچۈن ئوردۇ بالىق دەپمۇ ئاتالغان بولسا كېرەك. شۇ زاماندا ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن سەيياھلارنىڭ خاتىرىلىرىگە ئاساسلانغاندا، شەھەر ئىنتايىن مۇستەھكەم قاتمۇ قات سېپىل بىلەن قورشالغان، تۆت چاسا شەكىلدە (600 × 600 مېتىر ئەتراپىدا) تەخمىنەن 36 گېكتار يەرنى ئىگىلىگەن. ئاساسىي سېپىلنىڭ يان - يانلىرىغا ھەم دوقمۇشلىرىغا 14 (ۋە بەلكى 16) سۇيران (قورغان شەكىللىك قوغدىنىش تەكچىلىرى) ۋە سېپىل ئۈستىگە قوۋۇقتىلار ياسالغان. كۈنچىقىشتا (جەنۇبىي دوقمۇشتا) يان سېپىللىق قوش قوۋۇق (ئىچكى ۋە تاشقى دەرۋازىلار)، كۈنپېتىشتا يەنە بىر قوۋۇق ئېچىلغان. سېپىل ئەتراپىغا قوش كەلكىم (خەندەك) چېپىلغان. يەنى شىمالىي ۋە جەنۇبىي تەرەپلەردىكى كەلكىمدە مۇستەھكەم قاراۋۇلخانىلار ياسالغان؛ ئىچكىرىكى كەلكىمنى بويلاپ ئىستىھكام تاملىرى سېلىنغان. شەھەر ئىچىدە ئېگىز قاراغۇ، خان ئوردىسى، ئەسكەرخانا ۋە رەستىلەر شەرقتىن غەربكە قاراپ ياسالغان. خان ئوردىسى شەھەرنىڭ كۈنپېتىش يېرىمىغا جايلاشقان؛ شەھەرنىڭ كۈنچىقىش يېرىمىدا خان ئوردىسىغا يانداشتۇرۇپ، ئىھاتىلىك باغ - كۆل، جەنۇب تەرىپىگە تۇرالغۇ ئۆيلەر جايلاشتۇرۇلغان. سېپىل، ئوردا ۋە ئۆي - ئىمارەتلەر تاڭ ئۇسلۇبىدا پىششىق خىشتا ياسالغان. سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىنشائاتلىرى (يەر ئاستى سۇ نوكەشلىرى) قۇرۇلغان ۋە باشقىلار.

موڭغۇل دەۋرىدە، قەدىمكى ئوردۇ بالىقنىڭ ئەتراپىغا قارا بالغاس قەبىلىسى جايلاشقاندىن كېيىن، ئەسلىدىكى پايتەختلىك قىياپىتىنى يوقاتقان باي بالىق (ئوردۇ بالىق، قۇت بالىق) قارا بالغاس قەۋمىنىڭ نامى بىلەن «قارابالغاسۇن» دەپ ئاتىلىپ قالغان.

دېمەك، ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ پايتەختى توغرىسىدا بايان قىلىشقا توغرا كەلسە، بۇ شەھەرنى «قارا بالغاسۇن» دېمەي، ئەلۋەتتە، باي بالىق (ياكى قۇت بالىق)، ياكى بولمىسا تەتقىقاتچىلارغا ئومۇملاشقان نامى بىلەن ئوردۇ بالىق دەپ ئاتىغان تۈزۈك.

## بالا ساغۇن

بۇ شەھەرمۇ ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا، يەتتەسۇ رايونى، ئېنىقراقى، ئىسسىق كۆل بويىغا سېلىنغان شەھەر بولۇپ، خاقانىيە (قاراخانىلار) دۆلىتى قۇرۇلغاندا، يازلىق پايتەخت قىلىنغان. مەھمۇت قەشقەرى «دىۋان» دا بۇ شەھەرنىڭ يەنە بىر نامى قۇز ئوردا (يەنى تەسكەي ئوردا) دەپ ئىزاھ بەرگەن. قاراقىتان (غەربىي لياۋ) دەۋرىدە «غۇبالىق» (ياخشى شەھەر)، موڭغۇل دەۋرىدە «قارالىغ» دەپ ئاتالغان. (موڭغۇللار ئىلى بويىدىكى بىر شەھەرنى ئالمالىغ، تىرازنى ياڭالىغ دەپ ئاتىغانىدى).

تارىخچى جۇۋەينى «تارىخى جاھانگۇشا» ناملىق ئەسىرىنىڭ «ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئەسلى» دېگەن بابىدا «تاكى قاراقىتاي زامانىسىغىچە بۇ شەھەر ئەفراسىياپ ئەۋلادىنىڭ ئىلكىدە بولغان. بالا ساقۇننى قارا قىتايمۇ بىر قانچە مۇددەت پايتەخت

قىلغان. موغۇللار بالا ساغۇننى قارالىغ دەپ ئاتىغان» دەپ يېزىلغان.

دېمەك، بۇ مۇھىم تارىخىي شەھەرنىڭ بالا ساغۇن دېگەن نامىدىن باشقا، قۇز ئوردۇ، غۇبالىق، قارالىغ دېگەن ناملىرىمۇ بولغان. بالا ساغۇن دېگەن نام توغرىسىدا تەتقىقاتچىلار ھەرخىل پىكىرلەرنى بايان قىلىشتى. بەزىلەر: بالا ساغۇن — «بەلەد سانگۇن» (سانگۇن شەھىرى، يەنى جياڭجۇن شەھىرى) دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن دەيدۇ. بۇ پىكىر تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئانچە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بۇ شەھەر بىنا قىلىنغاندا، (تەخمىنەن 7 - ئەسىردە) ئەرەب - ئىسلام مەدەنىيىتى تېخى بۇ رايونغا يېتىپ كەلمىگەنىدى. «بلد» (بەلەد) ئەرەبچە «شەھەر» دېگەن سۆز. ئەرەب تىلى بولسا، بۇ رايونغا 11 - ئەسىردىن كېيىن ئۆز تەسىرىنى ئۆتكۈزۈشكە باشلىغان. بەزىلەر بالا ساغۇن دېگەن بويىلا سانغۇن (بويىلا گېنېرال) دىن كېلىپ چىققان دەيدۇ. بۇ پىكىر نىسبىي توغرا. دەرۋەقە، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا خەنزۇ تىلىدىن «جياڭجۇن» سۆزى «سانگۇن/ سەنگۇن» دەپ قوبۇل قىلىنغان. لېكىن بۇ سۆز فونېتىك جەھەتتىن ئۆزگىرىپ «ساغۇن» بولۇپ قالمىغان؛ ھەمدە بۇ سۆز ئۇيغۇر تىلىدا 9 - ئەسىردىن كېيىن كەم قوللىنىلغان ۋە خەنزۇچىگە قايتا ئاھاڭ تەرجىمىسى قىلغاندا «سياڭۋېن» دەپ يېزىلغان.

بايانچۇرنىڭ ئاتىسى — خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە يېزىلىشىچە — كۆلى بېيلا يەنى بويىلا قۇتلۇغ يارغان بولۇپ، بويىلا قۇتلۇغ بىلگە كۆل قاغاننىڭ قىسقارتىلىپ ئېيتىلىشى ئىدى. بويىلا قۇتلۇغ يارغان ئوغلى تاي بىلگە تۇتۇق — بايانچۇرنى سۇباشى (قوشۇن بېشى) قىلىپ، غەربىي تۈركلەرگە قارشى ئۇرۇشقا ئەۋەتىدۇ. تۈركلەرنى ئۆزىگە قاراتقاندىن كېيىن، بويىلا قۇتلۇغ يارغان يەتتە سۇ رايونىدىكى قارلۇقلارنى بويسۇندۇرىدۇ. 742 - يىلى كۆل بويىلا ئۆزىنى «قۇتلۇغ بىلگە كۆل قاغان» دەپ ئېلان قىلىدۇ. بويىلا قاغان 756 - يىلى ئۆلگەندىن كېيىن چوڭ ئوغلى بايانچۇر «تەڭرىدە بولمىش ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان» ئۇنۋانى بىلەن تەختكە ئولتۇرىدۇ. كۆل بويىلا ۋە بايانچۇر زامانلىرىدا، يەتتە سۇ، جۇملىدىن ئىسسىق كۆل بويىدا، بارسغان، بارمان، بالا ساغۇن شەھەرلىرى بىنا قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ شەھەرلەردىن بالا ساغۇن ئۆز زامانىسىدا ئەڭ گۈللەنگەن شەھەر ئىدى. ئاددىيسى شەھەر يەر ئاستى سۇ ئىنشائاتلىرى، كاتتا ئىمارەتلىرى، ئاۋات رەستىلىرى، قايناق كارۋان سارايلىرى بىلەن، ئوتتۇرا ئاسىيادا قەشقەر بىلەن ئىگىچە - سىڭىل شەھەر ئىدى.

بويىلا — بىر خىل مەرتىۋىلىك ئۇنۋان بولۇپ، مەنىسى بوي (قەۋم، خەلق) نى باشلىغۇچى، خەلق رەھبىرى دېگەنلىك بولىدۇ. تۈركولوگ تومسۇن ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىل لۇغىتى» دە، بويىلانى مۇنداق ئىزاھلىغان: يۇقىرى مەرتىۋىلىك رەسمىي ئۇنۋانلاردىن بىرى، قاغاندىن قالسا ئىككىنچى ئورۇننى تۇتىدىغان مەنسەپ بولۇپ، ئىلگىرى ھۇن ۋە تۈركلەردە قوللىنىلغان. بۇ مەنسەپ، دەسلەپتە، ئاغى - تاغى بولغان (ئىسيان كۆتۈرگەن) قەۋملەرنى باستۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە بېرىلىدىغان ئۇنۋان بولۇپ، «قەۋمنى يولغا باشلىغۇچى، توغرا يولغا سالغۇچى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرسە كېرەك.

ساغۇن — مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «دىۋانى» بويىچە، قارلۇقلارنىڭ قەۋم باشلىقى ساغۇن دەپ ئاتالغان. ئېھتىمال، بويىلا يارغان ئاۋال باسمىللارنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن، قارلۇقلار بىلەن بىرلەشكەندە، ئۆزىنى قارلۇقلارنىڭمۇ باشلىقى دېگەن چۈشەنچىنى بىلدۈرۈش مەقسىتىدە، بويىلا ئۇنۋانىغا ساغۇن ئۇنۋانىنى قوشۇپ، بويىلا ساغۇن دەپ ئاتىغان بولۇشى مۇمكىن. «بويىلا» سۆزى زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن «بالا» دەپ ئۆزگەرگەن، باشقا تىللاردا (مەسىلەن، خەنزۇچىدە پېيلا، غەربىي خەلقلەر تىللىرىدا «بەلا» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان) بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن.

### دۇنخۇاڭ

ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى دۇنخۇاڭ ناھىيە مەركىزىنىڭ غەربىدىكى قەدىمكى شەھەر نامى. يەنى گەنسۇنىڭ غەربىدىكى داڭخې دەريا ۋادىسىغا جايلاشقان ۋە قەدىمكى دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپاغا

قاتنايدىغان مۇھىم قاتناش بېكىتى ئىدى. ھازىرقى دۇنخۇاڭنىڭ 25 كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىدا، بۇددا مىڭ ئۆيىدە مىلادىيە 4 - ئەسىردىن 14 - ئەسىرگىچە بولغان تام سۈرەتلىرى ۋە ئېسىل ئويما سەنئەت بۇيۇملىرى ساقلانغان. بۇ 9 - ئەسىردىن كېيىن، خۇاڭخېنىڭ غەربىدىكى ئۇيغۇرلار، ياكى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى ياشىغان رايوننىڭ غەربىدىكى شەھەرلەردىن بىرى. بۇ چاغلاردا گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى يەنى پان تېكىن ۋە ئۇنىڭ ياغلاقار جەمەتىدىن بولغان ئەۋلادى باشچىلىقىدىكى («سۇڭ تارىخى» نىڭ 490 - جىلدى «ئۇيغۇر تەزكىرىسى» دە يېزىلىشىچە: جان سانى 300 مىڭدىن ئاشىدىغان، قۇرامىغا يەتكەنلەر 200 مىڭ كېلىدىغان) ئۇيغۇرلار شاجۇ (ھازىرقى دۇنخۇاڭنىڭ غەربىدىكى كونا شەھەر)، گۇاجۇ (دۇنخۇاڭ)، لياڭجۇ (ھازىرقى گەنسۇدىكى ۋۇۋېي ناھىيىسى)، خېلوچۇەن تەرەپلىرىگە تارقالغان بولۇپ، بۇلار كېيىن «سېرىق ئۇيغۇر» دەپمۇ ئاتالغان.

قەدىمكى دۇنخۇاڭ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىي كارىدورىنىڭ ئۇچىدىكى داڭخې دەرياسىنىڭ ياقىسىغا بىنا قىلىنغان. بۇ دەريانىڭ مەنبەسى بولغان سالا دەرياسى چىڭخەي ئۆلكىسىدىكى چىلەن تاغ تىزمىسىنىڭ غەربىي بۆلىكىدىكى سۇللاغ (سۇلى) تېغىدىن باشلىنىپ، غەربىي شىمالغا قاراپ ئېقىپ، دۇنخۇاڭ ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىن ئۆتۈپ سۇللاغ دەرياسىغا قوشۇلىدۇ. سۇللاغ، داڭخې دەريا ۋادىلىرى يىلقا باقىدىغان مۇھىم ئورۇن ئىدى. ئىككى دەريانىڭ ياقىلىرى ناھايىتى قويۇق ئوت - چۆپلۈك، ئېسىل يايلاق ئىدى. شۇڭا بۇ جاينى تۇڭغۇز (شەرقىي خۇ) تىللىرىدىن سىبىر تىلىدا «تۇمىگان» دەپ ئاتىغان. «ئەل ئامان - ئالەم ئامان خاتىرىسى» 152 - جىلد، 4 - بەت). «تۇمىگان» نىڭ مەنىسى يىلىك دېگەنلىك ئىدى. ئەنە شۇ تۇمىگان يايلىقىغا بىنا قىلىنىپ بىر مەزگىل گۇاجۇ (مېۋىزارلىق) دەپ ئاتالغان شەھەر خەنزۇچىدا دۇنخۇاڭ دەپ ترانسكرىپسىيىلەنگەن بولسا كېرەك. تۇمىگان سۆزى تەلەپپۇزدا بارا - بارا تۇمگان 〉تۇمغان 〉دۇنخان 〉دۇنخۇاڭ بولۇپ ئۆزگەرگەنلىكى ئېھتىمالغا يېقىن.

تارىختىكى بەزى يەرلەرنىڭ تۈركىي تىلدا قويۇلغان ناملىرى، زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن، مىللەتلەرنىڭ ماكان ئالماشتۇرۇشى ئارقىسىدا، ئالمىشىپ كېتىشى تەبىئىي ئەھۋال. مەسىلەن، تىن سۇ ھازىر دوناي دەرياسى، ئاتىل ھازىر ۋولگا، يايىق ھازىر ئورال، يارىش يازىقى ھازىر جۇڭغارىيە، يارغول بولسا جياۋخې دەپ ئاتالغىنىغا ئوخشاش.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

---

(بېشى 58 - بەتتە)

كۆپتۈرۈش ياكى باتۇرلار سۇپىتىدە ئاتاشتىن سىرت، ئۇنىڭ ئەكسىچە مەنە بېرىدىغان «كىچىك» قوشۇلمىسىمۇ بار. مەسىلەن: بايكىچىك، كىچىكئاخۇن، تۇرسۇن كىچىك . . .

---

ئىزاھلار

① ھاجىنۇر ھاجى: «قەدىمكى شامان دىنى ھەققىدە قىسقىچە مۇھاكىمە»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1995 - يىللىق 4 - سان 90 - بەت.

②«قىسقىچە ئىسلام لۇغىتى» 626 -، 6 - بەتلەر.

⑨③غۇلام غوپۇرى، مۇھەممەت تۇرسۇن ئىبراھىمى، غوجائەخمەت يۇنۇس: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە سۆزلۈك» مىللەتلەر نەشرىياتى 38 -، 81 -، 50 - بەتلەر.

④«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» (ئۇيغۇرچە) 1994 - يىللىق 4 - سان 52 - بەت.

⑤⑥ «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى» شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 223 -، 296 -، 316 - بەتلەر.

⑦ «شىنخۇا لۇغىتى» 1980 - يىل بېيجىڭ، سودا باسمىخانىسى، 464 - بەت.

⑧«ئوغۇزنامە» مىللەتلەر نەشرىياتى، 40 - بەت.

تەھرىرلىگۈچى: ئەخمەت روزى

# ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدىكى تۈرلۈك قوشۇمچىلار

غەيرەتجان ئابدۇللا كالدىر

(شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىدىن)

ئۇيغۇرلار ناھايىتى ئۇزاق زامانلار مابەينىدە ئۆزىگە خاس بىر يۇرۇش ئات قويۇش ۋە ئۇنىڭغا دەۋر ئالاھىدىلىكى بويىچە بەزى ھۆرمەت قوشۇمچىلىرىنى قوشۇپ ئاتاش ئادىتىنى شەكىللەندۇرگەن.

## دىنىي ھۆرمەت قوشۇمچىلىرى

ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز تارىختا تۈرلۈك دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان بولۇپ، ئۆز دەۋرىدە ئۇلار ئۆز دىنىدا ھۆرمەت نامى سانىلىدىغان ناملارنى ئىسىملىرىغا قوشۇپ ئىشلەتكەن، ئالايلى، شامان دىنى ۋە توتېم ئېتىقادچىلىقى دەۋرلىرىدە تەڭرىم، باخشى، قام (قامان)، تەڭرىكەن دېگەندەك①؛ ئاتەشپەرەسلىك دىنىدا پېرىخون، داخان، كاھىن، چىراقچى دېگەندەك؛ بۇددا دىنىدا ئاچارى، تۇتۇڭ، بۇرخان، ۋايسارا دېگەندەك؛ تويىن دىنىدا تويىن نامى بىلەن ئاتالغان تويىنچاق، قاراتويىن، بەرگەن تويىن دېگەندەك؛ مانى دىنىدا مۇجاك، ئەفتادان، خىروخان، ئاۋدىتو دېگەندەك؛ خەلقىمىز ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، بۇ ھۆرمەت قوشۇلمىلىرىنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىغا خاس دىنىي ھۆرمەت قوشۇلمىلىرىغا ئورۇن بوشاتتى ياكى بەزىلىرىنىڭ ئەسلى مەنىسى ئۆزگىرىپ كەتتى.

ھاجى: بۇ كەئبىنى زىيارەت قىلغۇچىلارغا بېرىلىدىغان ھۆرمەت نام. ئۇيغۇرلاردا ھەج تاۋاپ قىلىپ كەلگەن ھەر قانداق ئەر ـ ئايال ئىسمىنىڭ ئالدى ـ كەينىگە بۇ ھۆرمەت نامى قوشۇپ ئېيتىلىدۇ. بەزىدە بوۋاقلارنىڭ ئىسمىمۇ ھاجى بىلەن باغلاپ قويۇلىدۇ. ئۇ ئىسىملارنىڭ ئالدى ـ كەينىگە ئۇلىنىدۇ. بۇ ئەھۋال ئاتۇش ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا كەۋدىلىكرەك. مەسىلەن: ھاجىگۈل، ھاجىنىسا، ھاجىخان، مۇلۇكھاجى، توختىھاجى، ھاجىنۇر...

قارى: ئەرەبچە سۆز، ئەسلى مەنىسى ئوقۇغۇچى②، ئىستېمالدىكى مەنىسى قۇرئاننىڭ بارلىق سۈرىلىرىنى ياد ئالغان ۋە قىرائەت بىلەن ئوقۇيدىغان كىشى دېگەنلىك. ئۇ «قۇرئانى كەرىم»نى يادقا ئېلىپ بولغانلاردىن باشقا يەنە بوۋاق ئىسىملىرىغا ئادەت بويىچە قوشۇلۇپمۇ كېلىدۇ، كۆپىنچە ھاللاردا ئوغۇللار بالاغەتكە يەتكەندە شۇنداق ئېيتىلىدۇ. بۇ ئەھۋال ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ شەرقىدىكى ناھىيىلىرىدە ۋە ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بەزى جايلاردا كەۋدىلىكرەك. ئەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بىر ـ بىرىنى شۇنداق ئاتاشقا ئادەتلەنگەن.

## ئىلمىي ھۆرمەت ناملىرى

خەلقىمىز قەدىمدىنلا بىلىملىك كىشىلەرنى مەلۇم ئورتاق ھۆرمەت نامى بىلەن ئاتاپ، ئۇلارغا ئۆز ئىخلاسىنى بىلدۇرگەن. بىراق، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەشۇ ھۆرمەت ناملىرىنىڭ نۇرغۇنلىرى بىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن. بىزگە مەلۇم بولغانلىرى مۇنۇلار:

باخشى: بۇنىڭ بىر مەنىسى شامان دىنى مۇرتلىرىنى كۆرسەتسە، يەنە بىرى ئۆز دەۋرىدە

كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتى

بىلىملىك كىشىلەر ئوخشاشلا باخشى دېيىلگەن. بۇنىڭ مەنىسى موللا، داخان، ھاپىز، ئوقۇتقۇچى، مۇدەررىس ③، تېۋىپ، كاتىپ ④ دېگەنلىك بولىدۇ. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ «تارىخى رەشىدى» دېگەن كىتابىدا ئەلىشىر نەۋائى ئۇيغۇر باخشىسى ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان، دېگەن مەلۇماتلار بار. ھازىر باخشى سۆزى تىلىمىزدا غەيرىي دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەرنى بىلدۈرىدۇ. يەنە بەزى جايلاردا بۇركۇت باققۇچىلار ئاندا ـ ساندا شۇنداق ئاتىلىدۇ.

بىلگە: بىلىملىك، ئالىم مەنىسىدە. ئۇنىڭ بىلەن كەلگەن بىلگە قاغان، بىلگە قادىرخان دېگەندەك ئىسىملار بار.

ئاخۇن: بۇ ئەرلەرنىڭ ئىسمىغا ئۇلىنىپ كېلىدۇ، ئۇيغۇرلاردا ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان. بىرى يېشى چوڭراق، دىنىي ۋە باشقا كلاسسىك ئىلىملاردىن مەلۇماتلىق كىشىلەر ئاۋام تەرىپىدىن ھۆرمەتلىنىپ، ئاخۇنۇم دەپ ئاتالسا، يەنە بىرى يېشىغا يەتكەنلەرنىڭ ئىسمىغا ئۇلىنىپ كېلىدۇ، مەسىلەن: سەمەتئاخۇن، سالىئاخۇن، تۆمۈرئاخۇن دېگەندەك.

ئەپەندى: پارسچە سۆز، تىلىمىزدا ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ، دانىشمەن ئادەملەر شۇنداق ئاتالغان. دانىشمەن، قىزىقچى نەسىردىن ئەپەندى ئەنە شۇنىڭ مىسالى. ئەپەندى سۆزى ئىلى، چۆچەك، ئۈرۈمچى، تۇرپان، قۇمۇل، كۇچا قاتارلىق جايلاردا ھەم ئوقۇتقۇچى دېگەن مەنىنى، ھەم بىلىملىك كىشى مەنىسىنى بېرىدۇ. ئۇ ھازىر ئەدەبىي تىلىمىزدا يېشى يەتكەن بارلىق ئەرلەرنى ھۆرمەتلەپ ئاتايدىغان ئاتالغۇغا ئايلىنىپ، كىنو، تېلېۋىزورلاردا ۋە باشقا زامانىۋى مۇلازىمەتچىلىكىمىزدە قوللىنىلماقتا.

## ئەمەل ـ مەنسەپ ۋە باياشاتلىققا ئائىت ھۆرمەت قوشۇمچىلىرى

تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ھۇنلاردا 28، كۆك تۈرك ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا 30 نەچچە ئەمەل دەرىجىسى بولغان. كېيىنكى ئۇيغۇر خانلىقلىرىدا بۇلار تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ، يېقىنقى دەۋرلەردىكى فېئودال ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئېھتىياجىغا تېخىمۇ ماسلاشقان. بۇلاردىن ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغانلىرى مۇنۇلار:

خان: بۇ ناھايىتى قەدىمكى ھۆرمەت نامى، ئىلگىرى قاغان، خاقان، خان ⑤ دېگەن شەكىللەردە كەلگەن. دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانىغا قوللىنىلغان. يەركەن سەئىدىيە خانلىقى يوقىلىپ، خانلىق تۈزۈم تۈگىگەندىن كېيىن، ئادەتتىكى كىشىلەرمۇ «خان» دەپ ھۆرمەتلىنىدىغان بولغان. مەسىلەن: مەمەتخان، ئابلىمىتخان، قادىرخان دېگەندەك، نۆۋەتتە بۇ ئادەت يەكەن ئەتراپلىرىدا چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە.

قۇت: بەخت، دۆلەت ⑥ دېگەنلىك. قەدىمدە ھۇنلار، ئۇيغۇرلار ئۇنى كۆپىنچە دۆلەت ھۆكۈمدارىغا قارىتا ئىشلەتكەن. مەسىلەن: تەڭرىقۇت، ئىدىقۇت، قۇتمىش دېگەندەك. ھازىر ئۇ بەخت مەنىسىنى بېرىدىغان كىشى ئىسمى ۋە سۆز تومۇرلىرىدىن بولۇپ قالدى.

بەگ: تەتقىقاتلارغا قارىغاندا، دەسلەپتە قەبىلە ئاقساقىلى، خاندىن كېيىن تۇرىدىغان چوڭ ـ كىچىك ئەمەلدارلار، تۆرىلەر بەگ ئاتالغان، كېيىنچە مەھەللە ئاقساقاللىرى، مەرتىۋىلىك كىشىلەرمۇ شۇنداق ئاتالغان. بەگلىك تۈزۈمى ئەمەلدىن قالغاندىن كېيىن، ئادەتتىكى كىشى ئىسىملىرىغا ئۇلىنىپ كېلىدىغان بولغان. مەسىلەن: بەگتۆمۈر، تۇرسۇنبەگ دېگەندەك.

گاڭ: خەنزۇچە 王 (ۋاڭ) دىن كەلگەن. دۆلەت باشلىقى، خان، بىرەر قەبىلە ـ مىللەتنىڭ ئاقساقىلى ۋە چوڭى، ئەجدادى ⑦ دېگەنلىك. ھازىرقى ئۇيغۇرلاردىكى «گاڭ» ئۇلانمىلىق كىشى ئىسىملىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى چىڭ سۇلالىسى يۇرتىمىزدا يۈرگۈزگەن ۋاڭلىق تۈزۈم ساقىندىلىرىدىن كەلگەن. قۇمۇل قاتارلىق ۋاڭلىق تۈزۈم يۈرگۈزۈلگەن جايلاردا ۋاڭ بولغۇچىنىڭ ئىسمىغا قوشۇلۇپ ئېيتىلغان، كېيىنچە شۇ يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىملىرىغا قوشۇلۇپ كېلىدىغان بولغان. ئۇنى قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ئۆز شېۋىسىگە بويسۇندۇرۇپ «گاڭ» دەپ ئاتىغان. مەسىلەن:

ئابلىزگاك، پولاتگاك، نجاتگاك . . .

## ئاياللارغا خاس ھۆرمەت قوشۇمچىلىرى

خان: بۇنىڭ مەنبەسى يەنىلا قاغان، خاقان، خان ئىبارىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەمما قەدىمدە بۇ ئاتالغۇ دۆلەتنىڭ خانلىرىغىلا يەنى ئەرلەرگىلا قوللىنىلاتتى. ئاياللارنىڭ قايسى دەۋرلەردە مۇشۇ ھۆرمەت نامىغا ئىگە بولغانلىقىغا كەلسەك «ئوغۇزنامە» دە: «شۇندىن ئېتىبارەن شاتلىققا مۇيەسسەر بولدى، بىر كۈنى ئاي قاغان (ئايخان دەپ تەرجىمە قىلىنغان) نىڭ كۆزى يورۇدى، . ئۇ بىر ئوغۇل تۇغدى» ⑧ دېگەن قۇرلار بار. بۇ شۇ دەۋرلەردە ئەر ۋە ئاياللارنىڭ ئىسىملىرىدا ئوخشاشلا خان، قاغان، خاقان ئۇلانمىلىرىنىڭ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

خوتۇن: قەدىمدە ئۇ پەقەت، ئۇيغۇر، تۈرك خانلىرى ئەڭ ئىززەتلىگەن چوڭ خانىشقىلا بېرىلىدىغان ھۆرمەن نامى ئىدى. قەدىمكى يازما يادىكارلىقلاردا «خاتۇن»، «قادۇن» دەپ ئۇچرايدۇ. خان جەمەتىدىكى خوتۇن ـ قىزلار تۈركەن خاتۇن، ئۇلۇغ قاتۇن، خاتۇن خانىم ۋە ئالتۇن تارىم، بىكە قاتارلىق ھۆرمەت ئۇلانمىلىرى بىلەن ئاتالغان؛ ئادەتتىكى ئاياللار ۋە قىزلار كۆپىنچە ئۇراغۇن، تۇلكە دەپ ئاتالغان ياكى تەمسىل قىلىنغان.

ئاغىچا: بۇ ئەدەبىي تىلدا بولۇپمۇ خوتەن، قەشقەر تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ جانلىق تىلىدا ياش ۋە ھۆرمەتتە چوڭ ئاياللارغا قارىتا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: ئايشەئاغىچا، توختىئاغىچا، مەريەمئاغىچا. . .

ئاي: ئۇيغۇرچە سۆز، ئايدەك گۈزەل دېگەنلىك. مەسىلەن: ئايتۇرسۇن، ئايقىز، شېرىنئاي دېگەندەك. يەنە «ئايىم»، «ئايلا»، «ئايلىكا» قاتارلىق قوشۇلمىلارمۇ بار. بۇلار «ئاي» قوشۇلمىسى بىلەن تومۇرداش بولسا كېرەك.

بۈۋى: ئەسلىسى بىبى، پارسچە سۆز، بەختسىز تۇل ⑨ دېگەنلىك. ئەمما ئۇيغۇر جانلىق تىلىدا يەھۇدىي ۋە ئەرەب تىللىرىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ئۇ «ئايال» مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: بۈۋىھەجەرخان، بۈۋىنۇزۆھرە. . . بەزى جايلاردا ئايال دىندارغا بېرىلىدىغان ھۆرمەت نامى بولۇپ، يەنە «بۈۋۈم» شەكلىدىمۇ كېلىدۇ.

گۈل: پارسچە سۆز، ئۇيغۇرلاردا ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقان. مەسىلەن: گۈلباھار، گۈلئايىم، پاتىگۈل دېگەندەك. ئەمما توقسۇن، تۇرپان قاتارلىق ئايرىم جايلاردا ئەرلەرنىڭ ئىسىملىرىغىمۇ ئۇلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ئابدۇگۈل، ئەنۋەرگۈل. . .

بانۇ ـ بانۇم: پارسچە سۆز، خانىم، ئايىم، خوتۇن ⑩ دېگەنلىك. مەسىلەن: گۈلبانۇم، مېھرىبانۇ دېگەندەك.

نىسا: ئەرەبچە سۆز، خوتۇن، ئايال ⑪ دېگەنلىك. مەسىلەن: مەرەمنىسا، ئاينىسا، گۈلنىسا دېگەندەك.

## باتۇرلۇققا ئالاقىدار ھۆرمەت ئۇلانمىلىرى

ئاتا بوۋىلىرىمىز ئۆز خەلقى ئىچىدىن چىققان قاۋۇل، چەۋەر ۋە ئەقىللىق قىز ـ ئوغۇللىرىغا ھۆرمەت نام بېرىپ كەلگەن. ئالىپ، تونگا، ئوغۇز، قارا، ئېركىن، بۇقا، ئېلتەبىر، ئارسلان، بۇغرا، توغرۇل، ياغان، باتۇر، پالۋان، كۈچتىڭگىر، ئارخات، زور، جانباز (چامباش)، مەرگەن، نوچى، چاققان، چوڭ قاتارلىقلار ئەنە شۇنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، تارىختىكى ئالىپ ئەرتونگا، ئالىپ ئېلتەبىر، ئوغۇزخان، پەھلىۋان مۇھەممەت كۈچتىڭگىر، سادىر پالۋان، سېيىت نوچى، سەلەي چاققان، غېنى باتۇر، توختى جانباز، مامۇت زور دېگەنلەرگە ئەنە شۇنداق نام بېرىلگەن.

## باشقا ھۆرمەت قوشۇمچىلىرى

بۇلار بەخت ـ سائادەتكە، تەلەيگە ۋە باشقىلارغا ئائىت ئۇلانمىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلاردىن كۆپ ئۇچرايدىغانلىرى مۇنۇلار:

مىش: بۇ قەدىمكى ئۇلانما، ئۇنىڭ بىلەن كەلگەن ئوزمىش (كۆك تۈرك قاغانى)، بۇقامىش (ئۇيغۇر قوماندانى)، توختامىش، قۇتمىش، قاتمىش دېگەندەك ئىسىملار بار.

قول: بۇ ئۇلانما بىلەن كەلگەن كىشى ئىسىملىرىمۇ خېلى كۆپ. مەسىلەن: بەگ قولى، شاھ قولى ئۇيغۇر، زامانقول، ئامانقول دېگەندەك.

كىچىك: ئۇيغۇرلاردا چوڭ، زور دېگەندەك

(ئاخىرى 55 ـ بەتتە)

# ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مۇھەممەد ھەيدەر

مۇھەممەت زەيدى

مۇھەممەد ھەيدەر XVI ئەسىردە ياشىغان ئۇلۇغ تارىخچى، ئەدىب، سەيياھ ۋە سىياسىي ئەرباب. ئۇ شەرقنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن تارىخچىلىرى قاتارىدىن ئۆزىگە خاس ئورۇن ئالغان بولۇپ، ئەدەبىي تەخەللۇسى «ئاياز» ئىدى. مۇھەممەت ھەيدەرنىڭ ئاساسەن ئىككى ئەسىرى بار، ئۇنىڭ بىرى، 1547 ـ يىلى پارس تىلىدا يېزىلغان، موغۇلىستان، شىنجاڭ ۋە مەركىزىي ئاسىيا تارىخىغا بېغىشلانغان مەشھۇر تارىخىي ئەسەر «تارىخى رەشىدى»، يەنە بىرى، 1534 ـ يىلى بەدەخشاندا خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى، ھېكايەتلەر ئاساسىدا ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان «جاھاننامە» داستانىدۇر.

مۇھەممەت ھەيدەر ۋە ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ئەسلى قەشقەرلىك بولۇپ، چاغاتاي ئۇلۇسىدا ئابرويلۇق بولغان دوغلات قەبىلىسىدىندۇر. مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئۇلارغا دەسلەپكى چاغاتاي خانلىرىدىن تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە ئۇنىڭ مىراسخورلىرى زور ئىمتىياز، ئىنئاملارنى ھەمدە تارخانلىق ھوقۇقىنى بەرگەن. موغۇل خانلىرى ئۇلارغا ماڭلاي سۆيىنى بۆلۈپ بەرگەن. ئۇلار شىنجاڭ تارىخىدا چوڭ رول ئوينىغان. مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ چوڭ بوۋىسى ئەمىر سەيىد ئەلى تېمۇرىيلارنى قەشقەردىن چىقارغاندىن كېيىن ئۇزۇن مۇددەت (قەشقەردىكى قەبرە ئۈستىدىكى خاتىرە بويىچە 1434 — 1458 ـ يىللار) قەشقەرىيىنى باشقۇرغان. مۇھەممەت ھەيدەرنىڭ چوڭ تاغىسى (دادىسىنىڭ ئاكىسى) مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىمۇ بىر مۇددەت (1445 — 1480 ـ يىللار) قەشقەرىيىنى ئىدارە قىلغان. ئۇ ئۇزۇن مۇددەت موغۇلىستان خانى يۇنۇسخان (1487 ـ يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ سارىيىدا خىزمەت قىلغان. مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ دادىسى مۇھەممەد ھۈسەيىن كوراگان موغۇلىستان خانى يۇنۇسخانغا كۈيئوغۇل ئىدى. ئۇ ئىستىبداتلىق شائىر، موغۇلىستان خانى سۇلتان مەھمۇتخان قەشقەرى بىلەن بالىلىق ۋاقىتلىرىدىن تارتىپلا دوست ئىدى.

ئۇ ئىككى يىلدەك ئۆمەر شەيخ سارىيىدا بولغان. ئۇراتۆپىدە سۇلتان مەھمۇت قەشقەرىينىڭ نائىبى بولۇپ ئىشلىگەن ۋە ئۇنىڭ ئالدىدا ئۇزۇن ۋاقىت تاشكەنتتە خىزمەتتە بولغانىدى. ئالىم مىن گولوفنىڭ تەكىتلىشىچە، مۇھەممەد ھەيدەر تۇغۇلغىنىدا دادىسى مۇھەممەد ھۈسەيىن قەدىمىي شاش ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى تاشكەنتتە ھاكىم بولغىنىغا ئالتە يىل بولغان ئىكەن.

مۇھەممەد ھەيدەر 1499 ـ يىلى مۇھاجىرلىقتا تۇغۇلغان. مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ دادىسى مۇھەممەد ھۈسەيىن ئانا يۇرتى قەشقەردە بىلىم ئالغان. ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ بىلىملىك ئادىمى، ماھىر ھەربىي باشلىق ئىدى. ئۇ پات ـ پاتلا ئۇستازى ھەزرىتى مۇھەممەد ئىمىن بۇرھانىدىن بىلەن زامانىسىنىڭ زېرەك شائىرى، ئۆلىمالىرى ئابدۇراخمان جامى، ئەلىشىر نەۋائى ۋە باشقىلارنىڭ دائىرىسىدە بولاتتى. ئۇ ئۆز ئوغلىنىڭ پەم ـ پاراسەتلىك، بىلىملىك ئادەم بولۇپ يېتىلىشىنى ئارزۇ قىلىپ، ياش ھەيدەرگە تەربىيىچىلەرنى تەكلىپ قىلغانىدى، ئوغلىنى ئۆز سەپەرلىرىگە بىللە ئېلىپ چىقاتتى. مۇھەممەد ھەيدەر شېئىرلارنى يادقا ئالاتتى، رەسىم سىزاتتى. ئۇ تىنىم تاپماي كۆپ ھەرىكەت قىلىشقا ئادەتلەنگەنىدى.

مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ ياشلىقى تىنچسىز، خەۋپ ـ خەتەرلەر ئىچىدە ئۆتتى. دەشتى قىپچاق قەبىلىلىرىنىڭ زور ئارمىيىسى بۇ دەۋردە ئۆزبېك خانى مۇھەممەد شەيبانى باشچىلىقىدا ماۋەرائۇننەھىرگە بېسىپ كىرىپ بۇخارا، سەمەرقەنتلەرنى ئىگىلىگەن. بۇ چاغدا (1500 ـ يىللىرى ئەتراپىدا) سۇلتان مەھمۇتخان شەيبانىخاننى قوللىغانىدى. لېكىن شەيبانىخان ئۆز ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ يەرلىرىنى ئىگىلەشكە ئىنتىلدى. 1503 ـ يىلى سۇلتان مەھمۇتخان شەيبان ئارمىيىسىدىن قاتتىق يېڭىلدى. ئۆزبېكلەر ئورا تۆپە، تاشكەنتلەرنى ئىشغال قىلدى. شەيبانىخاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەسىرگە ئېلىنغان سۇلتان مەھمۇتخان ئالتە ئوغلى بىلەن بىللە 1508 ـ يىلى قەتلى قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد ھۈسەيىن ئاۋۋال قاراتېكىنگە، ئاندىن خۇسراۋ شاھ يېنىغا، سۇلتان ھۈسەيىن (بايقارا) نىڭ تەكلىپى بىلەن خۇراسانغا، ئۇ يەردىن كابۇلغا — بابۇر ھوزۇرىغا بارغانىدى. كېيىن مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن پەرغانىغا قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولغان ھەمدە بۇ يەردە ئۆزبېكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ شەيبانىخاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن 1508 ـ يىلى ھىراتتا ئۆلتۈرۈلگەن.

«ئاتام بىلەن خۇسراۋ شاھ يېنىدا بىر يىل بولدۇق» دەيدۇ مۇھەممەد ھەيدەر ئاتىسى بىلەن بولغان ئاخىرقى پەيتلەرنى ئەسلەپ «ئاندىن قىش بېشىدا شەيبانىلار خارەزمگە



يۇرۇش قىلغاندا بىز خۇراسانغا كەتكەنىدۇق. مەن كىچىك بولسامۇ بۇ ھادىسىلەر مېنىڭ خاتىرەمدە ساقلىنىپ قالغان».

مۇھەممەد ھەيدەر ئاتىسى ئۆلتۈرۈلگەندە بۇخارادا ئىدى. ئۇ ئاتىسىنىڭ ئاغىنىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن بىر مەزگىل ئايالى بىلەن يوشۇرۇنۇپ يۈردى. كېيىن ئاتىسىنىڭ ئۇستازى مەۋلانە مۇھەممەد ئىمىن بۇرھانىدىن بىلەن بەدەخشان مىرزا ئالدىغا، ئاندىن 1509 ـ يىلى كابۇلدىكى بابۇر يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭ سارىيىدا تۇردى. بابۇر مۇھەممەد ھەيدەرگە ئانا جەمەتتىن يېقىن تۇغقان (بىر تۇغقاننىڭ بالىلىرى) ئىدى. بابۇرنىڭ ئانىسى خوپ نىگار خانىم (يۇنۇسخاننىڭ 2 ـ قىزى) مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ ئانىسى نىگار خانىم (يۇنۇسخاننىڭ 3 ـ قىزى) نىڭ ئاچىسى ئىدى.

مۇھەممەد ھەيدەر بابۇرنىڭ سەمەرقەنتكە قىلغان يۇرۇشلىرىدە بىللە بولدى ھەمدە جەڭلەرگە قاتناشتى.

1512 ـ يىلى مۇھەممەد ھەيدەر سۇلتان سەئىدخان ھوزۇرىغا كەلدى (ئۇ بۇ ۋاقىتتا ئەنجاندا ئىدى). سۇلتان سەئىدخان مۇھەممەد ھەيدەرگە ئاتا جەمەتتىن يېقىن تۇغقان بولۇپ، سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئاتىسى ئەخمەتخان مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ تاغىسى (خوپ نىگار خانىمنىڭ ئاكىسى) ئىدى.

مۇھەممەد ھەيدەر سۇلتان سەئىدخان ئالدىدا بۇ ئائىلىنىڭ مۇھىم ئەزاسى سۈپىتىدە 24 يىل ياشىدى. بۇ يىللار ئىچىدە بۇ يەردىكى كەڭ ـ كۇشادە ئوردا شارائىتىدا ھەر تەرەپلىمە تەلىم ئېلىپ يېتۇك ئالىم، ئەرباب سۈپىتىدە كامالەتكە يەتتى.

بۇ ھەقتە مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ ئۆزىمۇ كەڭ دائىرىدە يازغاندى. زاھىرىدىن بابۇرمۇ «بابۇرنامە» دە مۇھەممەد ھەيدەرگە يۇقىرى باھا بەرگەن. بابۇرنىڭ كۆرسىتىشىچە، «ھەيدەر مىرزا. . . ئاتىسىنى ئۆزبېكلەر ئۆلتۈرگەندىن كېيىن مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ مۇلازىمىتىمدە 3 ـ 4 يىل تۇرۇپ ئاندىن ئىجازەت تىلەپ قەشقەرگە، خان قېشىغا باردى».

مۇھەممەد ھەيدەر ھەر تەرەپلىمە يېتىشكەن، مەسىلىلەرگە ئەتراپلىق قارايدىغان ئادەم ئىدى. ۋەقەلەرگە باي ھاياتىدا ئۇ نۇرغۇن جايلار، كۆپلىگەن مەملىكەتلەردە بولغان ۋە تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. ئۇ كىچىكىدىنلا تۈرلۈك تەبىقە ـ گۇرۇھلار دائىرىسىدە ھەرخىل تۇرمۇش، سەنئەت كەچۈرمىشلىرىدە بولدى. ھەرخىل خەلقلەر ئارىسىدا ھاياتنى چوڭقۇر ئۆگەنگەن، بىلگەنىدى. ئۇ شىنجاڭ، موغۇلىستان، مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئىككى ئەسىرلىك ۋاقىئەلىرى توغرىلىق يېتۇك، يىگانە ئەسەر ياراتتى.

مۇھەممەد ھەيدەر ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن كەڭ ۋە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزىدىغان، زېھنى ئۆتكۈر، پاراسەتلىك ئالىم ۋە شۇنداقلا دانىشمەن دۆلەت ئەربابى سۈپىتىدە تونۇلدى ۋە بۇ ھەقتە مۇناسىپ خاتىرىلەر قالدۇرۇشقا ئىنتىلدى. ئەسەرنىڭ نامىنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىگىچە قايتا كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان ئانا يۇرتى يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانى، ئۆزى بىلەن بىر ئۆيدە ئۆسكەن ئابدۇرېشىتخان نامى بىلەن ئاتىدى.

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى: ئېيتىلغانلارنىڭ ھەممىسىنى مۇھەممەد ھەيدەر ياشىغان ۋە ئۆسۈپ يېتىلگەن مۇھىت ۋە شارائىتتىن ئايرىپ قارىغىلى بولمىسا كېرەك. بۇ دەۋردە شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىلىم مەرىپەت، مەدەنىيەت خېلىلا ئالدىغا كەتكەن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت راۋاجلانغانىدى. قەشقەرىيەدە مۇھەممەد ھەيدەرنى ئۆز تەربىيىسىگە ئالغان سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئۆزىمۇ ئاتاقلىق دۆلەت ۋە مەدەنىيەت ئەربابى ھەم زاماننىڭ زور بىلىملىك، سالاھىيەتلىك ئادەملىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ئۇيغۇر ۋە پارس تىللىرىدا ماھارەت بىلەن شېئىرلار يازغان ئىستېداتلىق شائىر، زېھنى ئۆتكۈر ئالىم ۋە جۇشقۇن ناتىق ئىدى.

مۇھەممەد ھەيدەر سۇلتان سەئىدخان سارىيىدا كۆزگە كۆرۈنگەن ئەرباب سۈپىتىدە مۇھىم دۆلەت ئىشلىرىنى ئورۇندىغان ھالدا سۇلتان سەئىدخان بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ دۆلەتنىڭ سىياسىي ھاياتى ۋە ھەربىي پائالىيىتىگە ئىشتىراك قىلدى. مۇھەممەد ھەيدەر ئۆزىنىڭ ئىككىنچى تەربىيىچىسى ئاتىسى سۇلتان سەئىدخانغا تولىمۇ ئىخلاسمەن، سادىق ۋە مېھرى ـ مۇھەببىتى زور ئىدى. ئۇ سۇلتان سەئىدخاننىڭ كافىرىستان، لاداق، تىبەت، ئامۇ دەريا ۋە باشقا يۇرۇشلىرىغە قاتناشقان.

سۇلتان سەئىدخان ۋاپاتىدىن كېيىن مۇھەممەد ھەيدەر بۇ يەردىن كېتىشكە مەجبۇر بولدى. سۇلتان سەئىدخان تىبەتكە ئاخىرقى قېتىم يۇرۇش قىلغاندا ۋە بۇ يەردىن قايتىۋېتىپ لاداقتا قازا قىلغاندا (1533 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى) مۇھەممەد ھەيدەر ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى. ئۇ بەدەخشانغا، ئاندىن بابۇرىيلار ئالدىغا باردى. لاھوردا بابۇرنىڭ ئوغلى كامران مىرزا ھوزۇرىدا بولدى. 1539 — 1540 ـ يىللىرى ئاگرادا ھۇمايۇن بىلەن قوشۇلدى. ئۇنىڭ بىلەن كاتتا ئۇرۇشدا شىر شاھقا قارشى ئۇرۇش قىلدى. 1541 ـ يىلى كەشمىرنى ئىگىلىدى. بۇ يەردە ئاۋۋال يەرلىك شاھزادە نازۇك شاھ ۋە كېيىن ھۇمايۇن پادىشاھ نامىلىرى بىلەن تەڭگىلەر چىقارغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ مۇستەقىل دۆلەت قۇرغانىدى. مۇھەممەد ھەيدەر 1551 ـ يىلى كەشمىردىكى تاغلىق قەبىلىلەرنىڭ بىر توقۇنۇشىدا تەسادىپىي ئۆز ئادەملىرىنىڭ ئوقى بىلەن 52 يېشىدا ۋاپات بولدى.

ئانا ۋەتىنى شىنجاڭنى قايتا كۆرۈش ئۈمىدىنى ئۈزمىگەن ۋەتەنپەرۋەر ئالىم، شائىر مۇھەممەد ھەيدەر ئۆزى سىرتتا يۈرسىمۇ ئىجادىيىتىنى ۋەتىنىگە بېغىشلىدى. ئۆزى كامال تاپقان ۋە قىزغىن سۆيگەن ۋەتىنىنىڭ گۈزەللىكى، بايلىق ۋە ئۆتمۈشىدىن گۇۋاھلىق بەرگەن ئۆلمەس ئەسەرلىرى — «تارىخى رەشىدى» ۋە «جاھاننامە» نى يېزىپ قالدۇردى. بىۋاقىت كەلگەن ئەجەل مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ ئۈنۈملۈك ئىجادىنى ئوتتۇرا يولدا ئۈزۈپ قويدى.

تەييارلىغۇچى: ھاكىم جاپپار

تەھرىرلىگۈچى: ئابدۇرېھىم ياقۇپ

# سۇتۇق بۇغراخان مازىرى


## ھاجى نۇر ھاجى

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن)


سۇتۇق بۇغراخان مازىرى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەركىزى ئاتۇش شەھىرىنىڭ 3 كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىدىكى سۇنتاغ يېزىسىنىڭ مەشھەد كەنتىگە جايلاشقان.

سۇتۇق بۇغراخان مازىرىدا ئېگىز مۇنارلىق دەرۋازا، قورشاۋتام، مەسچىت، سەرراپ، ياتاق، ئىش بېجىرىش ئۆيلىرى، ھويلا، قەبرىستانلىق، كۆل، مېۋىلىك باغ بار. مازاردا سۇتۇق بۇغراخان مەقبەرىسىدىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان قەبرىلەر بار. مازارنىڭ تەخمىنەن 40 مېتىر شەرقىي شىمالىدا رېشاتكا بىلەن ئورالغان يەنە بىر مەقبەرە بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئۇستازى ئەبۇ نەسىر سامانىينىڭ مەقبەرىسى ئىكەن.

سۇتۇق بۇغراخان (مۇسۇلمانچە ئىسمى ئابدۇكېرىم) قاراخانىيلار خانى كۆل بىلگە قادىرخاننىڭ ئەۋلادى بازىر ئارسلانخاننىڭ ئوغلى بولۇپ، تۇنجى بولۇپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئۇيغۇر خانى، ئۇ مىلادىيە 955 — 956 - يىللىرى ئالەمدىن ئۆتكەن.

1874 - يىلى سۇتۇق بۇغراخان مازىرىنى زىيارەت قىلغان بىللىلۇ ۋە ئې. ف. چاپماننىڭ تارتقان سۈرىتىگە ئاساسلانغاندا، مازارنىڭ قۇرۇلمىسى ئېگىز گۈمبەز شەكىللىك بولۇپ، گۈمبەزنىڭ تۆت بۇرجىكىدە مۇنار بار. گۈمبەز كۆك، يېشىل، سېرىق چاقچۇقلار ۋە گۈزەل نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن، ئۇنىڭ شەرق تەرىپىدە ئېگىز ياغاچ ئەگمە ئىشىك بولۇپ، ئىشىكنىڭ ئۈستىدە «1838 - يىلى قەشقەرنىڭ ھاكىمبېگى زوھۇرىدىن قايتا ياساتقان» دېگەن ئەرەبچە خەت بار①. يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن 1930 - يىلى گۇننار ياررىڭنىڭ كۆرگىنى كىچىكرەك گۈمبەز بولغان②. بۇنداق بولۇشى 1901 - يىلى قەشقەردە 10 بال يەر تەۋرىگەن، ئاتۇش رايونىدا 1902 - يىلى 8.25 بال يەر تەۋرىگەن. يەر تەۋرەش مەركىزىنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى 10 بالغا يەتكەن، يەر تەۋرەشتە نۇرغۇن ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ كەتكەن③. سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مەقبەرىسى ئۆرۈلۈپ كەتكەندىن كېيىن قايتا ياسالغان بولۇشى مۇمكىن. (63 - بەتتىكى سۈرەت سۇتۇق بۇغراخان مازىرىنىڭ ئەسلى شەكلى بولۇپ، ئۇ ھازىر بومباي مۇزېيىدا ساقلانماقتا) سۇتۇق بۇغراخان مەقبەرىسىنى تارىخ بېتىدىن تۇنجى ئورۇن ئالدۇرغان كىشى جامال قارشى، بۇ ئىش سۇتۇق بۇغراخان ۋاپاتىدىن 290 يىل ئۆتۈپ ئاندىن ئورۇندالدى.

1282 - يىلى ئەل جەۋھەرىنىڭ «ئەس سۇرراخ فىل لۇغەت» ناملىق ئەرەبچە سۆزلۈكىنى پارسچىغا تەرجىمە قىلغان، ئالمالىقتا تۇغۇلغان ئۇيغۇر ئالىمى جامال قارشى (ئەبۇل فازىل بىن مۇھەممەد) XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ ئەسەرگە «مۇلھاقاتۇس-سۇرراخ» نامى بىلەن يازغان ئىلاۋىسىدە ئىنتايىن قىممەتلىك مەلۇمات بەرگەن، ئۇنىڭ قاراخانىيلار ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتلىرى بەكمۇ قىممەتلىك، ئۇنىڭ ئىلاۋىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ئەبۇ فازىل



مۇھەممەد ئۆمەر ئوغلى، ئۆمەر بولسا خالىدنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭ تەخەللۇسى جامال قارشى»، مۇئەللىپ مۇنداق دېگەن: «‹سەھھاھ› ئىسىملىك لۇغەت بىلىمسىزلىك دەردىنىڭ داۋاسى، بىلىم تەشنالىرىنىڭ شىپاسى، بەلكى بۇ كىتاب ئەرەب يېزىقىدىكى خاتالىقلارنى ساغلاملاشتۇرغۇچى شىپاخانا، ئىلىم - مەدەنىيەت تەلەپكارلىرىنىڭ داغدام يولى. ‹سەھھاھ› نىڭ ئاپتورى ئاتاقلىق تىلشۇناس ئالىم ئەبۇ ناسىر ئىسمائىل ھامىدنىڭ ئوغلى، تەخەللۇسى ‹جەۋھەرى›» بولۇپ ئۇ، ۋۇجۇدىدىكى يوشۇرۇن گۆھەرلەرنى نامايان قىلىپ، بۇ كىتابنى كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى».

جامال قارشى 1282 - يىلى يازغان «مۇلهاقاتۇس سۇرراخ» ناملىق ئەسرىدە، سۇتۇق بۇغراخاننىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتكەنلىكىنىڭ ئۆتمۈشىنى بايان قىلىپ، سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ھىجرىيە 344 - يىلى (مىلادىيە 955 — 956 - يىللار) ۋاپات بولغانلىقى، ئۇنىڭ قەبرىسىنىڭ قەشقەرنىڭ ئاتۇش مەشھەد كەنتىدە بولۇپ، كىشىلەر ئۇلۇغلاپ تاۋاپ قىلىدىغان ئورۇنغا ئايلانغانلىقى، كىشىلەرنىڭ بۇ جاينى تاۋاپ قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ④ يازغان.

پاكىتلار شۇنى كۆرسەتتىكى، قاراخانىيلار ھەققىدە بىزگە ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ قەدىمكى مەلۇماتلارنى بەرگەن مەنبە جامال قارشىنىڭ ئەسىرى بىلەن «سۇتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى» بولۇپ، ھەر ئىككى مەنبەدە قەشقەر قايتا - قايتا تىلغا ئېلىنغان، قاراخانىيلار خانلىرىنىڭ ئەسلى يۇرتى مۇشۇ رايوندا ئىكەنلىكى كۆچلۈك دەلىللەنگەن ۋە ئۇنىڭ ئائىلە مازارلىقىنىڭمۇ مۇشۇ يەردە ئىكەنلىكى يېزىلغان⑤. «سۇتۇق بۇغراخان ئاتۇشقا دەپنە قىلىنغانىدى. شەرق قىسمىنى ئىدارە قىلغان خانلارنىڭ كۆپى بۇ شەھەردىكى ‹گۈمبەز تولغان› ناملىق ھۆكۈمدارلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان⑥.


تارىختا سۇتۇق بۇغراخان مازىرىنى تىلغا ئالغان ھەم يىل دەۋرىنى ئېنىق كۆرسەتكەن تارىخىي مەنبە مۇھەممەد مىرزا ھەيدەر كوراگاننىڭ (1500 — 1545 - يىللار) «تارىخىي رەشىدى» ناملىق ئەسرىدە مۇنداق قەيت قىلىنغان: «قەشقەردىكى مازارلار ئۈستىدە توختالغاندا، ھەممىدىن ئاۋۋال سۇتۇق بۇغراخان مازىرىنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. سۇتۇق بۇغراخان ئەفراسىياپ نەسلىدىن بولۇپ، ئۇ يۇسۇپ قادىرخان سۇلتان ئىسىملىك خاننىڭ ئەۋلادى. ئۇ تۈركلەر ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن مۇسۇلمان بولغان كىشى»⑦.

مىرزا ھەيدەر كوراگاننىڭ نادىر ئەسىرى بولغان «تارىخى رەشىدى» دىكى مەنبەلەرگە ئاساسەن شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، شۇ دەۋردە ئاتۇشتا سۇتۇق بۇغراخان مازىرى مەۋجۇت بولۇپلا قالماي بەلكى خەلق بۇ جاينى ئەۋلىيالار قەبرىستانلىقى دەپ تاۋاپ قىلغان.

«سۇتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى»مۇ بىزنى قىممەتلىك مەلۇمات بىلەن تەمىنلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئەھمىيەتلىك مەنبەلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا تېگىشلىك. «سۇتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى» نىڭ چاغاتايچە، پارسچە تۈرلۈك قوليازما نۇسخىلىرى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى كۇتۇپخانىلاردا ساقلانماقتا. بۇ قوليازمىلاردىكى سۇتۇق بۇغراخان مازىرى توغرىسىدىكى مەزمۇنلار جامال قارشىنىڭ «سۇرراخ»قا يازغان ئىلاۋىسىدىكى مەزمۇن بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاشلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

يەنە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا «تەزكىرەئى بۇغراخان» نىڭ پارسچىدىن تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسى ساقلانغان. بۇ نۇسخىنىڭ لېنىنگرادتىكى قوليازمىسى A. 237. C582 نومۇر بىلەن ساقلانماقتا. خانىدا ئەپەندى لېنىنگرادتىكى قوليازما ئاساسىدا كىتاب مەزمۇنىنى تونۇشتۇرغاندا، ئاساسلىقى خوجا مۇھەممەد شېرىپنى قىسقىچە تونۇشتۇرغان. خوجا مۇھەممەد شېرىپ سۇتۇق بۇغراخان مازىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەيخلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، سايرامدا تۇغۇلغان، 7 ياشتا ئاتىسىدىن، 12 ياشتا ئانىسىدىن يېتىم قالغان. ئۇ كېيىن سەمەرقەنتكە بېرىپ ئۇلۇغبەگ مەدرىسىدە 30 يىل قاتتىق ئىستىقامەتتە بولغان. كېيىن ئاتۇشقا كېلىپ سۇتۇق بۇغراخان مازىرىغا شەيخ بولغان.

ئابدۇرېشىتخان سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىنى ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتى ئۇسلۇبى بويىچە



حضرت سلطان نینك اولقی رسمی

تېخمۇ چىرايلىق ياساتقان.

خوجا مۇھەممەد شېرىپ 93 ياشتا يەكەندە ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن شاگىرتى مۇھەممەد ۋەلى ئۇنىڭ ئورنىغا شەيخ بولغان. يۇقىرىدىكى خوجا مۇھەممەد تەزكىرىسىدىن قارىغاندا «تەزكىرەئىي بۇغراخان» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى خوجا مۇھەممەد شېرىپ دېسە خېلى مۇۋاپىق⑧.

ئاۋستىرىيىنىڭ لوند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا گ. راكوت شىنجاڭدىن ئېلىپ كەتكەن يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ 7 پارچە يارلىقى بولۇپ، ئۇنىڭ 2 پارچىسى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىنىڭ شەيخىگە بېرىلگەن يارلىق. بۇ 7 پارچە مەكتۇپتىن بۇ يەردە ماقالىمىزنىڭ تېمىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغىنىنى تونۇشتۇرىمىز.

بىز ئالدى بىلەن يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانى مۇھەممەد ئىسمائىل باھادىرغازىنىڭ يارلىقىنى ئۆز ئەينى كۆرستەيلى، بۇ مەكتۇپنىڭ ۋاقتى 1679 - يىل 8 - ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىغا توغرا كېلىدۇ.

### پاك تەڭرىنىڭ ئىسمى بىلەن

مۇھەممەد ئىسمائىل باھادىرغازى سۆزۈم:

پەلەكتەك مەرتىۋىلىك، يۈكسەك ئىقتىدارلىق خانلىق ئورۇن باسارلىرى جامائىتىنىڭ قۇياش كەبى تولۇن ئايى، شجائەت ۋە ساخاۋەت دەرىخىنىڭ مېۋىسى بولغان قېرىنداشلار بىلەن پادىشاھلىق ئاسمىنىنىڭ قۇياشى، خاندانلىق كۆكسىنىڭ نۇرلۇق تولۇن ئېيى، دىن ۋە دۆلەتنى بىلدۈرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى، مەملىكەت ۋە مىللەتنىڭ يېنىۋاتقان چىرىغى، ئۇلۇغ شان - شەۋكەتلىك. . . دۆلەتمەن، سائادەتلىك، بەختىيارلىقتىن بەھىر ئېلىۋاتقان پەرزەنت، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئۇلۇغ، سائادەتلىك تەبىقىلىرى، شەرىئەتكە مەسئۇل قازىلىرى، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئاقساقاللىرى، مۇبارەك سۆزلۈك ئالىملىرى، قۇتلۇقلۇق ئىستىقبالىغا ئىگە پەزىلەت ئىگىلىرى، ئېھتىرامغا مۇناسىپ ئاھالىسى، مەملىكەتنىڭ كۆركى بولغان پەلەكتەك ئىقتىدارلىق ئەمىرلىرى، يۈكسەك تەدبىرلىك ۋەزىرلىرى، ئەبەدىي ھەشەمەتلىك كاتتىلىرى، خەلق ئارىسىدا ياخشى ئاتاقتا ئىگە رەئىسلىرى، بارلىق خاس ئام ۋە پۈتكۈل مۇسۇلمانلار بىلەن تۈمەن بېگى، مىڭ بېگى، يۈز بېگى، ئون بېگى، ئايماق بېگى، ھۆرچىن بېگى ۋە ئىشچى - كۈشچى، مۇناسىۋەتلىك جەمغىرلىگۈچى ئەمەلدار - پۈتۈكچىلىرى بىلەن، خۇسۇسەن ئاستىن ئارتۇچ كەنتى ئۈستىدە مەنسەپ تۇتۇۋاتقان ھاكىم، دورغا، مۆتىۋەللى، قازى ۋە كاتتا ئەربابلار باشلىق ئۇلۇغ - كىچىك، خوجا - چاكار پۇقرالىرىغا روشەن ۋە ئايدىڭ بولسۇنكى، جانابى پەزىلەتلىك، سەيىد نەسەبلىك، نەسەبلىرى شەرەپلىك كەمالىددىن، سەيىدلەر ئەمىرى، دىنىنىڭ شەرىپى، كۆپرۈ - ئىسيانىدىن يۈز ئۆرىگەن ئىمان ئەھلىنىڭ ھامىيسى، ھۆرمەتلىكلەرنىڭمۇ ھۆرمەتلىكرەكى، سۆزلىرى مۆجىزىلىك، ئەۋۋەلە مەن ئەسلەمە مىنەت - تۈركەس - سۇتۇق مۇھىددىن . . . لارغا ئوخشاش نۇرلۇق ۋە فەيزلىك مازارلىرى بىلەن ۋەقپىلىرىگە ئاتا - بوۋىلىرىدىن باشلاپ شەيخ، مۆتىۋەللى، قازى بولۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن قەدىم دەۋران خاقانلىرى ۋە ئۆتكەن زامان سۇلتانلىرى ئېتىراپ قىلىپ، بۇ . . . . كىشىلەرنى بەرگەنىكەن. بۇ ھەقتە يەنە يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ئورۇننىڭ شەيخ، مۆتىۋەللى، قازىلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ بېرىلگەن مۇبارەك يارلىقنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولۇپ، نىزام خوجا شەيخ، مۆتىۋەللى ۋە قازى قىلىندى. بۇ نۇرلۇق مازارنىڭ مەشھەد ناھىيىسىدە ئولتۇرۇشلۇق تۇرغۇن ۋە مۇساپىر،

يەرلىك ۋە يەرسىز كىشىلەرى بۇ بۇزرۇكۋارىنى. . . جاھاننى يورۇتقۇچى قۇياشتەك كۆرگەنلىكى ئۈچۈن مەزكۇر كىشىنى شەيخ، مۆتىۋەللى ۋە قازى دەپ ئېتىراپ قىلىشۇن. ھېچكىم، بەلكى ھېچ جانلىق بۇ تەۋەرۈك مەشھەدكە ھېچ قانداق يول بىلەن نىزا ۋە شېرىكلىك قىلىپ، دەخلى تەئەررۇز ۋە زەخمەت يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە تەشۋىش سالمىسۇن. يەنە بۇ مەزكۇر بولغان ۋەقپە يەرلەرنى زىرائەت قىلغان ۋە باغ قىلغان كىشىلەر دېھقانچىلىقىڭىزلارنى قەدىمىي دەستۇر بويىچە توغرىلىق بىلەن قىلىپ، پارلاق شەرىئەت يوسۇنى بىلەن يۈرگەيسىزلەر، مەزكۇر شەيخ، مۆتىۋەللىنىڭ ھۆرمەت ـ ئېھتىراملىرىنى تولۇق بەجا كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ياخشى خاھىشلىرىدىن ئۆزگىچە ئىش قىلماي، پەرمانلىرىنى زۆرۈر ۋە لازىم دەپ بىلىپ، بۇيرۇغان مەسلىھەتلىك خىزمەتلىرىگە خىلاپلىق قىلمىغايسىزلەر. بۇ مەزكۇر يەرلەرنى بىئىزنى ۋە رۇخسەتسىز سەرپ قىلىپ، زىرائەت ۋە ئىمارەت قىلمىغايسىزلەر. زىرائەت ۋە ئىمارەت قىلغان كىشىلەر بۇيرۇغاننى بەجا كەلتۈرمىسە، بىز مەزكۇرغا رۇخسەت بەردۇككى، ئۇنىڭدىن ئېلىپ، خىزمەتنى بەجا كەلتۈرۈدىغان كىشىلەرگە بەرسۇن، شۇ ئارقىلىق بۇ مەڭگۈلۈك سەدىقە (سەدىقەئى جارىيە) بىكار قىلىنمىسۇن. ۋە يەنە مەزكۇرغا . . . تەئەررۇز قىلىپ، زەخمەت يەتكۈزۈپ، ھاشار ـ مەدىكار، قولقە ـ قونالغۇ، باش قونالغۇ، زەخىرە تۇتۇنى، شاقاۋۇللۇق، قورىمانلىق، مىراپلىق، ۋە ھەتتا . . . ئوقۇش، چېرىك، سامان، ئۇلاغ، ئۇلاغچىلىق، زابىتانە، جارانە، كۆرۈمانە، مۇجەررۇك، نەرخانە، سوپۇنچىلىق ئالمىسۇن. ئېگىن ـ تىكىن، باغ ـ جۇۋاز، تۈگمەنلىرىگە نېمە. . . كېرەك. دىۋان تەكلىپلىرى ۋە سۇلتان مەبلەغلىرىدىن مۇستەسنا ۋە خالىي ھالدا، بەھۇزۇر ئولتۇرۇپ مۇناسىپ دۇئالىرىغا مەشغۇل بولسۇن. مۆتىۋەللىلەر ۋە ۋەزىرلەرنىڭ گۇماشتىلىرى ۋە باشقا ئاقساقاللار بۇ ئورۇننىڭ شەيخ، مۆتىۋەللى ۋە قازىلىقىنى. . . كىشىلەرنى بۇ تارىخدىن. . . قىلىپ، ئۆزگەرتسە ۋە ئالماشتۇرسا، ئۇ كىشىلەر. . . قاتارىدا بولۇپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە لەنەتگەردە بولۇپ، بۇ بۇزرۇكۋارنىڭ. . . مەھرۇم بولغۇلارىدۇر. دەپ تارىخ مىڭ سەكسەن سەككىز توخۇ يىلى جۇمادىس سانى ئاينىڭ ئاخىرى [مىلادىيە 1677 ـ يىلى] پايتەخت يەركەندە ئالىي شۆھرەتلىك مۆھۈرلۈك نىشان پۈتۈلدى.

يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانى مۇھەممەد ئىسمائىلخاننىڭ يارلىقىدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، XVII ئەسىردە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىغا نىزام خوجا دېگەن كىشى شەيخ ھەم مۆتىۋەللى بولغان.

خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش ھارپىسىدا، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قەبرىسى قارا تاغلىقلارنىڭ تەسىر دائىرىسىدە بولغانىكەن. XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاق تاغلىقلارنىڭ تەسىر دائىرىسىدە بولدى.

XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سۇتۇق بۇغراخان مازىرىغا مەنسۇر ئىسىملىك كىشى شەيخ بولدى.

ئاتۇش خەلقى ئارىسىدا سۇتۇق بۇغراخاننىڭ شەنىگە توقۇلغان قوشاقلار زامان ـ زاماندىن بېرى ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

«ئاتۇش دېگەن ئوبدان يۇرت،
دۈشەنبە بازارى بار.
غېرىپلارنى قوللايدۇ،
ھەز سۇلتان مازارى بار.
ھەز سۇلتاندا تۇغ ـ ئەلەم،
قولىدا قىلىچ ـ قەلەم.
يىغلىماڭلار ياش باللا،
ئۆتۈپ كېتىدۇ دەرت ـ ئەلەم»⑨.

ئىزاھاتلار:

① ياپونىيىلىك بىڭتيەن جىڭمىيىنىڭ «سۇتۇق بۇغراخان مازىرى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىندى.
② ياررىڭنىڭ خاتىرىلىرىدىن ئېلىندى.
③ «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» 1997 ـ يىل 1 ـ سان.
④ جامال قارشىنىڭ «مۇلھاقاتۇس سۇرراخ»غا يازغان ئىلاۋىسىدىن.
⑤ رىشات گەنج «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى» ئەسىرىدىن ئېلىندى.
⑥ رىشات گەنج يازغان «قاراخانىلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى»نىڭ 44 ـ بېتى.
⑦ مىرزا ھەيدەر كوراگاننىڭ «تارىخى رەشىدى»سىدىن ئېلىندى.
⑧ ياپونىيىلىك بىڭتيەن جىڭمىيىنىڭ «سۇتۇق بۇغراخان مازىرى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدىن.
⑨ سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «سۇتۇق بۇغراخان» رومانىدىن.

تەھرىرلىگۈچى: بىلقىز مەمەت

新疆
地方志

（季刊）

目　录

1998 年第三期

总第四十四期

顾　问
乌依古尔·沙依然
伊敏·图尔逊
努尔穆罕默德·多莱提

主　编
沙比尔·艾力

副主编
哈德尔·阿皮孜
吾甫尔·吾守尔·尼牙孜
阿不都肉甫·艾力

编　委
（姓氏以维吾尔文字母为序）
阿不都肉甫·艾力
阿不都守库尔·图尔地
阿不都克优木·霍加
阿不来提·努尔东
阿不来提·伊敏
沙比尔·艾力
吾甫尔·吾守尔·尼亚孜
霍加阿合买提·优努斯
哈德尔·阿皮孜
哈斯木·霍加
库尔班·马木提
买买提·阿不拉

责任编辑
阿不力孜·鄂尔浑

# 目　　录

自治区续志和编写地方史工作座谈会上的讲话 …………………………………………………………… 阿不都卡德尔·乃斯尔丁 1
在十五大精神指引下努力做好我区续志和编写地方史工作 ………………………………………………… 白玉玺 6

**历史回忆录**

黑夜里的暗杀 ………………………… 穆罕默德伊敏·库尔巴尼 18
我们的足迹（续）………………………………… 托合提·沙比尔 25
1946 年夏天发生的有些事件 ………………… 玉赛音·艾拜都拉 30

**历史资料**

《皇金系谱》内容简介 ……… 阿不力孜·鄂尔浑.帕日达·阿木提 34
《阿眉》事件 ……………………………………………… 哈斯木·霍加 39
阿合买提江访民族军指挥部与张治中率团到伊宁 ………………………………………………… 托合提·伊不拉音 41

**学术讨论**

新探罗布淖尔人的祖先问题 …………… 米尔苏力糖·吾斯马诺夫 46

**地名研究**

再探有些历史地名 ………………………………… 伊敏·吐尔逊 51

**人名研究**

论维吾尔人名的后缀词 …………………… 海热提江·卡勒地尔 56

**历史人物**

著名的维吾尔学者穆罕默德·海答儿 ………… 穆罕默德·再义地 59

**文物古迹**

苏图克布格拉汗麻扎 ………………………………… 阿吉努尔阿吉 61

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: تۇردى قادىر نازىرى



新疆地方志维吾尔文(季刊)  (پەسىللىك ژۇرنال) شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

主　办:新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会
新疆维吾尔自治区地方志学会
编辑出版:《新疆地方志》编辑部
地　址:乌鲁木齐市东风路8号
照　排:新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会
激光照排公司
印　刷:新疆维吾尔自治区地矿彩印厂

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى
ش ئۇ ئا ر تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى
تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى «شەرق شامىلى» كوچىسى 8 - قورو
تىزغۇچى: ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى لازىر نۇرىدا ھەرپ تىزىش شىركىتى
باسقۇچى: ش ئۇ ئا ر گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار رەڭلىك باسما زاۋۇتى

内部报刊准印证(XJ)1165
电话:2821715　邮政编码:830002
工本费:3.00元

ئىچكى گېزىت - ژۇرناللارنى بېسىشقا رۇخسەت قىلىش كىنىشكىسى: (XJ) 1165
تېلېفون نومۇرى: 2821715 پوچتا نومۇرى: 830002
تەننەرقى: 3.00 يۈەن


شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى
4
1998

# شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

پەسىللىك ژۇرنال

1998 ـ يىل 4 ـ سان

15 ـ يىل نەشرى

ئومۇمىي 45 ـ سان

## ※ مۇندەرىجە ※

### تارىخىي ئەسلىمە

1946 ـ يىلى يازدا بولۇپ ئۆتكەن بەزى ئىشلار (داۋامى) ················· ھۇسەيىن ئەبەيدۇللا 1
تارىخ بېتىنى ۋاراقلىغاندا································ مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى 8
بىز باسقان ئىزلار (داۋامى) ··········································· توختى سابىر 10

### تارىخ سەھىپىسىدە

ئاتالمىش «تۈركىستان» توغرىسىدا ··········································· ۋاڭ جىلەي 14
شۆتىسىيدە ساقلانغان شىنجاڭغا ئائىت ماتېرىياللار ······························ شىمېن ياسۇشى 20

### ئىلمىي مۇھاكىمە

خوتەن دىئالېكتىنىڭ ئاق ھۇن قاتلىمى توغرىسىدا ························· مىرسۇلتان ئوسمانوف 30

### مەشھۇر شەخسلەر

سەلەي چاقىقان ۋە ئۇنىڭ لەتىپىلىرى ·································· داۋۇت تۇرەخمەتوف 39

### مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى

مۆلچەر دەرياسى بويىدىكى قىياتاش رەسىملىرى ························· ئابدۇقېيۇم خوجا 44

### جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى

6 § . موڭغۇللارنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشىنىڭ جۇڭگودىكى مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى 55

مەسلىھەتچىلەر: ئۇيغۇر سايرانى، ئىمىن تۇرسۇن، تۇرمۇھەممەت دۆلەتى
باش مۇھەررىر: سابىر ئەلى
مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر: قادىر ھاپىز، غوپۇر ھوشۇر نىيازى، ئابدۇرۇپ ئىلى
تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى): ئابدۇرۇپ ئىلى، ئابدۇشوكۇر تۇردى، ئابدۇقېيۇم غوجا، ئابلەت نۇردۇن، ئابلەت ئىمىن، سابىر ئەلى، غوپۇر ھوشۇر نىيازى، غوجائەخمەت يۇنۇس، قادىر ھاپىز، قاسىم غوجا، قۇربان مامۇت، مەھەممەت ئابلا
مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلىز ئۇرخۇن

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# 1946 - يىلى يازدا بولۇپ ئۆتكەن بەزى ئىشلار

هۆسەيىن ئەبەيدۇللا

(ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتىدىن)

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

ئورا كولۇنۇپ بولغاندىن كېيىن لېنجاڭ ئۈمەك باشلىقىغا خەت بەرگەن 3 ئۇيغۇر ئەسكەر (بۇ ئۈچى مەزكۇر لېندىكى ئۇيغۇر ئەسكەرلەر بەنلىرىنىڭ بەنجاڭلىرى بولۇپ، ئىسمىدە قېلىشىچە بىرىنىڭ ئىسمى ياسىن، بىرىنىڭ ئىسمى ئايۇپ ئىدى، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ) نى ئورىغا ئىتتىرىپ چۈشۈرۈپ، مىنىڭ ئۈستۈمدىن باشلىققا ئەرز بەرگىنىڭلار ئۈچۈن دەپ ئەسكەرلەرگە بۇيرۇق بېرىپ تىرىك كۆمدۈرۈۋەتكەنلىكى، بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشقا ئۇنىمىغانلارنى قاتتىق ئۇرغانلىقى، بۇ قانلىق ۋەقەنى كۆرگەن ئۇيغۇر ئەسكەرلەر ۋە كۇمۇش ئۆتىڭدىكى خەلقنىڭ يىغا - زارە قىلىشقانلىقى، ئاخىردا ئەسكەرلەر ۋە خەلق بىرلىشىپ خەت يېزىپ شۇ ۋاقىتتا كۇمۇشكە چۈشكۈن قىلغان ئۇيغۇر سودىگەرلەردىن ئىبراھىم تۇردىغا ئەۋەتكەنلىكى ئېيتىلغان ئىكەن. ئىبراھىم تۇردىنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ خەتنى دەرھال خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ ئۈمەك باشلىقى جاۋ شىگۇاڭغا تاپشۇرۇپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەنلىك چاي ۋاقتىدا ئۇبۇلقاسىم سابىت كېچىدە بولغان ئىشلارنى بىزگە ئېيتىپ بەردى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، كېچىدە ھەممەيلەن ئۇخلاپ قالغاندا ئۈمەك باشلىقى جاۋ شىگۇاڭ ئۈمەكتىكى پولكوۋنىك دەرىجىلىك ئەمەلدارنى مەسئۇل قىلىپ، مىلىيلاردىن ئۇبۇلقاسىم سابىتنى قاتناشتۇرۇپ، ئۈمەك

خىزمەتچىلىرىدىن 3 ئوفىتسېر ۋە ئون نەچچە مۇھاپىزەتچى ئەسكەردىن بىر گۇرۇپپا تەشكىللەپ، ئۇيغۇر ئەسكەرلەرنى تىرىك كۆمدۈرگەن لېنجاڭنى تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇپ، ئاپتوموبىل بىلەن كۇمۇشكە ئەۋەتكەن. ئۇبۇلقاسىمنىڭ ئېيتىشىچە، قاتىل لېنجاڭ گازارمىنىڭ دەرۋازىسىنى مەھكەم تاقاپ، دەرۋازىنىڭ ئۈستىگە 2 دانە پىلىموتنى سىرتقا قارىتىپ تىكلەپ قويغان. ئۇيغۇر ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ياتاقلىرىغا كىرگۈزۈۋېتىپ، ئىشىكلەرنى قۇلۇپلىۋەتكەن. قاراشەھەردىن بارغانلار جاۋ شىگۇاڭنىڭ بۇيرۇقىنى لېنجاڭغا يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭ دەرۋازىنى ئېچىپ ئۆزلىرى بىلەن بىللە قاراشەھەرگە بېرىشىنى بۇيرۇغان. لېنجاڭ دەرۋازىنى ئېچىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، قاراشەھەردىن كەلگەنلەرگە «ئەگەر قايتىپ كەتمىسەڭلار ئوق چىقىرىمەن» دەپ تەھدىت سالغان. جاۋ شىگۇاڭ ئەۋەتكەن پولكوۋنىك قاتتىق - يۇمشاق گەپلەر بىلەن كۆپ نەسىھەت قىلغاندىن كېيىن، لېنجاڭ ئىلاجىسىز دەرۋازىنى ئاچقان. قاراشەھەردىن بارغانلار لېنجاڭنى ئېلىپ يېرىم كېچىدە ئۈمەك چۈشكەن ئورۇنغا قايتىپ كەلگەن. ئەتىسى (7 - ئاينىڭ 5 -



كۈنى) ئەتىگەنلىك تاماق ۋاقتىدا جاۋ شىڭگۇاڭ ئۆمەكتىكىلەرگە تۈنۈگۈن كۈمۈشتە يۈز بەرگەن ۋەقە ۋە كېچىدە بولغان ئىشلارنى ئۇقتۇرۇپ، ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىل لىيەنجاڭنىڭ قىلمىشلىرىنى كېچىدە تېلېگرامما ئارقىلىق غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇدىرى جاڭ جىجۇڭغا مەلۇم قىلغانلىقىنى، جاڭ جىجۇڭدىن جىنايەتچىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىش، جازانى خەلق ئالدىدا ئىجرا قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق كەلگەنلىكىنى، ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن بۇيرۇق ئىجرا قىلىنىدىغانلىقىنى، ئۆمەكتىكى ھەممەيلەننىڭ يىغىن مەيدانىغا بېرىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. بىز ئەتىگەن سائەت 8 يېرىملاردا يىغىن مەيدانىغا باردۇق. قاتىل لىيەنجاڭ ئەسكەرلەر تەرىپىدىن يىغىن مەيدانىغا ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن، ئۆمەكنىڭ پولكوۋنىك ئۇنۋانلىق ئەزاسى قاتىلنىڭ جىنايەتلىرى توغرىسىدا يىغىنغا قاتناشقۇچىلارغا سۆز قىلدى ۋە يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە لىيەنجاڭغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنىپ، ھۆكۈم شۇ مەيداندا ئىجرا قىلىنىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ھۆكۈم بويىچە جىنايەت ئۆتكۈزگەن قاتىل لىيەنجاڭ ئېتىپ تاشلاندى. ئۆمەك باشلىقى جاۋ شىڭگۇاڭ ئۆمەكتىكى مىللىيلارنىڭ گۇمان قىلىشىدىن خالىي بولۇش ئۈچۈن، ئىبراھىم تۇردى ۋە ئوبۇلقاسىمنى لىيەنجاڭنىڭ ھەقىقىي ئۆلگەن - ئۆلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئۇلار بېرىپ لىيەنجاڭنىڭ راستىنلا ئۆلگەنلىكىنى ئېنىقلاپ كەلدى. بۇ ۋەقە قاراشەھەردە ناھايىتى زور تەسىر قوزغىدى. گومىنداڭنىڭ خورلۇقىنى يەتكىچە تارتقان قاراشەھەر خەلقى ۋە يېقىن ئەتراپتىكى ناھىيىلەردىكى پۇقرالار بۇ ئىشتىن ئىنتايىن خۇشال بولۇشتى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن قاراشەھەر ۋالىي مەھكىمىسى ۋىلايەتلىك چوڭ كۇلۇبتا جەنۇبىي شىنجاڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ قاراشەھەرگە كەلگەنلىكىنى قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن يىغىن ئاچتى. يىغىنغا قاراشەھەر ۋالىيسى باشچىلىقىدىكى بارلىق ھەربىي - مەمۇرىي باشلىقلار، ئىدارە باشلىقلىرى قاتناشقاندىن تاشقىرى قاراشەھەردىكى بىر تۈركۈم زىيالىيلار ۋە ياشلار ۋەكىللىرى قاتناشتى. يىغىندا سۆزگە چىققان ياشلار، زىيالىيلار ۋەكىللىرى قاراشەھەردىكى گومىنداڭ ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى، ئەسكەرلەرنىڭ خەلققە قىلىۋاتقان زوراۋانلىقلىرى ۋە قاراشەھەردىكى ساقچى ئورۇنلىرىنىڭ بىر تۈركۈم ئىلغار ياشلارنى قولغا ئېلىپ ۋەھشىيلەرچە قىيناۋاتقانلىقى ھەققىدە شىكايەت قىلىپ، تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ تۈرمىدىكى ياشلارنى قويۇپ بېرىش توغرىسىدا ساقچى ئورۇنلىرىغا بۇيرۇق قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. يىغىندىن كېيىن ئۆمەك ئەزالىرى ئىبراھىم تۇردى، مادامبېكلار ئۆمەك باشلىقلىرى بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىن، ئۆمەك ساقچىغا ئادەم ئەۋەتىپ سۈرۈشتۈردى. ساقچى ئىدارىسى قولىدا ھېچقانداق پاكىت بولمىغاچقا، تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان 10 غا يېقىن ياشنى قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. قويۇپ بېرىلگەنلەر ئىچىدە ئىبراھىم تۇردىنىڭ دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان شاگىرتلىرىمۇ بارلىقىنى بىلدۇق.

ئۆمەك قاراشەھەردە 3 كۈن تۇرغاندىن كېيىن كورلا، بۈگۈر ناھىيىلىرىدە بىرنەچچە كۈن توختاپ، ئىدارە باشلىقلىرى، خەلق ۋەكىللىرى قاتناشقان يىغىنلارنى ئۆتكۈزدى. يىغىنغا قاتناشقان زىيالىيلار ۋە خەلق ۋەكىللىرى، ياشلار شۇ ناھىيىلەردىكى گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى ۋە گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ خەلققە قىلىۋاتقان زورلۇق - زومبۇلۇقلىرى ئۈستىدە شىكايەت قىلدى.

## كۇچا ياشلىرىنىڭ ئىنقىلابىي قەيسەرلىكى

ئۆمىكىمىز 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى كۇچا ناھىيىسىگە يېتىپ باردى. كۇچا خەلقى، بولۇپمۇ ياشلار، زىيالىيلار ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ ئۆمەكنى قىزغىن قارشى ئالدى. ئىگىلىشىمىزچە، كۇچادا ئاممىۋى ئاساسى كۈچلۈك بولغان ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتى بار ئىكەن. بۇ تەشكىلاتتا كۇچا ياشلىرىدىن ئېزىز يۈسۈپ (ھازىر شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە)، مۇھەممەتنىياز ناسىروفلار يېتەكچىلىك قىلىدىكەن. ئۇلار كۇچادا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەشلەردە نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىپتۇ. بۇ خەۋەرنى مەن ئۈرۈمچىدىكى چېغىمدىلا ئاڭلىغانىدىم. كۇچادا

ياشلار ۋەكىللىرى ئۆمەكتىكى ئىبراھىم تۇردى قاتارلىق كىشىلەر بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولدى. ئۇلار بىزگە كۇچانىڭ يېقىنقى ئەھۋاللىرىنى، ياشلار تەشكىلاتىنىڭ خىزمەتلىرىنى تونۇشتۇردى. 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن كۇچا خەلقى، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ ئىنقىلابىي قىزغىنلىقى يۇقىرى ئۆرلەپ، بىرمۇنچە ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغانلىقىنى بايان قىلىشتى ۋە 11 بېتىم ئىمزالىنىشىنىڭ ئالدى - كەينىدە كۇچادىكى گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ ياشلارغا قىلغان زىيانكەشلىكلىرىنى پاش قىلدى. ياشلار ۋەكىللىرىنىڭ پاش قىلىشىچە، كۇچا ساقچى ئىدارىسى 11 بېتىم ئىمزالىنىشىنىڭ ئالدىدا بىر تۈركۈم ئىلغار ياشلارنى قولغا ئالغانىكەن. 11 بېتىمدە 7 ۋىلايەتتە قولغا ئېلىنغان سىياسىي مەھبۇسلارنى دەرھال ئازاد قىلىش كېرەك، دەپ كۆرسىتىلگىنى بويىچە، كۇچادىكى گومىنداڭ دائىرىلىرى ئۆمەك كۇچاغا كېلىشتىن ئىلگىرى تۈرمىدىكى مەھبۇسلاردىن بىر تۈركۈمنى تۈرمىدىن بوشاتقانىكەن. ئۆمەك كۇچاغا يېتىپ كەلگەن كۈنى ئۆمەكنىڭ كۇچاغا كەلگەنلىكىنى قارشى ئېلىشقا چىققان ياشلارنىڭ كوچىدا ساقچى ئىدارىسىنىڭ تېررورلۇق ھەرىكىتىگە قارشى شوئار توۋلىغانلىقىنى باھانە قىلىپ، ساقچى ئىدارىسى ياشلار تەشكىلاتىنىڭ مەسئۇللىرىدىن ئېزىز يۇسۇپ، مۇھەممەتنىياز ناسىروف قاتارلىق ياشلارنى شۇ كۈنى كەچتىلا قولغا ئالغانىكەن. ئۆمەك كۇچاغا يېتىپ بارغان كۈننىڭ ئەتىسى كۇچا ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى كۇلۇبىدا ئۆتكۈزگەن ھەر ساھە ۋەكىللىرى قاتناشقان سۆھبەت يىغىنىدا، كۇچا ياشلىرىنىڭ ۋەكىللىرى تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ قولغا ئېلىنغان ياشلارنى تۈرمىدىن بوشىتىپ بېرىش توغرىسىدا ساقچى ئىدارىسىگە بۇيرۇق قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. ئۆمەك خەلقنىڭ كۈچلۈك تەلىپىگە ئاساسەن، كۇچا ساقچى ئىدارىسىگە ئادەم ئەۋەتىپ، قولغا ئالغان ياشلارنى دەرھال قويۇپ بېرىشنى بۇيرىدى. خەلقنىڭ كۈچلۈك تەلىۋى ۋە ئۆمەكنىڭ بېسىمى ئاستىدا كۇچا ساقچى ئىدارىسى قولغا ئالغان ياشلارنى قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. ئۆمەك كۇچادا 3 كۈن تۇردى. كېيىن ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ئۆمەك كۇچادىن يۈرۈپ كېتىشى بىلەنلا ساقچى ئىدارىسى قويۇپ بەرگەن ياشلار ۋەكىللىرىنى قايتىدىن قولغا ئالغان. كۇچادا بولۇپ ئۆتكەن بۇ ۋەقەلەر جەنۇبىي شىنجاڭدىكى گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ نەقەدەر ساختىلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

### ئۆمەك تەركىبىدىكى ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ پوزىتسىيىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر

كۇمۇشتە ئام ئۆلتۈرگەن قاتىل لىيەنجاڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىشى، قاراشەھەر خەلقىنىڭ كۈچلۈك بېسىمى بىلەن تۈرمىدىكى بىر تۈركۈم ياشلارنىڭ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىشى ۋە كۇچادا ئىنقىلابىي ياشلارنىڭ كۈچلۈك تەلىپى بىلەن يەنە بىر تۈركۈم ياشلارنىڭ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىشى كەڭ ئىنقىلابىي ئاممىنى خۇشال قىلىدىغان ئىش بولدى. لېكىن سەپىرىمىزنىڭ كېيىنكى ئەھۋالى قاراشەھەر ۋە كۇچادىكىدەك بولمىدى. ئۆمەكتىكى ئاساسلىق كۈچنى تەشكىل قىلىدىغان گومىنداڭ ئەربابلىرى ئىش مۇشۇنداق كېتىۋەرسە ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىسىز بولىدىغانلىقىنى سەزدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ پوزىتسىيىسى روشەن ھالدا ئۆزگىرىشكە باشلىدى. ئىشلار ئۈرۈمچىدە جاڭ جىجوڭ ئاپئان ياشلار سۆھبەت يىغىنىدا ياشلار، زىيالىيلار ۋەكىللىرى جەنۇبىي شىنجاڭغا تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئەۋەتىش توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپ ۋە نىشانىنىڭ ئەكسىگە قاراپ ماڭدى. ئاڭلىشىمىزچە، ئۆمەك ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى گېنېرال جاڭ جىجوڭ ئۆمەكنىڭ تەشكىل قىلىنغانلىقىنى ئېلان قىلغان چاغدا «جەنۇبىي شىنجاڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، ھەربىيلەرنىڭ خەلققە زۇلۇم قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرىدۇ، جىنايىتى ئېغىر ئەمەلدارلارنى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلاشقا، جازالاشقا ھوقۇقلۇق» دەپ ئېيتقانىكەن. ئەمما ئۆمىكىمىز كۇچادىن ئايرىلغاندىن كېيىن بارغان جايلاردا ئىشلار سەل باشقىچە بولدى.

7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى باي ناھىيىسىگە كەلدۇق.

بۇ ناھىيىدە پەقەت بىر كېچىلا قوندۇق. لېكىن بۇ يەردە بىزنى ئىزدەپ كېلىدىغانلار كۆپ بولدى. ئۇلاردىن ئىگىلىشىمىزچە ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى باي ناھىيىسىنى ئازاد قىلىپ بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، غۇلجىدىن كەلگەن بۇيرۇق بويىچە باي ناھىيىسىدىن چېقىپ كېتىپتۇ. باي ناھىيىسىدىكى گومىنداڭ ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى، ساقچى ئورۇنلىرى نۇرغۇن كىشىلەرنى «ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسى بىلەن مۇناسىۋەت قىلدىڭ» دەپ قاماپتۇ. قامالغانلارنىڭ بەزىلىرى تۈرمىدە ئۆلۈپ كېتىپتۇ. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى بايدىن چېكىنگەندە ئۇلارغا ئەگىشىپ بىللە چىقىپ كەتكەن ياشلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى، خوتۇن - بالىلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى گومىنداڭ دائىرىلىرى تۇتۇپ كېلىپ ۋەھشىيلەرچە قىيناپتۇ.

7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئاقسۇغا يېتىپ باردۇق. ئاقسۇدا ئۈمەكنى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە ئورۇنلاشتۇردى. بۇ ئاقسۇدىكى ئىنقىلابىي خەلق ۋە ياشلارنىڭ ئۈمەك بىلەن ئۇچرىشىشىنى توسۇش، ئۈمەكتىكى ئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلەشنىڭ بىر چارىسى بولدى. بۇ ئىشلارنىڭ ئۈمەك باشلىقى جاۋ شىگۇاڭ ۋە ئۈمەكتىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. جاۋ شىگۇاڭ «ئاقسۇ ئانچە تىنچ ئەمەس، ئۈمەكنىڭ بىخەتەرلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ يەرلىك ئورۇنلار بىزگە مۇشۇ يەرنى راسلاپتۇ» دېدى. بۇ يەردە گومىنداڭ ھەربىي قىسىملىرى كۆپ ئىكەن. بۇ يەردىكى گومىنداڭ دائىرىلىرى ئىنقىلابىي ئاممىنى بىزگە يېقىنلاشتۇرماسلىق ئۈچۈن خىلمۇ خىل توسالغۇلارنى پەيدا قىلغان بولسىمۇ يەنىلا بىر قىسىم ئوت يۈرەك ياشلار بىزنى ئىزدەپ كېلىشتى. بىزمۇ تۈرلۈك ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ، خەلق ۋەكىللىرىنىڭ بىزگە دېمەكچى بولغان دەرت - ئەلەملىرىنى ئاڭلاشقا تىرىشتۇق. ئۇلار بىزگە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ يەرلىك فېئودال پومېشچىكلار، زومىگەرلەر بىلەن بىرلىشىپ، ئىنقىلابىي ياشلارنى كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىپ يوشۇرۇن ياكى ئاشكارا ھالدا ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرگەنلىكىنى، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ل. مۇتەللىپ باشلىق نۇرغۇن ۋەتەنپەرۋەر، ئىنقىلابىي پەرزەنتلىرىنى نابۇت قىلغانلىقىنى چوڭقۇر قايغۇ بىلەن سۆزلەپ بەردى. بۇ ئېچىنىشلىق ئىشلارنى ئاڭلاپ ئىبراھىم تۇردى باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابىي كۈچلەر قاتتىق قايغۇردۇق. مەرھۇم لۇتپۇللا مۇتەللىپ 1939 — 1941 - يىللىرى ئۈرۈمچى ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان چېغىدا مىنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ساۋاقدىشىم شۇنداقلا ئىبراھىم تۇردىنىڭ روھلۇق، جۇشقۇن شاگىرتلىرىنىڭ بىرى ئىدى. شۇڭا بۇ شۇم خەۋەر ئىبراھىم تۇردى ۋە ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى. ئىبراھىم تۇردى شۇ ۋاقىتتا ھەممىگە خىتاپ قىلىپ: «بۇ مەرھۇم ئىنقىلابچىلىرىمىزنىڭ ئاققان قېنى ھەرگىز بىكار كەتمەيدۇ. بىز زالىم، جاللاتلاردىن بۇ قىساسنى چوقۇم ئالىمىز» دېگەنىدى.

## قەشقەر خەلقىنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان ئىنقىلابىي روھى

بىز ئاقسۇدا 3 كۈن تۇرۇپ 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى قەشقەرگە يېتىپ باردۇق. بىز بارغان كۈنلەردە قەشقەردە رامزان مەزگىلى ئىكەن. ئاپتوموبىلدا كېتىۋېتىپ چوڭ كوچىدا ئاتلىق ۋە پىيادە يۈرگەن بىرقانچە سەللىلىك موللىلارنىڭ قوللىرىدىكى چوڭ دەررىلەر بىلەن ئاياللارنى قوغلاپ يۈرۈپ «يۈزۈڭنى ياپ، دەۋزىخى» دەپ ھاقارەتلىك تىللار بىلەن تىللاپ ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولدۇم. ئۈرۈمچى ۋە باشقا جايلاردا مۇنداق كۆرۈنۈشنى تېخى ئۇچراتمىغانىدىم. بۇ يەردىكى خەلق گومىنداڭ زالىم ئەمەلدارلىرىنىڭ مۇستەبىتلىك ھۆكۈمرانلىقىدىن سىرت يەرلىك مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭمۇ زۇلمىغا ئۇچراپ خۇراپاتلىق ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ، زومىگەر موللىلارنىڭ زوراۋانلىقىغا قاتتىق غەزەپلەندىم. لېكىن سەپەر جەريانىدا بۇ خىل ئەھۋالنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال ئىكەنلىكىنى، خەلقنىڭ ئىككى خىل زۇلۇم ئاستىدا قاتتىق ئېزىلىۋاتقانلىقىنى

چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ئۆمەكتىكىلەرنىڭ بىر قىسمىنى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىكى ئىسمايىل باي دېگەن ئادەمنىڭ قورۇسىغا، يەنە بىر قىسمىنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى بىناسىغا ئورۇنلاشتۇردى (بۇ ئىككى جاينىڭ ئارىلىقى يېقىن ئىكەن).

بىز قەشقەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ يەردىكى خەلقنىڭ، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ باشقا ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە قارىغاندا بىر قەدەر جۇشقۇن، ئىنقىلابىي روھىنىڭ ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق. قەشقەرگە بېرىشىمىز بىلەنلا قەشقەرنىڭ ھەر ساھە كىشىلىرى ۋە ياشلار ئارقىمۇ ئارقا كېلىپ بىز بىلەن كۆرۈشتى. قەشقەرگە بارغان كۈننىڭ ئەتىسى ھېيتگاھتىكى چوڭ كۆلۈبتا يىغىن بولدى. قەشقەر شەھىرىدىكى ھەر ساھە خەلقلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، ياشلار، زىيالىيلار ۋەكىللىرى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىننىڭ بېشىدا ئۆمەك باشلىقى جاۋ شىگۇاڭ سۆز قىلدى. ئارقىدىن خەلق ۋەكىللىرى، زىيالىيلار ۋە ياشلار سۆز قىلدى. ئۇلار گومىنداڭ ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى ۋە ساقچى ئورۇنلىرىنىڭ قەشقەر ۋىلايىتى دائىرىسىدە 11 بېتىمنى بۇزۇش پېيىگە چۈشكەنلىكىنى، ھەتتا تاشقورغان پارتىزانلىرىغا ھېسداشلىق قىلغان كىشىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىشتا ناھايىتى رەزىل ۋاستىلەرنى قوللانغانلىقىنى پاش قىلدى. يىغىن داۋامىدا بىر ياش سۆزگە چىقىپ ناھايىتى ھاياجانلانغان ھالدا غەزەپ بىلەن مۇنداق دېدى: «بۇ يىل 6 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئۈرۈمچىدىن شىنجاڭ تىنچلىق ساقلاش شتابىنىڭ باش قوماندانى سۇڭ شىليەن دېگەن كىشى قەشقەرغە كېلىپ، مۇشۇ كۇلۇبتا ئېچىلغان چوڭ يىغىندا خەلق ۋەكىللىرىگە سۆز قىلىپ، خەلقنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنى ئوچۇقتىن ئوچۇق ھاقارەتلىدى، ئۇ سۆزلەۋېتىپ ئالدىدىكى تەخسىدىن بىر تال گازىرنى ئاغزىغا سېلىپ چېقىپ ،سىلەر تىنىچ ئۆتۈشۈڭلار كېرەك، ئەگەر دۆلەت قانۇنىغا بويسۇنماي، تىنىچ بولماي، ھەددىڭلاردىن ئاشىدىكەنسىلەر خۇددى ئاغزىمغا سالغان بىر تال گازىرنىڭ تەقدىرىدەك يەنچىلىپ تۈگەيسىلەر، دەپ يىغىن قاتناشچىلىرىغا ھەيۋە قىلدى» دېدى. بۇ ياشتىن كېيىن سۆزگە چىققان بىرمۇنچە كىشىلەر سۇڭ شىليەننىڭ ھەيۋە قىلىپ قورقۇتۇشلىرىغا ۋە ھاقارەت قىلىشىغا قەتئىي قارشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتى. قەشقەردە ياشلار تەشكىلاتىنىڭ پائالىيەتلىرى خېلى جۇشقۇن ئىكەن. مەن مەسئۇل بولۇپ ئېلىپ كەلگەن ئۈچ ۋىلايەتنىڭ گېزىت - ژۇرناللىرى ۋە «خانتەڭرى» ژۇرنىلىنى ياشلار تەشكىلاتىنىڭ مەسئۇللىرىغا بەردىم. بۇنىڭدىن بۇرۇن يول ئۈستىدىكى ناھىيىلەردىمۇ ياشلار تەشكىلاتلىرى، ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىغا بۇ ماتېرىياللارنى تارقاتقانىدىم. بىز بارغان جايلار ئىچىدە ياشلارنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتى قەشقەر بىلەن كۇچادا بىرقەدەر تەرەققىي قىلغانلىقىنى ھېس قىلدۇق. قەشقەردە بىر ھەپتە تۇرغاندىن كېيىن قەشقەردىن چىقىپ يېڭىسار ناھىيىسىگە كەلدۇق. يېڭىساردا بىر كۈن توختاپ يەكەنگە يۈرۈپ كەتتۇق. يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ مۇشۇ مەزگىلدىكى ئەھۋالى بىز بېسىپ ئۆتكەن ناھىيىلەرنىڭكىگە ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدىكەن.

**جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئەكسىيەتچىلىكتە ئۇچىغا چىققان زالىم ئەمەلدار — جۇ فاڭگاڭ**

7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى يەكەنگە يېتىپ باردۇق. شۇ چاغلاردا يەكەن ۋىلايەت ئىكەن. بۇ ۋىلايەتكە يەكەن، قاغىلىق، پوسكام، مەكىت ناھىيىلىرى قارايدىكەن. يەكەندە ئۆمەكنى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ يەكەندە تۇرۇشلۇق قىسمىنىڭ دىۋىزىيە شتابىغا چۈشۈردى. دىۋىزىيە شتابىنىڭ ئىشىكىدە ئەسكەرلەر پوست تۇرغاچقا، يەكەن خەلقى بىز بىلەن كۆرۈشۈشكە ئامالسىز قالدى. بىز چۈشكەن يېرىمىزدىن سىرتقا چىقىپ، ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قاتارلىق جامائەت تەشكىلاتلىرىدا ئاما بىلەن ئۇچرىشىپ خەلقنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىدۇق. يەكەن شۇ مەزگىللەردە جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە گومىنداڭ ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىنىڭ زوراۋانلىقى ئەڭ دەھشەتلىك جايلارنىڭ بىرى ئىكەن. بۇ ھەقتە ئۈرۈمچىدىكى سۆھبەت يىغىنىدا كۆپ ئاڭلىغانىدىم. 7 - ئاينىڭ

29 - كۈنى بىز ھەر تەرەپ بىلەن سۆزلىشىپ، ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدىكى ئىلغار كۈچلەرنىڭ چوڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ كۇلۇبىدا يىغىن ئېچىشنى قولغا كەلتۈردۇق. ئۆمەك بارغان ناھىيە، شەھەرلەردە مۇنداق ئاممىۋى يىغىنلارنى ئېچىپ كەلگەچكە، جاۋ شىگۇاڭ يەكەندە يىغىن ئېچىشنى چەكلەشكە جۈرئەت قىلالمىدى. يىغىندا ئىنقىلابىي ياشلار، زىيالىيلار گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەيۋىسىگە قارىماي، زالىم ئەمەلدارلار، ئىككى يۈزلىمچى مىللىي مۇناپىقلار، زومىگەر پومېشچىكلارنىڭ تۈرلۈك جىنايى قىلمىشلىرىنى دادىللىق بىلەن پاش قىلدى.

يەكەننىڭ شۇ چاغدىكى ۋالىيسى جۇ فاڭگاڭ ئىسىملىك بىر كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ سېبىق نامى پۈتۈن ۋىلايەتكە، ھەتتا جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىغا پۇر كەتكەنىكەن. ئۇ ئەكسىيەتچىلىكتە، يەرلىك خەلققە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىشتا ئۇچىغا چىققان قانخور ئىكەن. كېيىنچە ماتېرىياللاردىن كۆرۈشۈمچە، بۇرۇن جۇ فاڭگاڭ گومىنداڭنىڭ 3 ۋىلايەتكە قارشى ئۇرۇش قىلغان ئالدىنقى سەپ قوشۇنلىرى ئىچىدە خېلى چوڭ مەنسەپكە ئىگە كوماندىر بولۇپ، نۇرغۇن قېتىملىق ئۇرۇشلارغا ئۆزى بىۋاستە قوماندانلىق قىلغان قانخور جاللات ئىكەن. شۇڭا ئۇنى بۇ يەردە چوڭلارلا ئەمەس كىچىك بالىلارمۇ تىللايدىكەن. ئاممىۋى يىغىندا مەركەزلىك ھالدا جۇ فاڭگاڭنىڭ نۇرغۇن جىنايى قىلمىشلىرى پاش قىلىندى. ئۇنىڭ ئىچىدىن بىرنى مىسال ئېلىپ ئۆتسەكلا كۇپايە. جۇ فاڭگاڭ ۋىلايەت تەۋەسىدىكى خەلقنىڭ يۇرۇش - تۇرۇش ئەركىنلىكىنى قاتتىق چەكلىگەن. ئۇ يەكەندە بازار بولىدىغان كۈنى شەھەر دەرۋازىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەتكۈزۈۋېتىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تارقاتقان يۇقىرالىق گۇۋاھنامىسى بىلەن شەھەرگە كىرىش - چىقىشنى مەجبۇرىي يولغا قويغان. يۇقىرالىق گۇۋاھنامىسى يوقلارنى شەھەرگە كىرگۈزمىگەن، شۇنداقلا شەھەردىن چىقارتمىغان. يەنە كېلىپ شەھەرگە كىرىدىغان دېھقانلاردىن يۇقىرالىق گۇۋاھنامىسىنى قولىدا تۇتۇپ ئەمەس بەلكى پېشانىسىگە قىستۇرۇپ كىرىشنى شەرت قىلغان. يۇقىرالىق گۇۋاھنامىسى يوق ياكى بولسىمۇ پېشانىسىگە قىستۇرمىغانلارنى ساقچىلار تۇتۇپ قالغان، بەزىلىرىنى شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا قاتتىق ئۇرۇپ جازالىغان، پاش قىلغۇچىلار يەنە ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتىنىڭ خادىمى ئەنۋەر يۈسۈپنىڭ يەكەنگە خىزمەت بىلەن كېلىپ جۇ فاڭگاڭ ۋە ئۇنىڭ قولچوماقلىرىنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشى بىلەن ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى پاش قىلدى. يەكەندە جۇ فاڭگاڭدەك مۇشۇنداق بىر زالىم ئەمەلدار شۇنچە زور گۇناھلارنى ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ يەنىلا ۋالىيلىق ئورنىدا قېلىۋەردى. مانا بۇ جەنۇبىي شىنجاڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ ئەسلى نىشانىدىن يىراقلىشىپ خەلقنىڭ تەلىۋىنىڭ ئەكسىگە قاراپ ماڭغانلىقىنىڭ دەلىلى. ئۆمەك باشلىقلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى ئاشكارىلاشقا باشلىدى.

## جاڭ جىجۇڭنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى دەرھال قايتىشقا بۇيرۇشى

تەكشۈرۈش ئۆمىكىمىز يېڭىسار، قاغىلىق، گۇما ناھىيىلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى خوتەنگە يېتىپ باردى ۋە خوتەن ۋالىي مەھكىمىسىگە ئورۇنلاشتى. خوتەننىڭ ۋالىيسى خا دىڭباڭ (ئەسلى ئىسمى نۇربەگ، ئۇيغۇر) ئىكەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇ ئادەم زالىملىق، مۇستەبىتلىكتە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى باشقا ۋىلايەت ۋالىيلىرىدىن ئانچە قېلىشمايدىكەن. بىز خوتەنگە بېرىشىمىزغىلا جاڭ جىجۇڭ خوتەن ۋالىي مەھكىمىسى ئارقىلىق ئۆمەككە تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ئۆمەكنىڭ تەكشۈرۈش ئىشلىرىنى دەرھال توختىتىپ تېزدىن ئۈرۈمچىگە قايتىشنى، قەشقەر يېڭىشەھەردە ئايروپىلان ساقلاپ، ئايروپىلان بارغاندىن كېيىن دەرھال يولغا چىقىشنى تاپىلاپتۇ. شۇڭا ئۆمىكىمىز خوتەندە ھېچقانداق پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانمىدى. ئەمما بىز — ئىبراھىم تۇردى باشچىلىقىدىكى بىرنەچچە كىشى بارلىق پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ قىسقىغىنە بىرنەچچە كۈن ئىچىدە خېلى كۆپ ياشلار، زىيالىيلار ۋەكىللىرى بىلەن ئۇچراشتۇق. خوتەن

خەلقىنىڭ گومىنداڭنىڭ خوتەندىكى ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىغا، گومىنداڭنىڭ بۇ رايوندا يۈرگۈزگەن مۇستەبىتلىك ھۆكۈمرانلىقىغا بولغان نازارىلىقى ئۈستىدە 1 - قول ماتېرىيالغا ئىگە بولدۇق. شۇ مەزگىللەردە خوتەندە تۇرۇۋاتقان ئابدۇقادىر ھەسەن باشچىلىقىدىكى زىيالىيلار بىزگە خوتەننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، خەلقىنىڭ دەرت - پەرياتىنى يۈرەكلىك بايان قىلدى. خوتەنگە بارغاندىن كېيىن ئۆمەك تەركىبىدىكى غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىدىن قاتناشقان ئادەملەرنىڭ ھەرىكىتى سىرلىق تۇس ئالدى. خوتەندىن ئايرىلغىچە بىز ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى جاۋ شىگۇاڭدىن باشقىسىنى كۆرەلمىدۇق. كېيىن ئاڭلىشىمچە، ئۇلار جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان سايلامغا قانداق پوزىتسىيە تۇتۇش ھەققىدە يەرلىك ئەمەلدارلار بىلەن مەخپىي كېڭەش ئېلىپ بارغانىكەن.

ئۆمىكىمىز 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى خوتەندىن قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى. 6 - ئاۋغۇست قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە يېتىپ كېلىپ، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزون شتابىغا چۈشتۇق. بۇ يەردە شتاب قورۇسىدىن سىرتقا چىقىش مۇمكىن بولمىدى. گارنىزون شتابىدا ئايروپىلان ساقلاپ بىر ھەپتىگە يېقىن تۇرۇپ قالدۇق، ئەمما خەلق بىلەن ئۇچرىشالمىدۇق. 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئەتراپىدا جاڭ جىجۇڭ ئەۋەتكەن كىچىك تىپتىكى ھەربىي ترانسپورت ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە قايتتۇق. ئۆمەر داموللا بىز بىلەن ئۈرۈمچىگە قايتماي قەشقەردە قېلىپ قالدى.

## ئاخىرقى سۆز

جەنۇبىي شىنجاڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكى 36 كۈن ئىچىدە 5 ۋىلايەتنىڭ 13 ناھىيىسىگە بېرىپ پائالىيەت ئېلىپ باردى. لېكىن، زالىم ئەمەلدارلارنىڭ ئازابىنى يەتكىچە تارتقان، ئېغىر ئالۋان - ياساق ۋە زۇلۇم دەستىدىن قەددى يادەك ئېگىلگەن جاپاكەش جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقى ئالدىدا ھېچبىر ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرەلمىدى. 5 - ئايدا ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن ياشلار سۆھبەت يىغىنىدا ياشلار ئوتتۇرىغا قويغان گومىنداڭنىڭ زالىم ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىنى قاتتىق جازالاش توغرىسىدىكى پىكىر - تەلەپلىرىمۇ ئىشقا ئاشمىدى. زالىم ئەمەلدارلار بۇرۇن قانداق بولغان بولسا شۇ بويىچە قېلىۋەردى . . .

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان «جەنۇبىي شىنجاڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكى» گە دائىر ئىشلارنىڭ بولۇپ ئۆتكىنىگە 1996 - يىلى يازدا توپتوغرا 50 يىل بولدى.

---

ئىزاھلار:

① خەمىت سۇلتان — شۇ مەزگىللەردە ئۈرۈمچىدىكى يەر ئاستى تەشكىلات «دېموكراتىك ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتى» نىڭ مۇھىم ئەزالىرىدىن بىرى ئىدى، ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى، دەم ئېلىشقا چىققان كادىر.

② ئىبراھىم تۇردى — ئۈرۈمچىدىكى يەر ئاستى تەشكىلات «دېموكراتىك ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتى» نىڭ مەسئۇلى ۋە بۇ تەشكىلاتنىڭ نەشر ئەپكارى بولغان «خانتەڭرى» ژۇرنىلى نەشرىياتىنىڭ باشلىقى ئىدى.

③ جاۋ شىگۇاڭ — 1946 - يىللىرى ئۈرۈمچىدىكى غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇھىم ئەربابلىرىدىن بىرى ئىدى. 1949 - يىل 9 - ئايدا «شىنجاڭ تىنچلىق ساقلاش گارنىزون شتابى» نىڭ مۇئاۋىن قوماندانى سۈپىتىدە گېنېرال تاۋ سىيۈ بىلەن بىرلىكتە ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىغا تېلېگراما يوللاپ ھەقىقەتكە قايتقان. ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى بولغان.

④ ئۆمەر دامولla — شۇ مەزگىللەردە خەلقپەرۋەر دىنىي زات دېگەن تونۇغا ئورۇنۇۋالغان ئىككى يۈزلىمىچى مىللىي مۇناپىق ئىدى. كېينچە ساقچى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى بولغان، ئازادلىقتىن كېيىن باستۇرۇلدى.

تەھرىرلىگۈچى: ئابدۇرېھىم ياقۇپ

# تارىخ بېتىنى ۋاراقلىغاندا

(تارىخىي خاتىرە)

مۇھەممەد ئىمىن قۇربانى

1935 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا قەشقەر خەلقىگە غەيرى بىر خەۋەر يېتىپ كەلدى، ئۇ بولسىمۇ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقى ئىدى، بۇيرۇقتا مۇنداق دېيىلگەنىدى: «بۇرۇن قەشقەردە ئافاق خوجىنىڭ خېلى كۆپ يەر - زېمىنلىرى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ھەر يىللىق ھوسۇللىرىدىن ئەۋلادلىرى بەھرىمەن بولۇپ كەلگەن، لېكىن كېيىنكى كۈنلەردە شىئەندە ياشاپ كەلگەن بىر قىسىم ئەۋلادلىرى شىنخەي ئىنقىلابى مەزگىلىدە يول توسۇلۇپ قېلىش سەۋەبىدىن 20 نەچچە يىللىق ئاشلىقتىن بەھرىمەن بولالمىغان، ئۇلار ھازىر تېگىشلىك ھەققىنى تەلەپ قىلىپ مەھكىمىمىزگە ئەرز قىلدى. تەپتىش قىلىشىمىزچە ئافاق خوجىنىڭ زېمىنلىرى قەشقەردە بولۇپ، يىللاردىن بېرى ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى تەسەررۇپ قىلىپ كەلگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن قەشقەردىكى ئۇيۇشما مەزكۇر كىشىلەرنىڭ ئالالمىغان ھەققىلىرىنى بېرىشى لازىم . . .». بۇيرۇققا ئۆلكە رەئىسى لى يۇڭ تەستىق سالغانىدى.

بۇ «بۇيرۇق» قەشقەر جەمئىيىتىدە زور غۇلغۇلا پەيدا قىلدى، چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئالىدىغىنى ھەربىرىنىڭ يىلىغا نەچچە 10 چارەك ئاش بولۇپ، 10 نەچچە كىشىنىڭ 20 نەچچە يىلغا ئالىدىغىنى بىر قانچە مىڭ چارەك ئاشلىقتىن ئىبارەت ئىدى.

بۇ ئاشلىقلارنى ھازىر بېرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، چۈنكى، بۇنچە كۆپ ئاشلىق ئۇيۇشمىنىڭ ئامبىرىدا مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. يىللاردىن بېرى ئافاق خوجىنىڭ نامىدىكى ۋەقپە زېمىنلار ھەركىم، ھەر كىملەرنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، چىققان ھوسۇلنى ئەنە شۇلار ئىشلىتىپ كەلگەن، ھازىر ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يوق، بار بولغاندىمۇ ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا ئىشلىتىپ كەتكەن، كىشىلەر يەپ - ئىچىپ تۈگەتكەن مۇنچىۋالا كۆپ ئاشلىقنى ئۇيۇشمىنىڭ قايتۇرۇپ بېرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ ۋەقپە زېمىننى يېقىندىن بېرى ئۇيۇشما ئىگىلىگەن بولسىمۇ، ئۇيۇشما تەمىنلەپ كېلىۋاتقان مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، دارىلئاجىز، دارىلئېتام، قېرى - چۆرى، مېيىپ، يېتىملارنىڭ خىراجەتلىرى ئەنە شۇ يەرلەرنىڭ كىرىمىدىن بېرىلىپ كېلىۋاتاتتى ۋە بۇندىن كېيىنمۇ يېتىم - يېسىرلارغا ئەنە شۇ كىرىمدىن تەمىنلەشكە توغرا كېلەتتى. مانا شۇ سەۋەبتىن قەشقەر جەمئىيىتى بۇ ھەق تەلەپ دەۋاسىنى رەت قىلدى.

بۇ رەت قىلىش ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتىنىڭ قارشىلىقىغا دۇچ كەلدى، — «قايتۇرۇش كېرەك» — دېگەن بېسىم كۈچەيگەنىدى. «ئۇيغۇر ئېلىدە زادى ئافاق خوجىنىڭ نېمىسى بار ئىدى؟!» دېگەن سوئال قەشقەر خەلقىنىڭ يۈرەك ساداسى ئىدى.

ئافاق خوجىنىڭ ھەق تەلەپ دەۋاسى رەت قىلىنغاندىن كېيىن بۇ ھەقتە قەشقەردە چىقىدىغان «يېڭى ھايات» گېزىتى ئافاق خوجىنىڭ تەرجىمىھالى، ئۇنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە كۆرسەتكەن «خىزمەتلىرى» كەلتۈرۈپ بەرگەن قىرغىنچىلىقلىرى، خەلقنى ئۇزۇن يىللاپ نادانلىققا، خۇراپاتلىققا باشلىغان بىر «زات» ئىكەنلىكىنى ئاممىغا كەڭ تۈردە تونۇشتۇردى.

زېمىن مەسىلىسىدە: ئافاق خوجىنىڭ زېمىنى ئەينى زاماندا زالىم ھۆكۈمەت بىلەن تىل

بىرىكتۈرۈپ، خەلققە ئالۋاڭ ـ ياساق سېلىپ توپلىغان زېمىن ئىكەنلىكىنى، ھەر خىل ئالۋاڭ ـ ياساققا چىدىمىغان خەلق يەرلىرىنى تاشلاپ كەتكەنلىكىنى، ھەتتا بەزىلىرى ئافاق خوجىغا يەرلىرىنى سېلىق ھېسابىغا بىكارغا بېرىش بىلەن ئالۋاڭدىن قۇتۇلغانلىقىنى، شۇ سەۋەبتىن نۇرغۇن يەرلەر ئافاق خوجىغا مەنسۇپ بولۇپ كەتكەنلىكىنى، ئافاق خوجىنىڭ مال ـ مۈلكى جۈملىدىن يەر ـ زېمىنلىرى خەلقتىن تارتىۋېلىش بەدىلىگە كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ بۇ زېمىندا مىراسى يوقلۇقىنى بىر ـ بىرلەپ تونۇشتۇردى، بۇنى چۈشەنگەن خەلق: يەر — يەرلىكنىڭ، نېمە ھەققى بار ياقا يۇرتلۇقنىڭ، دېگەن «پەتىۋا» نى چىقىرىپ ئافاق خوجىنىڭ ئەۋلادىغا ھېچنېمە بەرمەيمىز، دېيىشتى.

بۇ ئىش ئافاق خوجا تەرەپدارلىرى بولغان بىر تۈركۈم ھوقۇقدارلارنىڭ ئۆغىسىنى قايناتماي تۇرالمىدى. قەشقەردىكى ئافاق خوجىنى «پەيغەمبەر ئەۋلادى» دەيدىغان شۇم ئېغىزلار «غوجامنىڭ زېمىنىنى قايتۇرۇش كېرەك، ئەۋلادلىرىغا ھەققىنى تۆلەپ بېرىش كېرەك» — دەپ جار سېلىپ، مەخپى ھالدا ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتىگە ئەرز سۇنۇپ قەشقەردىكى — ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنى تاقىۋېتىشنى ياكى ئۇنىڭ ھېساباتىنى تەكشۈرۈشنى، ئۈرۈمچىنىڭ ئۆتكۈزۈۋېلىپ باشقۇرۇشىنى تەلەپ قىلىشىپ، ھەق تەلەپ دەۋاسىنى ئاشكارا قوللىدى.

قەشقەردىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى بۇ مىراس ئېتىراپ قىلىنغاندا، ئۇيۇشما تەمىنلەيدىغان يېتىم ـ يېسىرلەر ئىگە ـ چاقىسىز قالىدىغانلىقى توغرۇلۇق قايتا ـ قايتا ھۆكۈمەتكە ئىلتىماس قىلغان بولسىمۇ، مىراسخورلارنى يۆلەشنى ئاساس قىلغان ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى ئۇيۇشمىنىڭ مالىيىسىنى تەكشۈرۈپ كۆرمىسىز ھەتتا ئۆتكۈزۈپ ئالىمىز، دەپ بېسىم قىلغان بولسىمۇ بۇ دەۋا بىر يىلغىچە سوزۇلۇپ كەتتى.

ئاخىرى ئۈرۈمچى «شىنجاڭ گېزىتى» باش مۇھەررىرى مەنسۇر ئەپەندى (ۋەتەن ئوغلى) باشچىلىقىدىكى ھېساب تەكشۈرۈش كومىسسىيىسى قەشقەرگە ئەۋەتىلدى. لېكىن ئۇلار قارشىلىققا ئۇچرىدى، زورلۇق كۈچ قوللىنىش خەۋپى تۇغۇلغاندا، بىر نەچچە قېتىم ئېچىلغان مەجلىسلەردە قەشقەرنىڭ قازىسى، ئۆلىما ئابدۇغوپۇر داموللىنىڭ پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈۋالغانلىقى ھەممىنىڭ غەزىپىنى قوزغىغانىدى.

ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئۈرۈمچىدىن كەلگەن تەكشۈرۈش كومىسسىيىسى تەرىپىدىن تەقىب ئاستىغا ئېلىنغانلىقتىن، ئەمدى قەشقەر خەلقى ئالدىدا بۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش كېرەكمۇ قانداق؟ — دېگەن سوئال تۇغۇلدى. خەلقنىڭ قان ـ تەرىگە كەلگەن بۇ مەبلەغلەرنى ئۇلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى ھېچكىم خالىمايتتى. بۇ ھەقتە ھەيئەت تەشكىل قىلىندى، بىرقانچە قېتىملاپ يىغىنلار ئېچىلدى، كومىسسىيىگە ئەھۋال چۈشەندۈرۈلگەن بولسىمۇ لېكىن ئۇلار ئۆزگېپىدە چىڭ تۇرۇۋەردى، سۈركۈلۈش كۈچەيدى، تالاش ـ تارتىشلار كۆپەيدى، ئاخىرى ئىش خەتەرلىك باسقۇچقا كېلىپ قالدى.

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن گارنىزون قوماندانى، ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكىرى 6 ـ دېۋىزىيىنىڭ قوماندانى مەھمۇت مۇھىتى بىر ئۇيغۇرلۇق سالاھىيىتى بىلەن يىغىنغا قاتنىشىپ خەلق تەرەپتە تۇرۇپ پىكىر قىلىش قارارىغا كەلدى:

— ئەپەندىلەر ـ دېدى، ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ — سىلەر ئۇيۇشمىمىزدىن راستىنلا ھېساب ئالامسىلەر؟ ئۇيۇشمىمىز مالىيىسىدىكى توپلانغان مەبلەغ پۈتۈنلەي خەلقنىڭ كىشىلەر تەرىپىدىن بېرىلگەن ئۆشرە ـ زاكات، ئىئانە، مازار ۋەخپە كىرىمى قاتارلىقلاردىن كەلگەن. ئۇيۇشمىمىز بۇ كىرىم بىلەن نەچچە يۈزلىگەن قېرى، مېيىپ، ئىگە ـ چاقىسىز كىشىلەرنى ئاساس قىلغان دارىلئاجىزنى، نەچچە يۈزلىگەن يېتىمنى ئاساس قىلغان دارىلئېتاملارنى باقىدۇ، ئۇلارنى ئوقۇتىدۇ، تەربىيىلەيدۇ، شەھەر ئەتراپلىرىدىكى يۈزلىگەن مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلار بۇ كىرىملەر بىلەن تەمىنلىنىدۇ، بۇ ھەقتە نەچچە قېتىملاپ چۈشەنچە بەرسەك قۇلاق سالمىدىڭلار، سىلەرنىڭ كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ، جەمئىيەتنىڭ ئۈمىدى،

(ئاخىرى 29 ـ بەتتە)

# بىز باسقان ئىزلار

## توختى سابىر

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

40 نەچچە يىللىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى مۇنداق بىر دەۋرىيلىكنى ئىسپاتلىدى: پارتىيىنىڭ يېزا ئىگىلىككە قاراتقان سىياسەتلىرى توغرا بولسا، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپچانلىقى يۇكسەك دەرىجىدە قوزغىتىلىپ، يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىدىن مول ھوسۇل ئېلىنسا، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كارخانىلىرى جانلىنىپ روناق تاپىدۇ، كارخانا ئىقتىسادى گۈللىنىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا — يېزا ئىگىلىكتە مەسىلە كۆرۈلگەندە، — بۇ خىلدىكى كارخانىلاردىمۇ دەرھال مەسىلە كۆرۈلىدۇ، ئۇنۇم تۆۋەنلەپ كەيپىيات سۇسلىشىدۇ. بولۇپمۇ چوڭ مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلار بازار تاپالمىغانلىقتىن تاۋارلىرى بېسىلىپ قالىدۇ، ھەتتا ئىشتىن توختايدۇ. ئىش ھەققىمۇ تارقىتالمايدۇ.

ئاپتوموبىل چوڭ رېمونت كەسپى بىلەن يۇكسەلگەن، تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە ئۆرلەۋاتقان شىنجاڭ «ئۆكتەبىر» تراكتور زاۋۇتى تراكتور ئىشلەپچىقىرىشقا ئۆزگەرتىلىپ، 2 يىلغا قالمايلا مۇشۇنداق ۋەزىيەتكە دۇچ كەلدى.

1960 - يىللىرى دۆلىتىمىزدە ئۇدا بىرقانچە يىل ئېغىر تەبىئىي ئاپەت يۈز بەردى، يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى زور ھەجىمدە چېكىنىپ كەتتى. خەلق گۇڭشېلىرى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدان (فېرما) لىرىنىڭ تراكتور، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا قورسىقىنى بېقىشىمۇ ئىنتايىن تەسكە توختىدى (ئۇ چاغدا شەخسلەر تراكتور ۋە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى سېتىۋېلىشقا رۇخسەت قىلىنمايتتى). بۇ ھال ئەمدىلا تراكتور ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن «ئۆكتەبىر» تراكتور زاۋۇتىغا قاتتىق زەربە بولدى. ئاز تۈركۈمدە ئىشلەپچىقىرىلغان تراكتورلارمۇ سېتىلمىدى. تراكتورلار قىش - ياز ئوچۇقچىلىقتا قاغجىراپ، توپا - چاڭ ئىچىدە تۇرۇپ قالدى. زاۋۇت خام ئەشيا سېتىۋالالمىدى، ئىش ھەققى تارقىتالمىدى. ئاخىرى تراكتور ئىشلەپچىقىرىش ئاساسەن توختىتىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بەزى دۆلەتلەر قەرزنى سۈيلەپ، ئىنژېنېر، مۇتەخەسسىسلىرىنى قايتۇرۇپ كەتتى، تەمىنلەپ كېلىۋاتقان ماتېرىيال، ئۈسكۈنىلەرنى بەرمىدى.

بۇ چاغدا بەزىلەر: رېمونتچىلىقنى تراكتور ياساشقا ئۆزگەرتىش خاتا، يەنىلا رېمونتچىلىقنى نىشان قىلىش كېرەك، دېسە، بەزىلەر: ئىشلەپچىقىرىش بۇ ھالەتتە تۇرسا، سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيىنىڭ نېمە رولى بولسۇن؟ - دېيىشتى. زاۋۇت رەھبەرلىكى قىيىنچىلىقنىڭ ۋاقىتلىق ئىكەنلىكىنى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئەھۋالى ياخشىلانسىلا، زاۋۇت ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى، سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەتنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى قايتا - قايتا تەكىتلىدى؛ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ يوللىرى، تەدبىرلىرى ئۈستىدە ئىزدەندى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىش يوللىرىنى ئاچتى. بازار ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشنى نىشان قىلدى. «خەلق، دۆلەت نېمىگە مۇھتاج بولسا، شۇنى ياساش» — بىزنىڭ شۇئارىمىز بولدى. شۇنىڭ بىلەن 2 يىلدا نەچچە مىڭ چويۈن مەش قۇيۇپ ساتتۇق. چويۈن قازان قۇيدۇق، كونا تۆمۈر - تەسەكلەردىن قېلىپلاشتۇرۇلغان ئۇسۇل بىلەن ناھايىتى چىرايلىق، پۇختا ساپلىقلارنى بېسىپ چىقتۇق. گۈرجەك، كەتمەن، ئورغاق، قىڭراق، چەيدۇ، پالتا، كەكە، ھەتتا چاشقان تۇتىدىغان باسماقلارنى ياسىدۇق. بىر تەرەپتىن ماشىنىلارنى چوڭ رېمونت قىلساق، بىر تەرەپتىن ئاپتوموبىل، تراكتور زاپچاسلىرىنى تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقاردۇق. مەھسۇلاتلار بازار تېپىپ تۇرسىمۇ زاۋۇت زىيان تارتىشتىن قۇتۇلالمىدى. ئەھۋال يىلسېرى يامانلاشتى. 1962 - يىلى زاۋۇتتىكى 3700 ئىشچىدىن 2600دىن كۆپرەكى قىسقارتىلىپ، زاۋۇتتا 1100دەك ئادەم قالدى. لېكىن ئەھۋالدا چوڭ ئۆزگىرىش بولمىدى، «جان بېقىش مەھسۇلاتلىرى»مۇ «ئۆتمەس» بولۇپ قالدى. «قىلغىلى ئىش، بەرگىلى ئىش

ھەققى» بولمىغاچقا، زاۋۇت تېخىمۇ چوڭ، تېخىمۇ قاتتىق سىناققا دۇچ كېلىۋاتاتتى.

دەل مۇشۇنداق چاغدا، پارتىيە يېڭى ئىگىلىككە قارىتىلغان فاڭجېن، سىياسەتلەرنى تەڭشەپ يېڭى ئىگىلىكنى جانلاندۇردى، شۇ قاتاردا زاۋۇتىمىزمۇ يۈكسىلىشكە باشلىدى. ۋەزىيەت ئۆزگىرىشى بىلەنلا بىز «شەرق قىزاردى — 28» تىپلىق رېزىنكە چاقلىق تراكتورنى تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۇق. كېيىنچە ئۇنىڭغا «490» تىپلىق ماتور ئورنىتىپ «قىزىل ئۆكتەبىر» دەپ نام بەردۇق. بۇ تراكتور ئەمەلىي مەشغۇلاتتا قاتناشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەسلىدىكى يىلىغا 1000 دانە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى يىلىغا 3000 دانە ئىشلەپچىقىرىشقا كېڭەيتىلدى.

زاۋۇت تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ ئەرزان تراكتور ئىشلەپچىقىرىشقا قەسەميات قىلىۋاتقاندا، مەملىكەت مىقياسىدا «تۆتنى ئېنىقلاش» ھەرىكىتى، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ كەتتى. زاۋۇت پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

زاۋۇتىمىز پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنلا، 17 يىللىق زىيان تارتىش تارىخىغا خاتىمە بېرىپ، دەۋر بىلەن ماس ھالدا ئالغا قاراپ دادىل قەدەم تاشلىدى.

## ئوغۇل بالىغا يەتمىش ئىككى خىل ھۈنەرمۇ ئازلىق قىلىدۇ

ئىشچى دېگەن «ئىشچى» ئاتىقىنى ئالسىلا ھېساب ئەمەس. ھەقىقىي ئىشچىلار سىنىپىغا كىرىدىغانلارمۇ خۇددى ئاتاقلىق ناخشىچىلار، ئۇسسۇلچىلار، سازەندىلەرنىڭ ئۆز ماھارىتى بىلەن خەلقنىڭ سۆيۈشىگە، ئالقىشىغا، داڭلىشىغا مۇيەسسەر بولغىنىدەك، ئۆزلىرىنىڭ يۇقىرى تېخنىكا ماھارىتى، ئېسىل پەزىلىتى، ھۈنەردىكى نازۇكلۇق دەرىجىسى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ.

شىنجاڭ «ئۆكتەبىر» تراكتور زاۋۇتىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى، ئەنە شۇنداق بىر تۈركۈم ئىتتىپاقلاشقان، قاتتىق جەڭ قىلالايدىغان، توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان، تېخنىكىدا پىشقان ماھىرلاردىن تەشكىل تاپقان قوشۇن. بىز بۇ زاۋۇتنىڭ ھەربىر سېخىنى مەلىكىلىك، پىشقان ماھارەتچىلەرنى يېتىشتۈرىدىغان «بۆشۈك»، ھەر بىر ئىشچى تېخنىكىنى «تېخنىكا كانى» دېيىشكە ھەقلىقمىز.

ئۇلار 40 يىل جەريانىدا توختاۋسىز يېڭى - يېڭى مۆجىزىلەرنى ياراتتى، ئۇلار ئۆلكە، رايون، كەسىپ - بۆلۈم ھالقىغان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تورلىرىنى قۇرۇپ، ئەلا، داڭدار مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقاردى، مەھسۇلاتلىرى كۆپ قېتىم مىنىستىرلىك، ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - دەرىجىلىك ئەلا، داڭدار مەھسۇلات بولۇپ باھالاندى؛ زاۋۇت مەملىكەت بويىچە 2 - دەرىجىلىك كارخانا، ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - دەرىجىلىك كارخانا دېگەن شەرەپلىكناملارغا ئېرىشتى.

بۇ زاۋۇتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ۋاقىت قارىشى، سۈپەت قارىشى، ئۆلچەم قارىشى، ئىنتىزام قارىشى مۇقەددەس ئېتىقاتتەك كۈچلۈك بولۇپ، بۇ، ئۇزاقتىن بۇيان ئۇلارنىڭ ئەنئەنىسىگە ئايلانغان. ئۇلار يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەزىپە تاپشۇرسا، ئەزەلدىن باش تارتىپ باقمىغان؛ باشقىلار تېخنىكىلىق ياردەم سورىغاندا، ئەزەلدىن رەت قىلىپ باقمىغان؛ ئۇلار كۈچلۈك كوللېكتىۋىزملىق روھقا، ئويۇشۇش كۈچىگە، پولاتتەك ئىنتىزامغا ئىگە. ئۇلار سۈپەتسىزلىك — نومۇس، دەپ بىلىدۇ؛ ئۇلار: ئىنتىزام - قانۇن، قاتتىق ئىنتىزام بولمىغان زاۋۇتتىن يارامىلىق خادىم، يارامىلىق مەھسۇلات چىقمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلاردىكى بۇ خىل ئاڭ، بۇ خىل كۈچ نەدىن كەلگەن؟ جاۋاب: چېنىقىشتىن، تەربىيىلەشتىن، يېتىشتۈرۈشتىن كەلگەن!

مەن تۆۋەندە زاۋۇتنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلەش (1950 — 1990) مۇناسىۋىتى بىلەن ئىشلەنگەن «چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»دە ئەنگە ئېلىنغان بىر قىسىم ئەمەلىي مىساللار بىلەن بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلىماقچىمەن:

— 1953 - يىل 5 - ئايدا 750 كىلوۋاتلىق سەليار كا گېنېراتورىنى قوراشتۇرۇپ توك تارقىتىپ، زاۋۇت ئېھتىياجلىق توكنىڭ %60 ىنى ھەل قىلدى.

— 1958 - يىل 4 - ئايدا 15 كۈن سەرپ قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ پولات ماتېرىياللىرىنى ئىشلىتىپ، شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبوس قوراشتۇرۇپ چىقتى.

— 1958 - يىل 5 - ئايدا 4 كۈن ئىچىدە شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم ئاپتوماتىك موللاقچى پرېسىپ ياساپ چىقتى.

— 1958 - يىل 5 - ئايدا 23 كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم 24 ئات كۈچىگە ئىگە رېزىنكە چاقلىق «سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ماركىلىق تراكتورنى ياساپ چىقتى.

— 1964 - يىل 6 - ئايدا «شەرق قىزاردى — 28» تىپلىق تراكتور تۇنجى تۈركۈمدە ئىشلەپچىقىرىلدى.

— 1964 - يىل 10 - ئايدا 16 ئۆلكىدىن كەلگەن مۇتەخەسسىسلەر، ۋەكىللەر: «‹شەرق قىزاردى — 28›» تىپلىق تراكتورنىڭ ئىقتىدارى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن ‹T 3B—24› نىڭ تېخنىكىلىق ئىقتىدارىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ» دەپ باھالىدى.

— 1965 - يىل 10 - ئايدا «ئازاد» ماركىلىق ئاپتوموبىلنىڭ ئاستىن يان كوروپكا بۆلىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياساپ چىقىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى ئالدى.

— 1966 - يىلى 6 - ئايدا «شەرق قىزاردى — 28» تىپلىق تراكتور تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىلىشقا باشلىدى، يىل ئاخىرىغىچە 120 دانە ئىشلەپچىقىرىلدى.

— 1966 - يىل 8 - ئايدا «قىزىل ئۆكتەبىر — 40» تىپلىق تراكتور سىناق تەرىقىسىدە ياسىلىپ، ئەمەلىي مەشغۇلاتقا قويۇلدى.

— 1966 - يىل 8 - ئايدا ۋۇخەندە چاقىرىلغان 1 - قېتىملىق مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش نەق مەيدان يىغىنىدا، بۇ زاۋۇت مەملىكەت بويىچە كېڭەيتىپ قۇرۇلىدىغان 13 نۇقتىلىق تراكتور زاۋۇتىنىڭ بىرى قىلىپ بېكىتىلدى، يىلىغا 3000 تراكتور ئىشلەپچىقىرىش قارار قىلىندى.

— 1973 - يىل 6 - ئايدا «495» تىپلىق سەلياركا ماتورىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياساپ چىقتى.

— 1979 - يىل 9 - ئايدا «شەرق قىزاردى — 28 G» تىپلىق تراكتور مەملىكەتلىك باھالاشتا 1 - دەرىجىلىك مەھسۇلات بولۇپ باھالاندى.

— 1981 - يىل 5 - ئايدا «XPB—2» تىپلىق «قار ئۈچقۇنى» ماركىلىق كىر ئالغۇنى ياساپ چىقتى. 1982 - يىلى يېنىك سانائەت مىنىستىرلىكى تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى بەردى.

— 1982 - يىل 3 - ئايدا «XJ—120» تىپلىق كىچىك 4 چاقلىق تراكتوردىن 199 ى تۇنجى تۈركۈمدە بازارغا سېلىندى.

— 1983 - يىل 5 - ئايدا كىچىك 4 چاقلىق تراكتورغا يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن كىچىك پرىستېپ تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىلىشقا باشلىدى.

— 1983 - يىل 7 - ئايدا زاۋۇت 90 مىڭ يۈەن پايدا يارىتىپ، 17 يىللىق زىيان تارتىش تارىخىغا خاتىمە بەردى.

— 1984 - يىل 1 - ئايدىن 8 - ئايغىچە 1 مىليون 866 مىڭ يۈەن پايدا يارىتىپ، يىللىق پىلانىنى مۇددەتتىن 4 ئاي بۇرۇن تاماملىدى.

— 1985 - يىل 3 - ئايدا ئېيىغا 1000 دانە تراكتور ياساش رېكورتى يارىتىلدى.

— 1986 - يىل 8 - ئايدا مەملىكەت بويىچە كىچىك 4 چاقلىق تراكتورلارنى باھالاشتا «ئۆكتەبىر» تراكتور زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان كىچىك 4 چاقلىق تراكتور 4 - گۇرۇپپا بويىچە 1 - بولدى.

— 1986 - يىل 10 - ئايدا يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان «TY2015» تىپلىق سەلياركا ماتورلۇق ئاپتوموبىل ياسىلىپ، باھالاشتىن ئۆتكۈزۈلدى.

— 1989 - يىل 6 - ئايدا «XJ—150» تىپلىق تراكتور تۇنجى قېتىم قورغاس ئارقىلىق سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېكسپورت قىلىندى.

— 1989 - يىلى «XJ—120» بىلەن «XJ—150» تىپلىق تراكتور ماشىنىسازلىق مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن 1988 - يىللىق ئەلا مەھسۇلات، دەپ نام ئالدى.

— 1990 - يىلى 15 مىڭ دانە كىچىك 4 چاقلىق تراكتور، 200 دانە «شىنجاڭ 500» تىپلىق تراكتور بازارغا سېلىندى.

— ......

مەن بۇ زاۋۇتتىكى دوستلىرىم، ئۇستازلىرىم، تېخنىك - ئىنژېنېرلارنىڭ ھۈنەر - سەنئەتتىكى يۇقىرى ماھارىتىدىن، ئېسىل ئەنئەنىسىدىن، ئىپتىخارلىق روھىدىن، ئويۇشقاقلىق پەزىلىتىدىن، يۇقىرى ئۆرلەش روھىدىن، جاپا - مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان جاسارىتىدىن، ئاددى - ساددى تۇرمۇش ئادىتىدىن، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىشتەك كۆرەش روھىدىن پەخىرلىنىمەن!

مەن ئۇلارغا قاراپ ھېمىشەم: ئوغۇل بالىغا يەتمىش ئىككى خىل ھۈنەر ئازلىق قىلىدىكەن، دېگۈم كېلىدۇ.

## مەھسۇلاتنىڭ ئۆلچىمى بولغىنىدەك، ئىشچىنىڭمۇ ئۆلچىمى بولىدۇ

«ئىشچى» دېسە، بەزى كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدا جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى «ماي چاپان»لار ئەكس ئېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىشچىنىمۇ، ئۆزىنىمۇ چۈشەنمىگەنلىك. پىشقان، مەلىكىلىك ئىشچىلار — ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك. ئېلېكترون - ئۇچۇر دەۋرى ئىشچىلاردىن تېخىمۇ چوڭقۇر بىلىم ۋە ئەقىل - پاراسەت تەلەپ قىلماقتا.

ئىشچىلارنىڭ تەربىيىلىنىشىگە مەھسۇلات سۈپىتىگە ئەھمىيەت بەرگەندەك ئەھمىيەت بەرگەندىلا، كارخانا غەلىبە قىلىدۇ، ئەكسىچە ئىش تۇتقان كارخانىلار مەغلۇپ بولىدۇ. شىنجاڭ «ئۆكتەبىر» تراكتور زاۋۇتىدىكى ئىشچىلارنىڭ قاتتىق سۆڭەك، كۆپ ماھارەت ئىگىلىرىدىن بولۇپ چىقالىشى ئۇزۇن يىل قاتتىق تەلەپ، يۇقىرى ئۆلچەم بويىچە تەربىيىلىنىپ چىقىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

بۇ زاۋۇتنىكى ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى ئالساق، ئەسلىمەمنىڭ ئالدىنقى بابلىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، ناھايىتى جاپالىق يىللاردا ئىشچىلار سىنىپى سېپىگە قوشۇلغان، پارتىيە رەھبەرلىكىدە، خەنزۇ ئۇستىلار، تېخنىكلارنىڭ ھەر تەرەپلىمە ياردىمى، كۆڭۈل بۆلۈشى، تەربىيىلىشى نەتىجىسىدە، قاتمۇقات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، سىياسىي، كەسپىي، تېخنىكا جەھەتلەردە خەنزۇ

يولداشلاردىن قېلىشمايدىغان ماھارەت ئىگىلىرىدىن بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. ھازىر ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى ئىستانوك ماھىرى، ماھىر سىلىسار، سۇۋاركا ماھىرى، قۇيما ماھىرى، سوقما ماھىرى، قۇراشتۇرغۇچىلار، مېخانىككلار، رېمونتچىلار، باشقۇرغۇچىلار، تېخنىكلار، ئىنژېنېرلار، شوپۇرلاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقتى.

مەن تۆۋەندە زاۋۇتنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن تۈزۈلگەن «چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» دە ئەنگە ئېلىنغان (1950 — 1990) بىر قىسىم مىساللاردىن بۇ زاۋۇتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ بىلىمىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتە قانچىلىك كۆچ سەرپ قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتمەكچىمەن:

— 1954 - يىل 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى 1 - ئەۋلاد ئاز سانلىق مىللەت ئىشچىلىرىنى تەربىيىلەش مەقسىتىدە، مىللىي تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى قۇرۇلدى. 120 مىللىي شاگىرت ئوقۇشقا قوبۇل قىلىندى.

— 1954 - يىل 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تراكتور رېمونتچىلىقى بويىچە كۇرس ئېچىلىپ، سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى 8 ئاي دەرس ئۆتتى.

— 1956 - يىل 3 - ئايدا ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىشتىن سىرتقى مەكتىپى قۇرۇلدى. 800 ئادەم 32 سىنىپقا بۆلۈنۈپ ئوقۇدى، بۇ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ %57 نى ئىگىلىدى.

— 1958 - يىل 9 - ئايدا 3 يىللىق يېرىم ئوقۇپ، يېرىم ئىشلەش ئوتتۇرا تېخنىكوم كۇرسى ئېچىلدى، 60 خەنزۇ، 40 مىللىي كورسانت ئۆگىنىشكە قاتناشتى.

— 1960 - يىل 5 - ئايدا ئىشتىن سىرتقى ئالىي تېخنىكوم سىنىپى ئېچىلدى، 50 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ ئالىي ماتېماتىكىدىن دەرس ئۆتۈلدى.

— 1976 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «21 - ئىيۇل» ئىشچىلار ئالىي مەكتىپى بىلەن «21 - ئىيۇل» ئىشچىلار ئىشتىن سىرتقى مەكتەپلىرى ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

— 1984 - يىل 6 - ئايدىن 1986 - يىل 12 - ئايغىچە 20 قارار كۇرس ئېچىلىپ، 35 ياشتىن تۆۋەن 730 نەپەر ياش ئىشچىغا «جۇڭگو ھازىرقى زامان تارىخى»، «ئىلمىي سوتسىيالىزمدىن ساۋات»، «جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ تارىخي يۈرۈشى» قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلدى، ھەر قاراردا 30 — 40 ئىشچى پۈتۈن كۈن ئۆگەندى.

— . . . . . .

يۇقىرىدىكىلەر ناھايىتى ئاز بىر قىسىم مىسالدىنلا ئىبارەت.

سۆيەت باشقۇرۇش، مەشغۇلات قائىدىلىرى، ۋاقىت تۈزۈمى، مۇكاپاتلاش - جازالاش بەلگىلىمىلىرى، ئۆلچەم باشقۇرۇش نىزاملىرى، — ھەرقانداق رەھبەرنىڭ ئالمىشىشىدىن قەتئىينەزەر، — ئۇلارنىڭ دەستۇرى بولۇپ كەلمەكتە. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ھەممە ئىشتا ئۆزلىرى باشلامچىلىق قىلاتتى، قىيىن ئىشلاردا ئۆزلىرى ئۈلگە كۆرسىتىپ ئىشلەپ بېرەتتى.

پېشقەدەملەرنىڭ مۇنۇ ئەقلىيە سۆزى ھازىر ئېسىمدىن چىقمايدۇ:

— قاتتىق باشقۇرۇلمىغان ئورۇندىن ياراملىق ئادەم چىقمايدۇ.

— ياراملىق ئادەملەر بولمىغان ئورۇندىن ياراملىق مەھسۇلات چىقمايدۇ.

## يۇقىرى ماھارەت قاتتىق باشقۇرۇشتىن كېلىدۇ

مېنىڭ ئىشچىلار قوشۇنى ئىچىدە ئۆتكۈزگەن 40 نەچچە يىللىق ئەمەلىيىتىمدىن ئومۇملاشتۇرۇلغان مۇنداق بىر يەكۈن بار:

— قاتتىق باشقۇرۇلمىغان كارخانىدىن ياراملىق خادىم چىقمايدۇ؛ ياراملىق ئادەملىرى بولمىغان كارخانىدىن ياراملىق مەھسۇلاتمۇ چىقمايدۇ. يۇقىرى ماھارەت قاتتىق تاۋلىنىشتىن ھاسىل بولىدۇ. قاتتىق تاۋلىنىش قاتتىق باشقۇرۇشتىن كېلىدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، ھەرقانداق بىر كارخانىدا بارلىق پائالىيەت، مەشغۇلات بىر تۇتاش پىلان، ئۆلچەم، تۈزۈم ۋە ۋاقىت بىرلىكىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. پىلان بەلگىلىمىگەن ئىش تۈرى، ئۆلچىمى يوق مەھسۇلات، ۋاقتى بەلگىلەنمىگەن خىزمەت تۈرى بولمايدۇ. يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ئاپتوماتىك لىنىيىلەردە ئىشلەيدىغانلار ئۈچۈن، مىنۇت، سېكۇنتقىچە، ئۆلچەم، ۋاقىت ئالللقاچان بەلگىلىنىپ قانۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن ھەربىر مەھسۇلاتتا قىلچىلىك سەۋەنلىككىمۇ يول قويۇلمايدۇ.

مەندە بىر ئومۇملاشتۇرۇلغان تەجرىبە بار: ئەگەر بىر كارخانا (مەيلى ئۇ چوڭ، ئوتتۇرا ياكى كىچىك كارخانا بولسۇن) قۇرۇلۇشى بىلەنلا ئىلمىي ئۇسۇلدا قاتتىق باشقۇرۇلسا، بۇ خىل تۈزۈمنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرالىسا، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ كارخانىدا بىر يۈرۈش ئىستىل، ياخشى ئەنئەنە، ياخشى ئادەت - پەزىلەتلەر شەكىللىنىدۇ ۋە مۇكەممەللىشىدۇ، ئاخىرىدا شۇ كارخانىدا ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس بولۇپ قالىدۇ. رەھبەرنىڭ يەڭگۈشلىنىشى، ئىشچىلارنىڭ ئەۋلاد ئالماشتۇرۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ

(ئاخىرى 19 - بەتتە)

# ئاتالمىش «تۈركىستان» ھەققىدە

ۋاڭ جىلەي

## 1

تۈرك دېگەن بۇ نام جۇڭگودا بارلىققا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. بىراق، بۇ نامنىڭ بىر ئىرق ياكى بىر مىللەت نامى بولۇپ شەكىللىنىشى كېيىنكى ئىش. تۈركلەرنىڭ بىر ئىرق ياكى بىر مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشىگە زادى قانداق ئامىلنىڭ سەۋەب بولغانلىقى مۇنازىرە ۋە تەتقىق قىلىپ بېكىتىشقا تېگىشلىك مەسىلە، قانداشلىق نەزەرىيىسى بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەرقانداق بىر ئىرق ياكى بىر مىللەتنىڭ ساپ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا قەبىلە، ئۇلۇس، ئىرق ۋە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىڭىشىش — قارشى تۇرۇپ بولغىلى بولمايدىغان ھادىسە. ئىقتىسادىي ئامىلنى ئېلىپ ئېيتساق، بىر مىللەت چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىشىمۇ مۇمكىن، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشىمۇ مۇمكىن، كاپىتالىستىك ئىگىلىك باسقۇچىغا كىرىپ بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى كاپىتالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا مىللەتلەر شەكىللەنمىگەن دېيىش ئەقىلغا سىغمايدۇ. تىلنى مىللەت ياكى ئىرق ئايرىشنىڭ ئامىلى دەپ ھېسابلاشتىمۇ بەزى مەسىلىلەر مەۋجۇت. بۇ ھەقتە ستالىنمۇ توختىلىپ ئۆتكەن. مەدەنىيەت ئېڭى ۋە پسىخىكىسى بولسا دەۋرنىڭ ئالمىشىشىغا ئەگىشىپ تېخىمۇ ئۆزگىرىپ تۇرغان، مەسىلەن: ئوخشاش بىر ئۇيغۇر مىللىتى بۇددا دىنى ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. ئوخشىمىغان مەزگىللەردە ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ئېڭى ۋە ئاڭ فورماتسىيىسىمۇ ئوخشاش بولمىغان. بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئامىللار ئىچىدە پەقەت تىل ۋە قان سىستېمىسىدىن ئىبارەت ئىككى ئامىل بىر قەدەر مۇقىمدەك تۇرىدۇ. ئەگەر بۇنى ئاساسىي ئامىل دەپ ھېسابلىساق تۈرك سىستېمىسىدىكى ئۇلۇس ياكى مىللەتلەرنى تۈركىي ئۇلۇس ياكى مىللەت دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. مەسىلەن: تۈركلەردىن سەل بۇرۇن جۇڭگونىڭ غەربىي - شىمالىدا مەيدانغا كەلگەن قاڭقىللار، تېلېلارنى كۆپچىلىك تۈرك ئۇلۇسلىرى دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ جەھەتتە مەسىلە يوق، ئەلۋەتتە چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى ھۇنلارمۇ ئىلىم ساھەسىدىكى كۆپ سانلىق كىشىلەر تەرىپىدىن تۈركلەرگە مەنسۇپ دەپ قارىلىدۇ، تۈركلەر بىلەن بىرلا ۋاقىتتا ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن ياشىغان كۆپلىگەن ئۇلۇسلار مەسىلەن: سىرتاردۇش، ئۇيغۇر، قىرغىز، قارلۇق، تۈركەش قاتارلىقلارغا تېخىمۇ قىل سىغمايدۇ.

تۈركلەر مىلادى VI ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىدىكى ئالتاي تېغىنىڭ غەربىي جەنۇبىي ئېتىكىدە مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، شۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ كۆچىيىشكە باشلاپ ھازىرقى شەنشىنىڭ شەرقىي قىسمىغا بېسىپ كىرگەن. غەربىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ خانى يۈۋېنچىن بىلەن تۈركلەر ئۆزى مىللىي قەھرىمانىمىز دەپ ئاتايدىغان بۇمىن قاغان ئۆزئارا ئەلچى ئەۋەتىشكەن. VI ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە تۈركلەر تەرەققىي قىلىپ «شەرقتە لياۋ خەيىنىڭ غەربىدىن غەربتە بالقاش كۆلىگىچە 10 مىڭ چاقىرىم، جەنۇبتا قۇملۇقنىڭ شىمالىدىن، شىمالىي دېڭىزغىچە 5000 — 6000 چاقىرىم كېلىدىغان تېررىتورىيىگە ئىگە چوڭ دۆلەتكە ئايلاندى. مەيلى



سۈي سۇلالىسىنىڭ ياكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا بولسۇن، تۈركلەر جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمىدا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن بىر كۈچ ئىدى. ئەمما، تاڭ تەيزۇڭ ۋە تاڭ گاۋزۇڭ ( VII .ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن 50 - يىللىرىنىڭ ئاخىرى) دەۋرىدە شەرقىي تۈركلەر ۋە غەربىي تۈركلەر ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ پۇقرالىرىدىن بولۇپ قالدى. كېيىنچە تۈركلەر تارىخىي ماتېرىياللاردا ئانچە تىلغا ئېلىنمايدىغان بولۇپ قالدى.

سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە پەقەت ۋاڭ يەندېنىڭ «ئىدىقۇتقا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» دېگەن ئەسىرىدىلا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا جەنۇبىي تۈركلەر، شىمالىي تۈركلەر، چوڭ چۇمۇل، كىچىك چۇمۇل، ياغما، قارلۇق، قىرغىز قاتارلىقلارنىڭ بارلىقى تىلغا ئېلىنغان. شۇندىن كېيىن تۈركلەرنىڭ ئىسمى ئانچە بەك تىلغا ئېلىنمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنداق بولسا تۈركلەر نەگە كەتتى؟ تۈركلەر نەدە؟

ئافغانىستاننىڭ شىمالى قىسمىدىن تېپىلغان جۇغراپىيىگە ئائىت پارسچە ئەسەر «ھۇدۇدۇلئالەم» دە خاتىرىلىنىشىچە، ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى كەڭ رايونلارغا نۇرغۇن ئۇلۇسلار تارقالغان بولۇپ، ئۇلار گەرچە تۈرك دەپ ئاتالمىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ئۇلۇسلار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاساسلىق ئۇلۇسلارنىڭ بىرى ئوغۇزلار بولۇپ، ئۇلار شەرقتە ئېرتىش دەرياسىدىن غەربتە ۋولگا دەرياسى بويلىرىغىچە، جەنۇبتا كاسپىي دېڭىز بىلەن ماۋرا ئۇننەھىر ئەتراپىدىكى زېمىنغا تارقالغان ئىكەن. قالغانلىرى قىماقلار، پەچەنەكلەر، قىپچاقلار، ماجارىيلار بولۇپ، ئۇلار روسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى يايلاقلارغا تارقالغان. كېيىن ئوغۇزلار تەدرىجىي ھالدا غەربكە كۆچكەنلىكتىن قاسار، تۈركمەن، سالجۇق، ئوسمانىيلار قاتارلىق ناملار ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيالاردا پەيدا بولۇشقا باشلىغان. قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەردە ئۆز ئەجدادىنىڭ نامىنى قەبىلە نامى قىلىپ قوللىنىدىغان بىر ئادەت بار ئىدى. شۇڭا ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلار قەبىلە نامىنىلا قوللىنىپ كەلدى. شۇڭا تۈرك دېگەن بۇ نام ئۇنتۇلۇپ كەتتى.

## 2

ئەگەر بىز مۇھاكىمە قىلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە مۇشۇنداق قارايدىغان بولساق، تۈركىي مىللەتلەر ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقالغانلىرى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ھازىرقى زامان تىلشۇناسلىق تەتقىقاتىدا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، تۈركمەن، قاراقالپاق قاتارلىقلاردىن باشقا جۇڭگودا ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار، سالا، يۇغۇر (سېرىق ئۇيغۇر) لار، سىبىرىيىدە ياقۇت، ئالتاي، خاكاسلار؛ ۋولگا دەرياسى بويىدا تاتار، باشقىرت، چۇۋاشلار؛ كاپكاز رايونىدا ئەزەر، قۇمىق، قاراچاي، بالقار، قارا پاپاق، ئەزەربەيجانلار؛ تۈركىيىدە تۈركلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا باشقا ئۇششاق تۈركىي مىللەتلەر بار. دۇنيادىكى تۈركىي تىللاردا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر ئاساسلىقى ئاسىيا قىتئەسىدە ئولتۇراقلاشقان دەپ قارىلىدۇ.

تۈركلەر تارقالغان جايلارنىڭ يەر ناملىرى يەنىلا بۇرۇنقى كونا ناملاردىن ئىبارەت. چۈنكى تۈركلەرنىڭ گۈللەنگەن ۋاقتى VI ئەسىردىن كېيىنكى ئىش بولۇپ، ھەرقايسى جايلاردىكىلەر ئەڭ بۇرۇنقى ئاھالە ھېسابلانمايتتى. شۇڭا ھازىر «تۈركىستان» دېگەن ئىسىمنىلا ئىزاھلاپ ئۆتسەك كۇپايە. بۇ يەر نامىنى « 突厥斯坦 » دەپ تەرجىمە قىلىش كېرەك ئىدى، ئەمما ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بۇيان نېمە ئۈچۈندۇر كىشىلەر ئۇنى « 土耳其斯坦 » دەپ يېزىپ كەلدى. مېنىڭچە، بۇنىڭدىكى سەۋەب پانتۈركىزم ئىدىيىسىدىن بولسا كېرەك، چۈنكى پانتۈركىزمنىڭ مەركىزى تۈركىيە. تۈركىيىلىكلەر تۈركىيە چېگرىسىنىڭ سىرتىدىكى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئولتۇراقلاشقان تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنى تاشقى تۈركلەر دەپ ئاتايدۇ. قەدىمكى تۈركلەرنىڭ گۈللەنگەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. بۇرۇن نۇرغۇن كىتابلاردا تۈركىي تىل تۈرك تىلى دەپ، تۈركىي مىللەتلەر تۈرك مىللىتى دەپ يېزىلىپ كەلگەنىدى.

بەزى تەرجىمە ئەسەرلىرىدىمۇ چەتئەل تىلىدىكى تۈركىي مىللەت مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان TurKS دېگەن خەت تۈرك دەپ تەرجىمە قىلىنىپ كەتكەندى، بۇ تۈركىي مىللەتلەر ۋە تۈركلەرنىڭ تارىخىنى چۈشەنمىگەنلىكتىن كېلىپ چىققان. بۇ پارسچە ئاتىلىپ قالغان يەر نامى بولۇپ، دەۋرنىڭ تەرەققىياتى ۋە تۈركلەرنىڭ كۆچۈپ يۈرۈشى تۈپەيلىدىن بۇ نام بىلەن ئاتىلىدىغان جايلار ئۆزگىرىپ تۇرغان، دەسلەپتە تۈركلەر ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئوتلاقلاردا ياشىغان بولۇپ، ئۇ چاغلاردا هازىرقى ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسى ئوتتۇرىسىدىكى جايلار ئارىئانلارنىڭ يېرى بولغانىدى. شۇڭا بۇ جايلارنى «تۈركىستان» دەپ ئاتاش ئەقىلغا سىغمايدۇ. تۈركلەرنىڭ ماۋرا ئۇننەهىرگە كېلىپ ئورۇنلاشقان ۋاقتى مىلادى VI ئەسىردىن كېيىن يەنى پارسلارنىڭ ساسانىيلار سۇلالىسى دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. ئەرەب تارىخچىسى تەبەرىنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، قەدىمكى زاماندا ئارىئانلاردىن بولغان ئارىش ئىسىملىك بىر مەرگەن پادىشاه مەنۇچېهرىنىڭ ئەمرىگە بىنائەن ئوقيا ئاتقان بولۇپ، ئوق نەگە چۈشسە شۇ يەر چېگرا قىلىپ بېكىتىلگەن. ئەينى ۋاقىتتا شۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ئايرىلغان تۈركىستان بىلەن پارس چېگرىسى هازىرقى ئامۇ دەرياسى ئىدى. كېيىن ئەرەبلەر ساسانىيلار سۇلالىسىنى يوقىتىپ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىگىلىگەندىن كېيىن، تۈركلەرنىڭ كۆچىنى تەدرىجىي هالدا ماۋرا ئۇننەهىردىن سىقىپ چىقاردى. نەتىجىدە بۇ يەر ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالدى. شۇڭا مىلادى IX ~ XI ئەسىرلەردىكى ئەرەب جۇغراپىيونلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە تىلغا ئېلىنغان تۈركىستاننىڭ ئورنى شىمال ۋە شەرق تەرەپلەرگە سۈرۈلۈپ كەتكەن. قىسقىسى ئەڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى «تۈركىستان» نىڭ مەنىسى ئۆزگىرىشچان بولۇپ هازىرقى بىلەن ئوخشىمايتتى.

## 3

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركلىشىشى ئەمەلىيەتتە X ئەسىردە سامانىيلار خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن باشلانغان. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قاراخانىيلار خانلىقى، غەزنەۋىيلەر خانلىقى، سالجۇقىيلار خانلىقى، خارەزىم خانلىقى قاتارلىق خانلىقلارنىڭ هەممىسىنى تۈركىي تىللىق خەلقلەر قۇرغان. بۇ دەۋردە تۈركىي تىللاردا سۆزلىشىدىغان نۇرغۇن قەبىلىلەر ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىي قىسمىغا كۆچۈپ كەلگەن. بۇ كۆچمەنلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىپ شۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان هەمدە دېهقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ۋە يەرلىك ئاهالىلەر بىلەن توي قىلغان. نەتىجىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلقلەر تىل - مەدەنىيەت، دىنىي ئېتىقاد، ئۆرپ - ئادەت، تەن قۇرۇلۇشى، ئىقتىسادىي تۇرمۇش قاتارلىق جەهەتلەردە تەدرىجىي هالدا تۈركلەر بىلەن ئوخشاش بولۇپ كەتكەن.

XV ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۈركىي تىللىق مىللەتلەردىن بىرى بولغان ئۆزبېكلەر جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ ماۋرائۇننەهىر ۋە خۇراساندىكى تېمۇرىيلار سۇلالىسىنى يوقىتىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر قانچە ئۆزبېك خانلىقىنى قۇرغان، نەتىجىدە ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدىمۇ نۇرغۇن ئۆزبېك ئاهالىسى پەيدا بولۇپ يېڭى بىر يەر نامى ئافغانىستان تۈركىستانى — دېگەن نام مەيدانغا چىقتى.

بۇ ۋاقىتتا تۈركلىشىش قەدىمى گەرچە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ هەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان بولسىمۇ، ئىرانلىقلار ۋە پارس تىلىنىڭ كەڭ تارقىلىشىنى يوقىتا چىقىرالمىغانىدى. سىكرەين بىلەن روس بىرلىشىپ يازغان «ئاسىيانىڭ كىندىكى» ناملىق كىتابتا بەزى كىشىلەرنىڭ ئەسىردە تىلغا ئېلىنغان سۆزلەر نەقىل كەلتۈرۈلۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، تۈزلەڭلىك رايونلاردىكى ئىران ئىرقىدىكىلەر تاجىكلار، پامىر ئېگىزلىكىدىكى ئىران ئىرقىدىكىلەر قۇلچاقلار دەپ ئاتالغانىدى. بۇ ئىككى خىل كىشىلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى: 1) باكتىرىيە ۋە سوغدىيانىدىكى يەرلىك ئىران ئىرقىدىكىلەرنىڭ ئەۋلادى بولۇشى مۇمكىن. 2) خارەزىمدىن كۆچۈپ كەلگەن بۇخارالىق كۆچمەنلەر بولۇشى مۇمكىن. 3) تارىختا تۈركلەر ئېلىپ كەلگەن پارس قۇللار بىلەن يەرلىك ئاهالىلەرنىڭ نىكاهلىنىشىدىن تۇغۇلغانلارنىڭ ئەۋلادى بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئىران ئىرقىدىكىلەر

قەدىمدىن تارتىپلا سودىغا ماھىر بولۇپ، رۇسلار ئۇلارنى بۇخارالىقلار دەپ ئاتىغان. ھەر يىلى ماۋرا ئۇننەھىر ياكى شىنجاڭنىڭ قەشقەر، قۇمۇل، تۇرپان قاتارلىق جايلىرىدىن (رۇسلار ئۇلارنى كىچىك بۇخارالىقلار دەپ ئاتىغان) كەلگەن نۇرغۇن سودىگەرلەر (ئاتالمىش بۇخارالىقلار) تارا، ئومسكى ۋە غەربىي سىبىرىيىنىڭ باشقا جايلىرىغا بېرىپ رۇسلار بىلەن سودا سېتىق قىلغان. 1805 - يىلى روسىيە تىمكوۋسكىنى جۇڭگوغا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ «جۇڭگوغا ئەلچىلىككە بېرىشقا دائىر ئەھۋاللار» دېگەن كىتابنى يازغان، ئۇ بۇ كىتاۋىدا: «شەرقىي تۈركىستان دېگەن بۇ نام ياۋروپادا كىچىك بۇخارا دېگەن نام بىلەن داڭلىنىدۇ، . . . . بۇ جاي 1758 - يىلى چىيەنلۇڭ خانغا بويسۇنۇپ شىنجاڭ دەپ ئاتالغان» دېگەن. ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇلارنىڭ كىچىك بۇخارا توغرىسىدىكى پىكىرلىرى سېلىشتۇرۇلغان، مېنىڭچە بۇ رايوننى «جۇڭگو تۈركىستانى» دەپ ئاتاش پۈتۈنلەي توغرا. تىمكوۋسكى ئۆز كىتابىدا يەنە 1757 - يىلى شەرقىي تۈركىستان چىيەنلۇڭ خان تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغاندىن كېيىن شىنجاڭ دەپ ئاتالغان دەپ يازغان.

جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونى (ئاساسلىقى جەنۇبىي شىنجاڭ) «جۇڭگو تۈركىستانى» دەپ ئاتالغاندىن باشقا يەنە غەرب يازغۇچىلىرى تەرىپىدىن «شەرقىي تۈركىستان» دەپمۇ ئاتالغان. مەسىلەن: گېرمانىيىلىك جۇغراپىيىشۇناس رىت «شەرقىي تۈركىستان» ناملىق بىر كىتاب يازغان. شىنجاڭنىڭ غەربىدىكى رايونلار «روسىيە تۈركىستانى» دەپ ئاتالغان. چار روسىيە زامانىدا يۇقىرىدا دېيىلگەن ئۈچ تۈركىستان ئىچىدە پەقەت روسىيە تۈركىستانىلا مەمۇرىي تېررىتورىيىلىك مەنىگە ئىگە ئىدى. مەسىلەن: 1867 - يىلى روسىيە تاشكەنتنى مەركەز قىلغان تۈركىستان ۋىلايىتىنى قۇرغان. 1898 - يىلى يەنە تاشقى كاسپىي دېڭىزى رايونى بولغان تۈركمەنىيەنى تۈركىستان ۋىلايىتىگە قوشۇۋەتكەن. بىراق روسىيە ئالىمى مۇشكېتوف تۈركىستان رايونىغا ئافغانىستان تۈركىستانىنىمۇ قوشۇۋېلىش غەرىزىدە بولغان. ئۇنىڭچە بولغاندا، كەلگۈسىدە روسىيە چېگرىسى ھىندىقۇش تاغلىرىغىچە كېڭىيەرمىش، ئۇنداقتا ھازىر قانداق بولدى؟. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىغا ئەگىشىپ روسىيە چېگرىسى ئافغانىستانغىچە كېڭىيىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئوتتۇرا ئاسىيادا بىرقانچە مۇستەقىل دۆلەتلەر مەيدانغا كەلدى. قانداقمۇ ھەممىنى قوشۇپ «تۈركىستان» دەپ ئاتىغىلى بولسۇن؟ ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان»غا كەلسەك، جۇڭگو ئۇنى ئەزەلدىن قوبۇل قىلغان ئەمەس. ئۇنىڭ بىر مەمۇرىي بىرلىكنىڭ نامى بولۇشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئەمەلىيەتتە چار روسىيە دەۋرىدىكى مەمۇرىي تېررىتورىيە نامى بولغان «تۈركىستان» دېگەن بۇ نام سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىگە كەلگەندە بىر مەزگىل ئىشلىتىلگەن. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان. بىراق «تۈركىستان» دېگەن بۇ ئىسىمنىڭ ئورنىنى 1924 - يىلى مىللىي چېگرىلارنى ئايرىش يولغا قويۇلغاندا مەيدانغا كەلگەن «ئوتتۇرا ئاسىيا» ۋە «قازاقىستان» دېگەن چوڭ دائىرىنى بىلدۈرىدىغان ناملار ئىگىلىدى.

خوش، ئۇنداق بولسا 30 - يىللاردا بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردا نېمە ئۈچۈن بەزى كىشىلەر «شەرقىي تۈركىستان» بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقتى؟ بۇنىڭدا ئويۇن بار، بىرىنچىدىن، ئۇلار مىللەت ۋە تېررىتورىيىدىن ئىبارەت ئىككى ئۇقۇمنى ئارىلاشتۇرۇۋالغان. ئىككىنچىدىن: بۇ نامنىڭ مەزمۇنىغا سىياسىي تۈس بەرگەن. مىللەت ۋە تېررىتورىيە ئوخشاش بولمىغان ئىككى ئۇقۇم بولۇپ، بۇ ئىككىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. دۇنيا مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتساق، نۇرغۇن مىللەتلەر ئوخشاش بولمىغان دۆلەتلەردە ياشاپ كەلمەكتە. يەنە كېلىپ كۆپ ساندىكى دۆلەتلەر كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ، قانچە مىللەت بولسا، شۇنچە دۆلەت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. دۆلەت زېمىنىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى قايسى بىر مىللەتكە ئەمەس بەلكى دۆلەتكە تەۋە، دۆلەت ئۆزى باشقۇرىدىغان يەرلەرنى رايونلارغا ئايرىش، ئەمەلدار تەيىنلەپ ئايرىپ ئىدارە قىلىش، ئاھالە كۆچۈرۈش، قۇرۇلۇش قىلىشقا

ھوقۇقلۇق، ھەرقانداق مىللەتنىڭ مەلۇم يەرنى ئۆز يېرىمىز دەپ دۆلەتنىڭ يۇقىرىقىدەك تەدبىرلەرنى قوللىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىش ھوقۇقى يوق. بەزى كىشىلەر مىللەت بىلەن تېررىتورىيىنى بىر - بىرىگە چېتىۋېلىپ، مەلۇم بىر يەرنى مەلۇم بىر مىللەتكە تەئەللۇق دەپ ھېساپلاپ، باشقا مىللەتلەرنىڭ بۇ يەرگە كىرىشىنى تاجاۋۇزچىلىق قىلغانلىق دەپ قارايدۇ. ھازىر دۇنيادىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان قاراشلار بار. بىراق مۇشۇ خىلدىكى كۆز قاراشتا بولۇۋاتقان مىللەت ياكى شەخس ئەگەر شۇ جاينىڭ يەرلىك ئاھالىسى بولسا بۇ بىرگەپ، ئەگەر شۇ جاينىڭ يەرلىك ئاھالىسى بولمىسا، شۇ مىللەت ياكى شەخسمۇ تاجاۋۇزچى بولۇپ قالامدۇ؟ مەسىلەن: ئېلىمىزنىڭ تەيۋەن ئۆلكىسىدە بىر قىسىم كىشىلەر چوڭ قۇرۇقلۇقتىن تەيۋەنگە ئۆزىدىن كېيىن بارغانلارنى يات ئۆلكىلىكلەر دەپ ئاتايدۇ. ئۆزىنى بولسا تەيۋەنلىك ھېسابلايدۇ. ئۇلار ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ تەيۋەنگە چوڭ قۇرۇقلۇقتىن بارغانلىقىنى يادىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ. ئۇنداقتا تەيۋەندە ئەسلىدىن بار بولغان گاۋشەن مىللىتى ئۇلارنى نېمە دەپ ئاتايدۇ؟! شۇنىڭغا ئوخشاشلا ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدىمۇ بىر قىسىم كىشىلەر شىنجاڭنى «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتاپ، شىنجاڭ جۇڭگوغا تەۋە ئەمەس، بەلكى تۈركىي مىللەت بولغان ئۇيغۇرلارغا تەۋە دەپ ھېسابلايدۇ ھەمدە «شىنجاڭ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ‹يېڭى ئېچىلغان زېمىن› ياكى ‹يېڭىدىن بەلگىلەنگەن چېگرا› دېگەندىن ئىبارەت» دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ. مانا بۇ ئۇلارنىڭ «شەرقىي تۈركىستان» بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىشتىكى سەۋەبى.

تۈركىي مىللەتلەر جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەرلىك ئاھالىمۇ، ئەمەسمۇ؟ بۇ ئېنىقلاپ چىقىشقا تېگىشلىك مەسىلە. يېقىنقى زاماندىكى تارىخشۇناسلىق ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقات ئارقىلىق ھىندى - ياۋروپا ئىرقىدىكى ئارىيانلارنىڭ بۇ يەردىكى يەرلىك ئاھالە ئىكەنلىكى بېكىتىلدى. ئۇنداق بولسا ئارىيانلاردىن كېيىن شىنجاڭغا ھەممىدىن بۇرۇن كىم كىرگەن؟ مېنىڭچە خەنزۇلار. چۈنكى خەن دەۋرىدىلا نۇرغۇن خەنزۇلار بۇ يەرگە چىققان. تۈركلەرنىڭ بۇ يەرگە كېلىشى مىلادى VI ئەسىردىن كېيىنكى ئىش، ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭغا زور تۈركۈمدە كۆچۈپ كەلگەن ۋاقتىمۇ IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا توغرا كېلىدۇ. خەن دەۋرىدە ئىچكىرىدىكى خەنزۇلارنىڭ شىنجاڭغا چىقىشىدا مېنىڭچە مۇنداق ئالتە تۈرلۈك سەۋەب بولۇشى مۇمكىن: 1) بوز يەر ئېگىلەش. 2) ئەلچىلىككە چىقىش. 3) ئەسكەر بولۇش. 4) تىجارەت قىلىش. 5) قېچىپ چىقىش. 6) باشقا سەۋەبلەر. ۋېي، جىن سۇلالىرى ۋە جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە كەلگەندە، تېخىمۇ كۆپ خەنزۇلار ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىدىن قېچىپ شىنجاڭغا چىققان. كېيىن تۈركلەرنىڭ كۆچىشى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلەر زېمىنى بولۇپ قالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىيانى تۈركلەرنىڭلا زېمىنى دەپ قاراش توغرا ئەمەس. گەرچە تۈركىي مىللەتلەر سان جەھەتتە مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، يەر نامىنى مەلۇم بىر سىياسىي مەقسەتكە يېتىشنىڭ ۋاستىسى قىلىش — «شەرقىي تۈركىستان» مەسىلىسىدە ناھايىتى ئېنىق گەۋدىلەندى. بۇرۇن پانتۈركىستلار ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيادىكى بارلىق تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، بىر تۈركلەر دۆلىتى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغانىدى. ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ ئىشقا ئاشمايدۇ. چۈنكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئوخشىمىغان دۆلەتلەرگە تارقالغانلىقتىن ئۇ دۆلەتلەرنىڭ ھېچقايسىسى پانتۈركىستلارنىڭ سۇيىقەستىنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا ھەرگىز يول قويمايدۇ. بەزىلەر پانتۈركىزىمنى دەستەك قىلىپ، جۇڭگودىن ئايرىلىپ چىقىپ، مۇستەقىل «شەرقىي تۈركىستان» جۇمھۇرىيىتى قۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ. بىر مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا لايىق زېمىن بولۇشى كېرەكقۇ؟ بۇ زېمىن قەيەردە؟ شىنجاڭدىمۇ؟ بىراق، شىنجاڭ جۇڭگونىڭ زېمىنى تۇرسا؟ مىلادىدىن بۇرۇنقى 60 - يىلى خەن سۇلالىسى شىنجاڭدا قورۇقچىبەگ تۇرغۇزغاندىن باشلاپ ھېسابلىغاندىمۇ شىنجاڭ جۇڭگوغا تەۋە بولغىنىغا

2000 يىلدىن ئاشقان بولىدۇ. 1882 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۆز زېمىنى بولغان شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلدى. بۇ جەھەتتىمۇ شىنجاڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن ئوخشاش، يەنە كېلىپ شىنجاڭ ئاھالىسىنىڭ يېرىمى خەنزۇلاردىن تەركىب تاپقان كۆپ مىللەتلىك رايون. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پانتۈركىستلارنىڭ بۇ سۇيىقەستى دەۋر ئېقىمىغا خىلاپ، ئەمەلىيەتتىن ھالقىغان، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپ ھەرىكەت، بۇ ھەرگىزمۇ ئىشقا ئاشمايدۇ.

يۇقىرىقى بايانلاردىن بىز تۆۋەندىكىدەك كۆز قاراشقا ئىگە بولىمىز: ھازىر «تۈركىي» دېگەن سۆز بىر تىل گۇرۇپپىسىنىڭ نامى بولۇپ قالدى، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا نامى بار. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۆزلىرىنى «تۈرك» دەپ ئاتىمايدۇ. ئۇلار ھازىر ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۆلەتلەردىكى قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمايدىغان دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتتى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ئورتاق تەرەققىي قىلىش، ئورتاق گۈللىنىش بولۇپ، ھەرگىزمۇ مىللەتچىلىك ۋە مىللىي ئايرىمچىلىق قىلىش ئەمەس. پانتۈركىزم ئۇچىغا چىققان مىللەتچىلىكتۇر. «شەرقىي تۈركىستان» قۇرۇش تەشەببۇسى ۋەتەننى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى پارچىلاش تەشەببۇسى بولۇپ، ئۇنى جەزمەن پاش قىلىشىمىز ۋە تەنقىت قىلىشىمىز كېرەك.

(خەنزۇچە «جۇڭگو چېگرا رايون تارىخ ـ جۇغراپىيە تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1997 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇرېھىم ياقۇپ

تەرجىمە تەھرىرى: ئابلىز ئورخۇن

---

(بېشى 13 ـ بەتتە)

ئەنئەنىلەر، ئېسىل ئىستىل ـ پەزىلەتلەر يوقالمايدۇ، زاۋۇتنىڭ ھاياتىي كۈچى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئاجىزلاشمايدۇ. دۇنيادا، دۆلىتىمىزدە ئەسىرلەردىن بۇيان مۇشۇنداق باشقۇرۇلۇپ، «داڭدار» كارخانا، ئۇلار ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلار «داڭدار» مەھسۇلات دەپ شان ـ شەرەپ قازانغان مىساللار ناھايىتى كۆپ. بۇ خىلدىكى كارخانىلارنى بەرپا قىلىشنىڭ ھالقىسى نەدە؟ مەيلى پىلان ئىگىلىكى دەۋرىدە بولسۇن، ياكى بازار ئىگىلىكى دەۋرىدە بولسۇن، كارخانا قۇرۇلغاندىن باشلاپلا ئۇل خىزمەتلەرنى باشتىن ئاخىر بوشاشماي چىڭ تۇتۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

بىر كارخانىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ بارلىق ھەرىكىتى ئومۇمىيۈزلۈك باشقۇرۇشتىن ئايرىلمايدۇ. باشقۇرۇش ئادەم ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ، دېمەك، ئومۇمىيۈزلۈك باشقۇرۇش دېگىنىمىز، ئالدى بىلەن ئادەمنى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت. ئادەمنى ياخشى باشقۇرۇش ئۈچۈن، كارخانىنىڭ ھەر جەھەتتىكى ئۇل خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا كارخانىلاردىكى ئۇل خىزمەت — ئاساسنىڭ ئاساسىدۇر.

كارخانا ئۇل خىزمىتىنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كۆپ، دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئاساسلىقلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: ئۆلچەم بىرلىكى، سان، مىقدار بىرلىكى، نورما بەلگىلەش، ئۇچۇر، قائىدە ـ تۈزۈم، ئاساسىي تەربىيە، گۇرۇپپىلار قۇرۇلۇشى قاتارلىق بىر قانچە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمەلىي مەشغۇلات جەريانىدا بۇلار ئۆز ئارا زىچ ماسلاشتۇرۇپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. بىرى كەم بولسا بولمايدۇ.

تەھرىرلىگۈچى: غوپۇرھوشۇر نىيازى

# شۋېتسىيىدە ساقلانغان شىنجاڭغا ئائىت ماتېرىياللار

شىمىن ياسۇشى (ياپونىيە)

## سۆز بېشى

ئىسلاملاشقاندىن كېيىنكى شىنجاڭغا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلاردىن ئەمەلىي پايدىلىنىش يېتەرلىك بولمىدى. ئۇزۇندىن بېرى پايدىلىنىپ كېلىنىۋاتقانلىرى خەنزۇ ۋە ياۋروپا تىللىرىدىكى ساياھەت خاتىرىلىرىدىن ئىبارەت. شۇ ماتېرىياللار ئەينى چاغدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى، بوستانلىقلاردىكى ئۆزگىرىشلەرنى، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئەھۋالىنى بىلىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىدۇ. بىراق ئالدىنقىسىنىڭ (خەنزۇچە ماتېرىياللارنىڭ) كۆپ قىسمى ئاساسىي جەھەتتىن ھۆكۈمرانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن يېزىلغان. كېيىنكىسىنىڭ كۆپ قىسمى، ئۇيغۇر تىلىنى بىلمەيدىغان كىشىلەرنىڭ ۋاقىتلىق كۆزىتىشى، كۆرگەن - بىلگەنلىرىدىن ئىبارەت بولغاچقا، يۈزەكىلىكتىن خالىي ئەمەس. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى يېزىپ قالدۇرغان ۋە شۇ يەردە تۇرغان «چەت ئەللىك» لەر يېزىپ قالدۇرغان خاتىرىلەر، رەسىملەر ئەڭ قىممەتلىك ئۇچۇر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چاغاتاي تىلى قولىيازمىلىرىنىڭ ھازىرغىچە ساقلانغان بىر قىسمى ئېلان قىلىنىپ پايدىلىنىلىۋاتىدۇ. جۇڭگودا ساقلانغان ماتېرىياللارنى قولغا كىرگۈزۈش ئاسان ئەمەس. ئەينى چاغدا يەرلىكلەشكەن چەت ئەللىكلەرنىڭ قولىيازمىلىرى، قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە ئەلچىخانىسىنىڭ دوكلادى قاتارلىقلار جۇڭخۇا مىنگو دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ سىياسىي تارىخىنى قايتا تۈزۈشتە پايدىلىنىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، تارىخ تەتقىقاتىدا پايدىلىنىش قىممىتى بولغان ماتېرىياللارنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى تولۇق مەلۇم قىلىنمىغان. بۇ ئەمەلىي ئەھۋال. شۇڭا مەن يېقىندىن بېرى قولغا كىرگۈزۈش ئىمكانىيىتى بولغان، شۋېتسىيىدە ساقلىنىۋاتقان شىنجاڭغا ئائىت ماتېرىياللارنى تونۇشتۇرماقچىمەن. بۇلار ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى يېزىپ قالدۇرغان قولىيازمىلار، ئەينى چاغدا شىنجاڭدا تۇرغان شۋېتسىيىلىكلەر يازغان دوكلات خاتىرىسى، رەسىم قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇلارنى شۋېتسىيىلىك داڭلىق دىپلومات، ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتچىسى گۇننار يارىڭ ئەپەندى (Gunnar Jarring) ۋە 20 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا شىنجاڭدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان شۋېتسىيىلىك مىسسىيونېرلار يىغىپ ساقلىغان. يارىڭ ئەپەندىنىڭ ماتېرىيال توپلىغۇچى سۈپىتىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقات پائالىيىتى ھەر جەھەتتە مىسسىيونېرلار بىلەن باغلىنىشلىق بولغان.

شۋېتسىيە مىسسىيونېرلار جەمئىيىتى 1886 - يىلى ئافرىقىنىڭ كونگو، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرى ۋە شىنجاڭغا مىسسىيونېرلارنى ئەۋەتىپ، تەشكىللىك دىنىي تەشۋىقات پائالىيىتىنى قانات يايدۇرغانىدى. 1894 - يىلى بىرىنچى تۈركۈمدىكى مىسسىيونېرلار قەشقەرگە كېلىپ 1937 - يىلى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قاتتىق بۇيرۇقى بىلەن چېكىنگەنگە قەدەر، قەشقەر، يەكەن، قەشقەر خەنزۇ شەھىرى (يېڭى شەھەر)، يېڭىسار قاتارلىق تۆت شەھەرنى نۇقتا قىلغان. ئۇلار تار مەنىدىكى دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماستىن بەلكى دوختۇرخانا قۇرۇش، داۋالاش، يەرلىك ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ تىلى، مىللىي ئۆرپ - ئادىتى ئۈستىدە تەكشۈرۈش - تەتقىقات ئېلىپ بېرىش،

يەرلىكتە نەشرىيات، باسمىخانا قۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنى قىلغان ۋە دىنىي پائالىيىتىنىڭ بىر قىسمى قىلىپ مەكتەپلەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغىمۇ ئارىلاشقان. يارىڭ ئەپەندى 1929 — 1930 - يىللىرى ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدە قەشقەرگە كەلگەن، ئۇ رەسىملەرنى يىغىش، مازارلارنى تەكشۈرۈش تەتقىقاتى ئېلىپ بارغان، شۇ چاغدىكى شۋىتسىيە مىسسىيونېرلار جەمئىيىتى ئورگىنىدىكى مىسسىيونېرلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان، ئۇلار بىلەن يارىڭ ئەپەندىنىڭ مۇناسىۋىتى شۇ چاغدىن كېيىنمۇ يەنە داۋاملاشقان. تۆۋەندە تونۇشتۇرىلىدىغان شۋىتسىيىدە ساقلانغان ماتېرىياللار ئەشۇلارنىڭ بىر قاتار تارىخىي كەچمىشلىرى بىلەن زىچ باغلانغان. مەن 1994 - يىل 12 - ئايدىن 1995 - يىل 1 - ئايغىچە شۋىتسىيە لاند (Lund) ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى ۋە ستوكھولىم دۆلەتلىك ئارخىپ ماتېرىياللار سارىيىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم ۋە ساقلانغان ماتېرىياللارنى تۆۋەندىكىچە تۈرلەرگە ئايرىدىم.

I . لاند ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى يارىڭ توپلانمىلىرى.

بۇلار ئاساسەن يارىڭ ئەپەندى يىغقان ماتېرىياللار بولۇپ، تۆۋەندىكى 2 قىسىمغا بۆلۈنىدۇ:

A . تۈركىيچە، پارسچە، ئەرەبچە قوليازمىلار.

B . قەشقەردە نەشر قىلىنغان باسما ماتېرىياللار.

Ⅱ . شۋىتسىيە دۆلەتلىك ئارخىپ ماتېرىياللىرى سارىيىدىكى فراننى توپلانمىلىرى

شىنجاڭدا تۇرغان شۋىتسىيە مىسسىيونېرلار جەمئىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك رەسىملەرنى مەركەز قىلغان توپلانمىلار ئىچىدە I—A توغرىسىدا خامادا (濱田) ئەپەندى «چاغاتايچە قولىيازمىلارنى تونۇشتۇرۇش» دېگەن ماقالىسىدا قولىيازمىلار ھەققىدە مەخسۇس توختالغان. باسما بۇيۇملار ۋە فراننى توپلاملىرى توغرىسىدا يارىڭ ئەپەندى توختىلىپ ئۆتكەن.

I . لاند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدىكى ماتېرىياللار

A . تۈركىيچە، پارسچە، ئەرەبچە قولىيازمىلار

**(1) توپلاملارنىڭ دائىرىسى ۋە كېلىش مەنبەسى قاتارلىقلار**

بۇلار ئاساسەن يارىڭ ئەپەندى ۋە شۋىتسىيە مىسسىيونېرلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى شىنجاڭدىن ئېلىپ كەلگەن قولىيازمىلار بولۇپ، يارىڭ ئەپەندى قولدا يازغان كاتالوگدا 545 پارچە قولىيازما، ھۆججەت بار. نومۇرى (Prov) 1 دىن 546 غىچە. ئىچىدە Prov 537 كام قالغان.

شۋىتسىيە مىسسىيونېرلار جەمئىيىتى دىنىي تەشۋىقات پائالىيىتىنىڭ ئوبيېكتى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىنىمۇ تەتقىق قىلغان. ئاتاقلىق دوختۇر ھەم شىنجاڭدىكى تۈركىي تىل مۇتەخەسسىسى دەپ ئاتالغان گۇستاف راكيۇت ئەپەندى ۋەتىنىگە قايتىپ، 1924 - يىلدىن باشلاپ لاند ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولغان يارىڭ ئەپەندى 1929 — 1930 - يىللىرى قەشقەرگە كېلىپ، يەرلىكتىكى كىتابپۇرۇشلاردىن نۇرغۇن كىتاب ۋە قولىيازمىلارنى سېتىۋالغانلىقى كۆپچىلىككە مەلۇم. بىراق، بۇ توپلاملار ئىچىدە يارىڭ ئەپەندى شىنجاڭدا بىۋاسىتە قولغا كىرگۈزگەنلىرى نىسبەتەن ئاز. قەشقەر، يەكەندىكى شۋىتسىيىلىك مىسسىيونېرلار يىغقان ماتېرىياللار ئەڭ كۆپ. بۇلارنىڭ لاند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىغا كىرىش جەريانى مۇنداق: 1920 - يىللاردا مىسسىيونېرلار قولغا كىرگۈزگەن ماتېرىياللارنى يارىڭ ئەپەندىگە سېتىپ بەرگەن ۋە 1970 - يىلى ئەينى چاغدىكى مىسسىيونېرلار ئۆزلىرى ساقلىغان بىر قىسىم ماتېرىياللارنى يارىڭ ئەپەندىگە سوۋغا قىلغان ھەمدە 1960 — 1980 - يىللىرى مىسسىيونېرلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، تونۇش - بىلىشلىرى ئۆزلىرىدە ساقلىنىپ قالغان ماتېرىياللارنى يارىڭ ئەپەندىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن كۇتۇپخانىغا سوۋغا قىلغان. ئۇپپسالا ئۇنىۋېرسىتېتىدىمۇ شۇ خىلدىكى قولىيازمىلار ساقلانغان. بۇلار بەلكىم مىسسىيونېرلارنىڭ نەۋرە - چەۋرە، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ساقلىغان ماتېرىياللار بولۇشى مۇمكىن. يارىڭ ئەپەندى ۋە شۋىتسىيىلىك مىسسىيونېرلار

توپلىغان ماتېرىياللارنىڭ كۆپ قىسمى لاند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقانلىقى بۇ بىر پاكىت.

**(2) كاتالوگ**

كۇتۇپخانىدا يارىڭ ئەپەندى قولدا يازغان ۋاقىتلىق كاتالوگنىڭ كوپىيە نۇسخىسى بار بولۇپ، قولىيازمىلارغىمۇ شۇ كاتالوگقا قويۇلغان نومۇر (Prov) قويۇلغان. بۇ لازىم بولغان ماتېرىيالنى ئىلتىماس قىلىشقا قولايلىقتۇر. بىراق كۇتۇپخانىنىڭ رەسمىي بېجىرىش ئۇسۇلى بويىچە ئەنگە ئېلىنمىغان. بۇ ۋاقىتلىق كاتالوگنى تۈزۈش خىزمىتى 1983 - يىل 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى بىر تەرەپ قىلىنغان. Prov16 ~ 49 دىن باشلاپ Prov 542 — 546 غىچە ئون يىل ۋاقىت كەتكەن، 1993 - يىلى پۈتكەن بۇ كاتالوگلار رەسمىي كىتابچە قىلىنمىغان ۋاراقلار توپلىمى بولۇپ، ئۈچ قۇتىغا سېلىنغان. 3 - قۇتىغا تاش مەتبەدە بېسىلغان ئەرەبچە، پارسچە، تۈركىيچە 106 پارچە ماتېرىيالنىڭ تىزىملىكى سېلىنغان. نومۇر تەرتىپى يارىڭ ئەپەندى كاتالوگ تۈزگەن چاغدىكى رەت نومۇرى بويىچە بېرىلگەن بولغاچقا ھەرقايسى قولىيازمىنىڭ تۈرى، يازغۇچىنىڭ ئىسمى، كىتاب ئىسمى تىل ئايرىمىسى بىلەن مۇناسىۋەتسىز تىزىلغان ھەمدە ئاپتور، كىتاب ئىسمى، ماتېرىيالناملىرىنىڭ ئاچقۇچى بېرىلمىگەن. شۇڭا، زۆرۈر ماتېرىيالنى ئىزدەشتە ئىنگلىزچە كاتالوگنى بىر - بىرلەپ ئاختۇرماقتىن باشقا ئامال يوق. يەنە ئەرەبچە قولىيازمىلارنىڭ قايسى تۈردىكىلىگىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئەھۋالمۇ ئۇچرايدۇ.

**(3) تارىخىي ماتېرىياللىق ئەھمىيىتى ۋە پايدىلىنىش قىممىتى**

شىنجاڭ تارىخىغا دائىر تۈركىيچە (ئۇيغۇرچە) قولىيازمىلارغا نەزەر تاشلايلى

**1. ھۆججەتلەر**

شىنجاڭ تارىخى تەتقىقاتىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى يېزىپ قالدۇرغان ھۆججەتلەردىن موغۇلىستان خانىنىڭ 7 پارچە يارلىقى (XVI — XVII ئەسىردىكى) ئالدى بىلەن دىققىتىمىزنى جەلپ قىلىدۇ. بۇلار خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى خوتون (Houghton) كۇتۇپخانىسىدىكى ئاخىرقى تىزىملانغان قولىيازمىلارنىڭ ئىچىدە ساقلانغان. XVIII ئەسىرگە مەنسۇپ بولغانلىرىدىن مەختۇمزادە (بۇرھانىدىن خوجا) نىڭ خوجىلارغا چۈشۈرگەن يارلىقى 2 پارچە، يەنە مەختۇمزادىگە مۇناسىۋەتلىك 4 مېتىرچە كېلىدىغان رەڭدار يۆگەلمە قولىيازما بار بولۇپ، چوڭ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. 2 - قىسمى مەختۇمزادىنى مەركەز قىلغان شەخسلەرنىڭ ئىسمىلىكى. 3 - قىسمى خوجىلار (بۇرھانىدىن خوجا) تەزكىرىسى (بۇنى ھازىر مەن ئوقۇۋاتىمەن). بۇلار ئارىسىدا يەنە زاكاتقا دائىر بىر پارچە ھۆججەت، XX ئەسىردىكى مىسسىيونېرلار بىۋاستە ئارىلاشقان توختامنامە، يارىڭ ئەپەندى قولغا كىرگۈزگەن كارۋان سەپىرىگە دائىر 20 پارچە توختامنامە كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇ ھۆججەتلەر ئىچىدە تەتقىق قىلىنىپ پايدىلىنىلغانلىرى بەكمۇ چەكلىك. بۇلاردىن پەقەت موغۇلىستان خانىنىڭ يارلىقى (Prov220) ئېلان قىلىنغان، بۇنى ساۋادا مىنورۇ ئەپەندى تەنقىدىي نۇقتىدىن پايدىلانغاندى. يېقىندا سۇتۇق بۇغراخان مازىرىنىڭ تارىخىنى قايتا ئېلان قىلىش يۈزىسىدىن، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى موغۇلىستان خانىنىڭ مازارغا شەيخ تەيىنلەش يارلىقى (Prov226/227) بىلەن خوجا ياقۇپنىڭ مازارغا شەيخ تەيىنلەش يارلىقىنى (Prov222) خامادا ئەپەندى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇردى.

**2. تارىخىي ماتېرىياللار**

XVIII ئەسىرگىچە بولغان دەۋرگە مەنسۇپ ماتېرىياللاردىن سۇتۇق بۇغراخانىنىڭ شاگىرتى «ئۇۋەيس» دەپ نام ئالغان «خوجا مۇھەممەت شەرىف تەزكىرىسى»، تۇغلۇق تۆمۈرخاننى ئىسلام دىنىغا ئۈندىگەن جالالىدىن خوجىغا مۇناسىۋەتلىك «جالالىدىن كەتەكى تەزكىرىسى»، «تەزكىرەئى سەيىد ئافاق خوجام» قاتارلىقلار بار.

XVIII ئەسىردىكى ۋەقەلەرگە ئائىت «تەزكىرەئى ئەزىزان» ئاساسلىق تارىخىي ماتېرىيال بولۇپ، قولىيازمىغا ئۇنىڭ تولۇق سۈپەتلىك كوپىيە نۇسخىسى قوشۇمچە قىلىنغان، بۇ كىتابنىڭ قولىيازمىسىنى

گېرمانىيىلىك خارتمان ۋەكىل خاراكتېرلىك قىلىپ تەلتۆكۆس پايدىلانغان. بېرلىنىدىكى ستائاتس كۇتۇپخانىسى (staats bibliothek) دىمۇ بىر قىسىم قولىيازمىلار ساقلانغان. يەنە ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بودلېئان (Bodleian) كۇتۇپخانىسىدا 3 پارچە قولىيازما ساقلانغان. ئۇنىڭ بىر پارچىسى (Ms. Turk. D. 20) پاكىز، كەم - كۇتىسىز ساقلىنىۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا روسسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات باشقارمىسى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى قاتارلىق جايلاردىمۇ قولىيازمىلار ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتىدۇ. لاند كۇتۇپخانىسىدىكى قولىيازمىلار تارىخىي ماتېرىياللار تەتقىقاتىدا يۇقىرى پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

XIX ئەسىرگە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللار ئىچىدە XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە قارشى كەڭ كۆلەمدىكى كۆتىرىلىشلەر ۋە ياقۇپ بەگ دەۋرىگە ئائىت مۇھىم ماتېرىياللاردىن موللا مۇسانىڭ «تارىخى ئەمىنىيە» سى ھەمدە ئۇنىڭ تولۇقلانغان نۇسخىسى «تارىخى ھەمىدىيە» لەر مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇلارنى پارىژدىكى دۆلەتلىك كۇتۇپخانا ۋە روسسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ساقلانغان ماتېرىياللار بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش زۆرۈرىيىتى بار دەپ ئويلايمەن. «تارىخى ھەمىدىيە» (Prov163) نى يەكەندە تۇغۇلۇپ 1940 - يىلى شۋېتسىيىگە كۆچۈپ كەتكەن ستېفېن (J. stephen) يارىڭ ئەپەندىگە تەقدىم قىلغان. 1911 - يىلدىن كېيىنكى بىرقانچە ۋەقەلەر بايان قىلىنغان غۇلام مۇھەممەتخان يازغان ماقالە ئەسلى كىتابنىڭ كەينىگە قىستۇرۇلغان (ff. 1246—1349). ئاخىرىغا 1345 - يىل ھېيت قۇربان ئېيى (1927 - يىل 6 - ئاي) دېگەن ۋاقىت يېزىلغان. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ساقلانغان «تارىخى ھەمىدىيە» نى ئەنۋەر بايتۇر تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغان. بۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرغاندا Prov163 ماتېرىيال «خاقانى چىن» تۇغرىسىدىكى چۈشەندۈرۈش ۋە «يەتتە شەھەر» دىكى شەھەر، مازارلار ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈش — «ئاخىرقى سۆز» نى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا جايلاردىمۇ پەرق بارلىقى ئىسپاتلانغان. مەسىلەن: قۇمۇل ۋاڭلىرى ئىشلەتكەن «تارخان بەگلىك» ئەسلى ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈش Prov163 نومۇرلۇق قولىيازمىدا چۈشۈپ قالغان. ئۇنىڭدىن باشقا، تالىپ ئاخۇن يازغان XIX ئەسىردىكى قوزغىلاڭغا مۇناسىۋەتلىك ئۈچ قىسىملىق يېگانە بىر قولىيازما ئەسەر بار. بۇنى مىسسيونېر خوكبېر (L. E. Hogberg) قولغا كىرگۈزگەن. بۇ قولىيازما ياقۇپ بەگ ھۆكۈمرانلىقى باشلانغان ئەينى چاغدىكى شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا باشقا ماتېرىياللاردا يوق تەپسىلى خاتىرىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قولىيازما بولۇپ، ئاخىرىغا 1317 - يىلى جامادىيۇسسانىنىڭ 1 - كۈنى (1899 - يىل 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى) دېگەن ۋاقىت يېزىلغان. بۇ تارىخىي ماتېرىيال نامى كىم - خو - دوڭ (Kim—ho—dong) نىڭ دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى (1986 - يىل) دە پايدىلانغان ماتېرىياللار مۇندەرىجىسىدە ئۇچرايدۇ.

20 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار ئىچىدە مىسسيونېرلارغا مۇناسىۋەتلىكلىرى ئەڭ كۆپ ۋە مول. مىسسيونېرلار ئۇيغۇر ئاھالىلىرىدىن ئالغان خەت - چەكلەر (تەخمىنەن 200 پارچە)، مىسسيونېرلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشىم - توختامنامە قاتارلىقلار، مىسسيونېرلار جەمئىيىتىنىڭ پائالىيىتى، يەرلىك ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان ئادەتتىكى مۇناسىۋەتلىرىنى ئەينەن چۈشىنىشكە پايدىلىق ماتېرىياللاردۇر. ئەنگلىيە ئەلچىخانىسىنىڭ دوكلاتىدىمۇ، ئەينى چاغدىكى مىسسيونېرلار جەمئىيىتىگە دائىر ۋەقەلەر خاتىرىلەنگەن بولۇپ، خېلىلا رەتلەنگەن. بۇلاردا مۇسۇلمانلارنىڭ مىسسيونېرلارنىڭ پائالىيىتىگە كۈچلۈك قارشىلىقى باشلانغان چاغدىكى ئەھۋاللار تونۇشتۇرۇلغان. كەلگۈسى ئۈچۈن، بۇ ماتېرىياللار مىسسيونېرلار جەمئىيىتىنىڭ پائالىيىتى ۋە ئەينى چاغدىكى جەمئىيەت مۇناسىۋىتىنى كۆپ تەرەپلىمە چۈشىنىشتە زور تۈرتكە بولغۇسى. بۇلار ئەينى چاغدىكى

جەمئىيەتنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئازراق بولسىمۇ بىلىۋېلىش ئىمكانىيىتىنى بېرىدۇ. يەنە قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مىسسىيونېرلار ئائىلىلىرىگە تارقاتقان ئۇزۇن مۇددەتلىك ئولتۇراقلىشىش گۇۋاھنامىسى، جۇڭگولۇق ئەمەلدار جۇرۇيچىنىڭ مىسسىيونېرلارغا يوللىغان تەكلىپنامىسى قاتارلىقلار زور قىزىقىش قوزغايدىغان ۋە ئەمەلىي پاكىتلىق ماتېرىياللاردۇر.

**3. مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت، تىل، دىنغا ئائىت ماتېرىياللار**

XX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلغان ماتېرىياللاردىن دىققەتنى قوزغايدىغىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرى يازغان يازمىلاردۇر. Prov207 نومۇرلۇق ماتېرىيال ۋەكىل خاراكتېرلىك بولۇپ، ئۇنىڭ بىر قىسمى يارىڭ ئەپەندى تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنىپ نەشر قىلىندى. بۇلار ئەنگلىيە ئەلچىخانىسى ۋە مىسسىيونېرلار جەمئىيىتى ياللاپ ئىشلەتكەن تىل ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە مىسسىيونېرلار باشقۇرغان باسمىخانا تىل قىينىچىلىقى تۈپەيلى ياللىغان ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر (بەلكىم يۇقىرىدا تىلغا ئالغان راكيۇت ئەپەندىنىڭ تەلىۋى بىلەن) يېزىپ قالدۇرغان مىللىي ئورپ ـ ئادەتكە دائىر ماتېرىياللاردۇر. بۇلاردىن تارىخىي ماتېرىيال سۈپىتىدە پايدىلانغاندا، ئۇلارنىڭ مىسسىيونېرلارنىڭ تەلىۋى ياكى رىغبەتلەندۇرۇشى بويىچە بەلگىلەپ بېرىلگەن تېمىلاردا يېزىلغان بايانلار ئىكەنلىكىنى ئەستە تۇتۇش زۆرۈر. بۇلاردىن باشقا ئوخشاش تۈردىكى قولىيازمىدىن ئىككىسى بار. بىرى يەكەنلىك بىر كىشى تەرىپىدىن يېزىلغان مىراس، مۇزىكا، قودۇق، مەدرىس، نىكاھتىن ئاجرىشىش قاتارلىق 30 خىل مەسىلىگە ئائىت قولىيازمىدۇر. يەرلىك ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت ئىدىئوملار توپلىمى، قەشقەردىكى ئەنگلىيە ئەلچىخانىسى تۈزگەن گراماتىكا، مىسسىيونېرلار تۈزگەن لۇغەت قاتارلىقلار بار. ئۇيغۇرلارنىڭ ھۈنەر ـ كەسىپ رىسالىلىرى ۋە خىلمۇ خىل ئەھۋاللارغا لايىقلاشتۇرۇلغان سېھرىگەرلىككە ئائىت دۇئا قاتارلىقلار كىشىنى قىزىقتۇرىدۇ. تىبابەتكە ئائىت ئۈچ پارچە قولىيازما، يەنە شىنجاڭغا ئۆزلەشكەن ئەدەبىيات، دىنغا ئائىت ماتېرىياللار. مەسىلەن، نەۋائىي، ھاپىز شىرازى قاتارلىقلارنىڭ شېئىرلىرى، «مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ تۈركىيچە تەرجىمىسى، «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، «شاھ مەشرەپ»، «ئىسكەندەرنامە»، «چاھاردەرۋىش»، «لەيلى ـ مەجنۇن»، «كەلىلە ۋە دەمنە» قاتارلىقلارمۇ بار.

**4. بۇ ماتېرىياللارنى كۇتۇپخانا خادىمىگە ئىلتىماس قىلسا، كۆچۈرۈپ ئېلىپ كېتىشكە بولىدۇ**

B. قەشقەردىن ئېلىپ كېلىنگەن باسما ماتېرىياللار. لاند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان شىنجاڭغا ئائىت ماتېرىياللار ئىچىدە قولىيازمىلاردىن سىرت باسما ماتېرىياللارمۇ بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى شۋېتسىيە مىسسىيونېرلار جەمئىيىتى قەشقەردە قۇرغان باسمىخانىدا 1901 — 1937 ـ يىلغىچە نەشر قىلىنغان ماتېرىياللار بولۇپ، بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى شۋېتسىيىدىن باشقا جايدا يوق قىممەتلىك ماتېرىياللاردۇر. يارىڭ ئەپەندىنىڭ ئەسىرى (1991) دە بۇ باسما ماتېرىياللارنى نەشر قىلغان باسمىخانىنىڭ پائالىيەت تارىخى بايان قىلىنغان ۋە باسما ماتېرىياللارنىڭ مۇندەرىجىسىمۇ بېرىلگەن.

**(1) كېلىش مەنبەسى، ساقلاش، ئەنگە ئېلىش ئەھۋالى**

بۇ باسما ماتېرىياللارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى يارىڭ ئەپەندى لاند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىغا ئېلىپ كەلگەن. پەقەت ئاز بىر قىسمى باشقىلار ساقلاپ كەلگەن ماتېرىيالنىڭ كوپىيە نۇسخىسىدىن ئىبارەت. كىتابلار يىل رەتى تەرتىۋى بىلەن، بىر ماتېرىيال بىر كونۋېرتقا سېلىنىپ ساقلانغان. كونۋېرتقا يارىڭ ئەپەندى ئەسەرلىرى مۇندەرىجىسىگە ئوخشاش يىل تەرتىۋى بويىچە نومۇر قويۇلغان. ماتېرىيالنى ئىلتىماس قىلغاندا شۇ نومۇر بويىچە رەسمىيەت بېجىرىلىدۇ. بىراق، باسما ماتېرىياللارغا لاند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان دېگەن تامغىمۇ، ماركىمۇ، نومۇرمۇ قوشۇمچە يېزىلمىغان.

قەرەللىك نەشر قىلىنغان ماتېرىياللار ئايرىم رەتلەنگەن، مۇندەرىجىسى يىل تەرتىۋى بويىچە بېرىلمەي ماۋزۇ بويىچە تىزىلغان بولۇپ، كۇتۇپخانىنىڭ مەخسۇس كاتالوگى ۋە كارتوچكا ئاچقۇچى مەۋجۇت ئەمەس.

**(2) باسما ماتېرىياللارنىڭ مەزمۇنى**

بۇ يەردە باسما ماتېرىياللارنى ئاپتورى، نەشر ئەھۋالى بويىچە 2 تۈرگە ئايرىپ، ئاددى چۈشەندۈرۈش بېرىپ ئۆتىمەن.

بىرى، شۋېتسىيە مىسسىيونېرلار جەمئىيىتىگە ئائىت باسما ماتېرىياللار. يەنە بىرى 1933 — 1937 - يىللاردىكى قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەلىۋى بىلەن بېسىلغان ماتېرىياللاردۇر. ئالدىنقىسى مىسسىيونېرلار جەمئىيىتى قۇرغان مەكتەپلەردە ئىشلىتىلگەن دەرسلىك، تۈركىي (ئۇيغۇر) تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان «قۇرئان» (بىر قىسمى) قاتارلىقلار ۋە دىن تارقىتىش پائالىيىتىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان، كەڭ ئۇيغۇر ئاھالىلىرى ئۈچۈن نەشر قىلىنغان باسما ماتېرىياللاردىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەينى چاغدا قەشقەر ئەتراپىدىكى ئاھالىلار ئىشلەتكەن ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى (ئالتە شەھەر تۈركى) يېزىلىق بولۇپ، ھازىرقى ئۇيغۇر تىلى ئۈچۈن ئېيتقاندا سېلىشتۇرما تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە مۇھىم ماتېرىيال دەپ ئويلايمەن. بىراق، بۇ باسما ماتېرىياللارنى ئەينى چاغدا شۇ جەمئىيەتتىكى ئاھالىلار قانداق شەكىلدە قوبۇل قىلغان، جەمئىيەتتە قانداق «تەسىر» پەيدا قىلغان قاتارلىقلار توغرىسىدا ئېنىق مەلۇماتلار قالدۇرۇلمىغان.

كېيىنكىسى، قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەلىۋى بىلەن نەشر قىلىنغان بولۇپ، 1930 - يىللاردىكى قەشقەرنىڭ سىياسىي ئەھۋالى، مىللىي قوزغىلاڭنىڭ ماھىيىتى ۋە ئارقا كۆرۈنۈشى تولۇق ئىنكاس قىلىنغان بىرىنچى دەرىجىلىك مۇھىم تارىخى ماتېرىياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1933 — 1934 - يىللىرى قەشقەردە نەشر قىلىنغان ھەپتىلىك گېزىت «شەرقىي تۈركىستان ھاياتى» ۋە «ئەركىن تۈركىستان» نى ئەينى دەۋردە قەشقەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ھەققىدىكى تەتقىقاتىمدا پايدىلاندىم. قوزغىلاڭ تىنجىغاندىن كېيىن قەشقەردە نەشر قىلىنغان «يېڭى ھايات» (قۇتلۇق شەۋقى تەھرىرلىگەن) گېزىتى 1934 — 1937 - يىللىرىدىكى قەشقەردىكى ھەقىقىي ئەھۋاللارنى جانلىق ۋە ھەر تەرەپلىمە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان قىممەتلىك ماتېرىيالدۇر. يەرلىك ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى نەشر قىلغان بۇ ماتېرىياللار بىزنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئالاھىدە ئەھۋاللارنى بىلىشىمىزگە كۆپ ياردەم بېرىدۇ.

**(3) ماتېرىياللارنى كوپىيە قىلىش، مىكرو فىلىمگە كۆچۈرۈپ ئېلىپ كېتىشكە بولىدۇ**

Ⅱ. شۋېتسىيە دۆلەتلىك ئارخىپ سارىيى. دۆلەتلىك ئارخىپ ماتېرىياللار سارىيىدىكى شىنجاڭغا ئائىت ماتېرىياللار «شەرقىي تۈركىستان توپلانمىلىرى» دېگەن ماۋزۇدا ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا يارلىق ئەپەندى توپلىغۇچىنىڭ نامىنى تاج قىلىپ «فراننى توپلاملىرى» (Franne collection) دەپ نام بەرگەن. بۇ توپلام قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردا تۇرغان مىسسىيونېرلار تارتقان نۇرغۇن رەسىم، كۈندىلىك خاتىرە، خەت - چەكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئادەملەر بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەتنىڭ ئۈن ئالغۇ لېنتىسىمۇ كىرگۈزۈلگەن. ئومۇمەن شىنجاڭدا تۇرغان مىسسىيونېرلار جەمئىيىتىگە دائىر توپلامدىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ ھەممىسى يارلىق ئەپەندى تەرىپىدىن تونۇشتۇرۇلغان. شۇنىڭدىن كېيىن يارلىق ئەپەندى رەسىملەر ئىندېكسىنى تاماملىغان.

**(1) توپلامنىڭ مەنبەسى**

توپلامنىڭ ئىگىسى s. Franne (س. فراننى) 1908 - يىلى تۇغۇلغان، كەسپى ئارخىتېكتور. شىنجاڭدا تۇرغان مىسسىيونېرلار جەمئىيىتىگە زور قىزىقىشى بولغاچقا، مىسسىيونېرلار تارتقان رەسىملەرنى يىغىپ توپلاپ، رەتلىگەن. 1982 - يىلى راكيوت ئەپەندىنىڭ 2 - ئايالى خانىنا ئاندىلسون فراننى ئەپەندىنى 1360 پارچە رەسىم بىلەن تەمىنلىگەندىن باشلاپ مىسسىيونېرلارنىڭ نەۋرە -

چەۋرە، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى تەمىنلىگەن رەسىملەرنى رەتلەپ 1988 - يىلى 6 - ئايدا بۇ توپلامنى پۈتتۈرۈپ دۆلەتلىك ئارخىپ ماتېرىياللار سارىيىغا تەقدىم قىلغان. توپلامنى تۈزۈش جەريانىدا ياردەم بەرگەن يەكەنلىك ئايال تۇرنىسا (1985 - يىلى شۋېتسىيىگە زىيارەتكە بارغان)، 1920 - يىللاردا شىنجاڭدا تۇرغان ئەرمېنىيىلىك پىرانىئان (J. Piranian) قاتارلىقلارنىڭ ياردىمىنى ئالغان. ھەر بىر مىسسىيونېر ۋە ئۇلارغا ئالاقىدار كىشىلەرنىڭ قولىغا چۈشكەن (قولىدا قالغان) 8000 پارچىدىن ئارتۇق رەسىمنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ، تەكشۈرۈپ، سىستېما بويىچە رەتلەپ، تۈپلەپ، بۇ توپلامنى تۈزۈپ چىققان بۇ كىشىنىڭ ئەجرى، ئەمگىكى، تىرىشچانلىقى ئالىي مۇكاپاتقا ۋە قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ.

## (2) توپلامنىڭ مەزمۇنى

توپلام 155 ساندۇقتىن ئىبارەت. بىر يۈرۈش رەسىم بىر پارچە كەڭ قاتتىق تاختا قەغەزگە جايلاشتۇرۇلۇپ، بۇنىڭغا چۈشەندۈرۈش قىستۇرۇلغان، شۇنداق تاختا قەغەزدىن ئون نەچچىسى مەزمۇنى بويىچە بىر ساندۇققا سېلىنغان. يەنە كىتاب ۋە ھۆججەت - ماتېرىياللار سېلىنغان بىر ساندۇقمۇ بار. تىزىملىككە قارىغاندا بىر يۈرۈش رەسىم چاپلانغان قاتتىق تاختا قەغەزدىن 3116 پارچىسى بار بولۇپ، رەسىملەرنىڭ ئومۇمىي سانى 8631 پارچە (تىزىملىكتىكى ساندۇق ئىچىدىكى سانلارنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا جەمئىي 3194 پارچە ۋە 8729 پارچە) دۇر.

توپلامنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسى تۆۋەندىكىچە:

1. 1 - ساندۇقتىن 4 - ساندۇقچە بولغان 4 ساندۇققا توپلام تىزىملىكى قاتارلىقلار سېلىنغان. 1 - ساندۇققا توپلام ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈش، قوشۇمچە تىزىملىك، شىنجاڭدا تۇرغان مىسسىيونېرلارغا ئائىت كۆرۈنۈش، 4 - ساندۇققا كارۋان سەپىرىگە ئائىت ماتېرىياللار سېلىنغان.

2. 5 - ساندۇقتىن 49 - ساندۇقچە بولغان ساندۇقلارغا شىنجاڭغا بېرىپ كېلىش سەپىرى (1894 — 1938) گە ئائىت ماتېرىياللار سېلىنغان. شۋېتسىيىدىن قەشقەرگىچە بېرىپ كېلىش سەپىرىدە تارتىلغان رەسىملەر ھەر بىر سەپەر لىنىيىسى بويىچە رەتلەنگەن. بۇ توپلامغا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەنجان، ئوش، ھىندىستاننىڭ سىرىناگار قاتارلىق جايلاردا تارتىلغان رەسىملەر كىرگۈزۈلگەن.

3. 50 - ساندۇقتىن 110 - ساندۇقچە بولغان ساندۇقلارغا مىسسىيونېرلار ۋە ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنىڭ رەسىملىرى سېلىنغان. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى 50 - ساندۇقتىن 93 - ساندۇقچە بولغان ساندۇقلارغا شىنجاڭدا تۇرغان مىسسىيونېرلار جەمئىيىتى ئەزالىرىنىڭ رەسىمى سېلىنغان بولۇپ، ئىسىملىرى ئېلىپبە تەرتىۋى بويىچە بېرىلىپ بىر كىشىگە 1 دىن 3 كىچە ساندۇق ئاجرىتىلغان. بۇ ساندۇقلارغا رەسىملا سېلىنغان بولماستىن بەلكى مىسسىيونېرلارنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى، خەت - چەكلىرىمۇ كىرگۈزۈلگەن. 94 - ساندۇقتىن 98 - ساندۇقچە بولغان 5 ساندۇققا يۇقىرىدا ئېيتىلغان ستېفېن، تۇرنىسا قاتارلىق يەرلىكلەر ۋە يەرلىكلەشكەن ھىندىلارنىڭ رەسىملىرى سېلىنغان. 99 - ساندۇقتىن 110 - ساندۇقچە بولغان ساندۇقلارغا گۇننار يارىڭ، مانىرخايىم، ھېدىن قاتارلىق مىسسىيونېرلار جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلغان تەتقىقاتچىلار، قىدىرغۇچىلارغا ئائىت رەسىملەر سېلىنغان. يەنە ئەنگلىيە، روسىيە ئەلچىخانا خادىملىرىنىڭ رەسىملىرىمۇ رەتلىنىپ كىرگۈزۈلگەن.

4. 111 - ساندۇقتىن 119 - ساندۇقچە بولغان ساندۇقلارغا باشقا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار سېلىنغان. شىنجاڭدا ئۆتكەن مىسسىيونېرلار جەمئىيىتىگە ئائىت ماتېرىياللار «شۋېتسىيىگە ئائىت» ۋە «چەت ئەللەرگە ئائىت» دەپ ئايرىلغان. بىر ساندۇققا ماتېرىياللارنىڭ تىزىملىكى سېلىنغان. بۇلار ئانچە تونۇشلۇق بولمىغان مۇھىم ماتېرىياللار بولغاچقا ئازراق چۈشەنچە بېرىشنى زۆرۈر تاپتىم. مەسىلەن: 1917 - يىلىدىن باشلاپ 25 يىل داۋاملاشقان مىسسىيونېرلار ئومۇمىي ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلغان ماتېرىياللارنى دىنىي تەشۋىقاتقا دائىر

ماتېرىيال دەپلا قارىماي بەلكى قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردىكى ئاھالىلارنىڭ تارىخى، ئىجتىمائىي ئەھۋالى، دىنىي ئېتىقادى، تۇرمۇش پائالىيىتى قاتارلىق خىلمۇ خىل ئەھۋاللار يېزىلغان دوكلاتى خاتىرىسى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇنىڭدا خىرىستىيان مۇرتلىرى — «ياۋروپالىقلار» نىڭ ئۆز يۇرتىدىن يىراقتىكى چۆل - جەزىرىلەر ئارىسىدىكى بوستانلىقتا ياشاۋاتقان باشقا دىندىكى ئاھالىلارنىڭ تۇرمۇش - مەدەنىيىتىنى كۆزىتىشى، چۈشىنىشى ئەمەلىي بايان قىلىنغان. باشقا ئەسەرلەردىمۇ دىن تارقىتىش سەھنىسى قىلىنغان قەشقەر توغرىسىدا مىسسىيونېر رۇبېرۇتاجىيونىڭ يازغانلىرى ۋە 1933 - يىلدىكى قوزغىلاڭغا سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان كۆپ ساندىكى نوپۇزلۇقلارنىڭ قالايمىقانچىلىق چىقىرىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان يەكەندىكى مىسسىيونېرلار جەمئىيىتىدىكى ئەھۋاللارنىڭ تەپسىلاتىمۇ بېرىلگەن. بۇلار ئىشقىلىپ خىرىستيانلارنىڭ دىن تارقىتىش پائالىيىتىنىڭ ئىچىدىكى قوشۇمچە مەزمۇنلار بولۇپ بىر تەرەپلىمىلىكتىن خالى ئەمەس. بۇلار قىدىرغۇچىلار ۋە ساياھەتچىلەرنىڭ خاتىرىلىرىگە ھەرگىز ئوخشىمايدۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدا جەمئىيەت ۋە تارىخىي ھادىسىلەرنىڭ ئەينى ئىچكى ماھىيىتى چوڭقۇر، مۇكەممەل بايان قىلىنغانلىرىمۇ ئاز ئەمەس. بۇلاردىن باشقا مىسسىيونېرلار جەمئىيىتىنىڭ يىللىق گېزىتىگە بېسىلغان مىسسىيونېرلار يازغان ماقالىلارمۇ ئاز ئەمەس. بىراق، شىنجاڭدىكى دىن تارقىتىش پائالىيىتى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، بۇلار خۇلاسە شەكلىدە نەشر قىلىنغان (Palmaer1942). بىراق، بۇلارنى تىزىملىكتە بولسىمۇ ئىزلەپ تاپالمىدىم.

5. قەشقەر، يەكەن، (قەشقەر يېڭىشەھەر خەنزۇ شەھىرى)، يېڭىسار شەھەرلىرىدىكى مىسسىيونېرلارنىڭ دىنىي پائالىيەت ئورنىنىڭ رەسىملىرى 120 - ساندۇقتىن 137 - ساندۇقىچە بولغان ساندۇقلارغا سېلىنغان. بۇلار، چېركاۋ، دوختۇرخانا، مەكتەپ بىناسى ۋە ئەينى چاغدىكى مىسسىيونېرلار پائالىيىتىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرگەن نەرسىلەردىن ئىبارەت.

6. شىنجاڭغا ئائىت خىلمۇ خىل مەزمۇنلار 138 - ساندۇقتىن 155 - ساندۇقىچە بولغان ساندۇقلارغا سېلىنغان. بۇلار يارىڭ ئەپەندىنىڭ تونۇشتۇرغىنىدەك 143 - ساندۇق (يەر سۇغۇرۇش) 147 - ساندۇق (ھېيت - ئايەم)، 149 - ساندۇق (ئىسلام دىنى، قەبرىلەر) قاتارلىقلاردا ئەينى چاغدىكى شىنجاڭلىقلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى، ئىجتىمائىي پائالىيىتى، كىيىم - كېچەكلىرى، ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى، كۆچۈش، دىنىي پائالىيەت قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك ئەسلىمە، پايدىلانغان ئەسۋابلارنىڭ رەسىملىرى سېلىنغان. مەن قىزىققان دائىرە — 148 - ساندۇقتا 1933 — 1934 - يىلدىكى قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىرى، 1934 - يىلى قوزغىلاڭ مەلۇم ۋاقىت تىنجىغاندىن كېيىنكى قەشقەرگە كىرگەن ھۆكۈمەت تەرەپ ھەربىي ئەمەلدارلىرى، 1937 - يىلدىكى قوزغىلاڭنىڭ رەھبىرى قاتارلىقلارنىڭ رەسىملىرى پەرقلەندۈرۈلمەي تىزىلغان.

### (3) تىزىملىك ۋە ئىندېكس

توپلىغۇچى ئۆزى تۈزگەن (ھەربىر ساندۇق ئۈچۈن) تىزىملىك شۇنچە يېزىلغان. ھەرقايسى تېمىلار بويىچە رەتلەنگەن. ھەربىر ساندۇقتىكى ئالبوم تاختا سانى، رەسىم سانى، ماۋزۇسى بېرىلگەن. ماتېرىيالنى كۆرمەكچى بولغاندا تىزىملىكتىكى ساندۇق نومۇرى بويىچە رەسمىيەت بېجىرىلىدۇ.

### (4) تەتقىقاتتا پايدىلىنىش قىممىتى

بۇ رەسىملەر شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان دىن تەشۋىقاتى پائالىيىتىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگۈچى ئەمەلىي پاكىت ئىكەنلىكىگە قىل سىغمايدۇ. شىنجاڭ تەتقىقاتىغىمۇ تۆھپە قوشالايدۇ.

ئالدى بىلەن دىققىتىمىزنى تارتىدىغىنى، تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئەينى قىياپىتى بىلەن ئۇچرىشىش مۇمكىنلىكىدۇر. مەسىلەن: 1930 - يىللىرى پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئۇيغۇر رەھبەرلىرىنىڭ ئوچۇق سىمۇۋوللۇق رەسىملىرى، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ مىللىي ئىنقىلابىنىڭ مېۋىسى دەپ ئاتالغان «شەرقىي تۈركىستان

جۇمھۇرىيىتى» نىڭ كاتىپىشى سابىت داموللىنىڭ رەسىمىنى 149 - ساندۇقتىن تاپقىلى بولىدۇ. شۇ رەسىمدىكى قالغان 5 كىشىنى ئاشۇ ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمى تەركىبىدىكىلەر بولۇشى مۇمكىن، دەپ قىياس قىلىشقا بولىدۇ. ئىزاھاتى ئانچە ئېنىق بولمىغان 148 - ساندۇقتىكى رەسىملەرمۇ جۇمھۇرىيەتكە ئائىت بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭدىن باشقا ئەينى ۋاقىتتىكى قوزغىلاڭلاردا قەشقەردە پائالىيەت ئېلىپ بارغان رەھبەرلەردىن تۆمۈر، ئوسمان ئەلى، ئەمىر ئابدۇللا ئۈچىنىڭ بىللە چۈشكەن رەسىمى 148 - ساندۇقتا سېلىنغان. ئۇنىڭغا توپلامدا ئىزاھات بېرىلمىگەن، ئۇنىڭ مىسسىيونېرلار جەمئىيىتىنىڭ يىللىق گېزىتىگە بېسىلغان دوكلاتتىكى رەسىم بىلەن ئوخشاش بىر رەسىم ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ھەربىرىنىڭ ئىسمىمۇ يېزىلغان بۇ رەسىمدە قوزغىلاڭ مەزگىلىدە بالدۇر قەشقەرنى ئىشغال قىلغان قىرغىزلار رەھبىرى ئوسماننىڭ سىماسى ئېنىق تارتىلغان. يەنە 148 - ساندۇقتا ئوسماننىڭ ئائىلىسى ۋە قىرغىز ئەسكەرلەر بىلەن چۈشكەن رەسىمىمۇ بار. 3 كىشى چۈشكەن رەسىمدىكى قالغان 2 كىشىنىڭ بىرى كۇچادىن قەشقەرگە ئەسكەر تارتىپ كەلگەن تۆمۈر، يەنە بىرى مەتىمىن بۇغرانىڭ ئىنىسى ئەمىر ئابدۇللا. بۇ رەسىم سۈپەتلىك ۋە ئېنىق تارتىلغان. قوزغىلاڭ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن قەشقەردە ھەربىي قوماندان بولغان مەھمۇت سىجاڭ، 1937 - يىلى قوزغىلاڭ كۆتەرگەن ئابدۇنىيازلارنىڭ رەسىمىمۇ خېلىلا نۇرغۇن.

ئۇندىن تاشقىرى قەشقەردىكى، 20 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا ئائىت يىغىلىشلارنىڭ كۆرۈنۈشى، روسىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ئەلچىخانىلىرىنىڭ رەسىملىرى، مىسسىيونېرلار جەمئىيىتىنىڭ بىناسى، ئۇلارنىڭ پائالىيەت كۆرۈنۈشلىرى، جۇڭخۇا مىنگو ئەمەلدارلىرىنىڭ رەسىملىرىمۇ ئۇچرايدۇ. شەھەر كوچىلىرىدىكى قۇرۇلۇش ئۇسكۇنىلىرى، كاسىپلار، بايراملار، قاتناش ۋاستىلىرى، مەسچىت، مازار - ماشايىخلار قاتارلىق ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ئائىت نەرسىلەرنى ئەينەن كۆرگىلى بولىدىغان رەسىملەرمۇ بار. بۇ ماتېرىياللار ھازىرقى جەمئىيەت بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش قىممىتىگە ئىگە بولۇپ، بىزنىڭ ئەينى دەۋرلەر ھەققىدە مەلۇم چۈشەنچە ھاسىل قىلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. ئەمما بۇ رەسىملەر ئىچىدە توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم مۇراسىملىرى، ھەمدە ئەنئەنىۋى (يەرلىك) داۋالاشقا ئائىت رەسىملەرنىڭ يوقلىقىدىن رەسىم تارتقۇچىنىڭ يەرلىك ئادەم بولماي غەيرىي دىندىكىلەر بولغاچقا، يەرلىكلەر بۇ خىل كۆرۈنۈشلەرنى تارتىشقا رۇخسەت قىلمىغان بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

### 5) كوپىيە قىلىش مەسىلىسى

پايدىلانماقچى بولغان كىشىگە مۇناسىۋەتلىك مۇنداق بىر مەسىلە بار. يەنى رەسىملىك ماتېرىياللارنى قانداق ئېلىپ كېتىش بۇ بىر مەسىلە. ئەگەر باسما ماتېرىيال، قولىيازمىلار بولسا ئۇنى كوپىيە قىلىپ ئېلىپ كېتىش تامامەن مۇمكىن. رەسىمنى كوپىيە قىلسا، ئەسلىدىكىدەك ئېنىق چىقماي پايدىلىنىش قىممىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ، بۇ ئەھۋالدا مىكرو فىلىمگە ئېلىپ كېتىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. نىگاتىۋىنىمۇ تەلەپ قىلىشقا بولىدۇ. ئالبوم تاختىسىدىكى رەسىملەرنى ئايرىم - ئايرىم رەسىمگە تارتىسىمۇ بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئىنىقلىقى ئەسلىدىكىدەك بولمايدۇ. بىراق بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللانماي باشقا ئامال يوق.

### خاتىمە

شىنجاڭغا ئائىت يۇقىرىقى ماتېرىياللارنىڭ شۋېتسىيىدە ساقلىنىشى — شىمالىي ياۋروپادىن ئاسىيا ئىچكى قۇرۇقلۇقىدىكى قۇملۇق زېمىنغا مىسسىيونېرلارنىڭ ئەۋەتىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. شۇ ۋەقەلەرنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى بىزدە زور قىزىقىش قوزغايدۇ. بۇ جەھەتتە ئەمگەك سىڭدۈرگەن يارىڭ ئەپەندى ۋە فراننى ئەپەندىلەرنىڭ مېھنىتى ۋە ئەجرىگە رەخمەت ئېيتماي ۋە ئۇلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرمەي تۇرالمايمىز.

لاند ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان قولىيازما ۋە باسما ماتېرىياللار، شىنجاڭ بوستانلىقىدا

ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى، تۇرمۇشى، مەدەنىيىتى، ئېتىقادى، ئېتنوگرافىيىسى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى بىۋاسىتە پاكىتلىق ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. سانكىت پېتربورگتىكى ماتېرىياللارنى نەزەردىن ساقىت قىلغاندا، بۇ ماتېرىياللار ياۋروپا، ئامېرىكا قورۇقلۇقىدىكى ئەڭ زور توپلانما بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە باشقا جايلاردا ئۇچرىمايدىغان قىممەتلىك ماتېرىياللارنى تاپقىلى بولىدۇ. شىنجاڭنىڭ ئۆزىدە ساقلانغان ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىش روشەن چەكلىمىلىككە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، يارىڭ ئەپەندى توپلىغان ماتېرىياللارنى ھەرگىزمۇ يېرىم - ياتا نەرسىلەر دەپ قاراشقا بولمايدۇ. بۇ ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىشنى خالىغان ھەرقانداق كىشى يارىڭ ئەپەندى ۋە كۇتۇپخانا مەسئۇل خادىملىرىنىڭ ئىجازىتى بىلەن كۆرۈشكە، پايدىلىنىشقا مۇيەسسەر بولالايدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، دۆلەتلىك ئارخىپ ماتېرىياللار سارىيىدىكى ماتېرىياللار شىنجاڭغا ئائىت نۇرغۇن رەسىم ۋە شۇنىڭچە ھۆججەت ماتېرىياللار بىلەن تونۇشۇش نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ ئىنتايىن مۇھىمدۇر. ئەينى چاغدىكى ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ۋە ئەنگلىيە ئەلچىخانىسى تارتقان شىنجاڭغا ئائىت رەسىملەر ئاز ئەمەس ئىدى، شۇلارنىڭ بىر قىسمى ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللارغا بېسىلغان. لېكىن، قالغان قىسمىنى يەنى ئارخىپ سارىيىدىكى ھەرقايسى سىستېمىلار ئىچىدىكى ماتېرىياللار، شەخسلەر ساقلىغان ھەربىر ھۆججەتنى بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈپ چىقىش ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس. بىراق مىسسيونېرلارنىڭ ھايات پائالىيىتى ئارقىلىق، XX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى قەشقەرنى مەركەز قىلغان جايلارنىڭ پورترېتى بىلەن ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىنىڭ ئۆزىلا، بۇ توپلامدىكى تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ قىممىتىگە ئەڭ يۇقىرى باھا بېرەلەيدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن بۇ رەسىملەرنىڭ كونكرېت پايدىلىنىش قىممىتى توغرىسىدا خىلمۇ خىل نۇقتىدىن تەھلىل - تەتقىق قىلىشنى كۆچەيتىش زۆرۈرىيىتى ھەممىگە ئايان.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، شۇنىتسىيە شىنجاڭغا ئائىت خىلمۇ خىل، رەڭگا - رەڭ تارىخىي ماتېرىياللارنى زىيارەت قىلىشىمىزنى، پايدىلىنىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

ياپونچە «ئاسىيا ئىچكى قورۇقلۇق تارىخى تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1996 - يىللىق 11 - سانىدىن

تەرجىمە قىلغۇچى: مەريەم ساقىم

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

---

(بېشى 9 - بەتتە)

مىللەتنىڭ ئۈمىدى، شۇنداقلا دۇنيانىڭ ئۈمىدى بولغان ياش غۇنچىلارغا، ئاجىزلارغا سەرپ قىلىدىغان بۇ مەبلەغنى ئاشۇ مىراسخورلارغا ئەپ بېرىشىڭلارغا قەتئىي قارشى تۇرىمەن» ؟! قەتئىي قارشى تۇرىمەن!

ئۇ يىغىندا سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرۇۋالغان قازى رەئىس، كاتتا ئۆلىما ئابدۇغوپۇر داموللىغا نەپرەت كۆزى بىلەن تىكىلدى - دە پۇزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتتى: — سىلەر يەنە ھېساب ئالامسىلەر، ئەگەر شۇنداق قىلىدىغان بولساڭلار ھېسابنى مانا مۇشۇ بېرىدۇ؟!!...

مەھمۇت مۇھىتى بەتلەنگەن تاپانچىنى غەزەپ بىلەن شىرە ئۈستىگە تاشلىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى. ئۇ ئۆز ئىرادىسىدىن ۋاز كېچىپ مەجلىس زالىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان «ھېساباتچىلارغا» مەغرۇرلۇق بىلەن قاراپ تۇراتتى.

مەھمۇت سىجاڭنىڭ بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا چىقىپ ئارىلىشىشى ۋە خەلق تەرەپتە تۇرۇپ ھەققانىيەتنى ياقلىشى، كەڭ خەلقنىڭ قاتتىق نارازىلىقى، ئۇرۇش ۋە مالىمانچىلىق تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر ئۇيۇشما مالىيىسىدە ۋەقپىنى تۆلىگۈدەك ئىقتىساد بولمىغانلىقتىن تەپتىش كومىسسىيىسى ئۇرۇمچىگە قايتىپ كەتتى. كېيىنكى ۋەقەلەرنىڭ تەرەققىياتى داۋامىدا بۇ دەۋامۇ بېسىلىپ قالدى.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

# خوتەن دىئالېكتىنىڭ ئاق ھۇن قاتلىمى توغرىسىدا

مىرسۇلتان ئوسمانوف

(ش ئۇ ئا ر تىل - يېزىق كومىتېتىنىڭ تەتقىقاتچىسى)

## 1. خوتەن دىئالېكتىغا ئومۇمىي بىر قاراش

تەكلىماكاننى چۆرىدەپ جايلاشقان بوستانلىقلارنىڭ تارىختا بىرقانچە خىل دىن ۋە بىرقانچە خىل مەدەنىيەتنىڭ ئۆچرىشىش نۇقتىلىرى بولغىنىدەك، بىرقانچە خىل تىل ۋە يېزىقلارنىڭ ئۇچرىشىش ۋە ئارىلىشىش نۇقتىلىرى بولغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. مۇنداق ئارىلىشىشلارنىڭ نەتىجىسى شۇ بولدىكى، ئەرەب ھەرپلىرى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى (بۇ يېزىق ئەسىرلەر داۋامىدا ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى ئىپادىلەشتىكى يېتىشسىزلىكلىرىنى تەدرىجىي تولۇقلاپ كەلگەن) ئاستا - ئاستا باشقا يېزىقلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. بىرقانچە ئەسىر داۋام قىلغان ئارىلىشىش جەريانىدا ئۇيغۇر تىلى ئۆزىگە خاس بىرمۇنچىلىغان تىل تەركىبلىرىنى يوقىتىش ۋە مەغلۇپ بولغان تىللارنىڭ بىرمۇنچىلىغان تىل تەركىبلىرىنى قوبۇل قىلىش ھېسابىغا باشقا تىللار ئۈستىدىن غەلىبە قازاندى. بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلۇۋاتقىنى نوقۇل دىنىي مەزمۇندىكى يېزىق تىللىرىلا ئەمەس، بەلكى كۆپىنچە بۇ جايلاردىكى ئولتۇراق ئاھالە قوللانغان تىللار بولۇپ، ئالىملار بۇ جايلاردىن تېپىلغان يېزىق يادىكارلىقلىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىگە قاراپ بۇ تىللارنىڭ شەرقىي ئىران تىللىرى گۇرۇپپىسىغا كىرىدىغان سوغدى، توخرى ۋە ساق تىللىرى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىغان. بۇ تىللار ئۆزلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتى جەريانىدا ئۇيغۇر تىلىدا يالغۇز لېكسىكا ساھەسىدىلا ئۆزلىرىنىڭ ئىزلىرىنى قالدۇرۇپ كەتمەي، ھەتتا گراماتىكىلىق تەركىبلەردىمۇ بەزى ئىزلارنى قالدۇرۇپ كەتتى.

خوتەن بوستانلىقلىرى مانا شۇنداق ئارىلىشىش قاتلاممۇ قاتلام بولغان جايلارنىڭ گەۋدىلىك مىسالى. بۈگۈنكى كۈندە خوتەن دىئالېكتىدا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ لېكسىكا قىسمىدا ئىپادىلىنىپ تۇرغان بىر قىسىم ئالاھىدىلىكلەرنى مانا شۇنداق ئارىلىشىشلارنىڭ ئىزلىرى دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. بۇلاردىن قارۇشتى يېزىقى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن بىر قەدىمكى تىلنى گېرمانىيىلىك ئالىم لودېرس ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ «ساق» تىلى دەپ ئاتىغان ۋە بۇنى ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ كۆپچىلىكى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن مېي سۇن ئەپەندى ئۆزىنىڭ «قەدىمكى ئۇدۇن مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى ۋە خارابىلىشىشى» دېگەن ماقالىسىدە، ساقلارنىڭ خوتەننى ئىدارە قىلغانلىقىغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ يوقلۇقىغا قاراپ، ئۇنى «ئۇدۇن» تىلى دەپ ئاتاشنى تەشەببۇس قىلىدۇ①. قارىغاندا، مېي سۇن ئەپەندىنىڭ پىكرى تىل ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى ئۇنى قانداق ئاتاش ئۈستىدە بولۇۋاتقاندەك قىلىدۇ. يۇتىيەنخېڭ ئەپەندى ئۆزىنىڭ «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە قەدىمكى ئۇدۇنلۇقلارنىڭ ئىران ئىرقىغا مەنسۇپ



ئىكەنلىكىنى ۋە سوغدى تىلىغا سىڭىشتۇرغاندا ئۇلار قوللانغان تىلنىڭ ئىپتىدائىي ئالاھىدىلىكىنىڭ بۇزۇلۇشى تېخىمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ②.

قولىمىزدا ساق تىلنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدىكى ماتېرىياللار بولمىغانلىقتىن، خوتەن دىئالېكتى بىلەن ساق تىلى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ئۈستىدە توختىلالمايمىز، لېكىن خوتەن دىئالېكتىدىكى بەزى فونېتىكىلىق ھادىسىلەر ۋە لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلەرنى ساق تىلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك، دەپ قارايمىز.

ھازىرقى خوتەن دىئالېكتى تەتقىقاتىدا بەكرەك مۇھىم بولۇۋاتقىنى ئۇنىڭدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ باشقا دىئالېكت ۋە شېۋىلىرىدە كۆرۈلمەيدىغان بەزى ئەرەب - پارس تىلى سۆزلىرىنىڭ قوللىنىلىۋاتقانلىقى ۋە بۇ ئەھۋالنىڭ تارىختىكى ئاق ھۇنلار بىلەن مۇناسىۋىتىنىڭ بار ياكى يوقلۇقى. چۈنكى، ھازىر خوتەن ۋىلايىتىدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىي تىلىغىمۇ قوبۇل قىلىنمىغان، ئۇيغۇر تىلىنىڭ باشقا دىئالېكت ۋە شېۋىلىرىدىمۇ قوللىنىلمايدىغان بىر قىسىم ئەرەب - پارس تىلى سۆزلىرىنى ئالاقە ئېھتىياجىدا قوللىنىپ كېلىۋاتقان ئاھالە بار. ئۇلار خوتەن ۋىلايىتىنىڭ لوپ ناھىيىسى تامئېغىل رايونىدا، كېرىيە ناھىيىسىنىڭ قاچۇن رايونىدا، چىرا ناھىيىسىنىڭ ئوقىرى يېزىسىدا، خوتەن ناھىيىسىنىڭ ئاقتاش رايونىغا قاراشلىق گازۇن يېزىسىدا ئولتۇراقلاشقان. مۇندىن باشقا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېڭىشەھەر ناھىيىسى خانئېرىق بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى شەيخلەر كەنتى (بۇ كەنت كۆسەي قىشلاق، شىللەن تېرىكى، شەيخلەر، دۆڭچاقا دېگەن 4 مەھەللىدىن تەركىب تاپقان) دە ئولتۇراقلاشقان. بۇلاردىن خوتەن ناھىيىسىنىڭ ئاقتاش رايونى ۋە لوپ ناھىيىسىنىڭ تامئېغىل رايونى ھەم قەشقەر خانئېرىق بازىرىغا قاراشلىق شەيخلەر كەنتىدىكىلىرى بىر قەدەر يىغىنچاق، قالغان جايلاردىكىلىرى تارقاق ئولتۇراقلاشقان.

خوتەن دىئالېكتى ئۈستىدە توختالغاندا بۇ مەسىلىگە ئالاقىدار بىرقانچە نۇقتا ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۇق.

1) بۇ كىشىلەرنى ئاتاش مەسىلىسى

«ئابدال» دېگەن بۇ نام ئەسلىدە بۇ خەلقنىڭ تارىخىي نامى بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ سەلبىي مەنىسى يوق ئىدى.

بۇ ھەقتە دۆن ليەنچىن ئەپەندى پ. سەيكىس (ئەنگلىيە) ۋە م. مىككوۋېن (ئامېرىكا) لاردىن نەقىل كەلتۈرۈپ، بۇ خەلقنىڭ ئەسلىدە بىر كۆچمەن چارۋىچى خەلق ئىكەنلىكىنى، شىمالىي سۇلالىدىكىلەر ئۇلارنى «ئابدال 厌哒 (ئېفتالىت)» دەپ، جەنۇبىي سۇلالىدىكىلەر، خارەزىملىكلەر خۇا (滑) دەپ، پېرسىيىلىكلەر بىلەن ئەرەبلەر ئۇلارنى خايتال (Hajtal) دەپ ئاتىغانلىقى، شەرقىي رىملىقلارنىڭ «ئاق ھۇنلار» دەپ ئاتىغان بولۇشى مۇمكىنلىكىنى بايان قىلىدۇ③.

ئۇلارنىڭ تارىختا بىرمەزگىل تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىنى چۆرىدەپ ياشىغانلىقى، شۇ سەۋەپتىن ھازىرقى چاقىلىق ناھىيىسىگە قاراشلىق مىرەن يېزىسىنىڭ شىمالىدا «ئابدال» دېگەن جاي (ھازىر ۋەيران بولغان) ئىسمىنىڭ گۇۋاھ تەرىقىسىدە قالغانلىقى ھەممىگە مەلۇم.

كېيىنچە، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئايرىم ئالاھىدىلىكلەر، مەسىلەن، خەتنىچىلىك، تىلەمچىلىك قاتارلىقلار «ئابدال» دېگەن بۇ سۆزگە سەلبىي بىر مەنە ئۈستىلەپ قويغان.

«ئەينو» دېگەن ئاتالمىغا كەلسەك، بۇ ئاتالغۇمۇ يۇقىرىدىكى «滑» دېگەن سۆز بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

لېكىن، بۈگۈن بۇ ئاھالە مەنە دائىرىسى ئۆزگىرىپ كەتكەن بۇ سەلبىي مەنىلىك ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلغىنى يوق. ئۇلار ئېتنىك ئاڭ جەھەتتىن ئۆزلىرىنى «ئۇيغۇر» ھېسابلايدۇ. بۇ توغرىدا ئابلەت ئابباس شۇنداق دەيدۇ: «شەيخلەر چىراي - قىياپەت، تىل - يېزىق، دىنىي ئېتىقاد، ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇن ۋاھاكازالارنىڭ ھەممىسىدە ئۇيغۇرلار بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش بولۇپ قالماستىن، ئۆي - ئىمارەت ۋە ئۇنى تۈزەش - بېزەش، كىيىنىش - تارىنىش، زىبۇزىننەت، يېمەك - ئىچمەك جەھەتلەردىمۇ

پەرقلەنمەيدۇ④.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، بىزنىڭ ھەقدارلارنىڭ ئېيتىنىك ئاڭ مەسىلىسىنى ھېسابقا ئالماي، ئۇلارنى دەۋرىمىزدە سەلبىي مەنىگە ئىگە بولۇپ قالغان ئاتالغۇلار بىلەن ئاتاپ قويۇشىمىز مۇۋاپىق بولمىغان.

## 2. تىل مەسىلىسى

دەۋرىمىزدە بىر قىسىم تۈركولوگلارنىڭ دىققىتىنى تارتىۋاتقان بۇ «تىل» نىڭ XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ف. گرېنارد، گ. راكۇېتتى، پ. پېللىئوت قاتارلىق ئالىملار تەرىپىدىن بايقالغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتە بەزى ماتېرىياللارنى ئېلان قىلغانلىقىدىن 1956 - يىلى خوتەن دىئالېكتىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش مەزگىلىدە خەۋەرسىز ئىدۇق. شۇڭا ئۇ ۋاقىتتا خوتەن زىيالىيلىرى بۇ «تىل» توغرىلىق بىزنى بەزى يىپ ئۇچلىرى بىلەن تەمىنلىگەن بولسىمۇ، دىققىتىمىزنى ئارتۇق تارتىپ كەتمىگەنىدى. شۇنداق بولسىمۇ، مەن 1956 - يىلى خوتەن دىئالېكتىنى تەكشۈرۈش مەزگىلىدە بۇ «تىل» نىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىلىق شۇ چاغدىكى ئېلچى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خەت توشۇغۇچىسى (ئىسمى ئۇنتۇلۇپتۇ، بۇ كىشى ئېلچى ناھىيىسى ئاقتاش رايونى گازۇن يېزىسى گېۋۇز كەنتىدىن ئىدى) بىلەن سۆزلەشكىنىمدە ئۇ كىشى ماڭا:

«بىزنىڭ ئەسلى تىلىمىز پايسى - يا» دېگەنىدى. بىز كېيىن لوپ ناھىيىسىنىڭ تامئېغىل رايونىدىكى گېۋۇزغىمۇ بىرقانچە كىشىنى ئەۋەتىپ بۇ «تىل» نى مەخسۇس تەكشۈرگەنىدۇق. نەتىجىدە بىرقانچە يۈزلىگەن پارسىي تىل لېكسىكىسىدىن باشقا ئالاھىدىلىك بولمىغانلىقتىن، بۇ «تىل» غا ئارتۇق ئېتىبار بېرىلمىگەنىدى. كېيىن 80 - يىللاردا بەزى تىلچىلىرىمىز خوتەن، قەشقەرلەردە بۇ توغرىلىق مەخسۇس تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، بىرقانچىلىغان ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى.

بۇلاردىن مۇھىملىرى تۆۋەندىكىلەر:

ھاشىم تۇردى، جاۋ شياڭرۇ: «شىنجاڭ ئەينۇلىرىنىڭ تىلى» («语言研究» ژۇرنىلى، 1982 - يىل 1 - سان).

ھاشىم تۇردى، جاۋ شياڭرۇ: «ئەينۇ تىلى ۋە ئەينۇ تىلىدىكى سانلار» («شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» ئىجتىمائىي پەن قىسمى، 1985 - يىل 1 - سان).

مۇتەللىپ سىدىق: «ئېفتالىتلار قەۋمى ۋە ئۇلار قوللىنىۋاتقان تىل توغرىسىدا» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1985 - يىل 2 - سان)

شېرىپجان قاسىم: «گېرىبوز ۋە تامئېغىل تىلى توغرىسىدىكى مۇلاھىزە» («ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات خەۋەرلىرى»، خوتەن، 1981)

ئابلەت ئابباس: «شەيخلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىم» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1997 - يىل 3 - سان)

بۇلاردىن ئالدىنقى 2 ماقالە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، خۇددى بىر كۆمۈلۈپ قالغان دۇنيا تېپىلىپ قالغاندەك ۋەزىيەت پەيدا بولدى-دە، خەلقئارادا بۇ «تىل» غا قىزىقىش پەيدا بولدى. ئالايلى، 1994 - يىلى Andreas Tietze بىلەن Otto Ladstattr ئىككىيلەن 1983 - 1986 - يىلدىكى تىل تەكشۈرۈشلىرى ئاساسىدا «شىنجاڭدىكى ئابداللار» (Die Abdal(Å ynu)in Xinjiang) دېگەن ئەسىرىنى ئېلان قىلىشتى. كېيىن 1997 - يىل 7 — 8 - ئايلاردا ياپونىيىدىن قاياشى تورو باشلىق بىرقانچە تۈركىي تىل مۇتەخەسسىسلىرى كېلىپ قەشقەر ۋە خوتەنلەردە بىرنەچچە كۈن تىل تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

بۇ ماقالىلارنىڭ بەزىلىرى مەخسۇس ئاق ھۇن تىلى ئۈستىدە توختالغان، بەزىلىرى ئۇلارنىڭ ئېتنىك كېلىپ چىقىشى ۋە تىلى ئۈستىدە ئومۇميۈزلۈك توختالغان. ئاق ھۇن تىلىغا تېگىشلىك بولغانلىرىدا بۇ تىلنى قانداق ئاتاش (مەسىلەن، ئارىلاشما تىل، قوش تىللىق ھادىسە، بىر يېرىم تىللىق ھادىسە...) لازىملىقى ئۈستىدە مۇلاھىزىلەر يۈرگۈزۈلگەن. ھەتتا بەزىلىرىدە بۇ ئاھالىنى «ئابدال» دېگەن نام بىلەن ئاتاشنى مۇۋاپىق كۆرۈش بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئالاھىدە بىر

جامائە ھېسابلىنىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ياسىۋالغان مەخپىي سۆزلىرى (ژارگونلىرى) ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىغا سىڭىپ كىرىشكە تاقابىل تۇرىدىغانلىقى تەكىتلەنگەن⑤.

بىز خوتەن دىئالېكتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتى نۇقتىسىدىن بۇ «تىل» توغرىسىدا بىزدىن بۇرۇنقى ئاپتورلارنىڭ ئېلان قىلغان تىل ماتېرىياللىرى ئاساسىدا بىرقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ كۆرۈشنى مۇۋاپىق تاپتۇق.

فونېتىكىلىق جەھەتتە:

بۇ «تىل» دا 8 سوزۇق تاۋۇش فونېمىسى ۋە 22 ئۈزۈك تاۋۇش فونېمىسى بولۇپ، فونېمىلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى فونېمىلار بىلەن ئوخشاش. پارس تىلىدا يوق «ئۆ»، «ئۈ» فونېمىلىرىنىڭ بۇ «تىل» دا بولغانلىقى، پارس تىلىدا بار «ف»، «ژ» فونېمىلىرىنىڭ بۇ «تىل» دا يوقلۇقى، ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدىكى «ئا»، «ئە» سوزۇق تاۋۇشلىرىنىڭ كەينىدىن قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا، بۇ تاۋۇشلارنىڭ ئىران گۇرۇپپىسىغا كىرىدىغان تىللاردا، جۈملىدىن پارس تىلىدا ئاجىزلاشماي، بۇ «تىل» دا خۇددى ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك ئاجىزلىشىدىغانلىقى ئۇنىڭ مۇھىم فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ.

گراماتىكىلىق جەھەتتە:

ئىسىملاردا شەخس، كېلىش، سان ئۇيغۇر تىلىدىكىگە تامامەن ئوخشاش. سۈپەتلەردە ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك «راق، رەك» قوشۇمچىلىرى ۋە كىچىكلىتىش قوشۇمچىسى «غىنە، قىنە، كىنە، گىنە» قوللىنىلىدۇ. سانلاردا دەرىجە سان ئۈچۈن «چى» قوللىنىلىدۇ، ئۇندىن كېيىنكى ساناق سانلار پارس تىلىدىكىدەك ئەمەس، بەلكى چوڭ سان ئالدىدا، كىچىك سان كەينىدە كېلىش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. سانلاردىن كېيىن «چە» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ مۆلچەرسان ياسىلىدۇ، كەسىر سانلار ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى «دىن» نىڭ ياردىمى بىلەن ياسىلىدۇ.

ئالماشلاردىن «ھەر، ھېچ، ئان (پارسچە كۆرسىتىش ئالمىشى)» لاردىن باشقىلىرى ھەممىسى ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك قوللىنىلىدۇ (دىققەت: ھاشىم تۇردى ۋە جاۋ شياڭرۇ ئەپەندىلەر مەن، ئۇ ئالماشلىرىنى پارسچە قىلىپ كۆرسەتكەن، تارىخىي جەھەتتىن ئېنىقلانماي تۇرۇپ، ھازىرقى ئوخشاشلىقىغا قاراپ بۇ ئىككى ئالماشنى پارسچە دېگىلى بولماس).

پېئىللارنىڭ تۈسلىرى، رايلىرى، دەرىجىلىرى، زامان، شەخس، بولۇشلۇق، بولۇشسىز فورمىلىرى، سۈپەتداشلار، رەۋىشداشلار، ئىسىمداشلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر تىلىدىكى بىلەن ئوخشاش.

ياردەمچى سۆزلەرگە كەلسەك، «كېيىن، ئۈچۈن، تېخىمۇ، قېتىم، مۇ (ئۇلانما)» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك قوللىنىلىدۇ.

بۇلاردىن باشقا پېئىل ياساش ئۈچۈن «لا، لە، لاش، لەش» قوشۇمچىلىرى، «بول»، «قىل» ياردەمچى پېئىللىرى، تۇرغۇن سۆزلەردىن تۇرغۇن سۆز ياساش ئۈچۈن «لىق، لۇق، لىك، لۈك» قوشۇمچىلىرى كەڭ قوللىنىلىدۇ.

جۈملە قۇرۇلمىسىمۇ تامامەن ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك. بۇ «تىل» دا پارس تىلى ئۈچۈن گەۋدىلىك بىر ئالاھىدىلىك بولغان ئىزافەت قۇرۇلمىسى قوللىنىلمايدۇ، ئورنىغا ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك ئىگىلىك كېلىش ياردىمى ئارقىلىق ئېنىقلىغۇچى - ئېنىقلانغۇچىلىق مۇناسىۋەت ئىپادىلىنىدۇ.

مۇشۇ ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، بۇ «تىل» نىڭ ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ لېكسىكىلىق تەركىبىدە باشقا ئۇيغۇر دىئالېكت ۋە شېۋىلىرىدە كۆرۈلمەيدىغان بىرقانچە يۈز ئەرەب - پارس تىلى سۆزلىرىنىڭ بولغانلىقىدىلا. ھاشىم تۇردى ۋە جاۋ شياڭرۇ ئەپەندىلەر كۆرسەتكەن B گۇرۇپپىسىدىكى سۆزلەرنى بۇ «تىل» نىڭلا لېكسىكىلىق تەركىبىگە خاس دېگىلى بولمايدۇ، بەلكى، بۇ B گۇرۇپپىدىكى سۆزلەر ھەممە ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىغا ئورتاق⑥.

«ئارىلاشما تىل» لىق ھادىسىگە كەلسەك،

«ئارىلاشما تىل» بولۇش ئۈچۈن يالغۇز ھەر ئىككى تىلنىڭ لېكسىكىسىنىڭ ئارىلاش قوللىنىلىشى كۇپايە قىلمايدۇ، ئۇنىڭ فونېتىكىلىق سىستېمىسى ۋە گراماتىكىلىق سىستېمىسىنىڭمۇ ئارىلاش قوللىنىلىدىغان بولۇشى لازىم. لېكىن، يۇقىرىدىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ «تىل» نىڭ فونېتىكىلىق سىستېمىسى ۋە گراماتىكىلىق سىستېمىسى ئۇيغۇر تىلى بىلەن تامامەن ئوخشاش.

«قوش تىللىق ھادىسە» مەسىلىسىگە كەلسەك، قوش تىللىق بولۇش ئۈچۈن مەلۇم بىر جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ھەر ئىككى تىلنى ئۇنىڭ تەركىبىي قىسىملىرى (فونېتىكا، لېكسىكا، گراماتىكا) بويىچە سىستېمىلىق ھالدا تەڭ قوللىنالايدىغان بولۇشى كېرەك. لېكىن بۇ «تىل» دا پارس تىلىغا خاس بولغان بىرقانچە يۈزلىگەن سۆز خۇددى ۋارگونلار ياكى كەسپىي ئاتالغۇلارغا ئوخشاش قوللىنىلىدۇ، پارس تىلىنىڭ فونېتىكىسى ۋە گراماتىكىسىغا رىئايە قىلىنمايدۇ.

«بىر يېرىم تىللىق» دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، تىلشۇناسلىقتا تېخى مۇنداق ئاتالغۇنىڭ مەزمۇنى ئوتتۇرىغا چىقىپ باقمىدى. بەلكىم، يۇقىرىدىكى لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلەر كۆزدە تۇتۇلۇپ، شۇنداق دېيىلگەن بولۇشى مۇمكىن.

لېكسىكا — تىلدا پەقەت بىر قۇرۇلۇش ماتېرىيالى، ئۇ تىلنىڭ تەركىبىي قىسىملىرىنىڭ بىرى. لېكسىكا (يەنى تىلدىكى نەچچە ئونمىڭلىغان سۆزلەرنىڭ يىغىندىسى) گراماتىكىنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكەندىن كېيىنلا (يەنى مەلۇم گراماتىكىلىق قائىدىلەر ئاساسىدا ئۆزئارا باغلىنىپ كەلگەندىلا) ئاندىن ئالاقە ئېھتىياجىدىن چىقالايدۇ. ۋەھالەنكى بىرىكمىنىڭ تەركىبىگە كىرگەن سۆزلەر شۇ تىلدا قوللىنىلىدىغان فونېمىلارنىڭ مەلۇم قائىدىلەر ئاساسىدا بىرىكىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. شۇنداق ئىكەن، يالغۇز بەزى لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسلىنىپلا «تىل» دەپ ئاتاش مۇۋاپىق بولمىسا كېرەك.

شۇنى قوشۇمچە قىلىپ ئۆتەيلى، ھاشىم تۇردى ۋە جاۋ شىياڭرۇ ئەپەندىلەرنىڭ تەكشۈرۈشى بويىچە، بۇ ئاھالە دائىم دېگۈدەك قوللىنىۋاتقان 1000 ئەتراپىدىكى پارسچە سۆز ياكى ئۇلار ئۆزلىرى ياسىغان سۆزلەر (مەسىلەن: زېمىن دەخلەيدىغان چىز - تراكتور) نى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ھەممە ساھەسىدە ئالاقىلىشىشقا يېتىدۇ، ھەرقانداق مەۋھۇم ۋە ئىنچىكە چۈشەنچىلەرنى ئىپادىلەشكە يېتىدۇ، دېگىلى بولمايدۇ، بۇ 1000 ئەتراپىدىكى سۆز ھەتتا ئائىلىۋى ئالاقە ئېھتىياجىدىن چىقىشقىمۇ كەملىك قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ھاشىم تۇردى ۋە جاۋ شياڭرۇ ئەپەندىلەرنىڭ بۇ «تىل» توغرىسىدا تۆۋەندىكى كۆزقاراشلىرىنى ئالاھىدە تەكىتلەشكە توغرا كېلىدۇ.

«ئەينۇلار ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇزۇن مۇددەت ئارىلىشىپ ياشىغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ كۈچلۈك تەسىر قىلىشى بىلەن. . . بۇ تىلدىكى ئۇيغۇرچە سۆزلەر ئەسلى ئۆزىدە بار سۆزلەردىن كۆپ دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن»⑦.

بۇ «تىل» نىڭ تەكشۈرۈلۈش ئەھۋالى توغرىسىدا يەنە شۇ نۇقتىنى قوشۇمچە كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، بۇ تەكشۈرۈشلەردە بۇ ئاھالىنىڭ لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكى ھېسابلانغان مۇشۇ بىرقانچە يۈز (ياكى 1000 ئەتراپىدا) سۆزنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسى، شارائىتى، ئۇنۇملۇك ياكى ئۇنۇمسىزلىكى ئېنىق بايان قىلىنمىغان، يەنى ئۇلار ئۆزئارا، ئائىلىدە نوقۇل ھالدا مۇشۇ سۆزلەرنىلا قوللىنامدۇ؟ ياكى بۇ سۆزلەرنى شۇ مەنىدىكى ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرى بىلەن تەڭ قوللىنامدۇ؟ شۇنىڭدەك ئەتراپتىكى ئۇيغۇرلاردىن ئېھتىيات تەرىقىسىدە قوللىنامدۇ، ياكى ھەرقانداق شارائىتتا قوللىنامدۇ؟ قوللىنىلىش ئۇنۇمى، سۆز ياساش ئۇنۇمى قانداق؟ دېگەن مەسىلىلەر روشەنلەشتۈرۈلمىگەن.

لېكىن، بۇ بىر ئەمەلىي مەسىلە، بۇ «تىل» نى قانداق ئاتاش، ئۇنىڭغا قانداق باھا بېرىش ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى تىلشۇناسلىقى ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك، شۇنىڭدەك بۇ «تىل» نى قوللىنىپ كېلىۋاتقان ھەقدارلار ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

قاتلىمى» دەپ قارىغان مۇۋاپىق. مۇنداق ئاتاش بۇ ئاھالىنىڭ ئىتنىك ئاڭ جەھەتتىن «ئابدال»، «ئەينو» دېگەن سەلبىي مەنىگە ئىگە بولۇپ قالغانناملارنى قوبۇل قىلماي، ئۆزلىرىنى «ئۇيغۇر» دەپ ئاتاۋاتقانلىقىغا، تىل جەھەتتىن تارىختىكى «ئاق هۇن» لار قوللانغان گراماتىكىلىق سىستېمىسى تۈركىي، لېكسىكىسىدا ئەرەب - پارس تىلى سۆزلىرى ئارىلاش قوللىنىلغان تىلنىڭ قالدۇقى ئىكەنلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ئەمدى ئۇيغۇر تىلىنىڭ بۇ «ئاق هۇن» قاتلىمىنىڭ قاچان ۋە قايسى دەۋرلەردە ئۇيغۇر تىلىنىڭ قاتلىمى بولۇپ قالغانلىقى بىز بايان قىلىۋاتقان خوتەن دىئالېكتىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ توغرىدا بىرئاز توختىلىپ ئۆتەيلى:

### 3. قەشقەر پايناپتىكى «شەيخلەر» بىلەن خوتەن ۋىلايىتىنىڭ خوتەن، لوپ، كېرىيە، چىرا ناھىيىلىرىدىكى بۇ ئاھالىنىڭ ئۇلتۇراقلىشىش مەسىلىسى

بۇ توغرىلىق ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن ئېلىنغان ھەزرىتى ئەلىگە چېتىشلىق رىۋايەتلەر ئەمەلىيەتتىن يىراق. ئۇلارنىڭ بۇ جايلاردىكى پائالىيەت ئېلىپ بارغان دەۋرى تېخى تارىخىي پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلانغىنى يوق. تارىختىكى ئاق هۇنلارنىڭ بۇ ئورۇنلاردىكى پائالىيىتى بولسا Ⅵ ئەسىردىن بۇياققا ئۆتمەيدۇ. بىز بۇ ئاھالىنى ئاق هۇنلارنىڭ غەربكە كۆچمەي بۇ ئورۇنلاردا قېلىپ قالغانلىرى دەپ پەرەز قىلغاندىمۇ، ئۇلارنىڭ 14 ئەسىرلىك ئۇزاق ۋاقىت ئىچىدە كۆپ سانلىق ئۇيغۇر ئاھالىسى ئارىسىدا تىل جەھەتتىن ئاللىقاچان ئۇيغۇرلىشىپ كېتىشى، بەزى لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى بۈگۈنكى دەرىجىدە ساقلاپ قالالماسلىقى تۇرغان گەپ.

X ئەسىرگە ئائىت سەئىدبەتتال غازىغا چېتىشلىق رىۋايەتلەر (بۇ مەلۇمات ئابلەت ئابباسنىڭ يۇقىرىقى ماقالىسىدە بېرىلگەن) گە كەلسەك، بۇ رىۋايەتلەر تېخى پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلانغىنى يوق. ناۋادا قەشقەر پايناپتا «شەيخلەر كەنتى» نى، شۇنىڭدەك خوتەن ۋىلايىتىدە ئىككى «گېۋۇز» نى ئۇلار X ئەسىردىن ئېتىبارەن تەدرىجىي تەشكىل قىلغان دېگەندىمۇ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى 10 ئەسىر داۋامىدا (ئۇلارنىڭ باشقا ناھىيىلەرگە تارقىلىپ كەتكەنلىرىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندىمۇ) يۇقىرىقى ئۈچ ئاساسىي نۇقتىدا ئاران 4000 - 5000 نوپۇسقا ئىگە ئىكەنلىكى⑧ نوپۇس كۆپىيىش نىسبىتى بىلەن قارىغاندا بەك ئازلىق قىلىدۇ. شۇنىڭدەك، مۇنچىلىك ئاز نوپۇسقا ئىگە خەلقنىڭ ئۆزلىرىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق نوپۇسقا ئىگە ئۇيغۇر ئاھالىسى قورشاۋىدا تۇرۇپمۇ 10 ئەسىر داۋامىدا ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى تىل ئالاھىدىلىكىنى بۈگۈنكى دەرىجىدە ساقلاپ قالالىشى تېخىمۇ ئەقىلگە سىغمايدۇ.

تېخى XI ئەسىردە خوتەن ئاھالىسى پۈتۈنلەي تۈركىيلىشىپ كەتمىگەنىدى. بۇ توغرىلىق مەھمۇت قەشقەرى مۇنداق دېگەن: «خوتەنلىكلەر بىلەن كەنچەكلەر سۆز بېشىدىكى ‹ئەلىف — ا› نى ‹ھ — h› غا ئالماشتۇرىدۇ، تۈركىي تىللاردا يوق بىر تاۋۇشنى كىرگۈزگەنلىكى ئۈچۈن بىز ئۇلارنى تۈركلەردىن ھېسابلىمايمىز⑨.

X - XI ئەسىرلەردىكى خوتەن تىلىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ماتېرىياللار، مەسىلەن. ھ. ۋ. بېيلى ئېلان قىلغان تۈركچە - خوتەنچە سۆزلۈك (بۇ سۆزلۈك دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان بولۇپ، ھازىرقى فرانسىيە دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىدا پېللىئوت يىغىپ ساقلىغان ماتېرىياللار تىزىملىكىدە P. 2892 نومۇر بىلەن ساقلانماقتا. براخما يېزىقىدا، يازما شەكىلدە يېزىلغان) قاتارلىقلاردىنمۇ X - XI ئەسىرلەردە خوتەن تىلىنىڭ تېخى پۈتۈنلەي تۈركىيلىشىپ كەتمىگەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ⑩.

بىز بۈگۈنكى خوتەن دىئالېكتىنى ئىنچىكىلەپ كۆزەتسەك، سۆز بېشىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدا بىر «ھ» تاۋۇشنى كۆپەيتىدىغان، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئېيتىشىچە ئۆز دەۋرىدە ساپ تۈركلەردىن ھېسابلانمايدىغان بۇ خوتەن ئاھالىسىنىڭ ھازىر سۆز بېشىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدا بىر «ھ» تاۋۇشنى كۆپەيتىشىنى قەشقەر ئاھالىسىنىڭكىگە قارىغاندا كۆپ ئازىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىمىز.

XI ئەسىردە يەنى خوتەننىڭ تۈركىيلىشىش دەۋرىدە خوتەن تىلىدا كۆرۈلگەن بۇ فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەتنىڭ هازىرقى خوتەن دىئالېكتىدا ئومۇمىيۈزلۈك خۇسۇسىيەت بولماي قېلىشى مۇشۇ 9 — 10 ئەسىرلىك تىل ئۆزگىرىشىنىڭ نەتىجىسى. تىلنىڭ لېكسىكا قىسمىدىكى ئۆزگىرىشنىڭ باشقا تەركىبىي قىسىملارغا قارىغاندا تېز بولىدىغانلىقى مەيلى VI ئەسىردىكى ئاق هۇنلار بولسۇن، مەيلى رىۋايەتتىكى سەئىد بەتتال غازى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان X ئەسىردىكى كىشىلەر بولسۇن، ئاز ساندىكى جامائەنىڭ مۇنداق ئۇزاق دەۋردە ئۆز تىل ئالاهىدىلىكىنى بۈگۈنكى دەرىجىدە ساقلاپ قېلىشى هەرگىز مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئاق هۇنلارنىڭ ئىرقى مەسىلىسىدە دۆەن ليەنچىن ئەپەندى ئۆزىنىڭ «دىڭلىڭلار، قاڭقىللار ۋە تۈرالار» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

«ئاق هۇنلارنىڭ ئىرقى توغرىسىدا «لياڭنامە: بەدەۋىلەر هەققىدە قىسسە» دە: «ئۇلار قۇس ( 车师 ) لۇقلارنىڭ بىر قەۋمى» دېيىلگەن. «ۋېينامە: غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «ئۇلار توخار ( 大月纸 ) لارنىڭ باشقا بىر ئۇرۇقىدۇر» دەپمۇ كۆرسىتىلگەن... بۇ مىللەتنىڭ شەكىللىنىشى ئېهتىمال هۇن، توخار، دىڭلىڭ (غەربىي دىڭلىڭ) قۇس قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك قوشۇلۇشىنىڭ نەتىجىسى بولۇشى مۇمكىن⑪.

ئاق هۇنلارنىڭ ئىرقىي مەسىلىسىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردىمى بولۇش ئۈچۈن ئاق هۇنلارنىڭ ئىرانلىقلار بىلەن ئارىلاشقانلىقى ( IV ، V ئەسىرلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ) توغرىسىدا ر. ن. فرايې (R. N. Frye) ئەپەندىنىڭ تۆۋەندىكى بايانلىرىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

«... لېكىن، بىزنىڭ چياڭلار بىلەن ئېفتالىتلار توغرىسىدىكى ماتېرىياللارغا بولغان كەمبەغەللىكىمىز ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە خاراكتېرى توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان قالايمىقانچىلىقلارنى پەيدا قىلدى. كېيىنكى چارۋىچى ئىمپېرىيىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق بىز دەسلەپكى قەدەمدە بۇ تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن هۆكۈمران گۇرۇھ شەرقتىن ۋە شىمالدىن كەلگەن تۈركىي تىللىق قەبىلىلەردىن تەركىب تاپقان، ئەڭ بولمىغاندىمۇ ئۇلارنىڭ تەركىبىدە تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر بار دەپ بىلەلەيمىز. گەرچە چياڭلار ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئېفتالىتلار ئىتتىپاقىدىكى كۆچمەن ئاهالىنىڭ ئىران تىلىدا سۆزلەيدىغانلاردىن بولۇش ئېهتىمالى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن، شۇ نەرسە ئېنىقكى، خۇددى ئادەتتىكىدەك كۆچمەن - چارۋىچىلار ئولتۇراق ئاهالىنىڭ تىل - يېزىقىنى، تۈزۈمىنى هەم مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان. ر. گوبلىنىڭ ئۇلارنى «ئىران هۇنلىرى» دەپ ئاتىغىنى هەرگىز نامۇۋاپىق بولمىغان. چۈنكى چياڭلار ۋە ئېفتالىتلار هۆكۈمرانلىقىدىكى ئاهالىنىڭ كۆپچىلىكى ئىرانلىقلار ئىكەنلىكى ئېنىق»⑫.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ بۇ «ئاق هۇن» قاتلىمىنىڭ فونېما سىستېمىسى ۋە گراماتىكىلىق سىستېمىسىنىڭ تۈركىي، لېكسىكا تەركىبىنىڭ تۈركىي ۋە پارسىي ئارىلاش كېلىشى دۆەن ليەنچىن ئەپەندى بىلەن ر. ن. فرايې ئەپەندىلەرنىڭ بايانلىرىغا ئۇيغۇنلىشىدۇ. ئالايلى، بۇ قاتلام تىلدىكى داغا (ياقا، چەت)، داغاغىن (ياقا يۇرتلۇق، چەت يۇرتلۇق)⑬ دېگەن سۆزدە ئالتاي تىللىرىغا خاس بولغان د/ي - ئى نۆۋەتلىشىشىنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقىمۇ بۇ تىلنىڭ ئەسلى تۈركىي، كېيىن ئىران تىلى بىلەن ئارىلاشقانلىقىغا دەلىل بولالايدۇ.

بۈگۈنكى كۈندىمۇ قەشقەر ۋە خوتەن ئۇيغۇرلىرى «چەت» دېگەن سۆزنى «ياقا»، «چەت يۇرتلۇق، يات» دېگەن سۆزنى «ياقا يۇرتلۇق» دەيدۇ.

مانا بۇ ئەمەلىيەتمۇ بۇ تىل قاتلىمىنىڭ ساپ پارسىي ياكى سامانىي تاجىكلىرى تىلى قاتلىمى بولماي، يۇقىرىدا ئېيتىلغىنىدەك بىر ئارىلاش قاتلام ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئاق هۇنلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، بۇ كېيىنكى ئولتۇراق جايلىرىدا ئۇلار بىرقانچە خىل تىل ۋە دىئالېكتلارنىڭ تەسىرىگە يولۇققان بولۇشى تۇرغان گەپ. شۇنى مۆلچەرلەش مۇمكىنكى، ئاق

ھونلارنىڭ ئەسلىدە موشوندىاق پەقەت لېكسىكىسىلا ئارىلاشما ھالەتتە بولغان بىر تىلنى قوللىنىشى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ كېيىنكى تارىخىي دەۋرلەردىكى تۇرمۇش ئۇسۇللىرىدا بەزى ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇشى (مەسىلەن: بەزىلىرىنىڭ ئادەتتىكى نورمال دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە ياكى سودا - سېتىق، ھونەرۋەنلىك بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈشتىن مەلۇم تارىخىي شارائىتلار ئارقىسىدا تىلەمچىلىك، خەتنىچىلىك، پالچىلىق قاتارلىق جەمئىيەتنىڭ بىرقەدەر نورمال سەۋىيىسىدىن تۆۋەنرەك بولغان تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىشقا يۈزلىنىش) ئۇلارنىڭ ئۇزاق دەۋرلەر قورۇنۇش ھالىتىدە تۇرۇپ كېلىشىگە سەۋەب بولغان بولسا كېرەك.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ بۇ قاتلىمى ئەڭ ئۈستۈنكى بىر قاتلام بولۇپ، ئۇنىڭ خوتەن دىئالېكتىغا شۇنىڭدەك قەشقەر شېۋىسىگە تەسىرى بار، دەپ ئېيتقىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ئاساسەن تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىدىن ئىزلەش مۇمكىن:

بىرىنچىسى: ئاق ھونلارنىڭ بۇ جايلاردىكى نوپۇس سانى ئاز بولۇپ، ئۇلار كۆپچىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ قامالى ئىچىدە قالغان. مەسىلەن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا، 1911 - يىلى ئېلىنغان ستاتىستىكىلىق مەلۇمات بويىچە قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن، پوسكام، قاغىلىق، گۇما، خوتەن قاتارلىق جايلارغا غەربتىن كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانلار 1295 ئائىلە (جەمئى 3015 نوپۇس) بولغان. مانا مۇشۇ كىشىلەرنى ھازىر بىز تەتقىق قىلىۋاتقان ئاھالىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى دەپ مۆلچەرلەشكە بولىدۇ.

ئىككىنچىسى: ئۇلارنىڭ بۇ جايلارغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىش تارىخى ئۇزۇن ئەمەس. بەلكىم XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن كېلىشىش ئارقىسىدا ئافغانىستان، پاكىستان، كەشمىر، ھىندىستان قاتارلىق مەملىكەت ۋە جايلاردىن ئىلگىرى - كېيىن كېلىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. شۇڭا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئالاھىدە ستاتىستىكا مەلۇماتىغا ئېلىنغان. ئۇلارنىڭ خوتەن ناھىيىسى ئاقتاش رايونىدىكى ئولتۇراق يېزىسىنىڭ «گېۋۇز» دەپ ئاتىلىشى، خوتەن لوپ ناھىيىسى تامئېغىل رايونىدىكى ئولتۇراق يېزىسىنىڭمۇ «گېۋۇز» دەپ ئاتىلىشى ئاساسەن بىر ئورۇندىن كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، بۇ «تىل» نىڭ فونېتىكىلىق سىستېمىسى ۋە گراماتىكىلىق سىستېمىسى ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئوخشاش. ئىجتىمائىي ئالاقىدە ئۇلاردىن سۆز قوبۇل قىلىش ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئېھتىياجلىق بولمىغان. شۇڭا ئۇلارغا يانداش بولغان ئۇيغۇر يەرلىك شېۋىلىرىدە ئۇلارنىڭ دوڭگاي ~ سەپچى (قوغۇن)، haphap (تاۋۇز)، چىلبە ~ شىلۋە (چاي)، hasa (نەشپۈت)، بۇق (كەپتەر)، غوياڭ (يېپ) قاتارلىق سۆزلىرى زادىلا كۆرۈلمەيدۇ. ئەكسىچە، دەۋرىمىزدە ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىشى، پۈتۈن ئىجتىمائىي ھاياتىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرۇشى سەۋەبىدىن يۇقىرىدىكى تىل ئالاھىدىلىكلىرى پەقەت ياشانغانلىرىدىلا ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا سىڭىپ كېتىشكە تاقابىل تۇرۇش مۇمكىنچىلىكىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ، ياشلىرىدا بولسا، ئىجتىمائىي ئالاقە پۈتۈنلەي ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ.

شۇڭا، بىزنىڭ قارىشىمىزچە بۇ تىل قاتلىمىنىڭ خوتەن دىئالېكتىنى شېۋىلەرگە بۆلۈشتىمۇ تىلغا ئالغۇچىلىك ئەھمىيىتى يوق.

خوتەن دىئالېكتىنىڭ لېكسىكىلىق تەركىبىگە بىر قىسىم ئەرەب - پارس تىلى سۆزلىرىنىڭ كىرىپ قېلىشى X ئەسىرنىڭ ئاخىرى XI ئەسىرنىڭ بېشىدا خوتەننى ئىسلامغا كىرگۈزۈش ئىشىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىن (ئوش، كاسان، خارەزم، باغداد قاتارلىق جايلاردىن) كەلگەن نەچچە ئونمىڭلىغان⑭ پىدائىيلار قوشۇنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دەپ قاراش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولسا كېرەك. چۈنكى بۇ پىدائىيلارنىڭ ھايات قالغانلىرىنىڭ خوتەن ئىسلاملاشقاندىن كېيىن قايتىپ كەتكەنلىكى

توغرىسىدا دېرەك يوق. ئۇلار ئەينى دەۋردىكى خوتەن ئاھالىسى بىلەن سىڭىشىپ، بۈگۈنكى خوتەن دىئالېكتىنىڭ شەكىللىنىشىدە رول ئوينىغان، خالاس.

---

ئىزاھلار:

① «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1992 - يىللىق 2 - سان، 36 - 37 - بەتلەر.

② يۈتيەنخېڭ: «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە، 1984 - يىل، 94 - بەت.

③ ⑪ دۇەن ليەنچىن: «دىڭلىڭلار، قاڭقىللار ۋە تۇرالار» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 - يىل، ئۇيغۇرچە 1 - توم 480 -، 481 - بەتلەر.

④ ئابلەت ئابباس «‹شەيخلەر› نىڭ ئېتىنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىم» «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1997 - يىللىق 3 - سان، ئۇيغۇرچە، 77 - بەت.

⑤ بۇ ھەقتە Otto Ladstattr ۋە Andreas Tietze لارنىڭ «Die Abdal(Aynu)inXinjiang» («شىنجاڭدىكى ئابداللار») دېگەن ئەسىرىنىڭ 87 - بېتىگە قاراڭ.

⑥ ھاشىم تۇردى، جاۋ شياڭرۇ: «شىنجاڭ ئەينۇلىرىنىڭ تىلى» خەنزۇچە «تىل تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1982 - يىللىق 1 - سان، 264 -، 266 - بەتلىرىگە قاراڭ.

⑦⑧ ھاشىم تۇردى، جاۋ شياڭرۇ «ئەينۇ تىلى ۋە ئەينۇ تىلىدىكى سانلار توغرىسىدا» «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» 1985 - يىللىق 1 - سان، 123 - بەت.

⑨ مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - توم 44 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

⑩ ھ. ۋ. بېيلى: «تۈركچە - خوتەنچە سۆزلۈك» BSOAS. 11 290 -، 296 - بەتلەر، 1943 - 1947 يىللىرى.

⑫ ن. فرايې: «بۈيۈك ئاسىيا رايونىدىكى مەدەنىيەت ئارىلىشىشى»، «غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى خەنزۇچە، 1990 - يىل 1 - سان 245 - بەت.

⑬ بۇ سۆزنى A. T ۋە O. L لار «بىزنى نېمە دەيسىلەر» دەپ سورىغان بولسا كېرەك، ئۇلار «داغاغىن — ياقا يۇرتلۇق دەيمىز» دېسە، «ھە، ياۋروپالىق دېدى» دەپ خاتا چۈشەنگەن ۋە مەنىسىنى «ياۋروپالىق» دەپ خاتا ئىزاھلىغان. (قاراڭ A. T ۋە O. L مەزكۇر ئەسەر، 93 - بەت)

⑭ ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ تەخمىنىي سانى موللانىياز يازغان نەزمىي «تۆت ئىمام تەزكىرىسى» گە قاراڭ: Bodleian Library. Oxford, Ms. Ind, Inst, Turk. 24


## «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ

ھۆرمەتلىك كىتابخان: «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1999 - يىلمۇ سىزنى تېخىمۇ يېڭى، قىزىقارلىق، رەڭدار مەزمۇنلار بىلەن تونۇشتۇرىدۇ. ژۇرنالغا مۇشتەرى بولۇش ۋاقتى چەكلەنمەيدۇ. كېچىكىپ مۇشتەرى بولغۇچىلارغا ئالدىنقى سانلىرى تولۇقلاپ ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ. ژۇرنالنىڭ پارچە باھاسى 3.00 يۈەن، يىللىق باھاسى 12.00 يۈەن. مۇشتەرى بولغۇچىلار پۇلنى پوچتا ئارقىلىق تەھرىر بۆلۈمگە ئەۋەتسە بولىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى كىتابخانىلار بىۋاستە تەھرىر بۆلۈمگە كېلىپ يېزىلسا ۋە سېتىۋالسا بولىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى «شەرق شامىلى» كوچىسى 8 - نومۇر «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى (ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىناسى 11 - قەۋەت)

تېلېفون نومۇرى: 2821715

پوچتا نومۇرى: 830002

# سەلەي چاقان ۋە ئۇنىڭ لەتىپىلىرى

**داۋۇت تۇرەخمەتوف**

**مۇھەررىردىن:** تەزكىرە خادىملىرى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىلىرىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىغا مەزكۇر ماقالىنى كۆچۈرۈپ باستۇق.

ماقالىنىڭ مۇئەللىپى داۋۇت تۇرەخمەتوف 1918 - يىلى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ سۈيدۈڭ ناھىيىسىگە قاراشلىق لوسگۇڭ يېزىسىدا ناۋاي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئۈلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى تاماملاپ، 1947 - يىلغىچە چۆچەك، غۇلجا، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىكى مەكتەپلەردە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن دەرس بەرگەن، 1947 - يىلدىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىدا تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى بولغان ھەم بۇ ئىككى تەشكىلاتنىڭ نەشر ئەپكارى «ئىتتىپاق»، «كۈرەش» ژۇرناللىرىدا مەسئۇل مۇھەررىرنىڭ ئورۇنباسارى بولغان. ئۇ 1953 - يىلدىن 1961 - يىلغىچە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، مىللەتلەر نەشرىياتى ۋە «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلىگەن، 1962 - يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ چىقىپ كەتكەن.

مەزكۇر ماقالە داۋۇت تۇرەخمەتوف 1955 - ۋە 1956 - يىللىرى قەشقەرگە تىل ۋە ئېغىز ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن بارغاندا توپلىغان سەلەي چاقان لەتىپىلىرى ئاساسىدا ئالمۇتىدىكى «جازۇشى» نەشرىياتى تەرىپىدىن 1984 - يىلى نەشر قىلىنغان «سەلەي چاقان لەتىپىلىرى» ناملىق كىتابتىن قىسقارتىۋېلىندى. بۇ كىتابقا سەلەي چاقاننىڭ داۋۇت تۇرەخمەتوف توپلىغان 146 لەتىپىسى، سەلەي چاقان نامىغا توقۇلغان 40 زامانىۋى لەتىپە ۋە سەلەي چاقاننىڭ 44 قوشىقى كىرگۈزۈلگەن.



ھەقىقىي خەلق قىزىقچىلىرىنىڭ گەپ - سۆزلىرى بولغان يەردە كىشىلەر خۇددى ئۆزلىرى ياخشى كۆرگەن نەرسىلەرگە نائىل بولغان ۋە ئۆچ كۆرگەن نەرسىلىرى ئۈستىدىن بىردىن غالىبىيەت قازانغاندەك چوڭ بىر شادلىق تۇيغۇلىرى بىلەن قېنىپ - قېنىپ كۈلۈۋالىدۇ. كۆلكىدىن كۆڭلى سۇ ئىچىپ، روھى كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ. كۆپ ھاللاردا مۇنداق پەيت ئاجايىپ خۇش ناۋالىق، چوڭ بىر شادلىق بەزمىسى ئورنىدا ئۆتىدۇ. مەلۇمكى، شۇنداق ناپاسەتلىك، دىلرەبا سۆز ئويۇنلىرى كۆپ چاغلاردا ھەربىر خەلقنىڭ ئۆز قىزىقچىلىرى ۋە سۆز ماھىرلىرى قالدۇرغان ھەجۋىيات مىراسلىرىدىن ياكى ئۇنىڭ زامانىۋى نەمۇنىلىرىدىن باشلىنىدۇ. ئۇيغۇر



خەلقىنىڭمۇ سۆز ئويۇنلىرى، خۇددى شۇنىڭدەك، ئۆزىنىڭ داڭلىق قىزىقچى، سۆزمەنلىرىنى سېغىنىپ تىلغا ئېلىش بىلەن باشلىنىپ كېتىدۇ.

ئۆتمۈشتە ئۇيغۇرلارغا ئورتاق قىزىقچىلاردىن: نەسىردىن ئەپەندى، ئالداركوسا، شامەشرەپلەر، ئۇيغۇر قىزىقچىلىرىدىن: سەلەي چاققان، موللا زەيدىن، موللا مەتيار خەلپىتىم، ئەخمەتشا قاراقاشى، ئىمىرخان غوجا، ھېيت مۇغەمبەر ۋە باشقىلار ياشىغان. ئائىلە مىقياسىدىن تا بىر يۇرت دائىرىسىگىچە بولىدىغان شادلىق مەرىكىلىرىنى، بىر چەتتىن، خەلقىنىڭ ئەنە شۇنداق كۈلكە دانالىرى، ئۇلارنىڭ قىزىق ھەرىكەت، قىزىق سۆزلىرى قىزىتىپ كەلدى. ھازىرمۇ شۇلارنىڭ، بولۇپمۇ سەلەي چاققانىنىڭ ئوبرازى ۋە ئۇنىڭ مۇجەسسەملىنىپ، ھەتتا زامانىۋى مەزمۇنلارنى ئېلىپ كامال تېپىۋاتقان ئومۇمغا تەن كۇرەشچان ساتىرىك روھى كۆپچىلىك سۆز ئويۇنلىرىمىزنىڭ ئىلھام بۇلىقى بولۇپ كەلمەكتە. شۇنىڭغا يارىشا كىشىلەردە، خۇسۇسەن ياشلاردا ئۇيغۇر خەلق قىزىقچىلىرى بىلەن، بولۇپمۇ سەلەي چاققانىنىڭ سەرگۈزەشت ۋە لەتىپىلىرى بىلەن كۆپرەك تونۇشۇش ئارزۇسى كۈچەيمەكتە.

مەن ئۇزاقتىن سەلەي چاققان ھاياتى ۋە ئۇنىڭ لەتىپىلىرىگە قىزىقىپ يۈرەتتىم. شۇنىڭغا يارىشا، تىل - يېزىق تەكشۈرۈش ۋە فولكلور توپلاش گۇرۇپپىسىدا بىر مەزگىل ئىشلەپ قالدىم. شۇ جەرياندا، يەنى 1955 - يىل ئاۋغۇستىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى قەشقەرنىڭ ئوپال رايونىدا بولدۇم. سەلەي چاققان تۇغۇلغان يېزىنىڭ بازىرىدىكى بوۋايلاردىن، ھاجى سەيدۇللا ۋە مويسىپىتلاردىن سەلەي توغرىلىق سۈرۈشتە قىلىپ، خېلى نەرسىلەرنى يېزىۋالدىم. 1956 - يىل ئۆكتەبىر كۈنلىرى يەنە شۇ خىزمەت بىلەن قەشقەر كوناشەھەردە تۇرۇپ، ئۇ يەردىكى تارىخچى ئىمىر ھەسەن قازى، پېشقەدەم كىشىلەردىن ئابدۇراخمان مەخدۇم ۋە باشقىلار بىلەن بىرنەچچە قېتىم سۆھبەتتە بولدۇم. يەكەن، خوتەن ۋە باشقا شەھەرلەردىمۇ شۇ تەرىقە ماتېرىيال توپلىدىم. ئاساسەن، شۇ چاغدا توپلانغان ماتېرىياللار بويىچە سەلەي چاققانىنىڭ تەرجىمىھالى تۆۋەندىكىچە:

ئۇنىڭ ئەسلى ئېتى مۇھەممەد سالىھ، قىسقىچە ئېيتقاندا مەتسەلەي. ئۇنىڭ «ئەپچىلەم»، «گەپچىلەم»، «موللا»، «چاققان» دېگەنگە ئوخشاش لەقەملىرى كۆپ بولغان. كېيىنرەك ئەسلى ئىسمىغا «چاققان» سۆزى قوشۇلۇپ «سەلەي چاققان» ئاتىلىپ كەتكەن.

سەلەي چاققان تەخمىنەن مىلادىنىڭ 1790 - يىللىرى قەشقەر ۋىلايىتى توققۇزاق ناھىيىسى ئوپال يېزىسىدا ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتىسى مۇھەممەت ئاخۇن 3 - 4 مال بېقىپ، موزدوزلۇق، ناۋايلىق قىلىپ كۈن كەچۈرگەن. كېيىن مالدىنمۇ ئايرىلىپ، كۆپ ئۆمرى «نېنى ئىزىغا كەتسىمۇ، كۆمىچى پايدا» دېگەن ئۈمىد بىلەن ناۋايلىقتا ئۆتكەن. مۇھەممەت ئۇستا مالنى ياخشى تونۇيدىغان سىنچى، چىۋەر ئوغلاقچى، ھۈنەرۋەن، راۋاپچى، مۇئامىلىدە مۇلايىم خۇش چاخچاق، دىلكەش ئادەم بولغان.

سەلەيمۇ كىچىكىدىنلا زېھنى ئۆتكۈر، قولى ئەپچىل، كۆلۈپ تۇرىدىغان ئوچۇق بالا بولۇپ، تېزلا كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ. بالىلارنىڭ كوچا ئويۇنلىرى، توي - تۆكۈنلەردە، بارات كېچىلىرىنىڭ تونەك ئويۇنلىرىدا بالىلار باشلامچىسى بولۇپ، ئايىغى تىنمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. لېكىن ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ «يامان كۆزدىن خالى» بولۇشى ۋە ياش زېھنىنى بىلىمگە سەرپ قىلىشى ئۈچۈن ئۇنى كۆپرەك مەكتەپتە بولۇشقا زورلايدۇ. ئۇ مەكتەپتە ناھايىتى ياخشى ئوقۇپ، 3 - 4 يىل ئىچىدە ئەرەبچە، پارسچە كىتابلارنى سۇدەك ئوقۇيدىغان بولىدۇ. كېيىن ئۇ قەشقەر شەھىرىدىكى تاغىسى زېرىپ زەرگەرنىڭ ياردىمى بىلەن كوناشەھەر خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇيدۇ. ئەمما ئۇ بۇ بىلىم دەرگاھىدا ئۇزاق ئوقۇيالمايدۇ. ئاتىسى ۋاپات بولۇشى بىلەن شەھەرگە كۆچۈپ كەلگەن ئائىلىسىگە ئۆزى قاراشقا مەجبۇر بولىدۇ. سەلەي ئاتىسىنىڭ قەرزلىرىنى تۆلەپ، ئۆينى ئۆزى باقىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىپ، ئانىسىغا تەسەللىي، دەرمان بېرىدۇ. ئاتا كەسپى ناۋايچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇپ، تىرىكچىلىك كويىغا كىرىپ

كېتىدۇ.

سەلەي ئاتىسىنىڭ يالغۇز ھۈنىرىنىلا ئەمەس، باشلانغۇچ ھالدا سەنئەتنىمۇ — غەزەل، راۋاپ، چاقچاقنىمۇ ئۆگىنىپ، ئۇدۇم ئالىدۇ. بۇ ياش تۇغما قابىلىيەت ئىگىسى قەشقەر شەھىرىدە ياشاش بىلەن تۇرلۇك تاماشا، توي - تۆكۈن، باراۋەت، مەشرەپ، تاۋاب - سەيلىلەرگە قاتنىشىپ، خەلق ئارىسىدىكى خىلمۇ خىل سازەندە، شائىر، قوشاقچى، ئۇسسۇلچى، ئويۇنچى - دورامچى، مەسخىرىۋاز، سۆزمەن قىزىقچىلارنى كۆرۈپ ئۆگىنىدۇ، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى تالانتىمۇ چاپسان ئۆسىدۇ. ئۇ شۇ چاغلاردا 20 ياشلاردا بولسىمۇ، بارغانسېرى كامال تېپىپ، ھەممە يەردىكى سۆز ئويۇنلىرىدا شەھەردىكى جىمى تەڭتۇشلىرىدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. كۈندىن - كۈنگە نامى ئەتراپ يېزا، شەھەرلەرگە تارىلىشقا باشلايدۇ. كىچىكىدىن خەلقنىڭ جەبىر - كۈلپەتلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ ئۆسكەن سەلەي ئەمدى بولسا، يۇقىرى تەبىقىلەرنىڭ ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇشىنى يېقىندىن كۆرۈپ، سېلىشتۇرۇپ، ئاق - سېرىم جەھەتتە بارا - بارا ئويغىنىپ، كەمبەغەللەرگە يان بېسىشقا باشلايدۇ. سۆز كۈچى بىلەن بايلارغا كۈلىدۇ.

سەلەي چاققان ئاتا كەسپى — موزدوزلۇق، ناۋايلىقتىن باشقا، تۆمۈرچىلىك، باپكارلىق، ياغاچچىلىققا ئوخشاش نۇرغۇن ھۈنەرلەرنى بىلسىمۇ، ئۇ ئاساسەن ناۋايچىلىق بىلەن كۈن كەچۈرىدۇ. ئۇ شۇ ئارىدا بىر مەزگىل قەشقەر ھاكىمى زوھۇرىدىن بەگ ھوزۇرىدا ئوردا قىزىقچىسى ۋە باش ئاشپەز سۈپىتىدە ئىشلەيدۇ. لېكىن ئوردا ھاياتى بۇ ئەركىن، خۇش كۆڭۈل ۋە تېتىك سەلەي ئۈچۈن بەكمۇ خورلۇق ۋە زېرىكىشلىك تۇيۇلىدۇ. ئاڭغىچە ھاكىمدارلار ھاكىمى جانغا زىق بىلەن مىق بولۇپ تۇرىدىغان سەلەينىڭ «كۈلكە - قىزىقچىلىقلىرى» دىن جانلىرى جاق تويۇپ، لەتىپە دېسە پۇت - قولى سىقىراپ تۇرىدىغان جانابلار سەلەينى كۆزدىن نېرى قىلىشنى كۆزلەيدۇ.

سەلەي چاققان باشقا جايلاردىمۇ — يەكەن، خوتەن، ئاقسۇغا ئوخشاش شەھەرلەردىمۇ بولىدۇ، ئاتۇشتىمۇ كۆپ تۇرىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ بىلىم، ھۈنەر ۋە قىزىقچىلىق ماھارىتى بېيىپ، ناخشا، ساز، ئۇسسۇل، قوشاقچىلىق ۋە دورامچى - تەقلىدچى، مەسخىرىۋازلىققا ئوخشاش قىزىقچىلىق ئويۇنلىرىدىن ئىبارەت خەلق سەنئىتىدە، بولۇپمۇ قىزىقچى - سۆزمەنلىكتە تارىختا ئۆچمەس داغ قالدۇرىدۇ. ئۇ مىلادىنىڭ 1850 - يىلى 60 ياشتىن ئېشىپ ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

سەلەينىڭ قىزىقچىلىقى، ئۇنىڭ يۇمۇرىستلىقى ئاجايىپ سۆز ئويۇنلىرى ساھىبى ئىكەنلىكىدە نامايان بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى تالانتى شۇ كىتابتىكى لەتىپە، ھەجۋىي ھېكايە ۋە ھەجۋىي ناخشا - قوشاقلاردىن ئايدىڭ - ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ.

سەلەي — سىلىق ۋە ئۆتكۈر لەتىپىلەر ماھىرى. ئۇ يالىڭاچ قوپال كۈلكە سۆزلىرىنىڭ ئەمەس، ئەكسىچە ناھايىتى سىلىق - سىپايە، ياپتا گەپلەر (لىپاپىلىق سۆزلەر) ئۇستىسى. ئۇنىڭ سۆزلىرىگە دۈشمەن ياكى قارشى تەرەپلەرمۇ سېھىرلىنىپ، تۇيماي قېلىپ، كۈلۈپ كېتىدۇ.

سەلەينىڭ قايسى دائىرىدىكى لەتىپىلىرى، شاڭخو، چاقچاقلىرى بولسۇن، يات سىنىپ، يات تىپنى تەنقىدلەشكە، ئۆزنى - دوستنى بولسا ئۇلۇغلاشقا، نۇقسانى بولسا ئۇچۇقداشقا قارىتىلغان. سەلەي لەتىپىلىرى ناھەقلىققا قارشى ئادالەتپەرۋەرلىك چاقىرىقى سۈپىتىدە خۇراپىي، مەۋھۇم پىكىرلەرگە قارشى روشەن، ھۆرپىكىرلىك- كە؛ نادانلىقنىڭ قۇلى بولماي، پاراسەتنىڭ پىدائىسى بولۇشقا ئۈندەيدىغان چىرايلىق ۋە ئەڭ تەسىرچان كۈلكە دەستۇرلىرى سۈپىتىدە جاراڭلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇستۈن تەبىقىلەر ياكى شۇنىڭغا مەنسۇپ شەخسلەر سەلەينىڭ كۈلكىسىنى بوغۇپ ياكى ئۇنىڭ لەتىپىلىرىنى ئەخلاقسىز بىھايا لەتىپىلەرگە ۋە ئۇنى لەت قىلىش قورالى — سۆز - چۆچەكلەرگە ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كەلگەن. ھاكىمدار، روھانىي ۋە ئازغۇنلار سەلەي لەتىپىلىرىنى يېزىققا - كىتابلارغا ئېلىش بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا تىلغا ئالمىدى. پۈتۈن كۈچ ۋە ئىلاجىنى ئىشلىتىپ، باشقىلارنىمۇ تىلغا ئالمايدىغان قىلىشقا ئۇرۇندى. تىلغا ئالغان ھالەتتە،

ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ خۇنۇك بوياقلىرى بىلەن بوياپ، بۇزۇپ ۋە ئۆزگەرتىپ تاراتتى. لېكىن سەلەينىڭ ئۆچمەنلىرى قانچە بۇزغۇنچىلىق، بوياقچىلىق ۋە قارشى سۆز ئويۇنى ھەم لەتىپىلەردە قانچە ئىجادكارلىق قىلمىسۇن، ئۇلار بەربىر سەلەي ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىغا تەڭ كېلەلمەيتتى.

سەلەي دائىم ئۇمىدۋارلىق روھى بىلەن سۇغىرىلغان لەتىپە، قوشاق ۋە پاراڭلىرىدا قارنى توق جانابلارنىڭ سىياقى سۆلەتلىك، سۇمباتلىق كۆرۈنگەن بىلەن قەلبى كاۋاك ياكى ئىچى پۇتۇنلەي پىسىق - پاسات، ئەيىب - نۇقسانلار بىلەن تولغانلىقىنى ئاشكارىلاپ تاشلايدۇ.

سەلەي لەتىپىلىرى شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئۇ ئۆز سۆز قىزىقچىلىقىدا ئۇيغۇر تىلىدىكى كۈلكە پەيدا قىلغۇچى جىمىكى سۆز، ماقال ۋە ئىبارىلەردىن پايدىلىنىشقا ئۇستا بولغان. بۇ جەھەتتىن «تېتىقسىزلىققا قېتىقسىزلىق» ، «دېھقان ئۇلۇغ» ، «كۇچۇك» ، «كىچىك» لەتىپىلىرىنى ئاتاشقا بولىدۇ.

سەلەي خەلق ئېغىز ئىجادىنىڭ جىمىكى ساتىرىك - يۇمۇرستىلىق نەمۇنىلىرىدىن، قىزىق بېيىت، قوشاق، ھەجۋىي چۆچەك، لەتىپە، چاقچاق، شاڭخو، چېقىشىش، ئىچ پۇشۇقى ۋە باشقىلاردىن كەڭ پايدىلىنىدۇ.

سەلەي — دانا قىزىقچى. ئۇنىڭ دانالىقى ھە دېسىلا كۈلكە پارتلىتىدىغان لەتىپىلىرىدىلا ئەمەس، قارشى تەرەپنىڭ پاراسەتسىزلىكىنى ئايىماي ۋە قولغا تۇتقۇدەكلا پاش قىلىپ، ئولتۇرغۇزۇپ قويىدىغان، شاھتلار ۋە ئاڭلىغۇچىلار ئىشىنىڭ تېگىگە تەپەككۇر بىلەن كېيىن يېتىپ، ئاندىن مەغرۇرانە كۈلىدىغان لەتىپىلەر بىلەن ۋە ئەمگەك ئەھلىنىڭ قايغۇسىغا شادلىق، تىلسىم - خاسلىققا ئەمەلىي راستلىق بېرىدىغان ئاقىلانە مەسلىھەت تېپىدىكى لەتىپىلىرى بىلەن نامايان بولىدۇ. ئۇنىڭ شۇنداق دانالىقىغا — سۆزدە چېچەنلىكىگە «كۇن ياخشى» ، «ئېتىقاد» ، «دوزاخ نەدە» ، «قازاننىڭ دۇم كۆرۈنۇشى يامان» ، «ئۇجمە سايىسىدا» دېگەن لەتىپىلەر دەلىل بولالايدۇ.

سەلەي — ھازىر جاۋاب قىزىقچى. ئۇنىڭ سۆز - ھەرىكىتى قىزىق بولۇش بىلەن بىللە قىرلىق، مەزمۇنلۇق ۋە يۇقىرى ھارارەتلىك. بۇنىڭغا ئۇنىڭ كۆپ ھۈنەرلىك ئىكەنلىكى، سەنئەتكارلىقى - كۆرگەننى قويمايدىغان تەقلىدۋازلىقى ۋە كۈلكە ھەرىكىتىدە ئىجادىي تېزكارلىقى مىسال بولىدۇ.

مەلۇمكى، تارىخنى خەلق يارىتىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ قەھرىمانلىرىنىمۇ خەلق يېتىشتۇرىدۇ. دېمەك، فولكلور قەھرىمانى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئەڭ تەسىرچان، ئەڭ تارقاشلىق، ئىخچام ۋە ئۆتكۈر ژانىرى — لەتىپە قەھرىمانىنىمۇ خەلق يارىتىدۇ. قىزىقچىلىق قەھرىمانلىرىمۇ ئەتراپتىن - خەلقتىن ئۆگىنىپ يېتىشىدۇ. ئۇ قەھرىمانلار ئەمەلىيەتتە خەلق كۆڭلىنى تېپىپ، خەلق كۆڭلىگە ئارام، ئارمان ۋە ئىلھام بېغىشلىيالىسا، ئۇلارنى خەلق بارغانسېرى ئۆز قوينىغا ئېلىپ، يۆلەپ، كامال تاپقۇزۇشقا، ھەتتا پەلەككە كۆتۈرۈپ، تەبەسسۇم يۇلتۇزى قىلىپ، ئەبەدىيلەشتۈرۈپ كېتىشكە قادىر. سەلەي چاقچاقنىمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مانا شۇنداق ئىستىبداد ۋە ئىستىقبالغا ئىگە بولغان كۈلكە يۇلتۇزى دېيىشكە بولىدۇ. ھەقىقىي خەلق قىزىقچىلىرىنى يالغۇز شۇ قىزىقچى مەنسۇپ بولغان بىر خەلق ياكى مىللەتلا قوللاپ، قوينىغا ئېلىپ قالماي، ئۇنىڭغا قوشنا خەلقلەرمۇ، بەلكى ئۇنىڭ ئىزگۇ ئىشى ۋە خەلققە بېغىشلىغان كۈلكىسىدىن ۋاقىپ بولۇپ بەھرى ئالغان باشقا ئەللەرمۇ «ئۆزىمىزنىڭ» دەپ بىلىپ، ئۇنىڭ تۆھپىلىرىنى ئۆز تۇرمۇشى ۋە تارىخىي شارائىتلارغا ماس راۋاجلاندۇرۇپ، بېيىتىپ كېتىۋېرىدۇ.

سەلەي چاقچاقنىڭ تەرجىمىھالىدىن مەلۇمكى، ئۇ كىچىكىدىنلا ئۇستا راۋاپچى، ماھىر غەزەلخان بولغان ئاتىسىدىن نۇرغۇنلىغان قوشاقلارنى، بېيىتلارنى ۋە ھەرخىل كۈلكە رەپتارلىرىنى ئۆگىنىدۇ. ئۇيغۇرلار ھاياتىدا ئەزەلدىن موزدۇزخانىلارمۇ سەنئەت ئوچىقى بولۇپ كەلگەن. سەلەينىڭ ئاتىسى مۇھەممەت ھويلىسىدىكى موزدوزخانىدىن ھېچقاچان ئادەم ئۈزۈلمەيتتى. ئۇ يەرگە يىغىلغانلار تۈرلۈك جەڭنامىلەر، چۆچەكلەرنى ئېيتىشىپ ياكى دۇتار، راۋاپ، تەمبۇر ئاۋازلىرى خىلمۇ خىل پەدىلەردە ياڭزا - ياڭزا مەزمۇندىكى قوشاقلارغا جور بولۇپ، تەرەننۇم

قىلىپ تۇراتتى. بۇ يەردە بولغان ھادىسىلەرنىڭ بارلىقى ياش سەلەينىڭ دىلىغا ئۆچمەس بولۇپ ئورناپ قالغانىدى. سەلەي مەدرىسىدە ئوقۇغان چاغلىرىدا شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ ئىجادىيىتى بىلەن يېقىندىن تونۇشىدۇ. شۇنداقلا ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرلىرى-نىڭ، ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى زوقمەنلىك بىلەن ئۆگىنىدۇ. ناھايىتى نۇرغۇن ھېكايە، غەزەل، نەقىل ۋە ھېكمەتلەرنى بىلىۋالىدۇ.

تۇغما تالانت ئىگىسى بولغان سەلەي چاققان ئۈچۈن مۇنداق قولايلىق شارائىتلار ئۇنىڭ قوشاقچىلىقتىمۇ قابىلىيىتىنىڭ پەرۋاز قىلىشىغا مۇمكىنلىك بەردى. سەلەي ھەقىقەتەن ماھىر ۋە قايناق ئىلھاملىق، ھوزۇر بەخش قوشاقچى. ئۇنىڭ قوشاقلىرى ئەمگەكچىگە روھ، ئاشىققا ئارام، دەردمەنگە داۋا، زالىمغا زاۋال، جاھىلغا جۇۋالدۇ-رۇز. ھەممە قوشاقلاردا ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە كۈرەش روھى يالقۇنلاپ تۇرىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ ئۇنىڭ قوشاقلىرى شەكىل جەھەتتىن بولسۇن، مەزمۇن - ئىدىيە جەھەتتىن بولسۇن، ئادىي خەلقنىڭ كۆڭلىگە ناھايىتى يېقىن.

[قوشۇمچە]

## سەلەي چاققان سۈرىتىنى كىم سىزغان؟

كېيىنكى يىللاردا كېڭەش ئېلى ئۇيغۇر مەتبۇئاتى ۋە رادىئو ئاڭلىتىشلاردا سەلەي چاققان نامى مەشھۇر بولۇپ تارقىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ تارىخىي شەخس ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. شۇنىڭدەك ئۇ ئەمگەكچى خەلق ئىچىدىن چىققان ئادىي غەزەلخان بولۇپ، ئۆز ۋەتىنىنىڭ، خەلقىنىڭ مۇڭ - زارىنى كۈيلىگەن ۋەتەنپەرۋەر، مەشھۇر قىزىقچى سۈپىتىدە تونۇلدى. ئۇنىڭ ياشاپ ئۆتكەن دەۋرى، ئۆمۈر ھاياتى توغرىسىدا تارىخىي مەلۇماتلارنىڭ ئاز بولۇشىغا قارىماي، 1950 - يىلدىن كېيىن بۇ ھەقتە ئىزدىنىش ۋە ئۇنىڭ قىلىپ ئۆتكەن ئىشلىرى توغرىلىق خېلى مەلۇماتلار توپلاندى.

دەسلەپ سەلەي چاققاننىڭ تەرجىمەھالى ۋە لەتىپىلىرى ئۈستىدە 1958 - يىلى ئۈرۈمچىدە «شىنجاڭ رەسىملىك ژۇرنىلى» نىڭ 8 - سانىدا «سەلەي چاققان»، «سەلەي چاققان لەتىپىلىرى» دېگەن تونۇشتۇرۇشلار مەيدانغا چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن سەلەي چاققان ھەققىدە ئومۇمىي ۋە ئېنىق چۈشەنچە پەيدا بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھەققىي قىياپىتى تېخى مەلۇم ئەمەس ئىدى. ئۇيغۇر رەسساملىرى بىلەن تارىخچىلىرىنى مانا بۇ مەسىلە قىزىقتۇرۇشقا باشلىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىر تۈركۈم ئۇيغۇر رەسساملىرى ئالدىغا سەلەي چاققاننىڭ سۈرىتىنى ئىشلەپ چىقىش ۋەزىپىسى قويۇلدى. بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ سەنئەت فاكۇلتېتى ستۇدېنتلىرىغا تاپشۇرۇلدى.

1955 - يىلى سەلەي پورترېتى ئۈستىدە ئىشلەش ئۈچۈن ياش رەسسام غازى ئەمەت باشلىق بىر گۇرۇپپا رەسساملار سەلەي چاققان ياشاپ ئۆتكەن قەشقەر ۋىلايىتى توققۇزاق ناھىيىسىگە قاراشلىق ئوپال يېزىسىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ئەۋلادلىرىغا دائىر ماتېرىياللارنى، تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىنى، سەلەي چاققان قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش لازىم بولىدىغان ئارخىپ مەلۇماتلىرىنى يىغدى ۋە تەتقىق قىلىپ ئۆگەندى. كۆپ ئىزدىنىش نەتىجىسىدە غازى ئەمەت بىرقانچە سىناقلار ئۆتكۈزۈپ، سەلەي چاققان پورترېتىنى سىزىپ چىقتى. ئۇ سەلەي چاققان سۈرىتىنى ئىشلەپ بولۇپ شۇنداق دەيدۇ: «بۇ رەسىم قەشقەر كوناشەھەردىكى سەلەي چاققان نەۋرىلىرى (ئەۋلادى) غا قاراپ، قېرىلاردىن، تارىخچىلاردىن كۆپ سورۇشتە قىلىپ، شۇ ئاساستا ئىشلەپ چىقىلغان. 1956 - يىل. ئىيۇن» (غازى ئەمەتنىڭ ئۆز قولىيازمىسى).

سەلەي چاققان سۈرىتى سىزىلغاندىن كېيىن سەلەي چاققان ياشاپ ئۆتكەن يېزىدىكى ئۇنى كۆرگەن قېرى ئادەملەر: «بۇ سۈرەت سەلەينىڭ ئۆزىگە ئوخشاپتۇ» دەپ باھا بەرگەن. بۇ سۈرەتتىن باشقا تالانتلىق رەسسام غازى ئەمەت سەلەي ھاياتىغا بېغىشلاپ «مەن ھېچ نېمىدىن قورقمايمەن» دېگەن يەنە بىر رەسىم سىزىپ چىقتى. شۇنداق قىلىپ سەلەي چاققاننىڭ پورترېتى رەسمىي رەۋىشتە تونۇلدى.

ياش رەسسام غازى ئەمەتنىڭ بۇ ئىككى ئىجادىي ئەمگىكى «شىنجاڭ رەسىملىك ژۇرنىلى» نىڭ 1958 - يىلى 8 - سانىدا ئېلان قىلىندى. 1969 - يىلدىن بېرى بۇ سۈرەت ئابلىز غوپۇرنىڭ فوتوسى ئارقىلىق «كوممۇنىزم تۇغى» (ھازىرقى «ئۇيغۇر ئاۋازى»)، «يېڭى ھايات» گېزىتى ۋە باشقا ئورۇنلاردا تونۇشتۇرۇلماقتا.

تالانتلىق ياش رەسسامنىڭ سەلەي چاققان پورترېتىنى سىزىشتىكى بۇ چوڭ ئەمگىكى ئۇيغۇر سەنئەت تارىخى ۋە رەسساملىق ئىشىنى تەتقىق قىلىپ ئۆگىنىشتە قىممەتلىك مەلۇمات بېرىش بىلەن بىللە سەلەي چاققان تۇرمۇش ھاياتىنى مەيدانغا چىقىرىشتا ئاساسىي مەنبەلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

تۇرسۇن قاھارى

# مۆلچەر دەرياسى بويىدىكى قىياتاش رەسىملىرى

ئابدۇقەييۇم خوجا

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ تەتقىقاتچىسى)


چەرچەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا، ئالتۇنتاغلىرىنىڭ ئىچىدە دېڭىز يۈزىدىن 6784 مېتىر ئېگىز ئاقتاغ چوققىسى بار. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مۇزلۇقلاردىن مۆلچەر دەرياسى بىلەن قارامۇرەن (دەرياسى) ھاسىل بولغان. بىز تونۇشتۇرماقچى بولغان مۆلچەر دەرياسى بويىدىكى قىياتاش رەسىملىرى جايلاشقان ئورۇن بىلەن چەرچەن ناھىيىسىنىڭ ئارىلىقى ھازىرقى يول بويىچە ھېسابلىغاندا تەخمىنەن 210 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ.

مۆلچەر دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى (تاغ تۈۋىدىن ھېسابلىغاندا 20 ـ 80 مېتىرچە كېلىدىغان يانتۇ ئېگىزلىكتىكى) چوڭ ـ كىچىك قارامتۇل قىيا تاشلارغا ھەرخىل مەزمۇندىكى نەچچە مىڭ پارچە رەسىم ئويۇلغان. بۇ جاينىڭ خەرىتىدىكى جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ″33ـ″32′32°84، شىمالىي پاراللېل ″51ـ″50′4°37 بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2600 مېتىر كېلىدۇ. (1 ـ خەرىتە ۋە 1 ـ سۈرەتكە قاراڭ). نەچچە مىڭ يىلدىن بۇياقى جۇدۇن ـ چاپقۇن، كۆچلۈك كۈن نۇرىغا قاقلىنىش، قىيان سۇلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىقى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نۇرغۇنلىغان رەسىملەر (جۈملىدىن زەسىم مەيدانى) نىڭ ئەسلى شەكلى ئېغىر دەرىجىدە نابۇت بولغان بولسىمۇ، دالدا جايلارغا ئورۇنلاشقان قىياتاش ۋە قىيالاردا يەنىلا كۆپلىگەن رەسىملەر بۇزۇلماي خېلى ياخشى ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن، تاغ باغرىدىكى ھەيۋەتلىك بىر پارچە قىياتاشقا ئويۇلغان ھەرخىل قىياپەتتىكى ياۋايى ھايۋان، ئوۋچىلىق كۆرۈنۈشلىرى، ھەرخىل بەلگە ـ تامغا، شەكىل قاتارلىقلارنىڭ رەسىملىرى 100 دىن ئاشىدۇ (2 ـ، 3 ـ سۈرەتكە قاراڭ). ئۇنىڭدىن باشقا ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان 12×15 مېتىر چوڭلۇقتىكى بىر پارچە قورام تاش يۈزىگە ئەسلىدە نەچچە يۈز پارچە ھەرخىل مەزمۇندىكى رەسىم ئويۇلغان بولسىمۇ، ھازىر ئۇنىڭدا پەقەت بىرنەچچە تاغ تېكىسى قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ رەسىملا ئېنىق ساقلىنىپ قالغان. تاغ تۈۋىدىن يۇقىرىغا ئۆرلىگەندە، تاغ قاپتىلىدىكى چوڭ ـ كىچىك قىياتاشلارنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك خىلمۇخىل رەسىملەر ئويۇلغانلىقىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. قىياتاش رەسىملىرىنىڭ تارقالغان دائىرىسى تەخمىنەن 10 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىدۇ.

رەسىملەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قىياتاشلارنىڭ تەكشى يۈزىگە چېكىپ ئويۇلغان (چوڭلىرى 17×25 س. م، 15×19 س. م، كىچىكلىرى 9×12، 4×7 س. م) بولۇپ، ئۇلار ئادەتتە تاغ بەلدەمچىلىرىدىكى كۈنگە قاقلانغان پارقىراق، قارامتۇل تەبىئىي «تاش تام» لاردا، بەزىلىرى چوخچىيىپ تۇرغان يوغان قىياتاشلاردا ۋە بەزىلىرى تۈتاش دۇمبەلچە تاش يۈزىدە ئۇچرايدۇ. رەسىملەرنىڭ جايلاشقان ئورنى ئۆزگىچە، كۆلىمى چوڭ، سانى جىق ۋە زىچ، تېمىسى، مەزمۇنى قاتارلىقلار خىلمۇخىل بولۇش بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ ئويۇلۇش ئۇسلۇبلىرىمۇ ئوخشىمايدۇ. رەسىملەرنى ئويۇلۇش ئۇسۇلىغا قاراپ: قوپال ئويۇلغان (دەۋرى نىسبەتەن ئىلگىرى) ۋە سىلىق (سىپتا) ئويۇلغان (دەۋرى نىسبەتەن كېيىن) دەپ 2 خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ. قىياتاش ئويما رەسىملىرىدە، ئادەتتە، ئوبرازلارنىڭ سىماسى قاتتىق جىنىسلىق تاش ياكى مېتالدىن ياسالغان سايمانلار بىلەن قىياتاش يۈزىگە سىزىۋېلىنغاندىن كېيىن، سىزىق ئىزىنى بويلاپ ئويۇش، چېكىش، سۈركەش، سىلىقلاش ئارقىلىق پۈتتۈرۈلگەنلىكى ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئادەتتە دەسلەپكى دەۋرلەرگە خاس رەسىم ـ كۆرۈنۈشلەردە بەزى ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئوبرازى قوپال، ئاددىي، تۇرغۇن ھالەتتە تەسۋىرلەنگەن بولسا، بىرقەدەر كېيىنكى دەۋرلەرگە خاسلىرىدا باشقىچە ئۇسلۇبتا تەسۋىرلەنگەن، مەسىلەن،




ھايۋانلارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن ئۇسسۇشۇۋاتقان، ھۈركۈپ قېچىۋاتقان، سەكرەۋاتقان، بويۇن، بەللىرىنى تولغاپ ھەر يان قاراۋاتقان، مەلۇم تىۋىش ياكى بەلگىدىن خاۋاتىرلىنىپ ئۇنى ھوشيارلىق بىلەن كۆزىتىۋاتقان... قىياپەتلىرى جانلىق،



كۆركەم تەسۋىرلەنگەن. بىر پارچە يوغان قىياتاش بېتىگە ئويۇلغان بەزى كۆپ قاتلاملىق رەسىملەردە خىلمۇخىل ياۋايى هايۋان، ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق كۆرۈنۈشلىرى ۋە باشقا ئابستراكتلاشتۇرۇلغان ئوبرازلار ئارىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، دىققەت بىلەن ئىنچىكە كۆزەتمىسە قايسى خىللىرىنىڭ بۇرۇن، قايسى خىللىرىنىڭ كېيىنرەك ئويۇلغانلىقىنى ئايرىۋېلىش تەسكە چۈشىدۇ (1 - رەسىمگە قاراڭ).

مۆلچەر دەرياسى بويىدىن تېپىلغان قىياتاش رەسىملىرىنى مەزمۇنى، ئۇسلۇبى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە تۆۋەندىكى تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ:


## 1) ھەرخىل ياۋايى هايۋانات رەسىملىرى

بۇ خىل رەسىملەر — گۆشخور هايۋانلاردىن: بۆرە، يىلپىز، تۈلكە، ئىت قاتارلىقلارنى، ئوتخور هايۋانلاردىن: بۇغا - مارال، غۇلجا - ئارقار، تاغ تېكىسى، كۆكمەت (تورۇق تېكە)، بۆكەن، يورغا، ياۋا قوتاز، كالا، جەرەن؛ ئۆي هايۋانلىرىدىن: ئات، تۆگە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (2 - ۋە 3 - رەسىمگە قاراڭ).


هايۋانات رەسىملىرى ئىچىدە ئوتخور هايۋانات رەسىملىرىنىڭ تۈرى، سانى كۆپ بولۇپ، مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ خىل رەسىملەردە ئومۇمەن مەيلى تەنها هايۋان ياكى هايۋانلار توپىدا بولسۇن، ھەممىسىدە هايۋانات دۇنياسى بىلەن تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئىچكى باغلىنىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئوتخور هايۋانات رەسىملىرى ئىچىدە ئاچا تۇياقلىق هايۋانلار بىلەن كاۋاك مۈڭگۈزلۈك هايۋانلار رەسىمى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ (4 - رەسىمگە قاراڭ).

قەدىمكى قىياتاش ئويما رەسىمچىلىك سەنئىتىنى ئىنسانلار ئۆزىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك ئەمەلىي تۇرمۇشى جەريانىدا ئىجاد قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرى، ئىستېتىك تۇيغۇسى تەبىئىي بىرلىشىپ كەتكەن. ئۆز زامانىسىدا ياشىغان سەنئەتكار

1. گۆشخور هايۋانلار



3 - ئوتخور هايۋانلار



2. ئوتخور هايۋانلار



1 - رەسىم

ئەجدادلىرىمىز ھايۋانلارنىڭ جىسمانىي خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ياشاش ئادەتلىرىنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، ئۇلارنى پەقەت قىيابەت، مەزمۇن ۋە قۇرۇلما جەھەتلەردىن ئاددىي ئىپادىلەش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، بەلكى مەقسەتلىك ھالدا مەلۇم ھايۋاننىڭ مەلۇم جىسمانىي خۇسۇسىيەتلىرىنى مۇبالىغىلەشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىپادىلەپ، كىشىلەرگە ئىستېتىك زوق بېغىشلىغان، شۇڭا بەزى ھايۋان رەسىملىرى قارىماققا ئاددىي ۋە تۇرغۇن ھالەتتە كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئىنچىكە كۆزەتسە، ئاشۇ تۇرغۇنلۇقنىڭ ئىچىدە قانداقتۇر بىرخىل جانلىقلىق بىلىنىدۇ. سەنئەتكارلار ھايۋانلارنىڭ جىسمانىي خۇسۇسىيەتلىرى، مەسىلەن، جىنسى، خۇي - پەيلى، ھەرخىل ھالەتتىكى سەزگۈر، شاش، چاققان، زىلۋا - نازۇك قىياپەتلىرىنى تەن، شەكىل ئۆزگىرىشلىرى ئارقىلىق ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۇرۇپ، جانلىق ئىپادىلىگەن. بۇغا رەسىملىرىدە ئۇلارنىڭ باراقسان، شاخچىلىغان چىرايلىق مۈڭگۈزلىرى بىلەن زىلۋا، نازۇك بەل - پۇتلىرى، غۇلجا - ئارقار، تاغ تېكىسى قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ ئۇزۇن، يۆگىمەچ مۈڭگۈزلىرى، كۈچلۈك ۋە قامەتلىك تۇرقى، ياۋا قوتاز ۋە ياۋا كالىلارنىڭ يوغان، كۈچلۈك بەدىنى بىلەن ئۆتكۈر مۈڭگۈزلىرى، تۆگىلەرنىڭ ئەگرى بوينى بىلەن ئۆركەش (لوكا) لىرى ۋە باشقا خۇسۇسىيەتلىرى ئالاھىدە گەۋدىلەندۇرۇلگەن. ھايۋانات رەسىملىرىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىمۇ ئوخشىمايدۇ، ئادەتتە ئەڭ چوڭلىرى $16 \times 30$ س.م، ئەڭ كىچىكلىرى $5 \times 8$ س.م كېلىدۇ (4 - رەسىمگە قاراڭ).

مۇلچەر دەرياسى بويىدىكى قىياتاشلارغا ئويۇلغان ھايۋانات رەسىملىرى سەنئەتكار ئەجدادلارنىڭ تاش ئويما رەسىمچىلىك سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن قىممەتلىك ماددىي پاكىت بولۇپلا قالماستىن، ئۇ يەنە ئالتۇنتاغ تىزمىلىرى ۋە تارىم ۋادىسىنىڭ قەدىمكى زامان بىئولوگىيىسى، جۇغراپىيىلىك مۇھىتى، تەبىئەت بىلەن ئىنسانىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتىمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئالتۇنتاغ رايونى (جۈملىدىن مۇلچەر دەريا ۋادىسى) دا ھازىرمۇ ياۋا تۆگە، ياۋا قوتاز، قۇلان، بۇغا - مارال، جەرەن، غۇلجا - ئارقار، ئىپار كېيىك، بۆكەن، قارا قۇيرۇق، تاغ تېكىسى، يورغا، ياۋا توڭگۇز، ئېيىق، تۈلكە، مولۇن، يىلپىز، بۆرە، سۇلەيسۇن، سۆسەر، ياۋا توشقان قاتارلىقلار؛ ياۋا قۇشلاردىن ياۋاغاز، ياۋا ئۆردەك، ئۇلار، كەكلىك، قىرغاۋۇل، ئاققۇ، ھاڭگىرت، تۇرنا، شۇڭقار، قارچىغا قاتارلىقلار؛ كان مەھسۇلاتلىرىدىن ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تاشپاختا، قاشتېشى، كۆمۈر، تۆمۈر، گەج، چىرىمتال، ھاك تېشى، ئاش تۇزى (ئاق ۋە كۆك رەڭدە)، ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن توغراق، يۇلغۇن، تېۋىلغا، جىغان، شىۋاق، يانتاق، سۆكسۆك، قومۇش، يىكەن، چۇچۇكبۇيا، تەسكەن، ياۋا كەندىر (لوپنۇر كەندىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قاتارلىقلارنىڭ بولۇشى بۇ زېمىندا قەدىمدىن تارتىپ ياشاپ كېلىۋاتقان ئىنسانلار بىلەن ھايۋانلارنى زۆرۈر ھاياتلىق شارائىتى بىلەن تەمىن ئەتكەن. قىياتاشلارغا ئويۇلغان ھايۋانات رەسىملىرىدە تەسۋىرلەنگەن بىرمۇنچە ياۋايى ھايۋانلار ھازىرمۇ ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدا① ياشايدۇ.

تېخىمۇ قىزىقارلىقى، 1985 - يىلى 9 - ئايدا چەرچەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 6 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان «زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقى» دا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان چېغىمىزدا كاربون 14 ($C_{14}$) ئانالىزى ئارقىلىق يىل دەۋرى بۇنىڭدىن $2960 \pm 115$ يىل ئىلگىرى دەپ بېكىتىلگەن قەدىمكى قەبرىلەردىن مۈڭگۈزلىرى يېتىلگەن قامەتلىك بۆكەنلەرنىڭ ئوبرازى قىزىل، كۆك، ئاق، قىزغۇچ، سېرىق رەڭلىك يۇڭ يىپلار بىلەن توقۇپ چىقىرىلغان يۇڭ توقۇلما تېپىلدى (3 - سۈرەتكە قاراڭ). ئۇنىڭدىن باشقا تۆگە، توڭگۇز، يولۋاس قاتارلىقلارنىڭ ئوبرازى ئۆرنەك قىلىپ سىزىپ چۈشۈرۈلگەن رەڭلىك يۇڭ توقۇلمىلارمۇ قېزىۋېلىندى (4 - سۈرەتكە قاراڭ).

ئەجدادلىرىمىزنىڭ توتېمى، ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقاد پائالىيەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان رەسىملەر قىياتاشلارنىڭ كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇرىدىغان يەرلىرىگە ئويۇلغان. مەسىلەن، تاغ باغرىدىكى بىرقانچە گەۋدىلىك ئورۇنغا جايلاشقان ئالاھىدە چوڭ قىياتاشقا ئەجدادلار ئۆزلىرى توتېم قىلىپ چوقۇنغان دەرەخ، بۇغا، ئارقار، تاغ تېكىسى قاتارلىقلارنىڭ رەسىمى ئويۇلغان بولۇپ، ھايۋانلارنىڭ تۇرقى قامەتلىك، مۈڭگۈزلىرى يېتىلگەن قىلىپ تەسۋىرلەنگەن (5 - سۈرەتكە قاراڭ). ئاشۇ خىل توتېم ۋە ئىپتىدائىي ئېتىقادقا ئائىت رەسىملەرنىڭ بىر - بىرىگە ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدىغان نۇسخىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرى ۋە ئېلىمىزدىكى چوغاي تاغلىرى، ئالتاي تاغلىرى، تەڭرى تاغلىرىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىدىن تېپىلغان قىياتاش رەسىملىرى ئىچىدىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ ئەھۋال بىزگە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى ئەڭ قەدىمكى مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ئۆزلىرىگە «كالا»، «بۇركۇت»، «ئەجدىھا»، «ئېيىق» قاتارلىق ھايۋانلارنى توتېم قىلغان بولسا، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىگە غۇلجا - ئارقار، تاغ تېكىسى، بۆرە، يولۋاس، بۇغرا، شۇڭقار قاتارلىقلارنى توتېم قىلغانلىقىنى، بۇ ئارقىلىق ئۆزۈۋقداشلىق ئىتتىپاقىنى مۇستەھكەملەشكە تىرىشچانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

توتېم قىلىنغان ھايۋان قاتارلىقلارنىڭ ھەرخىل ئوبرازلىرىنى قىياتاشلارنىڭ مۇھىم يەرلىرىگە ئويىدىغان بۇخىل ئەنئەنە كېيىنكى دەۋرلەردە تېخىمۇ كېڭىيىپ، بۇنداق ئوبرازلار ساپالدىن، ھەرخىل مېتال ۋە ياغاچلاردىن ياسالغان بۇيۇملاردىن تارتىپ

تاكى يۈك، يىپەك، پاختا، كەندىردىن توقۇلغان توقۇلمىلارغىمۇ گۈل نۇسخا ئۆرنىكى قىلىپ چۈشۈرۈلىدىغان بولغان، شۇڭا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرى، جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كۆپلىگەن قەدىمكى قەبرە ۋە ئىزلاردىن قېزىۋېلىنغان خىلمۇخىل يادىكارلىقلاردا ھايۋانات، ئۇچار قاناتلار ئۆرنەك قىلىنغان نۇسخىلارنى كۆپلەپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ياشىغان سەنئەتكارلارغا ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇلارنىڭ خۇي - پەيلى بەش قولدەك ئايان بولغاچقا،• ئۇلار ھايۋانات ئوبرازلىرىنى باشقىلار قايىل بولغۇدەك ھالدا قىيا تاشلارغا چېكىپ، ئويۇپ، بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن.

## 2) ھەرخىل قىياپەتتىكى ئادەم رەسىملىرى


دەسلەپكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ ئادەم رەسىملىرى ئاددىي ئويۇلغان بولۇپ، پۇت - قولىنى كېرىپ تۇرغان، سەكرەۋاتقان، پۇتى بىلەن مەلۇم نەرسىنى تېپىۋاتقان قىياپەتتە تەسۋىرلەنگەن. بۇ رەسىم نۇسخىلىرىدا ھېچقانداق خاسلىق خۇسۇسىيەت يوق. بۇ خىل ئاددىي تەسۋىرلەنگەن ئادەم ئوبرازلىرى ئىپادىلەش كۈچىگە باي، ئەينەن دېگۈدەك تەسۋىرلەنگەن غۇلجا - ئارقار، بۇغا - مارال، ياۋا قوتاز، بۆكەن قاتارلىقلارنىڭ ئوبرازى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ، بىزگە مۆلچەر دەرياسى بويىدىكى قىياتاشلارغا چېكىپ، ئويۇلغان رەسىملەردە ھايۋانات ئوبرازىنىڭ يەنىلا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. رەسىملەر ئىچىدە يەنە ئۇسسۇل ئويناۋاتقان قىياپەتتىكى، نىقاپلانغان، قۇيرۇقلۇق ئادەملەرنىڭ بېشىغا مۆڭگۈزگە ئوخشاش نەرسىلەرنى تاقاپ، قولنى قولغا تۇتۇشۇپ، ياۋايى ھايۋانغا ئاستا يېقىنلىشىپ ئۇنى تۇتقانلىقى تەسۋىرلەنگەنلىرىمۇ بار (5 - رەسىمگە قاراڭ)

## 3) ئوۋ مەيدانى ۋە ئوقيالىق ئوۋچىلارنىڭ كۆرۈنۈشلىرى

مۆلچەر دەرياسى بويىدىكى قىياتاش رەسىملىرى ئىچىدە ئوقيا بىلەن پىيادە، يالغۇز يۈرۈپ ئوۋ ئوۋلاۋاتقان كۆرۈنۈشلەر خېلى كۆپ. بۇ خىل ئوۋچىلىق رەسىملىرىدە ئوۋچىلارنىڭ بەدىنىنى تىك تۇتۇپ، ئىككى پۇتىنى كېرىپ، ئوقياسىنى تاغ تېكىسى، بۆكەن، ياۋا قوتاز قاتارلىق ئوۋ نىشانلىرىغا توغرىلاپ، پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئوق ئۈزۈشكە تەييار تۇرغان قىياپەتلىرى تەسۋىرلەنگەن. يەنە بىر پارچە رەسىمدە ئوقيالىق تەنھا ئوۋچىنىڭ بىرقانچە ئوۋ ئىتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ياۋا قوتازنى نىشانغا ئالغانلىقى، شۇنداقلا ئوق ئۈزۈشكە تەييار تۇرغانلىقى خېلى ئوبرازلىق تەسۋىرلەنگەن. ئابيومى 15 .1×40 .2 مېتىر كېلىدىغان قىياتاشقا ئوقيا تۇتقان ئاتلىق ئوۋچىنىڭ بىر بۇغىنى قوغلاۋاتقان كۆرۈنۈشى ئويۇلغان (6 - رەسىمگە قاراڭ).

ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ياشىغان كىشىلەر قاتتىق جىنسلىق تاشلاردىن تاش ئوق (باشاق)، ئېگىلىشچان ۋە چىداملىق ياغاچ نوتىلىرى يا (كېيىنچە مۆڭگۈز ۋە تارىمۇشلار ئىشلىتىلدى)، ھايۋانلارنىڭ تېرە - پەيلىرىدىن كىرىچنى ئىختىرا قىلىپ، دەسلەپكى ئوقيانى ياساپ چىققاندىن كېيىن، بۇ يېڭىلىق ئەجدادلارنىڭ ئوۋچىلىق ئىشلىرىغا نۇرغۇن قولايلىق يارىتىپ بەردى.


ئالتۇنتاغ تىزمىلىرى، ئالتاي تاغلىرى، تەڭرى تاغلىرىنىڭ جىلغىلىرىدىن تېپىلغان سانسىزلىغان قىياتاش رەسىملىرىدىن مەلۇمكى، يىراق قەدىم زامانلاردىن تارتىپ ھەرقايسى تاغ تىزمىلىرىنىڭ باغرىدىكى بوستانلىقلاردا ياشاپ كەلگەن ئەجدادلار، دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى قەدىمكى خەلقلەرگە ئوخشاش، دەسلەپكى ئىپتىدائىي ئوۋچىلىقتىن ئوۋچىلىق ئىگىلىكىگە ئۆتۈش،



4 - رەسىم




5 - رەسىم ھەرخىل قىياپەتتىكى ئادەم رەسىملىرى



6 - رەسىم ئوۋچىلىق رەسىملىرى

ئوۋچىلىق ئىگىلىكىدىن قەدەممۇ قەدەم ئىلگىرىلەپ ئوتخور ياۋايى هايۋانلارنى تۇتۇپ قولغا ئۆگىتىش، كۆندۈرۈش، بېقىپ كۆپەيتىش ۋە بۇ ئارقىلىق چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى تىكلەش باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتكەن.

مۆلچەر دەرياسى بويىدىكى قىياتاش رەسىملىرىدە تەسۋىرلەنگەن ئات، ئاتلىق ئوۋچى، ئاتلىق مالچى (چوپان) ۋە باشقا قىياپەتلەردىكى ئاتلىقلار ئوبرازى — ئەجدادلىرىمىزنىڭ ياۋايى ئاتلارنــــى ئوۋلاپ تۇتۇپ، قولغا كۆندۈرۈپ، ئۇنى ئەڭ ئېھتىياجلىق ئۇلاغ ئورنىدا ئىشلەتكەنلىكىنــــى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئاتچىلىق ۋە قۇلانچىلىق ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەجرى ئىچىدە ئەڭ ئەھمىيەتلىك تۆھپىلەرنىڭ بىرى دېسەك قىلچە مۇبالىغە ھېسابلانمايدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ پىكرىمىزنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلغان ئات ۋە ئاتچىلىققا ئائىت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن خەنزۇچە تارىخنامە، سالنامىلارغا پۈتۈلگەن قىممەتلىك بايانلار تېخىمۇ تولۇقلايدۇ، مەسىلەن، مۆلچەر دەريا بويىدىكى قىياتاش رەسىملىرى بىلەن بىر ناھىيە (چەرچەن) تەۋەسىگە جايلاشقان، مۇتلەق دەۋرى 115±2960 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە تەۋە زاغۇنلۇق قەدىمكــــى قەبرىستانلىقىدىكى 2: 85.QZM نومۇرلۇق بۇزۇلماي ئۆز پېتى ساقلىنىپ قالغان قەبرىنى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرگەن ۋاقتىمىزدا، قەبرە ئۆگزىسىدىكى تەكشىلىكتە پاقالنىڭ كاللىسى (مۆڭگۈزى بار)، كالا مۆڭگۈزىدىن ياسالغان جام (قەدەھ)، ئاتنىڭ كاللىسى، پاقالچىقى، قەبرە ئۆگزىسىگە يېپىلغان بورا تېگىدىن ئات، تاي ۋە قۇلان تېرىسى (چىرىماستىن ئۆز پېتى ساقلىنىپ قالغان) تېپىلدى (7 - رەسىمگە قاراڭ).




7 - رەسىم M2 نومۇرلۇق قەبرىنىڭ 3 - قاتلىمىغا بورا، 4 - قاتلىمىغا ئات، قۇلان، قوتاز تېرىلىرى يېپىلغان

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغانلاردىن تۆۋەندىكىچە خۇلاسە چىقىرىشىمىز مۇمكىن:

1) قوي ۋە ئات باشلىرىنىڭ قەبرە ئۆگزىسىدىكى تەكشىلىككە قويۇلغىنىغا قارىغاندا، ئۇ تــارىم ۋادىسىدا يــاشــىغان ئــەجــدادلارنىڭ دىن ئېتىقادى، ئۆرپ - ئادەتلىرىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بىرىنچى قول ماتېرىيال بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆلگەنلەرنىڭ روھىغا ئاتاپ قىلىنغان قۇربانلىق نەزىر - چىراغ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

2) ئات كاللىسى، ئات، قۇلان تېرىسى قاتارلىقلار تارىم ۋادىسى (چەرچەن دىيارى) دىن تۇنجى قېتىم تېپىلغان ئەۋرىشكىلەر بولۇپ، ئۇلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇنىڭدىن 3000 يىللار ئىلگىرىلا تارىم ۋادىسىنىڭ چەت - ياقىلىرىدىكى جايلاردىمۇ ئات، قۇلان قاتارلىق ئەتىۋارلىق ھايۋانلارنى ئىشلەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئومۇمەن، تەتقىقاتچىلار دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلغان ھايۋان سۆڭەكلىرى ۋە قىياتاش رەسىملىرىدە تەسۋىرلەنگەن ھەرخىل ھايۋان رەسىملىرىگە ئاساسەن، ئۇلارنىڭ كىشىلەر تەرىپىدىن كۆندۈرۈلۈپ ئۆي ھايۋانلىرىغا ئۆزگەرتىلگەن دەۋر - باسقۇچلىرىنى تۆۋەندىكىچە ھېسابلايدۇ:

«ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ كۆندۈرۈلۈش دائىرىسى داۋاملىق كېڭىيىپ بارغان. بۆرە ئۆزىنىڭچە قولغا كۆندۈرۈلۈش نەتىجىسىدە، تەخمىنەن ئوتتۇرا تاش قورال دەۋرىدە، ئالدى بىلەن ئائىلە ئىتىغا ئۆزگەرگەن؛ ئۆچكە ۋە قوي قاتارلىقلار تەخمىنەن يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا، كالا ئېھتىمال يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچىدا ئۆي ھايۋانلىرى قىلىپ كۆندۈرۈلگەن؛ ئات ۋە تــۆگــە قــاتــارلىقلارنىڭ ئۆي ھــايۋانلىرى قىلىپ كۆنــدۈرۈلگەنلىكى پەقەت 5000 يىللىق تارىخقا ئىگە ②».


مۆلچەر دەرياسى بويىدىكى قىياتاشلارغا ئويۇلغان ھەرخىل مەزمۇندىكى قىياتاش رەسىملىرى بىزگە تەبىئەت بىلەن ئىنسانىيەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى باغلىنىشلارنى، ئەجدادلارنىڭ تەبىئەت بىلەن ئېلىپ بارغان جاپالىق كۆرەشلىرىنىڭ نەتىجىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

تېخى يېزىق ئىجاد قىلىنمىغان ئاشۇ زامانلاردا، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆزلىرى ياشىغان جايلاردىكى تاغۇ - تاشلارغا ھەرخىل مەزمۇندىكى رەسىملەرنى چېكىپ، ئويۇشتىن ئىبارەت سەنئەت ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك «مەدەنىيەت تارىخى» نى يېزىپ چىقالىغانلىقى ھەقىقەتەن كارامەت ئىجادىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 4) قىياتاشلارغا ئويۇلغان ھەرخىل تامغا، بەلگە - نىشان، شەكىللەر

مۆلچەر دەرياسى بويىدىكى قىياتاش رەسىملىرى ئىچىدە ھەرخىل تامغا، بەلگە - نىشان، ئىرماش - چىرماش شەكىللەر خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ خىل تامغا، بەلگە، شەكىللەر ئادەتتە قىيا تاشلارغا زىچ قىلىپ ئويۇلغان ھەرخىل مەزمۇندىكى رەسىملەر

تويى بىلەن بىللە چېكىپ ئويۇلغان، بەزى تاشلارغا بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ھەرخىل تامغا، بەلگە، شەكىللەردىن ھاسىل قىلىنغان نۇسخىلار بىللە ئويۇلغان ئەھۋالمۇ ئۇچرايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇلچەم نۇسخىلىرىمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان ھەرخىل تامغا، بەلگە، شەكىللەر تۆۋەندىكىچە: (8 - رەسىمگە قاراڭ).



8 - رەسىم قىياتاشلارغا ئويۇلغان ھەرخىل تامغا، بەلگە - نىشان، شەكىللەر

تاغ باغرىدىكى ئايىوىي 24 .2×20 .2 مېتىر كېلىدىغان سىلىق قارامتۇل تاشنىڭ يۈزىگە ھەرخىل مۇرەككەپ گېئومېتىرىك شەكىللەر زىچ ئويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى شەكىل نۇسخىلىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى قەدىمكى قەبرە ۋە ئىزلاردىن قېزىۋېلىنغان رەڭلىك ساپاللارغا چۈشۈرۈلگەن گۈل، نۇسخا ئۆرنەكلىرىگە ئوخشايدۇ. ھەرخىل تامغا، بەلگىلەر ئىچىدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك - قىياتاش رەسىملىرى ئىچىدە ئالقاننىڭ ھەرخىل چوڭلۇقتىكى رەسىملىرى ناھايىتى كۆپ. بەزى رەسىملەر گۇرۇپپىسىدا 5 - 6، بەزىلىرىدە 10 نەچچە ئالقان رەسىمى ئويۇلغان. ئالقان رەسىملىرىنى قىياتاشلارغا ئويۇپ - چېكىش ناھايىتى قەدىم زامانلاردىن تارتىپلا ئىپادىلىنىپ كېلىۋاتقان ئەڭ قەدىمكى شەكىل بولۇپ، ئۇ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلغان رەسىملەر ئىچىدە، مەسىلەن، فرانسىيە، ئىسپانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن تېپىلغان كونا تاش قورال دەۋرىگە ئائىت تاش ئۆڭكۈرلەرگە سىزىلغان رەسىملەردە ۋە ئاۋستىرالىيە، ئامېرىكىدىن تېپىلغان قىياتاش رەسىملىرىدە ئۇچرايدۇ. ئۇ يەنە ئالتۇنتاغ، چۆلتاغ، قورۇم تاغلىرى، تەڭرى تاغلىرىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلغان قىياتاش رەسىملىرى ئىچىدە ۋە يۈننەن، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى چوغاي تاغ قىياتاش رەسىملىرىدە، جۇملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلغان قىياتاش رەسىملىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. ئالقان رەسىملىرىنىڭ قانداق مەنە بىلدۈرىدىغانلىقى توغرىلىق ھەرخىل پەرەزلەر بار. بەزىلەر ئۇنى «بىرخىل ئىشارەت تىلى» دېسە، بەزىلەر: «قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئۆز غەنىمەتلىرىنى قولغا كەلتۈرگەندە، شۇنى خاتىرىلىگەنلىكىنىڭ سىمۋولى» دەيدۇ. يەنە بەزىلەر: «جەڭ ۋە ئېلىشىشلاردىن كېيىنكى غەلىبە قازانغانلىقىنىڭ بەلگىسى. . . » ۋەھاكازا دەيدۇ.

ئومۇمەن، تەبىرلەر بىر - بىرىگە ئوخشىمىسىمۇ ئۇلاردا مەلۇم بىر ئاساسنىڭ بارلىقىدا گۇمان يوق. مەسىلەن، كىشىلەر قەدىمدىن تارتىپ ئۆزئارا پۈتۈشۈش، توختام، ۋەدىلەرنى ئالقاننى ئالقانغا ئۇرۇپ، قول سىقىشىش ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. تامغا بولمىغان شارائىتتا تىلخەت، ھۆججەت قاتارلىقلارنى ئۆزلىرىنىڭ بارمىقىنى سۈرۈقا تەگكۈزۈپ بېسىش ئارقىلىق پۈتتۈرگەن. شۇنىڭغا قارىغاندا، ئالقان (بارماق) ئىزلىرى كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ۋەدىلىرىنىڭ سىمۋولىنى، ئۆزئارا پۈتۈشكەن ئەھمىيەتلىك ئىشلارنىڭ نىشانىنى بىلدۈرىدىغانلىقىدا گۇمان بولمىسا كېرەك. ئالقان رەسىملىرى ئوخشىمىغان دەۋر، دۆلەت، قوۋم - قەبىلە ۋە مىللەتلەردە ئوخشىمىغان مەنىلەرنى بىلدۈرۈشى تەبىئىي، لېكىن ئۇلاردا بىرخىل چوڭقۇر ئىپتىدائىي ئېتىقادچىلىق بار، بۇ جەھەتتىن ئۇلار ئورتاقلىققا ئىگە.


ھەرخىل بەلگە، شەكىللەر ئىچىدىكى شاھمات تاختىسىدىكى كاتەكچىلەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان (رومبا شەكىللىكلىرىمۇ بار) قاتار 3 بۇرجەكلىك، تەتۈر 3 بۇرجەكلىك ئۆرنەكلەرنىڭ نېمىگە سىمۋول قىلىنغانلىقى توغرىلىق ھەرخىل پەرەزلەر بار. ئومۇمەن ئۇنىڭدا ئەجدادلارنىڭ ئۇلۇغ تاغلارغا، تاغ چوققىلىرىغا چوقۇنغانلىقى بىلىنىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى چوقۇنغان ئۇلۇغ تاغ تىزمىلىرىنى ئاشۇ خىل شەكىللەر ئارقىلىق تەسۋىرلىگەن.

قىزىقارلىقى، بۇ خىل تەسۋىرى سەنئەت ئۇسلۇبى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى قەدىمكى قەبرىلەر، قەدىمكى ئىزلاردىن قېزىۋېلىنغان خىلمۇخىل رەڭلىك ساپاللاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇنىڭدىن تەخمىنەن 3200 - 3400 يىللار ئىلگىرىكى زامانلاردا ياسالغان رەڭلىك ساپال قاچىلاردىكى ئەمەلىي تۇرمۇشنى مەنبە قىلغان بۇ خىل بەدىئىي ئىجادىيەت كىشىنى ھەقىقەتەن قايىل قىلىدۇ (9 - رەسىمگە قاراڭ). رەڭلىك ساپال قاچىلارنىڭ كۆپىنچىسى سېغىز لايغا قوم ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان قىزىل ۋە كۈلرەڭ ساپال بولۇپ، قولدا ئىشلەنگەن. ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قىزىل (گىل) رەڭ بېرىلگەندىن كېيىن قارارەڭدە گۈل - ئۆرنەكلەر سىزىلغان. ئۇلاردىكى ئۆرنەكلەر توغرا، تىك، قىيپاش، دولقۇنسىمان، ئەگمە سىزىقلار، ھەرخىل كاتەكچىلەر، خېلى مۇرەككەپ گېئومېتىرىك شەكىللەر، رومبا (بەزىلىرى قوش رومبا) شەكىللىك 3 بۇرجەك، تەتۈر 3 بۇرجەك ۋە توغرىسىغا چۈشۈرۈلگەن 3 بۇرجەك، كۆپ قاتارلىق (بەزىلىرى تۆت، بەزىلىرى توققۇز قاتار) 3 بۇرجەك قاتارلىق خىلمۇخىل نۇسخىلاردىن

تەركىب تاپقان. ئەجدادلىرىمىز ئەسلىدە قىياتاش ئويما رەسىمچىلىك سەنئىتىدە ئىجاد قىلغان ھەرخىل بەلگە، شەكىل ئۆرنەكلىرىنى رەڭلىك ساپالچىلىقتىمۇ قوللىنىپ، بۇ خىل بەلگە، شەكىللەر (ئۈچ بۇرجەك، تەتۈر ئۈچ بۇرجەك) نى ئەپچىللىك بىلەن رەڭلىك ساپال قاچىلارنىڭ يۇقىرى قىسمى (ئاغزى - گىرۋەكلىرى ئەتراپى) غا ئورۇنلاشتۇرۇپ، تاغ چوققىلىرىنىڭ تەسۋىرىنى ئىپادىلىگەن.

ئەجدادلارنىڭ رېئال تۇرمۇشىدىن ئېلىنىپ، بەدىئىي جەھەتتىن قايتا ئابستراكتلاشتۇرۇلۇپ ئىجاد قىلىنغان مول ۋە رەڭگارەڭ ساپالچىلىق سەنئىتى بىلەن دىيارىمىزدىكى ھەرقايسى تاغ تىزمىلىرى ئىچىدىن تېپىلغان نەچچە تۈمەن پارچە قىياتاش رەسىملىرى بىرلىشىپ، دىيارىمىزدىكى ئىپتىدائىي سەنئەتنىڭ نەمۇنىلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بەزى رەڭلىك ساپاللار تېپىلغان جايلار بىلەن قىياتاش رەسىملىرى جايلاشقان يەرلەرنىڭ ئارىلىقى شۇنچە يىراق بولسىمۇ، بىراق ئۇلاردىكى بەزى سەنئەت نەمۇنىلىرى مەيلى مەزمۇن ياكى شەكىل جەھەتتىن بولسۇن، بەكلا يېقىن بولۇپ، ئاساسەن (بەزىلىرى پۈتۈنلەي) ئوخشاپ كېتىدۇ. مەسىلەن، گۆچۈڭ ناھىيە تەۋەسىدىكى قەدىمكى ئىزدىن تېپىلغان رەڭلىك ساپاللارغا چۈشۈرۈلگەن قاتار 3 بۇرجەك (ئۈچ بۇلۇڭ) ئۆرنەكلەر، باي ناھىيىسى قىزىل يېزىسىغا تەۋە قەدىمكى قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان رەڭلىك ساپاللارغا چۈشۈرۈلگەن كۆپ قاتار (گۈللۈك) لىق 3 بۇلۇڭ ئۆرنەكلەر بىلەن مۆلچەر دەريا بويىدىكى قىياتاشلارغا چېكىلگەن 4 قاتار ۋە 9 قاتار 3 بۇلۇڭ ئۆرنەكلەر تامامەن ئوخشايدۇ (9 - رەسىمگە قاراڭ). بۇ ھەرگىز تەسادىپىي «ئوخشاپ قېلىش» بولماستىن، ئۇلار قانداقتۇر مەدەنىيەت ئورتاقلىقىنىڭ بارلىقى ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا بۇ خىل ئورتاقلىقلارنى چوڭقۇر، ئەتراپلىق ئىزدىنىپ تەتقىق قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

قىياتاشلارغا ئويۇلغان ھەرخىل رەسىملەرنىڭ ئۇسلۇبى، شەكلى ۋە باشقا سەنئەت ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن باشقا خىلدىكى سەنئەت نەمۇنىلىرىدىن رەڭلىك ساپاللار، تاش، ياغاچ، مېتال قاتارلىقلاردىن ياسالغان ھەيكەل - قورچاقلار، زىننەت بۇيۇملىرى، بىناكارلىق سەنئىتىگە دائىر رەڭگارەڭ نەقىش - بېزەكلەر، مىڭئۆي تام بېزەكلىرى، گىلەم، كىگىز، يۇڭ توقۇلما ۋە پاختا توقۇلما قاتارلىقلارغا چۈشۈرۈلگەن ھەرخىل ھايۋان، ئۇچار - قانات، گۈل - گىياھلارنىڭ نۇسخىلىرى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى زىچ تارىخىي، ئەنئەنىۋى باغلىنىشلارنىڭ بارلىقى ئىسپاتلانماقتا.



9 - رەسىم

مۆلچەر دەريا بويىدىكى قىياتاشلارغا يەنە 卐 (سىۋاستى - Svasti) رەسىمى چېكىلگەن بولۇپ، بۇ خىل بەلگە يەنە گوما ناھىيىسىدىكى «كىيىك توز» دە، لوپنۇر ناھىيىسىدىكى قۇرۇقتاغ (چۆلتاغ دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دا، ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ 100 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدىكى تاغ قاپتىلىدا، چوغاي تاغلىرىدىكى قىياتاش رەسىملىرى ئىچىدە، چىڭخەي ئۆلكىسىدىن تېپىلغان «ماچاڭ مەدەنىيىتى» (بۇندىن 6000 - 6400 يىل ئىلگىرىكى) گە تەۋە ساپال - قاچىلاردا شۇنداقلا ئالتاي رايونى (قازاقىستان تەۋەسىدىكى) دىن تېپىلغان بۇندىن 3000 يىل بۇرۇنقى ساپال قاچىلاردىمۇ ئۇچرايدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى، مۆلچەر دەرياسى بويىدىن تېپىلغان سىۋاستى رەسىملىرى ئىچىدە سىۋاستىنىڭ نۇر چېچىپ تۇرغان 卐 شەكلىمۇ تېپىلدى. بۇ خىلى باشقا جايلاردا تېخى ئۇچراپ باقمىدى.

سىۋاستى (卐 卍) نىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە ھەرخىل قاراشلار بولسىمۇ لېكىن چەت ئەل ۋە ئېلىمىز تەتقىقاتچىلىرى ئىچىدە ئۇنى ئارىيانلار ئېتىقادىغا باغلاپ چۈشەندۈرگۈچىلەر ئاساسىي ئېقىمنى تەشكىل قىلىدۇ③.

سىۋاستى 卐 بەلگىسى مىلادى Ⅱ ئەسىرلەرگە تەۋە نىيا خارابىسىدىن تېپىلغان ياغاچ چۆچەككە ئويۇپ چۈشۈرۈلگەندىن تاشقىرى، پىچان ناھىيىسىنىڭ لەمجىن غولىدىكى بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى رەسىملەر ئويۇلغان ناھايىتى زور تاشتىمۇ ئۇچرىدى. شۇڭا 卍 卐 بەلگىسىنىڭ تارقالغان جايلىرى، ئۇنىڭ دەسلەپتە قانداق ئىجاد قىلىنىپ، قايسى ئەسىرلەرگىچە داۋاملاشقانلىقى، جۈملىدىن 卐 بەلگىسىنى ئاساس قىلغان ئېتىقاد، مەدەنىيەتنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە (ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە) دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشىغان قەدىمكى خەلق، قوۋم - قەبىلە، مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخى بىلەن قانداق باغلىنىشلىقى بارلىقى توغرىسىدا تېخىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

«ئارىيانلار يېڭىدىن ئىگىلىگەن رايونلاردا يەنىلا ئۆزىگە خاس مەدەنىيەتلەرنى ياراتتى. ئۇلاردىكى ئېتىقاد ئاساسىدا ھىندىستاندا ھىندى دىنى، ئىران ئېگىزلىكىدە ئاتەشپەرەسلىك راۋاجلاندى. غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپاغا ھارۋىنى ئېلىپ باردى. كېيىنكى مەزگىللەردە سىۋاستى 卐 ئارىيانلاردىكى باشقا ئىلاھلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنىمۇ ئۆزىگە مۇجەسسەملەپ، ئارىيانلار (ئېسىلزادىلەر) نىڭ سىمۋولىغا ئايلاندى».

يۇقىرىدا بىز ئالەم نەشرىياتى 1982 - يىلى يېڭىدېھلىدا نەشر قىلغان «ئاسىيا ئېنسىكلوپېدىيىسى» 8 - توم، 789 - بەت ۋە ماكمىللان نەشرىياتى شىركىتى 1987 - يىلى نيۇ-يوركتا نەشر قىلغان «دىن ئېنسىكلوپېدىيىسى» (دىن قامۇسى) 4 - توم، 157 - بەتلەردىن ئېلىنغان نەقىللەر بىلەن تونۇشۇپ چىقتۇق. ئەنە شۇ نوپۇزلۇق، مەشھۇر قامۇسلاردا ئارىيانلارنىڭ قەدىمكى زامان تارىخى، دىن ئېتىقادى ۋە باشقىلار توغرىسىدا شەرھىلەنگەن بايانلار ناھايىتى ئېنچام، ئىلمىيلىكى يۇقىرى بولسىمۇ لېكىن ئۇنى چېقىلىشقا بولمايدىغان «مۇتلەق ھەقىقەت» دەپ چۈشەنسەك بولمايدۇ. چۈنكى، دۇنيادا «ساپ تىل»، «ساپ ئىرق» ياكى «ساپ مىللەت» نىڭ بولمىغىنىدەك «ساپ مەدەنىيەت» نىڭمۇ يوقلۇقى ھەممىگە ئايان. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، نوپۇزلۇق ئەسەرلەر ۋە مەشھۇر تارىخشۇناسلارنىڭ ئەسەرلىرىدە بايان قىلىنغان ئارىيانلارنىڭ ئېتنىك تەركىبى، دىن ئېتىقادى، يارانقان شانلىق مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى ھۆكۈملەرگە بەزى سوئاللارنى قويۇشقا توغرا كېلىدۇ: يەنى ئارىيانلار مەركىزىي ئاسىيانىڭ قايسى جايلىرىدا كۆپرەك پائالىيەت ئېلىپ بارغان؟ ئۇلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە ئاسىيادا ياشىغان باشقا قەۋملەردىن قايسىلار سىڭگەن؟ ئۇلار يارانقان مەدەنىيەتلەر بىلەن باشقا مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدا قانداق تارىخىي باغلىنىشلار بار؟ ئارىيانلار تارىم (تەكلىماكان) ۋادىسىدىكى ياشىغان يەرلىرىنى بىراقلا تاشلاپ، ھەممىسى كۆچۈپ كەتكەنمۇ؟ ۋە باشقىلارنى دېيىشىمىز مۇمكىن. مېنىڭچە يۇقىرىدىكى مەسىلىلەر تارىخىي جەھەتتىن ئىسپاتلىنىشى بىلەن بىللە ئەڭ مۇھىمى ئارخېئولوگىيە جەھەتتىنمۇ ئىسپاتلىنىشى كېرەك.

مۆلچەر دەرياسى بويىدىكى قىياتاش رەسىملىرى ئىچىدە ○، ⊙، ⊕ بەلگىلىرى ئويۇلغان بولۇپ، بۇ ھەقتە ھەرخىل تەبىرلەر بار. بەزىلەر ⊕ بەلگىسىنى «ئالەمنىڭ سىمۋولى» دېسە، بەزىلەر «كىگىز ئۆينىڭ بەلگىسى» دەيدۇ. لېكىن بۇ خىل بەلگىنىڭ يەنە ○–○، ⊕_⊕، ⊕⊕ شەكىللىرىنىڭ چېكىپ ئويۇلغىنىغا قارىغاندا، ئۇ چوقۇم قەدىمكى ھارۋىنىڭ چاقىنى كۆرسىتىدۇ. دۆربىلجىن ناھىيىسى تەۋەسىدىن تېپىلغان قىياتاش رەسىملىرى ئىچىدە «⊕–⊕» بەلگىسىنىڭ ئۈستىگە بىر ئادەم چىقىپ، ئۆرە تۇرغان قىياپەتتە تەسۋىرلەنگەن. بۇ ئادەمنىڭ ھارۋىدا كېتىپ بارغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

مۆلچەر دەرياسى بويىدىكى قىياتاش رەسىملىرى ئىچىدە يەنە 7 □ 8 b g ℓ 3 ꟻ h 卐 قاتارلىق تامغا - بەلگىلەر ئويۇلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ بەزىلىرى شىمالىي ياۋروپادا قوللىنىلغان قەدىمكى رونىك يېزىقىغا ئوخشىسا، بەزىلىرى ئەرەم ۋە قەدىمكى تۈرك (ئورقۇن) يېزىقىدىكى ھەرپ شەكىللىرىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ خىل تامغا - بەلگىلەردىن بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان خىللىرى 1980 - يىلى خوتەن تەۋەسىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقىغا كۆمۈلگەن «ئاق سىپىل» خارابىسىدىن تېپىلغان كېسەكلەرگىمۇ ئويۇلغانلىقى ئېنىقلاندى. «ئاق سىپىل» خارابىسىدىكى كېسەكلەرگە ئويۇلغان بەزى تامغا - بەلگىلەر كارۇشتى ھەرپلىرىگە ئوخشىسا، يەنە بەزىلىرى براھمى يېزىقى ھەرپلىرىگىمۇ ئوخشايدۇ (كارۇشتى يېزىقى بىلەن براھمى يېزىقى شەكلى ھىندىستاننىڭ ماۋۇريا خانلىقى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 322 - 185 - يىللار) دەۋرىدە قوللىنىلغان.

قىياتاشلارغا ئويۇلغان ھەرخىل تامغا، بەلگە - نىشانلار ئىچىدە شەكلىگە قاراپ نېمىلىكىنى ئۇقۇقلى بولمايدىغان يەنە بىرمۇنچە ئىرماش - چىرماش بەلگىلەر بار بولۇپ، بۇ ھەقتە داۋاملىق ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

ئومۇمەن، مۆلچەر دەرياسى بويىدىكى قىياتاش رەسىملىرىدە تەبىئىي مەنزىرە ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنمىغان، ھايۋان ياكى ئادەم ئوبرازلىرىنى قىياتاش بېتىگە خالىغانچە ئورۇنلاشتۇرۇپ چېكىپ ئويۇش بىلەنلا چەكلەنگەن بولۇپ، رەسىملەرنىڭ ئەتراپىغا دائىرە سىزىقلىرىمۇ سىزىلمىغان. شۇڭا رەسىملەر گويا بوشلۇققا ئېسىپ قويۇلغاندەكلا كۆرۈنىدۇ. قىياتاش رەسىملىرىنىڭ سەنئەت ئۇسلۇبى گەرچە ئۆزىنىڭ تېمىسىغا ئوخشاش بىرقەدەر تۇراقلىق بولغان بولسىمۇ، بىراق تاش قورال دەۋرىدىن تارتىپ مېتالچىلىق دەۋرىگىچە بولغان ئۇزۇن بىرمەزگىلگىچە ئۇنىڭدىمۇ ئۆزگىرىشلەر بولۇپ تۇردى. ئوتتۇرا تاش قورال دەۋرىدىن كېيىنكى قىياتاش رەسىملىرىدە يەككە ئوبرازلارنى ئىپادىلەش ئاساسەن ئەمەلدىن قېلىپ، كۆپ ئوبرازلىق مۇكەممەل ئومۇمىي كۆرۈنۈشلەرنى ئىپادىلەش ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتتى.

مۆلچەر دەرياسى بويىدىكى قىياتاش رەسىملىرى يەنە تەڭرى تاغلىرىنىڭ شەرقى، شىمالى ۋە غەربى ئېتەكلىرى، ئالتاي تاغلىرى، قاراقۇرۇم، قۇرۇم تاغلىرى، ئالتۇنتاغ ۋە چۆلتاغ قاتارلىق تاغ تىزمىلىرىنىڭ تارماق - تاراملىرىدىكى تاغۇ - تاشلارغا ئويۇلغان مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن قىياتاش رەسىملىرى بىلەن قوشۇلۇپ، دىيارىمىزنىڭ ئاجايىپ مول، رەڭگارەڭ ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدىكى ئالاھىدە بىر تارماقنى تەشكىل قىلىدۇ.

مۆلچەر دەرياسى بويىدىن تېپىلغان قىياتاش ئويما رەسىمچىلىك سەنئىتى يادىكارلىقلىرى — قەدىمدىن ئالتۇن تاغ ئېتەكلىرى (جۇملىدىن تارىم ۋادىسى) دە ياشاپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ۋە تەبىئەت بىلەن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى نەتىجىسىدە يارانقان سەنئەت بايلىقى، ئۇلار يارانقان ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم نامايەندىسى ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلغان رەڭگارەڭ قىياتاش ئويما رەسىمچىلىك سەنئىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھازىرغىچە تېپىلغان ۋە تېپىلىۋاتقان ھەرخىل مەزمۇندىكى قىياتاش رەسىملىرى بىلەن ئارخېئولوگىيىلىك

قېزىلمىلار، تارىخىي خاتىرىلەر — ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان بۇ تۆھپىلىرىگە سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى، جۈملىدىن ئۇلار ياراتقان قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ رولىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە تېخىمۇ بولمايدىغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە. بۇ خىل قىياتاش رەسىملىرى يەنە سىبىرىيە دالاسى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان، ئەزەربەيجان، قىرغىزىستان ۋە دۆلىتىمىزدىكى ئوردوس دالاسى، چوغاي تاغلىرى قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان قىياتاش رەسىملىرى، قەدىمكى ئىز ۋە قەدىمكى قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان ئالتۇن، كۈمۈش، برونزىدىن ياسالغان ھەرخىل تۇرمۇش بۇيۇملىرى، قورال - سايمانلار، زىننەت بۇيۇملىرىغا چېكىلگەن خىلمۇخىل گۈل - نەقىش، ئۆرنەك - نۇسخىلارغىمۇ ئوسلۇبى، مەزمۇنى ۋە باشقا سەنئەت ئالاھىدىلىكلىرى جەھەتتىن ئوخشاپ كېتىدۇ.

ئومۇمەن، دۆلىتىمىزنىڭ شىمالىدىكى ھەرقايسى رايونلاردىن تېپىلغان مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن قىياتاش رەسىملىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدىكى قىياتاش رەسىملىرى ئوخشاشلا ياۋروپا، ئاسىيا ۋە ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ شىمالىي ئوتلاقلىرىدىكى قىياتاش رەسىملىرى بەلبېغىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇلار قەدىمدىن تارتىپ مۇشۇ پايانسىز رايونلاردا ياشىغان، ئورتاق مەدەنىيەت مەنبەسىگە ئىگە ئورال - ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەجدادلىرى كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا قالدۇرۇپ كەتكەن قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىز قىياتاش رەسىملىرىدىن ئىبارەت بۇ قىممەتلىك يادىكارلىقلارنى تەتقىق قىلغاندا، ئۇنى يېتىم ھالەتتىكى مەدەنىيەت ھادىسىسى دەپ قارىماسلىقىمىز، بەلكى ئۇنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلغان قىياتاش رەسىملىرى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك قەدىمكى ئىز، قەدىمكى قەبرە قاتارلىقلاردىن قېزىۋېلىنغان خىلمۇخىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشىمىز، ئۇنى يەنە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ تارىختىن ئىلگىرىكى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ چوڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ئورنىغا قويۇپ تېخىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا، بىز ئاندىن قىياتاش ئويما (سىزما) رەسىمچىلىك سەنئىتىنىڭ پەيدا بولۇشى، تەرەققىياتى، ۋە يوقىلىشى قاتارلىقلارنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى ماكرو جەھەتتىن ئىگىلەپ، ئۇنىڭ تېمىسى، سەنئەت ئۇسلۇبى، مەدەنىيەت تەۋەلىكى، ئىجادكارلىرى، دەۋرلەرگە بۆلۈنۈشى، ھەرخىل ئوبرازلارنىڭ خاس مەزمۇنلىرى ۋە باشقىلار ھەققىدە تېخىمۇ توغرا چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشىمىز مۇمكىن.

يۇقىرىدا بىز مۆلچەر دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا جايلاشقان دائىرىسى كەڭ، سانى جىق، ھەرخىل مەزمۇندىكى زىچ توپلاشقان قىياتاش رەسىملىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇق. مۆلچەر دەريا ئېقىنىنى بويلاپ تۆۋەنگە بىر كىلومېتىردەك ماڭغاندا، دەريانىڭ غەربىي قىرغىقىدىمۇ قىياتاشلارغا چېكىپ ئويۇلغان تاغ تېكىسى، تۆگە، بۇغا - مارال ۋە ئاز بىر قىسىم تامغا، بەلگىلەرگە ئوخشايدىغان شەكىللەر ئۇچرايدۇ. مۇشۇ رەسىملەر ئويۇلغان قىياتاشلارغا يانداش قورام تاشلىق تاغ باغرىدا 3.40×2.50 م كېلىدىغان بىر تەبىئىي غار (ئۆڭكۈر) بار. شەرقىي قىرغاقتا جايلاشقان، دائىرىسى كەڭ قىياتاش رەسىملىرى بار جايدىن شەرقىي جەنۇب تەرەپكە قاراپ تەخمىنەن 1.5 كىلومېتىر ماڭغاندا، پەلەمپەيسىمان تۆپىلىككە جايلاشقان قەدىمكى قەبرىستانلىق ئۇچرايدۇ. بىز ئۇ يەرنى تەكشۈرگىنىمىزدە بەزى قەبرىلەرنى قىيان سۈيى بۇزۇپ ئېچىۋەتكەنلىكىنى، بەزى قەبرىلەرنىڭ «بايلىق ئىزدىگۈچىلەر» تەرىپىدىن كولانغانلىقىنى كۆردۇق (قەبرىستانلىقنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 84°33′32″، شىمالىي پاراللېل 36°4′8″، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2570 م). قەبرىلەرنىڭ كۆلىمى 2×1×1.20 // 2.40×1×1.10 مېتىر بولۇپ، تۆت تېمى يۇمىلاق ساي تاشلىرىدىن قوپۇرۇلغاندىن كېيىن (1.20 م ئېگىزلىكتە)، قەبرىنىڭ ئۈستى چوڭ، ياپىلاق تەبىئىي تاش تاختىلار بىلەن يېپىلغان. قەبرىستانلىقتىن تەخمىنەن بىر كىلومېتىر يىراقلىق (دەريا ئېقىنىنىڭ يۇقىرى تەرىپى، غەربىي قىرغاق) قا جايلاشقان «سېغىز ئۆي» دېگەن يەردىكى پېشقەدەم ئۇيغۇر چارۋىچىلاردىن ئەھۋال ئىگىلىگىنىمىزدە ئۇلار بىزگە: بۇ قەبرىلەرنى بەزى كىشىلەر كولىغاندا ئۇنىڭدىن مىس (برونزا) بۇيۇملار تېپىلغانلىقىنى (باشقا يادىكارلىقلارمۇ بولۇشى تەبىئىي) ئېيتىپ بەردى.

ئومۇمىي قانۇنىيەت بويىچە قارىغاندا، بىر بىرىگە يېقىن يەرلەرنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ئومۇمەن يېقىن كېلىدۇ، ئوخشىشىپ كېتىدۇ. باشقىسىنى قويۇپ بىز 1985 ـ، 1989 ـ، 1990 ـ يىللاردا چەرچەن ناھىيىسى تەۋەسىنىڭ تاغلىق رايونلىرىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورۇنلىرىنى تەكشۈرگىنىمىزدە يۇقىرىدا بايان قىلغان «زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقى» دىن باشقا، چەرچەن ناھىيىسىدىكى كۆمۈركانىنىڭ غەربىي شىمالىدىن 800 مېتىر يىراقلىقتا، ئاتچان يېزىسىنىڭ شەرقىي 500 مېتىر يىراقلىقتا، قورامىلىق ساي يېزىسىنىڭ قورامىلىق ساي كەنتىدىن 300 مېتىر يىراقلىقتا، ئويىيايلاق يېزىسىنىڭ ئەتراپىدىكى ساي - جىلغىلاردا، چەرچەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى 90 كىلومېتىر يىراقلىققا جايلاشقان تاغلار ئارىسىدىكى جاڭگىلساي كەنتىنىڭ جاڭگىلساي جىلغىسىدىكى ئېگىز تۆپىلىكلەردىن تۆت تېمى ساي تاشلىرى بىلەن قوپۇرۇلغان (بەزىلىرى دائىرىگە ئېلىنغان) ئۈستىگە ياپىلاق تەبىئىي تاش تاختىلار يېپىلغان نۇرغۇنلىغان قەبرىلەرنى ئېنىقلىدۇق. دەسلەپكى كۆزىتىشلەرگە قارىغاندا، بۇ

قەبرىلەرنىڭ دەۋرى ئەڭ كېيىن ھېسابلىنىدىغان مىس (برونزا) قوراللار دەۋرى بىلەن تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ.

مۆلچەر دەرياسى بويىدىكى قىياتاش رەسىملىرى جايلاشقان بۇ تاغلىق رايون (ئالتۇن تاغلىرى تىزمىسىغا تەۋە) بىلەن يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان قەدىمكى قەبرىلەر جايلاشقان چەرچەن ناھىيىسىنىڭ ئاتچان، قورامىلىق ساي، ئويىيايلاق، جاڭگىلىساي قاتارلىق تاغلىق يېزا - كەنتلىرى قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇر چارۋىچىلىرى مال باقىدىغان يېزا - قىشلاقلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئالتۇنتاغ رايونىغا تەۋە، جۇغراپىيىلىك شارائىتى ئوخشىشىپ كېتىدىغان جايلار ھېسابلىنىدۇ.

قىياتاش رەسىملىرىنىڭ يىل دەۋرىنى تەبىئىي پەن ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئېنىقلايدىغان يېڭىچە ئۇسۇل تېخى مەيدانغا كەلمىدى، شۇڭا ھازىرغىچە يەنىلا ئارخېئولوگىيە ۋە سېلىشتۇرماشۇناسلىقنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسۇللىرى ئارقىلىق يىل دەۋرىنى بېكىتىش قوللىنىلماقتا.

مۆلچەر دەرياسى بويىدىن تېپىلغان ھەرخىل قىياتاش رەسىملىرى مەزمۇنىنىڭ موللىقى، دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، زىچلىقى، سانىنىڭ كۆپلۈكى، تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرى جەھەتتىن بۇ كەمگىچە ئالتۇنتاغ تىزمىلىرى ئىچىدىن تېپىلغان قىياتاش رەسىملىرى ئىچىدە ئەڭ زور بايقاش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا مۆلچەر دەرياسى بويىدىن تېپىلغان بۇ زور تۈركۈمدىكى قىياتاش رەسىملىرى بىلەن تارىم ۋادىسىنىڭ بەزى جايلىرىدىن تېپىلغان قەدىمكى مەدەنىيەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى، تارىخىي باغلىنىشى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

قىياتاش رەسىملىرىنىڭ يىل دەۋرىنى بېكىتىشتە مەزمۇنى، ئۇسلۇبى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرى ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان رەسىملەرنى چەت ئەللەردە بىر خىل، بىزدە يەنە بىرخىل بېكىتىدىغان، ھۆكۈم قىلىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. مەسىلەن، سابىق سوۋېت ئارخېئولوگلىرى ئەزەربەيجاننىڭ كابوستان دېگەن يېرىدىن 6000 پارچىدىن كۆپرەك قىياتاش رەسىملىرىنى تاپقان. رەسىملەر ئىچىدە قوتاز ئوۋلاۋاتقان كۆرۈنۈشلەر، ھەرخىل ھايۋانات ۋە ئادەم ئوبرازلىرى ناھايىتى ئوخشىشىپ ئويۇلغان ئىكەن. ئارخېئولوگلار بۇ سۈرەتلەرنى بۈندىن 10 مىڭ يىل ئىلگىرى ياشىغان ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ ئەسەرلىرى دەپ ھېسابلىغان.

ئىلىم - پەن ھازىرغىچە تېخى ئوتتۇرا ئاسىيا (جۇملىدىن ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسى) دا قەدىمدىن تارتىپ ياشاپ كېلىۋاتقان خەلقنىڭ مەنبەسى، مىللەت تەركىبى ۋە باشقا مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى مۇكەممەل، ئەتراپلىق شەرھلەشكە تولۇق ئاساس يارىتىپ بېرەلمىدى. شۇنداقتىمۇ «. . . ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقاتلارنىڭ نەتىجىلىرىگە قارىغاندا، يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا قەبىلىلىرى بىلەن ئەينى زاماندا ئورال ئەتراپى، سىبىرىيە، ھازىرقى شىنجاڭ، قارا دېڭىز ساھىلى، شۇنداقلا مېسوپوتامىيە، ئىران ۋە ھىندى ئوكيان بويلىرىدا ياشىغان قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدا مەدەنىيەت ھەم تارىخىي ئالاقىلەر مەۋجۇت بولغان».

«دەشت - قۇملۇقلاردىكى يايلاقلار ۋە بوستانلىقلاردىكى ئوتلاقلاردا مىلادىدىن بۇرۇنقى 1 - مىڭ يىللىقلاردا ئوخشاشمىغان ئىشلەپچىقىرىش شارائىتلىرىغا مۇناسىپ ھالدا كۆچمەن چارۋىچىلىق ۋە بوستانلىق بىلەن دەريا ئېقىنلىرى ئەتراپلىرىدا ماكانلاشقان دېھقانچىلىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىگىلىك شەكىللەنگەن. ئوتتۇرا ئاسىيادا يىراق قەدىمكى دەۋردىن باشلاپلا كۆچمەنچىلىك بىلەن ماكانلىشىش ئوتتۇرىسىدا ئومۇمىي باغلىنىش بولغان.

. . . بىرمۇنچە تارىخچىلار شەرقىي ئىران قەبىلىلىرى مىلادىدىن بۇرۇنقى 2 - مىڭ يىللىقلار بىلەن 1 - مىڭ يىللىقلار گىرەلىشىۋاتقاندا شەكىللەنگەن دەپ قارايدۇ.

بىز بىلىدىغان ئەڭ قەدىمكى شەرقىي ئىران قەبىلىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ پايانسىز يايلاقلىرىنى ئىگىلەپ ئولتۇراقلاشقان كۆچمەن چارۋىچى ساكلاردۇر.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 1 - مىڭ يىللىقلارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا شەرقىي ئىران قەبىلىلىرى ۋە مىللەتلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا تۆۋەندىكىچە جايلاشقان: مۇقىم ئولتۇراقلاشقان قەبىلىلەر ئاساسلىقى ئامۇ دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىغا، باكتېرىيىلىكلەر ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا، يەنى ھازىرقى شىمالىي ئافغانىستان، پامىر ۋە ئامۇ دەريا ساھىلىدىكى تاجىكىستان تاغلىق رايونلىرىغا جايلاشقان. سوغدىلار ئامۇ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمى، زەرەپشان دەرياسى ۋادىسى ۋە قاشقا دەريا ۋادىلىرىغا جايلاشقان. خارەزىملىقلار ئامۇ دەريا ئېغىزى ۋە ئارال دېڭىزى رايونلىرىغا جايلاشقان. ئۇلارنى بوستانلىقلاردا ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلار بىلەن بىر قاتاردا قويغاندا، ئۇلار ئىرق جەھەتتە بوستانلىقلاردىكى ئاھالىلار بىلەن يىلتىزى بىر بولغان ساك - ماساگىتلار بولۇپ، داۋاملىق كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ھايات كۆچۈرگەن.

بۇنىڭدىن كۆرۈپ ئالغىلى بولىدۇكى، ئىران مىللەتلىرى ۋە قەبىلىلىرى بۇرژۇئا تارىخشۇناسلىرىنىڭ ھېچقانداق ئاساسسىز ھۆكۈم قىلغىنىدەك، «ساپ ئىرق»، «قېنى ساپ بولغان ئارىيانلار»، چەتتىن كېلىپ غەلىبە قىلغۇچىلار ئەمەس. . . شەرقىي ئىران ئاھالىلىرى باشقا جايلاردىن ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈپ كەلگەن ئالىلقانداق كىشىلەر بولماستىن، بەلكى ئىپتىدائىي كوممۇنادىن باشلاپلا مۇشۇ جايلاردا ئولتۇراقلاشقان ئىرقلارنىڭ تەركىبلىرىنى ئۆزگە سىڭدۈرۈپ، ئۆز جايىدا بارلىققا كەلگەن كىشىلەردۇر.

شەرقىي ئىران قەبىلىلىرى كېيىنكى كۈنلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا شەكىللەنگەن بارلىق مىللەتلەرنىڭ تەركىبىگە سىڭگەن»④.

قىياتاش رەسىملىرىنىڭ ئىجاد قىلىنغان دەۋرى، تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى قاتارلىقلارنى ئانالىز قىلغاندا، ئۇنىڭغا ھۆكۈم چىقىرىشنىڭ ھەقىقەتەن مۇشكۈل مەسىلە ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا ھارماي ئىزدىنىشكە، ئېھتىياتچان بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئادەتتە قىياتاش رەسىملىرىنىڭ ئەسلى تېمىسى، بەدىئىي ئۇسلۇبى، جايلاشقان مۇھىتى قاتارلىقلارغا ئاساسەن ئانالىز قىلىنسا، يەنە بىر جەھەتتىن قىياتاش رەسىملىرىدىكى ھەرخىل ئۆرنەكلەر بىلەن قەدىمكى قەبرە ۋە قەدىمكى ئىزلاردىن قېزىۋېلىنغان بۇيۇملاردىكى ئۆرنەكلەر سېلىشتۇرۇلىدۇ.

تېخى يېزىق ئىجاد قىلىنمىغان ئەشۇ قەدىمكى زامانلاردا، ئەجدادلار ئىچىدىن چىققان سەنئەتكارلار ئۆزلىرى ياشىغان جايلاردىكى تاغ - تاشلارغا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئۈزۈلدۈرمەي ھەرخىل ئوبرازدىكى رەسىملەرنى چېكىپ - ئويۇپ، ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك «تارىخى»نى «يېزىپ» چىقالىغانلىقى ھەقىقەتەن كارامەت ئىجادىيەت ئىدى.

مەن مۆلچەر دەرياسى بويىدىكى قىياتاش رەسىملىرى چېكىپ ئويۇلغان تاغ - تاشلارنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىن ئون نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جۇغراپىيىلىك مۇھىتنى كەسىپداشلىرىم بىلەن 2 قېتىم تەپسىلىي تەكشۈرۈپ كۆزەتكەندىن كېيىن، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان چەرچەن ناھىيىسى تەۋەسىدىكى زاغۇنلۇق، ئويىيايلاق، ئاتچان، قورامىلىق ساي، جاڭگىلساي قاتارلىق جايلاردىن ئېنىقلانغان مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1 - مىڭ يىللىقلارغا تەۋە قەدىمكى قەبرىلەر، زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرىدىن قېزىۋېلىنغان بۇنىڭدىن 3000 يىل بۇرۇنقى دەۋرلەرگە خاس قىممەتلىك يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك يادىكارلىقلارغا سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلدىم. شۇلارغا ئاساسەن مۆلچەر دەرياسى بويىدىن تېپىلغان قىياتاش رەسىملىرىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىنى (بۇ دەۋرگە ئائىت رەسىملەر ئاددىي، قوپال چېكىلگەن بولۇپ، سانىمۇ ناھايىتى جىق، لېكىن نەچچە مىڭ يىللىق تەبىئىي بۇزغۇنچىلىق سەۋەبىدىن مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ ئىزنالىرى ئۆچۈپ پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان ھالغا كېلىپ قالغان) ئېنىق بېكىتكىلى بولمىسىمۇ، ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق ۋە ئۇنىڭغا ئۇلىشىپ كېلىدىغان دەۋرلەرگە خاس ھەرخىل مەزمۇنغا ئىگە قىياتاش رەسىملىرىنىڭ ئېنىق دەۋرىنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2000 يىلدىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1 - مىڭ يىللارنىڭ دەسلىپىگە يەنى برونزا قوراللار دەۋرىگە خاس ئەسەرلەر، دەپ مۇئەييەن يەكۈن چىقاردىم.

ئالتۇن تاغ رايونىدا ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە مۆلچەر دەرياسى بويىدىن ئېنىقلانغان كۆلىمى چوڭ، سانى جىق (زىچ)، مەزمۇنى ھەرخىل ئاشۇنداق قىياتاش رەسىملىرى قايتا ئۇچراپ باقمىدى. بۇ ھال مۆلچەر دەرياسى بويىدىكى قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ قىممىتىنى بىزگە تېخىمۇ چوڭقۇر نامايان قىلىپ بەردى. ئومۇمەن، ئىپتىدائىي تەپەككۇر ئالاھىدىلىكلىرىنى مەخسۇس تەتقىق قىلىدىغان پەيلاسوپلار، ئىپتىدائىي جەمئىيەت، ئىپتىدائىي دىن، ئىپتىدائىي گۈزەل سەنئەت، تاش ئويمىچىلىق، نەققاشچىلىق تارىخى، ئوتتۇرا ئاسىيا جۇملىدىن تارىم ۋادىسىنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى، قەدىمكى ئىرق، قوۋم، قەبىلە - مىللەتلەرنىڭ ماددىي مەدەنىيەت تارىخى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان تارىخچىلار، ئىنسانشۇناسلار، مىللەتشۇناسلار ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ساھەلەرنىڭ تەتقىقاتچىلىرى يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان قىياتاش رەسىملىرىدىن پايدىلىنىپ تېخىمۇ مۇھىم، قايىل قىلارلىق يەكۈنلەرنى چىقىرالايدۇ.

---

① ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى — دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئورۇن بولۇپ، كۆلىمى 45 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ يەردە بىر مۇنچىلىغان ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلار بىلەن قىممەتلىك ئۆسۈملۈكلەر بار.

② گەي شەنلىڭ: «چوغاي تاغلىرىدىكى قىياتاش رەسىملىرى» مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1988 - يىل نەشرى، خەنزۇچە 357 - بەت.

③ بۇ ھەقتە ساۋۇت ئابدۇخالىق، مەمەتيۇسۇپ تاھىرلارنىڭ «يۇرتىمىز قىياتاش رەسىملىرىدىكى سۋاستى (卐) ۋە ئۇنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ: «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» 1997 - يىللىق 2 - سان.

④ ب. گ. غاپۇروۋ: «تاجىكلار تارىخى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 - يىل نەشرى، 15 -، 16 -، 38 -، 39 -، 45 -، 50 - بەتلەر (غاپۇروۋ — سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى).

# 6 § . موڭغۇللارنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشىنىڭ جۇڭگودىكى مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

(بېشى 2 ـ ساندا)

موڭغۇللار ئالدى بىلەن غەربىي يۇرتنى بويسۇندۇرۇپ، ئاندىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى قوشۇۋالدى. غەربىي يۇرتلۇقلاردىن موڭغۇللارنىڭ ئاتلىرىنىڭ كەينىدىن ئەگەشكەنلەر، موڭغۇللارنىڭ ئىشىنى قىلغانلار ئاز ئەمەس. شۇڭا موڭغۇللار جۇڭگوغا ھۇجۇم قىلغاندا، ئۇلارنىڭ ئىچىدە غەربىي يۇرتنىڭ داڭلىق سەركەردىلىرىمۇ بار ئىدى؛ جۇڭگودا تۇرغان ئەسكەرلەر ئىچىدە غەربىي يۇرتنىڭ قوشۇنلىرىمۇ بار ئىدى؛ جۇڭگونىڭ سىياسىتىنى ئىلكىدە تۇتۇپ، جۇڭگو پۇقرالىرىنى ئىدارە قىلغانلار ئىچىدە غەربىي يۇرتلۇق ئەمەلدارلارمۇ بار ئىدى؛ ماللارنى يۆتكەپ، يوق ماللارنى توشۇپ سېتىپ، تاغ ـ دېڭىزلاردىن چىقىدىغان قىممەتلىك مەھسۇلاتلارنى توشۇپ، سۇ بىلەن قۇرۇقلۇقنىڭ چوڭ پايدىسىنى يالغۇز ئىگىلىۋالغانلار ئىچىدە غەربىي يۇرتلۇق سودىگەرلەرمۇ بار ئىدى. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە پۈتۈن مەملىكەتتىكى مىللەتلەر ئۈچ چوڭ سىنىپقا ئايرىلغان. موڭغۇللار ھۆكۈمران سىنىپ، خەنزۇلار (شىمالدىكى خەنزۇلار، قىتانلار، جۇرجىتلار، كورىيىلىكلەر، بوخەيلىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، جەنۇبلۇقلار (سۇڭ سۇلالىسىنىڭ قالدۇق پۇقرالىرى) باشقۇرۇلغۇچى سىنىپ ھېسابلىناتتى؛ غەربىي يۇرتلۇقلار ئۆز يۇرتىدا بويسۇندۇرۇلغۇچىلار دېيىلەتتى، لېكىن ھۆكۈمرانلارنىڭ پېشىنى تۇتقانلىقى تۈپەيلىدىن، جۇڭگوغا كىرىپ تۇرۇپ قالغانلار بولسا، تولۇق ھۆكۈمران بولۇپ قالاتتى. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا غەربىي يۇرتلۇقلار رەڭدار كۆزلۈكلەر دەپ ئاتالغان، لېكىن بۇ كىتابتا يەنىلا غەربىي يۇرتلۇقلار دەپ ئاتايمىز. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتلۇقلاردىن جۇڭگودا ئۇزۇن تۇرۇپ قالغانلىرىنىڭ كۆپى كېيىن خەنزۇلارغا سىڭىپ كەتتى.

**1. غەربىي يۇرتنىڭ داڭلىق سەركەردىلىرى موڭغۇللارغا ياردەم قىلىپ، جۇڭگونى ھۇجۇم بىلەن ئېلىشىپ بەردى** غەربىي يۇرتلۇق ھەربىي ئادەملەردىن موڭغۇللارغا ساداقەتمەن بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە قانلىق جەڭ قىلىپ، تارىخىي تەزكىرىلەردە خاتىرىلەنگەنلەرنىڭ سانىنى بىر ـ بىرلەپ كۆرسىتىپ ئۆتۈش تەس. ئېنىقراق بولسۇن ئۈچۈن، تۆۋەندە ئاددىي جەدۋەلدە تىزىپ كۆرسىتىپ ئۆتىمىز، لېكىن ئالدى بىلەن ئۈچ نەرسىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ: 1) بۇ جەدۋەلدە تىزىپ كۆرسىتىلگەن غەربىي يۇرتلۇقلار تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىدىكى يىپەك يولىنىڭ غەربىدىكى ئادەملەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ دائىرىسى «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دىكى تاڭغۇتلار (غەربىي شيالىقلار) بىلەن ئۇراسونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رەڭدار كۆزلۈكلەر دائىرىسىدىن تارراق. 2) ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى ھۇجۇم قىلىپ ئېلىش جىن خانلىقى، تاڭغۇت خانلىقى، سۇڭ سۇلالىسى، دالى خانلىقى قاتارلىقلارغا يۈرۈش قىلىش جەڭلىرىنى كۆرسىتىدۇ. 3) بۇ يەردە پەقەت بىر قەدەر داڭلىقلىرىلا كۆرسىتىپ ئۆتۈلدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلىي كۆرسىتىپ ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس.



## موڭغۇللارغا ياردەملىشىپ، جۇڭگونى ھۇجۇم بىلەن ئېلىشىپ بەرگەن غەربىي يۇرتلۇق داڭلىق سەركەردىلەر جەدۋىلى

| ئادەم ئىسمى | جەڭ ئىشلىرىدىن مىساللار |
|---|---|
| **ئۇيغۇرلار** | |
| 1) بارچۇق ئارت تېكىن | ئۇيغۇرلار ھۆكۈمدارى، دەسلەپتە چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلغان. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ خېشى (تاڭغۇت) غا قىلىنغان يۈرۈشكە قاتناشقان. |
| 2) مامىراق تېكىن (ئالدىنقى ئادەمنىڭ نەۋرىسى) | ئون مىڭ ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ، مۆڭكۆخانغا ئەگىشىپ، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ خېجۇ ئايمىقىنىڭ دىياۋ يۈشەن دېگەن جايى (ھازىرقى سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ خېتيەن ناھىيىسى) غا يۈرۈش قىلغاندا خىزمەت كۆرسەتكەن. |
| 3) داشى | دەسلەپتە ئۆز ھۆكۈمدارىنى چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلىشقا دەۋەت قىلغان. كېيىن قوشۇنغا كىرىپ، جىن خانلىقىغا قىلىنغان يۈرۈشكە قاتناشقان، جەڭدە قوشقان تۆھپىسى ئەڭ كۆپ. |
| 4) يولۇن تېمۈر | چىڭگىزخانغا ئەگىشىپ، خېنەننى تىنچلاندۇرۇشقا قاتناشقان. |
| 5) ئارىغ قايا | قۇبلايخان دەۋرىدە ئەمىر لەشكەر ئاجۇغا ئەگىشىپ، شياڭياڭغا ھۇجۇم قىلىشقا قاتناشقان، غەربىي رايون زەمبىرىكىنى ئىشلىتىپ، ئالدى بىلەن فەنچېڭ شەھىرىنى ئالغان. |
| 6) قۇت | قۇبلايخانغا ئەگىشىپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلغان، 70 كە كىرگەن بولسىمۇ، بىۋاسىتە جەڭگە كىرگەن. جەڭدە قوشقان تۆھپىسى ھەممىدىن كۆپ. |
| 7) بايجان (ئالدىنقى ئادەمنىڭ ئوغلى) | قۇبلايخان دەۋرىدە ئاجۇغا ئەگىشىپ شياڭياڭ، فەنچېڭ شەھەرلىرىنى ئېلىشقا قاتناشقان، جەڭدە تۆھپە قوشقان. |
| 8) شىجيەن قايا | چىڭگىزخان، ئوگدايخانلارغا ئەگىشىپ، جىن خانلىقى ۋە تاڭغۇت خانلىقىنى تىنچىتىشقا قاتنىشىپ تۆھپە قوشقان. |
| 9) ئېسەندىك (ئالدىنقى ئادەمنىڭ ئوغلى) | تۇبۇتلەر بىلەن يۈننەنگە قىلىنغان يۈرۈشكە قاتنىشىپ، دائىم ئاۋانگارت بولۇپ ماڭغان. سۇڭ سۇلالىسىگە يۈرۈش قىلىپ، ئېجۇ ئايمىقىغا بارغاندا ئالدى بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، سىرتقى شەھەرنى ئالغان. |
| 10) باشغۇ تۇتۇق ئايغۇچى | مۆڭكۆخان دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ۋە باشقىلاردىن تەركىب تاپقان ئەسكەرلەرنى باشلاپ، سىچۈەننى ئېلىشقا قاتناشقان. |
| 11) تولى شىگۈەن (ئالدىنقى ئادەمنىڭ ئوغلى) | يۈننەن بەدەۋىلىرىنى تىنچىتىشتا تۆھپە قوشقان. |
| 12) بادەن | قۇبلايخانغا ئەگىشىپ قاراجانلار (ۋۇمەنلەر، يۈننەندىكى قەبىلە) غا قىلىنغان يۈرۈشتە تۆھپە قوشقان. |

| | |
|---|---|
| 13) يوغرۇنچ قايا | مۆڭگۈخانغا ئەگىشىپ، دىياۋيۇشەنگە قىلىنغان يۈرۈشكە قاتناشقان، پەرمانغا بىنائەن ئىچىتتىقۇ دورىسى ياساپ ئەسكەرلەرنىڭ كېسىلىنى داۋالىغان. |
| 14) ساغىس | قۇبلايخانغا ئەگىشىپ، شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى لىغا قارشى جازا يۈرۈشىگە قاتنىشىپ تۆھپە ياراتقان. |
| **قارلۇقلار** | |
| 1) تېمەچ | چىڭگىزخان دەۋرىدە تاڭغۇتلارغا قىلىنغان يۈرۈشكە قاتناشقان. يەنە شاھزادە كوچۇخۇدۇغا ئەگىشىپ، خېنەننى تىنچلاندۇرۇشقا قاتناشقان، جەڭدە بىرقانچە قېتىم تۆھپە قوشقان. قۇبلايخان خۇنەنگە ھۇجۇم قىلغاندا، ئۇلانخاداغا ھىندىچىنى يېرىم ئارىلىدىن سۇڭ سۇلالىسىگە بېسىپ كىرىپ، ھەرقايسى قوشۇنلار بىلەن قوشۇلۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. تېمەچ 3000 ئاتلىق ئەسكەر بىلەن يۆجۇ ئايمىقىدا ئۇلانخادانى كۈتۈۋالغان. |
| 2) شادى | چىڭگىزخانغا ئەگىشىپ، جىن خانلىقىنى تىنچىتىشقا قاتناشقان، ئەسكەر بىلەن خېنەندە تۇرغان. |
| 3) شاچۈەن (ئالدىنقى ئادەمنىڭ ئوغلى) | قۇبلايخان دەۋرىدە شياڭياڭ، فەنچېڭ شەھەرلىرىگە قىلىنغان ھۇجۇمغا قاتنىشىپ تۆھپە قوشقان. چاڭجۇ ئايمىقىغا قىلىنغان ھۇجۇمغا قاتناشقان. دېڭىز ياقىسىدىكى ھەرقايسى شەھەرلەرگە بارغان. |
| 4) ساتارمىلى | چىڭگىزخانغا ئەگىشىپ، لىنجاۋغا قىلىنغان ھۇجۇمغا قاتناشقان. |
| 5) مىلى خوجا (ئالدىنقى ئادەمنىڭ ئوغلى) | مۆڭكۈخانغا ئەگىشىپ، سىچۈەنگە قىلىنغان ھۇجۇمغا قاتناشقان. |
| 6) ياغان تېكىن (ئالدىنقى ئادەمنىڭ ئوغلى) | قۇبلايخان دەۋرىدە غەربىي سىچۈەن، يۈننەندە تۆھپە كۆرسەتكەن. |
| 7) قاراسۇ | قۇبلايخان دەۋرىدە قوشۇن بىلەن بىرلىكتە شياڭياڭ، فەنچېڭ شەھەرلىرىگە قىلىنغان ھۇجۇمغا قاتناشقان. يەنە دېڭىز قوشۇنىنى باشلاپ، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ جياڭيىڭ، جاپۇ، جىنشەن، شاڭخەي، چۈڭمىڭ، جىنپۇ دېگەن جايلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى ئالغان. يەنە ۋېنجۇ ئايمىقى، فۇجۇ ئايمىقىغا ھۇجۇم قىلغان، جەنۇبتا ھىندىچىنى يېرىم ئارىلىغىچە، شىمالدا جاپۇغىچە بولغان دېڭىز ياقىلىرىنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان. گۇاڭجۇنى ھۇجۇم قىلىپ ئالغان، يەنە سۇڭ سۇلالىسى ۋەزىرى جاڭ شجيېنى دېڭىزدا جەڭدە يەڭگەن. |

| | |
|---|---|
| **قاڭلىلار** | |
| 1) ئەيماۋ باتۇر | چىڭگىزخان دەۋرىدە خېشى شەھىرىنى ھۇجۇم قىلىپ ئالغان، غەربىي قوۋۇقنى قايتۇرۇۋالغان، خېنەننى ئىشغال قىلغان. كېيىن يەنە قوشۇن بىلەن بىرلىكتە جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، چاڭجياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈپ خۇبېي ئۆلكىسىگە بارغان. |
| 2) ئاپاباياق | چىڭگىزخان دەۋرىدە قوشۇن بىلەن بىرلىكتە جەنۇبقا يۈرۈش قىلغان. |
| 3) يېسۇسۇر (ئالدىنقى ئادەمنىڭ ئوغلى) | چىڭگىزخان دەۋرىدە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، شياڭياڭ، فەنچېڭ شەھىرىگە قىلىنغان يۈرۈشكە قاتنىشىپ، جياڭنەننى تىنچىتىشتا تۆھپە قوشقان، خۇبېيدىن چوڭ سانغۇنى ئەمەلىگە ئۆستۈرۈلگەن. تۈمەن تۈتۈن ئەسكەرنى باشقۇرغان. |
| 4) يېلىلباي | چىڭگىزخان دەۋرىدە ھەربىي تۆھپىسى بولغاچقا بارگاھ نۆكەر بېشى بولغان. پەرمانغا بىنائەن جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، لوياڭ شەھىرىگە بارغان. |
| 5) تالىچ (ئالدىنقى ئادەمنىڭ ئوغلى) | قۇبلايخان دەۋرىدە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ شياڭياڭ، فەنچېڭ شەھەرلىرىگە قىلىنغان يۈرۈشكە قاتناشقان، لىنئەندە تۇرغان، فۇجيەننى ھۇجۇم قىلىپ ئالغان، ھىندىچىنى يېرىم ئارىلى قاتارلىق جايلارنى بويسۇندۇرغان. |
| 6) قايدۇ | مۆڭكۇخان دەۋرىدە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ دياۋيۈشەنگە قىلىنغان يۈرۈشكە قاتناشقان. |
| 7) گانرۇس (ئالدىنقى ئادەمنىڭ نەۋرىسى) | قۇبلايخان دەۋرىدە يۈننەندىكى بەدەۋلەرنى تىنجىتقان. |
| 8) يېسۇدار (ئالدىنقى ئادەمنىڭ ئوغلى) | قۇبلايخان دەۋرىدە قوشۇن بىلەن بىرلىكتە سۇڭ سۇلالىسىگە قارشى يۈرۈشكە قاتناشقان، فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ شىڭخۇا ناھىيىسىگە بارغان. گۇتيەن قاتارلىق جايلاردىكى پۇقرالاردىن 5000 تۈتۈننى ئەل قىلغان. |
| **مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار** | |
| 1) سېيىد شەمشىدىن | چىڭگىزخان غەربكە يۈرۈش قىلىپ قايتقان، مۆڭكۇخان سىچۈەنگە جازا يۈرۈشى قىلغان چاغدا، سېيىد شەمشىدىن تارتۇق - تەمىنات ئىشلىرىنى باشقۇرغان. |
| 2) ھۇسەيىن (ئالدىنقى ئادەمنىڭ ئوغلى) | يۈننەندە تۆھپە كۆرسەتكەن. |

| | |
|---|---|
| 3) جاپپار | چىڭگىزخان دەۋرىدە جىن خانلىقىغا ئەلچى بولۇپ بارغان. جىن خانلىقى جۇيۇڭگۇەننىڭ تەس ئۆتكەللىكىگە تايىنىپ پىسەنت قىلماي، تۆمۈر تاۋلاپ قوۋۇقنى مۇستەھكەملىگەن. 100 چاقىرىمدىن ئارتۇق جايغا تۆمۈر تىكەن ئورۇنلاشتۇرۇپ، خىللانغان قوشۇن بىلەن ساقلىغان. چىڭگىزخان جۇيۇڭگۇەنگە ھۇجۇم قىلغاندا جاپپار يېنىك قوراللانغان ئاتلىق قوشۇن بىلەن يول باشلاپ ماڭغان، قاراڭغۇ كېچىدە چەتتىكى يېقىن يوللار بىلەن ئەگىپ ئۆتۈپ قوۋۇق ئىچىگە كىرگەن، تاڭ مەھەلدە جەنۇبىي ئېغىزغا يېتىپ بارغان، جىن خانلىقى ئەسكەرلىرى ئالاقزادە بولۇپ قاچقان، شۇنىڭ بىلەن قوۋۇق ئېلىنغان. |
| 4) چىيېلى | مۆڭكۇخان دەۋرىدە سېيىد شەمشىدىنگە ھەمراھ بولۇپ سىچۈەن، شەنشىنى ئىدارە قىلغان. كېيىن يۈننەندە تۆھپە كۆرسەتكەن. |
| 5) مەھمۇت | قۇبلايخان دەۋرىدە ئۈنىڭغا ئەگىشىپ شياڭياڭغا قىلىنغان يۈرۈشتە تۆھپە كۆرسەتكەن. |
| 6) ھالاۋىدىن<br>7) ئىسمائىل | بۇ ئىككىسى زەمبىرەك ياساشقا ئۇستا ئىدى. قۇبلايخان دەۋرىدە شياڭياڭغا ھۇجۇم قىلغاندا ئۇلار ياسىغان زەمبىرەكتە 150 جىڭ ئېغىرلىقتىكى ئوق بىلەن شەھەرنى ئوققا تۇتقان، زەمبىرەك ئاۋازى يەر - جاھاننى تىترىتىۋەتكەن. ئوق تەگكەن جاي بۇزۇلماي قالمىغان. ئوق يەرگە يەتتە چى پاتقان. سۇڭ سۇلالىسىنىڭ جياڭنەندىكى ھەرقايسى شەھەرلىرىگە ھۇجۇم قىلغاندا، بۇ زەمبىرەكنىڭ پايدىسىنى كۆرگەن. ئۇيغۇر زەمبىرەكچى ھەربىي ئۇستىلىرى تۇمەن تۇتۇن مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ، ئىسمائىل تۇمەن تۇتۇن بېشى بولغان. ھالاۋىدىن مۇئاۋىن تۇمەن تۇتۇن بېشى بولغان (بۇ زەمبىرەكنىڭ جۇڭگوغا كىرىشىنىڭ باشلىنىشى ھېسابلىنىدۇ). |
| **قىپچاقلار** | |
| 1) بەندوسا | قىپچاقلاردىن 100 ئادەمنى باشلاپ، قۇبلايخانغا ئەگىشىپ دالىغا قىلىنغان يۈرۈشكە، سۇڭ سۇلالىسىگە قارشى جازا يۈرۈشىگە قاتناشقان، باتۇرلۇقى بىلەن داڭق چىقارغان. |
| 2) ئولجايتۇ | مۆڭكۇخان دەۋرىدە ئۈنىڭغا ئەگىشىپ، شياڭياڭ، فەنچېڭ شەھەرلىرىگە قىلىنغان ھۇجۇمغا قاتناشقان. يەنە دېڭىز ئەسكەرلىرىنى باشلاپ تەيجۇ ئايمىقىنى ئالغان، چاڭجۇ ئايمىقىنى ئىشغال قىلغان، لىنئەن شەھىرىگە كىرگەن، ياڭجۇ ئايمىقىغا كىرگەن. |

| | |
|---|---|
| 3) تۈسۈن | قۇبلايخان دەۋرىدە ۋەزىر بايانغا ئەگىشىپ، شەندۇڭ ئۆلكىسىدە جەڭدە تۆھپە قوشقان. |
| 4) سىدۇر (ئالدىنقى ئادەمنىڭ ئوغلى) | قۇبلايخان دەۋرىدە ئۈنىڭغا ئەگىشىپ، شياڭياڭ، فەنچېڭ شەھىرى، تاڭجۇ، دېڭجۇ، شىنچۇ، يۇجۇ، جۇنجۇ، شۇجۇ قاتارلىق ئايماقلارغا قىلىنغان ھۇجۇمغا قاتنىشىپ تۆھپە قوشقان. |

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن شەخسلەرنىڭ ھەممىسى داڭقى چىققان ئاتاقلىق ئادەملەر بولۇپ، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا ئۇلارنىڭ مەخسۇس تەرجىمىھالى ياكى قوشۇمچە مەلۇماتى ياكى باشقىلارنىڭ تەرجىمىھالىغا قوشۇپ بېرىلگەن قىسقىچە تەرجىمىھالى بار. بۇلاردىن تاشقىرى، يەنە غەربىي يۇرتلۇق ئەسكەرلەردىن موڭغۇللارغا ساداقەتمەنلىك بىلدۇرۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئات چاپتۇرغانلارنىڭ نەچچە مىڭ، نەچچە تۈمەن ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولمايدۇ.

## 2. غەربىي يۇرت ھەربىي قوشۇنىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى جايلاردا تۇرۇش ئەھۋالى

يۈەن سۇلالىسى ھەربىي تۈزۈمىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا ئىككى قىسىمغا بۆلۈشكە بولىدۇ: بۇلار ئىچكى قىسىمدىكى ھەرقايسى كەپتاۋۇللار (ئوردا مۇھاپىزەتچى) قوشۇنى، تاشقى قىسىمدىكى ھەرقايسى باسقاق قوشۇنىدىن ئىبارەت. كەپتاۋۇللار قوشۇنى يەنە كېشىگلەر ۋە ھەرقايسى كەپتاۋۇللار قىسمىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ، ئالدىنقىسى بىۋاسىتە خاقانغا قارىغان، كېيىنكىسى ھەرقايسى باسقاق قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە زوراغالىق مەھكىمىسىگە قارىغان. ھەرقايسى كەپتاۋۇللار قوشۇنىنىڭ ۋەزىپىسى خان قەلئەسى، پايتەخت، پايتەخت ئەتراپى رايونىنى قوغداش، ھەزىنە ۋە ئامبارلارنى ساقلاش، نەقلىيات ئىشلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش، تېرىقچىلىق قىلىش قاتارلىق مۇھىم ئىشلاردىن ئىبارەت. ھەرقايسى كەپتاۋۇل قوشۇنىنىڭ باشلىقى باش بۇيۇرغا (پانساد) بولغان قۇبلايخاندىن كېيىن، موڭغۇللاردىن تۈزۈلگەن كەپتاۋۇل قوشۇنى، خەنزۇلاردىن تۈزۈلگەن كەپتاۋۇل قوشۇنى قۇرۇلغان، يەنە غەربىي يۇرتلۇقلاردىن تۈزۈلگەن كەپتاۋۇل قوشۇنىمۇ قۇرۇلغان. غەربىي يۇرتلۇقلاردىن تۈزۈلگەن كەپتاۋۇللا قوشۇنىدا تۆۋەندىكىدەك كەپتاۋۇل قىسىملىرى بولغان:

1) ئوڭ قول ئاسۇلار كەپتاۋۇل قىسمى     مىنگودىن 640 يىل بۇرۇن (يۈەن سۇلالىسىنىڭ جىيۈەن 9 - يىلى) ئاسۇلار كەپتاۋۇل قىسمى قۇرۇلغان.

سول قول ئاسۇلار كەپتاۋۇل قىسمى     مىنگودىن 603 يىل بۇرۇن (يۈەن سۇلالىسىنىڭ جىدا 2 - يىلى) ئاسۇلار كەپتاۋۇل قىسمى ئوڭقول ۋە سولقول كەپتاۋۇل قىسمىغا ئۆزگەرتىلگەن.

2) ئوڭ قول قىپچاقلار كەپتاۋۇل قىسمى     مىنگودىن 626 يىل بۇرۇن (يۈەن سۇلالىسىنىڭ جىيۈەن 23 - يىلى) دەسلەپ قىپچاقلار كەپتاۋۇل قىسمى قۇرۇلغان.

سول قول قىپچاقلار كەپتاۋۇل قىسمى     مىنگودىن 590 يىل بۇرۇن (يۈەن سۇلالىسىنىڭ جىجى 2 - يىلى) قىپچاقلار كەپتاۋۇل قىسمى ئوڭ قول، سول قول ئىككى كەپتاۋۇل قىسمىغا ئۆزگەرتىلگەن.

3) غەربىي يۇرت خاس ياساۋۇللار قوشۇنى     مىنگودىن 617 يىل بۇرۇن (يۈەن سۇلالىسىنىڭ يۈەنجېن 1 - يىلى) دەسلەپ قۇرۇلغان (ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلار بىلەن پارسلاردىن تۈزۈلگەن).

4) لۇڭجېن كەپتاۋۇل قىسمى     مىنگودىن 601 يىل بۇرۇن (يۈەن سۇلالىسىنىڭ جىدا 4 - يىلى) قىپچاق، تاڭغۇت، گۇيچى، غەربىي يۇرت، ئوڭ قول، سول قول ئاسۇلارغا بۆلۈنگەن ھەرقايسى كەپتاۋۇل قوشۇنىنىڭ 3000 ئادىمى ھەمدە جەنۇبىي، شىمالىي ئېغىز ۋە تەيخې داۋىنىدىن ئىبارەت كونا ئۆتكەلدىكى خەنزۇ ئەسكەرلەردىن 693 ئادەم شەرق بىلەن غەربتىكى 43 جايدا تۇرغان. تۈمەن بېگى قاراۋۇلخانىسى قۇرۇلغان، لۇڭجېن تۈمەن بېگى مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ، بىر تۇتاش باشقۇرۇلغان.

5) قاڭلىلار كەپتاۋۇل قىسمى     مىنگودىن 602 يىل بۇرۇن (يۈەن سۇلالىسىنىڭ جىدا 3 - يىلى) قاڭلىلار كەپتاۋۇل قىسمىنى قۇرۇش بەلگىلەنگەن. بۇ قىسىمغا كىرمەكچى بولغانلارنىڭ ھەقىقىي قاڭلى ئىكەنلىكى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغاندىن كېيىنلا، بۇ قىسىمغا كىرەلىگەن.

6) رۇس خاس ياساۋۇل قوشۇنى     مىنگودىن 582 يىل بۇرۇن (يۈەن سۇلالىسىنىڭ جىشۈن تۇنجى يىلى) ساداقەت

بىلدۇرگەن خاس ياساۋۇللار قوشۇنى تۈمەن بېگى مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان، ئۇ رۇس ئەسكەر بېشى ۋە ئەسكەرلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك باشقۇرغان.

7) قارلۇق تۈمەن بېگى مەھكىمىسى    مىنگودىن 625 يىل بۇرۇن (يۈەن سۇلالىسىنىڭ جىيۈەن 24 - يىلى) قارلۇق ئەسكەرلىرىنى يىغىپ، تۈمەن بېگى مەھكىمىسى تەشكىل قىلىنغان. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ ئەسكەرلەر شياڭياڭغا يۆتكىلىپ بوزيەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغان. كېيىن ھىندىچىنى يېرىم ئارىلىنى بېقىندۇرغان. كېيىن نەنياڭدا مەھكىمە تەسىس قىلغان. ئاخىرىدا يۇقىرىغا مەلۇماتنامە يېزىپ، چوڭ تۇتۇق مەھكىمىسىگە قارىغان.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن 1)، 2)، 4)، 5)، 6)، 7) دىن ئىبارەت ئالتە خىل قوشۇننىڭ نامىغا قاراپلا ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئەسلى يۇرتىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ، پەقەت غەربىي يۇرت خاس ياساۋۇللار قوشۇنى ئەسكەرلىرىنىڭ قايسى قەبىلىدىن ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگىلى بولمايدۇ، ئەمما قۇبلايخان دەۋرىنى تەكشۈرۈپ قارىغاندا، خۇيخۇرلار (ئۇيغۇرلار) ۋە سىبىرىق ئۇيغۇرلار قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان قوشۇن شاڭجۇ، لەنتيەن قاتارلىق ئۆتكەللەردە تۇرغان، يەنە ئۆز ۋاقتىدا ھەرقايسى يول خۇيخۇي قوشۇنلىرى تىزىمغا ئېلىنغان. بۇنىڭدىن ئۇيغۇر قوشۇنى بىلەن خۇيخۇي قوشۇنىنىڭ ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتە تۇرغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا غەربىي يۇرت خاس ياساۋۇللار قوشۇنىنى ئۇيغۇرلار بىلەن خۇيخۇيلاردىن تەركىب تاپقان دېيىشكە بولىدۇ. يەنە «فۇجيەن ئۆلكىسى ئومۇمىي تەزكىرىسى. يۈەن سۇلالىسىنىڭ سىرتىدىكىلەر توغرىسىدا خاتىرىلەر» دە خاتىرىلىنىشىچە، توغان تېمۇر دەۋرىدە چۈەنجۇ ئايمىقىدا پارس باسقاق ئەسكەرلەر توپىلاڭ كۆتۈرگەن. بۇ ۋەقە مىنگودىن 555 يىل بۇرۇنقى ۋاقىتتىن 546 يىل بۇرۇنقى ۋاقىتقىچە بولغان ئارىلىقتا (يۈەن سۇلالىسىنىڭ جىجېڭ 17 - يىلىدىن 26 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا) يۈز بەرگەن. چۈەنجۇ ئايمىقى تۈمەن بېگى سەيپىدىن ئەمىر يېسباشى ئەسكەرلىرى (جاڭ شىڭلياڭ ئەپەندىنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلىشىچە بۇ سۆز ئىسپاھان دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىكەن. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا ئىسپاھان دەپ يېزىلغان. بۇ پارسلارنىڭ زېمىندۇر) نى باشلاپ، چۈەنجۇ ئايمىقىنى ئىگىلىگەن، شىڭخۇانى ئىشغال قىلغان، بۇ ئىككى مەھكىمە خەلقى يەر بىلەن يەكسان قىلىنغان، ھەتتا تىرىك جان قالمىغىلى تاس قالغان، كېيىن فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ سىياسەت مەسلىھەتچىسى چېن يۈدىڭ تەرىپىدىن باستۇرۇلۇپ تىنچىتىلغان. ئومۇمەن بۇلار يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتلۇقلار قوشۇنىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تۇرغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

## 3. غەربىي يۇرتلۇق ئەمەلدارلارنىڭ پايتەختىنىڭ ئىچى - سىرتىدا تۇرۇشى

چىڭگىزخاندىن باشلاپ، ئىختىساسلىق ئادەملەرنى تاللاپ ئىشلەتكەندە، ئىرقى، دۆلەت تەۋەلىكى سۈرۈشتە قىلىنمىغان، ئومۇمەن ئاقىل ھەم ساداقەتمەن بولۇشنى خالىغانلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلگە تەيىنلەنگەن. موڭغۇللار مەدەنىيەت جەھەتتە ئىنتايىن گۆدەك بولۇپ، سىياسىي جەھەتتىكى ئىختىساسلىق ئادەملەر ناھايىتى كەمچىل ئىدى. جۇڭگونىڭ زېمىنى كەڭ، ئاھالىسى كۆپ بولۇپ، سىياسىي ئىشلىرى مۇرەككەپ ئىدى، ئاز سانلىق موڭغۇللارغا زادىلا ئوخشىمايتتى. موڭغۇللارنىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقىنى پۈتۈنلەي ئۆز قولىغا ئېلىۋېلىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلار ھامان خەنزۇلار، بولۇپمۇ جەنۇبلۇقلاردىن گۇمانلىناتتى ۋە ۋەھىمە يەيتتى. ئۇلارنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى. يۈەن سۇلالىسى تۈزۈمى بويىچە، خەنزۇلاردىن ۋە جەنۇبلۇقلاردىن باش ئەمەلدار قىلىنغانلىرى يوق ئىدى، يەنى زېمىنلىك قۇللار ئارقىلىق كۆپچىلىك قۇللارنى باشقۇرۇش سىياسىتى يۈرگۈزۈلمىدى. ئىختىساسلىق ئادەملەرگە بولغان جىددىي ئېھتىياج شۇ تەرىقىدە بولسىمۇ خەنزۇلار بىلەن جەنۇبلۇقلارنى ئىشلىتىشكە جۈرئەت قىلماسلىق ئاشۇ تەرىقىدە بولدى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ يەردە تەييار تۇرغىنى غەربىي يۇرتلۇقلار بولدى، ئۇلار ئالدى بىلەن چاكارلىق ساداقەتمەنلىكىنى بىلدۈردى، ئاندىن يەنە ئات - ئېشەكتەك باش كۆتۈرمەي ئىش قىلدى، شۇڭا ئۇلارنى ياقتۇرۇپ ئىشلەتتى، ئەمەللەرنى بەردى. بۇ ئارقىلىق، بىرىنچىدىن قىلغان خىزمىتىگە مىننەتدارلىق بىلدۈردى. ئىككىنچىدىن خەنزۇلارنى تىزگىنلەپ تۇردى. شۇڭلاشقا غەربىي يۇرتلۇق قەۋملەردىن، مەسلەن، ئۇيغۇرلار، قارلۇقلار، قاڭلىلار، قاراقىتانلار، پارسلار، ئەرەبلەر، قىپچاقلار، ئىتالىيانلار قاتارلىقلاردىن جۇڭگوغا كېلىپ مۇلكىي - مەمۇرىي ئەمەلدار بولغانلارنىڭ سانى ھەددى ھېسابسىز كۆپ بولدى، تۆۋەندە مەرتىۋىسى يۇقىرى، تۆھپىسى كۆرۈنەرلىك بولغانلاردىن بىرنەچچىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز. جەڭدە تۆھپە كۆرسىتىپ يۇقىرى ئەمەلگە كۆتۈرۈلگەنلەر ئىچىدە ھەممىشە باغلىنىشلىق مۇناسىۋەت بار، شۇڭا تۆۋەندە كۆرسىتىلگەنلەر ئىچىدە ئۆز ۋاقتىدا جەڭلەردە خىزمەت كۆرسەتكەنلەر بار، موڭغۇللارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ قانىتى ئاستىغا كىرگەنلەر بار، يەنە باشقا تەبىقىلەردىن كېلىپ چىققانلارمۇ بار.

1) سېيىد شەمشىددىن، بۇخارالىق، چىڭگىزخان غەربكە يۈرۈش قىلغاندا ئۇنىڭ خىزمىتىگە كەلگەن، قۇبلايخان دەۋرىگىچە ئەمەلدار بولۇپ، دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى بولغان. ئۇزۇن ئۆتمەي يۈننەن ۋاقىتلىق ۋازارىتىنىڭ دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى بولغان. يۈننەندە 6 يىل تۇرۇپ، شۇ جايدا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ 5 ئوغلى بولۇپ، چوڭ ئوغلى نەسىرىددىن يۈننەن ۋاقىتلىق

ۋازارىتىنىڭ دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى بولغان، كېيىن شەنشى ۋاقىتلىق ۋازارىتىنىڭ دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى بولغان. 2 ـ ئوغلى ھەسەن گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى ئايغاقچىسىنىڭ باش ئەمىرلەشكىرى بولغان. 3 ـ ئوغلى خۇشەن يۈننەن ۋاقىتلىق ۋازارىتىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى، سىچۇەن، جېجياڭ ۋاقىتلىق ۋازارىتىنىڭ سول قول ۋەزىرى بولغان، جياڭشى ۋاقىتلىق ۋازارىتىنىڭ دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى بولغان. 4 ـ ئوغلى شەمسىددىن ئۇمولى جيەنچاڭ ئۆلكىسىنىڭ باش بۇغى بولغان. 5 ـ ئوغلى مەسئۇددىن يۈننەن ۋاقىتلىق ۋازارىتىنىڭ دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى بولغان. يەنە نەسرىددىننىڭ 12 ئوغلى بولۇپ، بۇلاردىن بايان دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى بولغان. ئۆمەر جياڭسۇ جېجياڭ ۋاقىتلىق ۋازارىتىنىڭ دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى بولغان. زەپەر جىڭخۇنىڭ ئايغاقچىسى بولغان. ھۇسەن يۈننەن ۋاقىتلىق ۋازارىتىنىڭ دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى بولغان. شادى يۈننەن ۋاقىتلىق ۋازارىتىنىڭ سول قول ۋەزىرى بولغان. ھارۇن داچاڭ قائىدە ـ مۇراسىم مەھكىمىسىنىڭ ئەمەلدارى بولغان. بايانسار دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى بولغان (شەمشىددىن ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن يۈننەندە ئەمەلدار بولغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، قەدىناسلىرى ۋە ئۇنىڭ پېشىنى تۇتقانلارمۇ ئاز ئەمەس. يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئادىتى بويىچە، مۇلكىي ـ مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئۇلار ئەمەلدار بولغان جاينىڭ نوپۇس تەۋەلىكىگە ئۆتكەنلەر ناھايىتى كۆپ بولغان. بۇ، يۈننەن ئۆلكىسىدە مۇسۇلمانلارنىڭ شۇنچە كۆپ بولۇشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ).

2) جاپپار سەييىلىق (پېرسىيىنىڭ شەرقىدە)، چىڭگىزخان جىن خانلىقىغا جازا يۈرۈشى قىلغاندا، جاپپار ئەسكەر باشلاپ جۈيۈڭگۇەنگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئالغان، جۈيۈڭگۇەننىڭ ئېلىنىشى ئوتتۇرا ئاستانە (ھازىرقى داشىڭ) نى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن، جىن خانلىقى ئادەملىرى جەنۇبتىكى بيەنجىڭ شەھىرىگە كەتكەن. چىڭگىزخان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ تاغ ـ دەريالىرىغا نەزەر تاشلىغان ھالدا، قايرىلىپ ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ، «مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىمدە جاپپارنىڭ تۆھپىسى ھەممىدىن كۆپ!» دېگەن. كېيىن ئۇ جاپپارغا خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالى بىلەن تۆمۈر قاپقىنىڭ جەنۇبىدىكى زېمىننىڭ دارۇغاچىلىقىنــــى بەرگەن. ئېيتىشلارچە، جاپپار 180 يىل ياشىغان.

3) ئابدۇراخمان، پېرسىيىلىك سودىگەر. ئوگدايخان دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ 22 مىڭ يامبۇلۇق بېجىنى 44 مىڭ يامبۇغا كۆتۈرە ئېلىشقا بۇيرۇلغاندا، بۇنىڭغا ماقۇل بولغان. يەنە ھەرقايسى يول (ئۆلكە) باجخانىلىرىنى باشقۇرغان (بۇنىڭدىن پېرسىيە سودىگەرلىرىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ زورلۇقىنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ). ئوگدايخان كېسەل بولۇپ قالغاندا، ئابدۇراخمان ھاراق سوۋغا قىلغان، ئوگدايخان ھاراقنى ئىچىپ ئۆلگەن. كۆيۈكخان تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئابدۇراخماننى ئۆلتۈرگەن.

4) ئەخمەت، سىر دەرياسى ياقىسىدىكى فېناكېتلىق، مال ـ مۈلۈكنى باشقۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، قۇبلايخاننىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن. ئۇ تۆمۈر تاۋلاشنى كەڭ يولغا قويغان، تۇز بېجىنى كۆپەيتكەن، بۇنىڭدا نەتىجىسى ناھايىتى كۆرۈنەرلىك بولغان. شۇڭا دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى قىلىپ تەيىنلەنگەن. ئۇ پۈتۈن پۇقرالارنىڭ قان ـ تەرىنى شۈلىۋالغان. ھەتتا دورا ماتېرىياللىرى بىلەن چاينى مەخسۇس سېتىشنى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان، ئۇ مال ـ مۈلۈك يىغىش بىلەنلا بولغان، ئەمما ئۇ جازالاش ۋە ھەيۋە كۆرسىتىشكە ئامراق، پارىخور ئىدى، شۇڭا جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىكلەر ئۇنىڭدىن قاتتىق زارلانغان. يىجۇ باش مىڭبېگى ۋاڭ جۇ تەرىپىدىن كالتەكلەپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئەخمەت ھوقۇق تۇتۇپ تۇرغان كۈنلەردە ھۈسەيىننى خانبالىق يولى ئاغلاقچىسى قوشۇمچە داشىڭ ئايمىقىنىڭ ئايماقدارى قىلغان. يەنە ئوغلى دۇجى بىر ئېيتىشلارچە، ۋاقىتلىق ۋازارەتنىڭ مۇئاۋىن ۋەزىرى، بىر ئېيتىشلارچە، شىغاۋۇل پىرقىسىنىڭ دىۋان بېگى بولغان. بىر ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى مۇھىم ئورۇنلارنى ئىگىلىگەن.

5) ليەن شىشيەن، ئۇيغۇر، دادىسى بۇيرۇق قايا ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمدارى بىلەن بىرلىكتە چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلغان، تۆھپىسى تۈپەيلىدىن خېببي ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى يوللارنىڭ تەپتىش بېگى بولغان. بۇ چاغدا ئوغلى شىشيەن تۇغۇلغان. ئۇ خۇشال بولغان ھالدا: «ئاڭلىشىمچە قەدىمكىلەر ئەمەل نامىنى فامىلە قىلغان ئىكەن، تەڭرى ‹ليەن› نى ئەۋلادلىرىمغا فامىلە قىلىپ ئاتا قىلدى!» دېگەن. شۇڭا ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ فامىلىسى «ليەن» بولغان. ئۇنىڭ ئون ئوغلى، 53 نەۋرىسى بولغان، ئەۋلادلىرىدىن چوڭ ئەمەل تۇتقانلار چىقىپ تۇرغان. ليەن شىشيەن دەستۇرلار ۋە تارىخ كىتابلىرىنى ئوقۇشقا ھېرىسمەن بولۇپ، قولىدىن كىتاب چۈشۈرمەيتتى. قۇبلايخان تېخى خان ئىنىسى سالاھىيىتى بىلەن يۈرگەن چاغلاردا، بىر كۈنى ئۇ ليەن شىشيەننى چاقىرتقان. بۇ چاغدا ئۇ «مېڭزى» نى ئوقۇۋاتقانىدى، ئۇ قۇبلايخاننىڭ چاقىرتقانلىقىنى ئاڭلاپ، دەرھال كىتابنى قوينىغا تىقىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كىرگەن، قۇبلايخان ئۇنىڭدىن مېڭزىنىڭ تەلىماتىنى سورىغان، ئۇ: مېڭزى تەلىماتى ئادەم تەبىئىتىنى ياخشى بولۇش، پايدا ئالدىدا ئىنساپنى تەكىتلەش، زالىملىق ئالدىدا رەھىمدىللىكنى تەكىتلەشتىن ئىبارەت دەپ جاۋاپ بەرگەن. قۇبلايخان ئۇنى ئالقىشلىغان ۋە ئۇنى ليەن مېڭزى دەپ قارىغان. قۇبلايخان تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن، ئەمىلىنى بىرقانچە قېتىم ئۆستۈرۈپ، ئاخىرىدا قارادىۋان ئوڭ قول ۋەزىرى قىلىپ تەيىنلىگەن. ليەن شىشيەن ۋەزىر

بولغاندىن كېيىن، نامى بار، ئىشتا يوقلار بىلەن ئەمەلىي ئىشلەۋاتقانلارنى ئېنىقلاپ، ئارتۇقچە ۋە يارامسىزلارنى شاللاپ چىقىرىۋەتكەن، تاسادىپەن ئامەت كېلىشنى ئويلايدىغانلارنى چەكلىگەن، پايدىنى كۆپەيتىپ، زىياننى تۈگەتكەن، ئىشى ھامان ئوڭۇشلۇق بولغان، ئەينى ۋاقىتتا ئۇنى ھەممە بىردەك باشقۇرۇشتا يارامىلىق دەپ ماختاشقان. قائىدە - تۈزۈم ۋە ئاسارە ئەتىقىلەرنى ناھايىتى ئىدىتلىق باشقۇرغان. بولۇپمۇ ئالاھىدە ئېيتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، لىيەن شىشيەن يۈەن سۇلالىسى سىياسىيسىغا ئىككى چوڭ تۆھپە قوشقان. ئۇنىڭ بىرى، ئەمەلدارلارنىڭ ۋەزىپە - بۇرچىنى ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى. يۈەن سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن باشلاپ، ئومۇمەن زېمىننى قوبۇل قىلغاندا دەسلەپ تەيىنلەنگەن ئەمەلدارلار ئومۇمىيۈزلۈك ئەۋلادمۇ ئەۋلاد شۇ ۋەزىپىدە بولغان. 60 يىل بولغاندا، ئەۋلادلىرى قول ئاستىدىكىلەرنى قۇل قاتارىدا كۆرىدىغان بولغان، شەھەر - قەلئە باشلىقلىرى تامامەن ئۇلارنىڭ چاكار - مالايلىرى بولغان. لىيەن شىشيەن قۇبلايخانغا بۇ ئەھۋالنى ئۇقتۇرۇپ، ئىمتىھان ئارقىلىق ئەمەلنى ئۆستۈرۈش - تۆۋەنلىتىشنى يولغا قويۇشنى ئېيتقان. شۇنىڭ بىلەن، يۆتكەش ۋە ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى مۇزاكىرە قىلىنغان ۋە يولغا قويۇلغان؛ يەنە بىرى، تەپتىش بېگى مەھكىمىسىنى، ھەرقايسى يول (ئۆلكە) جازا - تەكشۈرۈش جوجۇقىنى تەسىس قىلىش، بۇ چاغدا مالنى ئەخمەت باشقۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئۇ تەپتىش ۋە تەكشۈرۈش تۈزۈمىگە قارشى چىققان. لىيەن شىشيەن ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ، «تەپتىش بېگى مەھكىمىسى، جازا - تەكشۈرۈش جوجۇقى قۇرۇش قەدىمدىن كېلىۋاتقان تۈزۈم، بۇنىڭدا ئىچكى قىسىمدا مەككار ئەمەلدارلارنى پاش قىلغىلى بولىدۇ، تاشقى قىسىمدا غەيرىي ئەھۋاللارنى كۆزىتىپ بايقىغىلى، پۇقرالار بىلەن ئەھۋاللىشىپ دەرت - ئەھۋالنى بىلگىلى، دۆلەت سىياسىتىگە پايدا يەتكۈزگىلى بولىدۇ، دۆلەتتە بۇنىڭدىن چوڭ ئىش يوق. ئەگەر بۇنى بىكار قىلساق، يۇقىرى بىلەن تۆۋەن ئاچكۆزلۈك ۋە زالىملىققا پېتىپ قالىدۇ، قانداقمۇ بۇنداق قىلغىلى بولسۇن؟» دېگەن. مىنگودىن 637 يىل بۇرۇن (يۈەن سۇلالىسىنىڭ جىيۈەن 12 - يىلى) يۈەن سۇلالىسى ئەسكەرلىرى جياڭنىڭنى ئالغاندا، قۇبلايخان لىيەن شىشيەننى جىڭنەن ۋاقىتلىق ۋازارىتىنىڭ ۋازىرى قىلىپ تەيىنلىگەن، ئۇ ئەخلاقىي سىياسەت يۈرگۈزۈپ، پۇقرالار قەلبىنى ئۆزىگە مايىل قىلغان.

يۇقىرىدا پەقەت بىرنەچچىلا ئادەم ئەمەلىي مىسال سۈپىتىدە تونۇشتۇرۇلدى. مۇھىم ئەمەل تۇتۇپ يۇقىرى ئورۇندا بولغانلارنىڭ ھەممىسىنى بىر بىرلەپ كۆرسىتىپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا يېزىلغانلارنى تەپسىلىي ئوقۇساق، پايتەختتىكى قارادىۋان ئوڭ قول ۋەزىرى، سول قول ۋەزىرى، زوراغالىق مەھكىمىسى باشلىقى، تەپتىش بېگى مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىش بېگى، ھەرخىل ياساۋۇل قوشۇنىنىڭ باش بۇيۇرغىسى، سىرتقى جەھەتتە، ھەرقايسى ۋاقىتلىق ۋازارەتلەرنىڭ دىۋان ۋازارەت مۇئەككىلى، ئوڭ قول ۋەزىرى، سول قول ۋەزىرى، ھەرقايسى يول (ئۆلكە)، مەھكىمە، ئايماق، ناھىيىلەرنىڭ دارۇغاچىلىرى، ھەرقايسى تۈمەن بېگى مەھكىمىسىنىڭ دارۇغاچىلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ غەربىي يۇرتلۇقلار بىلەن موڭغۇللاردىن تەيىنلەنگەنلىكىنى كۆرىمىز. غەربىي يۇرتلۇقلاردىن ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدار بولغانلار ھەددى - ھېسابسىز كۆپ بولۇپ، بۇلارنى بىر - بىرلەپ كۆرسىتىپ ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس. «ئەمەللەر تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، پايتەخت ئىچى - سىرتىدىكى ھەرقايسى مۇھىم ئورگانلارنىڭ ھەممىسىدە خويخۇي ئامبىلى، خويخۇي دورغىسى، تىلماچ، كاتىپ قاتارلىق ئەمەللەر تەسىس قىلىنغان. غەربىي يۇرتلۇق ئەمەلدارلارنىڭ پايتەختنىڭ ئىچى، سىرتىدا تۇرۇش ئەھۋالى مانا شۇلاردىن ئىبارەت.

## 4. غەربىي يۇرتلۇق سودىگەرلەرنىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلەردە ئورۇنلىشىش ئەھۋالى

موڭغۇللار روناق تاپقاندىن كېيىن، شەرق بىلەن غەربنىڭ ئالاقىسى ناھايىتى قويۇقلىشىپ، ئالدىنقى دەۋرلەردىن ئۆتۈپ كەتتى، بۇنىڭ بۇنداق بولۇشىدا 2 چوڭ سەۋەب بار: 1) مىسلى كۆرۈلمىگەن چوڭ خانلىق قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇرۇنقى ئالاقىگە توسالغۇ بولۇپ تۇرغان سانسىز قەبىلە، ئۇششاق دۆلەتلەر پۈتۈنلەي زاۋال تاپتى، قاتناش - ئالاقە ۋە بېرىپ - كېلىش ئەركىنلەشتى. 2) ھەربىي ۋە سىياسىي مەقسەتلەر تۈپەيلىدىن، يېڭى يوللار ئېچىلدى (مەسىلەن، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى داڭلىقى ئىلى بىلەن چىڭ ئارىلىقىدىكى تاغ يولى، ھازىر بۇ يول كەڭشاي دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ يول چىڭگىزخان غەربكە يۈرۈش قىلغاندا ئېچىلغان بولۇپ، بۇ يولدا ئەسلى 48 كۆۋرۈك بولغان)، بېكەت - ئۆتەڭلەر قۇرۇلۇپ، قوغدىغۇچى ئەسكەرلەر تۇرغۇزۇلدى. شۇنىڭ بىلەن، يولۇچىلار ئۇچرايدىغان خەتەر ۋە جاپالار ئازايدى. بۇ 2 سەۋەب تۈپەيلىدىن شەرق بىلەن غەربنىڭ قاتناش ئالاقىسى ئۆزگىرىپ يېڭى قىياپەتكە كىردى. ئەينى ۋاقىتتا قاتناش - ئالاقە يولى سۇ يولى ۋە قۇرۇقلۇق يولىدىن ئىبارەت 2 خىلغا ئايرىلاتتى. سۇ يولى پېرسىيە، ھىندىستاننىڭ دېڭىز قىرغاقلىرىدىن باشلىنىپ، ھىندى ئوكيان، جۇڭگونىڭ جەنۇبىي دېڭىزىدىن ئۆتۈپ، چۈەنجۇ بىلەن خاڭجۇنىڭ ھەرقايسى پورتلىرىغا تۇتىشاتتى. قۇرۇقلۇق يولى ياۋروپا بىلەن ئاسىيادىن باشلىنىپ، 2 يولغا ئايرىلىپ شەرققە سوزۇلاتتى: بىرى، سىبىرىيىنىڭ جەنۇبى ئارقىلىق تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى يولدىن ئۆتۈپ قاراقورۇم ۋە يەنجىڭ شەھىرىگە تۇتىشاتتى؛ يەنە بىرى، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى يول ئارقىلىق گەنسۇ، شەنشى ئۆلكىسىدىن ئۆتۈپ، ئىچكى جايلارغا تۇتىشاتتى. ئەينى ۋاقىتتا چەت ئەل سودىگەرلىرى ئىچىدە خويخۇيلار (چۈشەندۈرۈشنى تۆۋەندىن كۆرۈڭ) نىڭ مەبلىغى ئەڭ كۆپ، كۈچى ئەڭ زور بولۇپ، ئۇلاردىن تارىخىي خاتىرىلەردە خاتىرىلەنگەنلىرى خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭگوغا كەلگەن غەربىي يۇرتلۇقلاردىن يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن ھەربىي ئادەملەر، سىياسىيونلار، سودىگەرلەردىن تاشقىرى، يەنە ئاسترونوملار، دىنىي ئۆلىمالار، مۇنەججىملەر، بىناكارلىق ئۇستىلىرى ھەممە

سەنئەتكارلار ۋە ھەرخىل ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ھەددى ھېسابى يوق ئىدى.

**5. غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ خەنزۇلىشىشى** غەربىي يۇرتلۇقلار جۇڭگوغا شۇنداق كەڭ تارقالغانكى («يۈەن سۇلالىسى تارىخى. سەمەرقەنت تەزكىرىسى» دە «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە خۇيخۇيلار ھەممە يەرگە تارقالغان» دېگەن سۆز بار) ئۇلار جەمئىيەتتە يۇقىرى ئورۇندا تۇرغان ھەمدە يەنە ئىقتىسادىي كۈچ جەھەتتە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغان، يەنى ھەرقايسى جايلاردا ئىگىلىك يارىتقان، ئەۋلادلىرى ئۆسۈپ كۆپەيگەن. جاۋيىنىڭ «يىگىرمە تۆت تارىخ، ھەققىدە خاتىرىلەر» دېگەن ئەسىرىدە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە «رەڭدار كۆزلۈكلەرنىڭ خالىغانچە ماكان تۇتۇشى» دېگەن ماۋزۇ بولۇپ، ئۇنىڭدا كۆپلىگەن ئادەملەر ئەمەلىي مىسال قىلىپ كۆرسىتىلگەن. ئەمەلىيەتتە بولسا، جاۋيى پەقەت بىرقانچە مىساللا كۆرسەتكەن، ئۇ ئەمەلىي سانىنىڭ يۈزدىن بىرىنىمۇ كۆرسىتەلمىگەن. يۈەن سۇلالىسى تۈزۈمى بويىچە سىرت ئۆلكىلەردە تۇرۇۋاتقان رەڭدار كۆزلۈكلەرنىڭ سىرتتا يۇرت ئىمتىھانى (ئۆلكە مەركىزىدە 3 يىلدا بىر قېتىم ئېلىنىدىغان يەرلىك ئىمتىھان) غا قاتنىشىشقا رۇخسەت قىلىنغانىدى.

غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ جۇڭگوغا كىرىپ ئولتۇراقلاشقانلىقىغا ئۇزۇن بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىملار خەنزۇلار بىلەن ئۆزئارا تويلاشقان، جۇڭخۇا مەدەنىيىتى بىلەن تەربىيىلەنگەن، جۇڭخۇا ئۆرپ - ئادىتىنى ئۆگەنگەن (چېن يۈەن ئەپەندى «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ خەنزۇلىشىشى ھەققىدە تەكشۈرۈش» دېگەن ئەسىرىدە ماتېرىياللاردىن كەڭ تۈردە مىسال كەلتۈرۈپ، بۇ ھەقتە تەپسىلىي ئېنىقلاش ئېلىپ بارغان، كىتابخانلار بۇ ئەسەرنى كۆرۈپ باقسا بولىدۇ). لېكىن كۆپ سانىدىكى چەت ئەللىكلەر بويسۇندۇرۇلغان جۇڭگولۇقلارغا ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ كەتمىگەن، يەنىلا ھەرقايسى مىللەت ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ساقلاپ قالغان. مىڭ تەيزۇ (جۇيۈەنجاڭ) مۇقەددەس دىيارنى قايتۇرۇۋالغاندا، جۇڭخۇا مىللەت مەسلىكى كۆچىيىپ ئەۋجىگە چىققان، بۇرۇن جۇڭگو تۇپرىقىدا ماكانلاشقان موڭغۇللار، غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ ھەممىسى مەجبۇرىي ئاسسىمىلاتسىيە قىلىنغان. «كۇندىلىك خاتىرىلەر» دە، «خۇاڭۋۇ تۇنجى يىلى (مىنگودىن 544 يىل بۇرۇن) پەرمان چىقىرىلىپ، چەت ئەلچە كىيىم، چەت ئەل تىلى، چەت ئەل فامىلىسى بىردەك چەكلەندى» دېيىلگەن. يەنە «‹مىڭ سۇلالىسى قانۇنى› غا چۈشەندۈرۈشلەر» دە، «ئومۇمەن موڭغۇل ۋە رەڭدار كۆزلۈكلەر جۇڭگولۇقلار بىلەن نىكاھلانماقچى بولسا، ئۆزئارا قىز بېرىپ، قىز ئېلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا 80 دەررە ئۇرۇلىدۇ، ئەر بىلەن ئايال ھۆكۈمەت مەھكىمىلىرىگە ئەكىلىپ قۇل قىلىنىدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى جۇڭگولۇقلاردىن خۇيخۇيلار، قىپچاقلار بىلەن توي قىلىشنى خالىمىغانلارنىڭ ئۆز تويى ئىچىدە ئۆزئارا قىز بېرىپ، قىز ئېلىشىغا بولىدۇ، بۇ چەكلەنمەيدۇ» دېيىلگەن. يەنە «مىڭ سۇلالىسى تارىخى. تەيزۇ (جۇيۈەنجاڭ) نەسەبنامىسى» دا، «خۇڭۋۇ تۇنجى يىلى شۇدا يۈەن سۇلالىسى پايتەختىگە كىرگەن. موڭغۇللار، رەڭدار كۆزلۈكلەردىن ئىقتىدارلىقلارنى تاللاپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ، دەپ پەرمان چىقارغان» دېيىلگەن. يۇقىرىقى 3 ئىشتىن تەيزۇ (جۇيۈەنجاڭ) نىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ھەرخىل مىللەتلەرگە قارىتا ئوخشىمىغان قانۇن - پەرمان چىقىرىپ، يېڭى مىللەت پەيدا قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى بىر قېلىپقا كەلتۈرگەنلىكى، ئارىلاشتۇرغانلىقى، مۇرەسسەلەشتۈرگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۈگۈنكى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكىدەك مۇرەككەپ بولمىغانلىقىنى تەيزۇ (جۇيۈەنجاڭ) نىڭ تۆھپىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئىسلام دىنىدىكىلەرنىڭ جۇڭگوغا كېلىشى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە باشلانغان بولۇپ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ئەڭ كۆپەيگەن. ئەينى زاماندا جۇڭگو تۇپرىقىغا كېلىپ ماكانلاشقان غەربىي يۇرتلۇقلار ئىچىدە نۇرغۇن ئىسلام دىنى مۇرتلىرى بار ئىدى. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا تىلغا ئېلىنغان خۇيخۇيلار، ئۇيغۇرلار، پارسلار، تۈركلەر، ئەرەبلەر، قاڭلىلار قاتارلىق بارلىق ئىسلام دىنى مۇرتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنە قارلۇقلارمۇ ئىسلام دىنى مۇرتلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئىسلام دىنىمۇ بار، بۇددا دىنىمۇ بار ئىدى. («موغۇللار ھەققىدە تارىخى خاتىرىلەر» دە خاتىرىلىنىشىچە) مۆڭكۆخان تەختكە ئولتۇرغان چاغدا (مۆڭكۆخان مىنگودىن 661 يىل بۇرۇن تەختتە ئولتۇرغان)، توساتتىن سالۇن تېكىن (ئۇيغۇرلار ھۆكۈمدارى) پۇقرالار ئىچىدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلارنى قىرىپ تاشلىماقچى بولۇۋېتىپتۇ، دېگەن سۆز تارقالغان. بۇ ئىشنى ئۇنىڭ خىزمەتكارى پاش قىلىپ يۇقىرىغا مەلۇم قىلغان، مۆڭكۆخان بۇيرۇق چۈشۈرۈپ سالۇن تېكىننى ئۆلتۈرگۈزۈپ، ئورنىغا ئۆگېيىنچ تېكىننى تىكلىگەن، ئىسلام دىنى مۇرتلىرى بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال بولغان. سالۇن تېكىن بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، شۇڭا بۇ سۇيىقەستنى پىلانلىغانىدى. بۇ ئىسلام دىنى مۇرتلىرى ئىسلام دىنى قائىدىلىرىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، باشقا دىندىكىلەر بىلەن توي قىلىشمىغان، يېمەك - ئىچمەكتىمۇ باشقا دىندىكىلەردىن پەرقلەنگەن، ئۆزلىرى بىر دىنىي تەشكىل بولۇپ شەكىللەنگەن. پەقەت يېزىق، تىل، كىيىم - كېچەك قاتارلىق جەھەتلەردە تامامەن خەنزۇلارغا ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ دۆلەت چۈشەنچىسىمۇ بىردەك بولغان.

ئومۇمەن، موڭغۇللارنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ جۇڭگوغا كىرىپ ئولتۇراقلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە، بىرىنچىدىن، خەنزۇلارنىڭ قېنىغا يېڭى تەركىب قوشۇلدى، ئىككىنچىدىن، ئىسلام دىنى مۇرتلىرىنىڭ جۇڭگودا كۆپىيىشى كۈچەيدى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

تەرجىمە قىلغۇچى: مەخمۇت نىزام

新疆地方志

（季刊）

目　录

1998 年第四期

总第四十五期

顾　问
乌依古尔·沙依然
伊敏·图尔逊
努尔穆罕默德·多莱提

主　编
沙比尔·艾力

副主编
哈德尔·阿皮孜
吾甫尔·吾守尔·尼牙孜
阿不都肉甫·艾力

编　委
（姓氏以维吾尔文字母为序）
阿不都肉甫·艾力
阿不都守库尔·图尔地
阿不都克优木·霍加
阿不来提·努尔东
阿不来提·伊敏
沙比尔·艾力
吾甫尔·吾守尔·尼亚孜
霍加阿合买提·优努斯
哈德尔·阿皮孜
哈斯木·霍加
库尔班·马木提
买买提·阿不拉

责任编辑
阿不力孜·鄂尔浑

# 目　　录

## 历史回忆录

1946 年夏天发生的有些事件（续）……………… 玉赛音·艾拜都拉 1

翻阅历史之页 ………………………………… 穆罕默德伊敏·库尔巴尼 8

我们的足迹（续）………………………………… 托合提·沙比尔 10

## 历史资料

论所为的《土耳其斯坦》……………………………………… 王治来 14

瑞士所藏的有关新疆资料 …………………………………… 新兔康 20

## 学术讨论

和田方言的层次——呸哒语考 ………… 米尔苏力糖·吾司马诺夫 30

## 历史人物

塞来察坎及其笑话 ………………………… 达吾提·土尔艾合买托夫 39

## 文物古址

莫勒切河岩画 ………………………………………… 克优木·霍加 44

## 中国经营西域史

第六节：蒙古西征对于中国民族之关系 …………………………………… 55

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: تۇردى قادىر نازىرى

# 新疆地方志维吾尔文(季刊)（پەسىللىك ژۇرنال) شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى


主　　办：新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会
新疆维吾尔自治区地方志学会
编辑出版：《新疆地方志》编辑部
地　　址：乌鲁木齐市东风路 8 号
照　　排：新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会激光照排公司
印　　刷：新疆维吾尔自治区地矿彩印厂

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى
ش ئۇ ئا ر تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى
تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى «شەرق شامىلى» كوچىسى 8 - قورو
تىزغۇچى: ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى لازېر نۇرىدا ھەرپ تىزىش شىركىتى
باسقۇچى: ش ئۇ ئا ر گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار رەڭلىك باسما زاۋۇتى

内部报刊准印证(XJ)1165
电话：2821715　邮政编码：830002
工本费：3.00 元

ئىچكى گېزىت - ژۇرناللارنى بېسىشقا رۇخسەت قىلىش كىنىشكىسى: 1165(XJ)
تېلېفون نومۇرى: 2821715 پوچتا نومۇرى: 830002
تەننەرقى: 3.00 يۈەن